# مەھمۇد قەشقىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرى توپلىمى

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يۈسۈپجان، گېرمانىيە

2013-يىلى 4-ئاي

مەنبە: ئۇيغۇرلار تورى، شەۋقىي مۇنبىرى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى،
مىسرانىم مۇنبىرى،

# مۇندەرىجە


1-مەھمۇد قەشقىرى كىم..........................................5

2-مەھمۇد قەشقىرى توغرىسىدا ھېكايەتلەر........................... 10

3-ئىستانبۇلدا تۈركى تىللار دىۋانىنى تۇنجى قېتىم تېپىپ چىققان شەخس - ئېلى ئەمىرى ئەپەندى.................................................. 36

4-مەھمۇد قەشقىرىيگە كۆرە قاراخانىيلاردا تېبابەت ..................ئەنۋەر ياسىن 40

5-«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇزىكا سەنئىتى ۋە خەلق ئويۇنلىرى ............................. ئابدۇراززاق قادىر 59

6- «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كەچۈرمىشلىرى...................... يولۋاس مۇھەممەتئىمىن 65

7-ئېتراپ قىلىشقا بولمايدىغان ئىككى پورتېرىت ............................ يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق 77

8- بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى............................. 105

9 -«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرستىلگەن سودا توغرىسىدا ........... 114

10 - مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى Täpük سۆزىنىڭ ئىزاھاتى توغرىسىدا.................................................. 130

11-قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي ۋە ‹‹تۈركىي تىللار دىۋانى›› . ....................مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق 141

12-«تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئېيتىلغان ئوتتۇرا چىن توغرىسىدا ............................. غالىب بارات ئەرك 149

13- مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى ........................... 155

14-تۈركىي تىللار دېۋانى ۋە كاتتا يايلاق ئۆستىدە ئىزدىنىش.......................... مۇختەرجان توختى 160

15- «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش.............................. مۇھەممەد سالىھ 172

16- «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلارغا

چوقۇنۇش ئىددىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش......... ئابدۇغېنى سەيدىن 183
17-مەھمۇد قەشقىرى ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»................................ 202
18- «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى قىلىچقا ئائىت بايانلار ھەققىدە
مۇلاھىزە.................................................. ئابدۇقەييۇم مىجىت 214
19- تۈركىي تىللار دىۋانى » ۋە « قۇتادغۇ بىلىك » تىكى ئەلچى ۋە ئەلچىلىككە
ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە.............................. ئابدۇقەييۇم مىجىت 222
20- «تۈركىي تىللار دىۋانى » نىڭ جۇغراپىيىلىك قىممىتى ........... ئۆمەر موللا 229
21- «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىناكارلىققا ئائىت سۆزلەر توغرىسىدا............ 242
22 - دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن قانۇنغا دائىر
مەزمۇنلار توغرىسىدا.................................................. 256
23- يىراق قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرىدىن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى
چالغۇلارغا دائىر مەلۇماتلارغىچە.................................................. 270
24- ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئەسىرى..... پەرھات مۇھەممەدېلى جىلان 287
25- «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى ئىلىم مەرىپەت ۋە مائارىپ
قارىشى.................................................. غاپپار روزى 295
26-مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە «دىۋانو لۇغاتىت تۈرك» نىڭ يېزىلىشىغا دائىر
ئوخشىمىغان قاراشلار ھەققىدە .................. ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات 309
27-«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلار ئۈستىدە
تەتقىقات ............................ يۈسۈپ ئىگەمبەردى 325
28- كاشغەرىي روھىنى ئۈلگە قىلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن
ئاكتىپ شۇغۇللىنايلى ........................... ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي 333
29- مېنىڭ كاشغەرى يىلىم ........................... ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي 344
30- تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ
يەشمىسى.................................... يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق 408
31- ئىمىن تۇرسۇن بىلەن مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە
سۆھبەت.................................................. سەلكىن مۇنىبىرى 454
32- «تۇركى تىللاردىۋانى»دىكى مەنبەلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دېھقانچىلىق -
مەدەنىيىتىگە نەزەر............................ ياسىنجان كەنجى تارخان 474

33ـ مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇرلار توغرىسدا ............................ سەمەت دۇگايلى 487
34ـ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يۇرتى توغرىسدا............................... پەرھات جىلان 510
35ـ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئالاھىدىلىكى.................................................... ئەخمەت مۇمىن تارىمى 518
36ـ مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە ئۇيغۇرلاردا ھەربىي ئىشلار ................................................................... يۇسۇپجان ياسىن 525

# 1- مەھمۇد قەشقەرى كىم؟

**ئاپتورى : ئو . پرىتساك**



مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق قولىمىزدىكى ۋاستە « تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ بەزى يەرلىرىدىكى ئۆزى تەرىپىدىن بېرىلگەن چەكلىك مەلۇماتلاردىن باشقا بىر نەرسە يوق① .بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا مەھمۇدنىڭ « ئۆز قەۋمىنىڭ ( يەنە تۈركلەرنىڭ ) ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپ »② ئىكەنلىكى ، دادىلىرىنىڭ يەنى ئەجدادىنىڭ ③ تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان "④ لىقى ۋە ئاخىرىدا دادىسى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي ساھىلىدا تېپىلغان بارسخان ⑤ شەھەرى بىلەن يېقىن باغلىنىشى بار ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن⑥ . بۇلارغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئەجدادىنىڭ بۇ سۇلالىنىڭ بىر مەشھۇر ئەزاسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئەجداد كىم ؟ بۇ يەردە مەھمۇدنىڭ ئەجدادى دەپ مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدىغان ئىككىلا شەخس بار . بۇلار

ماۋەرا ئۇننەھرى دەستلەپ بويسۇندۇرغان ، ئۇنۋانى بۇغراخان دەپ ئاتالغان ۋە ھىجرىيە 382 – يىلى ( 992 م) سامانى ئوغۇللىرىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئالغان ھارۇن ( ھاسان ) بىن سۇلايمان ياكى بولمىسا ئۇنۋانى ئارسلان ئىلىگ دەپ ئاتالغان ۋە ھىجرىيە 389 – يىلى ( 999 م) غەزنەۋىلىك مەھمۇد بىلەن بىرلىكتە سامانى دۆلىتىنى ئاياقلاشتۇرۇشقا سەۋەبچى بولغان ناسىر بىن ئەلى⑦ . ھالبۇكى ناسىربىن ئەلىنىڭ سۇلالىنىڭ غەربىي تارمىغىدىن ئىكەنلىكى ۋە مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان قەشقەرنىڭ ھامان سۇلالىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلسە ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەجدادى دەپ يالغۇز ھارۇن بىن سۇلايماننى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ⑧

بىر تەسادىپىي ئېسىل يالداما ئۇرنىدا قولىمىزدا بارىسخاندا بېسىلغان ھىجرىيە 5 – ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىغا ) تەخمىنەن 1048 – 1058 ) تەۋە بەزى تەڭگىلەر ساقلانماقتا(9). ئەپسۇسكى بۇ تەڭگىلەردىكى يەزىقلاردا شۇ دەۋردىكى بارىسخان ئەمىرلىرىنىڭ يالغۇز ئىسلامى لەقەملىرى ۋە تۈركىئۇنۋانلىرىلا ئەكس ئېتىلگەن : شەمسىد دۆلە ئارسلان ئىلىگ . بۇ يەردە مەشھۇر قادىرخان بىن ھارۇننىڭ ئوغلى ۋە ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرغۇچىسى ھارۇن بىن سۇلايماننىڭ نەۋرىسى « بۇغراخان » مۇھەممەت بىن يۇسۇپنىڭ ھۆكۈمدار ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ ( يۇقىرىغا قاراڭ ) . قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا ئارسلان ئىلىگ ئۇنۋانى ( بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن ) قاغانلىق ئورتاقلىغىدا بىر قەدەم تۆۋەندە تۇرىدىغان ئادەملەرگە بېرىلەتتى(10) . ئىبن ئەسىردىن بىلىشىمىزچە مۇھاممەت يۇسۇپنىڭ يېنىدا چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەت ) ھىجرىيە 444 – يىلدىن يەنى 1056 –1057– يىللىرىدا ھۇسەيىن بىن مۇھاممەتتىنب ئارسلان ئىلىگ بولۇپ بارىسخاندا ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى تەخمىنەن قىلىشقا بولىدۇ.

شۇنداق بولغاندا ، ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرغۇچىسىنىڭ نەۋرىسى بولغان بارسخان ئەمرى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى ھۇسەيىن بىر مۇھەممەتتىن باشقا كىشى ئەمەسلىكى ئېنىق . بۇ شەخس بارىسخان بىلەن ناھايىتى زىچ ئالاقدار ۋە ماۋەرا ئۇننەھرنى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىدى.

ھاياتى ناھايىتى خۇپپىيانە توختالغان مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ باغدادقا قانداق سەۋەبلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئوچۇق دېمەيدۇ . تۈرك ئەللىرىدە كۆزگە بىرمۇنچە ساياھەتلىرىنىڭ سەۋەبىنىمۇ سۆزلىمەيدۇ . ئەگەر كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەخمىنلىرىمىز توغرا بولغان تەقدىردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ساياھەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ مەيدانغا چىقىدۇ . ئۇ روشەنكى بىر سىياسي قاچقۇن ( پاناچى ) ئىدى.

شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىدە ھىجرىيىنىڭ 448 ـ 449 يىللىرىدا ( 1056ـ1057 ـ 1057ـ1058 ) قورقۇنۇچلۇق ھادىسىلەر پەيدا بولدى . ئالدى بىلەن چوڭ خاقان ( ئارسلان خان ) سۇلايمان بىن يۇسۇپ ئىنىسى ۋە خاقانلىق ھەمرىيى ( بۇغراخان ) مۇھاممەت بىن يۇسۇپكە قارشى ھەرىكەت قوزغايدۇ ۋە " دۆلىتىنى ئىشغال قىلىدۇ . ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ئارسلانخان سۇلايمان بىن يۇسۇپ يېڭىلىپ قالىدۇ . بۇغراخان مۇھەممەت بىن يۇسۇپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپ دۆلىتىنى ئىشغال قىلىدۇ ".(12)

ئىبىن ئەسىرى يەنە خاب ئائىلىسىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىچكىنشلىق تەقدىرى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ : « دۆلىتىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىن1گە بېرىدۇ (13) ۋە ئۇنى ۋەلى ئەھد دەپ ئېلان قىلىدۇ . بىراق بۇغراخاننىڭ ( يەنى ھازىرقى ئارسلانخان مۇھاممەت بىن يۇسۇپنىڭ ) ئىككىنچى بىر خوتۇنى بار ئىدى ۋە بۇ خوتۇنىدىن چوڭ ئوغلىدىن باشقا يەنە بىر كىچىك ئوغلى بولغان . خوتۇن ھۈسەيىننىڭ تەيىنلىنىشى بىلەن تۇغۇلغان نەپرەت بىلەن بۇغراخان ( سۇلايمان بىن يۇسۇپ) غا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئازالىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئىنىسى قادىرخاننىڭ ئوغلى ئارسلانخان ( سۇلايمان بىن يۇسۇپ) مۇ ئۆلتۈرىلىدۇ » (14)

تەخمىنلىرىمىز توغرا بولسا مۇھەممەت بىن ھۈسەيىن يەنى مەھمۇد قەشقەرى ، بۇ چوڭ قىرغىندىن قانداقتۇر بىر ئۇسۇلدا قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرى ۋە قېچىشقا مەجبۇر بولغان . ئالدى بىلەن ، ئېھتىمال خوشنا تۈرك ئەللىرىگە بارغان ، ئون يىل قەدەر ئايلانغاندىن كېيىن ئاخىرى باغداتقا كەلگەن ۋە بۇ يەردە سىياسىي قاچقۇن ( پاناچى) بولۇپ تۇرۇپ قالغان . مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئۇزۇن مۇساپە داۋامىدا تۈرك دۇنياسى بىلەن كوپ يېقىندىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان ، بۇ چاغدا ( 1057ـ447) سالچۇقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان باغداتتا تۈركلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېزاھلىغان بىر ئەسەرگە ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋە ئۇنى شۇ زامانىدىكى ئابباسىلار خەلىپىسىگە) (مۇقتەدى بىللا 1075ـ1094 ، 467ـ487 ) تەقدىم قىلغان . بۇنداق بىر تەشەببۇسنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاشقا ياردىمى بولۇشى ئېنىق گەپ.
ئىچكىنشلىق ئائىلە پاجىئەلىرىگە باغلىماسلىق ئۈچۈن ئۇ ئەسىرىدە ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى تىلغا ئالمايدۇ . شۇ تەرىزدە بۇ سۇلالىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھوكۇم سۈرگەن قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى ۋە شۇ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرمەسلىكى چۈشۈنىشلىك . بىزنىڭ تەخمىنلىرىمىز مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەرنىڭ يىشىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

هارۇن (هاسان ) بىن سۇلايمان ھىجرىيە 382 – يىلى (992 ) ئۆلگەن ؛ ئوغلى يۇسۇپ «قادىرخان» بۇ چاغدا ھېچ بولمىغاندا 20 ياشتا بولىشى كېرەك ؛ يۇسۇپ باشلىق بىر ئادەم بولۇپ ھىجرىيە 423 – يىلى (1032 ) ئۆلگەن . ئۆزىنى 60 ياشلاردا ئۆلگەن دەپ ھېسابلىساق تۇغۇلغان ۋاقتى 360 – يىللار ( 971- 980 )بولۇشى لازىم . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ ئۆزۈن جەڭلەردىن كېيىن ئەڭ ئاخىرى دىگەندە ھىجرىيە 396 – يىلى ( 1005 – 1006 ) خوتەننى ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلىمىز(15) ؛ ئۇ قەشقەردە ناسىر دولە قادىرخان دىگەن ئاتاق بىلەن تەخمىنەن ھەجرىيە 396 – يىلدىن 1005 ) (1006 – ئىتىبارەن ھوكۇم سۈرگەن (16)

چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىن يۇسۇپ تەخمىنەن ھىجرىيە – 407 يىلدىن ( 1016 – 1017 ) ئىتىبارەن يەركەنتتە ھوكۇم سۈرگەن(17) . ئىككىنچى ئوغلى مۇھاممەت بىن يۇسۇپ ئىنىقكى سۇلايمان بىن يۇسۇپتىن كۆپ كىچىك ئەمەس ئىدى . يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ، مۇھەممەت بىن يۇسۇپ ھىجرىيە ، 449 – يىلى ( 1057 – 1058 ) چوڭ ئوغلى ئۈچۈن تەختتىن چۈشمەكچى بولغان . بۇ بىر نوقتىدىن مۇھەممەت بىن يۇسۇپنىڭ 380 – يىللاردا ( 991 – 999 ) تۇغۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلالايمىز . بۇنىڭغا قارىغاندا ، ھۇسەيىن ھىجرىيە 400 – يىللاردا ( 1010 – 1019 ) دۇنياغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . مۇشۇنداق بولغاندا ھۇسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ ئوغلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى دەپ ھىجرىيە 420 – يىللارنى ( 1029 – 1039 ) بىر تەخمىن دەپ ئېلىشقا بولىدۇ . شۇنداق بولغاندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھىجرىيە 470 – 464 يىللاردا ( 1072 – 1078 )(18) . مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان ۋاقىتلاردا قىرىق ياكى ئەللىك ياشلاردىكى ۋاقتى بولۇپ ، بۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن كېلىدۇ.

قەشقەر پىداگوگىكا ئىلمىي ژورنىلى ( ئىجتىمائىي پەن قىسمى ) 1986 – يىللىق 1- ساندىن.

# 2-مەھمۇد قەشقەرى توغرىسىدا ھىكايەتلەر



1.رىۋايەت قىلىنىشچە، ئوغۇزخان ۋە ئاپراسىياپ دەۋرلىرىدىن تارتىپ شاھىنشاھلار، ئوردا ئەمەلدارلىرى، سەركەردىلەر ياز ۋە كۈز كۈنلىرى ئوپپال (ئوپال) دىيارىنىڭ ئاي باقى،يۇدۇغۋاش،بۆرە توقاي يايلاقلىرىدا سەيلە-تاماشا قىلىپ،ئوي ئويلايدىكەن. قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ بۇ جاي مۇھىم ئارامگاھلاردىن بىرى بولغان. “كارۋان بۆيۈك” يولى بىلەن مادايىن، باغداد تەرەپلەرگە ئۆتكۈچى كارۋانلار ئوپپالدىكى “غوجا قونار” دىگەن بەندەگاھقا چۈشۈپ، ھاردۇقلىرىنى ئالغاندىن كېيىن، كارۋان قوشۇنلىرىنى باشلاپ كۆن چىقىشتىن كۆن پېتىشقا يۈرۈپ كېتىشىدىكەن.

قاراخانيلار دەۋرىدە ئۆتكەن شاھى ئەھرام دىگەن پادىشاھ بىر يىلى يازنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئويپالنىڭ ئاقدالادىكى "قىزىل مەسچىد ئاتام" ئەتىراپىغا شىكارغا چىقىش ئۈچۈن جابدۇنۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن بىر ئەزىز مېھمان كىلىپ قاپتۇ-دە، شاھ ئۆز ئورنىدا ئوغلى ھۈسەيىننى شىكارغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپتۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىن ھۈسەيىن پەم-پاراستى، جاسارىتى ۋە پالۋانلىقى بىلەن ھەرۋاقىت شاھنى سۆيۈندۈرۈدىكەن. ھۈسەيىن شىكارنى ئويپالنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان كۆن يورۇش تەرىپىدە بىجىرىشنى ئىلتىجا قىلىپ، شاھ ئاتىسىدىن
ئىجازەت ئىلىپ،تەزىم-تەۋەززۇلار بىلەن يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادە ھۈسەيىن ئۆز كىشىلىرى بىلەن بۈك-باراقسان ئورمان،تاغ-قايىراقلارغا بۆركۈت قويۇپ، ئوقيا ئۈزۈپ يۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان ئوۋ غەنىيمەتلىرىگە ئىرىشىپتۇ. ئۇلار قايىراق باغرىدىكى قۇمباغ توپىلىكىگە كەلگەندە،ئالدىغا بىر كىيىك ئۇچۇراپتۇ. شاھزادە ھۈسەيىن ئوقيا چىلتىپسىدىن ئوق ئىلىپ، كېيىككە قارىتىپ كىرىچتىن ئوق ئۈزۈپتۇ. مەجرۇھ بولغان كىيىك قاپتالدىكى توقايلىققا قاراپ قىچىپتۇ. شاھزادە ئۇنى قوغلاپ "ئازىخ" دىگەن جايغا كەلگەندە، كىيىك كۆزىدىن غايىپ بوپتۇ.
كېيىكنى نەزىرىدىن قاچۇرۇپ قويغان شاھزادە ھۈسەيىن ئۆزى تۇرغان تۆپىلىكتىن تۆۋەنگە قارىغۇدەك بولسا، بۈك-باراقسان باغلار،كۆپكۆك چىمەنزار، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسدا بۇلاق سۈيى خۇددى يىپەك تارتقاندەك ئېقىۋاتقان، بىر ساھىبى رەنا چىغىر يولدا بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ كىرىپ كېتىۋاتقان ئىكەن،شاھزادە تىنىق كۆكتە يالتىراپ تۇرغان چولپاندەك بۇ ساھىپجامالنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قاپتۇ-دە، تىكىلىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. شاھزادىنى بۇ ھالدا كورگەن ھەمرالىرى :"نىمىگە مۇنچىۋالا زوق-شوخ بىلەن قاراپ كەتتىلە؟" دەپ سورىغان ئىكەن. شاھزادە ھۈسەيىن "ئويدا چولپان كوردۇم" دەپ جاۋاپ بەرىپتۇ. كېينچە،بۇ جاينىڭ نامى"ئوي چولپان" دەپ ئاتىلىپتۇ.

## 2.ئانار شەربىتى

شاھزادە ھۈسەيىن ھەمرالىرىغا مۇشۇ يەرنى قونالغۇ قىلىشقا ئەمىر قىپتۇ. ئۇلار ئوۋ قوراللىرىنى،شىكاردا ئېرىشكەن غەنىيمەتلەرنى ئاتلىرىدىن چۈشۈرۈپ،بىر باغلىق ھويلىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى ئازادە بوستانلىققا جايلىشىپتۇ، بۇلاق بېشىدىكى چىمەنلىكنى بويلاپ ئورۇن راستلاپتۇ.
بۇ ئارىدا شاھزادە ھۈسەيىن تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىپ، تاماشا قىلىپ، ئۈنچە-مارجاندەك پاقىراپ،شىر-شىر ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىدىكى مەجنۇن تاللار ئارىسىدىن كېتىۋېتىپ،ھېلقى ھويلىنىڭ ئارقىسىدىكى باغقا كۆز چۈشىپتۇ.قارىسا، باغدا بىر مويسىپىت كىشى بىلەن رەسىدە بولغان سايىپجامال بىر قىز ئانار ئۈزۈپ سېۋەتكە قاچىلىشىۋاتقۇدەك، شاھزادە ھۈسەيىن بۇ ساھىپجامالنىڭ بايا سۇ ئېلىپ ماڭغان قىز ئىكەنلىكىنى تونىپتۇ-دە، قىزنىڭ ھوسۇن-جامالى

شاھزادىنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىپ،پوتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىشق ئوتى چىرماپ ئاپتۇ.لېكىن، ئۇ ئوردا كىشىلىرىگە خاس ئەخلاق-پەزىلەت بويىچە، دەرھال بوستانلىقتا قايتىپ، ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپتۇ.

شىكارچىلارنىڭ ئوپۇر-توپۇرلىرىنى ئاڭلاپ،ئۇجمە تاختايلىرىدىن ياسالغان قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن چىقىپ كەلگەن باغۋەن ئېھتىرام بىلەن سالام بېرىپ، شىكارچىلاردىن ھاردۇق سوراپ،مېھمانلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ، ئەمما، شاھزادە ھۆسەيىن:

- بىز شىكار كىشىلىرى، بۇ ھاۋاسى تولىمۇ باب يەر ئىكەن. مۇشۇ بوستانلىقتا ئارام ئېلىپ ئۆتسەك دىدۇق، رەخمەت،- دەپ ئۆزرە ئېيتىپتۇ. ئاندىن تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان پالاس ئۇستىدىكى يولۋاس تېرىسىدە ئولتۇرغان شاھزادە،باغۋەننى ئۆز يېنىدا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ.

ئۇلار ئەھۋاللىشىپ ئولتۇرغاندا،باغۋەننىڭ نام-شەرىپى موللا سەيپىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم بوپتۇ. شاھزادە ھۆسەيىن ئۆز كىشىلىرىگە تىنىق بۇلاق سۈيىدىن ئۇسسۇزلۇق كەلتۈرۈشنى ئېيتقاندا، موللا سەيپىدىن ئاكا:"ئۇسسۇزلۇقنى ئۆزۈم كەلتۈرەي" دىگىنىچە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپلا ئويىگە كىرىپ، قىزىغا ئەھۋالنى سوزلەپ بەرىپتۇ. ئۇ قىز چەبدەسلىك بىلەن بىر دانە ئانارنى سىقىپلا گۈللۈك تاۋاقنى توشتۇرۇپ، خونچىلاپ ئاتىسىغا بېرىپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا ئۇنى ئېلىپ چىقىپ شاھزادە ھۆسەيىنگە سۇنۇپتۇ، شاھزادە ئۇنى ئېلىپ ئىچىپتۇ. سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى سۇنغان بۇ ئائىلىلىكىنىڭ سەممىي،ئاق كۆڭۈل ۋە مېھماندوسلۇقىدىن مىننەتدار بولغان شاھزادە ھۆسەيىن يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرۈش ئۇچۇن، يەنە بىر تاۋاق بېرىشنى ئۆتۈنىپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا تەزىم بىلەن خونچىنى ئېلىپ ئۆيگە مېڭىپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادە ھۆسەيىننىڭ كۆڭلىدىن "بۇ ئەھۋالنى شاھ ئاتامغا ئېيتسام، رەئىيەگە ئانار سېلىقى سىلىنسا، ئوردا ئەمىر-ئەركانلىرى سۇ ئورنىغا ئانار شەربىتى ئىچسەك،نىمە دىگەن ياخشى" دىگەن خىيال كېچىپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا قىزىنىڭ بۇ قېتىم سىقىۋاتقان ئانىرىدىن شەربەتنىڭ كەم چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:"قىزىم،مېھمانلار سۇ سورىغان ئىكەن،كۈپنىڭ مۇزدەك سۈيىنى بەرسەك بولماسمۇ؟" دەپتۇ. قىزى بۇنىڭدىن تەئەججۇپلىنىپ:" سۇ سورىغان مېھمان ئانار شەربىتىگە لايىق بولغانلىقتىن" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ-دە، يەنە چوڭ بىر ئانارنى ئېلىپ سىققان ئىكەن، گۈللۈك تاۋاق يېرىمىمۇ بولماپتۇ، ئاندىن يەنە بىر دانە ئانارنى ئېلىپ سىقسا، ئۇنىڭدىن شەربەت تېخىمۇ ئاز چىقىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، 3 دانە ئاناردا گۈللۈك تاۋاق ئاران يېرىملىشىپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا:" ۋاقىت ئۆتمىسۇن قىزىم" دەپتۇ. قىزى ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ:"ئەي! دادا ،قىسمەت ئۆزگۈرۈۋاتىدۇ، تاۋاقنىڭ يېرىملىقى سورىلىپ قالسا، شاھزادىمىزنىڭ كۆڭلىگە خەلق سېلىقىنى ئاشۇرۇدىغان بىرەر خىيال كەچتىمىكىن، ئانارىدىكى شەربەت قېچىۋاتىدۇ دەڭ" دەپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا گۈللۈك تاۋاقتىكى شەربەتنى خونچىلاپ ئېلىپ چىقىپ، شاھزادە ھۆسەيىنگە سۇنغاندا،راست دىگەندەك شاھزادە ھۆسەيىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا بولغان

ۋەقەنى ۋە قىزنىڭ پەرىزىنى بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان شاھزادە ھۆسەيىن باياتىن كۆڭۈلگە كەچكەن پىكىرىدىن يېنىپ،دەرھال توۋە-ئىستىغبار ئوقۇپتۇ.

3.ئاشىق شاھزادە

شۇ كۈنى كەچ شىكارچىلار كەڭ داستىخان يېيىپ،شىكار غەنىيمەتلىرىنى پىشۇرۇپ،تەييارلاپ قويۇپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكىمۇ ئۆز بېغىنىڭ كۆزلۈك مىۋە-چىۋىلىرىدىن كەلتۈرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ھەمدەستىخان بولۇشۇپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ ئۆيىگىمۇ نىسىۋە سۇنۇلۇپتۇ.

شاھزادە ھۆسەيىن شۇ كېچە موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ قىزىنىڭ ئەقىللىقلىغى، بىلىملىكلىكى ۋە ھۆسىن-جامالى ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپتۇ-دە، قايىل بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ.ئەتىسى ئۇ موللا سەيپىدىن ئاكا بىلەن خەيرلىشىپ، ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شاھزادە ھۆسەيىن بىلەن شىكارغا بىللە چىققان باھادىر تۇنۇگۈندىن بۇيان شاھزادىنىڭ جىمىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يول بويى قەدەمدە بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، سەۋەبىنى سوراي دەۋاتقاندا، شاھزادە كەينىگە بۇرۇلۇپ، يىراقتا قارا كۆرۈنۈپ تۇرغان باغ تەرەپكە قاراپ يەنە بىر تىن ئاپتۇ. تەجرىبىلىك باھادىر " شاھزادەمگە بىرەر ئىشق-مۇھەببەت ئوتى سىرايەت ئەيلىگەن بولىشى مۇمكىن" دەپ قىياس قىپتۇ.

شىكاردىن يانغاندىن باشلاپ شاھزادىنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، ھېچ نەرسە يېمەپتۇ. كۈندىن-كۈنگە چىرايى سارغىيىپ،رەڭگى روھى ئۆچۈپ،ئۇيقىسى قېچىپ بىئارام بولغىلى تۇرۇپتۇ. شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ،دەرھال ھۆكۈمالارنى يىغىپ، ئوغلىنى كۆرسەتكەن ئىكەن، ھەرقايسىسى ئۆزىگە لايىق كېسەللىك ئېھتىماللىنى دەپ دورىلار بېرىشىپتۇ، لېكىن تەسىر كۆرسەتمەپتۇ. قېرى ئەمچى (تىۋىپ) يۈرەكتىكى سەكتەگە قاراپ ئانار شەربىتى بۇيرىغان ئىكەن، شاھزادە ئارقا-ئارقىدىن بىر نەچچە پىيالە شەربەتنى ئىچىپ،ئاندىن كۈلۈپتۇ ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ.

بۇ خوش خەۋەرنى ئاڭلىغان شاھ پۈت-پۈتىغا تەگمەي ئوغلى قېشىغا كېلىپ مۇبارەكبادلىق قىپتۇ ۋە نېمە پايدا قىلغانلىقىنى سورىغاندا،شاھزادە:"ئانار شەربىتى" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئەمما،شاھزادە ئۇنىڭدىن باشقا تائامىمۇ يېمەي،يەنە باش قويۇپ ياتقان ئىكەن، تىت-تىت بولغان شاھ سىر ئېلىش ئۈچۈن قېرى باھادىرنى ئوغلىنىڭ يېنىغا قويۇپتۇ. شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ ئايايدىغان تەجرىبىلىك باھادىر ئۆزىنىڭ ياشلىقىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، پىراقى مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا، شاھزادە ئورنىدىن تۇرۇپ،كۆڭۈل قويۇپ، كۆزىنى ئۆزمەي تىكىلىپ قاراپ ئاڭلاپ:"يەنىچۇ،......يەنە قانداق بولغان..... قانداق بولىتى؟..." دەپ كېلىپ، ئاخىرىدا قاتتىق بىر تىنىپلا دۇم يېتىپ يىغلاپتۇ.قېرى باھادىر شاھزادىنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزغان ئىكەن،ئۇ تەشنالىق سوراپتۇ. بۇ چاغدا ئانار شەربىتى تۈگەپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مۇزدەك كاشكاپلەر بەرسىمۇ شاھزادە ئىچمەپتۇ.

قېرى باھادىر شاھزادىنىڭ ئانار شەربىتىنى مۇنچە ياخشى كۆرىشتىكى سەۋەبنى ئالدىرىماي سۈرۈشتە قىلىپ كۆرگەندە،شاھزادە ھۈسەيىن سۆز باشلاپ موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ قىزىنىڭ ئەقىل-پاراستى،بىلىم-كامالىتى ۋە ھۆسۈن-جامالى ئۈستىدە گەپ ئېچىپتۇ. ئاشۇ قېتىمقى شىكاردىن بۇيان شاھزادىنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن تولۇق خەۋەر تاپقان قېرى باھادىر بۇ ئەھۋاللارنى پادىشاھقا بىرمۇ بىر بايان قىپتۇ.

## 4.ئەلچى بىلەن دانىشمەن قىز

شاھى ئەھرام ئوغلى ھۈسەيىننىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئاغلاقچىلار ئارقىلىق موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى بىلىپ يېتىپتۇ. ئاغلاقچىلار كەلتۈرگەن خەۋەرلىرىگە قارىغاندا،دىيانەتكار دەھقاننى ئەشرەپ سەيپىدىننىڭ ئاقىل ۋە دانىشمەن قىزىنىڭ ئىسمى بۇبى رابىيە ئىكەن.ئۇ قىز ئانىسىدىن يەتتە ياشتا ئايرىلىپ يېتىم قىلىپ،ھازىر كامالەت يېشىغا يېتىپتۇ.ئاتىسىنىڭ ھەممە ئىشىغا بۇ قىز ئەقىل كورستىدىكەن.ئەدەپ-ھايا، نۇمۇسكويلۇقتا بۇ يۇرتتا بۇ ئاتا-بالىدەك ئادەمنى يەنە تاپقىلى بولمايدۇ، دەپ ھەقەمسايىلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك شاھىتلىق بېرىپتۇ.

شاھ بۇبى رابىيەنى يەنىمۇ چوڭقۇر سىناپ كۆرمەكچى بۇلۇپ،ئۆزى شىكارغا چىققان ۋاقىتلىرىدا موللا سەيپىدىن ئاكا بىلەن ئايرىم ئۇچۇرشپتۇ. ئۇنى قىزى بىلەن ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كۆرىشىپ، ئەدەپ-ئەخلاقنى بايقاپتۇ.

بىر كۈنى شاھ ئۆز ئەلچىسىدىن موللا سەيپىدىن ئاكىغا “ئۈچ يىلدا تۇغدۇرۇپ،21 قىلىپ بەرسۇن” دەپ 7 قوشقار ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭدىن موللا سەيپىدىن ئاكا قاتتىق غەمگە چۆمۈپتۇ. بۇبى رابىيە بولسا،ئاتىسغا تەسەللى بەرىپ:”ئەلچى شاھنىڭ يارلىقنى يەتكۈزۈشنىلا بىلىدۇ،جان دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ ئالايلى” دەپ ئەلچىگە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، يەتتە قوچقارنى ئېلىپ قاپتۇ.ئەلچىنى ئۇزۇتۇشقا بىرىنى سويىپتۇ،قالغانلىرىنى ئۇدۇللۇق سويۇپ، سېتىپ يەپ ئاخىرى بىرسى قاپتۇ.

بۇبى رابىيە بىر كۈنى ئاڭلىسا، ھېلىقى ئەلچىنىڭ چىشى ئاغرىپ قاپتۇ.ئۇ ،دەرھال ھېلىقى بىر قوچقارنى سويدۇرۇپ،دەستىخان قىلىپ ئەلچىنى يوقلاپ كەپتۇ.داستىخانلىرىنى يېيىپ بولغاندىن كېيىن:” مۇبارەك بولسۇن ئەلچىم،كوزىيىۋاپلا” دەپتۇ. چىش ئاغرىقىغا چىدىيالماي ياتقان ئەلچى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ:”نىمە دەۋاتىسىز،ئەر كىشىمۇ كوزىيەمدۇ؟” دەپتۇ. بۇبى رابىيە تەمتىرىمەي تۇرۇپ:” تەخسىر، قوچقارمۇ قوزىلامدۇ؟” دەپتۇ. جاۋاپ تاپالماي ئاچچىغىنى يۇتقان ئەلچى ئەتىسى ئوردىغا بېرىپ، شاھقا دادلانغان ئىكەن، شاھ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ-دە، دەرھال بۇبى رابىيەنى چاقىرتىپ كېلىپ:”بارىكاللا، قىزىم ئەقلىڭگە” دەپتۇ ۋە كۆپ ئىنئام-ئەھسانلار بېرىپ، ئۇنى لايىغىدا ئۇزۇتۇپتۇ.

## 5.شاھزادىنىڭ ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشى

شاھ ئەھرام ئوغلى ھۈسەيىننى ئۆيلەك-ئوچاغلىق قىلىش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ،پەرزەتخلىك قىلىش ئۈچۈن، دېھقانى ئەشرەپ سەيپىدىننىڭ نۇرە چەشمىسى بۈبى رابىيەنى لايىق كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ،قېرى باھادىر ئارقىلىق ئوغلىدىن رىزالىق سوراپتۇ. شاھزادە ھۈسەيىن رازىلىقىنى بايان قىپتۇ. شاھ ئوغلى ھۈسەيىننى ئەمىر سەبلىككە ئۆستۈرۈپ،ئۇنىڭ بۈبى رابىيە بىلەن نىكاھلىنىش تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ.

شاھ ئەھرامنىڭ ئوردا ئەلچىلىرى موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ كەڭ ئېتىكى،تار قوينىغا سىغىنىپ كەلگەن ئىكەن.موللا سەيپىدىن ئاكا قىزى بۈبى رابىيەنىڭ بېشىنى كۆكرىكىگە يېقىپ،سلاپ تۇرۇپ،كۆز يېشى قىلىپ:"قىزىم،بىز سەھرايى گادا تۇرساق، ئۇلار شاھ-سپاھ تۇرسا، ئۇلار بىلەن قانداق قۇدۇلشارمىز؟" دەپ غەمگە چۈشۈپتۇ. بۈبىر رابىيە دادىسىنىڭ ئىسسىق كۆز يېشىنى يۇمشاق قوللىرى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.:"ئاتا، شاھزادە ھۈسەيىننىڭ ھۈنىرى بارمىكەن، ئىلىم ئۆگىنىپتىكەنمۇ؟ دىگەن سۆزدىن باشقىنى دىمىسەك" دەپتۇ. موللا سەيپىدىن ئاكا ئوردا ئەلچىلىرىگە مۇشۇ سۇئاللارنى قويۇپ،لايىغىدا مېھمان قىلىپ ئۇزۇتۇپتۇ.

ئوردا ئەلچىلىرى يەتكۈزگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغان شاھ توي تەييارلىقى پىشقىچە، ئوغلى ھۈسەيىننى ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىپ كەلسۇن دەپ، 40 قېچىرغا مال يۈكلەپ، 3 ئاي ئىچىدە ئىلىم-ھۈنەرلىك بولۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ، شاھزادە ھۈسەيىن شاھ ئاتىسىغا ئېھتىرام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن،كارۋاننى باشلاپ يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادە بىر كۈنى يېڭىسارنىڭ توپىلىق يايلىغىدا كېتىۋاتسا، بىر توپ پادىچىلار لايدا شاترانج(شاھمات) ياساپ ئويناۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن شاھزادە دەرھال كارۋان يۈكلىرىنى چۈشۈرتكۈزۈپ، ئىككى كۈن ئىچىدە شاھمات ئويناشنى پادىچىلاردىن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىۋاپتۇ. ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، يەكەنگە بېرىپ كارۋان سارايغا ئورۇنلىشىپتۇ. ئەتىسى شاھزادە ھۈسەيىن بىر مەدرىسەنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، بىر قانچە تالىپلار ھەدەپ ئەبجەد ھېسابى ئۈستىدە مۇنازىرلىشىۋاتقۇدەك. شاھزادە ھۈسەيىن ئىككى قېچىر مالنى ئۇلارنىڭ ئۇستازىغا سوغا قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئەبجەد ھېسابىنى ئۆگىنىپ،رەقەملەردىن جۈملە تۈزەلەيدىغان بوپتۇ.

شاھزادە ھۈسەيىن يەكەننىڭ سەھرا-يېزىلىرىنى ئارىلاپ،تاغ ئىچىدە بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ زىلچا توقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە 10 قېچىر مال بېرىپ،40 كۈندە ئۇستازىغا ئوخشاش زىلچا توقىيالايدىغان بوپتۇ. ئۇستازى:"قولۇڭىز مەندىن تېز بوپتۇ. كونىلار قولى ئاستا كاساپىتىدىن،ئايىغى ئىتتىك قەلەندەر ياخشى دەپتىكەن، قولىڭىز بەرىكەتلىك بولغاي" دەپ دۇئا قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ھۈسەيىن :

“ئۇيالما مەرىپەتنى ئۇرگە نۇرىدىن،
بولۇر هالىك تونۇر، قالساق تونۇردىن”

دىگەننى دائىم ئېسىدە تۇتۇپ، ئىككى خىل ئىلىم ۋە 3 خىل هۈنەر ئۆگىنىپ، قالغان قېچىرلاردىكى ماللارنى سېتىپ ئوردىغا قايتىپتۇ.

## 6.شاهزادىنىڭ ئۆيلىنىشى

شاھ ئەھرام ئوغلى ھۈسەيىننىڭ 3 ئاي جەريانىدا ئۆگەنگەن ئىلىم-ھۈنەرلىرىنى بىر قۇر سىناپ كۆرىپ،”ئەمدى توينىڭنى باشلاي” دەپ، موللا سەيپىدىنگە سوغا سالاملار بىلەن ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بۇلار ھېچقانداق سوئال قويماستىنلا توي باشلاشنى ماقۇل كۆرۈپ، شاھقا جاۋابەن سوغا -سالاملار يوللاپتۇ. ئەھۋالنى ئاڭلىغان شاھ:”موللا سەيپىدىن بىلەن بۇبى رابىيە دانىشمەنلەردىن ئىكەن. بولمىغاندا، ئالدىنقى قېتىم قويغان سوئاللارنىڭ جاۋابىنى سورىشى لازىم ئىدى.” دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، شاھ توي تەييارلىقىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، شەھەر- شەھەرلەرگە نامە يوللاپتۇ. پۈتكۈل ئەل-يۇرتقا 40 كېچە-كۈندۈزگىچە ھەرقانداق ئۆيدە قازان ئاسماسلىققا يارلىق چۈشىرىپتۇ. ھەممە ئەل توي ئويناپتۇ. يىراق شەھەرلەردىن كەلگەنلەر ئەمىر شەب ھۈسەيىننىڭ توي مەرىكىدە كۆرسەتكەن ئات ئويىنىتىش، چېلىشىش، ئوقيا ئۈزۈش،توپۇق ئويۇنى،چاۋگەن ئۇرۇش (ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرىنىڭ قەدىمكى شەكىللىرى) ،سۇ ئۈزۈش ماھارىتىنى كۆرىپ ئاجايىپ قايىل بولىشۇپتۇ. شاھ لەشكەرلىرىنىڭ ماھارىتى ۋە خەلق سەنئەتكارلارنىڭ جانبازلىق،دارۋازلىق ماھارەتلىرىنى كۆرۈپ مەدىھە ئوقۇپتۇ،تارتۇقلار سۇنىشىپتۇ، شاھ ئەھرامنىڭ شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشۇلۇپتۇ.

40 كېچە-كۈندۈزلۈك توي-تاماشىدىن كېيىن،شاھزادە ھۈسەيىن بىلەن بۇبى رابىيەنىڭ نىكاھى خۇتبىش ئوقۇلۇپتۇ. ھەمدۇسانا بىلەن باشلانغان بۇ نىكاھ مۇراسىمدا، ئەينى چاغدىكى قەشقەرنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن بولغان خەتىپ جامالىدىن قەشقىرى مۇنداق دەپتۇ:

- نىكاھ تۇرمۇشىمىزدا ئەر-خوتۇننىڭ خوشاللىق، قايغۇ كۈنلىرىدە بىر-بىرىنىڭ خوشاللىقىنى خوشاللىق،قايغۇسىنى قايغۇ دەپ بىلىدىغان، بىر-بىرىگە ياردەم ۋە شەپقەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىدىغان، ئائىلە يۈكىنى بىللە كۆتۈرۈدىغان، ئائىلىنىڭ ئىناق ۋە ھالال مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرۇدىغان، تۇرمۇش-روزىگارچىلىق داۋامىدا، بەزى دىشۋارچىلىقلارغا يولۇققاندا، ئەر-خوتۇننىڭ ساداقىتىنى ئايرىيدىغان،بىر-بىرىنى چۈشىنىپ يېتىدىغان،تونىيدىغان،تاۋلايدىغان بوتا ئوچاققا ئوخشاش ئۆلچەمدۇر. نىكاھ بىلەن ئەرگە جۈپتى روزىگار بولغۇچى زاتنى “قاتىن” دەپ ئاتايمىز. بۇ،قېتىلدى،قويۇشتى،قوشۇلدى دىگەنلىك.يەنى ئىككى يات كىشىنىڭ مۇشۇ نىكاھ ۋەدىسى بىلەن كۆڭلى (دىلى) كۆڭلىگە،جېنى-جېنىغا،قېنى-قېنىغا قېتىلدى(ئارلاشتى) دىگەن

سۆزدۇر.(نىكاھدىكى بۇ مېھرىبانلىقنى ئاققۇ قۇشلىرىغا ئوخشتىپ،مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ قوللانماقتا).

خاتىپ جامالدىن قەشقىرى نىكاھنىڭ خۇتبە نۇتقىنىڭ يېرمىنى تۈگۈتۈپ،بىر بوردا ناننى تۇزغا تەككۈزگەندىن كېيىن،ئۇنى شاھزادە ھۈسەيىن بىلەن بۇبى رابىيەگە يىگۈزۈشنى بۇيرۇپتۇ. ۋە بۇ ئىشنىڭ مەنىسنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ:

– بۇ ، تۇز بىلەن باشلانغان تۇنجى ناننى بىز بىللە يىدۇق. ئەمدى شۇ سائەتتىن باشلاپ،بىر قازاننىڭ تۇزىنى تەڭ يەيمىز. بىز ھەرگىز تۇزكورلاردىن بولمايمىز. تۇز بەرگەن ئانا ۋەتەنگە،ئەلگە ۋە ئائىلىمىزگە خيانەت قىلمايمىز... دىيىش ئۈچۈن شەرتلەشكەن تۈنجى روزىگارنىڭ غىزاسىدۇر،يەنى قەسەمدۇر.(مانى دىنىدىكىلەرنىڭ "تۇزغا شاش قىلىپ بېرەي" دەپ قەسەم ئىچىشلىرى،تۇزنى ھۆرمەتلىشى، دۈشمەن تەرەپ مەجرۇھلارنى داۋالاشتا تۇز بەرمەسلىكى تاسادىپى ئەمەس.

ئۇنىڭدىن كېيىن،جامالدىن قەشقىرى نىكاھ خۇتبەسنى داۋاملاشتۇرۇپ،ئاۋال بۇبى رابىيەدىن خاتۇن بولۇش رىزالىقنى،ئۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە ھۈسەيىننىڭ جۈپتى روزىگار بولۇش ماقۇللىغىنى ئاڭلاپ،مۇبارەكبادلىق بىلدۈرۈپتۇ.

توي ئەھلى ناخشا-ناۋا،رەقس-سامالار قىلىپ،بۇرغا،كانايلار چېلىپ،بۇبى رابىيە ئوردىغا كېلىنلىك ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنىپتۇ. يولدا ھولۇ سالغۇچىلارغا تون-تەلپەك،يارماق-دىنارلار چېلىپتۇ.

7. جانغا ئەسقاتقان ھۈنەر

ئەمىر ھۈسەيىن تويىدىن كېيىن بۇبى رابىيە بىلەنلا بولۇپ كېتىپ،خىزمىتىگە ئۆزى قاراپتۇ.بۇبى رابىيە ھامىلدار بوپتۇ. بىر كۈنى بۇبى رابىيە گەپ باشلاپ:

– ئەي ئەمىرىم،شاھىمىز سىزنى بىر ناۋاي قىلىپ يېتىشتۇرگەن ئىكەن بېشىڭىزدا كۆتۈرۈپ يۈرگەن تەۋەڭدە تۈگۈمەس نېنىڭىز بار ئىكەن،ئىشتىھايىڭىز كەلگەندە قولىڭىزنى سۇنىپلا ئېلىپ يەيدىكەنسىز. ناۋاي بويىننى تىك تۇتۇپ تۈز يولدا ماڭمىسا،بېشىدىن تەۋەڭ چۈشۈپ كېتىپ، ناننىڭ بۇلغىنىشى تۇرغان گەپ،بېشىڭىزدىكى تەۋەڭ يانتۇ كۆرىنىدۇ، پەخەس بولمايدىكەنسىز، تەۋەڭنىڭ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى باركۆرىنىدۇ.- دەپتۇ.

ئايالىنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ھۈسەيىن دەرھال ھوشىنى يىغىپتۇ، ئۇ رەئىيەنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن، بىر كۈنى ئوتۇنچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، بېلىگە ئىككى زاغرىنى تۈگۈپ،ئىككى ئېشەككە ئوتۇن ئارتىپ،"ئوتۇن قانچە؟" دىگەنلەرگە "چاغلاپ بېرەلا، كەم بولا" دەپ قويۇپ، شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپتۇ.

ئەمىر شەب ھۈسەيىن سېتىقچى،قاسساپ،ناۋاي،كاۋاپچى،قىسقىسى ھەممىلا ساھادىكىلەرنىڭ گەپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپتۇ. پاششاپ،چەكادى،جەسەكچىلەرنىڭ توغرىلىرىنى؛ رەئىيەنىڭ ئاھۇزارلىرىغا

قۇلاق سالماي،رەئىيەنى مەنستمەي تەكەبۇرلىشىپ كەتكەنلەرنى؛ئوغرى،مەككار،خىيانەتچىلەرنى ئەتراپىغا يىغىۋالغانلارنى بايقاپتۇ. خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى نارازىلىقلىرىنى ئاڭلاپتۇ.ماڭا-ماڭا، نامازشام ۋاقتىدا بىر كاۋاپچىنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ قاپتۇ.كاۋاپچىنىڭ ئوتتۇنغا كۆزى چۈشۈپ:"ئوتۇن قانچە؟" دەپ سوراپتۇ. ھۈسەيىن " چاغلاپ بېرەلا" دېگەن ھامان. كاۋاپچى "تازا بىر سەھرالىقكەن بۇ " دەپ ئويلاپتۇ-دە، ھۈسەيىننىڭ كېلىشكەن گەۋدىسىگە سەپسەلىپ قاراپتۇ.

ئەمىر شەب ھۈسەيىن كاۋاپچىنىڭ قىياپىتىنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى بايقاپ،سالۋا تۇمقىنى چۆكىرىپ كىيىپ،ئېشەكنى :"قىغ" دەپ مېڭىشىغا، كاۋاپچى باشقىلارنىڭ سالا-سۇلھىسى بىلەن ئوتۇننى ئۆرىرەك باھادا ئاپتۇ،ھۈسەيىنگە ئوتۇننى بالىخانىغا تىزدۇرۇپتۇ. بۇ ئارىدا ۋاقىت خۇپتەندىن ئوتۇپ قاپتۇ، كوچىدا كىشىلەرمۇ ئاز قاپتۇ. كاۋاپچى:" ھوي ئوتۇنچى، مەيەرگە كېلىپ قوساقنى تويدۇرۇۋال" دەپ توت زىخ كاۋاپ بىلەن چاي قويىپتۇ. ئەمىر شەب ھۈسەيىن كاۋاپنىڭ پۇرىقىدىن "ھارام مالنىڭ گۆشىمكىن؟" دەپ شۈبھىلىنىپ، ئوز نېنىنىلا يەپتۇ ۋە :" پۇل خىجىللىقىم بار ئىدى، چىقىم قىلىۋەتسەم، ھۈنەر دەسمايەم كېمىيىدۇ" دەپ ئۆزرە ئېيتىپ، كېتىشكە ئالدىراپتۇ.

كاۋاپچى ئەتراپىدا كىشى قالمىغانلىقىنى بايقاپ،گۆش پارچىلىغۇچىغا:" ئاۋال ساندۇقتىكى پۇلدىن ئېلىپ بەرگىن" دەپتۇ. ھۈسەيىن ساندۇقنىڭ يېنىغا پۇلنى سانىۋېلىش ئۈچۈن بارغان ئىكەن ، دەسسەپ تۇرغان ئورنىدىن بىر ئىشىك ئاستى تەرەپكە ئېچىلىپ ، ئۇ يەر ئاستى زىندانىغا چۈشىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىكەن.ئۇلار ھۈسەيىنگە:"ۋاي ئېستەي،كېلىشكەنلا يىگىت ئىكەنسەن..." دېيىشىپ ئىچ ئاغرىتىپتۇ. ھۈسەيىن ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ، ئىشنىڭ ئۇجۇر بۇجۇرلىرىنى بىلىۋاپتۇ. ھۈسەيىن بۇ يەردىكىلەرنىڭ دىققەتچىلىكىنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن ،لايىدا شاھمات ياساپ،ئۇلارغا ئۆگىتىپ، ئوينىشىپ مەلىكە بولىشىپتۇ.

بىر كۈنى كاۋاپچىنىڭ جاللىتى پىچىغىنى چىشلەپ كىرىپ،ئۇنى-بۇنى مىجىقلاپ كۆرىپتۇ.ھۈسەيىننى گوداڭ بېشىغا سۆرەپتۇ.جاللات ئۇنى باغلاپ،پىچاق سۇركىگىلى تۇرغاندا،ھۈسەيىن:"ۋاي ئېست ھۈنەر-بىلىملىرىم،گوش قىلساڭلار، بىر ئاخشاملىق كاۋاپ بىلەنلا تۈگەيمەن، مۇشۇ ئادەملەر بىلەن ھۈنەر قىلسام،نەچچە يۈز تىللاغا يارايتتى، بۇنىڭدىن جىق پايدا ئالاتتىڭىز" دەپتۇ. جاللات:" ھۈنىرىڭ نىمە؟ تېز ئېيت" دەپتىكەن ھۈسەيىن :"زىلچا توقۇيمەن" دەپتۇ. جاللات پىچىقىنى قايتۇرۇپ، ھۈسەيىننى جايىغا سولاپ قويىپتۇ ۋە كاۋاپچىغا مەلۇم قىلىش ئارقىلىق زىلچا توقۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. 3 كېچە كۈندۈز دېگەندە، ھۈسەيىن ئوتتقاشتەك چاقناپ تۇرۇدىغان بىر پارچە زىلچا توقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يولۋاس، يولۋاسنىڭ بېشىدا خەنجەر چىشلەپ تۇرغان بىر مۈشۈكنىڭ يولۋاسقا چاڭگال سېلىۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن،سۈرەتلەرنىڭ قوساق تەرىپىگە ئەبجەد رەقەملىرىنى گۈل شەكلىدە بېرىپ،ئۆزىنىڭ كاۋاپچىنىڭ زىندانىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ.

كاۋاپچى زىلچىنى كۆرۈپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كېتىپتۇ:"دەرھال پەردازلا،ئىككىنجىسىنى توقۇشقا كىرىش" دەپتۇ. ئىچىدە " بازارغا سالىمەنۇ، دىگىنىمگە ساتىمەن،لېكىن مىڭ تىللاغىمۇ بەرمەيمەن" دەپ ئويلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئوردىدىن ئاڭلايلى. ھۆسەيىن قايتىپ كەلمىگەندىن كېيىن،بۇبى رابىيە ئەھۋالنى شاھقا مەلۇم قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ "ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا،ھەزرەتلىرىگە مەلۇم، ئەمىر شەبلىرى ھۆسەيىن خىزمەت يۈزىسىدىن ئىككى ئۇلاغ ئوتۇن بىلەن ئوتۇنچى سۈپىتىدە چىقىپ كېتىپ،بەلگىلەنگەن مۇددەتتە قايتىپ كېلەلمىدى، قايسى ئىلمنى ئوقىغان، ھۈنىرى نىمە ئىدى، ۋاقىپ بولىشلىرىنى سورايمەن، پەرمانلىرىنى كۈتىمەن" دەپ ئىككىلىك خەت يېزىپ، ھامىلدارلىق بويى بىلەن شاھ ھوزۇرىغا كىرىپ،تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ،خەتنى سۇنىپتۇ. شاھ خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ،بۇبى رابىيەنى خاس خانىسىگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئوردا ئەمىرلىرى:"بىر قانچە كۈندىن بېرى ئەمىر شەب ئوردىدا سالامغا ئىشتىراك قىلالمىدى.بۈگۈن ئەتە كۆزى يورۇشنى كۈتۈپ تۇرغان بۇبى رابىيە خېنىكەمنىڭ خاس كېلىشىدە ئېھتىمال سەۋەب بار" دىيىشىپ پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشىپتۇ.

شاھ خاس خانىسىدە ئوغلى ھۆسەيىننىڭ نىكاھلىنىش ئالدىدا ئۆگەنگەن ئىلىم-ھۈنەرلىرىدىن بۇبى رابىيەنى خەۋەرلەندۈرۈپ، تېزدىن ئىزدەش چارىسىنى ئويلىشىپتۇ. ئەتىسى شاھ مۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ: "بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوردىغا ھەر خىل نۇسخىدىكى زىلچىلار سېتىپ ئېلىنىدۇ.بارلىق زىلچا توقۇپ ساتقۇچىلار ياكى ئائىلىسىدە زىلچىسى بارلار ئوردىغا ئەكىلىپ كۆرسەتسۇن،زىلچا سېتىش ئۈچۈن ئوردىغا كىرگۈچىلەرگە زىياپەت بېرىلىدۇ. زىلچا يارىسا دىگەن باھاسىغا ئېلىنىدۇ. يارىماي قالغاندىمۇ، شاھنىڭ ئەمىر-پەرمانىنى ئىجرا قىلغانلىقى يۈزىسىدىن كېلىش كېتىش ھەققى بېرىلىدۇ. يارىغان زىلچىلارنىڭ پۇلى نەق بېرىلىدۇ. ئوردىنىڭ تەستىقىسىز بازاردا زىلچا ساتقۇچىلار شاھنىڭ ئەمىر-پەرمانىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قارىلىپ،جازاغا مۇستەھىق قىلىنىدۇ.".

بۇ پەرمان ھەممە يەرگە يەتكۈزۈلۈپتۇ. زىلچا كۆرىش ئۈچۈن ئايرىم ئۆي راسلىنىپتۇ. خەزىنىچى،مېھمان كۈتكۈچىلەر تەييار بولۇشىپتۇ. شاھنىڭ ئالدىدا بولسا ۋەزىر ئەزەملەر، ئەمىر لەشكەرلەر، ئالاقىلدار قاراۋۇللار سەپراس بولۇپ تۇرۇشىپتۇ. شاھنىڭ ئەمىر-پەرماندىن ۋاقىپ بولغان خالايىق ھېيتلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ،زىلچىلىرىنى قولتۇقىغا قىسىشىپ،ئوردىغا قاراپ ئېقىشقا باشلاپتۇ.

پەرماننى ئاڭلىغان كاۋاپچى دۇكاننى شاگىرتىغا تاشلاپ،ئۆيىگە كىرىپ جابدۇنۇپ،ھېلىقى زىلچىنى قولتۇقىغا قىسىپ،ئوردىغا يول ئاپتۇ.زىلچا تاللاش خانىسىگە كىرىپ زىلچىنى يايغان ئىكەن، ئوردا كىشىلىرى زىلچىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. بۇبى رابىيە زىلچىنى كۆرىپلا ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ."مانا مۇشۇنداق رەڭدىكى، مۇشۇنداق نۇسخىدىكى گىلەم قانچە پۇل بولسا شۇنچىلىك ئالىمىز " دەپ كاۋاپچىنى زىياپەتكە باشلاپ قويۇپ، زىلچىنى ئېلىپ شاھنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپتۇ.

قالغانلار كاۋاپچى بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرۇپتۇ،كاۋاپچى مەغرۇرلۇق بىلەن:"بۇنداق زىلچىنى مېنىڭ خوتۇنىم توقۇيدۇ،باھاسىغا كېلىشەلىسەكلا قانچە دىسە توقۇپ بېرىمىز" دەپتۇ.شاھ كاۋاپچىنىڭ ئۆيىگە تېزدىن مەخپى ھالدا كىشى ئەۋەتىپ قارىغۇدەك بولسا، خوتۇنى بويىدىن ئاجراپ ياتقان، زىلچا تۈگۈل ئىشتانباغ توقۇغۇچىلىك تەلەتى يوق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، باھالىشا-باھالىشا، كاۋاپچىنىڭ دىگىنىگە يەتكۇدەك بولغان ئارلىقتا شاھنىڭ پەرمانى بىلەن كاۋاپچىنىڭ دۇكىنى قورشاۋغا ئېلىنىپ ۋە زىندان ئىشكى پاچاقلىنىپ، ئەمىر شەب ھۈسەيىن باشلىق بەند زىندانىلار ئازاد قىلىنىپتۇ. كاۋاپچىنى ھەددىدىن ئاشقان جىنايىتى ئۈچۈن شەھەر ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ يۈرگەندە، شائىرلارنىڭ پارىش زەباندىكلىرى:" ھۈنەردار ھۈنەرسەت، بى ھۈنەر خارەست" دىيىشسە، تۈركى زەباندىكلىرى :" تىكەنكى باش چىقارسا مەملىكەت گۈلزارىدىن، سىياسەت تىغى بىلەن باشنى ئۈزمەك كېرەك" دىيىشكەن ئىكەن.

شاھ دار ياسىتىپ، كاۋاپچىنىڭ پۇلغا تويماس نەپسىگە ھېلىقى زىلچا باھاسىغا كېلىشكەن تىللانى ئېرىتىپ ئاغزىدىن قۇيۇپ،دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئەمىر شەب ھۈسەيىن پاجىئەدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مەرتىۋىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، شاھى ئەھرام:" ھازىردىن باشلاپ ھەر بىر باشقا ملك خىل ئىلىم-ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ. ھاياتلىقدىن-ماماتلىققىچە ھەر قانداق ئەر-ئايال ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىپ ئۆزىنى قەدىرلىسۇن. كىمكى ئىلىم-ھۈنەر ئەھلى بولۇشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، سېلىقنىڭ كۆپ قىسمى شۇلاردىن ئېلىنسۇن، چۈنكى مۇنداق كىشلەر ئۆز ئۆزىنى خار قىلغۇچىلاردۇر" دىگەن پەرماننى چۈشرىپتۇ.

8. مەھمۇدنىڭ تەۋەللۇتى

شاھى ئەھرام ئوغلى ھۈسەيىن بىلەن دېھقاننى ئەشرەپ موللا سەيپىدىن ئاكىنىڭ قىزى بۇبى رابىيەنىڭ سەممى مۇھەببىتىدىن ۋىسال چەشمىسىدىن سۇ ئىچىپتۇ. شاھ ئوردىسىغا بۇبى رابىيەنىڭ كېلىن بولۇپ كېلىشى،سەلتەنەتنىكى ئادالەتنىڭ روناق تېپىشىغا،يۇرتنىڭ مەمۇر،ئەلنىڭ بەختىيار بولىشىغا سەۋەب بوپتۇ.

بۇبى رابىيە ھامىلدار بولۇپ،ئارزۇ ئاسمىنىدا پەرزەنت سۇبھىسى ئاقىرىشقا باشلاپتۇ.ئەمىر شەپ ھۈسەيىن ئايالىنىڭ يەڭگىش ئېپادىسى بىلىنگەچكە،شاھ ئاتىسىغا ھۆزرە بايان قىلغان ئىكەن، بۇبى رابىيە ئاتىسى موللا سەيپىدىن ئاكا ئالدىغا ئاسراپ ئەۋەتىپتۇ.توققۇز ئاي،توققۇز كۈن،توققۇز سائىتى توشقاندىن كېيىن،بۇبى رابىيە ئاتىسى سەيپىدىن ئاكىنىڭ سۆسەر ئاغزى ئازىخ كەنتىدىكى باغۇ ئەرەملىك ھويلىسىدا پەيشەنبە كۇنى قۇبىەيلى سەھەردە ئاپتاپ سۈرەتلىك بىر پەرزەنت تۇغۇپ،تىنچ-ئامان،ساق-سالامەت كىكزى يورۇپتۇ.

موللا سەيپىدىن ئاكا توغۇت ئانىلىرىدىن:"بۆرىمۇ تۈلكىمۇ؟" دەپ سورىغان ئىكەن.ئۇلار :"بۆرە" دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.ئوغۇلنىڭ ھەمرىيىنى ياچاق بىلەن كۆمگەندىن كېيىن،موللا سەيپىدىن ئاكا

سۆيىنىپ ‘‘قۇددۇسى شاھ ئەھرام بىلەن كۈيوغلى ئەمىر شەب ھۇسەيىنگە خوش خەۋەر قىلىمەن’’ دەپ، بېغدىكى يېڭىلا پىشقان ئۆرۈكتىن بىر سېۋەت قاچىلاپ يولغا راۋان بوپتۇ.

شاھ ئەھرام شاھزادىلىرى بىلەن ئوپال ئارت ‘‘قىرىق بۇلاق’’ ئەتراپىغا شىكارغا بارغان ئىكەن، تاغدىكى ھالڭ ئۈستىدىن ئىرغىغان ئاتنىڭ تۇۋۇقى تېيىلىپ كېتىپ،شاھ ئېتى بىلەن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن.لېكىن،ئات قازا تېپىپ،شاھ ئۆزى سالامەت قالغان مەھەلىدە موللا سەييىدىن ئاكا يېتىپ كېلىپ،ھۇسەيىن باشلىق ئەمىرلەر بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. قۇۋانچلىق خەۋەرنى شاھقا ۋە كۈيئوغۇلغا يەتكۈزۈپتۇ.

شاھ ئۆزىنىڭ زور پالاكەت ۋە دىشۋارچىلىقتىن سالامەت قالغانلىقى، يېڭى نەۋرىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى شەرىپىگە شىكارغا مىنىپ چىققان 40 يىگىتنىڭ ئاتلىرىنى نەزىر قىلىپ،شۈكرانىسىغا دۇئا-تەكبىر ئۆتكۈزۈپتۇ. سەييىدىن ئاكىغا ئاجىخ بېرىپ تارتۇقلاپتۇ ۋە:’’بۈگۈندىن ئېتىبارەن شەنىڭىز خوجا سەييىدىن بۇزرۇك بولغاي،بۇبى رابىيە قىزىمىزنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرگىنىگە مۇبارەك بولغاي’’ دەپتۇ.ھەممەيلەن خوجا سەييىدىن بۇزرۇك بىلەن ئەمىر شەب ھۇسەيىننى تەبرىكلىشىپتۇ. شاھ يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ،ئەمىر شەب ھۇسەيىنگە ئەمىر سۇلتان مەرتىۋىسىنى بېرىپتۇ.

**9. ئات تويى**

شاھ ئەھرام پۇتكۇل ئەلدىكى ئاتاقلىق مۇنەججىم،موللا-ئۆلىما ۋە يۇرت كاتتىلىرىنى يىغىپ،نەۋرىسىگە ئىسىم قويۇش تويى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ،ئاكىبىرلارغا خەۋەر بېرىپتۇ. ھەممە يىغىلىپ ‘‘ئات تويى’’ نى كاتتا زىياپەت-تەنتەنە بىلەن ‘‘قىزىل مەسچىت ئاتام’’ دىكى ئوردىدا ئۆتكۈزۈپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدىكى دۇئايى خەيرىدىن كېيىن،شاھنىڭ يېڭى نەۋرىسى تۇرۇك خاقانلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئاق كىگىزگە ياتقۇزۇلۇپتۇ.ئۇنى بىر توققۇز سىپاھ كۆتۈرۈپ،ئوردا مېھمانخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىرىپ،يەردە قويماي كۆتۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ.

سورۇن ئەھلى ۋە خوجا سەييىدىن بۇزۇرۇك قاتارلىق مېھمانلارنىڭ ھەممىسى:’’ قۇتلۇق بولسۇن شاھىمىزغا ’’ دەپ مۇبارەكبادلىق قىلىپتۇ. ئاندىن ۋەزىر ئەزەم بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ،پىشانە ۋە تاپانلىرىغا سۆيۈپ:’’ شاھزادە يەتتە ئىقلىمغا شاھ بولغاي’’ دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ شاھى ئەھرام مىيىقىدا كۈلۈپتۇ. ئىككىنجىسى بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ :’’ كاتتا باھادىر ۋە ئەقىللىق بولىشى-قۇلاقنىڭ چوڭلىقى،پىشانىسىنىڭ كەڭلىكىدىن بىلىنىپ تۇرۇدۇ. ئەلۋەتتە،بۇ خاسىيەت شاھزادىغا خاستۇر’’ دەپتۇ. شاھقا بۇ سۆزمۇ بىر نەۋى تۇيۇلغاندەك، قىياپەت-بەشىرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.ئۈچۈنجى،تۆتىنجى،بەشىنجى،ئالتىنجىلىرىمۇ شاھقا ياخشى كۆرۈنۈش ۋە خوشامەتتىن يېقىشلىق سۆزلەرنى سېخىلىق بىلەن تۆكۈشكە باشلاپتۇ. يەتتىنجى نۆۋەتتە شاھنىڭ قۇدىسى موللا سەييىدىن ئاكا نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ:’’ تەڭرىم بىزگە بىر يېڭى مېھماننى ئاتا قىپتۇ.- دەپتۇ ئاندىن:

تەڭرىدىن ئەلچى كېلىپتۇر سانى يوق،
ئەلچىنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ جانى يوق.
ئەلچىگە جۈپ قوي بېرىپتۇ تەڭرىمىز،
پوستى بارۇ،گۆشتى بار،ئۇستىخانى يوق.»
دىگەن نەزمىنى ئوقىغاندىن كېيىن. « مەن تەڭرىگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرمەن. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بەخشەندە قىلىدىغان ھەرقانداق بايلىقى ئىلىم ۋە ئەدەپ ئۆگۈتۈشتىن ئەۋزەل ئەمەستۇر. نەۋرىمىز تەڭرىم نىسىپ قىلسا، تەربىيەمىز بىلەن ئالىم بولغۇسىدۇر.» دىگەن ئىكەن. پۈتكۈل مېھمانخانىدىكىلەر «بارىكاللا» توۋلىشىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا «ئاللاھۇ ئەكبەر!...»
دىگەن تەكبىر ساداسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.
شاھنىڭ خوشاللىق يېشى كۆز چانقىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئېقىپ،نورۇز بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىپ چىقىپتۇ. شاھ يۈگۈرۈپ كېلىپ مولالا سەييىدنىنى قۇچاغلاپ، يېڭى نەۋرىسى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ،چۆگىلىتىپ، ئاندىن يەرگە دەسسىتىپتۇ.
شاھى ئەھرام نەۋرىسىنى قولىغا ئېلىپ باش-كۆزلىرىگە سۆيۈپتۇ. كېيىن خالايىققا قاراپ:
«ئىلىم ئىلەدۇر نىزامى ئالەم،
ئەدەپ ئىلەدۇر كامالى ئادەم.»
دىگەن نەزمىنى ئوقۇغاندىن كېيىن.- مەن يەتتە ئىقلىمغا شاھلىقتىن ئەۋلادىمىنىڭ ئالىم بولغىنىنى چوڭ دەرىجە دەپ بىلىمەن. ئالىملىق ئىككىلا دۇنيا نىجاتلىقى ۋە شاھلىقىدۇر. مېنىڭ دىلىمدىكى ئارزۇيىمنى ۋەلى (ئالدىن بىلگۈچى- كارامەت قىلغۇچى) گە ئوخشاش قۇدۇمىز مولالا سەييىدىن تاپتى. مەن بەكمۇ رىزا بولدۇم. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ، بۇ كىشىنىڭ نامى پۈتكۈل ئەل «سەييىدىن ۋەلييۇللا» دەپ ئاتىغاي.- دەپ پەرمان قىپتۇ. ھەممە بەيەكبار تەزىم بىلەن :« خوپ!» دەپ رىزالىق بىلدۈرۈشىپتۇ.
ئۇنىڭدىن كېيىن، شاھى ئەھرام مۇنەججىملەرگە قاراپ:« بىزنىڭ شان-شەۋكىتىمىزگە بۇ ئوغۇلنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىغى يەنە شەرەپ قوشتى. قەنى،مۇنەججىم-ئۆلىمالىرىمىز ئىسىم بەلگىلەيلى» دەپتۇ. ھەر كىم ئۆز مۇتائىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپتۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى:« شاھ جانابلىرى بۈگۈن ئىلىمۇ ئەرپانپەرۋەرلىكلىرىنى ئايان قىلىپ، ئارزۇلىرىنى شاھلىقتىن يۇقىرى تۇتۇپ، بىزگە ساداقەت يولىنى كۆرسەتتىلە،ئىلىم ئەھلىلىرى تولىمۇ مەمنۇن بولدۇق،شۇڭا سىلدەك شاھىمىزنىڭ دەۋرى بىلەن ماختىنىمىز. ھەممىمىز مۇشۇ ماختىنىش ۋە مەمنۇنىيەتلەرىمىزگە شۈكرىلەر بەجا كەلتۈرۈپ،ۋەدىمىزگە ۋاپا قىلىمىز. بىزنىڭ مۇشۇ نىيەت-مۇددىئامىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، قۇتلۇق قەدەملىك پەرزەنتىمىزگە باش ھەرپتىن ئىبارەت بولغان «مەھمۇد»(ماختىغۇچى) دىگەن ئىسىم قويۇشنى ئىلتىجا قىلىمىز. بۇ ئىسىم ئۇلۇغ ئەلچىنىڭ 5-ئىسمى ۋە ھەر بىر ھەرپىگە خاسىيەتلىك مەنىلەر يوشۇرۇنغاندۇر.

بىرىنجى ھەرىپ "م" مېھرى-شەپقەت، مۇرۇۋۋەت، ماھارەت،مەمنۇنىيەت دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ."ھ" ھەمدۇسانا ئېيتقۇچى، ھاياتبەخش، ھايالىق،ھازىر، ھۆر،ھېلىم دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. "م" مۇددىئا، مۇراد-مەخسەد، مۇنىس، مېھرىبان،مەرد،مەغرۇر، مۇرادىغا ئېرىشكەن دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ."ئۇ" ۋاپادار، ۋايىغا يەتكۈچى،نەسەبنىڭ ۋارىسى،ئىلىمنىڭ ۋارىسى دىگەن مەنىلەر بىلدۈرىدۇ. "د" دادىل، دىيانەتكار،دىلكۇشاھ،ئىلىم-بىلىم ھۈنەر-ماھارەت بىلەن ماختانغۇچى، شۆھرەت قازانغۇچى، داھى راخ ، يول باشلىغۇچى دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. — دەپ ئىزاھ بېرىپتۇ.

شاھ ئەھرام خالايىق موتىۋەرلىرى ئالدىدا.

— ئۇنداق بولسا ، كۆز نۇرىمىز بولغان نەۋرىمىزنىڭ ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن بولسۇن.- دەپ دۇئاغا قول كۆتىرىپتۇ. ھەممەيلەن "قۇتلۇق .. قۇتلۇق..." دەپ مۇبارەكلىشىپتۇ.

ئاخىرىدا، شاھى ئەكرام :"ئوغلىمىز ھۈسەيىن بۇ مۇبارەك پەرزەنت ھۆرمىتىدىن بۇگۈندىن باشلاپ سۇلتان ھۈسەيىن دەپ ئاتالسۇن، خالايىق ئىچىدە ئىلىم ۋە ھۈنەر شۇنداق روناق تاپسۇنكى، ئىلىم ھۈنەر بىلىمگەن بىرەر كىشى سەلتەنەتىمىز تەۋەسىدە كۆرۈنمىگەي. ھەر قانداق كىشى ئىلىم-ئەخلاق ئىگىسى بولۇپ، پەرزەنتىنى ئارتتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانى بىباھالىقىنى كۆرسەتكەي،كىمكى ئىلىم-ھۈنەر ئەھلى بولىشقا ئادەتلەنمەيدىكەن، ئۇنداقلار ئۆزىنى ئۆزى خار قىلغۇچىلاردۇر. ئىلىمۇ ئىرپانغا قىيا باققۇچىلارنى ھاشارغا ھەيدەپ،ئۇلارنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلاتقاي" دەپ پەرمانى ئالىي قىپتۇ.

## 10.مەھمۇدنىڭ بوۋاقلىق دەۋرى

شاھزادە مەھمۇد تەلپۈنگەندە،شاھى ئەھرام قۇۋانىپ بىر توقسان قوي ئۆلتۈرۈپ،ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە "ھەقىق تويى" قىپتۇ. پىشۇرۇلغان گۆشنىڭ سوڭەكلىرىگە تىغ تەگكۈزمەي بېغىشلىرىدىن ئاجرىتىپ،مېھمانلارغا ئۆز لايىغىدا تارتۇقلاپتۇ.ئۇنىڭدىن كېيىن،ئۇستىخاننىڭ ھەممىسنى يىغىپ"كېپەنلەپ"، بالىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن ئۈچۈن "قىزىلچاي ئاتام" دىكى زەرەتكارلىققا "دەپنە" قىلىپ،پاتىھە بېرىپتۇ.

مەھمۇدنىڭ دەسلەپكى قىرىق چىچىنى ئالدۇرغاندا،ئېلىنغان چاچنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن باراۋەر ئالتۇننى ساتىراش ئۇستامغا بېرىپتۇ،سورۇن ئەھلىگە ئالتۇن ئاياقتا دىنار ھەدىيە قىپتۇ. بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىگەندە قارا باسمىسۇن ئۈچۈن،بۆشۈك ئاستىغا (ئوۋۇدا ئاستىغا) كۈمۈش خەنجەر، ئوقيا ۋە تۇز سېلىپ بۆلەپتۇ. تىلى چىقىشقا تەمشەلگەندە،خوراز ئالدىغا ۋە قارلىغاچقا تەلپۈندۈرۈپتۇ.باتۇرلۇق نىشانى بولسۇن ئۈچۈن، ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە نىياز قىلىپ،سىكىلەك قويدۇرۇپتۇ.

بىر كۈنى بۈبى رابىيە ئاپتاپ ئۆتۈش بىلەن خەستىلىگەنلىكتىن، شاھ مەھمۇدنى ئەمدۈرۈش ئۈچۈن ئىنىكانا ئىزدەپتۇ.لېكىن، بۈبى رابىيە:

– بالىنىڭ ئانىسى ئۈنى تۇققان مەنىلا ئەمەس،بەلكى ئوغلۇمنى ئېمىتكەن خوتۇنمۇ ئانىلىققا مۇناسىپ.كائىناتقا قۇياشنىڭ تەسىرى قانداق بولسا، ئەۋلادىغا ئانىنىڭ تەسىرى ھەم شۇنداقتۇر.قۇش باللىرى، تايچاق، بوتىلاق،قوزا-مەچەرەكلەرنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن ئانىسىنى ئەمەس ، ئانىسىنى تونۇيدۇ. ئانا تەرپىدىن ساغلام،ئىلمى،ئەخلاقى تەربىيە كۆرمىگەن بالا دۇنيانىڭ ھەممە ئىلمىنى ئۈقسا، دىۋانىلارنى تولدۇرغاندەك مەلۇماتنى مىڭگە جايلاشتۇرسا،ئۇ ھەتتا پەيلاسوپ بولسىمۇ،ئەمما ھەقىقى ھايات ئادىمى،ئىلىم،ئەخلاق،دىن ئادىمى بولالمايدۇ.بىر مىمار(تامچى) ئۇستام تامنىڭ ئۇل خىشىنى مايماق قويسا،ئۇنىڭ تېمى ئاسمانغا تاقاشسىمۇ مايماق چىقىدۇ. ئوغلۇم مەھمۇد خاندانلىقىمىزنىڭ نەشەئىسى، ھاياتىمىزنىڭ مىۋىسى، تاناسىل ۋە تەكسىر مەۋزىئىدە ئۆمرىمىزنىڭ غۇنچىسىدۇر. شۇڭا، ئۆزۈم قارىشىم ۋە ئەمدۈرۈشىم كېرەك،- دەپ ، ئوردىدىن تاپقان ئىنىكئانىنى رەت قىپتۇ.

بۈبى رابىيە ئوغلى مەھمۇد تەلپۈنگەندە ئاۋايلاپ،تەمتەم ماڭغاندا ئارقىسىدا يۈرۈپ،يىقىلسا يۆلمەي،ئوزى تۇرۇشنى،جۇرئەتنى ئۆگىتىپ. مېيىپ،مەجرۇھ، مەلغۇن قىلماي،تەتە ئېتىپ ئايغىنى تېز چىقىرىپتۇ. بالىنىڭ ئالىغاي بولۇپ قالماسلىغى ئۈچۈن،بىر نەچچە مەرتىۋە چېچىنى ياندۇرۇپتۇ. ھاپ قوۋۇز بولۇپ قالماسلىغى ئۈچۈن،ئوك-سولدىن ئەمدۈرۈپتۇ،ساغلام ئۆستۈرۈپتۇ.

باللىق چېغىدىن ئىنساپلىق يېتىلگەن مەھمۇد ئانىسىنىڭ ھەرقاچان ئوڭ بېغىرىنى (بەغىرداق،لېپىنىك دىگەنلىك. ئۈنى ئۇيغۇرلار بەك بۈرۈن ئىشلەتكەن) ئېمىپ، سول قىسمىنى سىگلىسى ئۈچۈن قالدۇرغان دىگەن رىۋايەت بار.

نىزاقەتنى ئادەت قىلغان بۈبى رابىيە دائىم بېغىرىنى پاكىز يۇيۇپ تاھارەت ۋە پاكلىق بىلەن ئېمىتكەن.ئوغلى ئالدىدا يالغان سۆزلەش،بو-بو قىلىش، بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويۇش،شىتىلىق قىلىش،ياتاق كىيىملىرى بىلەن كۆرىنىشتىن ساقلانغان،مەھمۇدقا ئېچىغان،بۇزۇلغان سۈتلەرنى ئەمدۈرمىگەن.

ئەمچەكتە باللىرى بولغان ئاياللارغا يېقىنلىشىش، خاتۇنلارنىڭ سۈتىنى بۇزۇدۇ. بۇ سۈت باللارنىڭ مىجەزىنى بۇزۇدۇ.

بۈبى رابىيە ساماۋى كىتاپ "قۇرئان كەرىم" نىڭ ئەمرى بويىچە،بالىنىڭ ئانىدىكى سۈت ھەققى ئىككى يىل ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كېيىنكى پەرزەنتىگە ھامىلدارلىقى بىلىنگەچ،ئوغلىنىڭ چوڭ سىپاھلىققا قاتناشقىنىدا ئات چېپىشقا يارىماس بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن،شاھزادە ھۆسەيىنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوغلىنى سۈتتىن توختاتقان.

مەھمۇدنىڭ تىلى چىققاندىن كېيىن بۈبى رابىيە ھەركۈنى ئۈنى ئەتتىگەندە تۇرغۇزۇپ:

1.يالغان گەپ رىزقنى يەيدۇ.

2.شاراپ ئىماننى يەيدۇ.

3.غەم ئۆمۈرنى يەيدۇ.

4.سەدىقە بالانى يەيدۇ.

5.تووۋا گۇناھنى يەيدۇ. دىگەن سۆزلەرنى تەكرار ئېيتىشنى ئادەتلەندۈرۈپ،مەكتەپكە بېرىشتىن بۇرۇن ئۆگۈتۈپ بولغان...

11. مەھمۇدنىڭ مەكتەپكە كىرىشى

مەھمۇد تۆت ياش،تۆت ئاي،تۆت كۈنلۈك بولغاندا "كونا قورغان" دىگەن جايدىكى ئىككى ھېيت نامىزى ئوقۇلىدىغان كاتتا جامە قېشىدىكى مەكتەپكە تەنتەنە بىلەن ئېلىپ بېرىلىپتۇ.

مەكتەپكە مەھمۇدنى ئېلىپ بېرىشتا،بوۋىلىرى شاھى ئەھرام بىلەن سەييىدىن ۋەلىيۇللا ئوڭ ۋە سول قوللىرىنى يېتەكلەپتۇ،ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن يولنىڭ ئىككى تەرپىدە تۇرغان خالايىقلارغا خونچىدە كۆتۈرگەن كۈمۈش دىنارنى ھەر دوقمۇشتا ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چېچىپ بېرىپ،ساخاۋىتىنى كۆرسىتىپتۇ. ئۇلار دەرىسخانىغا كىرىپ،ئۇستازلارغا سالام قىلىپ،ھال-ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن،پەرزەنتى مەھمۇدنى خەلپىتىمگە تاپشۇرۇپ:" پەرزەنتىمىز ئۈچۈن ئاتىلاردا بولىدىغان ئىككىنچى ھەققى،يەنى ئىلىم تەلىم بېرىشنى بۈگۈن سىلىگە تاپشۇرۇپ ئادا قىلىشقا كەلدۇق.ئۆمۈدىمىز زايە بولمىغاي" دەپتۇ.

ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن مەكتەپتىكى ساۋاقداشلارغا بىر ئېتەكتىن ياڭاق،بىر توققۇزدىن تۇخۇم،توققۇز پۇلدىن يارماق تارقىتىپتۇ. ئۇستازىنى بىر ئات،دەستا(سەللە)،ئېرقىدىن تىكىلگەن تون،كىمسەندىن تىكىلگەن مەسە-كالاچ بىلەن تارتۇقلاپتۇ. ئۇلار بىر ئاز ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇستازغا ساۋاقداشلارنى "سالاۋات"قويۇپ بېرىش تەكلىپىنى بېرىپ قايتىشىپتۇ.

12. ئائىلە تەربىيەسى

مەھمۇد كىچىكىدە ئائىلىسىنىڭ ياخشى تەربىيەسىنى ئالغان ئىكەن.ئۇنىڭ دادىسى ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىننىڭ تونىشچە، بالىنىڭ ئاتىدىكى ھەقلىرى مۇنداق ئىكەن.

1.چىرايلىق ئىسىم قويۇش.

2.سۈت ئەمدۈرۈشنى چىرايلىق تاماملاش"ئانا سۈتى تەركىبىدە ياغ،شىرنە،تۇخۇم ئاقسىلى،تۇز ماددىلىرى ۋە مەدەنلەر بار"،ھالالدىن رىزىقلەندۈرۈش.

3.ئىلىم-تەلىم بېرىش،ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگۈتۈش.

4.سۇ ئۈزۈشنى،ئوقيا ئېتىشنى،ئەدەپنى ئۆگۈتۈش.

5.بالاغەتكە يەتكەندە،ئاتا-ئانىنىڭ ئەمرىنى بېجىرىشتىن ئىبارەت.

مەھمۇدنىڭ زېھنى زاكاۋىتى كىرگەندىن باشلاپ،ئىلىم-ھۈنەرنىڭ قەدرىگە يەتكەن ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن ئوغلىنىڭ تۈرلۈك ھەۋەسلىرىگە زەن سېلىپ،ئۇنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ.ئۇ يەنە "مەخسۇس تەربىيلىگۈچى" تەيىنلەپ، مەھمۇدنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپتۇ.

مەھمۇد مەكتەپكە كىرىپ،ئۆز ئارزۇسىنىڭ تۇنجى ئىشكى ئېچىلغانىنى كۆرگەن مەرىپەتلىك ئايال-بۇبى رابىيە ئوغلىنى ھەر كۈنى سەھەردە تۇرغۇزۇپ،ئۇنىڭ يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ،ئۇچىسىغا شاھزادىلەرگە لايىق تون ،كىمسەندىن تىكىلگەن ئۆتۈك كەيدۈرۈپ، بېلىگە كۆمۈشتىن ھەل بېرىلگەن بەلۋاغ باغلاپ،يېنىغا شاپگىرلىق سەنئىتى نامايەن قىلىنغان كۆمۈش خەنجەر ئېسىپ،بېشىغا لايىقدا دەستار كەيدۈرۈپ،ناشتىلىق بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دىگەن:-ئوغلۇم، سىز بىزنىڭ ئۈمۈدىمىز، ئىلمنى مەكتەپتە ئۇستازىڭىزدىن ئۆگەنسىڭىزمۇ،ئەمما ئەدەپ-ئەخلاقنى مەندىن ئۆگىنىشىڭىزنى ئۈمۈد قىلىمەن.خالى جايغا بېرىپ يەڭگىللىمەك،يۈز كۆز،ئېغىز-بۇرۇن،قول-پۇت،ئولتۇرغان جايلارغا قەدەر پاكىز يۇماق،ۋاختىدا ئاز-ئازدىن تاماق يەپ، مەكتەپكە يۈرۈشكە تەييار بولماق،ئاتا-ئانا،ئۇستاز ۋە چوڭلارنى كۆرگەندە "ئەسسلامۇ ئەلەيكۇم" دەپ سالام بەرمەك،ئاداشلار ۋە ساۋاقداشلارغا مېھرىبان بولۇپ،ئۇلارغا "مەن شاھزادە تۇرسام" دەپ ئاتىكاچىلىق قىلماسلىق،چوڭلار گەپ قىلىشىۋاتقاندا شەككالىق قىلماسلىق،كىشلەرنىڭ نەرسلىرىنى ئېلىۋالماسلىق،يامان غەرەزلىك كىشلەر بىرەر نەرسە بەرسە ئالماسلىق،يامان ۋە بىھۇدە تىللارنى ئۆگەنمەسلىك قاتارلىقلار ياخشى ئادەت ۋە ياخشى قىلىقلاردۇر.سىز بۇ دىگەنلىرىمنى قۇلىقىڭىزدا ئوبدان تۇتۇڭ.

مەھمۇد بوينىغا دەسلىپىدە كالا تاغىقىدىن ياسالغان "تاختا"،كېيىن "جىلىت"، ئۇنىڭدىن كېيىن بەلۋاقىا تاقالغان "قەلەمدان" نى ئورۇنلاشتۇرۇپ،ئۇنى ئالاھىدە تەيىنلەنگەن ئىككى ئاتلىق سىپاھىقا تاپشۇرۇپ،ھەر كۈنى مەكتەپكە ئەۋەتىپتۇ.

مەھمۇد ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيىگە كەلگەندە،ئانىسى بۇبى رابىيە ئۇنى ئىلىم-ھېكمەت ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىپ،بەت ئەخلاق (يامان قىلىق) لارنى قىلماسلىققا ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا ئادەتلەندۈرۈپتۇ.مەھمۇد ئۆزىمۇ تىرىشىپ ئانىسىدىن تاماقلارنىڭ تۈرلىرىدىن تارتىپ كىيىم-كەچ،توي جاھاز ناملىرىغىچە ئۆگىنىپتۇ. ئوردىدىن ئالاھىدە تەيىنلەنگەن سىپاھلاردىن سۇلالىلەرنىڭ ئاتلىرى،ياراغ-ئەسلىھەلەر ناملىرى،يەر-جاي ئىسىملىرى، تاغ-دەريالارنىڭ قاپتال،چۆشۈرگۈچلىرىگە قەدەر بىرنىمۇ قالدۇرماي ئۆگەنگىلى كىرىشىپتۇ.

مەھمۇد يەتتە ياشقا كىرگەندە،ئاتا-ئانىسى 40 كېچە -كۈندۈز ئەلگە ئاش بېرىپ،پۈتكۈل يۇرتنى، ھەممە ئايماق ۋە قەبىلىلەرنى قىچقىرىپ،"خەتنە توي" ئۆتكۈزۈپتۇ. تويدا تارتقاندىن

تاشقىرى،ئەلگە ئوغلاق تارتىشش،قوچقار سوقۇشتۇرۇش تاماشىسى، دارۋاز ،سېھىرگەرلىك،توپۇق تۇتۇش...... قاتارلىق سورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

13. مەھمۇدنىڭ ئىجدىھات بىلەن ئوقۇشى.

كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ بىلىملىك ۋە زېرەكلىكى بىلەن تونۇلغان مەھمۇد ئوقۇشقا كىرىپ تۇنجى تاختا بىلەن ساۋاتىنى چىقىرىپ ،" ئا،ب،ت،س " دىن ئىبارەت ھەرىپلەرنى ئوبدانلا ئۆگىنىپتۇ.ئۇ ئۇستازلىرىنىڭ قومۇش قەلىمى بىلەن قوي تېرىسىدە ئىشلىگەن قەغەزگە يېڭى يىلنىڭ كىرگەنلىكىنى ئايان قىلىپ، تۆۋەندىكى نەزمىلەرنى يېزىپ تارقىتىپتۇ.

تېرەكلەر تەڭگە بولۇپتۇ-نەۋ باھار،
بولدى ئالەمگە پەرەھلىك سەرھازار.
كىمكى ئەۋلادىنى مەكتەپكە بېرۇر،
ھور-غىلماندىن تاپار جەننەتتە يار.
بۇ "نورۇزلۇق" نى بوۋىلىرى ئالدىغا كۆتۈرۈپ بارغاندا، شاھى ئەھرام بوغرا توگە،سەيپىدىن ۋەلىيۇللا توت چىشلىق ئەرىك قوي،ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن ئوزى مىنگەن "ئارغىماقى بەدەشخان" لارنى خوشاللىقدىن تەغدىم قىلىشىپتۇ.
مەھمۇد ئىككىنجى يىلى "مەشەق" نى ، ئۈچىنجى يىلى سان-ساناق ئىلمى(ھېساپ) گە تەئەللۇق بىلىملەرنى ۋە " ھېسابى ئەبجەد" نى يادقا ئۆگۈنىپتۇ. تېز كۆن ئىچىدە تىرىشىپ،ھېسابى ئەبجەد يولى بىلەن جۈملىلەر تۈزەلەيدىغان بوپتۇ.ئىمام ئەلىنىڭ كەررە غەزەلياتىنى يادلاپ،ھېساپ ئەمەللىرىنى بىلىشنى تولۇقلاپتۇ.ئىپتىدائى مەكتەپتىلا ئۇ، ئەرەب غەربى ئاساسىدىكى گۈزەل خەتنى يىك ياغىچىدىن ئۈچلانغان قەلەم بىلەن بۇغا مۈڭگىزىدىن قىلىنغان دوۋەتتىكى زىغىر يېغى ئىسىدىن چىقىرىلغان سىياھقا چىلاپ مەشىق يېزىشنى ئادەت قىلىپ،خەتتاتلىق ئاساسىنى يارىتىپتۇ.ئۇنىڭدىن سەل كېيىن "مەھەپ شەرىپ" نى ياد ئېلىشقا باشلاپ "قۇررا" بوپتۇ، چوڭ بولغانچە "مۇھەددىس" بولۇپ يېتىشىپتۇ.

سالاھىيەتلىك پەرزەنتىنىڭ ئىستىداتىغا قايىل بولغان ئاتىلار مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى دەسلەپتە "مەدرىسەئى ساچىيە" نىڭ مۇددەرىسى ھۈسەيىن پەيزۇللادا دەرس تەلىم ئالدۇرۇپتۇ.

14.شاھى ئەھرامنىڭ نەسىھتى

مەھمۇد كىچىك تۇرۇپلا خۇش چاقچاق، چەبدەس، چانقانلىقى، ئۆگىنىشتە ئەستايىدىل ۋە تىرىشچانلىقى، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپتۇ، شاھزادىلار ئۆگىنىش زورۇر بولغان ھەربى ئىلىملەردىن ئات چېپىش،تىغۋازلىق،نەيزىۋازلىق،ۋە ئۇمۇتۋازلىق،ئوقيا ئېتىش قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنى دىنى ئىلىملەردىن ناماز سورۇلىرى،ھەپتىيەك،قۇرئان كەرىم،ھەدىس،ئىلمى شەرىئەتكىچە،دۇنياۋى ئىلىملەردىن ئىلمى ھېساب،ئىلمى ھەدىسە،ئىلمى ئەبجەد،ئىلمى تەجۋىت،ئىلمى سەرىپ،ئىلمى نەھۋى،ئىلمى مەنتىق،ئىلمى نۇجۇم،ئىلمى تىبابەت،ئىلمى تەرىقەت،جۇغراپىيە قاتارلىق زامان ئىلىملىرىدىن كامالى ماھارەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىگەللەپتۇ.

مەھمۇدنىڭ يېشى 30 غا يېقىنلاشقاندا ”مەدىرسەئى ھامدىيە“ دىكى ئۇستازى ھوسەيىن ئىبنى خەلپىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ، ئوپال(قىزىل مەسچىتتىكى) ئوردىسىغا قايتىپتۇ. شاھزادە مەھمۇدنىڭ مەدىرسەنى تۈگۈتۈپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن شاھى ئەھرام نەچچە توققۇز مال سويۇپ توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن ئوغلىغا تون-سەرپاي يېپىپتۇ، بۇبى رابىيە بەخت تىلەپ پىشانىسىدىن سۆيۈپتۇ.

زىياپەت ئاخىرىدا، شاھى ئەھرام نەۋرىسى مەھمۇدنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:”كۆپ ئۇستازلار ئوز ئىلىملىرىنىڭ نۇرى بىلەن كۆزۈڭنىمۇ،كۆڭلىڭنىمۇ مۇنەۋەر قىلدى.نۇرغۇن كىتاپ ئوقۇپ،نۇرغۇن سىپھر-ھېكمەتلەرنى بىلىۋالدىڭ،لېكىن، مەن تېخى ئوقىمىغان،ئوقۇمساڭ بولمايدىغان شۇنداق بىر بۈيۈك كىتاپ باركى ئۇ بىزنىڭ بىپايان زىمىنىمىز ۋە ئۇنىڭدا ياشاۋاتقان ئۇلۇق خەلقىمىز بوۋىلىرىمىز ”ئۆزىنى بىلمىگەن ئۆزگىنى بىلمەس“ دىگەن ئىكەن. سەن ھەممە قەبىلە،ئۇرۇق-ئايماقلىرىمىز، تاغ-دەريا،ئورمان،يايلاق،شەھەر-قىشلاقلىرىمىزنى ئارىلاپ چىقىپ،ئۇلاردىن ئۆگەن ھەم چۈشەن “ دەپتۇ.

ھەممەيلەن مەھمۇدنىڭ ئىلمىنىڭ راۋاج تېپىپ كامالەتكە يېتىشىنى تىلەپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپتۇ.”ئامىن-ئاللاھۇ ئەكبەر“ دىگەن سادا پۈتكۈل ئوردىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپتۇ.

## 15.مەھمۇدنىڭ ئەل كېزىشى

مەھمۇد بوۋىسى شاھى ئەھرامنىڭ تەلىپىنى قانات،دادىسى ئەمىر سۇلتان ھۈسەيىن بىلەن ئانىسى بۇبى رابىيەنىڭ تىلەكلىرىنى ئىرادە ۋە كۈچ قىلىپ،مۈڭ يولى (مورغ يولى-قۇش يولى) ئارقىلىق سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ئوغۇز، چېگىل-قارلۇق، ياغما، قىپچاق، باسمىل، ياباقۇ، توخسى، ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل، قىرغىز قاتارلىق ئۇيغۇر-تۈرۈك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، سەرگۈزەشتىلىرى، تىلى، تامغا-ئورانلىرى، ئورۇب-ئادەت، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرى، ئىسىملىرى، مۇراسىملىرى، ياشىغان زىمىن، تاغ-دەريا، كۆل- يايلاقلار جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ئېتنىك، ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، ھەربى

مۇناسىۋەتلىرى، ئىلمى ۋە پەلسەپەۋى چۈشەنچىلىرى، ناخشا قوشاق، داستان، ماقال- تەمسىللىرىنى ئىزدىنىپتۇ.
تەھسىلى ئىلىم كامالىتىگە ئېرىشكەن مەھمۇد 15 يىل ئىچىدە رۇم ئۆلكىسىدىن تارتىپ ماچىنغىچە ئۇزۇنلىقى 31200 ك م، كەڭلىكى 18750 ك م كېلىدىغان تۈرۈك ئېلىنى كېزىپتۇ، تۈركى خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر-قىشلاق،ئەل-يۇرتىنى تونىپتۇ. ئالدىغا ئۇچۇرىغان ماتىرىيالنى توپلاپ،خاتىرلەپتۇ،نەزەر دائىرسى تېخمۇ كەڭىيىپتۇ. ئۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ،خاقانىيە ئۆلكىسىدىن يەتتەسۇغا، يەتتەسۇدىن ماۋەرا ئۇننەھرگە ئۆتۈپتۇ. ئۇ ئاخىرى جەمەتىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە بوۋىسىنىڭ بىر نەۋرە تۇققانلىرىغا سېغىنىپ باغدادقا كەپتۇ.مەھمۇد قەشقىرى باغدادقا كېلىپ،داۋاملىق ئوقۇپتۇ،كېيىن مۇدەررىس بولۇپ ئىستەداتىنى جارى قىلدۇرۇپتۇ. ئۇ مۇكەممەل چۈشەنچىلىرى ۋە چوڭقۇر ئىلمي ئىقتدارى بىلەن يۇكسەك ھۆرمەت-ئىناۋەتكە نائىل بوپتۇ.

16.مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تېسنىپ قىلغان كىتاپلىرى

مەھمۇد قەشقىرى "تۈركي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەھەرلىرى" ۋە "تۈركي تىللار دىۋانى" نامىلىق كىتاپلارنى يازغان. ئۇ،ئەرەبچە يېزىپ چىققان "تۈركي تىللار دىۋانى" نامىلىق كىتاپىنى ئەرەب ئاباسىيلار خەلىپىلىكى (751-1258) نىڭ 27-خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقدەردى مىئەمرۇللا (1074-1075-يىللىرى تەختتكە ئولتۇرغان) غا ئارمىغان (تەغدىم) قىلغان. بۇ چاغدا تۈرۈك تىلىنى ئۆگۈنىش ئومۇمي ئىجدىمائى ئېھتىياج ئىكەن. باغداد جەمىيىتىدە تۈرۈك تىلىنى بىلگەنلەرنىڭ مەسلىسى ھەل،توققۇزى تەل،ئىناۋىتى يۇقىرى،بوغىزىغالىق ئوقىرى ئىكەن. ئەرز-دادىنى ئېيتىش ئۈچۈن باغدادقا كەلگەنلەر،ئەمەل تەمەسىدىكى ئەرەب زىيالىلىرى،مەنسەپ دەرىجىلىرىنى ئۆستۈرۈش يولىدا قولتىغىغا شوتا قىستۇرۇپ يۈرىيدىغانلارنىڭ ھەممىسى تۈرۈكلەرگە خوشامەت ۋە تەۋەززۇ قىلىشىدىكەن. مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن مەھمۇد قەشقىرى ئەرەبلەرنىڭ تۈرۈك تىلىنى ئۆگۈنىشى ۋە تۈرۈكلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن،ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان سېغىنىشى ۋە ھۆرمەت-ئېھتىرامىنى ئىپادىلەپ بۇ كىتاپىنى يازغان. ئۇزۇن ۋە مۇشەقەتلىك سەپەر،سەرسانچىلىقتا ئىگەللىگەن مەلۇمات ۋە ماتىرىياللار بۇ كىتاپ ئۈچۈن مۇھىم مەنبە بولغان،مەھمۇد قەشقىرى ئۆز كىتابىدا:"ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈرۈكلەرگە يېقىش ئۈچۈن،ئۇلارغا تۈركي تىلىدا سۆزلىشىشتىن باشقا ياخشىراق يول يوق" دىگەندىن باشقا " تۈركي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى" نى يازغان. چۈنكى،ئەرەبلەر ئىچىدىكى قىسمەن ھاكاۋۇر شەخسلەر تۈرۈكلەرنى "ئەجەمى"(كېكەچلەر) دەپ كەمسىتىدىغان ئەھۋاللار بولغان. مەھمۇد قەشقىرى يەنە:"ئەدەبى يادىكارلىق ۋە

پۈتمەس-تۈگمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ،ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ،بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا "دىۋانى لۇغەتىت تۈرۈك"(تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويدۇم" دىگەن.

بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشچە،تابغاچ بۇغرا قاراخان-ئەبۇ ئەلى ھۇسەيىن ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخان ئەرەب ئاباسلار خەلىپىلىكىنىڭ يېڭى خەلىپىسى مۇقتەدى مىئەمرۇللانىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن باغدادقا ئەۋەتكەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە مەھمۇد قەشقىرىمۇ خەلپە ھوزۇرىغا كىرىپ "تۈركىي تىللار دىۋانى" نى يېڭى خەلپىگە تەغدىم قىلغان ئىكەن.

17. ئانا ۋەتەن تەشنالىقى

مەھمۇد قەشقىرى يازغان"تۈركىي تىللا دىۋانى" دىگەن كىتاپ،خەلپىلىكنىڭ بۈيرىقى بىلەن ئوردا دىۋانخانىسىدا بىر نەچچە نۇسخا كۆپەيتىپ تارقىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ نام-شۆھرىتى دۇنياغا پۇر كېتىپتۇ. لېكىن،نام-شۆھرەت،شاھانە ئىززەت-ئېكراملار باغدادتا مۇساپىرچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان ئالىمنىڭ قەلبىنى ئىگەللىگەن ئانىسى بۈبى رابىيە ۋە تۇغۇلغان ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر سىغىنىشنى بەزلىيەلمەپتۇ. بۇ كۈنلەردە مەھمۇدنىڭ پۈتكۈل ئەس-يادى ئانا يادى بىلەن،ۋەتەن يادى بىلەن بەنىت بوپتۇ. يېشى ئۇلغايغانسىرى ئۆزى توپلىغان "دېھقانىنىڭ ياخشىسى چامغۇر تەرىيدۇ،ئادەمنىڭ ياخشىشى ئوز يۇرتىدا قېرىيدۇ" دىگەن خەلق ماقالىسى يادىدىن كەتمەي،ئۆز يۇرتىنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ ئوتى بولۇپ تۇتۇشۇپتۇ. يۇرتنىڭ ئاپئاق چامغۇرى،ئاقار دەريالىرى،توتيا تۇپرىقى كۆز ئالدىدىن نۇر پەردە بولۇپ تىزىلىپ ئوتۇپتۇ.

دەل شۇ چاغلاردا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن "كارۋان بۈيۈك" يولى بىلەن سەپەرگە چىققان قورۇل-شائاشۇقلۇق كارۋان بەشى مالىك ۋە ئەسقەر ئىسىملىك ئىككى كىشى باغداد شەھرىگە كەپتۇ،ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋە شاھزادىسى بولغان مەھمۇد ئىبنى ھۇسەيىننى ئىزدەپ تېپىپ،زىيارەت قىلىپ،سوغىرە خىزمىتى ئۈچۈن ئارزۇ-مەتلۇپلىرىنى سورىغاندا،ئالىم ئاخىرقى ئۆمرىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

كارۋان بەشى ئانا ۋەتەندىن بىر پارچە نامە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. بۇ نامە ئوردا ۋەزىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا، ھازىر ۋەتەندە ئەمىنلىك ۋە ئىلىم راۋاج روياپقا چىققانلىقى،ۋەتەننىڭ ئىلىم ۋە ئالىملارغا مۇھتاجلىقى، ۋەتەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتىدىن مەمنۇنلىقى،ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا ھەمدەمدە بولۇشنى خالايدىغانلىقى، ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشنى ئېھتىرام بىلەن كۈتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىكەن.كارۋان بېشى بۈبى رابىيە خەنىكەمنىڭ پەرزەنت داغى بىلەن باغرىنى داغلاپ،ۋەسلى دىدارى ئۈچۈن سەكپارە بولىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئانا ۋە ئانا ۋەتەن سىغىنىش تەشنالىقى ئوت بولۇپ يانغان مەھمۇد قەشقىرى باغداد خەلپىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ۋەتەنگە قايتماقچى بوپتۇ.

**18. ئانا سېغىنىشى**

مەھمۇد قەشقىرى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن،بوۋىسى شاھى ئەھرامنىڭ كىچىك خانىشى ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە ۋارىس قىلىش ئۈچۈن، شاھى ئەھرام ۋە ئۇنىڭ چوڭ خانىشىدىن بولغان باللىرىغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگەن،شۇ قاتاردا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى ھۈسەيىنمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلگەن.

ئوردىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندىن كېيىن،تۇل قالغان بۈبى رابىيە ئوغلىنى ئۇزاق يىللارغىچە كۈتتۈپتۇ. ئۇنىڭ سېغىنىش ئوت-پىراقىدا كۆيگەن بۈبى رابىيە ئاخىرى :" قېرىغىنىمدا بولسىمۇ، كۆز نۇرۇم بالامنى ئىزدەپ تاپاي،ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ئۆلەي، ئاھ بالام نەدىسەن؟ " دەپ ئوغلىنىڭ كېلەر يولىغا قاراپ پەرزەنت يادى بىلەن كۈن-تۈن يىغلاپ، پەرزەنت دەردى بىلەن كۆڭلىنى تىلغاپ،پەرزەنت ئىستىكىدە بېلىنى باغلاپ كۆك ئارت،ئۆلۈغ ئارت،ئوپال ئارت،مۇق يولى تەرەپنى قىبلە قىلىپ، مەغرىب تامان ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئۇنىڭ پۇت قولى، بەدەنلىرى يېرىلىپتۇ، ئۆرە يۇرەلمەي قەدەمدىن قالغاندا، ئۆمىلەپ،يۆمۈلۈپ مېڭىپتۇ، تىزلىرى يېغىر بوپتۇ،لېكىن،بىچارە بۈبى رابىيەگە ئوغلىنى كۆرۈش نىسىپ بولماپتۇ.ئۇ مۇق يولىدا "بالام" دەپ كېتىۋەتىپ، "يىكچى مەھەلىسى " گە بارغاندا، يول ئۈستىدە جان ئۈزۈپتۇ ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ.

**19.ۋەتەن ۋىسالى**

بىر مەزگىلدىن كېيىن باغدادتىنكى ئىشلىرىنى تۈگەتكەن مەھمۇد قەشقىرى سودىسىنى پۈتكۈزگەن كارۋانلار بىلەن بىرلىكتە ۋەتەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. كارۋان بېشى ئۇنى ئىززەتلەپ،ئەڭ كۆچتۈڭگۈر نار تۆگىنىڭ چومى ئۈستىگە سايىۋەنلىك كوخۇگە (كارۋات ئوي) ياساپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يول-يوللاردىكى خەتەرلىك داۋان ئوتكەل ۋە تار-قىستاڭ يوللاردا ئۇنى يۈدۈپ ئوتكۈزۈپتۇ. كارۋان ھىرات،كۆك ئارت،ئۆلۈغ ئارت،مۇق يولى،ئوپال ئارت،بىلەن ئۈچ ئاي چامىسى يۈرۈپتۇ.كارۋان دەبتىتىن ئوتۇپ،گەز دەرياسىنى بويلاپ،40 كەچىكتىن ئۆتۈپ، ئۆلۈغ ئارت داۋانىغا كەلگەندە،ئۇنى داۋاندىن يۈدۈپ ئوتكۈزۈپتۇ، نىھايەت مەھمۇد قەشقىرى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ۋەتەنگە ساق-سالامەت قايتىپ كەپتۇ.

"كارۋان بۈيۈك" يولىدىكى كۆۋرۈك بېشى دىگەن يەرگە كەلگەندە، مەھمۇد قەشقىرى ھايات بۈبى رابىيەنى ئەمەس،پەرزەنت پىراقىدا تولا يىغلاپ كۆز يېشى قۇرۇغان، ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان مېھرىبان، غەمگۇزار ئانىسى بۈبى رابىيەنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ،قەبرىگە ئۆزىنى ئېتىپ،ئانا قەبرىسىنى پەرزەنتلىك سېغىنىش يېشى بىلەن يۇيۇپتۇ،نەزىر-چىرىغىنى ئوتكۈزۈپ، تۇپرىغىنى قاتۇرۇپتۇ.

20.”مەدرىسەئى مەھمۇدىيە ” ۋە “نورۇز بۇلاق”

بۇبى رابىيە خەنىكەمنىڭ ئۆلۈم نەزىرىگە قەدەم تەشرىپ قىلغان تاجدارلار ۋە ئوردا ئەربابلىرى مەھمۇد قەشقىرىنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپتۇ. ئوردا ۋەزىرى شەخسەن ئۆزى زىياپەت تەييارلاپ مەھمۇد قەشقىرىنى زور داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. زىياپەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدە شادلىق نۇرى جەۋلان قىپتۇ. ھەتتا نۇرغۇن بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن خوشاللىق ئۇنچىلىرى تۆكۈلۈپتۇ.

ئوردا ۋەزىرلىرى ئىلىم بىلەن ئەلنى روناق تاپتۇرۇش، ئىلىم بىلەن ئەلگە بەخت يارىتىشتا ھەمجەھەت ئىكەنلىكىگە ئىشىندىغانلىقىنى ئېيتىپ،مەھمۇد قەشقىرىنى ئوردا خىزمىتىگە سەئى قىپتۇ، لېكىن مەھمۇد قەشقىرى چوڭقۇر تەشەككۇر بىلەن ئۆزرە بايان قىلىپ،قالغان ئۆمرىنى ئىلىم يارىتىش ۋە ئىلىم تارىتىش ئىشىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى ئىزھار قىپتۇ.

مەھمۇد قەشقىرى ئۆز ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق ئوپالدا بىر ھەيۋەتلىك مەدرىسە بىنا قىلىپ،مەدرىسەنىڭ مەھرابىغا “ئايىغۇچى ۋە كۆيىنگۈچى ئاللانىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن، پەقەت ئاللالا ياردەم بېرەلەيدۇ” دىگەن خەتنى پۈتتۈرۈپتۇ. ئۇ ئۆزى مۇدەررىس بولغان بۇ مۇدەرىسە ” مەدرىسەئى مەھمۇدىيە” دەپ ئاتىلىپ، شان-شۆھرىتى مەشرىقتىن مەغرىپكىچە پۇر كېتىپتۇ. تەرەپ-تەرەپتىن، ھەتتا ئەرەب،ئەجەم ئەللىرىدىنمۇ نۇرغۇن تالىپلار كېلىپ ئوقۇپتۇ. تالىپلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئۇستازى مەھمۇد قەشقىرىنى ھۆرمەتلەپ “ھەزرىتى موللام” دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

مەدرىسە ئالدىدا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ ئوقچۇپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر بۇلاق بولۇپ، ياز كۈنلىرى ھەممە تالىپلار بۇلاق بېشىدا ئارام ئالغاچ پەر بىيت ئەيتىشش، نەزىم پۈتۈش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدىكەن،ھەر يىلى نورۇز مۇراسىمىدا مەھمۇد قەشقىرى ئېز تالىپلىرى بىلەن “سۆسەر ئاغزى” دىكى بۇلاق بويىغا كېلىپ،سەيلە قىلىدىكەن.نورۇزنامىلەرنى پۈتۈشۈپ،ئەلگە ۋە ئىلىمگە راۋاج،پاراۋانلىق تىلىشىپ بۇلاققا

تاشلىشار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇلاقنىڭ نامىمۇ “نورۇز بۇلاق” دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

21.”ئىمام مالىك ئەجدەر”

مەھمۇد قەشقىرى يىنىپ كەلگەندىن كېيىن”مارجان بۇلاق” بېشىدىكى “مەرىسەئى مەھمۇدىيە” دە دەرس ئۆتۈپتۇ. چەت ئەلدىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئاكا-ئۇكا ئىككى شاگىرت بولۇپ،بىرسى ئىمام مالىك ئەجدەر، بىرسى ئىمام مالىك ئەسقەر ئىكەن.ئىمام مالىك ئەجدەرنىڭ ئەسلى ئىسمى — ئىمام مالىك ئەكبەر ئىكەن.

بىر كۈنى كېچىسى بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن سىرتقا چىقىپ كېلىۋاتسا،بىر دېھقان يىگىت يېرىم كېچىدە يېرىگە قوش ھەيدەۋاتقان،يىگىتنىڭ ئانىسى ئارقىسىدىن يىغلاپ،چىراغ تۇتۇپ ئەگىشىپ يۈرگەن ئىكەن. بۇنى كۆرگەن ئىمام مالىك ئەكبەر:”نىمىشقا يىغلايسىز؟” دەپ سورىسا،ئەھۋال مۇنداق ئىكەن : شۇ ئەتراپتىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە بىر ئەجدىرھا بولۇپ،ھەر يىلى دېھقانلارنىڭ بىردىن بالىسىنى

يەيدىكەن،بولمىسا،خەلققە بالايى ئاپەت ياغدۇرىدىكەن. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى ئۇ يىگىتنى يىيىش نۆۋىتى كېلىپ قاپتۇ،شۇڭا يىگىت ئۆلۈش ئالدىدا ئانىسىغا يەرنى تېرىپ بېرىپ كېتىش ئۈچۈن كېچىلەپ قوش ھەيدەۋاتقان،ئانىسى بولسا بالىسىغا چىدىماي، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يىغلاۋاتقان ئىكەن.

ئىمام مالىك ئەكبەر ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىپتۇ ۋە ئۇستازىدىن ئىجازەت سوراپتۇ.مەھمۇد قەشقىرى ئىمام مالىك ئەكبەرنىڭ بارماسلىقىنى،ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ئۆزى بېرىشنى قارار قىلىپ،ئىككى قىلىچنى ئېلىپ چىقىپتۇ.ئىمام مالىك ئەكبەر ئۇستازىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ:"مەن باراي" دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ.مەھمۇد قەشقىرى نائىلاج ئىمام مالىك ئەكبەرگە ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ.ئىمام مالىك ئەكبەر كۆك ئىنەكنىڭ سۈتىنى ئىچۈۋىلىپ،بېلىگە ئىككى قىلىچنى ئىككى يانىغا كېرىپ چىڭ تىڭىپ،ئەجدىھانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.ئەجدىھا دەم تارتىش بىلەنلا ئىمام مالىك ئەكبەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ئەجدىھانى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپتۇ لېكىن،ئۇ ئىچكەن سۈتكە سۇ ئارلاشقان بولغاچقا،زەھەر قايتىماي،ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقىرى بۇ پىداكار شاگىرتىغا "ئىمام مالىك ئەجدەر" دەپ نام بېرىپتۇ،ۋە ئۇلۇغلاپ ئۇزۇتۇپتۇ.

22.مەھمۇد قەشقىرى بىلەن ئىخلاسمەن ئەما

مەھمۇد قەشقىرى "مەدىرسەئى مەھمۇدىيە" دە مۇدەرىسلىك قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە،ئۇنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى:"مەن دەرگاھى ھەقتىن دائىما ناھايىتى كاتتا نەرسلەرنى سورايمەن،ۋەدە بېرىمەنكى،سېنىڭ ئۇلۇغ ۋە كەرەملىك دەرگاھىڭدىن ناپىسەنت نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن " دەپتۇ.

مەھمۇد قەشقىرى ئۇنىڭدىن:

- سېنىڭ سورايدىغان كاتتا نەرسەڭ نىمە؟- دەپ سورىغان ئىكەن. ئۇ:

- جانابىلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇشۇ تاغنى قىپقىزىل ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ بەرسە دىگەن ئىلتىجا ئىدى – دەپتۇ.

ئارىدىن 2-3 يىل ئۆتۈپ،ھېلىقى ئىخلاسمەن بىر چاكىرغا ئۆزىنى يېتىلەنكىنىچە مەدىرسىگە كىرىپ،سالامدىن كېيىنلا كور بولۇپ قالغانلىقىدىن زارلاشقا باشلاپتۇ.مەھمۇد قەشقىرى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

-تەڭرى بىزگە يەتتە ئەزادىن ئىبارەت تۈگىمەس بايلىقنى ئېھسان قىلدى.ئۇنى چۈشىنىپ يېتىشكە بىزنىڭ ئەقلىمىز كوتالىق قىلىدۇ،چۈنكى، بىزگە بېرىلگەن بۇ بايلىقنى جايىدا ئىشلەتمىسەك،دۇنيادىكى ھەممە تاغلارنىڭ ئالتۇن بولغىنىدىنمۇ ئارتۇق بايلىق بولار ئىدى.سەن دىگەن مۇشۇ تاغنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭدەك ئالتۇن بولغىنىدىن كۆرە كۆزىڭنىڭ ئەما بولمىغىنى خوپراق ئىدى- دەپتۇ.

-مەن تەگرىمگە تائادەت-ئىبادەت قىلىپ ئۈنىگدىن نىمەت سورىسام،ئۇ مىنىڭ كۆزىمدىن كىچىككىنە نۇرنىمۇ ئېلىۋېلىپ ئەما قىلىپ قويامدۇ،بۇ قانداق ئادالەت؟- دەپتۇ ھېلىقى ئىخلاسمەن.

-ئۇنداق دىمە،- دەپتۇ مەھمۇد قەشقىرى- تەگرىم سىنىڭ دۇئالىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئىجابەت قىلىپ ئادالىتىنى زاھىر قىپتۇ. تاغنى ئالتۇن قىلىپ بېرىشنى تىلىگەن ئىدىڭ،ئۇنىڭدىن كاتتىراق بايلىق بولغان تەن سەھەتلىكىڭنى بېرىپ ساڭا مەرھەمەت ئېھسان قىلدى.سەن ئۇنى توغرا ئىشلىتىپ بەجا كەلتۈرمەي خەسىس دۇنيا ئارزۇسىدا بولغانىسەن.سەن ئۆز تەلىپىڭدە " ئاز نەرسە سورىغۇچىلارنىڭ كۆزى كور بولسۇن" دىگەن ئىدىڭ،بۇ دۇئا تەلىپىڭمۇ ئىجابەت بوپتۇ. چۈنكى،دەرگاھى ھەقنىڭ ئالدىدا تاغلارنى ئالتۇن قىلماقتىنمۇ ئاددى ۋە ئاز نەرسە بولمايدۇ.ئەگەر سەن مەندىن:"تەگرىگە دۇئا قىلىشىڭدىكى تەلەپ-مەقسىدىڭ نىمە؟ دەپ سورىساڭ ئىدىڭ. مەن ساڭا:"تەگرىگە قىلىدىغان ئەڭ ئالى تىلەك -تەن سەھەتلىك،خاتىرجەملىك،ئەقىل ۋە ئىلىمگە كامالەت بەرگىن"دىگەندىن ئىبارەت دەپ مەسلىھەت بەرگەن بولار ئىدىم.- دەپتۇ.

23. مىڭ بىر تۈپ ئۈجمە

قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەرلىك بىر سودىگەر تىجارەت بىلەن كۇچاغا بېرىپ قاپتۇ.سارايۋەن "بىرەر ئايلىق بولسىمۇ ئۆيلىنىپ ئالسىلا " دەپ بىر ئايالنى سەئى قىلىپ ئۆيلەپ قويىپتۇ.بىرەر ئايدىن كېيىن سودىگەر ئايالىنىڭ خېتىنى بېرىپ،تىجارەت بىلەن ئىلىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن 15-20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن،ھېلىقى سودىگەر يەنە كۇچاغا كېلىپ،ھەمسەپۋەرلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن بىر چوكانغا ئۆيلىنىپتۇ، نىكاھتىن كېيىن سودىگەر:"خېنىم، ئاتا ئانىلىرى بارمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. ئۇ چوكان" دادامنى بىلمەيمەن، ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە،مىنىڭ دادام قەشقەرلىك بىر پالانچى دىگەن سودىگەر ئىكەن.ئۇ ئانامنىڭ خېتىنى بېرىپ ئىلىغا چىقىپ كېتىپتۇ.ئانام پۇستانچى مۇشۇ كۇچانىڭ شەھەر ئىچىدىن.ئانامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىككى يىل بولدى.ماڭا تاغام ئاتىدارچىلىق قىلدۇ" دەپتۇ.

ئۆز قىزىغا ئۆيلىنىپ قالغانلىقنى بىلگەن سودىگەرنى قارا تەر بېسىپتۇ- دە:" تالاغا چىقىپ كىرەي" دىگەن باھانە بىلەن ئۆيدىن چىققىنىچە قەشقەرگە قايتىپ كەپتۇ.ئۇ ئۆتكۈزگەن بۇ گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن ھىچقانداق چارە تاپالماپتۇ.شۇ چاغدا ئوپالدىكى "مەدرىسەئى مەھمۇدىيە" دە مۇدەررىسلىك قىلىدىغان،كۆپنى كۆرگەن،كۆپنى بىلىدىغان،ھەرقانداق مەسلىگە جاۋاپ بېرەلەيدىغان،قولىدىغان كېلىدىغان ياخشىلىقنى ھىچ كىشىدىن ئايىمايدىغان ئىلىم تەلەپكارلىرىنىڭ پىرى ھەزرىتى موللام ئەللامە مەھمۇد قەشقىرى ئىسىملىك،ئالى مەلۇماتلىق بىر ئۇلۇغ ئۇلىمانىڭ بارلىغىنى ئاڭلىغان سودىگەر مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئوپالىغا بېرىپتۇ. ئۇ مەھمۇد قەشقىرىگە بېشىدىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىنى ئېيتىپ،قانداق قىلسا بۇ گۇناھى كەبىرنىڭ يۇيۇلۇشى توغۇرسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ.

- بىئەدەت گۇناھ بوپتۇ.بۇنىڭ بىردىن بىر بابراق يولى شۇكى،خۇدا يولىدا مىڭ بىر تۇپ ئۈجمە تىكىپ مىۋىگە كىرگۈزۈڭ. ئۈجمە تولۇق تۇتۇپ مىۋىگە كىرىپ،جان-جانىۋار،ئادەمزات يەپ،يەرگە قانچىلىك كۆپ تۆكۈلسە،سىزنىڭ گۇناھىڭىز شۇنچە تۆكىلىدۇ-دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
ھېلقى سودىگەر دەرھال تۇتۇش قىلىپ،كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىغا مىڭ بىر تۇپ ئۈجمە كۆچتى ئەھيا قىپتۇ.

ئوپال يېزىسىنىڭ "موللام بېغى" كەنتىدىكى مەھمۇد قەشقىرى قەبرىگاھى جايلاشقان تۆپىلىككە بارىدىغان كوچىنى ھازىر كىشىلەر "ئۈجمىلىك كوچا" دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى 17 تۇپ قېرى ئۈجمە دەرىخى ئەنە شۇ مىڭ بىر تۇپ ئۈجمىدىن قېپقالغانلىرى بولۇپ،ھازىرغىچە مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلانماقتا.

24. "ھاي-ھاي تېرەك"
مەھمۇد قەشقىرى ئەينى چاغدا مەدرىسەئىنى پۈتكۈزۈپ ئۇستازىدىن دۇئا ئالغاندا :"ئۇستازىم،مېنىڭ تۇپرىقىم قەيەردە بولار؟" دەپ سوراپتىكەن.ئۇستازى :"بىر ئۆمۈر ساغا ھەمرا بولغان ھاساڭ كۆكلىگەن جايدا بولۇر" دەپتىكەن.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يېشى ئۇلغايغانسېرى سالامەتلىكى ياخشى بولماي قاپتۇ.كۈنلەردىن بىر كۈنى مەھمۇد قەشقىرى ھاسىسىغا تايىنىپ تۇرۇپ تاھارەت ئۈچۈن "مارجان بۇلاق"تىن سۇ ئالغان ئىكەن، ھاسىسى بۇلاق بويىغا سانجىلىپ قاپتۇ. ھاسىسى سانجىلىپ قالغان يەردە قويۇپ،ئېۋرىقنى ئېلىپ تاھارەت ئاپتۇ،ئۇ تاھارەتنى ئېلىپ بولۇپ،ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا ھاسىسا كۆكلەپ كېتىپتۇ.بۇنى كۆرگەن مەھمۇد قەشقىرى :" ھاي-ھاي، ئەجەپ كۆكلەپ كېتىپسەنغۇ؟" دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكىلەر بۇ ھاسىدىن كۆكلەپ چىققان بۇ تېرەكنى "ھاي-ھاي تېرەك" دەيدىغان بوپتۇ.

مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ ئىخلاسمەنلىرى ۋە تالىپلىرى،ئۇرۇق-تۇققان،دوست-يار،ئەقرىبالىرىغا ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندە "ھاي-ھاي تېرەك" نىڭ چوڭ شېخى كۆرستىپ تۇرغان دۆڭگە دەپنە قىلىشنى ۋەسىيەت قىپتۇ. بۇ تېرەك ھازىرمۇ "مارجان بۇلاق" بېشىدا كۆكلەپ تۇرماقتا.

25.مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ۋەسىيتى
مەھمۇد قەشقىرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان تولىيەگە مۇنداق ۋەسىيەت قالدۇرغان ئىكەن :" ھەزرىتى موللام مۇلەققەب (لەقەم) ئىسمى مەۋلانا شەمسىددىن ئەللامە مەھمۇدىيەدۇرمەنكى،پاتمانلىق يېرىمنى ۋەخپە قىلدىم. مەندىن كېيىن،مېنىڭ ئەۋلادىمدىن كىم شەيخ،مۇتىۋەللى بولسا،مەزكۇر زىمىننى تېرىپ ساتمىغان،مۈلۈك قىلىپ ئالمىغان،مىراس قىلىپ

ئالمغان شەرت بىلەن زىمىندىن چىققان مەھسۇلاتنى ئوق قىلىپ،شەيخ ئوق يەيدۇ،مۇتىۋەللى ئوق يەيدۇ.ئوقنى شىكەستىكىلەرگە (رېمۇنتىخانىغا) ۋە قەبرەمنى زىيارەت قىلغىلى يىراق-يېقىندىن كەلگەنلەرگە سەرىپ ئېتىدۇ"

ئەسكەرتىش: ياقۇپبەگ دەۋرى (1865-1877) دە قەشقەر تەۋەسىدىكى بارلىق مازارلارنىڭ تەزكىرە ۋە تۇلىيەلىرى يىغىۋېلىنغان. شۇ قاتاردا مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ تەزكىرىسى بىلەن يۇقىرقى تولىيە هۆججەتمۇ ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ ھەقتە 1957-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزىيى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوپال رايونىنى تەكشۈرگەندە قالدۇرغان خاتىرىسى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزىيى مەدىنىيەت يادىكارلىقلار ئەترىتىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

26.مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ۋاپاتى

مەھمۇد قەشقىرى "مەدىرسەئى مەھمۇدىيە" دە 15-20 يىل مۇددەرىس بولۇپ،نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈپتۇ. ئۇ دەرس گويىلۇق قىلىپ،ئۈچ قەرنە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ،97 يېشىدا دۇنيادىن ئۆتكەن.ئۆز ۋەسىيتىگە بىنائەن مەھمۇد قەشقىرى ئوپالنىڭ كۆن يورۇش تەرىپى قۇمباغ تۆپىلىكىدىكى "مارجان بۇلاق" بېشىدىكى تۆپىلىككە دەپنە قىلىنغان.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل ئەل-يۇرت جۇۋا-تەلپەكلىرىنى تەتۈر كىيىپ،كۆك تاياقتىن ھاسسا تۇتۇپ يىغلىغان.سىپاھ-سالالەر دەستار پەتلىسىنى چۇشرىپ،ئوقيا-قىلىچلىرىنى يەرگە ياتقۇزغان.تۆگىلەرنى بوتىلاقلىرىدىن ئايرىپ بوقرىتىپ،ئاتلىرىنى لەرزان يېتىلەپ،يەتتە كىچە-كۈندۈزگىچە گۇروھە-گۇرۇھ،ئايماق-ئايماق بولۇپ ماتەم بىلدۈرۈپ،دۇئايى خەيرى قىلىشقان.ئېقىندىكى "قارا جىلغا" سۈيى بىلەن "قىزىل جىلغا" سۇلىرى مەۋىج ئۇرۇپ،ئالىمغا ماتەم تۇتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

پۈتكۈل ئەل ئۇ زاتنىڭ ۋاپاتىغا تۆۋەندىكى مەرسىيەنى ئوقۇپ تەزىيە بىلدۈرگەن:

ئەلۋىدا،ئەي شەيخ مەۋلانايى پىرىم،

ئەلۋىدا، مەھمۇدى ئىسمىڭ ھەمدە ئۆگرەتتىڭ بىزنى.

ئەلۋىدا،بەخت ئاتا قىلسۇن ساڭا قادىر خۇدا،

ئەلۋىدا،ئەي ئىلمۇ ئېرپان نۇرى ئەينى خۇلقى ئەزىم.

يا ئىلاھ جەننەتتە بولغاي پىرىمىز،ئۇستازىمىز،

نامىڭىزنى تاغقا تەھبىز ئەيلىدۇق مەۋلانىمىز.(تەھبىز- ئوخشىتىش،قوشۇش مەنىسىدىكى سۆز)

مەھمۇد قەشقىرى قەبرىگاھى جايلاشقان تاغ بۇ ئېغىر مۇسىبەتتىن ھالسىزلىنىپ،قۇمباغدىن تاكى ئوپلات"قىرىق بۇلاق" قىچە سوزۇلغان گەۋدىسىنى ئۆرە قىلالماي،مۈكچىيىپلا كەتكەنلىكتىن "ھەزرىتى موللام تېغى" دەپ ئاتالغان.مەھمۇد قەشقىرى "ھەزرىتى موللام" ئىلمىگە ھۆددىگەر پىرىم

دەپ ئاتىلىپ،ھەر يىلى ھەرقايسى جايلاردا مەدىرسە ئوقۇشنى پۈتكۈزگەن تالىپلارغا ئۇنۋان بېرىش مۇراسىمى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈپ "نورۇز بۇلاق"
سۈيىدە تاھارەت ئېلىپ دۇئا-تەكبىر قىلىپ،ئۇنىڭدىن ئىجازەت ئېلىش ۋە كىتاپ ۋەخپە قىلىش ئادەتكە ئايلانغان."نورۇز بۇلاق" بولسا ھەر يىلى نورۇز پەسلىدە قەشقەر تەۋەسىدىكى مۇھىم سەيلگاھقا ئايلىنىپ،پەر بىيىت ئېيتىشىش ۋە ھوشۇرنىڭ ئايىمدە تۈنەش پائالىيتى تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن..
تامامى ۋەسسالام.

# 3- ئىستانبۇلدا تۈركى تىللار دىۋانىنى تۈنجى قېتىم تېپىپ چىققان شەخس  -  ئېلى ئەمىرى ئەپەندى




2009- يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئىستانبۇل شەھرى فاتىخ رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىدارىسىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، ئېلى ئەمىرى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ يىغىن زالىدا، تۈركىي تىللار دىۋانىنى تاپقان ۋە تۈنجى بولۇپ نەشر قىلدۇرغان شەخس ئېلى ئەمىرى ئەپەندىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا تۈركىيە مەدەنىيەت ۋە ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ كۇتۇپخانىلار ۋە نەشرىياتلار مۇدىرى ئايتېكىن يىلماز، تۈركىيە دۆلەت مەجلىسى ئاساسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ باشلىقى بورھان كۇزۇ، سابىق پارلامېنت ئەزاسى مەرۋە كاۋاكچى، دوغان ھىزلان، ئىستانبۇل شەھرىگە قاراشلىق فاتىھ رايونلۇق شەھەر باشلىقى مۇستافا دېمىر، ئىستانبۇل مىللەت كۇتۇپخانىسىنىڭ مۇدىرى مەلەك گەنچبوياجى قاتارلىق مۇھىم شەخسلەر قاتناشتى. مۇراسىمغا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالىملار، يازغۇچىلار، تەتقىقاتچىلار بولۇپ 500 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىمغا فاتىھ شەھەرلىك مەدەنىيەت مەسلىھەتچىسى ۋاھدەتتىن ئىشىق ئەپەندى رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىم ئىستىقلال مارشى ئوقۇش بىلەن باشلاندى مۇراسىمدا فاتىھ رايونلۇق شەھەر باشلىقى مۇستافا دېمىر ئەپەندى ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى.

مۇراسىمدا مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى پروفېسسور دوكتور مۇستافا كاچالان "تۈركىي تىللار دىۋانى" دېگەن تېمىدا، ساكارىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مۇستافا ئارسلان "ئېلى ئەمىرى ئەپەندىنىڭ دىۋانى ھەققىدە" دېگەن تېمىدا، فاتىھ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى سادىق يازار ئەپەندى "ئېلى ئەمىرى ئەپەندىنىڭ ماقال – تەمسىللىرى " دېگەن تېمىدا سۆز قىلدى.

پروفېسسور دوكتور مۇستافا كاچالان ئەپەندى "تۈركىي تىللار دىۋانى" دېگەن تېمىدا سۆز قىلىپ، مۇنداق دېدى: "مەن سىلەرگە تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ قول يازمىسىنى تونۇشتۇرىمەن. ئالدى بىلەن بۇ كىتاب بىر نەچچە يۈز يىل يوقاپ كېتىپ كېيىن قانداق بولۇپ ئىستانبۇلدا ئېلى ئەمىرى ئەپەندى تەرىپىدىن تېپىلدى، بۇ ھەقتە توختىلىپ ئۆتىمەن، ئېلى ئەمىرى ئەپەندى ئىستانبۇلدىكى بىر كىتاب دۇكىنىدا تۈركىي تىللار دىۋانى دېگەن كىتابنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالغان، چۈنكى بۇ كىتاب كۆپ ئىزدەپ تېپىلمىغان كىتابلاردىن بىرى ئىدى. ئېلى ئەمىرى ئەپەندى" تۈركىي تىللار دىۋانى" نى بۆگۈننىڭ پۇلىغا سۇندۇرغاندا 9000 تۈرك لىراسىغا سېتىۋالغان . بۇ پۇلغا ئىستانبۇلدا نورمال بىر ئاپتوموبىل كېلىدۇ، ئېلى ئەمىرى ئەپەندى بىر ئاپتوموبىل كېلىدىغان پۇلنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن بىر كىتابنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان. ئۇ كىتابنىڭ باھاسى قىممەت بولغاچقا يېنىدىكى پۇلى يېتىشمەي قەرز سوراشقا مەجبۇر بولغان، ئەمما پۇل قەرز سوراشقا كەتكەندە كىتابنى باشقا بىرسىنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كىتاب دوكىنىنىڭ ئالدىدا تونۇشلىرىنىڭ ئۆتىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرغاندا، يېقىن بىر دوستى دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ۋە ئۇنىڭدىن پۇل قەرز ئېلىپ كىتابنى سېتىۋالغان ئېلى ئەمىرى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتقان ۋە ئۇ كىتابنىڭ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ باشقىلارغا كۆرسەتمەي تۇرۇپ بىر نۇسخانى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ كۆچۈرۈپ چىققان.

مۇستافا كاچارىن ئەپەندى يەنە مۇنداق دېدى: "ئۇ كىتاب رەتسىز قالايمىقان بولۇپ كىتابنى ئەڭ يېقىن ئىشەنچلىك دوستى كىلىسلى رىفات ئەپەندى ئىسمىلىك شەخسكە تۈزىتىپ رەتلەپ چىقىش ئۈچۈن بەرگەن. شۇنداق قىلىپ كىلىسلى رىفات ئەپەندى بۇ كىتابنى تۈزىتىپ رەتلەپ 3 قېتىم ئوقۇپ چىققان . ئېلى ئەمىرى ئەپەندى تۈركى تىللار دىۋانىنى رەتلەپ تۈزىتىپ بەرگەن دوستىغا ئىستانبۇل قۇمقاپىدىكى بىر ئۆيىنى سوۋغا قىلغان، ئەمما ئۇ دوستى بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلماي كىتابنى نەشر

قىلىدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. كېيىن، رىفات ئەپەندى ئۇ كىتابنى ئۈچ قىسىم شەكلىدە نەشرگە تەييارلىغان. شۇنداق قىلىپ ئېلى ئەمىرى ئەپەندى دوستلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دۆلەت مائارىپ نازارىتىنىڭ ياردىمى بىلەن 1915 ـ يىلى تۇنجى قېتىم 1 ـ قىسمىنى نەشر قىلدۇرغان، 1917 ـ يىلى 2 ـ ۋە 3 ـ قىسىملىرى نەشر قىلىنغان .تۈركىي تىللار دىۋانى مەھمۇت قەشقىرى تەرىپىدىن يېزىلىپ باغدات پادىشاھىغا تەقدىم قىلىنغاندىن كېيىن بىر قانچە يۈز يىل يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئاخىرى ئېلى ئەمىرى ئەپەندى تېپىپ چىقىپ تۇنجى قېتىم 1915 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان. تۈركىي تىللار دىۋانى يېزىلىپ بىر قانچە يۈز يىل يوقاپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ 1915 ـ يىلى ئېلى ئەمىرى ئەپەندى تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان".

مۇراسىم ئاخىرىدا فاتىھ رايونلۇق شەھەر باشلىقى مۇستافا دېمىر ئەپەندى مۇراسىمدا سۆز قىلغۇچىلارنى تەبرىكلەپ تەقدىرنامە تەقدىم قىلدى. يىغىن زالىنىڭ كۆرگەزمە مەيدانىدا ئېلى ئەمىرى ئەپەندىنىڭ كىتابلىرى ۋە خۇسۇسىي ئەشيالىرى كۆرگەزمە قىلىنغان بولۇپ، كۆرگەزمىگە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ "تۈركىي تىللار دىۋانى" نىڭ قولىيازما نۇسخىسمۇ قويۇلغان.

بىز مۇراسىم ئاخىرلاشقاندا فاتىھ رايونلۇق شەھەر باشلىقى مۇستافا دېمىر ئەپەندى بىلەن ئېلى ئەمىرى ئەپەندى ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ باردۇق.

مۇستافا دېمىر ئەپەندى ئېلى ئەمىرى ئەپەندى ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: تۈركىي تىللار دىۋانى دېگەن بىر كىتابنىڭ بارلىقنى ھەممە كىشى بىلگەن بولسىمۇ، بۇ كىتاب ئوتتۇردا يوق ئىدى .ئېلى ئەمىرى ئەپەندى بەيازىت ساھافلار بازىرىدىكى بىر كىتاب دۇكىنىدا تۈركىي تىللار دىۋانىنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغان ۋە ئۇ كىتابنى سېتىۋالغان ۋە يوقاپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىپ ھېچكىمگە كۆرسەتمەي ساقلىغان. ئېلى ئەمىرى ئەپەندى ئىستانبۇلدىكى مىللەت كۇتۇپخانىسىنى قۇرۇپ ئۇ كۇتۇپخانىغا ئۆزى توپلىغان 16 مىڭ پارچە ئەسەرنى تەقدىم قىلغان. ئارىدىن 85 يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىز ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ فاتىھ رايونىدا ئېلى ئەمىرى مەدەنىيەت مەركىزى قۇرۇپ چىقتۇق. ئېلى ئەمىرى ئەپەندى ئۆزىنى كىتابقا ۋە كىتابلىرىنى مىللەتكە تەقدىم قىلغان ئىستانبۇل شەھىرىدىكى داڭلىق مىللەت كۇتۇپخانىسىنىڭ قۇرغۇچىسى شۇنداقلا مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تۈركىي تىللار دىۋانى دېگەن مۇھىم كىتابنى تېپىپ چىقىپ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان شەخس . ئېلى ئەمىرى ئەپەندى 1857 ـ يىلى دىياربەكىر شەھىرىدە تۇغۇلۇپ 1924 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ۋاپات بولغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىستانبۇلدىكى مەشھۇر مىللەت كۇتۇپخانىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

مۇستافا دېمىر ئەپەندى تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ يازغۇچىسى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: " مەن بىر فاتىھ رايونىنىڭ شەھەر باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىنچ ۋە راھەت بىر مۇھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئۆزلىرىنىڭ ۋە باللىرىنىڭ كەلگۈسىدىن، مەدەنىيەت -كۈلتۈرىنىڭ كەلگۈسىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بىر ئورۇن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئۇلارغا دۇئا قىلىمىز".

مۇستافا دېمىر ئەپەندى ئۇيغۇرلارغا سالام يوللاپ مۇنداق دېدى: "بۇ يەردە يەنى ئىستانبۇلدا تەخمىنەن 1100 يىل ئىلگىرى ئۇ يەردىن ئايرىلىپ بۇ يەرنى ۋەتەن تۇتقان ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلىرى، نەۋرىلىرى بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن، بىزدىن ئۇزاقتا بولغان، 1100 يىل ئىلگىرى ئايرىلغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئىستانبۇلدىن ھۆرمەت ۋە سالام يوللايمىز".

# 4-مەھمۇد قەشقرىيگە كۆرە قاراخانىيلاردا تېبابەت

ئەنۋەر ياسن

بۇ ماقالە 2008-يىلى 5-ئاينىڭ 20-24-كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ كونيا شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «1-قېتىملىق خەلقارا تۈرك تىب تارىخى قۇرۇلتىيى» نىڭ ماقالىلار توپلىمىدىكى نۇسخىسىغا ئاساسەن يۈسۈپجان ياسىن تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.



قاراخانىيلاردا تېبابەتنىڭ ئايرىم بىر پەن سۈپىتىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ.بۇ دەۋردە يېزىلغان ئىككى شاھ ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» بىر مۇنچە تېمىلاردا تېبابەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.11- .ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان ۋە ئاشۇ شاھ ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولغان يۈسۈپ بىلەن مەھمۇدتىن ئىبارەت بۇ ئىككى بۈيۈك شەخس تىل ۋە سىياسەت ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز دەۋرىنىڭ تېبابەت مەدەنىيىتى ھەققىدىمۇ خېلىلا تەپسىلى مەلۇماتلارنى بەرگەن ئىدى.بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ئەسىرىگە ئوبدان بىر نەزەر تاشلانسا، ئۇلارنىڭ تېبابەت ساھەسىدىمۇ مول بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.ئەلۋەتتە بۇ خىل ھالەت قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيەت ھاياتىدا تېبابەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا

قويۇلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.ئەمما، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەت بىلىملىرىنى تولۇق ھالدا يورىتىپ بېرەلەيدىغان بىرەر مەنبەگە ئىگە ئەمەسمىز. دۇنياغا مەشھۇر باشقىرت ئالىمى ئەھمەد زەكىي ۋەلىدى توغان مانىسادا شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئەل – ھەسەننىڭ ئوغلى ئەل – مەمۇنغا بېغىشلانغان بىر تېببىي كىتابنى تاپقان.(1)بۇ ئەسەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تېبابەت ئىلمىگە دائىر مۇھىم ۋە يېتەرلىك بىر مەلۇمات بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.ئەپسۇس، بۇ ئەسەر قولىمىزدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ھەقتە ھازىرچە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تېبابەت ھەققىدە باشقا مەنبەلەردە ۋە تېپىلمىلاردىمۇ بەزى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.ئەمەلىيەتتىمۇ قاراخانىيلاردا بالاساغۇن، قەشقەر، سەمەرقەند، بۇخارا، تېرمىز، ئۆرگەنچ ۋە مەرۋ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ھاياتىدا تېبابەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك پەنلەرنىڭ ئوقىتىلغانلىقى ۋە ئاشۇ ساھەلەردە سىستېمىلىق تەتقىقاتلارنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقى بىلىنمەكتە.(2)تۈنجى تۈرك- ئىسلام ھۆكۈمدارى ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىسىدىكى ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ زامانىسىنىڭ بىلىم ئوچىقىغا ئايلانغانلىقى مەلۇم.(3)بۇ مەدرىستە تىۋىپ قاتارلىق تۈرلۈك پەن ئالىملىرىنىڭ يېتىشكەنلىكى مۇھەققەقتۇر.قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىزگە ئىسمى مەلۇم بولغان ئىمامۇددىن كاشغەرىي، مۇھەممەد ئىبن رەشىد ئىبن ئەلى كاشغەرىي، مۇھەممەد ئەلى مۇھەممەد ئىمىن قاتارلىق مەشھۇر تىۋىپلەرنىڭ ئىلمىي ھاياتى ئاشۇ مەدرىس بىلەن زىچ باغلانغان ئىدى.ئىمامۇددىن كاشغەرىي(تۇغۇلغان ۋە ئۆلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس)يالغۇز تېبابەت ساھەسىدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، يەنە ساچىيە مەدرىسىدە مۇدەررىس بولغان.ئۇ «رىسالە چۆپچىن»دېگەن بىر كىتاپ يازغان.ئۇ يەنە ساچىيە مەدرىسىدە ئوقۇتىلىۋاتقان «ئەل قانۇن فىت تېبب»ناملىق ئەسەرنى شەرھىيلەش مەخسىتىدە «شەرھى ئەل- قانۇن»ۋە «شەرھى شىپا»ناملىق كىتاپلارنى يازغان.ئالدىنقىسى قاراخانىيلارنىڭ بىر خاقانىغا (كىم ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس)تەقدىم قىلىنغان.خاقان بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىمامۇددىن كاشغەرىينى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تېبابەت ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن. ئىمامۇددىن كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «شەرھى ئەل قانۇن»دېگەن داڭلىق ئەسەر قاراخانىيلار تەرىپىدىن دۆلەتنىڭ ساقلىقنى ساقلاش دەستۇرى قىلىپ بېكىتىلگەن.(4)بۇ تىۋىپنىڭ ئوپېراتسىيە ساھەسىدىمۇ ناھايىتى تەجرىبىلىك بىر جەرراھ ئىكەنلىكى مەلۇم.ئۇرۇشتا يارىلانغان ئەسكەرلەرنىڭ ئۇنىڭ قولىدا ئوپېراتسىيە قىلىنلىقى تارىخىي ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدۇ.ئىمامۇددىن كاشغەرىينىڭ ئوقۇغۇچىسى مۇھەممەد ئىبن رەشىد ئىبن مۇھەممەد ئاق كېسەل(بەرەس)نى داۋالاپ ساقايتىشنى ئۆزى بىۋاستە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەن.ئۇ مىلادى 1083-يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

(5)قاراخانىيلار دەۋرىدە يەركەندە ياشىغان مەشھۇر تىۋىپ مۇھەممەد ئىبلى مۇھەممەد ئىمىن «زىيائۇل قۇلۇپ»)قەلپ نۇرلىرى) ناملىق تىبابەتچىلىك ئەسرىنى يېزىپ چىققان.بۇ كىتاپتا ئىبن سىنانىڭ «ئەل قانۇن فىت تېبب»دېگەن نادىر ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تېبابەت مائارىپىدا تۇتقان ئورنى بىلدۈرۈلگەن.(6) 12-ئەسىردە خوتەندە ياشىغان ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەد خوتەنى ئىسلام ئاساسلىرىغا تايىنىپ،» ئەل فىقھۇ تىببىيە»دېگەن كىتابنى يازغان.بۇ كىتاپتا تېببىي خادىملارنىڭ قەستەن ياكى سەۋەنلىك بىلەن سادىر قىلغان خاتالىقلىرىنى شەرىئەت ھۆكۈمى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بىر نەچچە ماددىلىق قانۇن بەلگىلەنگەن.بۇ كىتاپتا يەنە تىۋىپلار ۋە باشقىلارنىڭ ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن جىنايەتلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازا بېكىتىلگەن. (7)شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، قاراخانىيلارنىڭ تېبابەت مائارىپىنىڭ شۇ دەۋرنىڭ ئەنئەنىسىگە ئۇيغۇن ھالدا ئۇستاز - شاگىرت مۇناسىۋىتى بويىچە خۇسۇسى بىر مەسلەك شەكلىدىمۇ ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. ئەپسۇس، يۇقىردا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان تىۋىپلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ تېببىي مەشغۇلاتلىرى ھەققىدە قولىمىزدا بار ماتېرىياللار پەقەت تارقاق مەلۇماتلاردىن ئىبارەت بولغاچقا، بۇ مەنبەلەر قاراخانىيلارنىڭ تېبابەت ساھەسىدىكى ئومۇمىي تەرەققىياتىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىشكە كۇپايە قىلمايدۇ.شۇ سەۋەپلىك، قاراخانىيلارنىڭ تېبابەت مەدەنىيىتى ھەققىدە ئومۇمىي بىر مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن شۇ دەۋرنىڭ شاھ ئەسىرى ھېساپلانغان «قۇتادغۇ بىلىگ»بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت - تۈرك»كە مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇرمىز.

مەلۇم بولغىنىدەك، تۈركىيلەردە تېبابەت ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىمۇ تۆت ئاساسىي ماددىغا تايىنىدۇ.تۈركىيلەردە مىلادىدىن ناھايىتى بۇرۇنلا سۇ، ھاۋا، ئوت ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئامىلنىڭ تەبىئەت، پۈتكۈل جانلىقلار ۋە ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئاساسىي نىگىزىنى تەشكىل قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردا بۇ نەزەرىيىنىڭ يات مىللەتلەردىن تۈركىيلەرگە ئۆتكەن بىر خىل مەدەنىيەت بەلگىسى بولماستىن، بەلكى تۈركىيلەرنىڭ ھاياتلىق ۋە ساغلاملىق ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى.(8(

»قۇتاغۇ بىلىگ»تىن مەلۇم بولۇشچە، تۆت ماددىغا تايانغان نەزەرىيە سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان تۆت خىلت ھەققىدىكى قاراشلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تېبابەتتىمۇ يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان.بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنى تەكتلەپلا قالماي، يەنە ئىنسانىنىڭ تۆت خىلتىنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن كېسەل بولىدىغانلىقىنى، تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ۋە دىئاگنوز قويۇش، كېسەللىكلەر، دورىلار، داۋالاش ئۇسۇللىرى، تىۋىپلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە سالامەتلىكنى قوغداش ھەققىدىكى تەۋسىيەلەرنىمۇ تىلغا ئالغان.(9)يۈسۈپ خاس ھاجىپقا كۆرە، قاراخانىيلاردا كېسەلگە تۇمۇر تۇتۇش

ئارقىلىق دىئاگنوز قويۇلاتتى.ئەسەردە قان قېتىش، قەۋزىيەت، تاماق سىڭمەسلىك، ئىشتاھسىزلىق، ئىسسىقى ۋە سوغىقى ئېشىپ كېتىشى، بەلغەم كۆپ بولۇش، قان كۆچىيىش، مىگە قىزىپ باش ئاغرىش، ئېلىشىپ قېلىش، پارالىچ ۋە داۋاسى يوق كېسەللىكلەر قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق كېسەللىكتىن سۆز ئېچىلغان. يەنە بەش خىل تەييار دورىنىڭ ئىسمى كۆرستىلگەن. ئۇلار جۇۋارىش، مەئجۇن، تەرياك، ماترىدۇس ۋە سۇرگە قاتارلىقلار ئىدى.ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىپار، قەلەمپۇر، شەلىسە، ئۇرۇك مېغىزى، زەپىران گۈلى، بۇغداي، تەرەنجۇبىل، فۇقا(بۇغدايدىن ئىشلەنگەن شاراپ)، مەيزاپ(ئۇزۇم ھارىقى)،جۇلاپ(ئەتىرگۈل سۈيى)قاتارلىق 32خىل دورىنىڭ نامى بار.شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، تىلغا ئېلىنغان بەزى دورىلارنىڭ ئىسمى كتاپتا دورا سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنمىسىمۇ، بۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «قۇتادغۇ بىلىگ»يېزىلىشتىن300 يىل ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن دورا سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.بۇ 9-ئەسىردىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تىبابەت ئىلمىگە باغلانماقتا.قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تېبابەتكە ئائىت قول يازمىلار-3 قېتىملىق «گېرمانىيىنىڭ تۇرپاننى تەكشۈرۈش ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى»تەرىپىدىن قەدىمكى ئىدىقۇت شەھرىدىن ئېلىپ كېتىلگەن. ھازىر بېرلىندە ساقلىنىۋاتقان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېبابەتچىلىكىگە ئائىت ھۆججەت»تە جەمئىي 108خىل دورا خاتىرىلەنگەن بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇ ھۆججەتتە ئۇچرايدۇ. (10)

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نوقتا باركى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1069-يىلى يېزىپ تاماملىغان» قۇتادغۇ بىلىگ»ناملىق بۇ كاتتا ئەسىردە ئۇيغۇرلاردىكى ئىجتىمائىي تەبىقىلەردىن سۆز ئاچقاندا تېۋىپلەر ھەققىدىمۇ توختالغان ئىدى.بۇنىڭغا قارىغاندا، ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان ئىجتىمائىي تەبىقىلەر قارا بودۇن -خەلق، تابۇقچى- مەمۇر، ساتىقچى-سودىگەر، ئوتاچى-لايىك تېۋىپ، ئەپسۇنچى، روھىي تېۋىپ، مۇنەججىم، ۋەزىر، سۇ باشى-قوماندان، بىتىگچى-كاتىپ قاتارلىق بىر تىزىمدا كۆرستىلگەن.بۇ قاتلاملار ئىچىدە تېۋىپلەر يۇقىرى دەرىجىدىكى بىر كەسىپكە مەنسۇپ كىشىلەر ھېساپلىناتتى.بۇ كىتاپتا ئەپسۇنچى دەپ ئاتالغان روھ تېۋىپلىرىنىڭ جىن تەگدى دېيىلىدىغان روھىي كېسەللىكلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغانلىقى بىلدۈرۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتاچى دەپ ئاتالغان، يەن ۋە تەجرىبىگە تايانغان تېۋىپ بىلەن ئەپسۇنچى دەپ ئاتالغان روھ تېۋىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق كۆرستىلگەن.بولۇپمۇ تۆۋەن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەر كەسىپ بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلارنىڭ تىرىشچان، دۇرۇست ۋە پىداكار بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن، تېۋىپتىنمۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەر كۈتۈلگەن(11)يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق قاراخانىيلارنىڭ تىبابەتتە ماددىي داۋالاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى

ۋە بىر مۇنچە مىللەتلەردە ئومۇمىي ھالەتكە ئايلانغان مىستىك ئېتىقادلارغا ۋە بۇنىڭغا باغلىنىدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىغا ئېتىبار قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن يېزىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت-تۈرك»(تۆۋەندە « دىۋان»دېيىلىدۇ) 11-ئەسىر تۈركچىسىنىڭ بۈيۈك بىر سۆزلۈكىدۇر.بۇ كىتاپقا كىرگۈزۈلگەن سۆزلۈكلەر ئىچىدە ئۆسۈملۈكلەر، دەرەخلەر، مەدەنلەر، ھايۋانلار، يىمەك- ئىچمەكلەر، تۈرلۈك سايمانلار، كېسەللىكلەر ۋە دورىلارنىڭ نامىمۇ ئۇچرايدۇ.بۇلار قاراخانىيلارنىڭ تېببىي ساھەسگە دائىر خېلىلا ئەتراپلىق مەلۇمات ھېساپلىنىدۇ.بۇ ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن تېبابەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىلىملەر ۋە ئاتالغۇلارنى مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

1-كېسەللىكلەر

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىلدۈرىشىچە، 11-ئەسىردىكى تۈركىي تىلدا «ئىگ» (1-توم،67-بەت) ،«ئاغرىق» (1-توم،133-بەت)، «كەم» (1-توم،440-بەت)،» تىتىك»(1-توم،501-بەت)، «سۈگەل» (1-توم،512-بەت)، «توغا» (3-توم، 310-بەت)قاتارلىق سۆزلۈكلەر «كېسەللىك» دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. «چەرلەنمەك» سۆزىمۇ «كېسەل بولماق» (2-توم،355-بەت) دېگەن مەنىدە كېلەتتى.مەھمۇد قەشقەرى يەنە شۇ دەۋردە كۆرۈلگەن كېسەللىكلەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان كېسەللىك ناملىرى مۇنداق:

ئۇررا – ئەرلەردە بولىدىغان چېقىق كېسلى.ئوغۇزچە.(1-توم، 55-بەت(
ئۆز – گاس، پاڭ.ئۆزكىشى- گاس ئادەم.(1-توم،-63 بەت(
ئۇم- ئاشقازان ئىسلىس، قورساق ئاغرىش.ئەر ئۇم بولدى- ئادەمنىڭ قورسقى ئاغرىدى.گۆشنى جىق يىگەنلىكتىن ئادەمنىڭ قورسقى ئاغرىدى.(تۈركچە،1-توم،-49 بەت(
ئەنۈچ -كۆزگە ئۆسكەن پەردە. (1-توم،74-بەت(
ئالۇق – تاز، تېقىر باش.ئالۇق ئەر- تېقىرباش ئادەم.( تۈركچە،1-توم،67-بەت(
ئۆتۈك – ئۆتۈگ، ئۆتۈك.ئىچ ئۆتۈش ۋە قۇسۇش كېسلى.ئاڭا ئۆتۈگ كېسلى تەگدى(.1-توم،93-بەت(
ئالا – ئالا.بەدىنىدە ئېقى بار ئادەم1( -توم،123-بەت) كىشىنىڭ بەدىنىدە ئاق كېسەل پەيدا بولدى.(1-توم، 241-بەت(
ئۇچغۇق-ئۇچۇق، زۇكام.( 1-توم، 133-بەت(
ئەۋشۈك – چاپلاشقاق كېسەل. (1-توم،142-بەت(

ئايباڭ- ئاڭپاڭ.ئايباڭ ئەر- ئايپاڭباش ئادەم.چىگىلچە.(1-توم،158-بەت(

ئاتغاق- قۇلۇنجى.قېرىندا سۇ يىغىلىش كېسلى-1) .توم،160-بەت(

ئاخساق- ئاخساق. (1-توم،160-بەت(

ئۇرۇڭ- ئاق داغ.ئۆسمۈرلەرنىڭ تىرنىقىغا چۈشىدىغان ئاق.(1-توم،181-بەت(

ئەرەڭەيۇ – ئېرىڭاي.ئالتە بارماقلىق ئادەم. (1-توم،183-بەت(

ئىنەگۇ-كىندىك ئۇدۇلدا پەيدا بولىدىغان يەل سانجىقىغا ئوخشاش بىر خىل كېسەل.(1-توم،185-بەت(

ئانۇمى-موخۇ كېسلى. (1-توم،185-بەت(

تۇتۇغ- تۇتقاقلىق.ئۇنىڭ تۇتقاقلىقى بار. (1-توم،-483 بەت(

ئىسركەندى-ئىسسىقلىق ئۆرلىدى.ئۇنىڭ بېشىغا (ئۇزۇنغىچە چېچىنى ئالدۇرمىغاچقا ئىسسىتما سەۋەبىدىن)ئىسسىقلىق ئۆرلىدى. (1-توم، 382-بەت(

قىسىر – تۇغمايدىغان خوتۇن ياكى هايۋان. (1-توم،472-بەت(

سارىغ – سېرىق.ئادەمدە بولىدىغان ئۆت كېسلى يەنى سەپرامۇ «سارىغ»دېيىلدۇ. (1-توم،484-بەت(

سارىغ سۇ -قېرىندا توپلىنىدىغان سېرىق سۇ.(1-توم،485-بەت(

چولۇق – چولاق-1) .توم،495-بەت(

بەزىك – بەزگەك، تىترەك.(1-توم،500-بەت(

چەچەك- چېچەك كېسلى.(1-توم، 504-بەت(

كەزىك- كېزىك.بەدەندە تىترەك پەيدا قىلىدىغان بىر خىل ئىسسىتما.(1-توم،508-بەت(

سارىغ كەزىك- سېرىق كېسەل. (1-توم،508-بەت(

سىگىل -سۆگەل. (1-توم 512-بەت(

بۇكىن- ئەرلىكى يوق ئادەم، ئەرلىكى زەئىپ كىشى-1) .توم،519-بەت(

كۆلگۈ- كۆلكە.ئادەمنى تۇيۇقسىز هۇشىدىن كەتكۈزىدىغان تىقلىما)سەكتە)كېسلىمۇ «كۆلگۈ»دېيىلدۇ. (1-توم،561-بەت(

تالغان ئىگ- تۇتقاق كېسلى. (1-توم،570-بەت(

چالقان- يارىنىڭ ئەردىشى، بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە تارقىلىشى. مەسلەن:ئادەمنىڭ پۇتلىرى ئىششىغاندا، ئېقىمىغا بەز چۈشكەندەك-1) .توم،574-بەت(

تالاغۇ – ئۆتكۈر ئوغا.تىز ئۆلتۈرىدىغان زەهەر.تولغاق كېسلىمۇ» تالاغۇ»دېيىلدۇ. (1-توم،583-بەت(

تۇماغۇ – تۇمۇ، زۇكام-1) .توم،583-بەت(

چىپقان – چىقان.بەدەنگە چىقىدىغان بىر خىل يارا.ئۇنىڭ رەڭگى چىلانغا ئوخشاش قىزىل بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتىلىدۇ. (1-توم،585-بەت(.

قىرباس ئەر- تېقىرباش ئادەم. (1-توم،600-بەت(

توقلۇق – ئادەمنىڭ ئايپاڭلىقى، هايۋاننىڭ مۆڭگۈزسىزلىكى. (1-توم، 613-بەت(

قىلتىق – قوماق، باش كېپىكى.باشتا بولىدىغان كېپەك. (1-توم،620-بەت(.

تۆكلۈك – قارغۇ،كور.(1-توم،623-بەت(

كۆزى چەرلىگ – كۆزى چارلاشقان ئادەم.كىچىسى كۆرۈپ كۈندۈزى كۆرمەيدىغان، تۇتۇق كۈندە كۆرۈپ ئوچۇق كۈندە كۆرمەيدىغان ئادەم. (1-توم، 623-بەت(

پىچغىل – قول ۋە پۇتنىكى يېرىقلار-1) .توم،627-بەت(

سەڭىل – سەپكۈن.يۈزدىكى سەپكۈن،داغ. (1-توم،629-بەت(

چۈمەرۈك – شەلۋە كۆز:چۈمەرۈك كىشى- كۆزى ياشاڭغىراپ ئاجىزلاشقان كىشى.(1-توم،635-بەت(

قامچىغۇ – قاپارتقۇ.كالپۇكقا، بارماقلارغا چىقىدىغان قاپارتقۇ.ئادەتتە ئاغرىتىپ ۋە قىچىشتۇرۇپ چىقىدۇ. (1-توم،639-بەت(

تەمرەگۈ – تەمرەتكە.(1-توم،639-بەت(

سۈگنەگۈ – سەينۇگە، سەينەك.تىرناق بىلەن گۆشنىڭ ئارىسىغا چىقىدىغان يارا. (1-توم، 640-بەت(

توبۇلغاق -يەل تولغاق، قۇلۇنجى.ئاشقازان، ئۈچەيدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەل. 1-)توم،653-بەت(

قاپارغان – قاپارتقۇ.بەدەننى قىزىتىپ قىچىشتۇرۇپ چىقىدۇ-1) .توم،671-بەت(

سوۋۇشقان – مەددە قۇرۇت، شۇ قۇرۇتتىن بولىدىغان سېرىق كېسەل-1) .توم،673-بەت(

قىزلامۇق – قىزىل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سىرتىغا تېپىپ چىقىدىغان قاپارتقۇ. (1-توم، 683-بەت(

بوقۇق – پوقاق.بوغازنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گۆش ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش.پەرغانە بىلەن شىغنى شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەر بار.پوقاق نەسلدىن نەسلگە ئۆتىدۇ.بەزىلىرى شۇنداق يوغىناپ كېتىدۇكى، ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ۋە پۇتىنى كۆرەلمەيدۇ.(2-توم،416-بەت(

بەزگەك- بەزگەك. (2-توم،421-بەت(

كەفگەك – كېكەچ.تىلنى چايناپ سۆزلەيدىغان كىشى. (2-توم،422-بەت(

يامىلىغ كۆز – خەس چۈشكەن كۆز. (3-توم،56-بەت(

يۇباقۇلاق – تىترەك، بەزگەك تىترىگى.ياباقۇ ۋە يەمەك تىللىرىدا. (3-توم،76-بەت(

ياقۇردى – ئېغىر نەپەس ئالدى، دېمى سىقىلدى.كىشى ياقۇردى- كىشى ئېغىر نەپەس ئالدى يەنى

كشنىڭ دېمى سقىلدى.(3-توم،91-بەت(

بەز -بەز.گۆش بىلەن تېرىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان بەز. (3-توم، 169-بەت(

سش – ئششىق. (3-توم، 174-بەت(

كۆك- داغ.خوتۇنلارنىڭ يۈزىگە چۈشىدىغان داغ-3) .توم،182-بەت(

يام – كۆزگە ۋە باشقا نەرسىلەرگە چۈشۈپ قالىدىغان خەس، ئەخلەت.(3-توم، 219-بەت(

مايغۇق- ئىچ مايماق ئادەم، تىز يۈگرىيەلمەيدىغان هايۋان. (3-توم،242-بەت(

قومشۇي- قانغا تولغان كانا.بۇ سۆز سۈيدۈكى تۇتۇلۇپ، سىيەلمەي قالغان كشىلەرگە تەمسىل قىلىنىدۇ. (3-توم، 331-بەت(

قىڭىر- قىڭغىر، ئەلەس. قىڭىر ئەر- ئەلەس ئادەم.ئىككى كۆزى قىڭغىر ئادەم «ئىككى كۆزى قىڭىر»دېيىلىدۇ. (3-توم،496-بەت(

تۇڭۇ- گاس، پاڭ. (3-توم، 502-بەت(

قالڭۇق -باش كېپىكى، باشتىكى كېپەك.(3-توم،523-بەت(

چەۋشەڭ – كۆزى ياشاڭغىرايدىغان، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز كشى. (3-توم،526- بەت(

ئۆلدرۈم – ئۆلدۈم، ئۆلەرمەن، پالەچ-3) .توم، 564-بەت(

تەرىسگەك – يىڭناسىقۇ.كۆز قاپاقلىرىنىڭ چېتىگە چىقىدىغان قاپارتقۇ.(3-توم، 577-بەت(

بەزتى- ئاجىزلاشتى.ئۇنىڭ كۆزى ئاجىزلاشتى، خىرە كۆرىدىغان بولدى. (3-توم،595-بەت(

»دىۋان»دا جەمئىي 70كە يېقىن كېسەللىكنىڭ نامىكۆرستىلگەن بولۇپ، بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە كشىلەرنىڭ ئومۇمەن قانداق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىزنى بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ.بۇ كېسەللىكلەرنى تېبابەت ساھەسىدە تېرە كېسەللىكلىرى(دېرماتوز)، سۈيدۈك يولى ۋە جىنسىي كېسەللىكلەر، نېرۋا كېسەللىكلىرى، يۈرەك ۋە قان تومۇر كېسەللىكلىرى، سۆڭەك كېسەللىكلىرى، بەش ئەزا كېسەللىكلىرى ۋە ئىچكى ئەزا كېسەللىكلىرى قاتارلىق تىپلارغا ئايرىشقا بولىدۇ.مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىدىن شۇنى ھېس قىلىمىزكى، قاراخانىيلار دەۋرىدە كۆرۈلگەن كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئادەتتىكى ۋە نورمال كېسەللىكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ناھايىتى ئېغىر ۋە داۋاسى يوق كېسەللەر ئازكۆرۈلگەن ئىدى.

2-دورىلار

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىلدۈرىشچە، قەدىمكى تۈركىي تىلدا دورا«ئوت»دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.شۇ سەۋەپلىك تۆۋەپ «ئوتاجى»دېيىلگەن-1) .توم،48-،49-بەت)بۇنىڭدىن باشقا «ئەم»سۆزىمۇ «دورا»مەنىسىدە كەلگەن.بۇنىڭدىن ئېلىنىپ دورىگەرگە

«ئەمچى»دېيىلگەن.(1-توم، 53-بەت) 11-ئەسىردە يەنە تىۋىپ«ئاتاساغۇن»دەپمۇ ئاتىلاتتى. (1-توم،117-بەت)مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا تۇۋەندىكىدەك دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر(ئوتلار)ۋە دورىلارنىڭ ناملىرىنى كۆرستىپ ئۆتكەن.

ئوت- ئوغا، زەھەر.بەگ ئاتا زەھەر بەردى. (1-توم،-49 بەت) 11-ئەسىردە «ئاغۇ»سۆزىمۇ ئوغا، زەھەر مەنىسىدە قوللىنىلغان. (1-توم،-121 بەت(

ئالا- يېغى دورا بولىدىغان بىر خىل قۇش، قۇداي.بۇ قۇشنىڭ يېغى ئالقانغا سۈرۈلسە قولنىڭ كەينىدىن سىزىپ چىقىدۇ. (1-توم 57-بەت(

ئەگىت – داغ چۈشۈشتىن ياكى كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باللارنىڭ يۈزىگە سۈرتىلىدىغان بىر خىل دورا.بۇ دورا زەپە ۋە شۈنىگغا ئوخشاش نەرسىلەر قوشۇپ ياسىلىدۇ. (1-توم، 71-بەت(

ئەگىر -ئېگىر.قوساق ئاغرىغاندا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك يىلتىزى.ئېگىر بولسا، ئەر ئۆلمەس.يېنىدا ئېگىر ساقلىغان ئادەم قوساق ئاغرىقىدىن ئۆلمەيدۇ، چۈنكى قوساق ئاغرىقىغا دۇچار بولغان ئادەم ئۇنى يىسە ساقىيىدۇ. (1-توم، 75-بەت(

ئاژمۇق – زەمچە، سۇمۇق. (1-توم،134-بەت(

ئىپرۈك – قېتىق بىلەن سۈت ئارىلاشمىسى.قۇرۇت ئېزىپ ئىچكەنلىكتىن ئىچى قېتىپ قالغان ئادەمگە ئىچىنى سۈردۈرۈش ئۈچۈن ئىچكۈزىلىدۇ-1) .توم، 137-بەت(

ئۆترۈم – سۈرگە دورىسى. (1-توم، 144-بەت(

ئەگدۈز – يەردىن قېزىۋېلىنىپ قوساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز.ماقالدا مۇنداق كەلگەن :ئەگدىز بولسا ئات ئۆلمەس.چۈنكى بۇ يىلتىزنى يانجىپ كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ.(«دىۋان»، تۈركچە،1-توم،115 -بەت(

ئىرۋى – كېسەللەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل ھىندىستان دورىسى. (1-توم،173-بەت(

ئۇراغۇن – ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن بىر خىل دورا. (1-توم، 186-بەت(

ئارزۇتال – بەدەندىكى موينى چۈشۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ھاك ئارىلاشمىسى.(1-توم، 196-بەت(

ئۇرۇمداي – زەھەرنى قايتۇرىدىغان تاش، پادىزەھەر. (1-توم، 215-بەت(

كىن يىپار – كىندىك ئىپار-1) .توم، 442-بەت(

مۇرچ – قارىمۇچ. (1-توم، 447-بەت(

بۇژىن – بىر خىل زەھەرلىك ئوتنىڭ ئىسمى. (1-توم، 518-بەت(

چاتىر – نۇشۇدۇر. كۇچا شىۋىسىدە-1) .توم،528-بەت(

كەكۈش – ئىششىققا سۈرىلىدىغان دورا.دېۋىرقاي. (1-توم،-530 بەت(

سىغۇن – بۇغا.يىلتىزى ئادەمگە ئوخشايدىغان، جىنسىي ئاجىزلىققا دورا بولىدىغان گىيا«سىغۇن

ئۆتى- ئادەمگىيا»دەپ ئاتىلىدۇ.بۇ ئۆتنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسى بولۇپ، ئەركىكى ئەرلەرگە، چىشىسى ئاياللارغا ئىشلىتىلىدۇ-1) .توم،532-،533-بەت(

چاخشۇ – كۆز ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بىر خىل ئۆت-1) .توم، 552-بەت(

بىبلى- پىلپىل. (1-توم،561-بەت(

تاغنا ياۋا- كاسنى دەرىخىنىڭ پوستى.بەزى كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ؛ قېتىقتا ئارىلاشتۇرۇپ، سۇيقاشقا سالسا، ئاشنىڭ رەڭگى تۈزۈلىدۇ. (1-توم،565-بەت(

چۈرنى- تۈرك تىۋىپلىرى ياسىغان بىر خىل سۈرگە دورىسى. (1-توم، 566-بەت(

خاسنى – باللارنى سەمرىتىش ئۈچۈن يالىتىلىدىغان بىر خىل دورا.بۇ دورا ھىندىستاندىن كەلتۈرىلىدۇ. (1-توم،-566 بەت(

تالاغۇ – ئۆتكۈر ئوغا.تىز ئۆلتۈرىدىغان زەھەر.تولغاق كېسىلىمۇ» تالاغۇ»دېيىلىدۇ. (1-توم، 583-بەت(

تاۋغاچ يۇداسى- يوپۇرماقلىرى سەۋسەن گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدىغان ۋە دورا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ-1) .توم،593-بەت(

سارقاچ -كاسنى، كۆكچېچەك.(1-توم،593-بەت(

كۆزلۈك – كۆزلۈك.بۇ ئات قۇيرىقىدىن تۇقۇلغان بىر خىل تور بولۇپ، كۆز ئاغرىغان ياكى قاماشقاندا، كۆزگە تارتىلىدۇ. (1-توم، 625-بەت(

باتمۇل – پىلپىل. (1-توم،-628 بەت(

ئاۋىلقۇ – قىزىل مېۋە بېرىدىغان بىر خىل دەرەخ.مېۋىسىنىڭ سۈيى ئاشقا قۇيۇلىدۇ.پوستى بىلەن كۆز ئاغرىقى داۋالىنىدۇ ۋە كېپىملەر بويىلىدۇ. (1-توم،-637 بەت(

توبۇلغاق – بىر خىل دورا ئۆت. (1-توم، 653-بەت(

ياقىغ – مەلھەم، زىمات.ئىششىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاراھەتلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماي دورا-3) .توم،15-بەت(

يىپار- ئىپار. (3-توم، 35-بەت(

ياقرىقان – پىندىك چوڭلۇقىدا مېۋىسى بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك.كالپۇك شامالدىن يېرىلغاندا ئۇنىڭ پوستىنى چاپلاپ قويسا، ساقىيىپ كىتىدۇ. (3-توم،75-بەت(

توي ئۆتى- دورا قىلىنىدىغان بىر خىل ئۆت-3) .توم، 193-بەت(

بۇغا – ھىندىستاندىن كەلتۈرىلىدىغان بىر خىل دورا.بۇنىڭ سېرىقى» سارىغ بۇغا»، كۆلرېڭى «بوزبۇغا»دېيىلىدۇ. (3-توم،310-بەت(

سۇنۇ- سىيادان-3) .توم، 327-بەت(

بەزىنچ – غولى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، باغلاردا ئۆسىدۇ، دورا قاتارىدا

يېيىلدۇ. (3-توم،510-بەت(

قارا ئوت - قارا ئوت، ئاق پارپا. (3-توم،307-بەت)بۇ ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىر خىل زەھەرلىك ئوت» .دىۋان»تۈركچە،3-توم،222-بەت(

مەھمۇد قەشقەرى يەنە «ئۈزىتغان»، «بوشۇتغان»ۋە» قاناتغان»دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇخلىتىدىغان، ئىچ سۈردۈرىدىغان ۋە بۇرۇن قانىتىدىغان دورىلارنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:«ئۇ ئادەمنى ئۇخلىتىدىغان ئوت)دورا)ئۇ. » (1-توم، 209-بەت)، «بۇ ئىچنى بوشىتىدىغان دورا»(1-توم،-668 بەت) ، «بۇ بۇرۇننى قانىتىدىغان دورا»(1-توم، 669-بەت(

مەھمۇد كاشغەرىي يەنى كېسەلگە دورا بېرىش ۋە داۋالاش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىلىپ مۇنداق دېگەن:

ئەملەشدىلەر- ئەملىنىشتى، داۋالىنىشتى.يارىدارلار ئەملىنىشتى. (1-توم، 321-بەت(

تېۋىپ كۆز پەردىسىنى داۋالىدى، يەنى كۆز پەردىسگە دورا سۈردى. (1-توم 394-بەت(.

ئۇ ئۆزىنىڭ قوتۇرىنى داۋالىدى. (1-توم-396 بەت(

ئۇ يارىسىنى(ئوت بىلەن)داغلىدى.(3-توم، 412-بەت(

ئادەم سۆگەل داۋالىدى. (3-توم، 412-بەت(

»دىۋان»دا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن بۇ دورىلارنىڭ كۆپىنچە ئۆسۈملۈك، مەدەن ۋە ھايۋان ئەزالىرىدىن مەلھەم، تابلېت)كومىلاچ)، تالقان ۋە سۇيۇق شەكلىدە ياسالغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ.بۇلار ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى تۈركىيلەر ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن دوراگەرلىك ئىلمىگە ئۇيغۇن ئىدى.دورىگەرلىك ھەققىدىكى بۇ مەلۇماتلاردىن بىز تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر بىلىمگە ئېرىشىمىزكى، مەھمۇد كاشغەرىي دورىلىق ئوتلار ۋە دورىلاردىن سۆز ئاچقاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان تېببىي ۋە دورىگەرلىك ئالاقىسى ھەققىدىمۇ ئۇچۇر بەرگەن.مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانلىرىدىن بىلىشىمىزچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ھىندىستان بىلەن قويۇق دورىگەرلىك ئالاقىسىدا بولغان ئىدى.

## 3-تېببىي سايمانلار

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈرلۈك كېسەللەرنى، دورىلىق ئوتلارنى ۋە دورىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش بىلەن بىرلىكتە شۇ دەۋردىكى تېۋىپلارنىڭ ئىشلەتكەن بىر قىسىم تېببىي سايمانلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.قاراخانىيلار تېبابىتىنىڭ تېخنىكىلىق ۋاستىلىرىنى ۋە داۋالاش جەريانلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ مەلۇماتلار تۆۋەندىكىچە ئىدى:

ئارقاچاق- ئېغىزغا دورا قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىچى كاۋاك ئەسۋاپ.(1-توم، 196-بەت(

بارت- شاراپ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش سۇيۇق نەرسىلەرنى ئۆلچەيدىغان كەمچەن. (1-توم، 444-بەت(

بەلىك – پىلىك.يارا تەكشۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان پەلكۈچ. (1-توم، 501-بەت(

سارىم – سۈزگۈچ.ئۆرىق ۋە كوزىغا ئوخشاش قاچىلاردىكى ئىچىملىكنى سۈزۈپ قۇيۇش ئۈچۈن، شۇ قاچىلارنىڭ ئاغزىغا باغلانغان يىپەك سۈزگۈچ. (1-توم، 516-بەت(

سورغۇ – شورىغۇچ، ھەجامەت.قان ئېلىش)شوراش)ئەسۋابى-1) .توم، 554-بەت(

قاناغۇ – قانالغۇ، نەشتەر.قان ئالىدىغان سايمان. (1-توم،-583 بەت(

سوقۇ – سوقا، ھاۋانچا. (3-توم،313-بەت(

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئائىلىدىكى بىر قىسىم تۇمۇش بۇيۇملىرى ۋە ئاشخانا سايمانلىرىدىن قوشۇق، بىچاق، چۆمۈچ، چۈكا، قاچا، لىگەن، ئاپقۇر، قازان، ھور قازىنى، غەلۋىر، ئەلگەك، سۈزگۈچ، تارازا، يىپەك رەخت ۋە قەغەز قاتارلىق نەرسىلەرمۇ تىببىي سايمانلار ياكى دورىگەرلىك ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە قوللىنىلغان.ئەلبەتتە بۇ نەرسىلەرنىڭ تەبئىي ھالدا تىببىي ئېھتىياجغا ئۇيغۇن ھالەتتە ياسالغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ.

4- ئوپېراتسىيە

ئۇيغۇر تىبابەت تارىخىدا ئوپېراتسىيە ئىلمىنىڭ مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇنلا تەدبىقلىنىشقا باشلىغانلىقى يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن مەلۇم.قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىبابەتتىمۇ ئوپېراتسىيە مۇھىم بىر تارماق بىر ئىدى.ئىمامۇددىن كاشغەرىينىڭ مەشھۇر بىر ئوپېراتسىيە دوختۇرى ئىكەنلىكى تارىخىي كىتاپلاردا بىردەك قەيت قىلىنىدۇ.ئىمامۇددىن كاشغەرىي ساجىيە مەدرىسىسى يېنىدا تەسىس قىلىنغان دۆلەت شىپاخانىسىدا تىبابەت ساھەسىدە بولۇپمۇ جەرراھلىق- ئوپېراتسىيە ساھەسىدە ئەمەلىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ ۋە تېۋىپلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر تىبابەت ئىلمى ۋە تىببىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغان. «دىۋان»دا پەقەت شۇ دەۋردە كۆرۈلگەن بىر قىسىم يەڭگىل ئوپېراتسىيىگە دائىر مۇنداق بىر ئۈچۈر خاتىرىلەنگەن.مەسىلەن:

پەچەل – پىچىلغان.سۈننەت قىلىنغان خوتۇن، ئاختا قىلىنغان ئەركەك.پىچىپ تاشلانغان ئات ۋە باشقا ھايۋانلار.(1-توم،-510 بەت(

تۇتۇقلادى ـ تۇتقۇزدى، پىچتى، ئاختا قىلدى، ئاختا دەپ ھېساپلىدى.ئۇ ئوغلىنى ئاختا قىلدى ياكى ئۇنى ئاختا دېدى.(3ـتوم،460ـبەت(

## ـ5دورىلىق يېمەكلىك

تەبىئەت چۈشەنچىسى تۈركىيلەرنىڭ تېبابەت سىستېمىسىغا خاس بولغان ۋە تۈركىيلەردىن باشقا مىللەتلەرگە ئۆتكەن بىر كەشپىياتتۇر.شۇ سەۋەپلىك تۈركىيلەرنىڭ گۆش، كۆكتات، ئۇن، سۈت ۋە گۈرۈچ قاتارلىق خۇرۇچلاردىن ئېتىلگەن يېمەكلىرىمۇ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە ماسلاشتۇرۇلغان.بۇ ئارقىلىق سالامەتلىكى مۇھاپىزەت قىلىنغان.ئەلبەتتە بۇ تاماقلار ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ، روھىغا شاتلىق بېغىشلايدىغان ۋە دەردىگە داۋا بولىدىغان ماھىيەتكە ئىگە ئىدى .مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا 40 خىلغا يېقىن تاماقتىنسۆ ز ئاچقان.بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مەخسۇس دورا ئورنىدا ئىستىمال قىلىنىدىغان بىر مۇنچە تاماقنىمۇ تىلغا ئالغان.بۇلار تۆۋەندىكىلەر ئىدى:

ئۇۋۋا – بىر خىل غىزانىڭ ئېتى.گۈرۈچ قاينىتىلىپ سۇغا سېلىنىدۇ، كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ شىكەر ۋە مۇز سېلىنىدۇ.بۇ غىزا سوغۇقلۇق ئۈچۈن يېيىلىدۇ.(1ـتوم،121ـبەت(
قاغۇت – تېرىقتىن قىلىنىدىغان بىر خىل تاماق.ئۇنى قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق:تېرىق ئاۋۋال قاينىتىلىپ، كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ؛ ئاندىن تۈگمەندە تارتىپ ئۇن قىلىنىدۇ.ئاندىن ياغ ۋە شىكەر ئارىلاشتۇرۇپ، تۇغۇتلۇق ئاياللارغا بېرىلىدۇ. (1ـتوم، 528ـبەت(
سارماچۇق – قۇچقاچ تىلى ئاش.سۇيقاشنىڭ بىر تۈرى.بۇنىڭ خېمىرى نوقۇت چوڭلىقىدا كېسىلىدۇ.بۇ ئاش كېسەل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرگە بېرىلىدۇ. (1ـتوم،683ـبەت(
يازۇق ئەت – كۈزدە ھەر خىل دورا- دەرمەكلەر بىلەن قۇرۇتۇپ قويۇلۇپ، ئەتىيازدا يېيىلىدىغان قاق گۆش. (3ـتوم،19ـبەت(
قۇۋۇت» – قاغۇت»دەپمۇ ئېيتىلىدۇ.تۇغۇتتا خۇنسىرىغان خوتۇنلارغا بېرىلىدىغان تاماق.قورۇلغان تېرىق ئۇنى ياغ بىلەن شېكەرگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ يېيىلىدۇ. (3ـتوم،223ـبەت(
لەتۇ – بىر خىل سۇيۇق تاماق.بۇ تاماق سۇ، قار، مۇزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن سۇۋۇتىلىدۇ.ئىچىگە دورا- دەرمەك سېلىنىپ سوغۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلىدۇ. (3ـتوم،ـ326 ،ـ327بەتلەر(.
سامدۇي – ئادەمنىڭ مىجەزىگە ئىسسىقمۇ كەلمەيدىغان، سوغۇقمۇ كەلمەيدىغان مۆتىدىل تاماق. (3ـتوم،331ـبەت(

## ـ 6ئاناتومىيلىك ئاتالغۇلار

بىز «دىۋان»دىن يەنە ئادەم ئورگانىزمىغا ئائىت نۇرغۇن سۆزلۈكلەرنى ئۇچرىتىمىز.بۇلار ئىنسان بەدەننىي تەشكىل قىلغان ئەتگۆ)ش(، سۆڭەك، تومۇر ۋە ھەر قايىسى ئەزالارغا مۇناسىۋەتلەك بولۇپ، بۇلارغا ئوبدان بىر نەزەر تاشلايدىغان بولساق، كۆز ئالدىمىزدا بەلگىلىك كۆلەمدىكى بىر ئاناتومىيىلىك بىلىملەر ۋە شۇ ساھەگە دائىر ئاتالغۇلار مەيدانغا كېلىدۇ.بۇ مەلۇماتلار ئەلبەتتە قاراخانىيلار دەۋرى تىبابىتىنىڭ ئاناتومىيە ساھەسىنى چۈشىنىشىمىزدە قىممەتلىك ئۇچۇر ھېساپلىنىدۇ. «دىۋان»دا مىسال كەلتۈرۈلگەن ئاناتومىيىگە دائىرسۆزلۈكلەر تۆۋەندىكىدىن ئىبارەت:

ئىچ ئەت – جىگەرگە يېپىشىپ تۇرىدىغان نىپىز گۆش-1) .توم، 50-بەت(

ئۆز – يۈرەك ۋە قوساقتا ئوخشاش ئىچكى ئەزالار. (1-توم،-64 بەت(

ئۆت – ئۆت، ئۆت خالتىسى. (1-توم،61-بەت(

ئاشۇق – ئادەم ۋە ھايۋاننىڭ ئوشۇغى. (1-توم، 91-بەت(

ئۆزەك – ئۆزەك، گۇرەن تومۇر. (1-توم، 97-بەت(

ئەمك – ئېمك – ئەمچەك.ئەرلەرنىڭ ئەمچىگمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (1-توم، 99-بەت(

ئالىن – پېشانە، ماڭلاي. (1-توم، 107-بەت(

ئايا – ئالقان. (1-توم، 116-بەت(

ئۇچا – ئۇچا، دۈمبە. (1-توم، 118-بەت(

ئاغرۇغ – ئوقرەك.ئاغرۇغ سۆئۆكى- ئوقرەك سۆڭىكى-1) .توم،133-بەت(

ئوزلۇق- ئويلۇق سۆڭەك. بىلەك سۆڭىكىنىڭ يوغان يېرى.) 1-توم،-134 بەت(

ئۆمگۈك- ئۆمگەك، لۆڭقا، جۇلە.بالىنىڭ بېشىدىكى قاتمىغان مىڭە قېپى-1) .توم، 150-بەت(

ئوۋرۇغ – سۆڭەك ئۇگىسى. (1-توم،159-بەت(

ئوۋرۇغ- ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ بويۇنغا تاقاشقان يېرى. (1-توم،160-بەت(

ئۆمگەن – ئۆمگەن، گۇرەن تومۇرى. (1-توم، 162-بەت(

ئۆپكە – ئۆپكە. (1-توم، 173-بەت(

ئەڭەك – ئېڭەك.ئېغىزنىڭ ئىككى يېنىدىكى زاڭاق. (1-توم، 182-بەت(

ئىچەگۇ – ئىچ قېرىن.قوساق بوشلۇقىغا جايلاشقان نەرسىلەر. (1-توم، 185-بەت(

ئوغۇلچۇق- ئايالنىڭ بالاياتقۇسى. (1-توم،202-بەت(

باغىر- بېغىر، جىگەر.(1-توم،467-بەت(

بۆگۈر – بۆرەك. (1-توم، 468-بەت(

تامۇر -تومۇر. (1-توم، 469-بەت(

كۆكۈز – كۆكس، كۆكرەك. (1-توم، 474-بەت(

باغش- بېغش. بارماقلارنىڭ ۋە باشقا ئەزالارنىڭ  بوغۇمى. (1-توم، 475-بەت(

قاسغ – قوۋۇز.ئېغىزنىڭ ئۆڭ ۋە سول تەرىپىدىكى بوشلۇق-1) .توم، 486-بەت(

توپىق – توپۇق. (1-توم، 492-بەت(

تاشاق- تاشاق.بىر بىرىگە يېقىن جايلاشقانلىقى سەۋەبىدىن زەكەرمۇ «تاشاق» دېيىلىدۇ.(1-توم، 494-بەت(

قاپاق – قاپاق.كۆز قاپىقى.(1-توم،496-بەت(

كاۋۇك – قوۋۇق، دوۋسۇن. (1-توم،-497 بەت(

قۇلاق – قۇلاق.(1-توم، 498-بەت(

بىلەك – بىلەك. (1-توم،-500 بەت(

چۇبەك – چوچاق. (1-توم، 504-بەت(

كەۋەگ – بۇرۇن كۆمۈرچىكى.(1-توم،508-بەت(

بوغۇن – بوغۇم.كۆمۈش بوغۇمى، بارماق بوغۇمى. (1-توم،-518 بەت(

بۇرۇن – بۇرۇن، تۇمشۇق. (1-توم، 518-بەت(

بىكىن – بىقىن. (1-توم،-519 بەت(

بۇگەن – سوقۇر ئۈچەي. (1-توم، 519-بەت(

تۇلۇن – چىكە.ئادەمنىڭ چېكىسى. (1-توم، 522-بەت(

تالاق – تال، ئادەمنىڭ تىلى. (1-توم،-536 بەت(

تىلاق – ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.چىگىلچە. (1-توم، 536-بەت(

سۇلاق – تال.قىپچاقچە. (1-توم، 536-بەت(

كۇسرى – قوۋۇرغا.(1-توم، 550-بەت(

تامغاق – تاماق. (1-توم، 613-بەت(

باشغاق – قازان سۆڭەك. (1-توم، 614-بەت(

قۇدرۇق – قۇيرۇق، قوڭ، پۇرۇك سۆزلىرىنىڭ سىلىق ئېيتىلىشى.(1-توم، 618-بەت(

قولتىق – قولتۇق. (1-توم، 620-بەت(

بۇكسەك – ئاياللارنىڭ مەيدىسى. )تۈركچە، 1-توم،-476 بەت(

سۇگرۇگ – خوتۇنلارنىڭ جان يېرى. (1-توم، 624-بەت(

چىچىلاق – چىچناق- چىمچىلاق. (1-توم، 634-بەت(

چىچامۇق – چىچامۇق، ئاتىسىز بارماق، ئۈزۈك سالىدىغان بارماق.بۇنى بىلىدىغان ئادەملەر ئاز. (1-توم، 634-بەت(

باغىرسۇق – ئۈچەي. (1-توم، 653-بەت(

قۇرۇغساق – قوساق. (1-توم، 653-بەت(

ساقاق- ساقاق، ئىڭەك. (2-توم، 417-بەت(

چەكىك – سۆكە، سۆكەك.كىچىك بالىنىڭ چوچىقى. (2-توم،-418 بەت(

يامىز – يېرىق.دوۋسۇننىڭ ئىككى يېنى، ئىككى ساغرىنىڭ قوساققا تۇتاشقان يېرى. (3-توم، 11-بەت(

يارىق – يېرىق.يوتىنىڭ گەۋدىگە، ئىككى يانپاش سۆڭىكىنىڭ توققۇز كۆزگە تۇتاشقان يېرى. (3-توم، 18- بەت(

يارىن – تاغاق سۆڭىكى. (3-توم،-25 بەت(

يۇلۇن – يۇلۇن. (3-توم، 28-بەت(

يايا – ساغرا.بۇ سۆز پەقەت ئادەمنىڭ ساغرىسىغىلا ئىشلىتىلىدۇ.(3-توم، 32-بەت(

يامدۇ – دوۋسۇن. (3-توم،-39 بەت(

بۇت – پۇت، يوتا. (3-توم، 165-بەت(

تۆش – تۆش.كۆكرەكنىڭ ئوتتۇرىسى-3) .توم، 173-بەت(

بەل – بەل. (3-توم،182-بەت(

قول – قول. (3-توم،-185 بەت(

قاپ – ئانىنىڭ قورسىقىدا بالىنى ئوراپ تۇرغان قاپ. (3-توم،-200 بەت(

يان – يانپاش سۆڭىكىنىڭ بېشى. (3-توم، 219-بەت(

كاۋۇك – قوۋۇق – دوۋساق.(3-توم، 225-بەت(

يايا – يوتا.پەقەت ئادەمگىلا ئىشلىتىلىدۇ. (3-توم،-234 بەت(

تۆپۈ – تۆپە.ئادەمنىڭ تۆپىسى، چوقىسى. (3-توم، 298-بەت(

كۆك ئەت – بۇلجۇڭ گۆش؛ لوق گۆش. (3-توم، 489-بەت(

سىڭىر – سىڭىر، پەي. (3-توم،-496 بەت(

سۆڭۈك – سۆڭەك. (3-توم، 502-بەت(

تۈلۈڭ – چىكە. (3-توم،-508 بەت(

ياڭاق – ياڭاق.ئېغىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چىشلار جايلاشقان سۆڭەك-3) .توم، 514-بەت(

تېرسگەك – تېرسەك، بېغىش، قولنىڭ بېغىشى. (3-توم،-577 بەت(

يۇمۇرتغا – تۇخۇم.ئىنسان ۋە هايۋانلارنىڭ تاشقىمۇ «يۇمۇرتغا»دېيىلىدۇ-3) .توم، 589-بەت(

ئەمرچكە – كۆمۈرچەك.(3-توم،600-بەت(

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسان تېنىدىكى ھەر قايسى ئەزالارنى ۋە ئىنساننىڭ تېنىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق سۆڭەكلەرنىڭ نامىنى بۇنچە تەپسىلى تونۇتۇپ بېرىشى ئۇنىڭ ئاناتومىيە بىلىملىرىدىنمۇ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بىرىش بىلەن بىرلىكتە بۇ بىلىم تارمىقىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تىبابەت تەتقىقاتىدىمۇ مۇھىم بىر ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

-7مال دوختۇرلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار

تۈركىيلەر ئات يېتىشتۈرۈشتە كۆرسەتكەن ماھارىتى بىلەن مەشھۇر ئىدى.بۇ ھەقتە ھەر قايسى ئەل مەنبەلىرىدە ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتلار بىرىلگەن.بۇ ھەقتە ئەرەبمۇتەپەككۇرى جاھىز مۇنداق يازغان:«تۈركلەر ھەم چوپان، ھەم ئات باقار ، ھەم جانباز، ھەم ئات دوختۇرى ھەم ئاتلىق ئەسكەردۇر.»(12) مال دوختۇرلۇقى بولۇپمۇ ئات دوختۇرلۇقى تۈركىيلەردە ئومۇمىي بىر مەسلەككە ئايلانغان.شۇ سەۋەپلىك، مەھمۇد كاشغەرىي ھايۋانلار دۇچار بولغان كېسەللىكلەر، ئىچكى ئەزالار ۋە ئات دوختۇرلۇقىغا دائىر بىلىملەرنىمۇ تىلغا ئېلىشقا سەل قارىمىغان.بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىمىز:

ئەتىلگەم – ئاتلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك-1) .توم،214-بەت(

چىلدەڭ – ئاتنىڭ كۆكسىگە چىقىدىغان بىر خىل چىقان. (1-توم،-623 بەت(

جىلدەي – ئاتنىڭ كۆكسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا. (3-توم،330-بەت(

ياغىر – ھايۋانلارنىڭ دۈمبىسىدە بولىدىغان يېغىر. (3-توم، 10-بەت(

سەگرەگۇ ئات – ماڭقا ئات، بۇرنىدىن ماڭقا ئېقىپ تۇرىدىغان ئات. (3-توم، 528-بەت(

بۇ ئات ئۇل كۆلەرگەن – بۇ قوسقى ئېسىلىدىغان ۋە يېتىۋالىدىغان ئات. (1-توم،678 -بەت)ئات كۆلەردى – ئات يېتىۋالدى، يەنى ئات قوسقى ئېسىلىشتىن ۋە شۇنىڭدەك سەۋەپلەردىن يېتىۋالدى. (2-توم،112-بەت(

ئەگدۈز – يەردىن قېزىۋېلىنىپ قوساق ئاغرىقىغا دورا قىلىنىدىغان بىر خىل يىلتىز.ماقالدا مۇنداق كەلگەن.ئەگدۈز بولسا، ئات ئۆلمەس.چۈنكى بۇ يىلتىزنى يانجىپ، كېسەل ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا، ئات ساقىيىدۇ» .دىۋان»(تۈركچە،1-توم،115-بەت(

ئۇل ئاتىن چەكدى- ئۇ ئېتىنى چەكتى، يەنى ئېتىدىن قان ئالدى. (2-توم،27-بەت(

ئۇل ئاتىن چەكتۈردى-ئۇ(تۇياق كېسلى ۋە باشقا كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن)ئېتىنى چەكتۈردى، ئېتىدىن قان ئالدۇردى.(2-توم، 258-بەت(

يۇقىرىقىلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىبابەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن مەلۇماتلىرىدۇر. «دىۋان»بىر تارىخ كىتابى سۈپىتىدە يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا جۇغلانغان تىببىي بىلىملەر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىبابەت مەدەنىيىتىنى يورىتىش ئۈچۈن مۇھىم بىر مەنبە تەشكىل قىلىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرمەكتە.ئەمەلىيەتتىمۇ قاراخانىيلارنىڭ خەلققە خىزمەت قىلىدىغان دوختۇرخانا ۋە ئەدلىيە قاتارلىق ئىجتىمائىي خىزمەت مۇئەسسەسەلىرى خېلىلا تەرەققىي قىلغان ئىدى.(13)قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تىبابەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى بىر ھەقىقەت.ئىبراھىم تابغاچ بۇغراخان تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھىجرىيە 458-يىلى(1065- 1066)غا ئائىت دوختۇرخانا ۋەھپەنامىسى بۇنى ئىسپاتلاپ بىرىدۇ.(14(

---

مەنبەلەر:

» (1)ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»(«قاراخانىيلار»ماددىسى)،تۈركچە،5-توم، 251-بەت، 1977-يىلى، ئىستانبۇل، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.
(2)ئەنۋەر باتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، ئۇيغۇرچە، 703- بەت، 1991-يىلى، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى.
(3)ھاجى نۇرھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار«، ئۇيغۇرچە،394-،395-بەتلەر، 2002-يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
» (4)ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى»،ئۇيغۇرچە،531-بەت، 2007-يىلى، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى.
(5)ھاجى ئەھمەت: «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، ئۇيغۇرچە،-41 ،-50بەتلەر، 1990- يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.
» (6)ئۇيغۇر تىبابەت قامۇسى»،ئۇيغۇرچە، 1-توم، 14-بەت، 1985-يىلى، بېيجىڭ، مىللەتلەر نەشرىياتى.
(7)سىدىق رەھمەت، مۇختەر مامۇد مۇھەممىدى: «مەشھۇر ئۇيغۇر تىۋىپلىرى»، ئۇيغۇرچە،42-،43-بەتلەر، 1997-يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.
(8)ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»،ئۇيغۇرچە،-31 بەت، 1997- يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.
(9)يۈسۈپ خاس ھاجىپ:«قۇتادغۇ بىلىگ»،ئۇيغۇرچە، 261-،262- بەتلەر،1984-يىلى، بېيجىڭ،

مىللەتلەر نەشرىياتى.

(10)شيا لېيمن> » :قۇتاغۇ بىلىگ<ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تېبابىتى«،» شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، ئۇيغۇرچە، 1993-يىلى،1-سان،-85 ،-86بەتلەر.

(11)بەدى.ن.شەھسۇۋار، ئايشەگۈل ئەردەمىر دەمىرخان، گۆنۈل جانتاي گۈرەشسەۋەر:«تۈرك تېبابەت تارىخى»، تۈركچە، 6-،7-بەتلەر، 1984-يىلى، بۇرسا، تاش نەشرىياتى.

(12)ئەل- جاھىز:«خىلافەت ئارمىيىسىنىڭ مەنقىبەلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى »، تۈركچە، 68-بەت، 1988-يىلى، ئەنقەرە، تۈرك كۈلتۈرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتۇتى نەشرىياتى.

(13)مەھمەد ساراي: «ئۇيغۇرتۈركلىرى تارىخى»(باشلانغۇچتىن-1878 يىلىغا قەدەر)، تۈركچە،1-توم، 62-بەت، 1998-يىلى، ئىستانبۇل.

(14)رىشات گەنچ: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»،ئۇيغۇرچە، 351-بەت، 1990-يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئۇيغۇر سۆڭەك دوختۇرخانىسى.

# «5-تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇزىكا سەنئىتى ۋە خەلق ئويۇنلىرى

ئابدۇرازىزاق قادىر

ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە ئويۇن مەدەنىيىتى ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، تۈركىي خەلقلەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا بىرەر ئىشتىن نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا، خەيرلىك كۈنلەردە قېرى ـ ياش، ئەر ـ ئاياللار بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بولغانلىقى مەلۇم .ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن بىرى بولغان «ئوغۇزنامە «ئېپوسىدىكى ئوغۇزخاقان ئەل ـ جامائەتنى تەكلىپ قىلىپ، كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە مۇراسىمدىكى بەزى ئادەتلەرنى قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر قىسىم مۇراسىم ـ ئادەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بولىدىغان بۇنداق مۇراسىملار خەنزۇ تارىخچىلىرى تەرىپىدىنمۇ خاتىرىلەنگەن .مىلادىيە 5 ـــ 6 ـ ئەسىرگە ئائىت «ۋېي يىلنامىسى»نىڭ «گاۋچې» (ئېگىز هارۋىلىقلار يەنى قاڭقىلار) تەزكىرىسىدە، ئېگىز هارۋىلىقلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ئۈستىدە توختالغاندا: «ئۇلارنىڭ قەبىلىلىرى بىر يەرگە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە، يىغىلغۇچىلار نەچچە تۈمەن بولاتتى، مال سويۇپ، ئات بەيگىسى قىلاتتى، سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادىيە 5 ـــ 6 ـ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق بولغان قىزىل مىڭئۆيي ، قۇمتۇرا مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان بەزى تام رەسىملىرىدىمۇ ئەر ـ ئاياللارنىڭ بىرلىكتە ساز چېلىپ، نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈۋاتقان كۆرۈنۈشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. مانا بۇلار بۇنداق نەغمە ـ ناۋا بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇراسىملارنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا خېلى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىغا ھېرىسمەن مىللەت. شۇڭىمۇ قەدىمدىلا «ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر«،» سەنئەتخۇمار» دېگەن ناملار بىلەن جاھانغا مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. ئادەتتىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقانداق بىر پائالىيىتى ناخشا ـ مۇزىكىسىز بولمايدۇ. ئۇ ئەمدىلا مېڭىشقا باشلىغان بالىلاردىن تارتىپ، قېرىلارغا قەدەر چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

نازۇك، نەپىس ۋە كۆپ خىل ئىپادىلەش كۈچىگە ئىگە ئۇيغۇر ئۇسسۇلىغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان مۇزىكا سەنئىتى بەدىئىيلىكىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئاھاڭىنىڭ كۆپ خىللىقى، رىتىمىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ۋەزنىنىڭ ئېنىق، ئۆلچەملىكلىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنى قەدىمكى دەۋرلەردىلا جاھانغا نامايان قىلغان. ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى تولۇق ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولغان. ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ مىلادىيىدىن ناھايىتى كۆپ ئەسىر ئىلگىرىلا پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا يازما مەنبەلەر بار. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئۇيغۇر چالغۇلىرىنىڭ بىرقانچە تۈرىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. مەسىلەن، «ئىگەمە —— بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى، قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ»، «قوبۇز —— ئۇد (باربىت)قا ئوخشايدىغان تارلىق چالغۇ ئەسۋابى» (1 – توم، 473 – بەت). «سىبىزغۇ —— سىبىزغا نەي» (1 – توم، 636 – بەت) ۋە ئۇنىڭدىن باشقا چاڭ، بۇرغا قاتارلىقلار.

مەشرەپ، بەزمە ۋە تۈرلۈك زىياپەت ئولتۇرۇشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ قويۇق مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم نامايەندىسى بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ – بەزملىرى مۇنداق ئىزاھلانغان: «سۇغدىچ —— قاتار بەزمە، قىش كۈنلىرى دوستلار ئارا نۆۋەت بىلەن بولىدىغان مەشرەپ»، «شۇرچۇك —— مەشرەپ، كېچىلىك ئولتۇرۇش»، «كەتسەم —— كېچىسى ئۆزى كېلىپ قالىدىغانلارغا بېرىلىدىغان زىياپەت»، «كۈدىن —— بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى»، «بۈچى —— ئاۋازلىق، مۇڭلۇق بىر خىل ئۇد» (3 – توم، 302 – بەت» .(يىراغۇ —— چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى» (3 – توم، 46 – بەت). يۇقىرىقى مەلۇماتلار مەخسۇس خاراكتېرلىكى زىياپەت – مۇراسىم ئادىتىنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا قەدىمدىلا ئومۇمىي خاراكتېر ئالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھمۇد قەشقەرى» تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نەقىل قىلغان قوشاقلار ئىچىدىمۇ نەغمە – ساز بىرلەشكەن، مەشرەپ شەكلىنى ئەسلىتىدىغان قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

كۆكلەر قامۇغ تۈرۈلدى،

ئۈرىق، ئىدىش تىزىلدى،

سەنىسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى،

كەلگىل ئامۇل ئاۋنالىم.

مەنىسى:

ھەممە سازلار تۈزۈلدى،

ئۆرىق، ئىدىش تىزىلدى،

سەنسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى،

كەلگىن ئاستا ئوينايلى.

ئۆرىق باشى قازلايۇ،

ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،

ساقىنچ قۇدى كىزلەيۇ،

تۈن - كۈن بىلە سەۋنەلىم.

مەنىسى:

ئۆرىق بوينى غازكەبى،

قەدەھ تولۇق كۆزكەبى،

ھەسرەتنى تۈۋىگە يوشۇرۇپ،

تۈن - كۈن بىلەن سۆيۈنەيلى.

ئوتۇز ئىچىپ قىقىرالىم،

يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم،

ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،

ساقىنچ قاچتى سەۋنەلىم.

مەنىسى:

ئۈچ رەت ئىچىپ ۋارقىرايلى،

يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،

ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،

قايغۇ قاچتى سۆيۈنەيلى.

نەقىل قىلىنغان بۇ قوشاقلارنىڭ مەزمۇنىدىن ئەر - ئايال بىرلىكتە ناخشا - ساز بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشىدىغان، شاد - خۇرام كۆڭۈل ئاچىدىغان بىر خىل مۇراسىم شەكلىنىڭ ئەنە شۇ چاغلاردىلا بىرقەدەر رەسمىي تۈس ئالغانلىقىنى چۈشىنىش مۇمكىن. يۇقىرىقىلار بىزنى ھازىرقى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ خېلى قەدىمكى زامانلاردىلا بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئايلانغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا خەلق ئويۇنلىرىمۇ بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى ئېنىق مەلۇمات قالدۇرغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى خەلق ئويۇنى خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرادە چېنىقتۇرۇشى ۋە ماھارەت يېتىلدۈرۈشىنىڭ ئاساسى بولغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق ئويۇنلىرى: ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، ئوقيانى ئارقىغا قارىتىپ ئېتىپ نىشانغا تەگكۈزۈش، ئات ئويۇنى، چۆۋگەن توپ ئويۇنى ، ئوغلاق تارتىشىش، سارغايدى ئويۇنى، دارۋازلىق، سېھرىگەرلىك، موللاقچىلىق، ساقا ئويناش، تەپكۈچ ئويناش، لەگلەك ئۇچۇرۇش ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇن بالىلار ئويۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز ھاياتىنى ئىلىم ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشۇلغان بۇ ئىلمىي ئەسەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكى بىزنىڭ مەڭگۈ قەدىرلىشىمىزگە ۋە ھۆرمەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇ تۈركىي خەلقلەر ياشىغان كەڭ زېمىنلاردا 15 يىلدىن ئارتۇق ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ زور ئىلمىي ئەسەرنى، ئۇلۇغ قامۇسنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

»تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تەڭداشسىز قىممىتى ئۇنىڭ سېلىشتۇرما لۇغەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرى، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق قاتارلىق نۇرغۇن بىلىملەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بىر چوڭ قامۇس بولغانلىقىدا، شۇنداقلا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئېتنىك مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى، ھۈنەر - سەنئەت مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى ھاياتىدىن بىزگە مەلۇمات بېرىدىغان

قىممەتلىك ئەسەر بولغانلىقىدا! شۇڭا، بىز ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلمگە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى، ئىلىم ئۆگىنىش جەريانىدا جاپا – مۇشەققەتلەردىن قورقمايدىغان ئىزدىنىش روھىنى، شۇنداقلا ئەجدادلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ئەۋلادلارغا ئۇلاپ بېرىشتەك ئالىيجاناب روھىنى، ئىلىم ئۆگىنىشتىكى ئاجايىپ قەيسەرلىكى ۋە شىجائىتىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

شۇنىڭدەك، ئىلىمنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ھارماي ئىلگىرىلەشتەك روھنى ئۆزىمىزگە قىبلىنەما قىلىشىمىز، ئىلىم ۋە ئىجادىيەت يولىدا توختىماي ئىلگىرىلىشىمىز، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ئەبەدىلئەبەد ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. مەن بۇ شېئىرىم ئارقىلىق ئالىمغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشىم ۋە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن:

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد بوۋامغا

يىرتىلدى مىڭ قېتىم كالېندار پۈتۈن،

ئۆتكەزدى بىر – بىرلەپ جاھان مىڭ يىلنى.

پۈردى مەرىپەت خەزىنىسىدىن،

ئىپتىخار ئىچىدە مىڭ باھار گۈلنى.

بار شۇنداق رىۋايەت لوقمان ھەكىمنى

ئۈچ مىڭ يىل ياشىدى، دېگەن ھېكايە.

مىڭ يىلاپ ياشىدى شۇنداق بىر ئىنسان،

ئەۋلادلار قەلبىدە يورۇق، نۇرانە.

ئۇ قايسى ئەۋلىيا، قانداق بىر ئىنسان؟

دەپ سوراپ قالسىڭىز تەئەججۈپ بىلەن.

دەيمىز بىز: ئۇ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى،

پەزىلەت ئىگىسى ئالىي مۆھتەرەم!

»مىڭ يىل« دەپ سانىماق ئېغىزدا ئاسان،

ئايلىنار مىڭ قېتىم بۇ چەرخى دەۋران.

ئۇ شۇنداق ياشىدى ئەلنىڭ قەلبىدە،

ئۆلمىگەن، ئۆلمەيدۇ ئۇ ئۇلۇغ ئىنسان.

مىڭ يىلغا ئابىدە تىكلەپ ھە بۈگۈن،

قىلماقتا بۇ جاھان ئەھلى تەنتەنە.

»دىۋانى لۇغەت«نى قولتۇقلاپ بوۋام،

ئالىي بىر نەزەردە قارايدۇ ئەنە.

ئۆتتى بۇ مىڭ يىللىق ھايات مۇساپە،

كىم سىزنى كۆز يۇمدى دەيدۇ تۇپراقتا؟

سىز گويا بىر ئېقىن ئۈزۈلمەيدىغان،

ئوخشايسىز ئۇخچىغان سىرلىق بۇلاقتا.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىن، ھازىر پېنسىيەدە)

# 6-تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كەچۈرمىشلىرى

**يولۋاس مۇھەممەتئىمىن**



تارىخى، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەجداتلىرىمىز تەرىپىدىن ھەر قايسى تارىخىي زامانلاردا يارىتىلغان قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى يوقىلىپ كەتتى، تالان-تاراجقا ئۇچرىدى .ئېچىنىشلىق ھالدا ۋەيران قىلىۋېتىلدى. نەتىجىدە تارىخ ۋە مەدەنىيىتىمىزنى تەتقىق قىلىشتا زور دەرىجىدە ئۈزۈكچىلىك پەيدا بولۇپ، تارىخ كەچمىشلىرىنىڭ يارقىن سىيمالىرى خۇنىكلىشىپ كەتتى. باشقىلار ئۆز ئاتا- بوۋىلىرىنىڭ ياراتقان مەدەنىيەت مىراسلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەتلىرىنىڭ سەرخىللىرى ھېسابلىشىپ، مەيدىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرگىنى خېلى ئۇزاق زامانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى باشقىلار نىمە دېسە شۇ بولۇپ، دۇنيانىڭ نەزىرىدىن يىراقتا قېلىۋەردى. پەقەت تارىخ چاقى چۆرگىلەپ VIIIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئۆتمۈشلىرىگە تەۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلار ئارقا- ئارقىدىن ئاشكارلىنىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ بۇ مەزگىللەردە ئەڭ مۇكەممەل يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن بولغان «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى شاھانە ئەسەرنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى قارا تۇمانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. قىسقىسى، بۇ ئىككى قامۇسنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى خەلقئاراغا تونۇتۇشقا، ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت، تارخ تەتقىقاتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىشقا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز.

تۆۋەندە قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى پارچە نامايەندە خاراكتېرلىك شاھنامە مىراس «تۈركىي تىلار دىۋانى» ۋە» قۇداتغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ۋاقتتىن تاكى قولىمىزغا قايتىپ كەلگەندە قەدەر بولغان توققۇز ئەسىردىن كۆپرەك جەرياندىكى ساقلىنىش، كۆچۈرۈلۈش، تەتقىق قىلىنىش قاتارلىق ئەگرى-توقاي سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ ئۆتىمىز.

ئىنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»

ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى -XI ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى قەدىمكى يىپەك يولىدىكى مۇھىم شەھەرلەرنىڭ بىرى بولغان قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق پايتەختى قەشقەردە دۇنياغا كۆز ئاچقان .ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىن ئىدى. ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 11-ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بالىلىق چاغلىرى قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ دۆلەت تۈزۈمى زەئىپلىشىپ، ئوردىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش زىدىيەتلىرى ۋە ئەتراپتىكى ئەللەر بىلەن بولغان نىزالار ئەۋجگە چىققان مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇھىتقا توغرا كەلگەندى. بۇ خىل مۇھىت مەھمۇد قەشقەرىنىڭ گۆدەك قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەتلەرنى

قالدۇرغان بولسا، ئۇنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن قەيسەر، تىرىشچان، ئىرادىلىك بولۇپ چىقىشى ئۈچۈنمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ئۇ قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىش ئالدىدىكى قرانلىق مەزگىلىدە، يەنى مىلادىيە 1058-يىلى ھۈسەيىنىنىڭ ئوردىسىدا قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھۈسەيىنىنىڭ جەمەتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىرىپ تاشلاندى. شۇ قېتىملىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ئامان قالغان مەھمۇد قەشقەرى ئوردىدىن مەخپىي ئايرىلىپ ياقا-يۇرتلاردا بىر مەزگىل پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ .مەھمۇد قەشقەرى بۇ جەرياندا ئىلى دەريا ۋادىسى، سىر دەريا ۋادىسى ۋە ئوغۇز (دەريايى جەيھۇن) دەريا ۋادىلىرىدا ياشايدىغان تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركلەر زېمىنىنى ئايلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇخاراغا بارىدۇ.

مۇھەممەت بىننى ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇد قەشقەرى كىچىكىدىن تارتىپلا قارا خانىلار سۇلالىسىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان» مەدرىسەئى ھامىدىيە» ۋە «مەدرىسەئى ساچىيە»لەردە داڭلىق ئۇستازلارنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن ھەممىدىن خەۋەردار يارامىلىق تالىپلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ كەڭ تۈرك زېمىنلىرىدىكى يىگانە پائالىيەتلىرى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئۆتىدۇ .ئۇ بارغانلىكى يېرىدە بىر مەزگىل تۇرۇپ، شۇ جايدا ياشاۋاتقان ئۇلۇسلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپ تەرەپلىمىلىك ماتېرىياللارنى توپلايدۇ. 40 ياشقا قەدەم بېسىش ھارپىسىدا سودىگەرلەرگە ئەگىشىپ بۇخارادىن سالجۇق تۈركلىرى ھامىيلىقىدىكى باغدادقا بارىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا توپلىغان ماتېرىياللىرى ئاساسىدا مەشھۇر قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مىلادىيە 1074-يىلى باغدادتا يېزىپ تاماملايدۇ ھەمدە ئەسەرگە ئۆزىنىڭ قايسى يۇرتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تەخەللۇسىغا «قەشقەرى» دېگەن نامنى قوللىنىشنى زۆرۈر كۆرىدۇ (ئەسەرنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلىشى ئالىمنىڭ ئۆز ئانا يۇرتىنىڭ نامنى تەخەللۇس قىلىپ تاللىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن). ئەسەر مىلادىيە 1074-يىل 2-ئايدا يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن، دەمەشقلىق مۇھەممەت ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبۇلپەتھ بۇ كىتابنى ئەسلى نۇسخىسىدىن ھىجرىيە 464-يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 27-كۈنى قايتا كۆچۈرۈپ چىقىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ھىجرىيە 464-يىلىدىن 466-يىلىغىچە (مىلادىيە 1073-1074) تەھرىرلەپ قايتا تولۇقلاپ، ھىجرىيە 467-يىلى) مىلادىيە 1075-يىلى) بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 27-خەلىپىسى، ھاشىمىيلار ئۇرۇقىدىن بولغان خەلىپە مۇھەممەت ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بى ئەمرۇللا ھەزرىتىگە تەقدىم قىلىدۇ.

ئالىمنىڭ ئۆز قەلبىگە پۈككەن ئۇلۇغ ئارزۇ-ئارمانلىرى رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. بىراق، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئانا يۇرتقا بولغان سېغىنىش ئوتى بارغانسېرى يالقۇنجاپ، ھىجرىيە 472-يىلى (مىلادىيە 1080-يىلى (ئايرىلغىنىغا 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بولغان ئانا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇپراق ئوپالنىڭ ئازىخ دېگەن يېرىدە «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» نامدىكى مەدرىسەنى قۇرۇپ، «ھەزرىتى موللام) «بىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم) دېگەن نامدا ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىدۇ. سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، مىلادىيە 1105-يىللىرى ئەتراپىدا ۋاپات بولىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى باغدادتىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەستىن ئەرەب زېمىنلىرىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلاشقا باشلىغانىدى. شۇ يىللاردىكى ئۇرۇشتا خەلىپە مۇقتەدىنىڭ ئوردىسى كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىدۇ. ئوردا كۇتۇپخانىسىدىكى نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلارمۇ كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ، شۇ قېتىم كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئارىدىن 100 يىل ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ جەرياندا يوقالغان كىتابلارنىڭ بىر قىسمى كىشلەرنىڭ قوللىرىدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. ئەمما «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئەجەبا بۇ قىممەتلىك قامۇس ئەنە شۇنداقلا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنمىدۇ؟ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قان-تەرى سىڭگەن بۇ ئەسەر شۇنداقلا يوققا چىقارمۇ؟ ئەرەب زېمىنىدا ھېچكىممۇ بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ دېرىكىنى قىلىپ باقمايدۇ. ئەمما، ئۇرۇش ئوتلىرى خەلىپىنىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالىغىنى بىلەن، بۇ ئېسىل ئەسەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالمىغانىدى. ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا ئوردىدىكىلەر ئۆز جانلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشىۋاتقاندا، مۇقتەدىنىڭ ئوردىسىدا تەلىم ئېلىۋاتقان نامەلۇم بىر تالىپە ۋەيران بولۇپ كېتىۋاتقان ئوردا كۇتۇبخانىسى ئىچىدىن بىر نەچچە پارچە قىممەتلىك كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭمۇ بارلىقىنى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ.

تارىخ چاقى مىلادىيە 1200-يىلىنىڭ سۇبھىسىگە قەدەم قويغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە باغداد كوچىسىدا چاچلىرى چۇۋۇلغان، جۇلدۇر كىيىمەن بىر قېرى تىلەمچى ئايال پەيدا بولۇپ قالىدۇ. ئۇ بىر كۈنى ھېچكىمگە پەرۋا قىلماستىن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شاھ ئوردىسىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئازراقمۇ ئەيمەنمەستىن پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان بۇ جۇلدۇر كىيىمەن تىلەمچىنى كۆرگەن ئىشىك باقارلار ئۇنى قىلىچ-نەيزىلىرى بىلەن توسۇۋېلىپ، نەدىن كەلگەنلىكىنى، پادىشاھقا ئېيتىدىغان قانداق ئەرز-دادىنىڭ بارلىقىنى سورايدۇ. ئۇلار بۇ تىلەمچى ئايالنىڭ شاھ ئالىيلىرىغا ئاتاپ بىر قىممەتلىك سوۋغا ئەكەلگەنلىكىنى، ئۇنى پادىشاھقا ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەرمەكتىن

باشقا ھېچقانداق ئەرز-دادىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنى پادىشاھقا دەرھال مەلۇم قىلىدۇ. پادىشاھ تىلەمچىنىڭ ئوردىغا كىرىشىگە ئىجازەت قىلىدۇ. بۇ جۇلدۇر كىيىمەن بىچارىنىڭ ئەجەبا ماڭا بەرگۈدەك قىممەتلىك قانداق نەرسىسى باردۇ؟ ياكى ئۇ ماڭا قەست قىلىشقا كىرگەن پىرخونمىدۇ؟ تىلەمچىنىڭ تەقى-تۇرقىنى كۆرگەن پادىشاھ دەمال گاڭگىراپ قالىدۇ. بۇ قېرى تىلەمچى پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قولىدىكى بوخچىنى ئاۋايلاپ يېشىپ، بوخچىغا ئوراپ نەچچە ئون يىل ساقلاپ يۈرگەن بىر پارچە كىتابنى ئېلىپ پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. بۇ چوڭ ھەم نەپىس ئىشلەنگەن كىتابنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىكەنلىكىنى كۆرگەن ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ 34-ۋارىسى خەلىپە ئەل ناسىر ئىنتايىن رازىمەنلىك بىلەن تىلەمچى ئائىلىگە كۆپ تارتۇقلارنى بېرىپ يولغا سالىدۇ. بۇ مىلادىيە 1225-يىللىرىغا توغرا كېلەتتى.

خەلىپە ئەل ناسىر (مىلادىيە 1225-1180) بۇ كىتابنىڭ بىباھا، تېپىلغۇسىز كىتاب ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، دەرھال ئوردا پۈتۈكچىلىرىنى تەشكىللەپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا 10 نەچچە پارچە كۆچۈرتكۈزىدۇ ھەمدە ئۇنى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا قەدىرلەپ ساقلاشقا بۇيرۇشتىن سىرت، باغدادتىكى مۇھىم مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلىنىشقا ئىجازەت بېرىدۇ. خەلىپە ئەل ناسىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇ كىتاب بىر نەچچە زامان باغداد شەھىرىدىكى مۇھىم مەدرىسلەرنىڭ قىممەتلىك ئوقۇشلۇقى سۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ كېلىدۇ. ئەپسۇس، خىرىستىئان قىساسچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن ئەھلى سەلىپ (كرېست قوشۇن) ئىككىنچى قېتىم شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئەرەب زېمىنلىرىنى يەنە بىر قېتىم خانىۋەيرانچىلىققا دۇچار قىلىدۇ .ئاشۇ مالىمانچىلىقتا «تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنە بىر قېتىم دېڭىزغا تاش چۆككەندەك يەر يۈزىدىن غايىب بولۇپ كېتىدۇ. ئالتە ئەسىر ئۆتۈپ كەتكۈچە بۇ كىتابنىڭ ئىز-دېرىكىمۇ بولمايدۇ. كىشىلەر قەدىمكى كىتاب خاتىرىلىرىدىن مەھمۇد قەشقەرى ئىسىملىك بىر تۈرك ئالىمنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بىر مەشھۇر ئەسەر يازغانلىقىنى بىلىشىدۇ. ئەمما، ھېچكىممۇ بۇنداق كىتابنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرى ئېغىر بومباردىمانغا ئۇچرايدۇ. بىر پاي زەمبىرەك ئوقى ئاقسۆڭەك دىيار بەكرى جەمەتىدىن بولغان بىر كىتابپۈرۈچنىڭ ئۆگزىسىدە پارتلاپ، ئۇلارنىڭ ئەل ئىمىر نامىدىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. كىشىلەر كىتاب دۆۋىلىرى ئارىسىدىن ئۆزلىرى كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدىغان، ئەمما ئىنتايىن نەپىس ئىشلەنگەن بىر دىۋاننى بايقاپ قالىدۇ. بۇ ئەسلىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ شۇ كەمگىچە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر نۇسخىسى بولۇپ، ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان

نازىپ بىينىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتىدىن بولغان بىر ئايال ئائىلىسىدە ئۇزاق يىل تەۋەرۈك سۈپىتىدە ساقلاپ، كېيىنچە تۇرمۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن دىيار بەكرى جەمەتىنىڭ ئەل ئىمىر كۇتۇبخانىسىغا رەنىگە قويغان قولىيازما نۇسخىسى ئىدى. ئەل ئىمىر كۇتۇبخانىسىنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى ئاڭلىغان مەشھۇر تىلشۇناس كىل سىلى رىفئەت ئەپەندى دەرھال كۇتۇبخانىغا كېلىپ (ھىجرىيە 1335-يىلى، مىلادىيە 1914-يىلى) بۇ كىتابنى باشقىلاردىن سېتىۋالىدۇ. ئۇ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بۇ تەڭداشسىز مىراسنى ئۈچ تومغا ئايرىپ، 1917-يىلى ئەسلىي نامى بويىچە ئىستانبۇلدا مىخ مەتبەئەدە نەشر قىلدۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كىتاب دۇنيادىكى ھەر مىللەت تۈركولوگلارنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىشقا باشلايدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايىسى جايلىرىدىكى ئالىملار بۇ كىتاب توغرىسىدا تۈركچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە، رۇسچە، ۋېنگر تىللاردا كىتاب ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. گېرمانىيىلىك «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بىلەن ئەڭ كۆپ شۇغۇللانغان ئالىم، سام تىللىرى مۇتەخەسسىسى كارىل.برىككىلمان 1928-يىلى» تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئىشلەپ چىققان ئىندېكسىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بۇ مەشھۇر قامۇسنى چۈشىنىشكە بولغان ئىنتىلىش -XXئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە ئاندىن ھەل قىلىنىدۇ. تۈركىيىلىك داڭلىق تىلشۇناس بېسىم ئاتالاي 21 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كىل سىلى رىفئەتنىڭ ئىستانبول مىخ مەتبەئە نەشرىگە ئاساسەن 1941-يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۈچ توملۇق تۈركچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، يەنە بۇ كىتابنىڭ فاكسىمىل (فوتو سۈرەت نۇسخىسى) نۇسخىسىنىمۇ نەشر قىلدۇرىدۇ.

1960- يىلى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزبېك ئالىمى، تىلشۇناس سالىھ مۇتەللىپوپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈركچىدىن ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرىدۇ. 1955-يىلى قەشقەردە ئاكا-ئۇكا مۇھەممەت پەيزى بىلەن مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلدا تەرجىمە قىلغان بىرىنچى ئورىگىنالى قولدىن چىققان، ئەمما نەشر قىلىنماسلىقى توغرىسىدىكى سەۋەبلەر تېخى ئېنىق ئەمەس.

1966-1963-يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى تەرپىدىن بۇ كىتابنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلدىكى ئىككىنچى تەرجىمىسى ئىشلەنگەن، ئەمما سولچىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىدىن نەشر قىلىنماي نابۇت بولۇپ كەتكەن.

1980-يىلىنىڭ بېشىدا دۆلىتىمىز ھەر مىللەت تىلشۇناس، مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن كۈچ تەشكىللەپ، ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بۇ قىممەتلىك يازما يادىكارلىقنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىدىكى يۈكسەك ئورنىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىپ، ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن موللا ئابدىلھەمىت ھاجى يۈسۈفى، ئابدۇرېھىم تىلەشېۋ ئۆتكۈر ئەپەندى، تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى، مەدەنىيەت-تارىخ تەتقىقاتچىسى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇسالام ئابباس ئەپەندى، تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف ئەپەندى، سابىت روزى ئەپەندى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈشى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1941-يىلى بېسىم ئاتالاي تەرپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلدۇرۇلغان فوتو سۈرەت نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرىگە تەييارلىنىپ، 1981-يىلدىن 1984-يىلغىچە ھەممە قىسمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇر دىيارى خەلق نەشرىياتى تەرپىدىن ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلدۇرۇلۇپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. مانا بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرى ياراتقان قىممەتلىك ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئاشكارا كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغان ۋاقتىدۇر. بۇ كىتاب 2002-يىلى خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

»تۈركىي تىللار دىۋانى» مەزمۇن جەھەتتىن تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات-سەنئەت ۋە فولكلور، مەدەنىيەت، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، دىن، توپونومىيە-يەر ناملىرى، سوتسىئولوگىيە، ئېتنوگرافىيە، پەلسەپە، جۇغراپىيە، تىبابەتچىلىك ۋە ئېكولوگىيە جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان قامۇسى ئەسەر بولۇپ، دۇنيا لۇغەتچىلىك تارىخىدا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن، سۆزلۈكلەرگە ئورگانىك بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا 242 كۇپلېت شېئىر-قوشاق، 300 پارچىدىن ئارتۇق ماقال-تەمسىلنى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ، تۈرك قەبىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەرنى ئىخچام، ئوبرازلىق جۈملىلەر ئارقىلىق فونىتىكىلىق، گراممانىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

مانا بۇ ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ بولغان شاھانە قامۇسنىڭ كەچۈرمىشلىرىدۇر.

دىداكتىك داستان «قۇتادغۇبىلىك«

ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ قالدۇرۇپ كەتكەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شەرقتىكى ئەبەدىيلىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت ئاتا قىلغۇچى بىلىم) ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان يەنە بىر قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرىدۇر. مۇكەممەل يېزىلغان بۇ شېئىرىي داستاندا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ماددى، مەنىۋىي قىياپىتى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ

بىرىلگەن بولۇپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت،تارىخ تەتقىقاتىدا تۇتقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، دۇنيا شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئورۇننى تۇتۇپ كەلمەكتە.

»قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1018 -قاراخانىيلار سۇلالىنىڭ قىشلىق پايتەختى بالاساغۇن (قوزئوردا) دا، ئوردىنىڭ تەجرىبىلىك، بىلىملىك پۇتۇكچىلىرىدىن بولغان رەيھاندىن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى مەلۇم (يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ دادىسى توغرىسىدىكى قاراشنى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى 1998-يىلى قەشەردە ئۆتكۈزۈلگەن 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك »قۇتادغۇبىلىك»ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇغان ماقالىسىدە بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان. ئا). ئوردا سياسىي ئۆزگىرىشىدە رەيھاندىن ئائىلىسى تۆھمەتكە ئۇچراپ ۋەيران بولغان. يۇسۇپ خاس ھاجىپ كىچىكىدىن باشلاپلا بالاساغۇندىكى مۇھىم مەدرىسەلەردە ئەرەب تىلى، پارس تىلى، سوغدى تىلى قاتارلىقلارنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە نۇرغۇنلىغان تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىلملەرنى ئۆگەنگەن. ئۇ مىلادىيە 1075-يىللىرى بالاساغۇندىكى ئوردىدا يۈز بەرگەن قانلىق سياسىي ئۆزگىرىشتە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تۆھمەتكە ئۇچراپ ئۆلۈپ، ئائىلىسى ۋەيران بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە كېلىشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 1070-يىلى (ھىجرىيە -462يىلى) 18 ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ 13 مىڭ 290 مىسرالىق دىداكتىك داستان »قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىپ تاماملاپ، بۇ كىتابنى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان بۇغراخانغا مىلادىيە 1074يىلى سوۋغا قىلغان. ھەسەن بۇغراخان ئەسەرنىڭ شەرىپىگە مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ئالىم مىلادىيە-1085 يىلى 68 يېشىدا قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەزكۇر داستان مەزمۇنىنىڭ موللىقى، تىلىنىڭ گۈزەللىكى، پەلسەپىۋى پىكىرلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، غايىۋىلىك جەھەتتىكى ئىلغارلىقى، بەدىئىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ھەرقايسى ئەللەرگە تارقىلىپ «ئەدەبۇل مۇلىك» (شاھلارنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى)، «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى)، «زىننەتۇل ئومرا) «ئەمىرلەر زىننىئىتى)، «شاھنامەئى تۈرك» (تۈرك شاھلىرى دەستۇرى)، «پەندى نامەئى مۇلىك» پادىشاھلارغا نەسىھەت)، «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) (بۇلارنىڭ ھەممىسى تۈركىي تىللىق خەلقلەر زېمىنلىرىدا بېرىلگەن ھەر خىل ناملار. ئا.) دېگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ، بىباھا گۆھەر سۈپىتىدە قەدىرلىنىپ كەلگەن .ئالىم ئۆز كىتابى ئۇستىدە توختالغاندا ئىنتايىن زور ئىشەنچ بىلەن يازغان تۆۋەندىكى بېيتلارمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قىممىتىنى نامايەن قىلىپ بېرەلەيدۇ.

پۈتۈن تۈرك، چىن، شەرق ئېلىدە دېمەك،
بۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.
بۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئاۋۋال،
كېيىن كىممۇ ئېيتار بۇنىڭدەكنى دەل؟
كىم ئولسا بۇنىڭدەكنى يازارمۇ قېنى؟
يازىچى بار بولسا، مەن ماختاي ئۇنى.

دېمىسمۇ، تا بۈگۈنگە قەدەر شۇ دەۋرلەردە مەيلى ئەرەب، مەيلى پارس ياكى ھىندىستان، جۇڭگولاردا بولسۇن، ھېچكىمنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»كە ئوخشاش بۇنداق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ باققانلىقىدىن خەۋەرسىز تۇرۇۋېتىمىز ھەم بۇ كىتاب ئالىم ئۆزى ئېيتقاندەك ئۇلۇغ كىتابلاردىن بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇنىڭدىن ئاز كەم 1000 يىلغىچە يوقالماي ساقلىنىپ كېلىشىمۇ ھەم مۇمكىن بولمىغان بولاتتى.

تا ھازىرغا قەدەر بۇ ئەسەرنىڭ قايسى يىلى، نېمە سەۋەبلەر بىلەن قەشقەر تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق ئۇچۇر يوق. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرغىچە بىزگە ئۈچ خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلدى. بىرىنچى خىل نۇسخا، يەنى ۋېنا نۇسخىسى، بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخا بولۇپ، ئاۋىستىرىيىنىڭ پايتەختى ۋېنادىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. بۇ ئا نۇسخىدۇر.

ئىككىنچى خىلى قاھىرە نۇسخىسى بولۇپ، 5400 بېيىتتە پۈتۈلگەن مىسىر پايتەختى قاھىرەدىكى «ھىدىۋ» (ھازىرقى قىرال) كۈتۈپخانىسىدىن بايقالغانلىقىدىن شۇنداق ئاتالغان. بۇ ب نۇسخىدۇر. ئۈچىنچى خىلى پەرغانە نۇسخىسى بولۇپ، ھازىرقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەرغانە ۋىلايىتى تەۋەسىدىكى نەمەنگاندىن (نەمەنگان نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تېپىلغانلىقتىن پەرغانە نۇسخىسى دەپ ئاتالغان، 6095 بېيىتتە پۈتۈلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ چ نۇسخىسىدۇر. ئەسەرنىڭب،چ نۇسخىلىرى تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان. ئەسەرنىڭ تىل تەۋەلىكى ۋە دەسلەپكى قېتىمقى ئاشكارىلىنىشىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەر تۆمۈرىيلەر دەۋرىدە چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

»قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ۋېنا نۇسخىسى مىلادىيە 1439-يىلى ئافغانىستاننىڭ ھېرات شەھىرىدە ھەسەن قارا سايىل شەمسى دېگەن كىشى تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆچۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ نۇسخا يەنە ھېرات نۇسخىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ .مىلادىيە 1474-يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىگە كەلتۈرۈلگەن، كېيىن ئاۋىستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممېر پورگىشتال تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ،

ئاۋىستىرىيىنىڭ ۋېنا شەھىرىدىكى ئوردا كۇتۇپخانىسىغا قويۇلغان. مىلادىيە 1796-يىلى هامىر پورگىشتال تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم دۇنياغا ئاشكارىلانغان.

پەرغانە نۇسخىسىنى تۇنجى قېتىم تاتار ئالىمى زەكى ۋەلىد مىلادىيە 1914-يىلى پەرغانىنىڭ نەمەنگان شەھىرىدىكى مۇھەممەت هاجى ئىشان لالەرىش دېگەن كىشىنىڭ شەخشى كۇتۇپخانىسىدىن بايقاپ، بۇ توغرۇلۇق ئۇچۇر بەرگەن .مىلادىيە 1224-يىلى ئۆزبېك ئالىمى پترەت بۇ نۇسخىنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئەسەر توغرىسىدا ماقالە يازغان.

قاهىرە نۇسخىسىنى تۇنجى بولۇپ مەشھۇر رۇس ئالىمى رادلوف مىلادىيە 1910-يىلى بايقىغان. ئۇ ئەسەرنىڭ ۋېنا نۇسخىسى بىلەن قاهىرە نۇسخىسىنى سېلىشتۇرۇپ، ئەسەرنىڭ ترانسكرىپسىيىسى بىلەن نېمىسچە تەرجىمىسىنى نەشر قىلدۇرغان.

»قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ياۋروپادا -XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قىزىق تېمىغا ئايلانغان. مىلادىيە 1827-يىلى فىرانسىيىلىك زھانبىرت.ئامبىدى تۇنجى قېتىم مەتبۇئاتتا «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئېلان قىلغان ۋە بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنلىرىدىن قىسمەن بۆلەكلەرنى نەشر قىلدۇرغان. 1870-يىلى ۋېنگرىيە ئالىمى هېرمان ۋامبىرى «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ 1000 بېيىتىنى ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈپ، «ئۇيغۇر ئابىدىلىرى» دېگەن نامدا نېمىسچە نەشر ئىشلىگەن ۋە مەخسۇس لۇغەت تۈزگەن. 1890-يىلى رۇس شەرقشۇناسى رادلوف ۋامبىرى تەتقىقاتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، 20 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش نەتىجىسىدە ئەسەرنىڭ ئەرەب تىلىدىكى نۇسخىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيە قىلىپ، ئىككى توملۇق كىتابچە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ يەنە 1943-يىلى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مانجۇچە تەرجىمىسىنى ئىستانبۇلدا نەشر قىلدۇرغان. 1928-يىلى ئۆزبېك ئالىمى پترەت پەرغانە نۇسخىسىنىڭ ئايرىم بۆلەكلىرىنى زۆرۈر ئىزاھاتلىرى بىلەن تاشكەنتتە ئۆزبېك تىلىدا نەشر قىلدۇرغان.

»قۇتادغۇبىلىك»نىڭ هازىرقى ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسىنى-1947 يىلى مەشھۇر تۈرك ئالىمى، تىلشۇناس رەشىت رەھمىتى ئارات (1900-1964) داستاننىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسىنى ئۈچ يىل سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تولۇقلاپ، 13 مىڭ 290 مىسرالىق تولۇق تېكىستىنى نەشر قىلدۇرۇش بىلەن ئەمەلگە ئاشقان. 1957-يىلى كىتابنىڭ تۈركچە نۇسخىلىرى ئەنقەرەدە ئىككى قېتىم نەشر قىلدۇرۇلغان. 1972-يىلى ئۆزبېك ئالىمى قەيۇم كەرىموف داستاننىڭ پەرغانە نۇسخىسى بويىچە ئۆزبېكچە نەسرىي تەۋسىپىنى تاشكەنتتە نەشر قىلدۇرغان. 1979-يىلى ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر تۈركولوگ، ئالىملىرىدىن گېڭ شىمن ئەپەندى بىلەن ۋېي سۇيىي خانىملار

بىرلىشىپ داستاننىڭ قىسمەن بۆلەكلىرىنى خەنزۇتىلىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارى خەلق نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان. 1983-يىلى ئامېرىكا چىكاگو دارىلفۇنۇنىنىڭ شەرقشۇناس پروفېسورى روبىرت.دانكوپ داستاننى سۆز بېشى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغان. كىتابنىڭ باھاسى ئامېرىكىدا 100 دوللاردىن ئېشىپ كەتكەن. 1980-يىلى 8-ئايدا ئۇيغۇر دىيارى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىمىنوپ ھامۇت مەسئۇللۇقىدا «قۇتادغۇبىلىك» تەرجىمە تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى مەرھۇم ئابدۇرېھىم تىلەشىۋ ئۆتكۈر ئەپەندى، مەرھۇم ئەھمەد زىيائى ئەپەندى، مەرھۇم مەتىمىن يۇسۇپ ئەپەندىلەرنىڭ ئەجىر قىلىشى بىلەن 1985-يىلى 5-ئايدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم نەشر قىلىندى. 1986-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن يەنە خاۋگۇئەنجۇڭ، جاڭ خوڭچاۋ ۋە لىيۇبىنلارنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى نەشر قىلىندى. 1991-يىلى ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇشۈكۈر تۇردى، قادىر ئەكبەرلەر تەييارلىغان نەسرىي يەشمىسى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىندى.1992-يىلى تۇرغۇنباي قىلىچبېك، نۇرۇز ھۇسەن ئالىيلارنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسىدىن قىرغىزچە نەسرىي شەكىلگە ئۆرۈگەن تەرجىمە نۇسخىلىرى ئۇيغۇر دىيارى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شاھانە ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرغا قەدەر ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ھەر قايسى دۆلەت ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ، تەرجىمە قىلىنىپ، تۈركچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، مانجۇچە، قىرغىزچە، رۇسچە، نېمىسچە، ئىنگلىزچە تىللاردىكى تولۇق تەرجىمىلىرى، ئوكرائىنچە، ياپونچە تولۇق بولمىغان تەرجىمىلىرى ئىشلىنىپ دۇنياغا كەڭ تارقالدى، شۇنىڭدەك بۇ داستان ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى خەلقئارا ئورۇنغا كۆتۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىدى .ھازىرغا قەدەر «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا بىر قېتىم خەلقئارالىق، ئۈچ قېتىم مەملىكەتلىك مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

مەشھۇر يازما يادىكارلىق «قۇتادغۇبىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن ئىلمىنىڭ ھەممە ساھەسىگچە چېتىلغان شېئىرىي تىلدىكى داستان بولۇپ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئاسترونومىيە، تەبىئەت پەلسەپەسى، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، قانۇن-سىياسەت، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئەلنى ئىدارە قىلىش، ئەدەبىيات-سەنئەت، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، ئىستىلىستىكا، ئائىلە-نىكاھ، ئاممىۋى مۇناسىۋەت، ئەدەپ-ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق، ھەربىي-سىپاھگەرلىك، تىلشۇناسلىق، سىلىشتۇرما ئەدەبىيات، ئېتىكا، تىبابەت، ئوزۇقلۇق ئىلمى، مەدەنىيەت، تارىخ، مېتودولوگىيە قاتارلىق ساھەلەردە مەخسۇس توختىلىپ ئۆتكەن، ئىدىيە جەھەتتىن دەۋردىن ھالقىغان مەنىۋى مىراستۇر.

-XXئەسرنىڭ ئاخىرلىرىدىن  خىخ-ئەسرنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە ئۇيغۇر دىيارىنىڭ هەر قايسى جايلىرىدا هەر خىل ناملار بىلەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئەجنەبىيلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلىرگە تەئەللۇق بولغان نۇرغۇنلىغان بىباها مىراسلارنى ئۆز دۆلەتلىرىگە ئېلىپ كەتكەن.گېرمانىيە هانبۇرۇگ ئونىۋېرىستېتىنىڭ پروفېسسورى، تۈركشۇناس گابائىن خانىمنىڭ (ۋون.گابائىن.ئا) مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادىمىيىسىنىڭ يەتتە چوڭ ئىشكاپى گېرمانىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئەترەتلىرى تەرىپىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك هەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن تولغان. بۇ ئاددىي بىر مىسال. يەنە لوندون، توكيو، ستوكهولىم، پارىژە، موسكىۋا، قاتارلىق شەهەرلەردىكى مەشهۇر كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلاردا قانچىلىك بارلىقىنى هېچكىم بىلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئەهۋالدا، دۇنيا خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك تەتقىق قىلىشىغا ئەرزىيدىغان قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن »قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئانا تۇپرىقىغا قايتىپ كېلەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى بىر چوڭ  غەنىيمەت.

مەنبە: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى(ئۇستى ئۇچۇق مۇزېي  قەشقەر)

# 7-ئېتراپ قىلىشقا بولمايدىغان ئىككى پورتېرت

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق



يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇت قەشقىرى

***ھەيرانلىق ۋە ئەپسۇسلۇق***

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىللىق 1 - سانىغا مەشھۇر رەسسامىمىز غازى ئەمەتنىڭ «ئۇلۇغ ئالىملىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەري پورترېتلىرىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە» نامدىكى ماقالىسى بېرىلدى. ماقالە مېنىڭ 2006 - يىلى «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، 2007 - يىلى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن

نەشر قىلىنغان، «11 – ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيەسى» دېگەن كىتابىمغا كىرگۈزۈلگەن «ئىككى ئالىمنىڭ پورتېرتى ۋە مىللى خاراكتېرى» دېگەن ماقالەمگە جاۋابەن يېزىلغان ئوبزور ئىدى. مەن ماقىلىنى ئوقۇپ بىر تەرەپتىن ھەيران قالدىم، يەنە بىر تەرەپتىن ئەپسۇسلاندىم. ھەيران قېلىشىمدىكى سەۋەب، ماقالىدا مەن ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنىيەتلىك ئىلمي ۋە تارىخى مەسىلىلەرگە قارىتا كۆزنى يۇمۇۋېلىش پوزىتسىيەسىدە بولغان، ھېچ بولمىغاندا «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋان لۇغەت تۈرك» دېگەن شاھىت ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل بىرەر قېتىم ۋاراقلاپ كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن پىكىر قىلماي، ئەكسىچە مېنى «يېتەرلىك بىلىم ئاساسى بولمىغان ئوبزورچىلارنىڭ ئاساسسىز ۋە ئورۇنسىز باھا ۋە تەقرىز يېزىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ» دەپ ئەيىبلەيدۇ.

ئاپتور «يېتەرلىك بىلىم ئاساسى بولۇش» دېگەن تەلەپنىڭ سالمىقىنى مۆلچىيەرلىيەلمىگەن بولسا كېرەك، بۇ پىكىردىن «مەندەك بىر مەشھۇر رەسسام ئۈچۈن، ھېچكىمنىڭ ئوبزور يېزىشغا ھەققى يوق» دېگەن مەنا چىقىدۇ. مەن رەسسام ئەمەس، رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى تازا چۈشەنمەيمەن، شۇڭا ئىككى ئالىمنىڭ رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سەنئەت ئۆلچىمى ھەققىدە پىكىر قىلمىدىم، بەلكى مەن 30 يىلدىن بېرى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھاسىل قىلغان بىلىش نەتىجىلىرىمگە، تارىخى پاكىتلارغا ئاساسەن ئىلمى نۇقتىئي نەزەردە تۇرۇپ سەممىي تەكلىپلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىم. مەن ئۆمرۈمنى ئىككى ئالىمنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چۈشۈنۈشكە سەرپ قىلدىم، ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭدىم، بىرگە ياتتىم ھەم پىكىرلەشتىم. «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بىر قانچە كىتاب يازدىم، ھەمدە بىر قانچە يىل سەرپ قىلىپ «دىۋان لۇغەت تۈرك» كە شەرھى يازدىم. بۇ جەريانىدا مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەنىۋى ۋە جىسمانىي سىماسى دىلىمغا چوڭقۇر ئورناشتى. شۇڭا، ئۇلار توغرۇلۇق پىكىر قىلىشقا ئۆزۈمنى تامامەن ھەقلىق دەپ قارايمەن.

ئەپسۇسلىنىشىمدىكى سەۋەپ شۇكى، غازى ئەھمەت ئاكىنىڭ ئىلمي مەسىلىلەرگە قارىتا ئىلمي پوزىتسىيەدە بولمىغانلىقى ۋە سەممىي بولمىغانلىقى بولدى. بىز ھېچ بولمىغاندا تارىخقا ئوبدانراق نەزەر سېلىشىمىز، تارىخقا ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. بىر- بىرىمىزگە سەممىيەتسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىك قىلساق كارايىتى چاغلىق، تارىخقا ھۆرمەتسىزلىك قىلساق تارىخقا يۈز كېلەلمەيمىز . تارىخ ھەرگىزمۇ كۆز بوياماچىلىقنى كۆتۈرمەيدۇ. بىزنىڭ قىلغان ھەر- بىر ئىشىمىز تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، تارىخ ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇشى كېرەك .يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرى 11- ئەسىردىكى قاراخانىلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان ئۇيغۇر ئالىملىرى، ھەرگىزمۇ ئەرەب ياكى پارس شائىرلىرى ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىدىن ئەمەس. شۇڭا مىڭ يىل بۇرۇنقى مىللي مەدەنىيەتنى، ئىتنىك ئالاھىدىلىكنى،

مىللىي خاسلىق ۋە تارىخى  ئالاھىدىلىكنى بىلمەي تۇرۇپ، تارىخى شەخسلەرنىڭ پورتىرېتى ھەققىدە تەسەۋۋۇر قىلىش  ئەلۋەتتە شۇ تارىخى شەخسلەرگە نىسبەتەنمۇ ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا كىتابخانىلارنىڭ ئېڭىدا شەكىللىنىپ قالغان بەزى مۆجىمەل چىگىشلەرنى يېشىۋېلىشىغا  ياردىمى بولار دېگەن نىيەتتە بىر قىسىم مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېتراق پىكىر قىلىشقا  توغرا كەلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورتىرېتى  نامىدا ئوتتۇرىغا چىققان يۇقارقى ئىككى رەسىم ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مۇنداق ماھىيەتلىك  نۇقتىلاردا ئۇيغۇنلۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ.

بىرىنچى، تارىخىيلىق ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى ئەكس  ئەتمىگەن.
ئىككىنچى، مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە خاسلىقتىن يىراقلىشىپ  كەتكەن.
ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىيە دەۋرىدىكى ئېرقىي ئالاھىدىلىك نەزەردىن ساقىت قىلىنغان، نەتىجىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى بىلەن بىر تىپ قىلىپ  قويۇلغان.
تۆتىنچى، شەخسنىڭ ئىندىئۋىدال ئالاھىدىلىكى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى سالاھىتى، ئىجتىمائىي ئورنى ۋە سالاپىتىنى ئىپادە قىلىدىغان پاكىتلارغا زادىلا نەزەر  ئاغدۇرۇلمىغان.
بەشىنچى، تارىخى پاكىتلار ۋە «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «دىۋان لۇغەت تۈرك» تىكى ئۇچۇرلارغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىنمىغان. ھېچ بولمىغاندا رەسسام ئىككى ئالىمنىڭ ئەسەرلىرىنى باشتىن-ئاياغ بىر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان. پەقەت باشقىلار يازغان ماقالە ئەسەرلەردىكى ئۈزۈندىلەردىنلا پايدىلانغان. شۇڭا بۇ ھەرگىزمۇ سالا- سۆلىھى قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بىر مىللەتنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىپتىخارىغا تاقىشىدىغان مۇھىم تارىخى مەسىلە. بىز مۇنداق ئېغىر سەۋەنلىكلەرنى ئۆزىمىز ھېس قىلىپ تۈزەتمىسەك بەرىبىر تارىخ ئۇنى ئىنكار قىلىۋېتىدۇ. تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

»قۇتادغۇبىلىگ» كە بەدىئىي ئەدەبىيات  نۇقتىنەزەرىدىمۇ سەپ سېلىشقا توغرا كېلىدۇ

ئالدى بىلەن دېققىتىمىزنى تارتىدىغان تەرەپ، ئىككى ئالىمنىڭ رەسىمنى سىزىشتا ياش قۇرامى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، ئەسلىدە بۇ ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل ئىدى، بىراق رەسسام غازى ئەھمەد بۇ ھەقتىكى  پاكىتنى ئېتىراپ قىلمايلا قالماي، بەلكى مېنىڭ رەسىمنى چۈشىنىش ئىقتىدارىمنىڭ تولىمۇ چولتا ئىكەنلىكىنى ئەيىبلىگەن، ھەم ئىككى ئەسەرنى رەسساملىق نەزەر بىلەن كۆزەتمىگەن دەپ: «ئىككى ئالىمنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئاپتور بۇ ئىككى ئالىمنىڭ كىتابلىرىنى رەسساملىق نەزىرى بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇپ باقمىغان بولسا كېرەك» دەپ بولۇپ،

**ئۆزىنىڭ رەسسامغا خاس نەزەرى بىلەن قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالدۇ ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پوترېتىنى سىزىپ چىقىشقا:**

**365تەككۆزدى ماڭا قولىن ئەللىك ياشىم،**
**قوغۇ قىلدى قۇزغۇن تۈسدەك باشىم.**

**دېگەن بېيىتقا ئاساسەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ساقاللىرى ۋاقىتسىز شۇنچە ئاقىرىپ كەتكەن قىلىپ سىزغانلىقىنى چۈشەندۈردۇ. {ئەمەلىيەتتە يۇقارقى بېيىتتا گەپ ساقال توغرىسدا ئەمەس، باش (چاچ) ھەققدە بولۇنغان بولسمۇ {ئەسلىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى بېيىتلارنى ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى، ياشلىقنىڭ پۈرسەتلىرى ۋە قىممتى، قېرىلىقنىڭ مەھرۇملۇقلىرى ۋە مۇشەققەتلىرىنى بەدىئي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەۋلاتلارغا، ياشلارغا نەسھەت قىلىپ، ئىبرەت كۆزىنى ئېچىشقا، ھاياتنى قەدىرلەشكە دالالەت قىلماق بولىدۇ. بايانلىرىدا ئەلۋەتتە مۇبالىغە (كۆپتۈرۈش) تەك بەدىئي ئامىللار بار. ئەگەر ئۇنداق ئەدەبىي ۋە بەدىئي ئامىللارنى نەزەرگە ئالماي، «رەسساملىق نەزىرى بىلەنلا» ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل چۈشەنگەندە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنى ئەما، پالەچ، دوك قىلىپ سىزىشقا توغرا كېلىدۇ.**

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسرىنىڭ 371 - بېيىتىدا «ئوقتەك تۈز قەددىم يادەك ئېگىلدى» دېسە، 374 - بېيىتىدا «كىشەنسىز تۇرۇپ قەدەم ئالالماس بولۇپ قالدىم، نۇرلۇق كۆزلىرىم قاراڭغۇ كېچىدەك يورۇماس (كۆرمەس (بولۇپ قالدى» دەيدۇ. 6529، 6530، 6532 بېيىتلىرىدا: « ئېپاردەك قارا باشقا كاپۇر پۈركۈدۈم، قىيسىندەك تۈز قەددىم ئەگرى يادەك ئېگىلدى (مۈكچىيىپ قالدىم .(ئەرغۇۋاندەك قىزىل مەڭزىم زەپىراندەك سارغايدى.»دەيدۇ، بۇ ئارقىلىق، ھاياتتا ئىنساننىڭ بېسىپ ئۆتۈشى مۇمكىن بولغان تەبىئي قانۇنىيىتىنى «مەن» ئوبرازدا ئەكس ئەتتۈرىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇنىڭغا رەسساملىق نەزەرى بىلەنلا سەپ سالماي، يەنە بەدىئي ئەدەبىيات نۇقتىنەزەرى بىلەنمۇ نەزەر ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەن راستىنلا «رەسساملىق نۇقتىئىنەزەر» دېگەننىڭ نېمىنى نەزەردە تۇتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىدىم. رەسساملىق نۇقتىئىنەزەر دېگەن بىر تەرەپنى كۆرۈپ، يەنە بىر تەرەپكە كۆزنى يۇمىۋېلىشمىدۇ؟ ئىنساننىڭ تەبىئي يېتىلىش قانۇنىيىتىنى ھېسابقا ئالماي، شەيئىنى ماھىيەت جەھەتتىن كۈزەتمەي، ھادىسىلىك تەرەپكە ئېسىلىۋالىدىغان «نەزەر» مىدۇ دەپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە، رەسساملىق سەنئىتى بىلەن بەدىئي ئەدەبىيات قارىمۇ- قارشى قۇتۇپتىكى ئىلىم ئەمەس، بىرى بوياق بىلەن ئوبراز ياراتسا، يەنە بىرى تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئورتاق بىر پىرىنسىپى بار، ئۇ بولسىمۇ تۇرمۇش ۋە شەيئىلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش. رەسىمدە ھەققەتەنمۇ چىنلىق ئەكس ئەتمىگەن. ئاپتور ماقالىدا يۈسۈپ**

خاس هاجىپنىڭ ئەسلى ياش قۇرامنى سۆپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ. «ساقال- بۇرۇتى چۈشۈرىۋۈېتىلسە، ياش يىگىتتەك كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ، چىرايى پارقىراپ، قەددى- قامىتىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان ھەم جۇشقۇن ھەم روھلۇق ھالىتىنى كۆرگەن بولاتتۇق» ، مەن تەكىتلىمەكچى بولغان قانۇنىيەتكە مۇخالىپ ئىشنىڭ بىرى دەل شۇ ئىدى. شۇنچە ئۈمۈدۋار، شۇنچە جۇشقۇن، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ، چىرايى پارقىراپ تۇرىدىغان، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئېسىل تەبىئەتلىك بىر ئادەمنىڭ ساقاللىرىنى چۈشكۈنلەشكەن، ئۈمۈدسىزلەنگەن، ئېرسي كېسەلگە كىرىپتار بولغان ئادەمنىڭكىدەك، قىران ئادەمنىڭ ئېڭىكىگە يەتمىش ياشلىق بوۋاينىڭ ساقىلىنى چاپلاپ قويۇش قايسى مەزھەپتىكى رەسساملىقنىڭ مەنتىقىسىدۇ. بىزگە ياش قۇرامى ئەللىك ياشتىن ھالقىغان، روھىيتى بىلەن جىسمانىيتى بىر گەۋدىگە ئايلانغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازى لازىم .ھەرگىزمۇ ساقىلى يەتمىش ياشلىق بوۋاي، ئۆزى تېخى ياش يىگىت بولغان سەھنىدە رول ئېلىۋاتقان ئارتىسنىڭ ئوبرازى ئەمەس. رەسسام غازىكام يېتەكلىگەن مەنزىل بىلەن ماڭغاندا نىشان خاتا تاللانغان بولىدۇ، 50 ياشلاردىكى جۇشقۇن، ئۈمۈدۋار، روھلۇق بىر ئادەمنىڭ چاچ- ساقاللىرىنىڭ شۇنچە ئاقىرىپ كەتكەنلىكىنى يۇقارقى بېيىتتىن باشقا چۈشۈندۈرىدىغان ئاساس بارمۇ؟ يۇقارقى بېيىتلاردا قويۇلغان چاچ ھەققىدىكى ئوبرازلىق بايانلارنى بەدىئىي ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن «قارا چاچلىرىمغا ئاق سانجىلدى» دەپ چۈشىنىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپكە نەزەر ئاغدۇرغاندا قەلەم ھەم ئەلەمدە يېتىلگەن بۇ غورۇرلۇق ئالىمنىڭ بويۇن- كۆكرەكلىرىدىن بۇغدىيەكىنلا ئېلىۋەتسە، بۇرۇتلىرى خەت تارتمىغان ياش يىگىتلەرنىڭ كۆكرىكىدەك سىدام، مويسىز سىزىلىپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز .ساقاللىق شۇنچە ۋىژدانلىق، غورۇرلۇق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەيدىسىدە ئازراقمۇ تۈك يوق بولغىيمتى. يۈز- چىرايدىكى ئالامەتلەر بىلەن، بويۇن ۋە كۆكرىكىدە ماسلىق ئەكس ئەتكەنمۇ؟ باش تەرىپىنى توسۇپ تۇرۇپ، بويۇن ۋە كۆكرىكىنى تەجرىبىلىك رەسساملاردىن بىرىگە كۆرسەتسە قانداق باھا بېرەر؟ ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سۈرىتىدەك ئۇنداق مويسىز ئەمەس ئىدى. 1082- يىلدىكى قانۇن ھۆججىتىدە گۇۋاھلىققا چىققان ئەرنىڭ بەدەنلىرىنى «تۈكلۈك» دەپ سۆپەتلىگەن، ئوغۇزخانمۇ شۇنداق تۈكلۈك خاقان ئىدى. مەنىۋىيەت بىلەن جىسمانىيەتنىڭ بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەلۋەتتە بۇ تەرەپلەرگىمۇ نەزەر ئاغدۇرۇش لازىم ئىدى. ئۇيغۇرلاردا ‹‹مەيدىسىدە تۈكى بار›› دېگەن ئىبدىئوم ئېسىل تەبىئەتلىك، غورۇرلۇق، كۈچ قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر، دېگەن. رەسىم دېگەن رەسسام ئۆز نەزىرى بىلەنلا قاراپ ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن سىزىلمايدۇ، بەلكى ئاۋامنىڭ بەھرىمەن بولىشى ئۈچۈن سىزىلىدۇ، ئاۋامنىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنى يۇقارقى پورتىرتىدىن ئۇلارنىڭ ياش پەرقى نۇقتىسىدىن نېمىنى ھېس قىلالايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنى مەھمۇد كاشغەرىدىن 10 ياش ئەتراپىدا كىچىك دەپ ھېس قىلالامدۇ؟ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىنمىغاچقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەھمۇد كاشغەرىدىن 20

ياش ئەتراپىدا چوڭدەك تەسرات بېرىدىغان ھالەت شەكىللەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئىككى ئالىم ياش قورامى جەھەتتىن تەڭتۇش ھېسابلىنىدۇ.

***يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىماسىنى ئىزدەش يولى***

»قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى مۆجىزىلىك بەدىئىي پىرامىدا، ھاكىمىيەتچىلىك ئېڭىنىڭ زامان ۋە ماكاندىن ھالقىغان ئىلغار تىپى، 11 ـ ئەسىردىكى بىلىش نەتىجىلىرىنىڭ بەدىئىي يۈكسەكلىكتە ئەكس ئېتىشى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلغار ھاكىمىيەتچىلىك ئېڭىدا تۇرۇپ، پادىشاھتىن تارتىپ دۆلەتنىڭ بارلىق تەبىقىلىرىنىڭ ئۆزىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىنسانىي ساپا ۋە كەسپىي ساپاسى ھەققىدە ئۆلچەم قويۇپ چىقىدۇ. ئەسەردىكى ئىدىيىۋىي سىستېما دۆلەت ۋە قانۇن سىمۋولى كۈنتۇغدى ئىلىگ، بەخت ئىقبال سىمۋولى ئايتولدى، ئەقىل پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، ئاقىۋەت ۋە قانائەت سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشلار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەت ۋە مۇنازىرە ئارقىلىق تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەسەردە يارىتىلغان ھەربىر ئوبراز ئىدىئال تىپ بولۇپ، ئۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ غايىسىدىكى ئىدىئال دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىجراچىلىرى. ئەلۋەتتە، بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ پىرىنسىپى ئەسەرگە ئاپتورنىڭ مەنىۋىي ئوبرازى مەلۇم دەرىجىدە سىڭدۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئۇنداق بولسا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى قايسى قاتلامدىن ئىزدىسە مۇۋاپىق. بۇ مەسىلىدە يەنىلا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۇزۇن تەتقىق قىلغان مەشھۇر ئالىملارنىڭ پىكرىگە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەشھۇر ئالىم رەشىد رەھمەتى ئارات يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى ئوبرازىنى ئىزدەشكە توغرا كەلسە «ئاي تولدى بىلەن› ئوقۇش ـ ئەقىل›گە سىمۋول بولغان ئۆگدۈلمىشنىڭ كىشىلىكىدە شائىرنىڭ ئۆزىنى تەسۋىرلىگەنلىكىنى ئېيتالايمىز. ئەسەردىن بۇ ئىككىسى ھەققىدە ئۆگىنەلىگەنلىرىمىز، يۈسۈپنىڭ شەخسىيتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىزغا ماس كېلىدۇ. تەبىئىيكى، بۇ سېلىشتۇرمىدا ئەسەردىكى ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرىكەتكە ئىشتىراك قىلغان شەخسلەرنىڭ ئوينىغان رولى سەۋەبىدىن زورۇر بولغان پەرقلەرنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك»① دەيدۇ. رەسىد رەھمىتى ئارات يۇقىرىقى كۆز قارىشىنى يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئايتولدى كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئەتراپىغا ئىستىداتلىق كىشىلەرنى توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىستىكىدە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ پايتەختكە كېلىپ، كېيىن ئوردىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەمدە كۈنتۇغدى ئىلىگنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرلىرىدىن بولۇپ قالغانلىقى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنچە يۇقىرى ئىقتىدارغا ئىگە بولسىمۇ، 50 ياشلارغىچە زامانىنىڭ كۆلپەتلىرىدىن دىلى جاراھەتلەنگەن، نۇرغۇن قىسمەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن ئالىم بالاساغۇندىن

ئورداكەنت «قەشقەر» گە كېلىپ، ئېدىئال دۆلەت غايىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن» قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىنى بۇغراخانغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، ئوردىغا قوبۇل قىلىنىپ، بۇغراخاننىڭ يۈكسەك قەدىرلىشىگە ئېرىشكەنلىكى ۋە تارتۇقلىنىپ خاس ھاجىپلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەنلىكىدەك بىر قاتار ئىقتىدار ۋە سەرگۈزەش ئورتاقلىقى قاتارلىقلار نەزەردە تۇتىلىدۇ.

غازىكام ماقالىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورتىرىتىنى» قۇتادغۇبىلىگ» تىكى خاس ھاجىپ قانداق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە بايان قىلغان 31 – بابتىكى تەلەپلەرگە ئاساسەن تۇرغۇزۇپ چىققانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ خىل ئىزدىنىش مەنتىقىغا چۈشمەيدۇ. رەسمىدە ياراتماقچى بولغان ئوبراز» قۇتادغۇبىلىگ» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازى، ھەرگىزمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ» قۇتادغۇبىلىگ» تە ئېدىئال دۆلەتنىڭ ئۈلۈغ خاس ھاجىپى سۈپىتىدە بايان قىلىنغان ئادەمنىڭ تەسۋىر كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەسەردىكى خاس ھاجىپ بەدىئىي ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژ ئوبرازى ئەمەس، يانداشما ئوبرازمۇ ئەمەس، ئۇ بىر ئەدەبىي دېتال، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان ۋاستە. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ» قۇتادغۇبىلىگ» نى يېزىشتىن بۇرۇن خاس ھاجىپ ئەمەس ئىدى. ئەگەر بۇغراخان يۈسۈپكە ۋەزىرلىك، ئىشىك ئاغىلىق، غەزىندارلىق، يالۋاچلىق، سۇباشىلىق، پۈتۈكچىلىك قاتارلىق مەرتىۋىلەرنىڭ بىرەرىنى بەرگەن بولسا، يەنىلا بۇ ئوبرازلاردا ئەكس ئەتكەن قىياپەت ۋە مەنىۋىي كامالەت يۈسۈپ خاس ھاجىپتا« تولۇق ھازىرلانغانلىقىغا جەزىم «قىلارمىتى. شۇڭا، رەشىد رەھمىتى ئارات ئۆگدۈلمىشنىڭ ئوبرازىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سىماسى ئەكس ئەتكەنلىكىنى بايان قىلغاندا مۇنداق دېگەن: « ئايتولدىنىڭ ئوغلى چوڭ بولۇپ ، ھۆكۈمدارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋەزىر بولىدۇ . شائىر ھەر تۈرلۈك پەزىلەت ۋە خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان بۇ ئالىم ۋەزىرنى دۆلەت ئىشلىرىلا ئەمەس ، بەلكى يەنە شەخسىي چۈشەنچە ۋە ھەرىكەتلەردىمۇ ھۆكۈمدارنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە سەھنىگە چىقىرىدۇر . شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي مۇئەسسەسىلىرى ھەققىدە سۆز قىلىش پۇرستى بېرىدۇ . بەزىدە ھۆكۈمدارنىڭ ۋە بەزىدە ئۇدغۇرمىشنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىش شەكلىدە سۆزلەنگەن بۇ پىكىرلەر دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ پەلسەپەسىنى ۋە ئەخلاقىي ئاساسلىرىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ ، قەدىمكى ۋە يېڭى دەۋرلەرنى بىر بىرىگە باغلاش جەھەتتىن تەڭداشسىز بىر قىممەتكە ئىگە . شۇڭا ، نۆۋەتتى بىلەن ھۆكۈمدار ، ۋەزىر ، قوماندان ، ھاجىب ، ئىشىك ئاغىسى ، ئەلچى ، پۈتۈكچى ، غەزىندار ، باش ئاشپەز ، شارابدار مەنسەپلىرى ۋە بۇ ئورۇنلارنى ئىگىلىگەن كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ۋەزىپىلىرى ئايرىم بابلاردا چۈشەندۈرۈلگەن . » يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسەردىكى سىماسىنى «قۇتادغۇبىلىك» تە يارىتىلغان مۇكەممەل ئوبرازلاردىن ئەمەس،

بەلكى مۇكەممەل ئوبرازلار بايان قىلىنىۋاتقان بەدىئىي دېتالدىن ئىزدەش ئەلۋەتتە ئازغۇنلۇق بولىدۇ. ئەگەر، بۇ ئىلمىي كۆز قاراشلار ئېتىبارغا ئېلىنمىسا يېڭىلىش كېلىپ چىقىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئاپتورنىڭ خائىشىدەك تون پىچىلغاندا ئۇ ئوردىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ خاس ھاجىپلىققا تەيىنلىنىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، بۇغراخانغا بۇ ھەقتە بىشارەت بېرىپ، غازى ئەمەت ئەپەندىنىڭ تەبىرىچە مېنىڭ ئاۋازىم «ئەرەنچە» دېگىنىگە ئوخشاش بىر قاتار سۈپەتلىرىنى سۈپەتلەپ بەرگەندەك ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەنىۋى، جىسمانىي ئوبرازىنى، ئەڭ مۇكەممەل يارىتىلغان تۆت ئوبرازنىڭ بىرەرسىدىن ئەمەس، بەلكى ئەسەردە ھېچقانداق ئەمەلىي رول ئوينىمايدىغان، ئۆلۈك بەدىئىي ۋاستىدىن ئىزدەشنى ئىلىم ھەرگىزمۇ ئېتىراپ قىلمايدۇ.

يۇقارقىدەك ئازغۇن يولغا كىرىپ قالغاچقا، رەسسام ئوبيېكتنى ئارلاشتۇرىۋېتىپ، «قۇتادغۇبىلىگ» تىكى خاس ھاجىپنىڭ «ئاۋازى ئەرەنچە «بولسۇن دېگەندەك شەرتلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بەزى خەنزۇ ناخشا مۇتەخەسسىسلىرىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى، ئۇلاردىن ئەۋازى بوم (ئەرەنچە) كىشىلەرنىڭ بوينى ئۇزۇن، كۆكرىكى كەڭ، ئۆپكىسى تەرەققىي قىلغان، بۇغدىيىكى بىر قەدەر روشەن كۆرۈنىدىغان ئەرلەر ئوتتۇرا ئاۋاز ياكى تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىچى بولىدۇ، دېگەن مەلۇماتنىغا ئېرىشىپ، «ئاۋازى ئەرەنچە» دېگەن مەسىلىنى «مۇۋەپپەقىيەتلىك» ھەل قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئىشتا رەسسام، يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزەردە تۇتقان «ئاۋازى ئەرەنچە بولسۇن» دېگەن شەرتنىكى ئوبيېكت بىلەن ناخشا مۇتەخەسسىسلىرى تەمىنلىگەن ناخشىچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپنى ئارلاشتۇرۇپ قويغان، ياكى، بۇ ئىككىسىنى بىر ئىش دەپ چۈشىنىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىكسى تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش ئىدى.

ئەگەر، مەسىلە يۇقىرىقىدەك تەقسىلانسا تازىمۇ كۈلكىلىك مەنتىقە بولۇپ قالىدۇ. ئاپتور ئەر ناخشىچى تاللاۋاتامدۇ، خاس ھاجىپ تاللاۋاتامدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزەردە تۇتۇۋاتقان «ئاۋازى ئەرەنچە» بولسۇن دېگەندە كۆزدە تۇتقان مۇددىئا بىلەن ئەر ناخشىچىلارغا قويىلىدىغان يۇقىرى – تۆۋەن ئاۋازلىق بولۇشنىڭ قانداق باغلىنىشى بار؟ ئادەتتە تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاۋازى دېگۈدەك ئەرەنچە چىقىدۇ (ناخشىچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئايرىم ئەھۋال)، بۇ يارالمىش تەبىئىي قانۇنىيەت. ئەگەر مەسىلىگە ئۇنداق مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولسا، ئاپتور ياراتقان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بوينى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بويىندىن خېلىلا كالتە سىزىلغان. ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ بوينىمۇ ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، يەنىلا ئاۋازى ئەرەنچىغۇ. بۇ يەردىكى پەرقنى قانداق چۈشەندۈرىمىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رەشىد رەھمىتى ئارات يۇكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيە

بلەن: « ئەسەردە ئۇچرايدىغان تېملار ئۈستدە مۇمكن بولغان بارلق تەهلل يۈرگۈزۈلمەي تۇرۇپ، ئايرم – ئايرم پارچلاردىن هەرقانداق بر نەتجنى چقرىشقا ئۇرۇنۇش كشنى خاتا يولغا باشلايدۇ» دېگەن. ③شۇ سەۋەبلك غازى ئەمەت سزىپ چققان يۈسۈپ خاس هاجپنىڭ پورتېرتى ئەمەلىيەتتە، قۇتادغۇبىلكتىكى ئۈگدۈلمش كۈن تۇغدىغا بايان قلغان خاس هاجپنىڭ قياپەت تەلەپلرىگە ئاساسەن تۇرغۇزۇلغان سىما بولىدۇكى، هەرگىزمۇ يۈسۈپ خاس هاجپنىڭ پورتېرتى بولالمايدۇ.

مەن بىر قاتار ئلمي، قانۇنيەتلك تەلەپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ: «تارىخي شەخسلەرنىڭ سۈرتىنى هەر بىر رەسسام ئۆزى خالىغانچە سزىۋەرسە، مەتبۇئات ئورۇنلرى ئۇنى ئېلان قلىۋەرسە نەچچە خل سىمادىكى يۈسۈپ، مەهمۇدلار ئوتتۇرىغا چقىپ كەتسە، ئۇلار تارىخي ئوبرازدىن ئەپسانىۋي ئوبرازغا ئايلنىپ قالىدۇ. بۇ نۇقتنى ئېتبارغا ئالغاندا، تارىخي شەخسلەرنىڭ رەسمنى قالايمقان سزىۋېرىشكە چەك قويۇش كېرەك ئدى. ئەگەر تارىخي شەخسلەرنىڭ رەسمنى تۇرغۇزۇش توغرا كەلگەندە شۇ ساهەدىكى مۇتەخەسسسلەر گۇرۇپپسنى تەشكىللەپ، بىرقانچە رەسسامنى تارىخي ئۇچۇرلار بلەن تەمنلەپ، ئۇلارنىڭ قياپتى ۋە خاراكتېرىدىن نشان بېرىدىغان پاكتلار بلەن تەمنلەپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ سزىشغا تاپشۇرۇش» كېرەكلكى هەققدىكى تەكلپمنى بەرگەندىم. ئاپتور ماقالسدە پكرىمنى بۇرمىلاپ، كېسىپ، قىرقىپ ئۆزىگە مۇنداق پاس چقىرىدۇ: «رەسساملار قولغا قەلەم ئېلىپ ئۆزى خالىغانچە سزىۋەرمەسلكى لازىم. ئالملارنىڭ رەسمنى قالايمقان سزىۋېرىشكە چەك قويۇش كېرەك. ‹ئەڭ ياخشسى ئالىم مۇتەخەسسسلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئۇلار رەسساملارغا رەسمنى قانداق سزىشى هەققدە يول كۆرستىپ بەرگەندىن كېين، ئاندىن ئۇلارنىڭ سزىپ چقىشغا تاپشۇرۇش› دەپ ئجادىيەت ئەركىنلىكىگە مۇخالىپ كېلىدىغان قاراشنمۇ ئېپادىلىگەن»دەپ قارايدۇ، ئارقىدىن يەنە» ئېنىقكى بۇ رەسساملارنىڭ مۇستەققل ئجاد قىلش ئەركىنلىكىگە چاڭ سالغانلق» دەپ قالپاق كەيگۈزىدۇ. ئجادىيەت ئەركىنلىكىگە چاڭ سېلش دېگەن، يۇقارقىدەك ئاپتورنىڭ پكرىنى قايچىلاپ كۆتمەك قىلىپ، ئۆز مۇددىئاسى بويىچە كتابخانلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن گەپ ئويدۇرۇش ۋە قەستەن پكرلەرنى ئۆزگەرتشنى ئېپىتسا بولىدۇ .مېنىڭ ماقالەمدىكى يۇقارقى مەنتقي پكرلەرنى كۆرگەن هەرقانداق بىر ئوقۇمۇشلۇق كتاپخان، ئۇنىڭ يوللۇق تەكلىپ ئىكەنلىكنى، ئاپتورنىڭ ئۇنى ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزىنىڭ خاهشغا بېقندۇرۇش مەقستدە قايچىلاپ كۆتمەك قىلغانلقنى، «تارىخى شەخسلەرنىڭ « دېگەن سۆزنى «ئالىملارنىڭ»دەپ، «تارىخى ئۇچۇرلار بلەن تەمنلەپ بەرگەندىن كېين «دېگەن مەزمۇننى «قانداق سزىشنى كۆرستىپ بەرگەندىن كېين» دەپ ئۆزگەرتكەنلىكنى ئاڭقىرالايدۇ. چۈنكى، تارىخي ئۇچۇرلار بلەن تارىخي شەخسلەرنىڭ قياپتى ۋە خاراكتېرىدىن نشان

بېرىدىغان پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ، رەسساملارنىڭ ئۇتتۇقلۇق سىزىپ چىقىشىغا ئاساس يارىتىپ بېرىش دېگەن پىكىر قانداقمۇ «ئالىملار رەسسامغا رەسىمنى قانداق سىزىش ھەققىدە يول كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن» دېگەن مەنىنى بەرسۇن .بۇ قەستەن تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىكمۇ قانداق. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش ھاجەتكى، ئادەتتىكى رېئال شەخسلەرنى ۋە باشقا خىيالى ئوبرازلارنى نەچچە خىل سىزىپ تورۇسقا ئېسىۋالساق بولىدۇ، بىراق نامى بىر پۈتۈن مىللەتنىڭ تارىخى ۋە غۇرۇرى بىلەن باغلانغان شەخسلەرنى سىزىشتا ئۆزى بىلگەنچە يول تۇتۇشقا بولمايدۇ. تارىخقا ئوبدان نەزەر ئاغدۇرماي، تارىخي پاكىتلارغا ئېتىبار قىلماي، ئىككى بۈيۈك ئائەسەرنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ تولۇق ئوقۇپ باقماي، مۇتەخەسسىلەردىن پىكىر ئېلىشقا سەل قاراپ، ئۆز خاھىشى بويىچە قەلەم تەۋرەتكەچكە، رەسىم نۇرغۇن نۇقسانلاردىن خالىي بولالمىغان ۋە ئەسلى تەلەپتىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. رەسسام تۇنجى قېتىم سىزغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سۈرىتىدە قولىغا ياۋروپاچە پەي قەلەم تۇتقۇزۇپ، كۈلكىلىك ئىشتىن بىرنى قىلغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، مانا شۇ سەۋەنلىكمۇ ئالىملارنىڭ تارىخى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن ئوڭشالغان ئەمەسمىدى. بىر ئادەم ھەممىنى بىلەلمەيدۇ، تارىخى شەخسلەرنىڭ رەسىمنى سىزغاندا تارىخچىلار، تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرىنى ئالغانلىقىنىڭ نېمىسى يامان، بۇ قانداقمۇ «ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە مۇخالىپ «پىكىر بولسۇن.

### *مۇكەممەللىك تەلىپىنى قويۇشقا ھەرقاچان ھەقلىقمىز*

مېنىڭ ئىككى ئالىمنىڭ پورتېرىتىنى مۇكەممەلرەك تۈرغۇزۇپ چىقىش توغرىسىدىكى تەلەپ ۋە ئارزۇيۇمنى ماقالىدا: «ئاپتور ماقالىسىدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان پىكىر پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىككى ئالىمنىڭ پورتېرىتىنى مۇكەممەل ئەمەس، مۇكەممەل ئوبراز يارىتىش كېرەك، دېگەندىنلا ئىبارەت» دەپ» مۇكەممەل» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەپچە مەنىسىنى بىزگە يېشىپ بېرىدۇ ۋە مېنىڭ ماقالەمدە» مۇكەممەل» ئىبارىنىڭ سەككىز يەردە تەكرارلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەن ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتالايمەنكى، بىز ئەرەپ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر. ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن خېلى كۆپ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى ئىستېمالىدا ئەسلىدىكى ئەرەپ تىلىدىكى مەنىسىدە ئەينەن قوللىنىلمايدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۇنى ئۆزىنىڭ تىل ئادىتى بويىچە قوللىنىدۇ. «مۇكەممەل» سۆزىمۇ شۇنداق. مېنى» مۇكەممەل» سۆزنى ئىشلەتكەن دەپ تەنقىد قىلغان ئاپتۇر ماقالىسىدە: «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يېڭى نەشرىنى تىلغا ئېلىپ «(مۇكەممەل نۇسخا)» دېگەن سۆزنى ئىختىيارسىز تىلغا ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە «دىۋان» نىڭ يېڭى نەشرىمۇ مۇكەممەل سۆزىنىڭ ئەرەپچە مەنىسىدىكىدەك «كەم كۈتىسىز، ئۇۋەنسىز» ئەمەس. ئەرەپ تىلىدىكى مەنىسى بويىچە ئىستېمال

قىلغاندا دۇنيادا مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە توشىدىغان ھېچقانداق شەيئى يوق» .كەم كۆتسىزلىك، ئىۋەنسىزلىك» پەقەت تەڭرىگىلا خاس.

مەن ماقالەمدە مۇكەممەللىك تەلىپىنى ئاپتور ئېيتقاندەك ئۇنداق يالغاچ – قوغالتاق مەنىدە قويغان ئەمەسمەن. بەلكى «مۇكەممەلرەك، خېلى مۇكەممەل» دېگەندەك سېلىشتۇرما دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىگەن ئىدىم» .تارىخي شەخسلەرنىڭ مۇكەممەلرەك پورتىرېتىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ناھايىتى مۇشەققەتلىك ئەمگەك» «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇكەممەلرەك سۆرىتىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ھەققىدە» «تارىخي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئەسلىي چىن مەنىسى، شۇ تارىخى شەخسلەرنىڭ خاراكتېرىنى مۇكەممەلرەك ئىپادىلەپ بېرىدىغان قىياپەت بىلەن ئەكس ئېتىشى كېرەك» دېگەندەك.

تەرەققىيات نۇقتىنەزەرىدىن قارىغاندا تارىختىن بۇيان ھەر بىر يېڭى شەيئىگە مۇكەممەللىك تەلىپى قويۇلۇپ كەلدى.
چۈنكى ھەرقانداق شەيئى بالداقمۇ – بالداق تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. بۇ خۇسۇستا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «نە ئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۆتەر، تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار» دەپ مۇكەممەللىك سۆزىنى ساپ تۈركىي تىلىدىكى «تولوقلۇق» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. دېمەك، مۇكەممەللىك تەلىپىنى قويۇش تەرەققىياتنىڭ، يۈكسەكلىككە قاراپ ئىلگىرلەشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىششى مەڭگۈلۈك دىئالېكتىك جەريان. ئىجادىيەتتە قانچىلىك ئۈيغۇنلۇق ۋە چىنلىق ئەكس ئەتتۈرۈلسە، شۇنچىلىك مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. يۇقارقى ئىككى ئەسەردە تارىخي چىنلىق ھەرگىزمۇ ئەكس ئەتمىگەن.

***كىيىم – كېچەك مەدەنىيەتىدىكى ياتلاشتۇرۇش***

دەۋىر ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىق ھەققىدە پىكىر قىلغاندا، كىيىم – كېچەك مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تۈرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە تارىخي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى يورۇتۇشتىمۇ قەتئىي ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنىڭ بىرى.

ئىككى ئالىمنىڭ پورتېرتى نامىدا سىزىلغان ئىككى سۆرەتتە دەل دەۋر ئالاسدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىقنىڭ يارقىن جۇلاسى بولمىش كىيىم -كېچەكلەردىن يۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇلغان. مەن ئىلگىرىكى ماقالەمدە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە كەسپىي ۋە ئەمەل كىيىمى سۈپىتىدە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ساۋۇت، دۇبۇلغىلارنى ھەمدە «يۇغرۇش»نىڭ ئەمەلدارلىق باش كىيىم ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىدە ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەلدارلىق

سالاھىيتىنى ئىپادىلەيدىغان مەخسۇس ئەمەل – مەنسەپ كىيىملىرى بولغانلىقىغا ۋە ئۇنى ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ مۇنتىزىملىقىغا پاكىت قىلىپ كۆرسەتكەن ئىدىم. ماقالىدا بۇ دەلىللەرنى يولسىزلىق بىلەن ئۆزگەرتىپ: «ئالىملار... بېشىغا قار يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يىپەك كۇنلۇك تۇتۇشى كېرەك ئىدى، دېگەن. بۇ يەردە ئاپتور ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ تالا – تۈزگە چىققاندا، ئاممىۋىي سورۇنلارغا بارغاندا ياكى شكارغا چىققاندا بېشىغا كۇنلۇك (سايىۋەن) تۇتىدىغانلىقىنى، ئوردا ئىچىدە بولسا مۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ئويلىمىغان» دەيدۇ. مەن ماقالەمدە ھېچقاچان، ئالىملار ئوردىدا كۇنلۇك تۇتۇپ يۈراتتى دېگەن گەپنى قىلغان ئەمەسمەن. پەقەت» يۇغۇرۇش» نامدىكى ۋەزىرنىڭ باش كىيمگە قارا رەختتىن كۇنلۇكسىمان ئەمەل بەلگىسى تۇتۇلاتتى دەپ مىسال ئالغان. شۇڭا، ياندا مۇلازىملار تۇتۇپ ماڭىدىغان كۇنلۇك بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي تىلغا ئالغان باش كېيىمگە تۇتۇلغان كۇنلۇكسىمان دەرىجە كېيىمنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىزگە قالدۇرغان مەلۇماتىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى مۇنداق دەيدۇ» :يوغرۇش، تۈركلەردە ئاددى خەلق ئىچىدىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم. پارس ۋە باشقىلارغا ھەرقانچە چوڭ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ كەتسىمۇ بۇ ئۇنۋان بېرىلمەيدۇ، ئۇ خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا قار – يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يىپەك كۇنلۇك تۇتىلىدۇ».[4]بۇ پاكىت بىزگە خاقانىيەدە مۇنتىزىم ئەمەل- دەرىجىنى ئىپادىلەيدىغان مەرتىۋە كىيىملەرنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىلمىي مەسىلىدە پاكىتقا كۆز يۇمۇۋېلىش سەممىيەتسىزلىك بولىدۇ. ئالىم فوئاد كۆپرۈلۈ بۇ مەلۇمات ھەققىدە پىكىر قىلىپ: «بىز بۇ ئىپادىدىن ئۇلارغا بېرىلگەن بايراقنىڭ ھەتتا كىيدۈرۈلگەن خىلاتنىڭمۇ قارا رەڭلىك يىپەكتىن تىكىلگەن، دېگەن نەتىجىگە كېلەلەيمىز»[5]دەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىنىڭ »يۇغۇرۇش» نامدىكى ۋەزىرى بولمىسا، نېمىشقا ئۇلارنىڭ بېشىغا قارا يىپەكتىن كۇنلۇك تۇتۇلىشى كېرەك ئىدى دېيىلىدىكەن.

مەھمۇد كاشغەرى خاقانىيە دەۋرىدىكى كېيىم- كېچەك ۋە شاھزادىلارنىڭ ياسىنىش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. بۇلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورتېرىتىنى تۈرغۈزۈشتا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مەنبە ئىدى But» .بۇت، بىر خىل قىممەتلىك چوڭ يېشىل چەش (پېروزە) بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ. » (3 – توم 166 – بەت) ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى دېگەن شاھزادە، بەگزادە، مەلىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى قايتا-قايتا كۆرۈپ دەلىل ئىزدىدىم دېگەن رەسسام، بۇ قىممەتلىك مەلۇماتنى نېمە ئۈچۈن ئېتىبارغا ئالمىغاندۇ. ئەگەر بۇ يېشىل ياقۇت مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ماڭلىيىغا تاقالغان بولسا، مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن

دەۋىر ئالاھىدىلىكى، شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سالاھىيتى بىر قەدەر يۇقىرى دەرىجىدە جۇلالانغان بولاتتى.

بىز بۇ يەردە يەنە مەھمۇد كاشغەرىي مەلۇمات بەرگەن خاقانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم- كېچەك ئۆرنەكلىرىدىن مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى.

»يېشىل رەڭلىك تون، يېشىل تون» (1- توم 57- بەت(،» ئۆز» نى ئىزاھلاپ «كەمزۇلنىڭ قولتۇقى» دەيدۇ. (1- توم 65- بەت) ئىچۇك- ئىچىك، بۇلغۇن، سۆسەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، (1- توم 93- بەت(،» زەرباب – چىندا ئىشلەنگەن قىزىل رەڭلىك، زەر بېسىلغان يىپەك رەخت» (1- توم 416 -بەت)، «ياقا – كىيىمنىڭ ياقىسى» (3- توم 30 بەت)، «قۇلاق تون – قىسقا يەڭلىك تون -1) «توم 498- بەت)، «بارتۇ – كەمزۇل، قىسقا پەلتۇ» (1- توم 543- بەت)، «قوتۇرما بۆرك – قايرىما بۆك، ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدە قايرىمىسى بولغان قالپاق. (1- توم -638 بەت)، «سوقارلاپ بۆرك – ئۇزۇن قالپاق» (1- توم 642- بەت)، «قىزغىلىغ بۆرك – قېيىقلىق بۆك، جىيەكلىك بۆك» (1-توم 646- بەت)، «تىزىلدۇرۇق – ئۆتۈكنىڭ تۇمۇشىقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەر» (1- توم 686- بەت)، «ساقالدۇرۇق – ئىڭەكباغ، بۇ يىپەكتىن توقۇلغان بولۇپ، قالپاقنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىڭەكتىن قوشۇپ باغلاپ قويۇلىدۇ. » مەھمۇد كاشغەرىيدەك يۇقىرى نەسەبلىك شاھزادىلەر يۇقارقى كىيىم- كېچەك ئۆرنەكلىرىنىڭ قىممەت باھالىقلىرىنى ئېلىپ كىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇ. بىز «بارتۇ» دەپ ئاتالغان قىسقا كەمزۇلنىڭ نامىنى كۆرگەندە، كۆز ئالدىمىزغا كۈچا مىڭ ئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە ئېسىلزادىلەر كەيگەن مۇنۇ كەمزۇللار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. يۇقارقى «بارتۇ» - كەمزۇل، روسلارغا ئۆتۈپ «پەلتو» بولغان، بىز روسلاردىن قوبۇل قىلىپ «پەلتۇ» دەپ ئاتاۋاتىمىز. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ئەللەرگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى تەمىنلەيدۇ. ( رەسىم كىرىشتۈرىلىدۇ(

بۇ تېخى مەھمۇد كاشغەرىيدىن 2، 3 ئەسىر بۇرۇنقى مەدەنىيەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي مانا شۇ كەمزۇللارنى، قىسقا يەڭلىك» قۇلاق تون» ئالدى- ئارقىسىدا قايرىمىسى بولغان بۆرك ۋە كەمچەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن جىيەك تۇتۇلغان «قىزغىلىغ بۆرك – تۇماق» لارنى كەيگەنلىكىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىمىز. مانا بۇلار دەۋر ئالاھىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان مەنبە ئىدى. مەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۈچىسىغا يۇقارقى كىيىملەرنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاپتورنىڭ ئىككى ئالىمنىڭ رەسمىنى سىزىپ چىقىشتىن بۇرۇن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى قايتا- قايتا ئوقۇغانلىقىدىن شۇبھىلەندىم.

مەھمۇد كاشغەرى «ئاياغ» دېگەن سۆزگە لەقەم – ئۇنۋان دېگەن ئىزاھاتنى بەرگەن. (3- توم 236 – بەت) «ئايادى» دېگەن سۆزنى ئىزاھلاپ: خان ئاڭا ئاياغ بەردى – خان ئاڭا لەقەم – ئۇنۋان بەردى، (1 – توم 358 – بەت) دەيدۇ .قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇنۋان بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مەرتىۋىسىگە ئاساسەن تون، ئات، تامغا بېرىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇنۇ مەلۇماتى بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى بولىدۇ: «ئاياغ بەردى تامغا ئات ئۇستەم، كەدۇت»⑥. بۇ مىسرانىڭ كېڭەيتمە مەنىسى: كۆن تۇغدى ئىلىگ ئۆگدۈلمىشكە ئۇنۋان بېرىپ، قوشۇننى تاپشۇردى، ئەمەلگە مۇناسىپ تامغا، ئات ۋە تون ئىنئام قىلدى، دېگەنلىك ئىدى. يۇقارقى مەلۇماتلارغا ئاساسەن قارا خانىيلاردا مەخسۇس ئەمەل – دەرىجە كېيىملىرى بولىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايمىز .ۋاھالەنكى، ھېچقانداق بىر جايدا «خان سەللە بەردى» دېگەندەك بىرەر ئۇچۇرمۇ بەرمىگەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرى ماددا سۆزلۈكىدە بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرمىگەنلىكىدىن، سەللىنى ئۆز دەۋرىدىكى دىنىي ئۆلىمالار قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئوردىدا سەللە ھېچقاچان بىرەر ئەمەل دەرىجىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە بولمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپقا، مەھمۇد كاشغەرىگە سەللە ئوراپ قويۇپ، ئۇنى شاھزادىلار قاراخانىيلار ئوردىسىدىكى ئۇلۇغ خاس ھاجىپلار كىيىدىغان خاس مەرتىۋە كىيىمى ئورنىدا قوبۇل قىلىنىشى رەسسامنىڭ ئۆز خائىشى بويىچىلا ئىش قىلغانلىقى بولىدۇ.

قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدىغان يەنە بىر نۇقتا بار ئىدىكى، بۇ مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك خاراكتېرىنى، مىللىي مەدەنىيەتنى جان تىكىپ قوغدايدىغان روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. مەن ئۆتكەنكى ماقالەمدە «يەلمە» دېگەن يەڭسىز تون ھەققىدىكى ئۇچۇرنى تىلغا ئېلىپ، بۇنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەرەپ، پارسلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم- كېچەك مەدەنىيتى سېلىشتۇرمىسىدا كوزۇر قىلىپ كۆرسەتكەن ئۆرنەكلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەنىدىم. تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىكىر قىلغاندا مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار شۇنچىلىك مەغرۇر ئالىملاردىن ئىدىكى، مىللىي مەدەنىيەتنى ھەرگىزمۇ ئەرەپ، پارىسلارنىڭ مەدەنىيتىگە تېگىششىنى خالىمايتتى. تۈرك- ئۇيغۇر مەدەنىيتنى ئەرەپ- پارس مەدەنىيتىدىن ئاللا قاچان يۇقۇرى قوياتتى. شۇنداقلا تۈرك- ئۇيغۇرلارنى ئەرەپ، پارسلاردىن ئۇلۇغ بىلەتتى .ئەرەپ- پارسلارنىڭ گۈپپاڭچىلىرى ئەمەس ئىدى، مەيدانى مۇستەھكەم، گىگانىت ئالىملاردىن ئىدى. تۆۋەندىكى شېئىر بۇنىڭغا پولاتتەك پاكىت بولىدۇ.

قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونىسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،

بۇنىڭدىن باشقىسىگە ئاشمايدۇ.

-1)توم، -456 بەت(

ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، يۇقارقى شېئىر ئەرەپ خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىنغان كىتابقا كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلەردىن مىساللار كەلتۈرۈلۈپ، تەڭرى بىزنى ئۇلۇغلىغان، ئەزىزلىگەن دەپ ئىپتىخارلىنىدۇ، بۇ ئۇلۇغلۇق مەدەنىيەت جەھەتتىكى، مىللىي روھتىكى ئۇلۇغلۇق ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرى مانا شۇ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كىگانىت قوغدىغۇچىلىرى، مىللىي روھنىڭ ئاۋانگارت ئىجراچىلىرىدىن ئىدى. ئۇلار ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تۈرك –ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنى يۇتۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مۇستەھكەم مەنىۋى سېپىل سوققان .دەھشەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ئەرەبلەشتۈرۈش دولقۇنىغا توغان ئورناتقان ئۇلۇغ سەركەردىلەردىن ئىدى.

بىزنىڭ بۇ پىكرىنى قويۇشمىزدىكى مۇددىئا شۇكى، ئۆزىنىڭ مىللىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى شۇنچە ئۇلۇغ بىلىدىغان بىر ئالىم ئۆزىگە، مىللىي مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ بولمىغان كېيىملەرنى كېيىپ، ئۆزىنىڭ قىممەت قاىشى، ئەقىدىسىگە مۇخالىپ يول تۇتارمۇ؟ بىز ئۇ لۇلۇغ ئالىملىرىمىزنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە بولغان ئۆزلۈك ئەقىدىسى ۋە نازۇك تاللاشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشىغا، ئەقىدىسىگە مۇخالىپ ھالدا مىللىي مەدەنىيەتتىن ياتلاشتۇرىۋەتسەك ئۇ ئالىملارغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز.

### *سەللە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي باش كىيىمى ئەمەس*

مەن ماقالەمدە سەللە مەسىلىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان ئىدىم. چۈنكى كېيىپ ئېيتىشقا بولىدىغان تارىخىي پاكىت شۇكى، سەللە ھەرگىزمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي مىللى باش كىيىمى ئەمەس، ئۇ سېپى ئۆزىدىن ئەرەپلەرنىڭ» يالدامىسى» شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى. «سەللە» پارس تىلىدىن كىرگەن سۆز، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە «ئەرەپچە سۆز» دېگەن بولسىمۇ، ئەرەپچە مەنبەلەردە «ئەلئىمامە» دېيىلىدۇ. سەللە يەنە (دەستار) دەپمۇ ئاتىلىدۇ) .دەستار ھىندى تىلىدىكى سۆز بولۇپ، ئىسلام دىنى بىلەن ھىندى دىنىنى بىرلەشتۈرمەكچى بولغان تاناك (1469 – 1539) قۇراشتۇرۇپ چىققان ئاتالمىش «سىخ» دىنىدىكىلەر كىيىدىغان باش كىيىم) ⑦ دېيىلگەن. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە: «سەللە ناماز ئوقۇغاندا ئەر كىشىلەر بېشىغا يۆگەيدىغان ئۇزۇن ئاق رەخت» (1999 – يىلى 1 – بېسىلىشى 622 – بەت) دېيىلگەن. ھاجى ئەبدۇلئەزىز ئەلى ئارقان«مۇقامچىلىقتا سەللە مەسىلىسى»دېگەن ماقالىسىدا ئىبنى قەييۇم ئەلجەۋزىنىڭ «ئاخىرەتلىك ئوزۇق تۈلۈك «دېگەن كىتابىدىن نەقىل ئېلىپ: «ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سەللە كىيەتتى، ئۇ

ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سەللىسىنى كۆيئوغلى ئەلى كىيگەن⑧دېگەن مەلۇماتنى بېرىدۇ. يەنە ھەدىسلەردە «پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا قارا رەڭلىك سەللە كىيگەنلىكىنى ۋە پەتلىسىنى ساڭگىلىتىپ قويىدىغانلىقىنى، باشقىلارنىمۇ سەللە يۆگەشكە رىغبەتلەندۈرگەنلىكىنى بايان قىلغان⑨. گاھى دەۋرلەردە سەللە يۆگەش، ئۇنىڭ رەڭگى، يۆگەم سانى مەزھەپكە مۇناسىۋەتلىك بولغان. سۈنئى مەزھەپدىكىلەر تۆت خەلىپىگە سىمۋول قىلىپ تۆت يۆگەم ئورىغان ، قارا ياكى يېشىل رەڭلىك سەللە شىيە مەزھەپدىكىلەرنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇلار 12 ئىمامغا سىمۋول قىلىپ 12 ئۆرۈم قىلىپ سەللە يۆگىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، سەللە روشەن ھالدا دىنىي ئىسلامنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى. ئاپتور دىنىي ئۆلىما ئائىلىدىن كېلىپ چىققان ۋە ئۆزى خەتمدە تۇرغان تۇرۇقلۇق سەللىنى: «سەللە باي – كەمبەغەللىكنىڭ ياكى ئەمەلدار بىلەن پۇقرانىڭ ئايرىمىسى ئەمەس» دەيدۇ، ئۇنداق بولسا سەللە زادى نېمىنىڭ بەلگىسى؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىگە كىيدۈرۈلگەن سەللە ئاپتور ئېيتقاندەك ئەمەلدارلىقنىڭمۇ بەلگىسى ئەمەس، دىنى كامىللىقنىڭ بەلگىسىمۇ ئەمەس ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇ ئالىملارغا كىيدۈرۈلگەن سەللە ئاپتورنىڭ كۆرسىتىشىچە بولغاندا پەقەت «سالاپەتلىك كۆرسىتىش» ئۈچۈنلا قوبۇل قىلغانمۇ؟ سەللىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا، دىنىي سالاھىيەتنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە سۈپىتىدە ئومۇملاشقانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ .يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرى بېشىغا يۆگەلگەن سەللىنىڭ پەتلىسىنىڭ ئىككى خىل ھالەتتە بولىشى كىتابخانلارنىڭ ئېڭىدا يەنە بەزى سوئاللارنى تۇغدۇردى. بىراق ماقالىسا بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان، شۇنداق بولسىمۇ بىز يەنە بىر قېتىم سوراپ باقايلىكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى سولدىن چۈشۈرۈپ، ئوڭ مۈرىسىگە ئارتۇلدۇرۇلىشى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى قۇتبىگە چىققان ئىماملارنىڭكىدەك مۈرىسىدىن ساڭگىلىتىشىنىڭ ھېچقانداق مەناسى يوقمۇ، ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قۇتبىگە چىققان ھالىتىنى ئىپادە قىلامدۇ؟ مەھمۇد كاشغەرىچە پەتلىنى بىز پارىس رەسساملىرىنىڭ قولىدىن چىققان رەسىملەردىنلا كۆرەلەيمىز، ئۇنداقتا بۇ بىر تەقلىدمۇ؟ بىر دەۋر تۇغقان قوشكېزەك ئالىملارنىڭ سەللە ئورىشى ۋە بۇ سەللىلەرنىڭ ئالاھىدە پەرقلىق بولىشى ھەرگىزمۇ نورمال ئىش ئەمەس.

100يىلنى 1000 يىلغا بىرلىك قىلىش ئىلمىيلىك ئەمەس

ماقالىدا ئاپتور يەنە شۇ سەللە توغرىسىدا پىكىر قىلىپ، ئىلمىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا سەللىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كېيىم- كېچەكى كاتاگورىيىسىدە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇنداق بىمەنە ئاساسلاردىن كۆرسىتىدۇ: «سەللە باش كىيىم كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ، بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار بېشىغا سەللە ئوراپ
ئادەتلەنگەن....

بۈنىڭدىن تەخمىنەن 100 يىللار ئىلگىرى تارتىلغان فوتو سۈرەتلەردىن مەن ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتلىرى يالاڭ ئاياغ، كىيىملىرى جۇل – جۇل بولسىمۇ، بېشىدا سەللە بارلىقىنى كۆرگەن»دەپ ئارقىدىن كىچىكىدە كىشلەرنىڭ بېشىغا سەللە ئورىغانلىقىنى كۆرگەنلىكى توغرىسىدا بىر قاتار گەپلەرنى قىلىدۇ. دېمەك، ماقالىدا تىلغا ئالغان «بۈرۈن» ئەمەلىيەتتە 60- 100 يىل بۈرۈنقى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى ئىكەن. ئاپتور كۆزدە تۇتقان بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت جەھەتتە ئىنتايىن زەئىپلەشكەن، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي روھتىن زور دەرىجىدە چېكىنگەن، «قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالدۇق ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن» دېگەندەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالغان دەۋر ئىدى. قارخانىيلار دەۋرى دېگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بۈيۈك چوقا، مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىي زەنجىرىنىڭ ئالتۇن ھالقىسى، مىللىي ئاڭ ، مىلىي مەدەنىيەت بۇلغانمىغان، شالغۇتلاشمىغان دەۋر. بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار قويىندا بۈرۈن ئېيتىدىغان يىپەك قولياغلىق ساقلايدىغان، قولغا پەلەي سالىدىغان، ئۆتۈكنىڭ پاشنىلىرىغا ھەرخىل تەڭگىلەردىن زىننەت قويىدىغان، ياستۇق قېپى، تام چارشاپلىرى، زەدىۋاللىرى، دەستۇرخانلىرىغا ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرىنى چۈشۈرۈپ كەشتە ئىشلەيدىغان، كەمەرلىرىگە ئالتۇن، كۈمۈشتىن توقا بېكىتىدىغان، ئۆتۈككە پىتەك سالىدىغان، خۇرجۇنلارنىمۇ كەشتە بىلەن زىننەتلەيدىغان، ئېپار ۋە باشقا خۇشپۇراقلارنى ئىستېمال قىلىدىغان، دەزمال بىلەن كىيىملەرنى قاتۇرۇپ كىيىدىغان مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇرلاردىن بولغان. بۇنى قانداقمۇ پۇتى يالاڭ ئاياغ قالغان، جۇل – جۇل كىيىمگە ئورالغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىل باش كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيىشكە قۇربىتى يەتمەي بىر مېتىر، يېرىم مېتىر ماتا ۋە داكىنى بېشىغا يۆگىۋېلىشتىن باشقا ئامالى قالمىغان دەۋردىكى كىشلەرنى سېلىشتۇرغىنى بولسۇن. ئەگەر بىز 100 يىل بۈرۈنقى ئۇيغۇر پۇقرالىرىنىڭمۇ سەللە ئورىۋېلىشىنى مىللىي ئاڭنىڭ ئەمەس، پەقەت دىنى ئاڭنىڭ ئىپادىسى ئىدى، دەپمۇ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن. تارىخنىڭ ھېچقانداق بىر باسقۇچىدا سەللە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىم- كېچەك مەدەنىيتى قاتارىدا ئومۇملاشقان ئەمەس .كىيىم – كېچەك مەسىلىسىدە ھەتتا قارا خانىيلاردىن كېيىن ئەڭ گۈللەنگەن تۆمۈرىلەر دەۋرى ۋە سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تۇرمۇش، كىيىم – كېچەك ئادىتىنى قارا خانىيلارغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ تارىخنى دەللەشكە ئۇرۇنۇش يەنىلا ئىلمىي پىرىنسىپقا مۇخالىپ كېلىدۇ.

ئاپتور ماقالىسىدە خۇددى بىرەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا غىزادا بىللە ئولتۇرغاندەك «تارىختا ئۆتكەن شاھلارنىڭ رەسىملىرىگە قارىسام ھەممىسىنىڭ بېشىدا سەللە بار ئىكەن، شاھلار، شاھزادىلەر، ئېسىلزادىلەر، ۋەزىر – ۋۇزرالار ئائىلىسىدە تاماققا ئولتۇرغاندا، ئارام ئالغاندا، ئۇخلىغاندا بېشىدىكى سەللىسىنى قوزۇقتا ئاسىدۇ» دەيدۇ. لېكىن بۇ يەردە قايسى ئەلنىڭ، قايسى دەۋرنىڭ پادىشاھلىرىنى كۆزدە تۇتىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالمايدۇ.

دۇنيا تۈركلوگ ئالىملىرى ئورتاق ئېتراپ قىلغان تارىخىي پاكىتلاردا قارا خانىيلارغىچە بولغان نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىدە ھېچقانداق تۈرك-ئۇيغۇر شاھلىرىنىڭ سەللە ئورىغانلىقىغا دائىر مەلۇمات يوق. ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ، كۆك تۈرك خانلىرىنىڭ قارا خانىيلار خاقانلىرىنىڭ، كۇچا پادىشاھلىرىنىڭمۇ ئىزچىل ئالتۇن تاج كىيگەنلىكى ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاندى، ھەم ئۇ تاجلار مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى. بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نادىر ئۈلگىلىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن داستان، چۆچەكلەردە خەلقىمىزنىڭ پادىشاھلىرىنى ئالتۇن تاجلىق ھالەتتە كۆرگەنلىكىنى بىلىمىز. قارا خانىيلار دەۋرىدىن ئۆچۈر بېرىدىغان «قۇتادغۇبىلىگ» ئەسىرىدىمۇ ئالتۇن تاج ھەققىدە روشەن مەلۇماتلار بار.

213
قوڭۇر يەر تېگىدە ئالتۇن ئىدى تاش،
گەر چىقسا بەگلەرگە بولۇر باشقا تاج.

*تەڭرىقۇت تاجى*

دېمەك ، ئەلۋەتتە يۇقىرىقىدەك پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلماسلىق ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش توغرا ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس.

دۇم كۆمتۈرۈلگەن ئېرقىي ئالاھىدىلىك مەسلىسى
بۇ يەردە يەنە ئاپتورنىڭ ئەڭ پرىنسىپال يەنە بىر ئىلمىي سەۋەنلىكنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەت. ئاپتور ماقالىسىدە: «مەندەك بىر كەسپىي رەسسام ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىن يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوبرازلارنى بايقاش بۇلارنى مۇۋاپىق ھالدا بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق قىلغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئۇنچە تەسكە توختىمىدى» دەيدۇ. بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنى، 1000 يىل بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پورترىتىنى تۈرغۇزۇشتا، ھازىرقى زامانىدىكى ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن پىروتوتىپ بولىدىغان ئادەملەرنى ئاساس قىلىپ سىزىپ چىققانلىقىنى ئۇقتۇلى بولىدۇ. ئاپتور بۇنداق ئىلمىي بولمىغان ئۇسۇلنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورترېتىنى سىزىشتىمۇ قوللىنىپ، زامانىمىزدىكى يەنى ئوپالنى مەركەز قىلىپ قەشقەردىن «ئوبراز» ئىزدىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ، «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پوترېتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدە: «بۇ ئالىمنىڭ ئوبرازىنى شۇ ئالىم ياشىغان ماكان ۋە شۇ ماكاندا ھازىرغا قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئالىمنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى ئارىسىدىن ئىزدەش لازىم دەپ قارىدىم، ھەمدە مەقسەتلىك ھالدا

يالغۇز ئوپال يېزىسىنىلا ئەمەس، بەلكى قەشقەر رايونىنى ئارىلىدىم. پىشقەدەم ئۆلىمالار، ياشانغان كىشىلەر ئارىسىدىن تېپىلىپ ئوبرازلارنى بايقاش يولىدا ئىزدەندىم»[10]- دەيدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، تارىخقا مۇشۇنداق مەسئۇلىيەتسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئوبراز يارىتىشتا زامان ۋە ماكان بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆز يۇرتىدىكى 21 – ئەسىردە ياشاۋاتقان قوپقارا ساقاللىق، قار كۆزلۈك، قاڭشارلىق، تەمبەل ئادەمدىن بىرنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى پىروتوتىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا قايسى دەۋرنىڭ كىيىم پوسۇنى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان غەيرىي فورمىدىن بىر كىيدۈرۈپلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورتېرتى، دەپ، ئۇنى: «غەيۇر شاھزادە، ئىلىم – ئېرپاندا كامالەتكە يەتكەن زات
ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغاندىن باشقا ساغلام بەدەن، پۈتكۈل جىسمى كۈچ – قۇدرەتكە تولغان باھادىر» ئوبرازى دەپ تەرىپلەپ كۆرسەتكەن. بۇ ئۇسۇلنى ئىلمىي قانۇنىيەتتىن ئازراقلا خەۋىرى بار ھەرقانداق بىر ئادەم ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىلىم ساھەسىگە كۈندۈزدەك روشەنكى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار ياشىغان 11 – ئەسىردىن ھازىرغا قەدەر مىڭ يىل مۇساپە ئۆتتى. بۇ جەرياندا تەبئىي قانۇنىيەت بويىچە 30 ئەۋلاد يېڭىلاندى. بۇ مەسىلىنىڭ ئاددىي تەرىپى، نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدىغان ناھايىتى مۇھىم خاراكتېرلىق بىر مەسىلە بار. ئۇ بولسىمۇ، قارا خانىيلار دەۋرىدىن 20 – ئەسىرنىڭ بېشىغا قەدەر تەبئىي مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى، يېمەك- ئىچمەك ئادىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ياشاش شارائىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ، ئەڭ ماھىيەتلىك بولغىنى، ئۇيغۇرلار 1000 يىل مابەينىدە كۆپ قېتىملىق ئېتنىك يۇغۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈردى .نەتىجىدە ئىرقى تىپىدا بەلگۈلۈك ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ، ئىككى مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەجدادلىرى بۈگۈنكىدەك قارا چاچ، قارا كۆز، قارا ساقال بولماي، بەلكى قىزغۇچ ۋە قوڭۇر چاچ، كۆك كۆز بولغانلىقى مەلۇم. مەركىزى ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمقى ئاھالىسىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان كىرورەن ئانا تىپىك ئاق جىنسلىق ئەجدادلاردىن ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى دەپ قارالغان ئوغۇزخانغا باغلانغان ئىرقىي تىپ ساپ ياۋرو ئاق جىنسلىق تىپىدىن ئىدى» .ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخان ۋە ئوغۇزخاننىڭ ئاياللىرىنىڭ تەسۋىرىدە «كۆزلىرى كۆك» ئىدى دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە تارىخىي ھۆججەتلەرگە مۇراجەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر لى بەي ئۆزىنىڭ « شاڭيۈن غەزىلى(上云乐) «دېگەن شېئىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىنى «قاڭشىرىدۇر خۇددى ئۇيۇلتاش ، كۆكۈش كۆزلىرى مىسالى قۇياش ، سېرىق چاچلىرى ئالتۇنغا رەڭداش ، كالپۇكى قېلىن ، قېشى قەلەمقاش»11دەپ سۈرەتلەپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرك ئىرقىغا كىرىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن.
– 1082يىلى يەركەندە پۈتۈلگەن بىر قانۇنىي ھۆججەتتە تىلغا ئېلىنغان سوتقا گۇۋالىققا

چاقىرتىلغان بىر كىشىنىڭ قىياپەت تەسۋىرىمۇ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا: « بۇ كىشىنىڭ تېرىسى ئاق ، بەدىنى تولۇق ، ساقىلىنى چۈشۈرىۋەتكەن ، بۇرۇتلۇق ، يايما چاچ ، گۆرەنلىك ، كۆك كۆز»(12) ئىكەنلىكى ئېنىق خاتىرىلەنگەن . مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقىي تىپى توغرىسىدا مەشھۇر تۈرك تارىخچىسى ئائىل چەچەن »ئۇيغۇر تۈركلىرى ئوتتۇرا بويى ، ئۇزۇن ۋە سېرىق چاچلىق ، قاڭشارلىق ۋە كۆك كۆزلۈك بىر قەۋم سۈپىتىدە تونۇلغان . كىيىملىرى ئومۇمەن بوزقىر تىپىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادە قىلاتتى . » دەيدۇ .(13) 957 – يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرىدىن ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى مەھمۇد ئەل ئىستەھرى ئەل پارىسىنىڭ«مەسالىك ئەل مەمالىك»دېگەن جۇغراپىيە كىتابىدا غەربىي تۈركلەر بولۇپمۇ ھازارلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن ۋە «ھازارلار تۈركلەرگە ئوخشمايدۇ قارا چاچلىقتۇر»(14)دەيدۇ . بۇ بايانلاردا ھازارلارنى قوڭۇر ياكى ساغۇچ چاچلىق ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىغا سېلىشتۇرما قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. بىز يەنە گ . گارژىمايلونىڭ«موڭغۇلىيىنىڭ غەربى ۋە ئۇرۇتقاي چېگرا رايونى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنى يۈزى سوزۇنچاق، رەڭگى ئاق، كۆزلىرى كۆكۈش دەپ يازغانلىقىنى، جۇڭگو تارىخچىلىرىدىن ئاۋياڭشيۇ «يېڭى تاڭ يىلنامىسى قىرغىزلار ھەققىدە قىسسە»دېگەن ئەسىرىدە، ئۇغۇرلارنىڭ چىرايىنى ئاق سۆزۈك، بۇرنىنى قاڭشارلىق، چېچىنىڭ قىزغۇچ رەڭلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى بىلىمىز. شۇنداق ئەھۋالدا بىز دۇنياغا غازىكام سىزىپ چىققان يۇقارقى ئىككى ئەرەب قىيەپەتلىك ياكى ھازىرقى زاماندىكى بىرەر مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى سالاھىيەتلىك بۇ سۈرەتلەرنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىمىز؟

بۇ يەردە رەسسام ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىيە دەۋرىدىكى مۇھىم مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ياتلاشتۇرغان يەنە بىر مەسىلىنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈر .مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار، ئومۇمەن ئۇزۇن چاچ قوياتتى، بېشىنى يالاندىدەك چۈشىرىۋەتمەيتى. بۇ خۇسۇستا تارىخى پاكىتلارمۇ بار، مەھمۇد كاشغەرىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. مەھمۇد كاشغەرى «سولۇندى» دېگەن سۆزگە «ئەر كىشلەرنىڭ ئارقىسىغا ساڭگىلىتىۋالىدىغان چېچى» دەپ ئىزاھات بەرگەن، بۇ سۆزنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ :«بۇ سۆزنىڭ ئەسلى ‹سالىندى نەڭ› (ساڭگىلىغان نەرسە) بولۇپ،» بۇ چىرايلىق ئىبارە ئەمەس» دېگەن. (1- توم، 587- بەت) مەھمۇد كاشغەرى «تۈركمەن «رىۋايىتىنى سۆزلىگەندە :«زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلەرنى كۆرۈپ، بۇلار تۈرككە ئوخشايدۇ دەيدۇ» دەيدۇ. (3- توم 566- بەت) (بۇ رىۋايەتتە تۈركلەرگە خاس بەلگىلەرنىڭ مۇھىم نىشانى سۈپىتىدە «ئۇزۇن چاچ قويۇش» نى كۆرستىدۇ. ئارخىئولوگىيەلىك بايقاشلاردىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك روشەن بولماقتا). يىراق قەدىمكى دەۋردە ئۇزۇن ئۆرم چاچ قويۇش ئادىتى ئايالاردىلا بولۇپ

قالماستىن، بەلكى تۈركىي خەلقلارنىڭ ئەرلىرىدىمۇ ئۆزۈن تارىخقا ئىگە بىر ئەنئەنە بولغانلىقى مەلۇم. هونلاردا دىڭلىڭلاردا، سۈي، تاڭ دەۋرىدە تېلىلار ۋە خۇيخېلاردا، تۈركلەردە، تارىم ئويمانلىقىدا، تەڭرىتاغ، ئالتاي تاغ ئېتەكلىرىدە ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىللىق قوۋملاردا، ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ساكلاردا زور دەرىجىدە ئومۇملاشقان ئەنئەنە ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلەردىمۇ ئۆرمە چاچ مەدەنىيتى تىلغا ئېلىنغان، «يېڭى تاڭنامە . تەيزۇڭنىڭ خانزادىلىرى تەزكىرىسى» دە تۈركلەر «قوي تېرىسىدىن كىيىم كىيگەن، ئۆرۈم چاچ قويغان. بەش ئادەمنى بىرلەشتۈرۈپ بىر گۇرۇپپا دەپ ئاتايتتى» دېيىلگەن.

»كونا تاڭنامە» 199- جىلد «تېلىلار تەزكىرىسى» دىكى بايانلاردا «ئۇيغۇرلار ئۆرۈم چاچ قوياتتى» دېگەن مەلۇماتلار بار. بۇ خىل ئادەت تاكى قاراخانىيلار دەۋرىگىچە داۋاملاشقان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار بۇ ئەنئەنىگە ۋارسلىق قىلغان. بىراق رەسمدە بۇ خىل ئالاھىدىلىك زادىلا ئېتىبارغا ئېلىنمىغان. بۇ تارىخىي پاكىتلار بىزگە ، تارىخىي مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا رەسساملىق نۇقتىئىنەزىرى بىلەنلا ئەمەس، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراشنىڭ تەخىرسىز ئىلمىي زۆرۈرىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

*پەن – تېخنىكىنىڭ قۇدرىتىگە سەل قارىماسلىق كېرەك*

مەن ئىلگىرىكى ماقالەمدە: «ئەگەر مۇمكىن بولسا ئىدى» دېگەن ئۈمىد تۇيغۇسىدىن چىقارغان ئىككى ئالىمنىڭ ئۇستىخان – سۆڭەكلىرىگە ئاساسەن پورتېرىتىنى تۇرغۇزۇپ چىقساق بۇنىڭ دۇنيا ئىلىم ساھەسىنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولاتتى، دېگەن ئارزۇيۇم بۇرمىلىنىپ، پىكىرىمنى ھۆكۈم خاراكتېرىدە ئۆزگەرتىپ: «ئالىملارنىڭ باش سۆڭىكىنى قېزىپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى تۇرغۇزۇش كېرەك» دېدى، دەپ ئارقىدىن بۇ خىل تىرىشچانلىق سەنئەت ئاناتومىيىسى ئىلمىنى ئاساس قىلغاندا ھېچ نەرسىنى ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ ۋە «تارىختا ئۆتكەن مۇتلەق كۆپ ساندىكى زاتلارنىڭ رەسمىنى سىزغاندا قەبرىنى كولىغان ئەمەس، ئالىملارنىڭ تەۋەرۈك ئۇستىخانلىرىنى ئورنىدىن قوزغاشنى لايىق كۆرمىدىم» دېگەن باھانىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىنكارچىلىق ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىنىڭ غايەت زور ئىقتىدارىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان تەتۈرلۈك.
ئەگەر بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكەندەك تارىخىي پاكىتلار بولمىغاندا ئىدى، بىزگە بۇ ئىككى ئالىمنىڭ چاچ – ساقال، قاش – قاپاق، ئېغىز – بۇرنىدىن كۆرە، ئاپتور ئېتىبارغا ئېلىشنى خالىمىغان، باش سۆڭىكى ئارقىلىق يورۇتىلىدىغان: « باشنىڭ چوڭ – كىچىكلىكى، يۈزىنىڭ سوزۇنچاق ياكى يۇملاق ئىكەنلىكى، مەڭزىنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى، قاڭشىرىنىڭ ئېگىز ياكى پەسلىكى «قاتارلىقلارنى

ئېنىقلاشقا ياردەم بېرىدىغان ئېرقىي ئالامەتلەر بىزدىن يىراق ئەسىرلەردە قالغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ پورتېرىتىنى تۇرغۇزۇشتا قىممەتلىك ئالامەتلەردىن سانىلىدۇ. «قېلىپ» توغرا ھەل قىلىنسا، شۇنچىلىك تارىخىي ئاساسلار تۇرغان يەردە باشقا ئاناتومىيىلىك ئەزالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەرقانداق بىر رەسسامنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ ئالىملىقى، زالىملىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ دەپ، بىز ئۇچۇن ھېچقانداق بىر قىممىتى يوق، بىزگە ناتونۇش بولغان بىر ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك قۇرۇق باھانە كۆرسەتمەي، ئىمكانىيەت يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئېتراپ قىلىش سەممىيلىك بولىدۇ. چۈنكى بىزگە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خاراكتېرى كۆندۈزدەك روشەن ئەمەسمۇ. كىروران گۈزىلىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۈرىتى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشتى، گەرچە ئۇ مومىيا بولسىمۇ، پەن – تېخنىكىنىڭ ئىقتىدارى بولمىسا، قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان 4000 يىللىق جەسەتتىن يۇقارقىدەك گۈزەل ساھىبجامالنىڭ چىقىشىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. سەنئەت ئاناتومىيەسىنى پەش قىلىپ ئىلىم- پەننى ئىنكار قىلىساق بولمايدۇ، رەسساممىز تىلغا ئېلىۋاتقان سەنئەت ئاناتومىيەسى ئارخېئولوگىيە ئىلمى دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇنقى كونا نەزەرىيە، ئۇنى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمىگە تەدبىلىغلى بولمايدۇ.

***ئىلىم مۇئەييەنلەشتۈرگەن پورتېرىت نېمە؟***

ئاپتور 1981 – يىلى ئۆزى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ» ئىش ئۈستىدىكى» سۈرىتىنى «پورتېرىت ئەمەس ئىدى» دەپ دەۋا قىلىدۇ. ۋە «دەسلەپتە سىزغىنىم پورتېرىت ئەمەس، كېيىن سىزغىنىم پورتېرىت ئىدى» دەيدۇ. ئۇنداق بولسا ئالدىنقىسى نېمە؟ پورتېرىت دېگەن پەقەت يېرىم گەۋدىلىك، ئۇدۇل قاراپ تۇرغان رەسىملا كۆرستەمدۇ؟

پورتېرىت ئەسلى فرانسۇزچە «پورترائىت» دېگەن سۆزدىن كىلىپ چىققان بولۇپ، مۇنداق ئىككى خىل مەنىسى
بار: « بىرى بىر كىشىنىڭ ماي بوياق، سۇ بوياق ياكى باشقا نەرسىلەر بىلەن سىزىلغان رەسىمى. مەسىلەن: بىرى يەنە باشقا بىرسىنىڭ رەسىمنى سىزىۋاتىدۇ، دېگەندەك. يەنە بىرى، بىر نەرسە ھەققىدىكى ئېغىزاكى ۋە يازما تەسۋىر».⒂ قادىر قاۋۇز تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2004 – يىلى نەشر قىلغان «ئېنگلىزچە – ئۇيغۇرچە لۇغەت» تە «پورتېرىت» سۆزى ئېنگلىزچە «portait» دەپ يېزىلىپ «بۇ-چۈيت» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقى، مەنىسى «رەسىم «دېگەنلىك بولىدىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن.

ئېنگلىزچە – خەنزۇچە قوش ئىزاھلىق ئەمەلىي قوللىنىش لۇغىتى» نىڭ 59 – بېتىدە بۇ سۆز «肖像» )سۈرەت، رەسىم)画像 (رەسىم) 相片 (سۈرەت، فوتوسۈرەت) دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئۇزۇن يىللىق رەسساملىق كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر رەسسام پورترېت ھەققىدىكى چۈشەنچىنى شۇنچە تار ئۇقۇمدا ئىزاھلاش ئارقىلىق، 24 يىل بۇرۇن سىزغان رەسىمنى ئىنكار قىلىش بەدىلىگە، يېڭى سىزغان رەسىمگە خاتىرە مۇنارى تىكلىمەكچى بولىدۇ. « كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئىككىنچى قېتىم سىزغىنىم مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى مەھمۇد كاشغەرى بولدى» دەيدۇ، ئۇنداقتا ئالدىنقىسى كىمنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مەھمۇد كاشغەرى ئىدى؟ بىراق بىزنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنىمىز، ئاپتورنىڭ شەخسىي تەسەۋۋۇرىدىكى «غايىۋى، روھىي» مەھمۇد كاشغەرى ئەمەس، بەلكى دۇنيا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تۆت خىل ئالاھىدىلىك مۇجەسسەم قىلىنغان، ئەلنىڭ قەلبىگە بەدئىي سەنئەت چىنلىقى بىلەن سىڭالايدىغان ، قارا خانىيلارنىڭ شاھزادىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ قوش بىسلىق «خەنجىرى «بولغان بىر ئۇلۇغ ئالىمنىڭ سىماسى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەرەپ ياكى پارسلارنىڭ دىنى ئۆلىماسى ئەمەس، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېقىنقى زاماندىكى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمام – خاتىپى ئەمەس.

ئاپتور ماقالىسىدە يەنە: «كۆز ئالدىمىزدا ئايان بولغان پورترېتلار ئالىملارنىڭ رېئال ئوبرازى ئەمەس، بەلكى، رەسساملىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى غايىۋى، روھىي ئوبرازىدىن ئىبارەت» دەيدۇ. يۇقارقى پىكىردىكى مەنتىقسىزلىكلەرنى تىلغا ئالمىغاندىمۇ «غايىۋى، روھىي ئوبراز» دېگەن سۆز ئالدى بىلەن ئىككى ئالىمنىڭ تارىخىي رېئال شەخس ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. «غايىۋى، روھىي ئوبراز» دېگەن ئۇقۇم بىلەن تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان تارىخىي رېئال ئوبراز ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئارلاشتۇرىۋەتمەسلىك كېرەك. ئادەتتە» غايىۋى، روھىي ئوبراز» دېگەن ئۇقۇم ئەپسانىۋىي ئوبرازلاردا قوللىنىلىدۇ، تارىخىي رېئال ئوبرازلارغا ئۇنداق ياڭلىغ قوللىنىلمايدۇ. ئەگەر ئۇقۇملار ئارلاشتۇرىۋېتىلىپ» رېئال ئوبراز ئەمەس» دېيىلسە، خىيالىي، ئەپسانىۋىي ئوبراز بولۇپ قالىدۇ.

### *شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى*

مەن ماقالەمدە باشلانما سۆز سۈپىتىدە تىلغا ئالغان» :رەسىم دېگەن بىر ئادەمنىڭ قىياپىتىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئوبرازىنى، خاراكتېرىنى مۇجەسسەم ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان سەنئەت» دېگەن پىكرىمنى «قىياپەتنىڭ كېرىكى يوق «دېگەن گەپ دەپ چۈشەنگەن ياكى بۇرمىلىغان ئاپتور «قىياپەتنى سىزماي تۇرۇپ، ئوبراز ۋە خاراكتېردىن ئېغىز ئاچقىلى بولامدۇ؟ بۇ بىر ئەقەللىي ساۋاتقۇ؟ ئاپتورنىڭ رەسساملىق سەنئىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى شۇقەدەر چولتا تۇرۇپ بۇ ھەقتە ماقالە

يېزىشى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ» دەيدۇ. قارىغاندا، مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت نەزەرىيە مەسىلىسىنى ھەمدە تەبىئىي قانۇنىيەتلىك ئىلمىي پرىنسىپنى تىلغا ئېلىش رەسسامنىڭ نەزەرىدە « ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، چولتىلىق» ئىكەن. نېمىنى سىزىش، قانداق ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش ھەققىدە ئاۋۋال ئويلاشماي تۇرۇپ، ئاۋۋال شەكىلنى ـقىياپەتنى سىزىۋېلىپ، ئاندىن ئوبراز ۋە خاراكتىر ھەققىدە ئويلىنىش قايسى رەسساملىق ئېقىمىنىڭ مەنتىقىسى؟ ئاپتور ماقالىسىدە گۈزەل – سەنئەت ھەققىدە توختىلىپ،» سەنئەتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى ‹گۈزەل شەكىل يارىتىش سەنئىتى› ئۇ شەيئىلەرنىڭ شەكلى ھالىتىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق ماھىيەتنى كۆرستىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ» دەيدۇ .ئۇنداقتا ئاپتور تىلغا ئېلىۋاتقان ماھىيەت نېمە؟ تارىخىيلىق بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكى، مىللىي خاسلىق بىلەن شەخسىي خاراكتېرنىڭ مۇجەسسەم ھالدا گەۋدىلىنىشنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان، شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ مۇناسىۋىتى دۇم كۆمتۈرۈلگەن ماھىيەتمۇ؟ تېخىمۇ كونكېرتلاشتۇرغاندا ئاۋۋال ئاپتورنىڭ «رەسساملىق ئۇسلۇبى» بويىچە بولغاندا، مەزمۇن ۋە ماھىيەت ھەققىدە ئويلاشماي تۇرۇپ، زامانىمىزدىكى بىرەر ئادەمنىڭ سۈرئىتىنى سىزىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا«مەھمۇد كاشغەرى»دەپ ئىسىم قويغاندەك ياكى تارىخى ئاساسلارنى نەزەرگە ئالماي «غايىۋىي، روھى ئوبراز» دىن بىرنى سىزىۋېلىپ، ئۇنى مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ دەۋا قىلغاندەك ماھىيەتمۇ؟

مەن ماقالەمدە يۇقىرىقى تەلەپنى خېلى كونكرىت بايان قىلىپ: «مىللىي خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىنىشى ئۇچۇن قاش، قاپاق، قاڭشا، ساقال، بۇرۇتلا كۇپايە قىلمايدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىك (شەكىل) شۇ مىللەتكە مەنسۇپ بولغان كۆپلىگەن كىشىلەر ئۇچۇن ئورتاق، تارىخي شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە مىللى ئالاھىدىلىك بىلەن خاسلىقنى، تارىخيلىق بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكنى، قىياپەت تەسەۋۋۇرى بىلەن پسخىك تەسەۋۋۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇيغۇن بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ «. دېگەن ئىدىم. ئەلۋەتتە مەن ماقالەمدە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تۈپ مەسىلەمەھمۇد كاشغەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ نامىدىكى رەسىمدە مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىردەكلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلمىدى، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. شەكىلسىز مەزمۇن، مەزمۇنسىز شەكىل بولمايدۇ، مەزمۇن تەلىپى شەكىلنىڭ قانداق قۇرۇلىشنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىل، شەكىلنىڭ قانداق بولۇشى مەزمۇنغا ئەكس تەسىر كۆرستىدۇ، بىر تەرەپكە ئېتىبار بېرىپ يەنە بىر تەرەپكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك كونكىتراق مەنىدە ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ قىياپىتىنى سىزىپ قارا خانىيلار دەۋرىدىكى كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويۇشمۇ، كېيىنكى دەۋردىكى كىيىم – كېچەكلەرنى 11 – ئەسىردىكى ئالىملارغا كىيدۈرۈپ «ماھىيەتنى ئەكس ئەتتۈردۈم» يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن

مەھمۇد كاشغەرىدىن ئىبارەت مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈردۇم دەپ قارىسمۇ كۆز بويامچىلىق بولۇپ قالىدۇ دېگەن گەپ.

*مۇھەببەت بىلەن مۇۋەپپىقىيەت بىر نەرسە ئەمەس*

ئاپتور ماقالىسىنىڭ خېلى كۆپ سەھىپىسىنى ئىككى ئالىمنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرىپلەشكە، ئۆزىنى ماختاشقا ئاجراتقان. بولۇپمۇ مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ يۇرتلىقى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مۇھەببەت قويغان ئاپتور» :بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرى قەشقەر ۋىلايىتى كوناشەھەر ناھىيىسى ئوپال يېزىسىدىن بولسا، مەن كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ قورغان يېزىسى ھوجرادار (خوجدار) كەنتىدىن بولغاچقا، يۇرتدىشىم مەھمۇد كاشغەرى بىلەن تېخىمۇ پەخىرلىنىمەن ۋە ئىپتىخارلىنىمەن، بۇ مېنىڭ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورتېرىتىنى سىزىشقا چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن كىرىشكەنلىكىمنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبىدۇر» دەيدۇ. بۇ بىر مۆتىۋەرنىڭ ئېغزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس ئىدى. بۇ پىكرى بىلەن ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ ئەسلىدە تار يۇرتپەرەسلىك ئاساسىغا قۇرۇلغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ سۈرىتىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش جەريانىنى دۇنياۋى مەشھۇر ئالىم ۋە رەسسام لىئوناردو داۋىنچى ۋە ئۇنىڭ «ئاخىرقى كەچلىك غىزا»دېگەن دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەسرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىگە پاكىت قىلغانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەن رەسساملىق سەنئىتىدىكى مۇنداق بىر ئىدىيومنى بىلمەن: «شەيتاننى سىزماق ئوڭاي ئادەمنى سىزماق تەس». داۋىنچى ئۈچ يىل سەرپ قىلىپ ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى مەركەز قىلغان «ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك غىزا»دېگەن مەشھۇر ماي بوياق رەسىمنى چوڭقۇر ئەقدە بىلەن سىزىپ چىقىپ، دۇنيا رەسساملىق سەنئىتىدە بۈيۈك ئابىدە تىكلەپ بەردى. ئاپتور ماقالىدا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك مۇنداق بىر مىسالنى دەلىل سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان» :ئەگەر بىز رەسساملىق تارىخىنى ئاز- تولا ۋاراقلىساق، زامانى ئەۋۋەلدە ئۆتكەن ياكى رىۋايەت قىلىنغان، لېكىن سىماسى توغرىسىدا ھېچقانداق ئوبرازلىق ئۇچۇر بولمىغان شەخسلەرنىڭ ئوبرازىنى، كېيىنكى دەۋردىكى رەسساملار سىزىپ چىققان مىساللارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالالايمىز» دەپ «ئاخىرقى كەچلىك غىزا» دېگەن رەسىمنى مىسال ئالغان ۋە «داۋىنچى ئۆزىدىن تەخمىنەن 1500 يىل بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپىقەتلىك ياراتقانىدى» دەيدۇ. رەسساملىق تارىخىنى تەتۈر ۋاراقلىماي، ئوڭ ۋاراقلىساق، تارىخى پاكىتلار كۆمۈلۈپ كەتمىگەن بولاتتى. داۋىنچىغىچە دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر رەسساملار ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنى تالاي قېتىملاپ سىزىپ ئەيسانىڭ ئوبرازى ھەققىدە مۇكەممەل ئوبراز تۇرغۇزۇپ بەرگەن. ھازىرغىچە بىرەر رەسساممۇ ئەيسا ئوبرازىنىڭ ماھىيەتلىك ئۆلچىمنى بۇزۇۋەتكىنى يوق. 2000 يىلدىن بېرى، بىنا قىلىنغان قايسى بىر چېركاۋدا ئەيسانىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلمىگەن. شۇنداق

ئەھۋالدا، ئەيسا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى ھەققىدە «ھېچقانداق ئوبرازلىق ئۇچۇر بولمىغان» دېيىشكە پېتىنغانلىقى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. غازى ئەھمەت ئەپەندىم سىزغان ئىككى ئالىمنىڭ نامىدىكى پورترېتىدا يۇقىردا بىز كۆرسەتكەندەك كۆپ نۇقسانلار بولغانلىقى سەۋەبلىك، تېخى دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ بىردەك ئېتراپ قىلىشىغا ئېرىشكىنى يوق. 2008 – يىلىنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن مەھمۇد كاشغەرى يىلى قىلىپ بېكىتىلگەنلىك شەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈركىيەدىكى يىغىن سەھنىسىگە ئۆزى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ پورترېتىنى ئاسقانلىقىنى ئېيتقان بولسىمۇ، بىز دەل شۇ يىغىن نەق مەيدانى تارتىلغان كۆرۈنىشلەردىن بۇ گەپنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. 2008 – يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» خەلقئارا ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىدا تۈركىيە تىل قۇرمىنىڭ باشلىقى شۈكۈر خالىق ئاكالىن مەزكۇر رەسىمگە بولغان تەنقىدىي پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدىن ۋاقىپمىز. شۇڭا يۇرتداشلىق مۇھەببىتىنى باھانە قىلىپلا، ئۇنى ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەستەك قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. «مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئوبراز» دەپلا يوللۇق تەكلىپ پىكىرلەرنى،» يولسىز»، « ئورۇنسىز پىكىر» دەپ ئىنكار قىلىش سەممىيەتسىزلىك ۋە جاھىللىق بولىدۇ .بىزگە تارىخىي دىتاللار ۋە روشەن مەلۇماتلار ئېتىبارغا ئېلىنمىغان، زامانىمىزدىكى مەلۇم بىر شەخسنى پىروتوتىپ قىلىپ سىزىپ چىققان، «رەسسامنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى خيالىي، غايىۋى ئوبراز» لازىم ئەمەس.

بىرەر ئەسەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ياكى تەقرىز يېزىش ئۈچۈن شۇ ئادەمنىڭ چوقۇم رەسسام ياكى يازغۇچى بولۇشى، ئۇ يۇرتلۇق ياكى بۇ يۇرتلۇق بولۇشى شەرت ئەمەس. قەدىمقى ئۇيغۇرلاردا: «پىچاق ئۆز سېپىنى يۇنۇيالماس «دېگەن تەمسىل بار. ئادەم باشقىلارنىڭ كۆزىدىكى خەسنى كۆرۈۋالايدۇ، ئۆزىنىڭ كۆزىدىكى خادىنى كۆرەلمەيدۇ، دۇنيادا مىڭلىغان ئالىملار ھاياتىنى بۇ ئىككى ئەسەرنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، ئۇلار ھېچقاچان يۇرتداش، ۋەتەنداش دەپ ئايرىمىغان .بىزدە ھەر- بىر يۇرتتىن چىققان ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ تەسرداىرىسىنى بۆلۈۋېلىشتەك ئىنتايىن بىر يامان خائىش بار.

بىلىش لازىمكى، ئالىمنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ دۆلەت ۋە يۇرت چېگرىسى يوق. 11 – ئەسىردىكى بۇ قوشكېزەك ئالىملار تۈرك – ئۇيغۇر دەۋرىنى ئاچقان، ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان، دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە يۇلتۇزدەك چاقنىغان ئىدى. بۇ ئىككى ئەسەرگە مۇجەسسەملەنگىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيىتىنىڭ 11 – ئەسىردىكى مۇجەسسىمى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ روھىدىن ئىبارەت. ئۇ ئالىملار ئوپالغا ۋەياكى قەشقەرگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇيغۇرلارنى مەركەز قىلغان 11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقەرنىڭ دۇنيا ئىلىم سەھنىسىدىكى ئورنىغا، ئۇلارنىڭ غورورى ۋە ئىپتىخارىغا، بىلىش نەتىجىلىرىگە، شۇنداقلا مىللىي

روهىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىلمىي مەسىلىگە قارىتا شۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ يولۇق پىكىر بولسا قويۇش ئەركىنلىكى بار .يۇرۇتۇلۇۋاتقان بولغانلىقى ئۈچۈن قانداق ئىسىم بولۇشى بېرىلدۇ، ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ئىپادىسى دەپ تونۇشۇپ تۇرۇشىمۇ ئىشمۇ؟

تارىخ ۋە دەۋر ئىككى ئالىمنىڭ بىۋاستە ئەۋلادلىرى بولغان بىزدىن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىگ» تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىق بۈيۈك نەتىجىلەرنى كۈتمەكتە. بۇ ھەم قوشكېزەك ئالىملىرىمىزنىڭمۇ مەڭگۈلۈك ئارزۇسى، ئىشەنچىمىز كامىلكى، تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، دۇنياۋىي شۆھرەتكە ئىگە زور مۇۋەپپىقىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. سەنئەتكارلىرىمىز ئىككى ئالىمنىڭ نامىغا سىزىلغان يۇقارقى رەسىملەرنىڭ ئەسلى ماھىيەتتىن زور دەرىجىدە يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، قايتىدىن سەنئەتنىڭ چەكسىز ئىمكانىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، مەزمۇن بىلەن شەكىل يۈكسەك دەرىجىدە بىر گەۋدىلەشكەن، تارىخىيلىق بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي خاسلىق روشەن ئەكس ئەتكەن. 11- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارغا خاس تىپىك قىياپەت بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىگە خاس ئىندىۋىدال ئالاھىدىلىك ماھىرلىق بىلەن مۇجەسسەم قىلىنغان. مۇكەممەل نۇرانە سىمانى جاھان ئەھلىگە تەقدىم قىلغۇسى.

***ئىستات مەنبەلىرى***

)①رەسىد رەھمىتى ئارات «قۇتادغۇبىلىگ» مە تىن 23) - ئەگرى شەكىللىك يەر) 1979 - يىلى ئەنقەرە، تۈرك تىل قورمى نەشرىياتى(

②رەشىد رەھمەتى ئارات : 《 قۇتادغۇ بىلىگ 》، 《 ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى 》، 6 - توم ، 1041 - بەت ، 1977 - يىلى ، ئىستانبۇل ، مىللىي مائارىپ نەشرىياتى.

)③رەسىد رەھمىتى ئارات «قۇتادغۇبىلىك» مە تىن 24 - (ئەگرى سىزىقلىق يەر) بەتلەر1979 - يىلى ئەسقەرى، تۈرك تىل قورمى نەشرىياتى(

④مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانە لۇغەت تۈرك» ئۇيغۇرچە نەشرى-III54 -بەت

) ⑤فوئاد كۆپرۈلۈ «بايراق» «ئىسلام ئىنسكلوپېدىيىسى» تۈركچە 2 - توم، 407 - بەت، 1979 - يىلى ئىستامبول مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكى نەشرىياتى(

» ⑥قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1766 - بېيىتىنىڭ بىرىنچى مىسراسى

⑨⑧⑦ھاجى ئابدۇلئەزىزئەلى ئارقان «مۇقامچىلىقتا سەللە مەسىلىسى» شىنجاڭ مەدەنىيىتى 2008 -يىللىق 3 - سان

⑩ئەخمەت سۇلايمان : «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى«، ئۇيغۇرچە ، 256 - بەت ، 2005 - يىلى ، ئۈرۈمچى ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

⑪نيۇ رۇجى : «يەركەندىن تېپىلغان قارا خانىيلار خانلىقىغا ئائىت ئەرەبچە قانۇنىي ھۆججەت

**ۋەقۇتادغۇ بىلىگ تەتقىقاتى »، «غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلى ، خەنزۇچە، 1999 – يىل ، 3 – سان ، 101 – بەت.**

**⑿ئانىل چەچەن : « تۈرك دۆلەتلىرى »، 173 – بەت ، – 2007 يىلى ئەنقەرە ، فارك نەشرىياتى.**

**⒀رامازان شەشەن «ئىسلام جۇغراپىيىچىلىرى كۆرە تۈركلەر ۋە تۈرك مەملىكەتلىرى»، 160 – بەت، تۈركچە ، 2001– يىل، ئەنقەرە، تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى.**

**⒁غازى ئەمەت «مەھمۇد كاشغەرى پورترېتىنىڭ بارلىققا كېلىشى»، «مەھمۇد كاشغەرى ۋە تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008- يىلى نەشرى 85- بەت.**

**«⒃تۈركچە سۆزلۈك» ، تۈركچە ، 1621 – بەت. 2005 – يىل ئەنقەرە تۈرك تىلى قورمى نەشرىياتى**

# 8-بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى

مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇد قەشقىرى مىلادىيە 1011-يىلى ئوپالدا تۇغۇلغان . دادىسى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتىدىن بولۇپ،بارسقان شەھىرىنىڭ ھاكىمى بولغان . ئەمما مىلادىيە 1058-يىلى ئوردىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق سىياسى مالىمانچىلىقتا دادىسى ئۆلتۈرۈلگەن.

ئالىم 11- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرى ئەتراپىدا باغداتتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئوپالدا ئۆتكۈزگەن . ئوپالدا مەدرىسە مەھمۇدىيە ناملىق بىر مەدرىسىنى بىنا قىلىپ ئۆزى مۇددەرىسلىك قىلغان . 96-97 يېشىدا ئوپالدا ۋاپات بولغان . ئالىمنىڭ >> تۈركىي تىللار دىۋانى << ناملىق ئەسىرى باغداتتا مىلادىيە 1072-يىلدىن 1074-يىلغىچە يېزىپ تاماملانغان . 1076-يىلى ئالىم ئۇنى قايتا تۈزىتىپ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 -خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەدىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرۇلۇق قولىمىزدىكى دىۋانۇ لۇغاتتىن تۈركنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى ئۆزى تەرىپىدىن بېرىلگەن چەكلىك مەلۇماتلاردىن باشقا بىر نەرسە يوق① .بۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا مەھمۇدنىڭ « ئۆز قەۋمىنىڭ ( يەنە تۈركلەرنىڭ ( ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىسىگە مەنسۇپ »② ئىكەنلىكى ، دادىلىرىنىڭ يەنى ئەجدادىنىڭ ③ تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان ”④ لىقى ۋە ئاخىرىدا دادىسى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي – جەنۇبىي ساھىلىدا تېپىلغان بارىسخان ⑤ شەھەرى بىلەن يېقىن باغلىنىشى بار ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. ⑥

بۇلارغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى ۋە ئەجدادىنىڭ بۇ سۇلالىنىڭ بىر مەشھۇر ئەزاسى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ئەجداد كىم ؟

بۇ يەردە مەھمۇدنىڭ ئەجدادى دەپ مۇزاكىرە قىلىشقا بولىدىغان ئىككىلا شەخس بار . بۇلار ماۋەرا ئۇننەھرى دەستلەپ بويسۇندۇرغان ، ئۇنۋانى بۇغراخان دەپ ئاتالغان ۋە ھېجرىيە 382 – يىلى ( 992 م) سامانى ئوغۇللىرىنىڭ پايتەختى بۇخارانى ئالغان ھارۇن ( ھاسان ) بىن سۇلايمان ياكى بولمىسا ئۇنۋانى ئارسلان ئىلىگ دەپ ئاتالغان ۋە ھېجرىيە 389 – يىلى ( 999 م) غەزنەۋىلىك

مەھمۇد بىلەن بىرلىكتە سامانى دۆلىتىنى ئاياغلاشتۇرۇشتا سەۋەبچى بولغان ناسىر بىن ئەلى⑦ . ھالبۇكى ناسىربىن ئەلىنىڭ سۇلالىسىنىڭ غەربىي تارمىغىدىن ئىكەنلىكى ۋە مەھمۇد قەشقەرى تەرىپىدىن بايان قىلىنغان قەشقەرنىڭ ھامان سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلسە ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەجدادى دەپ يالغۇز ھارۇن بىن سۇلايماننى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. ⑧

بىر تەسادىپىي ئېسىل يالداما ئورنىدا قولىمىزدا بارىسخاندا بېسىلغان ھىجرىيە – 5 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىغا ( تەخمىنەن 1048 – 1058 ) تەۋە بەزى تەڭگىلەر ساقلانماقتا(9). ئەپسۇسكى بۇ تەڭگىلەردىكى يەزىقلاردا شۇ دەۋردىكى بارىسخان ئەمىرلىرىنىڭ يالغۇز ئىسلامى لەقەملىرى ۋە تۈركىئۇنۋانلىرىلا ئەكس ئېتىلگەن : شەمسىد دۆلە ئارسلان ئىلىگ . بۇ يەردە مەشھۇر قادىرخان بىن ھارۇننىڭ ئوغلى ۋە ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرغۇچىسى ھارۇن بىن سۇلايماننىڭ نەۋرىسى » بۇغراخان » مۇھەممەت بىن يۇسۇپنىڭ ھۆكۈمدار ئىكەنلىكى كۆرۈلىدۇ ( يۇقىرىغا قاراڭ . ( قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا ئارسلان ئىلگ ئۇنۋانى ( بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن ) قاغانلىق ئورتاقلىغىدا بىر قەدەم تۆۋەنىدە تۇرىدىغان ئادەملەرگە بېرىلەتتى(10) . ئىبن ئەسىردىن بىلىشىمىزچە مۇھاممەت يۇسۇپنىڭ يېنىدا چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەت ( ھىجرىيە 444 – يىلىدىن يەنى 1056 ـ1057ـ يىللىرىدا ھۇسەيىن بىن مۇھاممەتنىنب ئارسلان ئىلگ بولۇپ بارىسخاندا ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى تەخمىنەن قىلىشقا بولىدۇ.

شۇنداق بولغاندا ، ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ دەسلەپكى بويسۇندۇرغۇچىسىنىڭ نەۋرىسى بولغان بارسخان ئەمرى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى ھۇسەيىن بىر مۇھەممەتتىن باشقا كىشى ئەمەسلىكى ئېنىق . بۇ شەخس بارىسخان بىلەن ناھايىتى زىچ ئالاقىدار ۋە ماۋەرا ئۇننەھرنى بويسۇندۇرغۇچىنىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىدى.

ھاياتى ناھايىتى خۇپپىيانە توختالغان مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ باغدادقا قانداق سەۋەبلەر بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى ئوچۇق دېمەيدۇ . تۈرك ئەللىرىدە كۆزگە بىرمۇنچە ساياھەتلىرىنىڭ سەۋەبىنىمۇ سۆزلىمەيدۇ . ئەگەر كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەخمىنلىرىمىز توغرا بولغان تەقدىردە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ساياھەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ مەيدانغا چىقىدۇ . ئۇ روشەنكى بىر سىياسىي قاچقۇن ) پاناچى ) ئىدى.

شەرقىي قاراخانىلار دۆلىتىدە ھىجرىيىنىڭ 448 – 449 يىللىرىدا – 1056ـ1057 ) ( 1058ـ1057قورقۇنۇچلۇق ھادىسىلەر پەيدا بولدى . ئالدى بىلەن چوڭ خاقان ( ئارسلان خان ) سۇلايمان بىن يۇسۇپ ئىنىسى ۋە خاقانلىق ھەمرىيى ( بۇغراخان ( مۇھاممەت بىن يۇسۇپكە قارشى ھەرىكەت قوزغايدۇ ۋە " دۆلەتنى ئىشغال قىلىدۇ . ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە ئارسلانخان سۇلايمان بىن يۇسۇپ يېڭىلىپ قالىدۇ . بۇغراخان مۇھەممەت بىن يۇسۇپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپ دۆلەتنى ئىشغال

قىلىدۇ "(12. (

ئىبنى ئەسىرى يەنە خاپ ئائىلىسىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىچكىنشلىق تەقدىرى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ : « دۆلەتنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىن1گە بېرىدۇ(13) ۋە ئۇنى ۋەلى ئەھد دەپ ئېلان قىلىدۇ . بىراق بۇغراخاننىڭ ( يەنى ھازىرقى ئارسلانخان مۇھاممەت بىن يۈسۈپنىڭ ) ئىككىنچى بىر خوتۇنى بار ئىدى ۋە بۇ خوتۇندىن چوڭ ئوغلىدىن باشقا يەنە بىر كىچىك ئوغلى بولغان . خوتۇن ھۈسەيىننىڭ تەيىنلىشى بىلەن تۇغۇلغان نەپرەت بىلەن بۇغراخان ( سۇلايمان بىن يۈسۈپ) غا يېقىنلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىرمۇنچە ئازالىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ ؛ ئۇنىڭ ئىنىسى قادىرخاننىڭ ئوغلى ئارىسلانخان ) سۇلايمان بىن يۈسۈپ) مۇ ئۆلتۈرىلىدۇ »(14. (

تەخمىنلىرىمىز توغرا بولسا مۇھەممەت بىن ھۈسەيىن يەنى مەھمۇد قەشقەرى ، بۇ چوڭ قىرغىندىن قانداقتۇر بىر ئۇسۇلدا قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولغان بىر نەچچە كىشىنىڭ بىرى ۋە قېچىشقا مەجبۇر بولغان . ئالدى بىلەن ، ئېھتىمال خوشنا تۈرك ئەللىرىگە بارغان ، ئون يىل قەدەر ئايلانغاندىن كېيىن ئاخىرى باغداتقا كەلگەن ۋە بۇ يەردە سىياسىي قاچقۇن ( پاناچى (بولۇپ تۇرۇپ قالغان . مەھمۇد قەشقەرى بۇ ئۇزۇن مۇساپە داۋامىدا تۈرك دۇنياسى بىلەن كوپ يېقىندىن تونۇشۇش پۇرستىگە ئىگە بولغان ، بۇ چاغدا ( 1057ـ447) سالچۇقلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان باغداتتا تۈركلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزاھلىغان بىر ئەسەرگە ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشكەن ۋە ئۇنى شۇ زاماندىكى ئاباسلار خەلىپىسىگە (مۇقتەدى بىللا 1075ـ1094 ، 467ـ487 ) تەقدىم قىلغان . بۇنداق بىر تەشەببۇسنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاشقا ياردىمى بولۇشى ئېنىق گەپ.

ئىچكىنشلىق ئائىلە پاجىئەلىرىگە باغلىماسلىق ئۈچۈن ئۇ ئەسىردە ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىنى تىلغا ئالمايدۇ . شۇ تەرىزدە بۇ سۇلالىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە ھوكۇم سۈرگەن قاراخانىلار ھۆكۈمدارلىرى ۋە شۇ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرمەسلىكى چۈشۈنىشلىك . بىزنىڭ تەخمىنلىرىمىز مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

ئاخىردا تىلغا ئېلىنغان شەخسلەرنىڭ يېشىنى تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

ھارۇن (ھاسان ) بىن سۇلايمان ھېجرىيە 382 – يىلى ( 992) ئۆلگەن ؛ ئوغلى يۈسۈپ «قادىرخان» بۇ چاغدا ھېچ بولمىغاندا 20 ياشتا بولىشى كېرەك ؛ يۈسۈپ باشلىق بىر ئادەم بولۇپ ھېجرىيە 423 – يىلى (1032 ) ئۆلگەن . ئۆزىنى 60 ياشلاردا ئۆلگەن دەپ ھېسابلىساق تۇغۇلغان ۋاقتى 360 – يىللار ( 971ـ 980 ) بولۇشى لازىم . بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ ئۇزۇن جەڭلەردىن كېيىن ئەڭ ئاخىرى دىگەندە ھېجرىيە 396 – يىلى ( 1006 – 1005 ) خوتەننى ئىشغال قىلغانلىقىنى بىلىمىز(15) ؛ ئۇ قەشقەردە ناسىر دولە قادىرخان دېگەن ئاتاق بىلەن تەخمىنەن ھەجرىيە 396 – يىلدىن ( 1005 – 1006 (ئېتىبارەن ھوكۇم سۈرگەن(16. (

چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىن يۇسۇپ تەخمىنەن ھىجرىيە – 407 يىلدىن ( 1016 – 1017 ) ئېتىبارەن يەركەنتتە ھوكۇم سۈرگەن(17) . ئىككىنچى ئوغلى مۇھاممەت بىن يۇسۇپ ئىنىقكى سۇلايمان بىن يۇسۇپتىن كۆپ كىچىك ئەمەس ئىدى . يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك ، مۇھەممەت بىن يۇسۇپ ھىجرىيە ، 449 – يىلى ( 1057 – 10058 ( چوڭ ئوغلى ئۇچۇن تەختتىن چۈشمەكچى بولغان . بۇ بىر نوقتىدىن مۇھەممەت بىن يۇسۇپنىڭ 380 – يىللاردا ( 991 – 999 ) تۇغۇلغانلىقىنى قوبۇل قىلالايمىز . بۇنىڭغا قارىغاندا ، ھۇسەيىن ھىجرىيە 400 – يىللاردا ( 1010 – 1019 ) دۇنياغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . مۇشۇنداق بولغاندا ھۇسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ ئوغلى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى دەپ ھىجرىيە 420 – يىللارنى ( 1029 – 1038 ) بىر تەخمىن دەپ ئېلىشقا بولىدۇ . شۇنداق بولغاندا مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھىجرىيە 470 – 464 يىللاردا ( 1072 – 1078 )(18) . مەشھۇر ئەسرىنى يازغان ۋاقىتلاردا قىرىق ياكى ئەللىك ياشلاردىكى ۋاقتى بولۇپ ، بۇ ئېھتىمالغا بەك يېقىن كېلىدۇ.

ئىزاھاتلار:

①مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدە ئەڭ مۇھىم بولغان تەتقىقاتلار:

ۋ.ۋ. بار تولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخي ھەققىدە دەسلەر«،) تۈركچە)، 1927- يىلى، 85- 83- بەتلەر؛ (گېرمانچە)، 1935- يىلى، 95- 92 -بەتلەر.

فۇئات كۆپرۈلۈ:» دىۋان لۇغاتىت تۈرك» (تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقاتلار)، ئىستانبۇل، 1934- يىلى، 34- 33- بەتلەر، (تۈركچە.(

ئەخمەت زەكى ۋەلىدى تۇغان: «دىۋان لۇغاتىت تۈركنىڭ يېزىلغان يىلى ھەققىدە» (ئاتسىز مەجمۇئە(، -16 سان، 1932- يىلى، 78- 77- بەتلەر؛ «مەھمۇت قەشقەرىگە ئائىت نوتلار»، (ئاتسىز مەجمۇئە)، 17- سان، 1932- يىلى، 136- 133- بەتلەر، (تۈركچە.(

رىفات بىلگە كىلىسلى: «دىۋان لۇغاتىت تۈرۈكنىڭ يېزىلىش تارىخي»، (تۈركىيات مەجمۇئەسى)، 6- سان، -1938-39 يىللىق، ئىستانبۇل، 1939- يىلى، 360- 358- بەتلەر(تۈرۈكچە.(

بېسىم ئاتالاي:«دىۋان لوغاتىت تۈرك ۋە تەرجىمىسى ئۈستىدە نوتلار- كىتابنى يازغان شەخس؛ كىتابنىڭ يېزىلغان تارىخى؛ كىتاب نەدە يېزىلغان» (دىۋان لوغاتىت تۈرۈك تەرجىمىسى(، -1 توم، ئەنقەرە 1939- يىلى، 16- 11- بەتلەر، (تۈرۈكچە). ئەخمەت جاپەر ئوغلى» :تۈرۈك تىلى تارىخى نوتلىرى»، 1- بۆلۈم. ئىستانبۇل، 1943- يىلى، 43- 42- بەتلەر،) تۈرۈكچە.(

م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر: «بۈيۈك تۈرك تىلچىسى مەھمۇت قەشقەرى«، ئىستانبۇل، 1946- يىلى، (تۈرۈكچە.(

» ②كىتاب دىۋان لوغاتىت تۈرك» كىلىسلى مۇئەللىم رىفات بىلگە باسمىسى، I، ئىستانبۇل، 1334(1917). 3= فاكسىملى: بېسىم ئاتالاي: «دىۋان لوغاتىت تۈرك فاكسىملى» ئەنقەرە، 1941-

يىلى.

③قارالسۇن ① :بارتولد: 94- بەت، توغان: (ئاتسىز مەجمۇئە)، 17- سان. 136- 133 بەتلەر.

④دىۋان، تۈركچە تەرجىمە 1- توم، 101- بەت= فاكسىملى 69- بەت.

⑤بارسخاننىڭ ئورنى ھەققىدىكى شەخسى تەتقىقاتى: ئا.ن.بېرنىشتام: «شىمالىي قىرغىزىستان ئارخىلوگىيەسىگە كىرىش»، فرۇنزى، 1941- يىلى، 82- 80- بەتلەر، (روسچە.(

⑥دىۋان III توم، ئىستانبۇل، 1335 (1919)، 312- بەت = فاكسىملى، 62- بەت.

⑦سۇلايمان ئوغلى ھارۇن ۋە ئەلىي ئوغلى ناسىر ھەققىدە: ۋ. بار تولد: «مۇڭغۇل ئىستىلاسىدىكى تۈركىستان» 1928 -يىلى، لوندۇن، 266- 257، 274- 271، (ئىنگىلىزچە.(

ۋ. ئى. بىلايىۋ: «13- 11 ئەسىردىكى تۈركمەن ۋە تۈركمەن تارىخىغا دائىر ئەرەپچە مەنبەلەر»، (تۈركمەن ۋە تۈركمەن تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار، 1- توم، موسكۋۋا لېنىنگراد، 1939- يىلى، 81 -بەت، روسچە)، ئاپتۇر ماقالىسىدا قەشقەرنى ئۆز ئىپادىسىگە ئاساسەن (4- نوتقا قاراڭ (ناسىر بىن ئەلىنىڭ نەۋرىسى دەپ ھېسابلايدۇ.

⑧ھىجرىيە 5- ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىن ئېتىبارەن ئىككى تارماق ئارىسىدا شەكىللەنگەن ھاكىنىڭ نەتىجىسىدە «غەربىي قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ شەرق قىسمىدا خاتىرجەم ياشاش ئانچۇالا مۇمكىن ئەمەس بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ خۇسۇستا مىنىڭ ئىسلا ئېنسىكلوپېدىيىسىگە ئاتاپ يازغان ماقالەمگە قاراڭ.

⑨رىچارد ۋاسمىر: «قاراخانىلار تەڭگىللىرى»، بېرلىن، 1930- يىلى) گېرمانچە) بۇ تەنگىلەردىكى ۋاقىتلارنىڭ ئاخىرقى رەقەملىرى كۆپ ئۆپىرىغان. پەرق ئېتىشكە بولىدىغان يەرلەردە سەككىز رەقىمى كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا بۇ تەڭگىلەرنىڭ 448- يىلى (1056/7) يۈسەيىن بىن مۇھەممەدنىڭ ۋەل ئەھدىلىككە چىقىرىلغان يىلدا بېسىلغانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

⑩بۇ ھەقتە تېخمۇ كۆپرەك مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن مىنىڭ «قارىخانىلار تەتقىقاتى» (ئارگىنال) ئاتلىق ئەسىرىمنىڭ» قاراخانىلاردىكى دەرىجە پەرقلىرى ھەققىدە» دىگەن قىسمىغا قاراڭ.

(11)س. ج .تورنبېرگ نەشرى، 11-، لېيدىن، 1963- يىلى، 211- بەت.

(12)ئىبىن ئەسىر، 9-، -211 بەت.

(13)قاغانلارنىڭ چوڭ كىچىكلىرى يىرتقۇچ ھايۋان ئاتلىرنى ئۇنۋان قىلىشتىن ئاۋۋال يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ ئاتلىرنى قوللىناتتى، مەسلەن، چاغرى تىگىن. بۇ ھەقتە قاراڭ: 1- يۈسۈپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايماننىڭ 412- 407 يىللاردا (1021 (1016 -يەركەنتتە باستۇرغان تەڭگىلىرى؛ ئا. ك. ماركوۋ: «ئېرمىتاژ موزىيىدىكى مۇسۇلمان تەڭگىلىرىنىڭ كاتالوگى»، پېتر بورگ، 1904- 1893 يىل، 195- 193 بەتلەر، 7 -نۇمۇر. (40- 30)؛ 2- ھاسان بىن سۇلايماننىڭ چوڭ ئوغلى ھارۇن (ئەھمەت). بۇ توغرۇلۇق بار تولد نەشر قىلدۇرغان (?) 474=(?) 1082- يىلغا ئائىت يەركەنت

ۋەسقسگە قاراڭ: ۋ. ۋ. بارتولد: «قۇتادغۇ بىلگتە تىلغا ئېلىنغان بۇغراخان«، III BsOs، 25ـ) (1923، 156ـبەت، (ئېنگىلىزچە). بۇنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى؛ راغىپ خولوسى: (تۈركيات مەجمۇئەسى)، 1ـ توم، ئىسانبۇل، 224ـ 223 بەتلەر. بۇنىڭدىن باشقا قۇلمىزدا چاغرىتىگىن ئۇنۋاندا ئاتالغان يۈسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ ×44 يىللىرىغا ئائىت بىر تەڭگىسمۇ بار. (يۈزى ئۇپرىغان، قاراڭ: ماركوۋ، كاتالوگ، 429ـ نۇمۇر، 261ـ 260 بەتلەر.(

(14)ئىبىن ئەسر، 9ـ، 211ـ بەت.

(15)مىنىڭ «قارلۇقلاردىن قاراخانىلارغىچە(ZDMG «، 101، ۋىسبادىن، 2951ـ يىلى 295ـ بەت ۋە 3ـ نۇمۇر) دېگەن ئەسرىمگە قاراڭ.

(16)رىچارد ۋاسمر، 93ـ بەت.

(13) (17)نوتقا قاراڭ.

(18)دىۋاننىڭ يېزىلغان تارىخى ھەققىدە ① نوتقا قاراڭ.

ھاسان ئەرەننىڭ تۈركچە تەرجىمە :نۇسقىسىدىن ئۇيغۇرچىغا قاھار بارات.

# مەھمۇت قەشقىرى مازىرى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى

ھەسەن ئابدۇرېھىم

مەھمۇت قەشقىرى مازىرى ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە ئۆزگە خاس بىناكارچىلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخي مەدىنى يادىكارلىق.

»مەھمۇت قەشقىرى مازىرى» قەشقەر شەھرىنىڭ غەربىي 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوپال يېزىسىغا جايلاشقان. ئوپال – پامىر ئېتىكىگە جايلاشقان ئۇزۇن يىللىق تارىخ ۋە باي مەدەنىيەت – سەنئەت ئەنئەنىسىگە ئىگە جاي بولۇپ، مەدىنى يادىكارلىق ۋە ئارخولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يەردە تاش قۇراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار ئولتۇراقلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ① [ئوپال تەۋەسىدىكى ئوپالئارىست، سۇلتان باغ، غۇجى قونار، ئاق دالا قاتارلىق قەدىمقى مەدىنيەت ئىزلىرىدىن باشلانغۇچ جەمئىيەت دەۋرىگە ئائىت تاش قۇراللار تېپىلدى[

بۇ يەردە قەدىمقى ۋە ئوتتۇر ئەسىر بۇددا دىنىي مەدىنيىتى] ② ھەزرىتى موللام تېغى باغرىدا «توققۇز قازناق» دەپ ئاتالغان بۇددا دىنىي ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى بار]، ئىسلام مەدىنيىتىنى ئاساس قىلغان ئىلىم – مەرىپەت، ھۆنەر – سەنئەت راۋاج تاپقان. بولۇپمۇ، قاراخانىلار دەۋرىدە ئوپال يېزىسى خان ئۆلكىسىگە قاراشلىق ئاساسلىق يېزىلاردىن بىرى بولۇپ، قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىكى ئاتاقلىق كىشىلەر بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەتتا پادىشاھلارنىڭ دەم ئالىدىغان

«خان بېغى» («سۇلتان باغ»)، «تەگيەگاھ» ③ [خانلارنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنى كۈتىدىغان مەخسۇس مېھمانخانىسى]، «خان يايلىغى»، «موغ يولى» ④ [شەرق بىلەن غەرپ ئوتتۇرىسىدىكى »ئۇلۇغ كارۋان يۈلى»نىڭ بۇ تارىخى پامىردىكى موغ قەلئەسى بىلەن ئۆتىدىغان يول[،» سۇلتان قورغان»لىرى بولغان.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە نەقىش – بىزەكلىرى جەھەتتە ئۆزىگە خاس بىناكارلىق سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئۇيغۇر ئىسلام ئىمارىتى بولۇپ، ئۇ روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىتىكاپخانا، مەسچىت ۋە قوش مۇنارلىق دەرۋازا قاتارلىق بىر يۈرۈش تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان ئۆي ئىمارەتلەردىن ئىبارەت. روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئىتىكاپخانىلار كىسەك – ياغاچ قۇرۇلما، ۋاساجۇپ، تۈز تورۇسلۇق بولۇپ، ئۇنى لىم )خا)جەگە، مارات، پەرمانلىرىغا خىلمۇ – خىل نەقىشلەر ئويۇلغان. روزى مەرىكىسىنىڭ ئالدى ۋە شىمالىي تەرەپتىكى تاملىرىغا پەنجىرىلىك دەرىزە قويۇلغان. ئارقىسىدىكى 5 ئېغىز كۆنەكخانىسى ۋە دەرۋازىلىرى، زالى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان .پەرمانلاردىكى قارا سىيا بىلەن «خەتتى پارىسى»دا يېزىلغان بېغىشلىملارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازارنى ھىجرىيىنىڭ 1245 – يىلى (مىلادى 1829 – يىلى) ۋە – 1315 يىلى (مىلادى 1897 – يىلى) يەرلىك كىشىلەر ئىقتىسات توپلاپ، ئىككى قېتىم رېمۇنت قىلدۇرغان. روزى مەرىكىسىنىڭ شەرق تەرەپتىكى ئىككى پارچە پەرمانغا رېمۇنت قىلىنغان ۋاقتى ۋە رېمۇنتقا مەدەت قىلغۇچىلار نەزىم ئۇسۇلدا خاتىرىلەنگەن.

ئوڭ تەرەپتىكى پەرمانغا:

»سالى شىرەست ھازارۇ دوسەت چىھلى پەنجەست،

بۇد تەئىمرى مازارۇ مەدىدى سىددىقەست«

تەرجىمىسى: «يولۋاس يىلى 1245) ھجرى(

مازارنى رېمۇنت قىلىشقا كۈچ چىقارغۇچى كىشى سىددۇقتۇر«

سول تەرەپتىكى پەرماننىڭ ئوڭ قويۇلىغىدا:

»شاھى سىددىق بەگ، ئەلىم بەگ بىر بىرىگە يار بولۇپ،

قىلدى بۇزرۇكۋارى ئالىنى بىنا.«

ئىتىكاپخانىسىغا كىرىدىغان ئىشىكنىڭ سىرتقى تەرەپ ئۈستىدىكى پەرمانغا:

»كى بىر مىڭ ئۈچيۈز ئونبەشتە قىلدى بۇ ئىمارەتنى،

نامازۇ – روزە ئەيلەپ قىلسا ھەركىمكى تىلاۋەتنى«

دەپ يېزىلغان.

بىرىنچى قېتىم روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانىسى، ئىككىنچى قېتىم پىشايۋانلىق مەسچىت قايتا رېمونت قىلىنغان. بۇ ئىككى قېتىملىق رېمونت قىلىش جەريانىدا، قەدىمدىن بار بولغان روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانىلارنىڭ ياسىلىش شەكلى ئۆزگەرتىلمىگەن. شۇنداقلا، ئەسلىدىن نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، هاراق، پەرمانىلىرىنىڭ بۇزۇلمىغان قىسىملىرى يەڭگۈشلەنمەي، ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. ئەپسۇسكى، يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە ئاسراشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ئارقىسىدىكى 4 ئېغىز هوجرىسى، دەرۋازىلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. بىر قىسىم جەگىلىرى ئېگىلىپ، ياغاچ پەنجىرىلىرى بۇزۇلغان.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرىنىڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش - بىزەكلىرى جەھەتتە ئېنىق يازما ماتېرىيالغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن مازارنىڭ هازىرقى شەكلىدىن قاراپ، ئىمارەتچىلىك تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنى بويىچە ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مازارنىڭ بۇرۇنقى شەكلى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى ۋە كېيىنكى بىر نەچچە يۈز يىل جەريانىدىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا نىسبەتەن توغرىراق ئىلمىي يەكۈنگە ئىگە بولالايمىز.

بۇ خىل بىناكارچىلىقنىڭ شىنجاڭ رايونىدا، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنلا مەلۇم تارىخىي ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر بىناكارچىلىقىغا بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەر كىرگەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىي ئادەتلىرىنى سىڭدۈرۈش تەرەققى قىلغان. قاراخانىلار دەۋرىدە ئىسلام ئەنئەنىسى بويىچە، مەسچىت، مەدرىسلەرگە پەشتاق، قۇببە - گۈمبەز ياساش، ئىشىك - دەرىزە، مېھراپلىرىغا ئەگمە شەكىل ئىشلىتىشتىن، ئاساسى قۇرۇلمىسى بولغان تۈۋرۈك، لىم، جەگىلىرىگە گۈل - نەقىش چېكىش، هوجرا تورۇسلىرىنى ۋاسا جۈپ قىلىپ ياساش ئۇسۇللىرى ئومۇملاشقان. شۇنىڭدەك، پادىشاھ، ئەمەلدارلار ۋە مەشھۇر زاتلارنىڭ قەۋرىسى ئۈستىگە تۈۋرۈك، لىملار بىلەن ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق پىشايۋانلارنى ياساپ، پەنجىرە ئورنىتىش ياكى قەۋرىنىڭ تۆت ئەتراپىغا رىشاتكا قويۇش، كىسەك ياكى خىش بىلەن قەۋرە قاتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇغ ياكى ئەلەم قاداش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغان. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى هەر قايسى جايلاردا، تۈۋرۈك - لىملارنى چېتىشتۇرۇش، كىسەك ياكى تال چىۋىقلارنى توقۇپ ئارىلىقنى توساپ، كاكىل لاي بىلەن سۇۋاش ئارقىلىق، قۇشام ئۆيلەرنى ياساش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. بۇ ئۆي - ئىمارەتلەردىكى نەقىش - بىزەكلەر ئاساسىي جەھەتتىن، ياغاچ ئويما نەقىش، گەز قاتۇرما نەقىش، تاش رەڭ سىزما نەقىش، قاشتېشى ئويما نەقىش، گۈللۈك نەقىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىد ياغاچ ئويما نەقىش ئالاھىدە تەرەققى قىلغان.

قاراخانىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بىناكارچىلىق تېخنىكىسىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، تام ئۈستىگە لىم، جەگىلەرنى بىۋاستە قويۇش ياكى لىم، جەگە ئىشلەتمەستىن، خىش ياكى كىسەك بىلەن

ئەگمە چىقىرىپ يىپپىش ئۇسۇلى كەڭ قوللىنىشقا باشلىغان. مەھمۇت قەشقەرى مازىرىدىكى تۈز تۈرۈسلۇق ۋە ئەگمە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياسالغان ئىمارەتلەر ئەملىيەتتە ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مازارنىڭ نەقىش – بىزەكلىرى كۆچلۈك دەۋرى خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، بىناكارچىلىقتا دەسلەپكى ئۇسۇل ياغاچ ئويما نەقىش ئىشلىتىلگەن. ياغاچ ئويما، سىزىقچە ئويما، تەكشى يۈز ئويما، كۆپتۈرمە ئويما قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرىدىكى نەقىشلەر ئىچىدە سۇخەر، غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، يازا، كۆرگۈل شەددە ۋە ھەرخىل گۈل – ئۇسۇملۈكلەرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىدىن ھاسىل بولغان ئون نەچچە خىل نۇسخە بار. بۇلار كېيىنكى دەۋرلەردە ياسالغان ئىسلام ئىمارەتلىرىدە كۆپرەك قوللىنىلغان.

مەھمۇت قەشقىرى مازىرى 900 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىمارەت بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنىي ئىمارەتچىلىك سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققى قىلىش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە تارىخىي مەدىنى مىراستۇر.

بۇ تارىخىي يادىكارلىق ئاپتونوم رايۇنىمىزدىكى نوقتىلىق ئاسرىلىدىغان جايلارنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، پارتىيە – ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ جىددى كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا قايتىدىن رېمۇنت قىلىندى.

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى 1984- يىل 2 – سان

# 9-«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن سودا توغرىسىدا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي تىللىق ھەر قايسى مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ سودا ۋە ئىشلەتكەن پۇل، سودا ئېلىپ بارغان رايون، سودىدا قوللانغان سودا ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئائىت بولغان نۇرغۇن بايانلار بار بولۇپ، بولۇپمۇ، ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ ئىشلەتكەن پۇلى ۋە سودىدا قوللانغان سودا ئاتالغۇلىرى، بىر قاتار ماتىرىياللارنىڭ پۇل قىلىپ ئىشلىنىشى، قەيەرلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سودا ئالاقىسى قاتارلىق مەزمۇنلار كۆرسىتىلگەن.
بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولۇپ كۆزگە چېلىقىدىغىنى بولسا، شۇ دەۋر خەلقىنىڭ ئىشلەتكەن پۇللىرى بولۇپ، شۇ پۇللارنى زادى قانداق ماتىرىياللارنى خام ماتىرىيال قىلىش ئارقىلىق شۇ پۇللارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە شۇ پۇللارنىڭ قىممىتىنى قانداق ھېسابلىغان قاتارلىقلار.

包括维吾尔族等各突厥语民族的，部落， 摘要：本文章讲解了“突厥语大辞典”中的商业与那时候使用的货币，从事商业的地方，有关在商业中运用的商业术语与有关它的更多信息。尤其是，展示给我们各个部落使用的货币与商业中运用的术。语，代替货币的一系列料子，还有跟哪些地方有商业来往
其中，最突出的是，当代人民使用的货币，哪些料子代替此货币与如何衡量它的价值等

ئاچقۇچلۇق سۆز: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، سودا، پۇل، سودا-سېتىق ئاتالغۇلىرى

ھەر قايسى ساھەدىكى بىلىم ئىشتىراكچىلىرىغا مەلۇمكى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناس مەدمۇد كاشغەري يازغان، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا مەنسۇپ

مەشهۇر يازما يادىكارلىق. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلە- مىللەتلەر تىلللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىكى چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن قامۇس ئەسەر بولۇپ، خاتىرە، ئىزاھاتلىرىنىڭ چىنلىقى، ئىلمىيلىكى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ھەممە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىدىكى ماددىي، مەنىۋىي ئەھۋالى ئەينەن خاتىرىلەنگەن ئەبەدىيلىك ھۆججەتتۇر. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» دا تۈركىي تىللارنىڭ ھەر قايسى دېئالېكىت، شىۋە پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇش، ئىزاھلاشتا تولىمۇ ئىلمىي، ئەستايىدىل ۋە سەممىي پوزىتسىيىدە بولغان. ھەر قانداق بىر نەرسىنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، سۈپىتى، خۇسۇسىيەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئىنچىكە كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەگەر سىز «دىۋان» نى بىر قېتىم ئوقۇپ باقسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇن ساھەگە چېتىلىدىغانلىقنى ھېس قىلىسىز ئەلۋەتتە! بۇنىڭدىكى ھەر قايسى ساھەلەر دەپ ئۆتكىنىم بولسا، ئائىلە سەرامجانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تىبابەتچىلىك دورىلىرى، يېمەك-ئىچمەكناملىرى، زىبۇ-زىننەت، كىيىم-كېچەك ۋە كىيىم-كېچەك سايمانلىرى، يىپەك، سودا، ئۆي-ئىمارەت، قۇرۇلۇش، بوتانىكا، پەلسەپە قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردىن چۈشەندۈرۈش بەرگەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ ھەممە شۇلارنىڭ تەۋەلىكىنى، قايسى قەبىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، نېملەرگە ئىشلىتىدىغانلىقنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا ۋە ئىلمىي چۈشەندۈرۈشكە بەك دىققەت قىلغان.

مەن بۇ مەۋسۇمدە بۇ دەرسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ئۆگەنگەندىن كېيىن ، ماڭا ئەڭ تەسىر قىلغىنى شۇ دەۋر كىشلىرىنىڭ سودا توغرىسىدىكى پائالىيەتلىرى، قەيەرلەر بىلەن نىمە توغرىسىدا سودا ئالاقىسى قىلغان يەنى ( مەھمۇد كاشغەرى ئۆزى سىزغان شۇ دۇنيا خەرىتىسىدە كۆرسىتىلگەن ھەممە رايونلار بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغانمۇ ياكى قانداق سودا ئالاقىسى قىلغان، قانداق تاۋارلار ئۆستىدە ۋە ياك باشقا نەرسىلەدىن ئالماشتۇرش ئېلىپ بارغانمۇ؟ دېگەندەك...) ئىشلەتكەن پۇل ۋە سودا-سېتىق ئاتالغۇلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار جەھەتتىن ئىزدەنگەنلىرىمنى ۋە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىماقچىمەن.

قاراخانىيلا سۇلالىسى دەۋردە، ئۇيغۇرلارنىڭ سودىسى ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان.نۇرغۇن جايلاردا بىر مۇنچە يېڭى گۈللەنگەن مۇقىم بازارلار شەكىللىنىپ، كۆپلەپ مېتال پۇل قۇيدۇرۇپ تارقىتىلغان. بۇ ئەھۋال مەزكۇر سۇلالىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، سودا پائالىيتىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى، ئىقتىساتىنىڭ گۈللىنىشى، شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى ۋە يېڭىدىن بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. بۇ دەۋردە مىلادىنىڭ ئالدى كەينىدە بارلىققا كەلگەن مارالۋېشى يەنى (بارچۇق) ، ئاقسۇ يەنى (ئەردەبىل)، كۇچار، قەشقەر، ياركەند، خوتەن (ئۇدۇن)، بالاساغۇن، ياقالىغ، ئاشپارا، تىرمىز، بۇخارا، تالاس

قاتارلىق قەدىمي شەھەرلەر يەنىمۇ كېڭەيدى. ئارخېئولوگىك تەكشۈرەشلەرنىڭ نەتىجىسى 10-ئەسىردىن 12-ئەسىرگىچە ئىلى دەريا ۋادىسىدا 56 جايغا يېقىن بازار سېلىنىپ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ شەھەرگە ئايلانغانلىقىنى ئەستىقلايدۇ.
تۆۋەندە مەن ئالدى بىلەن شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىشلەتكەن پۇلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرستىپ ئۆتۈلگەن پۇللارنىڭ نامى ۋە سودىدا قوللانغان سودا ئاتالغۇلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەي.( بۇنىڭدا مەن ھەر قايسى ماتىرىياللاردا چۈشەندۈرۈلگەن مەزمۇنلارنى كىرگۈزدۈم).

ئىشلەتكەن پۇللار:

Agin

مەنىسى- ئېنى بىر يېرىم غېرىچ، بويى تۆت گەزلىك بىر بۆز (سۇۋار قەبىلىسى شۇنىڭ بىلەن سودا-سېتىق قىلىدۇ، 1-توم، 106- بەت).

böz

مەنىسى – بۆز ( 3- توم، 169 – بەت).

قامدۇ – بويى تۆت گەز، ئېنى بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بوز، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇر خانىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا-سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ پۇل كونىرىسا ھەر يەتتە يىلدا بىر قېتىم يۇيۇپ ئۇستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ. ( «بۇ قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستۇتى پەن-تەتقىقات باشقارمىسى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى» 1980-1985).

بۇ «قامدۇ» دېگەن پۇل توغۇرلۇق رېشات گەنچىنىڭ (تۈركىيە) «11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن كىتابىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش چۈشەندۈرۈلگەن.

بەنەك- يارماق، مىس پۇل(«بۇ قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستۇتى پەن-تەتقىقات باشقارمىسى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى» 1980-1985).

بەنەك - «دىۋان» دا «باقىر» دېيىلىدىغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ جۇڭگودا ئاقىدىغانلىقى سۆزلەنگەن ۋە ئۇ ئېلىم- سېتىمدا ئىشلىتىلىدۇ، دېيىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «بەنەك» دېگىن سۆزنىمۇ مىس پۇل دەپ تەرىپلىگەن بولسىمۇ، بۇنى كىملەرنىڭ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن.

كۇمۇش- كۇمۇش تەڭگە. چۈنكى تەڭگىنىڭ تەركىبىدە كۇمۇش بار.( «بۇ قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستۇتى پەن-تەتقىقات باشقارمىسى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان «ئىلمي ماقالىلەر توپلىمى»

1980ـ1985).

ئۆرۈغلۈغ ـ ئۆرۈغلۈغ ئالتۇن: ئاقچا قىلىپ قۇيۇلغان ئالتۇن، باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ( تۈركىي خەلقلەر «ئەرەبچە مېتال پۇل» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا «ئۆرۈغلۈغ» دېگەن سۆزنى قوللانغان).

Ügün

مەنىسى ـ پۇل ياكى گۇل ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ توپى ( 1ـ توم، 106ـ بەت).

Yarmaq

مەنىسى – يارماق، پۇل ( 3ـ توم، 57 – بەت).

Yartmaq

مەنىسى – يارماق، تەڭگە ( 3ـ توم، 588 – بەت).

مەن تۆۋەندە يەنە يۇقىرىدا سۆزلەنگەن پۇللار توغرۇلۇق قىسقىچە مەزمۇن قىستۇرۇپ ئۆتەي.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا XI ئەسىردە تۈركىي خەلقلەر پۇلنى «يارماق» دېيىشەتتى(1). بىراق «دىۋان»دىن يارماقنىڭ قانداق پۇل ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي كىتابىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە پۇلنى تىلغا ئالغان بولسىمۇ، ئۇ پۇللارنىڭ زادى قانداق پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس. بىز «دىۋان» دىكى «يارماق» دېگەن سۆزنى ئەرەبچىدىكى «دەرھەم» دەپ تەرجىمە قىلغانلىقىغا قاراپ، «يارماق» نىڭ بىر خىل كۈمۈش پۇل ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «كۈمۈش» دېگەن سۆزنى «تەڭگە» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى :« چۈنكى ئۇنىڭ تەركىبىدە كۈمۈش بار» (2) دەپ چۈشۈندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلار «يارماق» نى باشقا تۈركىي خەلقلەردىن سەل ـ پەل پەرقلەنگەن ھالدا «يارتماق» دەپ ئاتىغان بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىككى خىل ئاتالغان، ئەمما بىر خىل مەنىنى بىلدۈرگەن.

«بۆز» گە كەلسەك : تۈرك قەۋملىرى ئىچىدە سودىگەرچىلىكنى خېلى بۇرۇن باشلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مېتال پۇللىرىنىڭ يوقلىقىغا ۋە بارلىق پۇللىرى ئاشۇ خىل بۆزلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش تولىمۇ قىيىن. ئەمەلىيەتتە مەھمۇد كاشغەرىيمۇ «يارتماق» دېگەن سۆزنى ئۇيغۇرچە «دەرھەم» دەپ چۈشەندۈرگەنلىكىنى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندۇق. ئا.جافەر ئوغلۇ ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان مېتال پۇللىرى ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرى بارلىقىنى ئېيتىدۇ. قارىغاندا بۇ «بۆز» پۇل سودىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان كۆپ مىقداردىكى پۇلنى ئوڭاي يۆتكەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان ۋە ھازىرقى قەغەز پۇل ياكى چەك ئورنىدا ئىشلىتىدىغان

نەرسە بولسا كېرەك.

يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، «بۆز پۇل» XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىدا يالغۇز ئۇيغۇرلارغىلا خاس نەرسە ئەمەسلىكمۇ مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. جۈملىدىن سۇۋار قەبىلىسىمۇ «ئەگىن» دېيىلىشغان ۋە ئىنى بىر يېرىم غېرىچ، بويى تۆت گەز كېلىدىغان بىر خىل بۆزنى سودا-سېتىقتا پۇل ئورنىدا ئىشلىتەتتى. مەلۇم بولۇشچە سۇۋار شەھىرى ئىدىل بۇلغارلىرى دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇلغارلارمۇ ئىدىل دەريا قاتنىشى ئارقىلىق خېلى بۇرۇنلا ھەر قايسى خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرغانىدى. ئۇلارمۇ بۆزنى سودا-سېتىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى،بۇ «بۆز پۇل» نى پەقەت ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى بۇلغارلارنىڭمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

يەنە پۇلنىڭ قىممىتى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بەرسەم:

«دىۋان» دا پۇلنىڭ قىممىتى توغرىسىدىمۇ كۆرسەتمە بەرگەن بولۇپ، مېنىڭ بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب بولسا، تۈركىي خەلقلەر دۈگىلەك دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا«ياپ» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەنلىكنى، مۇشۇ ئاساستا ئۇلار يۇملاق، دۈگىلەك پۇلنى «ياپ يارماق» دېيىشكەنلىكنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «يېنىمدا ياپ يارماق يوق» دېگەن سۆز ئارقىلىق «پۈتۈن پۇل يوق» دېگەن مەنىنى ئىزاھلىغانلىقنى، بۇنىڭلىق بىلەن پۈتۈن پۇل بىلەن چەت-چۆرىسى بۇزۇلغان پۇللارنىڭ قىممىتىدە پەرق بارلىقنى، پۇل بۇزۇلسا، قىممىتىنىڭ تۆۋەنلەيدىغانلىقنى، بۇزۇلغان پۇللارغا قارىتا «پۇچۇق پۇل» دەپ پۇل ئاتالغۇسى ئىشلەتكەنلىكنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. تۈركىي خەلقلەر بەزى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى، پۇچۇلانغان ياكى پارچىلانغان بەزى پۇللارنى مېتاللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، قىممىتى تۆۋەنرەك پۇل ياسىغانلىقنىمۇ كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

سودىدا قوللانغان سودا ئاتالغۇلىرى:

**Asïğ**

مەنىسى – پايدا، نەپ ( بىرىنچى توم 87- بەت)

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزنىڭ قايسى شېۋىدە ئىشلىتىلگەنلىكنى ئېيتمىغان، ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئىشلەتكەنلىكگە قاراپ، XI ئەسىردە خاقانىيە شېۋىسىدە شۇنداق دېيىلىدىغانلىقنى ئېنىراپ قىلىش كېرەك. ئەمما «ئاسىغ» دېگەن سۆز ئورتاق قوللىنىلىدىغان سودا-سېتىق ئاتالغۇسى ئىدى.

**Alïš**

مەنىسى – قەرز ئېلىش ( 1- توم، 84- بەت).

بۇ سۆز رېشات گەنچىنىڭ (تۈركىيە) «11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن كىتابىدا كۆرسىتىلمىگەن. ئەمما «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆز بار.

**üküšlädi**

مەنىسى- كۆپسىندى، كۆپ دەپ ھېساپلىدى (مىسال- ئادەم مېلىنى كۆپ دەپ ھېساپلىدى. 1- توم، 390- بەت).

**Qïz**

مەنىسى- قىممەت ( 1- توم، 426- بەت).

**bärt**

مەنىسى- بېرىم (مىسال- قۇلنىڭ ھەر يىلى قۇل ئىگىسىگە بېرىدىغان بېرىمى. 1- توم، 145- بەت)

**Sart**

مەنىسى- سودىگەر (1- توم، 146- بەت)
ئۇيغۇرلارغا «سارت» دېگەن سودا ئاتالغۇسى پارسلاردىن كىرگەن. ئۇيغۇرلاردا «سودىگەر» دېگەن مەنىدىكى «سارت» دېگەن سۆز خېلىلا كەڭ مەنىدە قوللىنىلغان بولۇپ، مۇنداق بىر ماقالىنى مىسالغا ئالىدۇ: « سارتنىڭ ئازۇقى ئارىغ بولسا يولسا يەر». بۇ ماقالدا ئۆزىنى بەك پاك ۋە توغرا ھېسابلاپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان، بىراق سۆزىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدىغان ئادەملەرگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن. ھەممە يەنە «ئىش پەيتىدە، سودىگەر پايدىدا» دېگەن ماقالنى مىسالغا كەلتۈرۈپ، شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ سودىگەرلەرگە قارىتا قانداق كۆز قاراشتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ سۆزلەر سودىگەرلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بەرگەندەك، «سارت» دېگەن ئىسىمنىڭ ماقال-تەمسىلەردىن ئورۇن ئالغۇدەك دەرىجىدە ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن.

**käbit**

مەنىسى- مەيخانا، قاۋاقخانا (1- توم، 463- بەت)
مەن بۇنى مىسالغا ئېلىشىمدىكى سەۋەب بولسا، «دىۋان» دا بۇ ئاتالغۇ ئۇچرىغانلىقى ۋە شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ «مەيخانا، قاۋاقخانا» ئېچىش ئارقىلىقمۇ سودا قىلغانلىقى، بۇمۇ بىر خىل سودىنىڭ شەكلى ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما مەن كۆرگەن كىتابلاردا، بۇ ئىسمنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ياكى مۇشۇنداق سودا قىلغان دەپمۇ كۆرسەتمەپتۇ،شۇڭا مەن بۇ ئىسىمنىمۇ مىسالغا ئېلىپ

چۇشەندۈرۈشنى توغرا تاپتىم.

**Satïğ**

مەنىسى – سودا-سېتىق ( 1- توم، 484- بەت)

**bärim**

مەنىسى – بېرىم، قەرز ( 1- توم، 532- بەت)

ئا.جەفەر ئوغلۇ «بەرىم» دېگەن سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى قەرز دېگەنلىك بولىدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن بىللە، «ئالىم» دېگەن سۆزنىمۇ قەرز دېگەن مەنىدە دەپ ئىزاھلىغان.

**Burta**

مەنىسى – ئالتۇن ۋاراق سېتىلىدىغان نەرسە ( 1- توم، 543- بەت)

**Satïğlïğ**

مەنىسى – سېتىلىدىغان نەرسە ( 1- توم، 655 – بەت )

**Satturdï**

مەنىسى – ساتتۇردى ( 2- توم، 261- بەت)

**Satïndï**

مەنىسى – ساتىدىغاندەك كۆرۈندى ( 2- توم، 212- بەت)

**Qïzlandï**

مەنىسى – قىممەت كۆردى، قىممەت ساندى ( 2-توم، 366- بەت).

**Sattï**

مەنىسى – ساتتى ( 2- توم، 430- بەت)

**Yap**

مەنىسى - ① دۇگىلەك ② جاۋىغا ( ھەر قاندان يۇملەق شەكىلدىكى نەرسنى كۆرستىدۇ، 3- توم، 1- بەت).

**Yük**

مەنىسى – يۈك، ئارتىق، مال ( بۇ سۆز ئېغىرلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلەردىمۇ قوللىنىدۇ، 3- تو، 3- بەت).

**Yanut**

مەنىسى – بەدەل ( بىر نەرسىنىڭ باراۋىرىگە بېرىلىدىغان ھەق، 3- توم، 9 – بەت ).

**Yarïš**

مەنىسى - ① بەيگە ② بۆلۈش ③ بۆلۈشۈش ( ① ئات بەيگىسى ② ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا مال

ئۆلۆشۆش ، 3- توم، 11 –بەت ) .

**Yarmaqlandï**

مەنىسى- يارماقلىق بولدى ( 3- توم، 160 – بەت).

**tär**

مەنىسى – ئىش ھەققى، ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن پۇل ( 3- توم، 203 – بەت).

**Yas**

مەنىسى – زىيان، زەرەر (مىسال- ئۇنىڭغا كۆپ زىيان تەگدى، anïng tälim yašï tägdi ، 3- توم، 218 – بەت). رېشات گەنچىنك (تۈركىيە) «11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپمۇ كۆرسىتىلگەن: سودىدىكى زەرەر ۋە زىيان «قور» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىناتتى. ئېلىم-سېتىمدا زىيان تارتقان چاغدا «ئەر قور قىلدى» دېيىشەتتى. بۇ سۆز زەرەر-زىيان دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇيغۇرچە خاتىرىلەردىمۇ ئوخشاش تەلەپپۇزدا «قور» دەپ ئۇچرايدۇ.

**Qïzudï**

مەنىسى – قىممەتلىدى، باھاسى كۆتۈرۈلدى ( مىسال- مال قىممەتلىدى، tawar qïzudï، 3- توم، 361- بەت). مېنىڭچە مانا بۇ مىسال ئارقىلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ نېمىشقا پۇلنى پۇچىلاپ ياكى پارچىلاپ ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە پارچىلاپ مېتاللار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەنلىكىگە سەۋەب تاپالايمىز.

**Satsadï**

مەنىسى – ساتقۇسى كەلدى ( 3- توم، 387- بەت).

**Satïğsadï**

مەنىسى – ساتقۇسى كەلدى

**Satïğladï**

مەنىسى – سودا قىلىشتى، سېتىشتى (3- توم، 458 – بەت).

**ötünč**

مەنىسى – ئۆتنە، قەرز ( 3- توم، 607 – بەت).

«دىۋان» دىكى «مەن ئاڭار يارماق ئۆتتۈنچ بەردىم»، يەنى «مەن ئۇنىڭغا پۇل ئۆتنە بەردىم» دېگەن جۈملىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى «ئۆتتۈنچ» دېگەن سۆز ھازىرمۇ تۈركچىدە ئەينى مەنىدە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، تۈركىي خەلقلەر شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىدەكلا ئېھتىياجلىق بولغان چاغلاردا بىر-بىرىدىن پۇل ئۆتنە ئېلىشاتتى. بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئەھۋال. بەزىلەر يەنە ئۆتنە دېگەن مەنىدە «ئۆتنۈ» دېگەن سۆزنىمۇ ئىشلەتكەن.

بۇلاردىن باشقا رېشات گەنچىنىڭ (تۈركىيە) «11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر قانچە سودا ئاتالغۇسى بېرىلگەن، ئۇلار بولسا تۆۋەندىكىچە:

كاپالەت: «دىۋان» دىكى «ئوقا» دېگەن سۆز ئەنە شۇنداق كېپىللىك، كاپالەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. مىسالى بولسا: «مەن ئانى ئوقا ئالدىم» دېگەن جۈملىنىڭ «مەن ئۇنى كېپىللىككە ئالدىم» دەپ ئىزاھلىشى، كېپىل بولغۇچى ئورگانلارنىڭمۇ بارلىقنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.تۈركىي خەلقلەر كېپىل بولۇش دېگەن مەنىدە يەنە «ئەل تۇتماق» (قول تۇتماق) دېگەن سۆزنىمۇ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئەلىك تۇتقۇنچە ئوت تۇت» يەنى «كەپىل بولغۇچە ئوت تۇت» دېگەن ماقالنى مىسالغا كەلتۈرۈشى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

شېرىك:

بۇ مەنىدە XI ئەسىردە «ئورتاق» دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي «ئورتاق» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ماقالنى مىسالغا ئالىدۇ:«ئورتاق، ئۆز ئورتىقىدىن ئارتۇق ئالماس». ئۇ بۇ ماقالنىڭ ئادەمنى ئىنساپلىق بولۇشقا ئۈندەپ دېيىلدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.بۇ ماقالدىن قارىغاندا بەزى ھاللاردا شېرىكلەر بىر-بىرىنى ئالدايدىغان ئىشلارمۇ بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشۇنىڭدەك ماقاللارنىمۇ كۆرسىتىپ، مىسالغا ئالغان.

يۇقىرىدا مەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ پۇلى ۋە سودا ئاتالغۇلىرى توغرىسىدا ئۆزەمنىڭ ئىزدەنگەنلىرى ۋە بىر قىسىم كىتابلاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتتۈم. ئەمدى تۆۋەندە مەن شۇ دەۋر تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەيەرلەر بىلەن قانداق، نىمە توغرىسىدا سودا ئېلىپ بارغانلىقى توغرىسىدا چۈشەندۈرۈش بېرىپ ئۆتەي.

تۈركلەرنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

1) چىن دۆلىتى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى:

«دىۋان» دا 20 خىلدىن ئارتۇق يىپەك كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى «بىر خىل چىن

يىپىكى»، «چىندا ئىشلەنگەن يىپەك رەخت»، «چىننىڭ يىپەك رەختى» دېيىش ئارقىلىق، شۇ خىل يىپەك توقۇلما بۇيۇمنىڭ ئىشلەنگەن ئورنى بولغان «چىن» سۆزىنى قوشۇپ ئىزاھلىغان. بۇلاردىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدىكى، شۇ دەۋر تۈركلىرىنىڭ «چىن» بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىنىڭ شۇنچە قويۇق بولغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمدى بۇنداق دېگەنلىك، تۈركىي خەلقلەرنىڭ يىپەكچىلىك ئىشلىرى پەقەت تەرەققىي قىلمىغان دەيدىغان كۆز قاراشقا كېلىپ قالساق بولمايدۇ، چۈنكى ئۇيغۇرلار ياشىغان ۋە ھازىرمۇ ياشاپ كېلىۋاتقان كەڭ زېمىنلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشلاردا بايقالغان زور مىقداردىكى يىپەك بۇيۇملار ۋە ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پىلە بېقىش پىلە چۇقىرىش، ئەتلەس توقۇش قاتارلىق مەدەنىيەت رېئاللىقى، ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەكچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشىغان زېمىنلاردىكى قەدىمىي كارۋان يوللىرى 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە «يىپەك يولى» دەپ ئاتالدى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قۇرۇقلۇقلىرىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم تۈگۈنلىرىدە تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى ھەممىگە ئايان. يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى بىر دۆلەت ۋە بىر رايون خەلقلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى قىممەت قارىشى ۋە مەنىۋى گۈزەللىك قارىشىنىلا ئەمەس، ئاشۇ دۆلەت، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۆلىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، بىز بۇنىڭلىق بىلەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ پەقەت «چىن» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ياۋروپا، ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى «چىن» دىن باشقا باشقا دۆلەت، ئافرىقا قاتارلىق قىتئەلەردىكى دۆلەتلەر بىلەن ئۆز ئارا ھەرخىل تاۋار ئالماشتۇرۇش، بولۇپمۇ يىپەك ئالماشتۇرۇش ۋە يىپەك سودىسى قاتارلىق سودا مۇناسىۋەتلىرىنى ئورناتقانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ ئەلۋەتتە ! مەن تۆۋەندە شۇ دەۋر تۈركىي خەلقلەرنىڭ چىنلار بىلەن بولغان چىن يىپەكلىرى توغرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتىدە ئاساسلىق بولغان چىن يىپەكلىرىنى جەدۋەل تۈزۈش شەكلى ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتەي:

| نومۇر | يىپەك نامى | رەڭگى، ئالاھىدىلىكى | ئىشلەنگەن جايى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1 | qaffar | زەپىرەڭ يىپەك رەخت | ؟ | 3-توم،595-بەت |
| 2 | täχčäk | ؟ | بىر خىل چىن يىپىكى | 1-توم،622-بەت |
| 3 | zunkum | ؟ | چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك | 1-توم، 631-بەت |
| 4 | mindätu | يىپەك رەختنىڭ نامى | ؟ | 1-توم، 639-بەت |
| 5 | känzi | قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى يىپەك دۇردۇن | چىن | 1-توم، 557-بەت |
| 6 | čäkin | گۈل چېكىلمىگەن يىپەك رەخت | ؟ | 1-توم، 541-بەت |
| 7 | taχtu | ئىگىرىلگەن مەشۇت | ؟ | 1-توم،543-بەت |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1-توم، 463-بەت | چندا ئشلەنگەن بر خل يىپەك رەخت | ؟ | kӓz | 8 |
| 1-توم،181-بەت | ؟ | يىپەك رەخت | ağï | 9 |
| 1-توم، 426-بەت | چن | زەرباب، زەر بىسلغان قزل رەڭلك يىپەك رەخت | zčü | 10 |
| 1-توم، 197-بەت | چن | گۆللۆك يىپەك رەخت | kürdišӓ | 11 |
| 1-توم، 56-بەت | ؟ | توق سىرىق رەڭلك يىپەك رەخت | ay | 12 |
| 3-توم، 507-بەت | چن | چندىن كەلتۈرۈلدىغان بر خل رەڭدار يىپەك رەخت | ulingχ | 13 |
| | ؟ | يىپەك رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قول-ھۈنەر بۇيۇملرى | az | 14 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| | | | | |
| 15 | loxtay | چىننىڭ سىرىق تەڭگە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى | چىن | 3-توم، 330-بەت |
| 16 | torqu | تورقا، تاۋار | چىن | 1-توم، 556-بەت |
| 17 | barčin | يىپەك رەخت | ؟ | 3-توم، 462-بەت |
| 18 | Yollaqbarčin | يوللۇق يىپەك رەخت | ؟ | 3-توم، 21-بەت |
| 19 | al | هال، خانلار بايراق قىلىشقا، ئەمەلدارلار ئىگە قاپلاشقا ئىشلىتىدىغان هال رەڭ يىپەك رەخت | ؟ | 1-توم، 111-بەت |
| 20 | qačač | بىر خىل چىن دۇردۇنى | چىن | 2-توم، 414-بەت |

يەنە ئۈنىڭدىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان» دا كۆرسەتكەن يىپەك رەختلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى «چىندا ئىشلەنگەن »، «چىننىڭ بىر خىل يىپىكى» دەپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى، «چىن»

زېمىنلىرىدا يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر ئۇيغۇر خانلىقىدا ياشايدىغان ئۇيغۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن يىلتىزداش بولغان، قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەريا ۋادىسىغىچە تارقىلىپ ياشايدىغان خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى بىلەن مەدەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەردە ئەزەلدىن قويۇق باردى-كەلدىسى بارلىقىنى چۈشەندۇرىدۇ. چىن تېررىتورىيىسىدىكى «تات» (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار) سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن يىپەك، دۇردۇن، كىمخاپلارنى قوشنا ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەرگە ئۆز يۇرتلىرىدا توپ سېتىپلا قالماستىن، يەنە ئات، تۆگىلەرگە ئارتىپ تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى يايلاق زېمىنلارنى بويلاپ تاكى رىمغىچە سوزۇلغان «يىپەك يولى» ئارقىلىق خاقانىيە زېمىنلىرىدا، ھەتتا تېخىمۇ يىراق ئەللەرنىڭ بازارلىرىدا ساتقان. ئوتتۇرا ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى، غەربىتىكى غەزنەۋىيلەرخانلىقى، سالجۇقىيلار خانلىقى قاتارلىق خانلىقلاردىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئاسىيادىن ئافرىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارغا تارقىلىشىدەك ئەۋزەللىك، تىل ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر قايسى قەبىلىلەرنىڭ سودا-تىجارەت ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىپ، دۆلەت ۋە رايونلار ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە زور دەرىجىدە قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدەك «قامدۇ» يەنى «بۆز» دېگەندەك بىر نەچچە خىل پۇلنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى كۆرستىلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باشقا مىللەت ياكى قەبىلە، دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «چىن» بىلەن بولغان چىن قاچىلىرى، يەنى چىن چىنىلىرى بولۇپ، «دىۋان» دا چىن چىنىسى «چەلىك ئاياق» دېيىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا XI ئەسىردە جۇلالىق ۋە چىرايلىق چىنە-قاچىلارنى تۈركىي خەلقلەرمۇ ياسايتتى. ئۇ «سىر» دېگەن سۆزنى «چىن قاچىلىرىنى سىرلاپ نەقىشلەيدىغان يىلىملىق بوياق» دەپ ئىزاھلىغاندىن كېيىن، سىرلىق ۋە نەقىشلىق تۈرك قاچىلىرى ھەققىدىمۇ سۆزلەيدۇ. «دىۋان» دىكى «ئۇ تۈرك قاچىسىغا سىر سۈردى» دېگەن جۈملىدىمۇ، ئۇلار سىرلىق قاچا-قۇچىلارنى ياسايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنى «تۈرك چاناغى» دەيدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ. ئومۇمەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چىن چىنىلىرىنىڭ سىرلىنىشى ھەققىدە سۆز قىلىشتىكى مەقستى، فارفۇرچىلىقنىڭ مەنبەسى جۇڭگو بولغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

2) ھىندىستان بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى:

تۈركلەرنىڭ ھىندىستان بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىدە،«دىۋان» دا ھىندىستاندىن كەلگەن ماللار، دەپ بەزى دورىلار تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر نەرسە ھەققىدە سۆزلەنمەيدۇ.شۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، تۈركلەر ھىندىستان بىلەن پەقەت دورا ئالماشتۇرۇش ياكى ئۆزلىرىنىڭ دورىلىرىدىن قانائەتلەنمەي، ئۇ يەردىن دورا ئەكەلدۇراتتى.

3) باشقا قوۋملار بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتى:

تۈركىي خەلقلەر باشقا بەزى قوۋملار (مەسلەن: ئەرەبلەر، ئەجەملەر ۋە باشقىلار) بىلەنمۇ خېلى زامانلاردىن بېرى سودا ئالاقىلىرىدا بولغانلىقى مەلۇم. لېكىن مەھمۇد كاشغەرىي بۇ توغرىدا مەلۇمات بەرمەيدۇ. يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمىزكى، ماۋەرائۇننەھر بىلەن خارەزىم تۈركىي خەلقلەر ئەڭ كۆپ سودا قىلىدىغان ئۆلكىلەر ئىدى.

خۇلاسە:

مانا مۇشۇلاردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخارنىيلار خاندانلىقى بولسۇن ياكى قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنى XI ئەسىر تۈرك خەلقلىرىنىڭ سودا ئىشلىرى ناھايىتى راۋاج تاپقان. نۇرغۇن جايلاردا بىر مۇنچە يېڭى گۈللەنگەن مۇقىم بازارلار شەكىللىنىپ، كۆپلەپ مېتال پۇل قۇيدۇرۇپ تارقىتىلغان. بۇ ئەھۋال مەزكۇر سۇلالىنىڭ سودا ئىشلىرىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، سودا پائالىيىتىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ سودىغا قاتناشتۇرىدىغان مال تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن. مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش ياكى پۇلغا سۇندۇرۇش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق نۇرغۇن سودا شەكىللىرى ئارقىلىق، نۇرغۇن ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار ئارقىلىق سودا قىلغان، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ تۈركىي خەلقىمىزنىڭ شۇ دەۋر سودىسىنىڭ نەقەدەر گۈللەنگەنلىكىنى ۋە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا «يەرنى ئىجارىگە بېرىش» ھەم «يەرنى ئىجارىگە ئېلىش» پائالىيەتلىرى بولغان. يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچى بولسا «ئىجارىكەش» دەپ ئاتالغان. بۇ ھەقتە نىزاممۇلمۇلۈك دېگەن كىشىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە قىممەتلىك باھا بەرگەن. مانا بۇلاردىن يەنە شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ دەۋردە تۈركىي مىللەتلەر پەقەت ماللارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى باشقا جەھەتلەردىمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى يەنى دېھقانچىلىق،قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىش تۈرتكىسىدە تۈركىي خەلقلەر ۋە باشقا دۆلەت ياكى قەۋملەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت، سودا، ئىقتىساد، تېخنىكا قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردە زور يۈكسىلىش ۋە تەرەقىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.


پايدىلىنىلغان ماتىرىياللار:

1). «تۈركىي تىللار دىۋانى» (1-قىسىم، 2-قىسىم، 3-قىسىم)

2). رېشانىت گەنچىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر

3). شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر 2009-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان يولۋاس مۇھەممەتئىمىننىڭ («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن چىن ييپەكلىرى توغرىسىدا) ناملىق ماقالىسى

4).« ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»

5). قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ (1980～1985)، «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»

6). ھاجى نۇر ھاجىنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق كىتابى

# 10ـ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى Täpük

# سۆزىنىڭ ئىزاھاتى توغرىسىدا

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2008-يىللىق ئوقۇغۇچىسى

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى täpükسۆزىگە قارىتا ئىلىم ساھەسىدە بېرىلگەن ئىزاھاتلار بايان قىلىنىدۇ ۋە پۇتبول بىلەن تەپكۈچنىڭ تارىخى، تۈزۈلۈشى، ئوينىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى بايان قىلىش ئارقىلىق بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم كۆز قاراشلىرىمىز ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆز: täpük، پۇتبول، تەپكۈچ

摘要：文章论述对麻赫穆德·喀什噶里写的《突厥语大词典》中所记载的

一词在科学界里有什么样的说明。通过论述足球与毽子的历史、构成、” “ täpük

。玩法等，并发表我们的一些观点

täpük 、足球、毽子： 关键词

1. täpük سۆزىگە قارىتا ئىلىم ساھەسىدە بېرىلگەن ئىزاھاتلار:

1) مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى täpükسۆزىنىڭ ئىزاھاتىدا بەرگەن بىلگىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. شۇكرۇ خالۇك ئاكالىن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە (1)‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»دېگەن كىتابىدا بۇ نۇقتا ئۈستىدە

توختالغان. يەنى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىدا مۇنداق دەپ ئېلىنغان: «مەھمۇت كاشغەرىينىڭ ئىزاھاتى بويىچە täpük قوغۇشۇن ئېرىتىلىپ (2) (ئۇرچۇق ياكى يىككە ئوخشاش) يۇملاق توپ شەكلىدە قۇيۇلغاندىن كېيىن، ئۆچكە (3) چۇپۇرى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەر بىلەن ئورىلىپ ياسالغان بىر ئويۇنچۇق بولۇپ، ئادەتتە ئوغۇل باللار تەرىپىدىن تېپىپ ئوينىلىدۇ. täpük نىڭ täpmäk «تەپمەك» پېئىلدىن كەلگەنلىكى، يەنى täpük < täp- + -ük شەكلىدە ياسالغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئەپسۇسكى، مەھمۇت كاشغەرىي täpük سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن بۇ ئويۇنچۇق ھەققىدە كۆپ توختالمىغان. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، مەھمۇت كاشغەرىينىڭ بۇ قىسقا ئىزاھاتىدىن täpük ناملىق بۇ ئويۇنچۇقنى پۇتبولنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. يەنە بۇ كىتابنىڭ 97- بېتىدىكى ئىزاھاتىدا täpük سۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىنگلىزچە، تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىدە تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكى ئىزاھلاپ ئۆتۈلىدۇ. يەنى ئىنگلىزچە ۋە تۈركچە تەرجىمىلىرىدە täpük سۆزى «پۇتبول» دەپ تەرجىمە قىلىنغان بولسا، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە «تەپكۈچ» دەپ تەرجىمە قىلىنغانلىقى ئىزاھلىنىپ ئۆتىلىدۇ.

ئىنگلىزچە تەرجىمىسىدە :

**of a Täpük [Football] - Something fashioned from lead in the shape spindle-whorl, and then wound with goat's-hair or the like. Boys play it by kicking with**

[Täpük Football] [- يىك ياكى ئۇرچۇققا ئوخشاش يۇمۇلاق ئورالغان يىپتىن پەيدا بولغان، ئەتراپىدا ئۆچكىنىڭ يۇڭىغا ئوخشاش نەرسىلەر بار. ئوغۇل باللار تېپىپ ئوينايدىغان نەرسە. («تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1- توم 295- بەت. ئاپتور تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىندى.)

تۈركچە تەرجىمىسىدە :

**dökülür, üzerinde Täpük [futbol] - Kurşun eritilerek iğ ağïrşağï şeklinde oynarlar keçi kïlï veya başka bir şey sarïlïr, çocuklar bunu teperek**

Täpük [futbol] – قوغۇشۇن ئېرىتىلىپ يىك ياكى ئۇرچۇق شەكلىدە قويۇلۇپ، ئۈستى ئۆچكە چۈپۈرى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەر ئارقىلىق ئورالغان نەرسە. باللار بۇ نەرسىنى تېپىپ ئوينايدۇ. («تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى 1-توم 388-بەت. ئاپتور تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلىندى.)

ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە : täpük [تەپكۈچ] - دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۈپۈرىنى ئۆتكۈزۈپ، باللار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق. («تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1-توم 501-بەت)

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بۇ ئۈچ خىل تەرجىمىسى، گەرچە ئوخشاش بولمىغان يىللاردا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن (4) ئۇنىڭ بىر قانچە خىل تەرجىمىسى ئوخشاش مەتىننىڭ ئوخشاشمىغان تەرزدە تەرجىمە قىلىنغان، بۇنى تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ تونۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دوپ تونۇش كېرەك. täpük سۆزىنىڭ تەرجىمىسىدە بۇنداق ئوخشاشسىزلىقلار كېلىپ چىقىش مەسىلىسى گەرچە بىر قىسىم ئىلىم كىشىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن تا مۇشۇ كەمگىچە تېخى بىرلىككە كەلگەن جاۋاب بېرىلگىنى يوق.

2) 2010-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان، رىجات گەنچ (تۈركىيە) تەرىپىدىن يېزىلغان، تۇرسۇنئاي ساقىم تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان ««تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11- ئەسىردىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيەتكە نەزەر» دېگەن كىتابتا täpük نى مۇنداق دەپ ئىزاھلىغان: «تەپۈك (تەپكۈچ) : مەھمۇت كاشغەرىينىڭ ‹تەپۈك› دېگەن سۆزگە بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، باللار بىر خىل پۇت توپىمۇ ئويناپتى. ‹دىۋان›دا مۇنداق دېيىلگەن: ‹دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۈپۈرىنى ئۆتكۈزۈپ، باللار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق›. بۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىزاھاتتىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇكى، 11-ئەسىردىلا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە پۇت بىلەن ئوينىلىدىغان ۋە بۈگۈنكى پۇتبولنىڭ ئىپتىدائىي شەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلاشقا بولىدىغان بىر خىل ئويۇن ئويناپتى. تەھرىر بۇ يەردىكى مەزمۇنغا مۇنداق ئىزاھات بېرىپ ئۆتكەن: ئاپتور بۇ يەردە ‹تەپۈك›نى خاتا ھالدا پۇتبول بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئويۇن ھېلىھەممۇ ئۇيغۇر باللىرى ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ‹تەپكۈچ› دېيىلىدۇ. تەپكۈچنىڭ تۈزۈلۈشىمۇ يېقىنقى يىللارغىچە 11-ئەسىردىكىگە ئاساسەن ئوخشاش ئىدى، يەنى دۆگىلەك مېتالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە قوي ياكى ئۆچكە يۇڭى (بەزى جايلاردا ئاتنىڭ يۇڭى) ئۆتكۈزۈلۈپ ياسىلاتتى.»

يەنە، ئوخشاش بىر كىتابتا täpük سۆزىگە ئوخشاش بولمىغان ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ يەردىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركچە ۋە ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدىكى täpük سۆزىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان تەرجىمىنىڭ سەۋەبىدىن ئىلىم كىشىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل چۈشەنچە پەيدا

بولۇپ قالغان.

3) «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن 1985-يىلى تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ مىللىي تەنتەربىيەسى» دېگەن كىتابتا پۇتبول بىلەن تەپكۈچنىڭ ئىزاھاتىدا مۇنداق چۈشەندۈرۈش بېرىلىدۇ:

پۇتبول - پۇتبول ھەرىكىتى دۇنيا تەنتەربىيە قامۇسىدا 1851-يىلى ئەنگلىيىدە ئىجاد قىلىنغان دېيىلگەن، لېكىن تارىخىي ھۆججەتلەردىن قارىغاندا، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناسى مەھمۇت كاشغەرىينىڭ (5) بۇندىن 900 يىل بۇرۇن يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ قوزىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھاۋا (يەل) تولدۇرۇپ ئىشلەنگەن توپنى تېپىش ئۇسۇلى بىلەن قارىمۇ-قارشى قەلئەلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدىغان ‹تەپۈك›(تېپىش) ناملىق بىر ئويۇنى بار ئىدى» دېيىلگەن. (تۈرك قامۇسى 29-توم 384-بەت). بۇنىڭدىن قارىغاندا، پۇتبول ياكى توپ تۈركىي قەۋملەر تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغان. دەرۋەقە، ئۇ چاغلاردىكى توپ ھازىرقى زاماندىكى توپلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ، يىپتىن تولاپ، ھەرخىل تېرىلەرنىڭ ئىچىگە يۇمشاق نەرسىلەرنى تولدۇرۇپ ۋە قوزا تېرىلىرىگە يەل تولدۇرۇپ ياسالغان. كېيىن تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن ياۋرۇپا ئەللىرىگە يۆتكەلگەن.» (مەزكۇر كىتابنىڭ 99-بېتىدىن ئېلىندى.)

تەپكۈچ - ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، دانىشمەن تىلشۇناس مەھمۇت كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە، «تەپكۈچ باللار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق، تەپكۈچ دۆگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرى ئۆتكۈزۈپ ياسىلىدۇ» دەپ يازغان ئىدى. (ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 1-توم 501-بەت). بۇنىڭدىن تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە 11-ئەسىردىنمۇ بۇرۇن بارلىقىنى، تارىخىنىڭمۇ بىر قەدەر ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەپكۈچ ھەممە دەۋرلەردە ئوينىلىپ، تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە». (مەزكۇر كىتابنىڭ 172-بەتتىن ئېلىندى.)

ئېنىقكى، بىر كىتابنىڭ ئىچىدە ئوخشاش بولمىغان ئىككى ئويۇنغا ئىزاھات بېرىش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى نۇسخىسىدىكى ئوخشاش بولغان بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان، لېكىن ئوخشاش مەنىدە تەرجىمە قىلىنمىغان **täpük** سۆزىنىڭ ئىزاھاتىدىن پايدىلانغان. ئىلمىيلىكنى، پاكىتنى تەلەپ قىلىدىغان بۇ خىل ئىلمىيلىك خاراكتېردىكى كىتاب ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ خىل خاتالىقى تەرىپىدىن كىشىلەرگە ئىلمىي بولمىغان مەلۇمات بەرگەن.

يۇقىرقىدەك **täpük** سۆزىگە بولغان چۈشەنچىنىڭ بىردەك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئىلىم كىشىلىرىدە كۆز قاراش بىردەك بولماسلىق، ئاساسسىز پىكىرنى قالايمىقان ئوتتۇرغا قويۇشتەك ئىلمىي بولمىغان نۇقتىينەزەرلەر ئىلىم ساھەسىدە لەيلەپ يۈرمەكتە. بىز بۇلارغا دىققەت قىلىشىمىز ۋە بايقىغان ھامان

ئىلمىي پۈزۈتسىيە تۇتتۇشىمىز كېرەك.

**2. پۇتبول بىلەن تەپكۈچنىڭ تارىخى، تۈزۈلۈشى، ئويۇنلىشى قاتارلىقلار ھەققىدە:**

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، پۇتبول بىلەن تەپكۈچنىڭ تارىخى، تۈزۈلۈشى، ئويۇنلىشى ھەققىدىمۇ ئوخشاش بولمىغان چۈشەندۈرۈشلەر مەۋجۇت. يۇقىردا سۆزلەپ ئۆتكەنلەردىن باشقا يەنە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئوخشىمايدىغان قاراشلارمۇ بار.

**پۇتبول ھەققىدە:**

تارىخى: پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئوخشاش بولمىغان قاراشلار مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بەزىلەر پۇتبول ھەرىكىتىنى ئەڭ دەسلەپتە جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن دەپ قارىسا، بەزىلەر ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەتقىق قىلغۇچى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بولسا ئەڭ دەسلەپتە پۇتبولنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ.

جۇڭگودا بارلىققا كەلدى دېگۈچىلەر، (6) «يەنشۇدە قېزىپ چىققان پاقا چاناقتا يېزىلغان خەتلەر ئىچىدە مۇنداق سۆز بار: ‹توپ تېپىش ئۇسۇلى ئويناپ يامغۇر تىلەش›. شۇ زامانلاردا ‹پۇتبول ئۇسۇلى›نى بىر كىشىمۇ ئوينىغان، كۆپ كىشىمۇ بىرلىكتە ئوينىغان ياكى بىر رەت بولۇپ تىزىلىپ ياكى دۈگىلەك چەمبەر بولۇپ تىزىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۇسۇل ئويناپ، بىر تەرەپتىن توپ تېپىپ ئوينىغان. ئەينى زامانلاردا ئىشلەتكەن توپ تاش توپتىن تېرە ياكى يۇڭ توپقا تەرەققىي قىلغان» دەپ قارالغان. (7)يەنە، «مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ‹پۇت توپى ھەققىدە› دېگەن قەدىمىي كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: ‹ئېيتىشلارغا قارىغاندا، توپ تېپىش خۇاڭ دى دەۋرىدە باشلانغان ياكى جەنگو دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن› دېيىلگەن قاراش. (8) بۇنىڭدىن باشقا، «1980-يىلى 4-ئايدا، خەلقئارا پۇتبولچىلار بىرلەشمىسى تېخنىكا ھەيئەتلىكىنىڭ رەئىسى بىلادېت مۇنداق دېگەن: ‹پۇتبول ئويناش جۇڭگودا باشلانغان، كېيىن ئۇرۇش تۈپەيلىدىن غەربتىكى ئەللەرگە سىڭىپ كىرگەن› » يەنە، (9) «‹蹴鞠› دېگەن سۆزدىن كەلگەن، كېيىن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئەرەب دۆلەتلىرىدىن ياۋرۇپا ئەللىرىگە يۆتكىلىپ كەتكەن» دېگەندەك پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئەنگلىيەدە بارلىققا كەلدى دېگۈچىلەر، (10) « ئەنگلىيە (ئېنگلاد) ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ بارلىققا كەلگەن جايى. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىلا ئەنگلىيەدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەنھەرىكەت تۈرى بارلىقى ئىسپاتلانغان. 19- ئەسىرگە كەلگەندە، بۇ ھەرىكەت ئەنگلىيەدە ئومۇملىششقا باشلىغان. بۇ ھەرىكەتنىڭ قېلىپلىششىغا مۇھتاجلىق تۈپەيلى 1863-يىلى 10-ئاينىڭ 26-كۈنى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر لوندوندىكى ‹فۇرپىماسىن› دېگەن مېھمانسارايدا يىغىلىش قىلغان. ئەنە شۇ ۋاقىتتا مۇنازىرىلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى

پۇتبول جەمئىيتى قۇرۇلغان، يىغىندا پۇتبول جەمئىيتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغاندىن باشقا يەنە، بىر قەدەر قېلىپلاشقان مۇسابىقە قائىدىلىرىمۇ بېكىتىلگەن. ئۇ قائىدىلەر دەل ھازىرقى زامان پۇتبول ھەرىكىتىدە قوللىنىلىۋاتقان پۇتبول قائىدە-تۈزۈملىرىنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى ئىدى. 2@08 V| » دېگەننى ئاساس قىلغان.

تۈركىي مىللەتلەردە بارلىققا كەلدى دېگۈچىلەر، « مەھمۇت كاشغەرىينىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىكى täpük سۆزىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ چۈشەندۈرىدۇ. (11) بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ‹ تۈركىي مىللىي مەدەنىيىتى › دېگەن كىتابتا : ‹ پۇتبول، چەۋگەن ئويۇنلىرى ھونلاردىن بۇرۇن تۈركلەر ئارىسىدا ئويۇنالغان بولۇپ ، كۆك تۈركلەر دەۋرىدە ( مىلادىيە 540 - 740-يىللار ) جۇڭگوغا تارقالغان › دېيىلگەن» يەنە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ‹ تۈركىي تىللار دىۋانى ›دا : ‹ ئۇرۇشتا پالۋانلار نەيزىلەشتى، باتۇرلارنىڭ بېشىنى توپقا ئوخشاش دومىلاتتى› دەپ يېزىلغان. دېمەك، يۇقىرىقى تارىخىي مەنبەلەردىن پۇتبول ھەرىكىتىنىڭ شىنجاڭدا خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز» دېگەنلەرنى ئىسپات قىلىپ قارايدۇ.

يۇقىردا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك ئۈچ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساس قىلغۇدەك دەلىل-ئىسپاتلىرى بار. لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدە زادى قايسىسى توغرا كۆز قاراش، بۇنىڭغا تېخىچە ئېنىق بىر بىرلىككە كەلگەن جاۋاب يوق.

تۈزۈلۈشى: تۈزۈلۈش شەكلى ئۈستىدە گەرچە ئازدۇر-كۆپتۇر ئوخشىمايدىغان قاراشلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار پۇتبولنى ئورتاق ھالدا: «يۇمىلاق شەكىلدە، سىرتى ھايۋانات تېرىلىرى ئارقىلىق ياسىلىپ، ئىچىگە ھاۋا (يەل) ياكى ئۆچكە چۈپۈرى، ئات يۇڭى، قوي يۇڭى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەرنى قاچىلاپ، تېپىش ئۇسۇلى بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇن دەپ قارىغان.»

ئوينىلىشى: (12) ئىككى كوماندىنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى تەرەپتىكى ۋوروتاغا ئاياق بىلەن تېپىش ياكى باش بىلەن ئۇسۇش ئارقىلىق كۆپرەك توپ كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىسپورت ئويۇنى. ئىپتىدائىي ئويناش شەكلى ھازىرقى ئويناش شەكلىدەك ئۇنداق مۇنتىزىم قائىدە، ئادەم سانى ۋە ۋوروتا بولۇشلارنى تەلەپ قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن توپنى قارىمۇقارشى بولغان ئىككى رايونغا تېپىش ئۇسۇلى بىلەن توپنى كىرگۈزۈپ ئوينىلىدىغانلىقى مەلۇم. (13) چۇ، چى بەگلىكىدىكى توپ ئويۇنىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ زامانلاردىكى توپلارنىڭ تېشى تېرىدىن ياسالغان بولۇپ، ئىچىگە يۇڭ سېلىنغان. پۇتبول مەيدانى ‹توپ قەلئەسى› دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ئىككى بېشىغا ‹توپ ئۆيى› ياسالغان (ئۇ يەنە ‹توپ رايونى› دەپمۇ ئاتالغان)، مۇسابىقە ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا، قارشى تەرەپنىڭ ‹توپ ئۆيى›گە تېپىپ كىرگۈزۈلگەن توپ سانى ئارقىلىق كىمنىڭ ئۇتقان-ئۇتتۇرغانلىقىنى بەلگىلىگەن» (14) «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ قوزىنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ھاۋا (يەل) تولدۇرۇپ ئىشلەنگەن توپنى

تېپىش ئۇسۇلى بىلەن قارىمۇ قارشى قەلئەلەرنىڭ ئىچىگە كىرگۈزىدىغان بىر خىل ئويۇن شەكلى بار» دېيىلگەن. بۇلاردىن پۈتبولنىڭ قانداق شەكىلدە ئوينىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

**تەپكۈچ ھەققىدە:**

تارىخى: تەپكۈچنىڭ تارىخى توغرىسىدا پەقەت مۇنداق بىرلا قاراش بار. يەنى، ئەڭ قەدىمىي ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن **täpük** سۆزىدىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. لېكىن بىز بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، **täpük** سۆزى يۇقىرىدا يەنە پۈتبولنىڭ تارىخىنى سۆزلىگەندىمۇ ئىشلىتىلگەن. شۇڭا بۇ خىل قاراشنىڭ توغرىلىقى توغرىسىدا تېخى يىتەرلىك پاكىت يوق. لېكىن، تەپكۈچنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنىڭغا ئىسپاتەن، **2008**-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن يېزىلغان «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «قاراخانىيلار دەۋرىدە، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدە تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە كىرىدىغان چەۋگەن (ئات توپى) ئويناش، تەپكۈچ تېپىش، دالا سەيلىسى قاتارلىقلار بار ئىدى».

تۈزۈلۈشى: **(15)** مىس داچەن ياكى شۇ چوڭلۇقتىكى ياپىلاق مېتالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈككە توخۇ پېيى ياكى يۇڭ قىستۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. **(16)** بۇنىڭ تۈرلىرىدىن «چاپلىما تەپكۈچ» ۋە «داچەن تەپكۈچ»...... قاتارلىقلار بار بولۇپ، «چاپلىما تەپكۈچ» قوي ۋە ئۆچكىنىڭ پارچە-پۇرات قالدۇق تېرىلىرىدىن توپاقنىڭ كۆزى چوڭلۇقىدا دۈگىلەك كېسىلىپ، ئۇنىڭ تېرە قىسمىغا باب كېلىدىغان نېپىز دۈگىلەك تاش تەييارلىنىپ، جىگدە يىلىمى تەپكۈچنىڭ تېرە قىسمىغا قېنىق سۇرتۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش چاپلىنىپ ياسىلىدۇ. «داچەن تەپكۈچ»نى ياساشتا، توخۇ ۋە باشقا ئۇچار قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى رەتلىك تۈپلەپ، يىپتا مەھكەم تېڭىپ، ئاندىن دىئامېترى **8-7** سانتېمىترغىچە كېلىدىغان مىس داچەنگە ئۆتكۈزۈپ ياسىلىدۇ. **(17)** تەپكۈچنىڭ ياسىلىشىدا يەنە مۇنداق قاراشمۇ بار: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا: تەپكۈچ دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرنى ئۆتكۈزۈپ ياسىلىدۇ» دەپ قارالغان. ئەلۋەتتە، بۇ نۇقتا بىزنىڭ **täpük** سۆزىنىڭ قانداق مەنە بېرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ يىقىن دەرىجىدىكى پەرەزگە باشلايدۇ.

ئوينىلىشى: **(18)** تەپكۈچ ئويۇنى قىزلارغا خاس ۋە قىز-ئوغۇللارغا ئورتاق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قىز-ئوغۇللارغا ئورتاق تۈرلىرىنى قىز-ئوغۇل ئۆسمۈرلەر ئارىلىشىپ تۈز تېپىپ ئوينىسا بولىدۇ، قىزلارغا خاس بولغانلىرىنى قىزلار تۈز ۋە چا پۇتلاپ تېپىپ ئوينىسا بولىدۇ. يالغۇز ئوينىسىمۇ بولىدۇ ياكى كۆپ كىشلەر بىرلىكتە ئوينىسىمۇ بولىدۇ. ھەرقانداق جايدا ئويناشقا ماس كېلىدۇ.

**3. täpük سۆزىنىڭ تەرجىمىسىگە بولغان كۆز قارىشىمىز:**

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل تەرجىمىدە، **täpük** سۆزىنىڭ تەرجىمىسىدە ئوخشىماسلىقلار بار. بىز بۇ يەردە ئۈچىلىسىگە ئورتاق بولغان قىسمىنى ئېلىپ تەھلىل يۈرگۈزىمىز. يەنى، (19) «قوغۇشۇننى ئېرىتىپ يىك ياكى ئۇرچۇق شەكلىدە قويۇلۇپ، ئۈستىنى ئۆچكە چۈپۈرى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەر ئارقىلىق ئورالغان نەرسە. باللار بۇ نەرسىنى تېپىپ ئوينايدۇ». ئايرىم-ئايرىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتسەك:

يىك: (ئىسىم) يىپ ئېگىرىش ئۈچۈن چىدامىلىق، قاتتىق ياغاچتىن قىرىپ ياسالغان ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق سايمان. (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى 6-توم 767-بەت)

يىكنىڭ ھازىرقى زاماندىكى شەكلى:

ئۇرچۇق: (ئىسىم) ① يىك ② ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ مۇھىم دېتالى. (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى 5-توم 722-بەت )

چۈپۈر: (ئىسىم) ئۆچكە، ئىشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ يىرىك يۇڭى؛ قىلچىق؛ موي. (سۈپەت) يىرىك، چىڭگىلەك؛ غۇژمەك (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغەت 2-توم 702-بەت)

دېمەك، **täpük** دېگەن بۇ ئىسىم **täp** دېگەن پېئىل ئۆزىكىگە **ük** دىن ئىبارەت ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، «تېپىش» دېگەن ھەرىكەت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. ئەلۋەتتە، پۇتبول بىلەن تەپكۈچنىڭ ئوينىلىشىغا قارايدىغان بولساق، بۇ ئىككى ھەرىكەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى توپنى تېپىش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ. دېمەك، «تېپىش» ھەرىكىتى بۇ ئىككىلا خىل تەنتەربىيە ئويۇنىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئىككى خىل توپنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدىن ئېلىپ ئېيتساق پەرقلەر بار. قوغۇشۇننىڭ ئېرىتىلىپ يىك ياكى ئۇرچۇق شەكلىگە كېلىشىگە قارىساق، تەپكۈچتەك مەنە بەرگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆچكە چۈپۈرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەرنىڭ ئورىلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ، دېگەن قىسمى بىزگە پۇتبولنىڭ ئىپتىدائىي شەكلىدەك تەسىر بېرىدۇ.

گەرچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يىك بىلەن ئۇرچۇق ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق سايمان بولغىنى بىلەن، ئۇ دەۋردە يۇملاق شەكىلدە ئىشلىتىلىدىمۇ بۇ بىزگە نامەلۇم، تەپكۈچنىڭ ياسىلىشىدىمۇ قوغۇشۇنغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېرىتىپ يۇملاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم. شۇنىڭ ئۈچۈن قوغۇشۇننىڭ يىك ياكى ئۇرچۇق شەكلىگە كېلىشى بىزنى بۇ خىل پەرەزگە باشلايدۇ. ئۆچكە چۈپۈرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يۇملاق نەرسىلەرنىڭ ئورىلىشىدىن قارىغاندا، پۇتبولدەك تەسىر بېرىدۇ. چۈنكى، پۇتبولنىڭ ھەجمى تەپكۈچنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ، بۇ يەردىكى «ئوراش»نى داۋاملاشتۇرسا پۇتبول ھەجمىدىكى چوڭلۇقتا كېلىشى مۇمكىن.

لېكىن بىز بۇ پەرەزلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، **täpük** سۆزىنى زادى قايسى ئويۇننىڭ نامى

ئىكەنلىكىگە بىر نەرسە دېيەلمەيمىز. (20) مەھمۇت كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: توپ بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇنچۇقلار ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «‹يۇۋماق› (يۇملاتماق) دېگەن سۆزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىگە كۆرسەتكەن ‹ئادەم توپ يۇمۇلاتتى›، ‹ئۇلار بىر-بىرىگە توپ يۇملىتىشتى›، ‹ئۇ، توپ يۇملاتقۇزدى، دۈگىلەتتۈردى›، ‹ئۇنىڭ توپ يۇملاتقۇسى كەلدى› دېگەندەك مىساللىرى ئومۇمەن يۇملىتىپ ئوينايدىغان بىر خىل توپنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرسىمۇ، لېكىن توپ بىلەن ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدە بىرەر مەلۇماتقا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس.»

شۇڭا، ئىلمىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان زىل نۇقتىلارغا تولۇق بولغان ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بۇ ئۈچ خىل تەرجىمىسگە كەلسەك، ھەربىر نۇسخا تەرجىمىنىڭ تەرجىمە قىلىنىشى، ئۆزىنىڭ بىلىش ئەھۋالى بويىچە ئەڭ زور تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ ئىلمىي ئەمگىكىنى سىڭدۈرگەن. شۇڭا **täpük** سۆزىنىڭ بىرلىككە كەلگەن، ھەممىنى قايىل قىلالىغۇدەك، تولۇق ئىسپاتىنى كۆرسىتىپ بەرمەي تۇرۇپ، ئىلمىي پائالىيىتىمىز جەريانىدا قالايمىقان ئىزاھات بەرسەك بولمايدۇ. ئىزاھات بېرىشتە، بۇ ئۈچ تەرجىمىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرجىمىسىنى ئىزاھلىۋېتىپ، ئىلمىي ئىشلەتسەك بولىدۇ. ئۇنداق بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش بولغان بىر كىتابنىڭ ئىچىدە، ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتىنى بېرىش ئۈچۈن ئوخشاش بولغان بىر سۆزنى ئىشلىتىپ، بىردەم ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن، بىردەم باشقا تىلدىكى يەنە بىر تەرجىمىسىدىن پايدىلانساق توغرا بولمايدۇ.

ئىزاھات: دەسلەپتە ماقالىنى يېزىشنى ئويلىغاندا، **täpük** سۆزىنىڭ تەرجىمىسىنى ئېنىق ئايرىپ چىقىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، لېكىن ماتېرىياللارنى ۋە قارىخانىلار خاندانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆرۈش جەريانىدا، بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسىدە كېسىپ بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرۈشكە ۋە تېخىمۇ كۆپ دەلىل-ئىسپاتلارنى توپلاشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. مېنىڭچە مەن توپلىغان ماتېرىياللاردىن تېخى بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسىگە كېسىپ بىر نەرسە دېمەك تەس. شۇڭا مەن باشقا بىر جەھەتتىكى كۆز قارىشىمنى گەۋدىلەندۈردۈم.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. «مىڭ يىل بۇرۇن، مىڭ يىل كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›» - شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن، تۈركىيە، (2008-يىلى، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە نۇسخىسى)

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە گۇرۇپپىسى (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1980-يىلى، 8-ئاي، بېيجىڭ)

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى ( 1-توم، 295-بەت)

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ( 1-توم، 388-بەت)

5. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ 6 توملۇق ئىزاهلىق لۇغىتى

ئىزاهاتلار:

(1) بۇ يەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن سۆز كىتابنىڭ ئىسمى شەكلىدە ئىشلىنىشىدىن ئۆچۈن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دەپ ئېلىندى. باشقا ئورۇنلاردا بىردەك «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەپ ئېلىندى.

(2) «ئۈرچۈق» بىلەن «يىك»نىڭ ئىزاهاتى 3-بۆلەكتە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(3) «چۈپۈر» سۆزىنىڭ ئىزاهاتىمۇ 3-بۆلەكتە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلىدۇ.

(4) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭغا تۈزۈلگەن ئىندېكىسلار - سابىت رۇزى ( «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2011-يىللىق 5-سان)

(5) 1985-يىلى يېزىلغان كىتاب بولغانلىقى ئۈچۈن «بۇندىن 900 يىل بۇرۇن» دەپ يېزىلغان.

(6) دۇنيا تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ تاجىسى «پۇتبول» - ۋېي شېسىن تۈزگەن، زەيدۇللا هوشۇر تەرجىمىسى (1986-يىلى 12-ئاي. خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى)

(7) دۇنيا تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ تاجىسى «پۇتبول» - ۋېي شېسىن تۈزگەن، زەيدۇللا هوشۇر تەرجىمىسى (1986-يىلى 12-ئاي. خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى)

(8) دۇنيا تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ تاجىسى «پۇتبول» - ۋېي شېسىن تۈزگەن، زەيدۇللا هوشۇر تەرجىمىسى (1986-يىلى 12-ئاي. خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى)

(9) «百度知道» تورى

(10) «شىنجاڭ تەنتەربىيە تارىخىي ماتېرىياللار» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانى

(11) شىنجاڭنىڭ مىللىي تەنتەربىيەسى - «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى (خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1985-يىلى 9-ئاي)

(12) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى (1-توم، 741-بەت)

(13) دۇنيا تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ تاجىسى «پۇتبول» - ۋېي شېسىن تۈزگەن، زەيدۇللا هوشۇر تەرجىمىسى (1986-يىلى 12-ئاي، خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى)

(14) شىنجاڭنىڭ مىللىي تەنتەربىيەسى - «شىنجاڭ مىللىي تەنتەربىيەسى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى (خەلق تەنتەربىيە نەشرىياتى، 1985-يىلى 9-ئاي)

(15) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى (2-توم، 113-بەت)

(16) «ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئويۇنلىرى» - مۇهەممەت ئابلىز بۆرەيار، يۇنۇس يولداش (قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1990-يىل 11-ئاي) ۋە «ئۇيغۇر ئويۇنلىرى» - سابىرجان سىيىت

(شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل 3-ئاي)

(17) «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى (1-توم، 501-بەت)

(18) «ئۇيغۇر ئويۇنلىرى» - سابىرجان سىيت (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىل 3-ئاي )

(19) بۇ يەردە گەرچە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركچە نۇسخىسىدىكى ئىزاھاتى بويىچە ئېلىنىسىمۇ، لېكىن قالغان ئىككى نۇسخىسىغىمۇ ئوخشاشلىقى بار. شۇڭا بۇ يەردە تۈركچە نۇسخىسى ئېلىندى.

(20) «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن 11-ئەسىردىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر - رېشات گەنچ (تۈركىيە) ، تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى (مىللەتلەر نەشرىياتى 2010-يىلى 12-ئاي نەشرى، 310-بەت)

# 11- قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي ۋە ‹‹تۈركىي تىللار دىۋانى››




**قۇتلۇق ھاجى شەۋقىي**

**مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق**

‹‹تۈركىي تىللار دىۋانى ››-11-ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى تەرىپىدىن يېزىلغان ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرلىك تۈرك تىلى لۇغىتى بولۇپ، 11-ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي قامۇسى ھېساپلىنىدۇ.

‹‹ تۈركىي تىللار دىۋانى ›› دۇنياغا كەلگەن مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە، تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرى ئىچىدە ئىلىم دۇنياسىغا بىردە ئاشكارا بولۇپ، بىردە يوشۇرۇلۇپ، ئالىملار تەرىپىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئىلمىي مەدھىيە، ئېتراپقا ئېرىشكەن، ئەتىۋارلاپ ساقلىنىشقا، قەدىرلەپ ئوقۇلۇشقا مۇيەسسەر بولۇپ كەلگەن. ‹‹ دىۋان ›› ئەسلى ئەرەپچە يېزىلغانلىقتىن دەسلەپتە باغداد، مىسىر قاتارلىق ئەرەب ئەللىرى ئالىملىرى تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، مۇتالىئە قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ①، ئىلىم

دۇنياسىغا تولۇق مەلۇم بولۇشى ئېخى مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىش.

ھىجرىيىنىڭ 466 (مىلادىيە1073-1074)-يىلى باغدادتا يېزىلىپ قولدىن چىققان بۇ ئەسەر كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ قېتىم كۆچۈرۈلۈپ تارقالغان بولسىمۇ، بىزگىچە بۇ ئەسەرنىڭ پەقەت بىرلا نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن.

مىلادىيە 1266-يىلى(«دىۋان»يېزىلغان ۋاقىتتىن 192يىل كېيىن) ئىرانلىق مۇھەممەت بىننى ئەبۇبەكرى ئىبنى ئوبۇلفەتىھى تەرىپىدىن سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھرىدە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ ئۆز قولىيازمىسىدىن كۆچۈرۈلگەن بۇ نۇسخا 1910-يىللىرى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھرىدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇنى ئوسمانلى ئىمپىرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن نازىپبەيىنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىدىن بولغان بىر ئايال ساقلىغان ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجى بىلەن كىتابپۇرۇش ئارقىلىق 1914-يىلى دىيارى بەكرىلىك ئەلى ئەمىرگە ساتقان. تۈركىيىنىڭ كىلىس ۋىلايىتىدىن مۇئەللىم رىفئەت بىلگە بۇنى ئاڭلاپ، ئەلى ئەمىرنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇ ئەسەرنى 1915-، 1917-يىللىرى ئۈچ توم ھالدا مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان.ئەنە شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەسەر پۈتۈن دۇنياغا مەلۇم بولۇپ، تېزلىكتە ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

1930-، 1940-يىللاردا، مارتىن ھارتمان، بىروككېلمان قاتارلىق نېمىس ئالىملىرى، بېسىم ئاتالاي، دەھرى دىلچىن قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى تۈرك ئالىملىرى بۇ ئەسەرنى بەس-بەستە تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي ماقالىلەر يېزىشتى، ئىندېكس ئىشلىدى ھەم نېمىس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىشتى.

بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، كۆپلىگەن ئەللەر ئالىملىرى ئوخشىمىغان ھالەتتە تەتقىق قىلىشىپ، ھېلىھەم تەتقىقاتىدىن قانائەتلەنمەي باش قاتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»يەنىلا ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ يېگانە نامايەندىسى ھالىتىدە چاقناپ تۇرماقتا.

ئەپسۇس، ئالىملارنىڭ نەزەرىدە ئەنە شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشىغا قارىماي، خەلقىمىز بۇ ئەسەرنى تولىمۇ كېچىكىپ بىلدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلقىمىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇلۇشىغا دائىر بەزى ئىنچىكە مەسىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بىر زامانلاردا، ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ بىپايان باغرىدا ئارغىماقلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ، سەييارىلەردەك ئەركىن ۋە بىمالال ياشاپ ئۆتكەن، شۇنداقلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىنى يارىتىپ، تۈركۈم –تۈركۈم مەرىپەت يۇلتۇزلىرىنى چاقنىتىپ، مەدەنىيەت ئاسمىنىنى بېزىگەن» خەلقىمىز «يىپەك يولىنىڭ چۆلدەرىشى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن ئەسەبىي ئىشانچىلىق، دىنىي خۇراپاتلىق، مۇتەئەسسىپ نادانلىق، دەم كوتا – قۇلچىلىق، تۈگمەس ھەم ئەرزىمەس

تەپرىقچىلىك، شۇنداقلا زۇلۇم ـ زالالەت قۇيۇنلىرى ئىچىدە قارا تەقدىرنىڭ قۇچىقىغا يىقىلغان»② بولۇپ، مەنىۋى تۇرمۇش دېگەنلەردىن سۆز ئاچقىلى بولمايتتى.

خەيرىيەت، «19ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئەيتاۋۇر باشقا ئەللەردە ياڭرىغان مەرىپەت قوڭغۇرىقىنىڭ ساداسىدىنمۇ ياكى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ دەھشەتلىك خورەك ئاۋازىدىنمۇ بەزى ئەقىل ـ ھۇشى ۋە ئىمان ـ ئېتىقادى سەزگۈر كىشىلەر بالدۇر ئويغىنىپ»③ خەلقىمىزنىڭ دەردىگە داۋا ئىزدىدى. ئىلىم ئىزدەش ياكى سودا ـ تىجارەت قىلىش يولى بىلەن جاھان كۆرگەن بىر تۈركۈم ئۇيغۇر ئەزىمەتلىرى بۇ ئىزدىنىشنىڭ يول ئاچقۇچىلىرى بولۇپ قالدى.

يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى مەشھۇر دېموكراتىك شائىرلىرىمىزدىن بىرى، تارىخچى ۋە نەشرىياتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مانا مۇشۇ ئىزدىنىشكە يېقىندىن ھەمكار ـ مەدەتكار بولغان بىر ئەزىمەت ئىدى.

ھاياتىنى پۈتۈن ئۆمرى غەپلەتتە قالغان مىللەتنى ئويغىتىش يولىدا مەرىپەت تارقىتىش، مىللىي مەدەنىيەت ئويغىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مىللىي نەشرىياتچىلىق، مەدەنىي ئاقارتىشتەك مەنىۋى كۆرەشلەرگە ئاتاپ، شۇ كۆرەشلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساپ مىللىي غورۇرى، پاك ئىمان ـ ئېتىقادى بىلەن ياشىغانلىق «گۇناھى»ئۈچۈن ھۆكۈمران جاھالەت كۈچلىرى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان بۇ مەرىپەت ـ مەدەنىيەت جەڭچىسى 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئابدۇرېھىم بەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر يەرلىك ئەمەلدار ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1908ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى بېرىپ، قايتىشىدا مىسىردىكى «جامىئۇل ئەزھەر دارىئۇلۇم»ىغا ئوقۇشقا كىرىپ مەخسۇس ئەرەب تىلى ۋە ئىسلام قانۇنلىرىنى ئۆگەنگەن. ئوقۇشنى تۈگەنكەندىن كېيىن تۈركىيىگە كەلگەن. شۇ چاغلاردا تۈركىيىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق (جەدىتچىلىك) ھەرىكىتى تۈركىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزگىچە يېڭى مۇھىتنى ـ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەنزىرىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. جاھان كۆرۈپ مەلۇم جەھەتلەردە يېڭىچە ئىدىيىۋى تونۇشقا كېلىۋاتقان قۇتلۇق ھاجى بۇ يېڭىچە مەنزىرىنىڭ تەسىرىدە ئىستانبولدا قېلىپ، ئۇ يەردىكى بىر ئالىي بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقۇغان. مۇشۇ جەرياندا تۈركىيىدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جاھالەتكە، قالاقلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى يېڭىلاش (ئىسلاھات ـ جەدىتچىلىك)كۈرىشى قۇتلۇق ھاجىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.ئۇ ئۆز يۇرتىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ نامرات، قالاق ھالىتىنى ـ قۇللۇق تۇرمۇشىنى پەقەت ئىلىم ـ مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنىڭ روھىي ـ مادارىنى قوزغاپ، يېڭىلىققا يېتەكلىگەندىلا ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ

يېتىدۇ.

ئىستانبولدا ھەر قايسى ئىلملەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا، تۈرك ئەللىرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتىگە دائىر بىلملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ھەر جەھەتتىن بىلىمىنى مۇستەھكەملەيدۇ. 1917-يىللىرى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن قۇتلۇق ھاجى ۋەتەن، مىللەتنى جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، مەلۇم نىيەت- مەقسەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكۈش بىلەن بىللە، شۇ يىللىرى تۈركىيىدە بېسىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مىللەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ قاراپ بىرگە ئالغاچ كېلىدۇ.

قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ۋە زىيالىيلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1918-يىلى مىخ مەتبەئەدە «ئاڭ گېزىتى»نى نەشر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ. مىللىي ئويغىنىش، جاھالەتكە قارشى تۇرۇش، ئىلىم- مەرىپەت ئۆگىنىش بۇ گېزىت ياڭراتقان جاراڭلىق سادا بولغانلىقتىن بىر مەزگىل چىقىپلا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ، توختىتىپ قويۇلىدۇ.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى «ئاڭ» گېزىتىنىڭ پېچەتلىنىشى بىلەن تەڭلا، ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىپ، قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ياردىمىدە موللا نازىم، نورۇز يۈسۈپى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي ئويغىنىش، ئىلىم- مەرىپەت ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى توپلام قىلىپ، «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» دېگەن ناملار بىلەن 1920- ۋە 1924- يىللىرى مىخ مەتبەدە باستۇرۇپ تارقىتىدۇ.④

خەلققە مىللىي مەدەنىيەتنى تونۇتۇش، ئەجدادلار روھىنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق مىللىي روھنى ئويغىتىش، ئەزىز ۋەتەننىڭ، ئانا ماكانىنىڭ قەدىر- قىممىتىنى تونۇتۇش- قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىچە پائالىيىتىدۇر.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ۋەتەن- مىللەتنىڭ قەددىنى كۆتىرىش يولىدىكى بۇ پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»ۋە مەھمۇد قەشقىرى توغرۇلۇق خەلقىمىزگە تۇنجى مەلۇمات بەرگەن ئىلىم ئىگىسى بولۇپ قالىدۇ.

ھازىرغىچە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىملىرى توغرىسىدا ئىزدىنىشتە بولغان تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ 1940- يىللاردىن كېيىن قولغا ئېلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ، 30- يىللاردىلا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىپ، تونۇشتۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشىپ كەلدى.⑤

دەرۋەقە، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار يېتەرلىك بولمىسىمۇ، لېكىن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بەزى ئەسەرلىرىدىن ۋە مەھمۇد قەشقىرى مازىرى توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردىن بۇ ھەقتە خېلى ئىشەنچلىك تونۇشقا ئاساس تاپالايمىز.

مەلۇمكى، قۇتلۇق ھاجى شەۋقى باشقا ئىلملەرنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى پۇختا بىلىشنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، بۇ ھەقتە كۆپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىشلەردە بولغان. ئۇنىڭ تۈركىيەدىن قايتىشىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى بىرگە ئېلىپ كېلىشىمۇ مەقسەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە 1936– يىلى قەشقەر شەرقى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، داڭلىق ئالىم موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان مەھمۇد قەشقىرى مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى تارىخىي ھۆججەتنى تېپىپ ساقلىغان.⑥قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «قەشقەر» ناملىق غەزىلى خەلقىمىزگە مەھمۇد قەشقىرى ۋە

«تۈركىي تىللار دىۋانى»ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ئەسەردۇر:

كۆرمىگىل قەشقەرنى كەم بۇ جايدا مەردانىلار ياتۇر،
ھەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۇچۇن قۇربان بولۇپ، دۈشمەن بىلەن قىلغان كۈرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇبىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ ھاجىپقا ئوخشاش ئەھلى ئىرپانلار ياتۇر.
يادىكار ئەيلەپ جەھانغا يازدى «دىۋانى لۇغەت»،
مەھمۇدىل قەشقىرى كەبى ئەھلى شەرەپشانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن شەۋقىنى مەپتۇن ئەل ئۇچۇن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

مانا بۇ يالقۇنلۇق مىسرالار قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، مىللىتىمىز تارىخى ھەققىدىكى نىسبەتەن كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىزدىنىشنىڭ مەھسۇلى ئىدى. مۇشۇنداق شەكىللەر ئارقىلىق مىللىتىمىزگە ئۆز تارىخىنى تونۇتۇپ، مىللەتنىڭ شانلىق تارىخى، مەدەنىيىتىنى، باتۇر، پاراسەتلىك، كۈرەشچان ئوغلانلىرىنىڭ، ئالىملىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، مىللەتنى ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىپ، ئىلىم– مەرىپەت بىلەن قوراللىنىپ، قۇللۇق– مەھكۇملۇق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاپ،قەد كۆتۈرۈش يولىغا مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، يېتەكلەش مەقسىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشقا

كىرىشكەن.[7] ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مىڭ يىللار ئىلگىرى تۈرك (ئۇيغۇر)تىلىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن قانچىلىك ئىجتىھات قىلغانلىقىنى، توسالغۇلار ئالدىدا قانچىلىك جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى مۇشۇنداق بىر ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئۆزىگە نېسىپ بولىۋاتقانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىق ھېس قىلىپ، ئەسەرنى ھەرتەرەپلىمە چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەرجىمىنى ئىمكانقەدەر پىششىق قولدىن چىقىرىشقا تىرىشقان. ئۆگىنىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەب-پارس تىللىرى بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشكەن تۈرك (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ يۇقىرى، مەزمۇنغا باي تىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئىچ- ئىچىدىن سۆيۈنگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ چاغلاردا ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق زىيالىيلار يېتەكلىكىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تىل جەھەتتىنمۇ يېڭىلىققا يۈزلىنىپ، مىللىي تىلنى ساپلاشتۇرۇش (تىلىمىزدىكى ئەرەب- پارس تىلى ئارىلاشمىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا مىللىي تىلىمىزدىكى خاس سۆزلۈكلەرنى سەپلەش)، ئورتاق ئەدەبىي تىل بەرپا قىلىش ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسىدە «ئانا تىل نەزمىسى» ناملىق شېئىرنى يېزىپ، خەلقىمىزگە ئانا تىلنىڭ قەدىر- قىممىتىنى يەنە بىر قېتىم تونۇتقان:

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
بۇ ئانا تىل گەر ئىسە ئامېرىكايۇ ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندا مەن بارغۇم كېلۇر.
ئى ئانا تىل، بىزگە سەن ئۆتكەن ئۇلۇغلەردىن نىشان،
سەن بىلەن رۇيى زەمىندە ئىپتىخار ئەتكۈم كېلۇر!

تولۇق ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بۇ شېئىر ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق «ئانا تىل نەزمىسى»دۇر.

1933-، 1934- يىللىرى يەنە ئارقا-ئارقىدىن «ئەركىن ھايات»، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىنى چىقىرىپ تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت، ۋەتەننى زۇلۇم ئىلكىدىن ئازاد قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغۋار ئىستەكلىرىنى تەشۋىق قىلغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى بۇ گېزىتلەردە يەنە ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىگە دائىر ئەسەر، ماقالىلەرنى يېزىپ ئېلان قىلدى. مەشھۇر تارىخىي ئەسىرى «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر»نى يازدى.

خەلقنى قۇللۇق ئىسكەنجىسىدە تۇتۇپ، يىلىكىنى شۈراپ، ئۆزىنى سەمرىتىپ كەلگەن ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ زوراۋان ھۆكۈمرانلىرى، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئوغلانلارنى ئۆزلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ دەپ قاراپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك تۈردە تۇتقۇن قىلدۇ. شۇ قاتاردا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنمۇ قامايدۇ. ئاخىر 1937-يىلى 5-ئايدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. تارىخ، مەدەنىيەتكە دائىر مىللىي مىراسلىرىمىزنىمۇ يىلتىزىمىزنى قىرقىشنىڭ بىر يولى سۈپىتىدە يوقىتىشقا يۈزلەنگەن جاللات ھۆكۈمەت سانسىزلىغان قەدىمكى كىتاب جاۋاھىرلىرىمىزنى يىغىپ كۆيدۈرىدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ توپلىغان كىتاب-ماتېرىياللىرى ۋە يازغان ئەسەرلىرىمۇ شۇ چاغدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئازغىنە ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا چەتئەل گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ۋە بەزى پىشقەدەملىرىمىزنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغانلىرىدىن ئىبارەت.

يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، ئېزىلگەن مىللەتنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك تارىخي مىراسلىرىنى ھەققىي قەدىرلەش، توپلاش، تونۇتۇشنىڭ ئۆچمەس نامايەندىسى سۈپىتىدە پائالىيەت قىلغان مەرھۇم قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەھمىيەتلىك ئەمگىكى زۇلمەتلىك زاماننىڭ ۋاپاسىزلىقى تۈپەيلى ئاخىرلىشالمىغاننىڭ ئۈستىگە ئىز- دېرەكسىز يوقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پاكىتلىق قاراشلار قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت مىللەتنىڭ بىباھا ئەڭگۈشتىرىگە خېلى بۇرۇندىنلا چوڭقۇر ئىپتىخار ۋە ئىخلاستا بولۇپ، بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى توپلاش ۋە ئىزدىنىش يولىدا كۆپ ئەجىر قىلغانلىقىنى موقىملاشتۇرۇشىمىزغا ئىمكان بېرىدۇ.

ھازىر قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر»ناملىق تارىخ كىتابى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تارىخى بىرقەدەر مۇپەسسەل يورۇتۇلغان بۇ كىتابنى ھازىرچە كۆرۈپ پايدىلىنىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىسەكمۇ، بۇ ئەسەردە «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە مەھمۇد قەشقىرى ھەققىدە خېلى تەپسىلىي بايانلار يوق دەپ ئېيتالمايمىز.

شۇڭا، بىز 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدىن ئىبارەت بۇ مىللەت سۆيەر ئوغلانىمىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۇنجى بولۇپ خەلقىمىزگە تونۇشتۇرغان ۋە تەرجىمە قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت تارىخىمىز سەھىپىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىش بىلەن بىرگە، ئەجدادلار تارىخىنى بىلىش، ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان بىباھا مىراسلىرىمىزنى قەدىرلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

ئىزاھاتلار:

①«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 – توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 – يىل نەشرى، كىرىش سۆز 42 -، 43 – بەت.

②③ م. سىيىت، ي. رۇزى: «مەمتىلى ئەپەندى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1997 – يىل نەشرى، سۆز بېشى 2-، 3 – بەت.

④ ن.زامان: «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ»، «تارىم» ژۇرنىلى 1986– يىل 11– سان 112– بەت.

⑤ غ. سەدىۋاققاسوپ: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە»، «بۇلاق»1997-يىل 1 – سان 118– بەت.

⑥ مەزكۇر ھۆججەتنى يېقىنقى يىللارغىچە ساقلاپ، مەھمۇد قەشقىرى مازىرىنىڭ ئېنىقلىنىشىغا زور تۆھپە قوشقان پېشقەدەم تارىخچى ئۆلىما، قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئوغلى مەرھۇم ئىمىر ھۇسيىن قازى ئاخۇنۇم بۇ ھۆججەتنىڭ ئاتىسى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدىن قالغانلىقىنى ئېيتقان. «مەھمۇد قەشقىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1965 – يىل نەشرى، 97 – بەت.

⑦ ئەدەبىياتشۇناس ھاجى ئەھمەد كۆل تېكىن ئۆزىنىڭ «دېڭىز ئۈنچىلىرى» دېگەن كىتابىدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى مەمتىلى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. «دېڭىز ئۈنچىلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1983 – يىل نەشرى، 195 – بەت.

( ئەسكەرتىش: بۇ ھەقتە پاكىتلار يېتەرلىك ئەمەس شۇڭا تېخمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىينىڭ «تارىخى شەھەر، ۋاقىئاتى قەشقەر»ناملىق تارىخ كىتابىنى نەشرگە تەييارلاپ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈزكۆرۈشتۈرۈش تېخمۇ مۇھىم بىر ئىشتۇر.)

مەنبە: ‹‹بولاق››2001-يىللىق1-ساندىن

# 12-«تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئېيتىلغان ئوتتۇرا چىن توغرىسىدا

## ئاپتور: غالىب بارات ئەرك

11- ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى«تۈركى تىللار دىۋانى»ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىدە چىن ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«tavgaq تاۋغاچ، (ماچىن) ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يىراقلىقتا ، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى يۇقۇرى چىن. بۇ يەر شەرقتە بولۇپ tavgaq دىيىلىدۇ. ئىككىنچى ، ئوتتۇرا چىن بولۇپ ، ختاي hitay دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى ، تۆۋەن چىن بولۇپ بارخان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە ، لېكىن ھازىر تاۋغاچ ماچىن دەپ ، ختاي چىن دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ .»(1)

«تۈركى تىللار دىۋانى »، «قۇتادغۇبىلىك» ھەم خاقانىيە تارىخىنىڭ تەتقىق قىلىنىشىغا ئەگىشىپ «چىن» ۋە «ماچىن» نامى ھەققىدىكى قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى. جۈملىدىن روس شەرقشۇناسى بارتولىد چىن شىمالى جۇڭگونى، ماچىن جەنۇبى جۇڭگونى كۆرسىتىدۇ دەپ قارىسا پىرۇففىسور جاڭ گۇاڭدا چىن لياۋ سۇلالىسىنى، ماچىن شىمالى سۇڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ.(2) ئۇنداقتا مەھمۇد قەشقىرى بايانىنىڭ مەركىزى نەدە؟

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يۇقارقى بايانىدىن بىر نوقتا ناھايىتى ئېنىق بولۇپ مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدىن بۇرۇن ۋە شۇ دەۋىر بولۇپ ئىككى خىل چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدىن بۇرۇن چىن ئۈچكە بۆلۈنگەن، ئۇلار يۇقىرى چىن، ئوتتۇرا چىن ۋە تۆۋەن چىن بولۇپ يۇقىرى چىن بۇرۇن «تاۋغاچ» ، تۆۋەن چىن «بارخان» دەپ ئاتالغان، ئوتتۇرا چىن «ختاي» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىگە كەلگەندە «تاۋغاچ» يەنى يۇقىرى چىن «ماچىن» دەپ ئاتالغان بولسا «ختاي» يەنى ئوتتۇرا چىن «چىن» دەپ ئاتالغان.

مەھمۇد قەشقىرى ئېيتقان« بۇرۇن» ۋە «ھازىر» قايسى دەۋرنى بىل پاسلى قىلغان؟ بۇ ئېھتىمال ئويغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىدىلوگىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياسىغان

10- ئەسرنىڭ ئاخرلرى 11- ئەسرلەرنىڭ باشلرىنى پاسل قىلغان بۇلىشى مۇمكىن.بۇرۇنقى يۇقۇرى چىن شەرقى چىن تاۋغاچ كېيىنكى دەۋرىدىكى ماچىن بولسا، تۆۋەن چىن يەنى غەربى چىن ئاتالغان قەشقەردىن تارتىپ ئامۇر دەرياسىغىچە بولغان. «بارخان» بولسا ئۇنداقتا «ئوتتۇرا چىن» دەپ ئاتالغان بۇرۇنقى ختاي يەنى مەھمۇد قەشقرى دەۋرىدىكى «چىن» قەيەرنى كۆرستىدۇ؟

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بۇيىچە ئېيتقاندا «يۇقۇرى چىن»نى شەرقى چىن دەپ، تۆۋەن چىننى غەربى چىن دەپچۈشىنىش تامامەن مۇمكىن. ئۇنداقتا ئوتتۇرا چىن بولسا يۇقىرى ۋە تۆۋەن چىنلارنىڭ ئوتتۇرىسغا جايلاشقان بۇلىدۇ. مەھمۇد قەشقرىنىڭ قارىشىنى ئۆزىنىڭ بايانلىرى بېلەن شەرھلەش ئەڭ مۇۋاپىق بولسا كېرەك. مەھمۇد قەشقرىنىڭ ئۆز ئەسرىدە سىزىپ قالدۇرغان خەرىتىسى ئۇنىڭ ئىگەللىگەن جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ.

مەھمۇد قەشقرىنىڭ خەرىتىسدە «ماچىن ئېلى» ناھايىتى ئېنىق كۆرستىلگەن بۇلۇپ جابىرقا (ياپۇنىيە)نىڭ غەربى جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ماچىنغا دائىرە بەلگىلىگەن بۇلۇپ ئۇ دائىرىدىن چىقسا خاتۇن سىنى، بىلاد ئۇيغۇر سولمى، قۇجۇ، بارمان، كۇچا بىلەن بارماننىڭ ئارىسىدىكې قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدا شاجۇ (خەرىتىدىن قارىغاندا شاجۇ چەرچەن، خۇتەن، ياركەنت، كاشغەرلەر شەرقى تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ)لار بار. خەرىتىدە كاشغەر بېلەن بالاساغۇندىن ئىبارەت ئىككى مۇھىم شەھەر جەنۇپ- شىمال بۇلۇپ بىر تۈز سىزىق ھالىتىدە(سەل قىيپاش) جايلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ ئۇچۈن تۆۋەن چىن- غەربى چىننى خاقانىيەنى مەركەز قىلغان بىر بۆلۈك ئوتتۇرا ئاسىيا زىمىنلىرىنى كۆرسەتكەن دەپ قارىساق خاتا بولمايدۇ، چۈنكى«بۇگۇر، كۇچار شەھرى بىلەن ئويغۇر ئېلى ئارلىغىدىكى تاغ ئۇستىگە قۇرۇلغان قەلئە، بۇ يەر چېگرا »(3) «چەرچەن، چىن يۇلىدىكى مۇسۇلمانلار چېگرىسىنىڭ بىرى»(4) دىيىش ئارقىلىق خاقانىيەنىڭ چېگرىسىنى كۆرستىپ بەرگەن. شۇنداق بولغاندا تۆۋەن چىن بىلەن ماچىن ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان شاجۇ، سولمى، قۇجۇ، بىلاد ئۇيغۇر، خاتۇن سېنى.....قاتارلىق بىر تۈركۈم زىمىنلارنى كۆرستىدۇ. بۇ زىمىنلار (ئوتتۇرا چىن)10- ئەسرنىڭ ئاخىرى، 11- ئەسرنىڭ باشلرىدا ئويغۇر ئىدىقۇت ئىلى (860- 1350) ھەم ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى (850- 1028)نىڭ تېرىتورىيەسى ئېدى. بىز ئەنە شۇ خەرىتىنى ھەمدە مەھمۇد قەشقرىنىڭ باشقا بايانلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ يۇقارقىدەك يەكۇننى چىقىرىشقا ھەقلىقمىز. مەھمۇد قەشقرى يەنە باشقا بايانلىرى بىلەن يەكۇنىمىزنىڭ توغرىلىقىنى تەستىقلايدۇ.

قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سولتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن»(5) بۇ بايانىدا قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە (ماچىنغىچە) بولغان زېمىنلارنى «تۈرك يۇرتلىرى»دەپ ئاتاش ئارقىلىق ئوتتۇرا چىننىمۇ تۈركى خەلىقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ زىمنى دەپ قارىغان .«سۇلتان » ۋە «خاقان » ناملىرى ئارقىلىق مۇسۇلمان ۋە مۇسۇلمان ئەمەس ھۆكۈمرانلارنى كۆزدە تۇتقان . «يېزىق

» قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى كۆرسەتكەن بۇلۇپ خاقانىيە ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى، ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى بۇ يېزىقنى ئوخشاشلا ئىشلەتكەن ، خاقانىيەلىكلەر ئىسلام دىنىنى قۇبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى پاراللىل قوللىنىلغانلىقىدىن بۇ يېزىقنىڭ يىلتىزىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز .

مەھمۇد قەشقىرى كىتابىدا «مۇسۇلمان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ ناملىرىنىلا يازدىم....بۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنىلا يازدىم...مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلىرىنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق»(6) دەپ يازغىنىدەك دىنى ئېتقاد تۈپەيلى بەزى بايانلارغا سەل قاراپ تولۇق بايان قىلمىغان. ئۇ تۈرك قەبىلىلىرىنى يازغىنىدا قەبىلىلەرنى ساناپ « ... ئۇيغۇر ،تاڭغۇت ،خىتاي قەبىلىلىرىدۇر .خىتاي چىن دىمەكتۇر .ئاندىن تاۋغاچ ، بۇ ماچىن دىمەكتۇر»(7) دەپ تاڭغۇت ، خىتاي (چىن) ، تاۋغاچ (ماچىن)لارنىمۇ تۈركى قەبىلىلەر سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. بىز تاۋغاچ يەنى ماچىنلار «تاۋغاچ ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلۈگى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ tavgaq دەپ ئاتىلىدۇ .تات ئۇيغۇر دىمەكتۇر. تاۋغاچ چىنلىق دىمەكتۇر»(8) دىگەن بايانغا ئاساسەن «تاۋغاچ »نى تۈرك قەبىلىسى سۈپىتىدە ساناش مەقسىدى ئايدىڭلىشىپ تاۋغاچ يەنى ماچىن دائىرىسىدە ياشىغان قايسى تۈركى قەبىلىلەرنى كۆزدە تۇتقانلىغىنى بىلمەيمىز .ناۋادا «تاۋغاچ چىنلىق دىمەكتۇر» دىگەن بايانىدىكى «چىنلىق» «ماچىنلىق» بولغان بولسا باشقا بايانلىرىغا ماس كېلىپ ئىنتايىن توغرا بولغان بولاتتى. بۇ جايدا بىز يەنە ئۇرخۇن- يەنسەي ئۇيغۇر ئېلى مىلادى 840- يىلى ئاغدۇرۇلغاندا ئۆگە تېگىن باشچىلىقىدا 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالىسىنىڭ تاڭ سۇلالىسى دائىرىسىگە كۆچكەنلىكىنى، ئارمۇزد تېگىن قاتارلىق بەشەيلەنىنىڭ باشچىلىغىدا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى ھەمدە تارىخى دەۋرلەردە سودا- مەدەنىيەت ئالاقىلىرى داۋامىدا ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانلىكى ئۇيغۇرلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز.

تاڭغۇتلارنى تۈرك دەپ مۇنداق ئېزاھلايدۇ: « tagut تاڭغۇت.تۈركلەردىن بىر قەبىلە بۇلۇپ ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان . ئۇلار نەسلىمىز ئەرەپ دىيىشىدۇ››(9) ئالىمنىڭ بۇ بايانى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتىدۇ.

مەھمۇد قەشقىرى گەرچە ئوتتۇرا چىن ھەققىدە بىۋاستە ئىزاھلاپ بەرمىسىمۇ ئېنىق بېشارەتلەر قالدۇرغان. تۆۋەندە ئۇلاردىن مىسال كۆرۈپ باقايلى:

«رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ بۇلۇپ ھەممىسى سەككىز مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ»(10)

«يۇقۇرى چىنغىچە بولغان قەبىلىلەر- چىگىل ، ياغما ، توخسى تىللىرىدا سۆزلەر كۆپۈنچە زەممىلىك قىلىپ ئېيتىلىدۇ»(11)

« (باقىر) چىندا قۇيۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ ئىسمى ، ئېلىم - سېستىمىدا ئىشلىتىلىدۇ» (12)
(باقىر ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭ مىستىن ياسالغان پۇلى بولۇپ كەڭ - كۆلەمدە ئوبۇروت قىلىنغان)

يۇقارقى مىساللاردا كۆرگىنىمىزدەك مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرا چىن دەپ ماچىننىڭ غەربىدىكى زىمىنلارنى كۆزدە تۇتۇش بىلەن بىرگە بۇ زىمىنلارنى تۈرك- ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى دەپ قارىغان .ئالىمنىڭ «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركى يېزىق بىلەن يازىدۇ» (13) دىگەن بايانىنى قانداق چۈشىنىش مۇمكىن؟ بۇ بايانلارغا بىز ئالىمنىڭ «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە ،لېكىن ئۆز- ئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شىۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتاپنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركى يېزىقنى قوللىنىدۇ .كىتاپ ۋە خەت چەكلەرنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىغىمۇ بار . بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»(14) دىگەن بايانلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان بولساق «چىن ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى » چۇقۇمكى يەرلىك شىۋىگە ياكى دىئالىكتىكىلىق پەرقلەرگە قارىتىلغان . چۈنكى ئەينى تارىخى دەۋردە ھازىرقىدەك ئەدەبى تىلنى ئۇمۇملاشتۇرىدىغان رادىئو ،تېلۋىزىيە ، مەتبۇئات بولمىغانلىقتىن يىراقتىكى جوڭگۇ (ماچىن ،ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ) دائىرىسىدىكى تۈرك- ئۇيغۇرلار بىلەن خاقانىيە ، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ھەم ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى دائىرىسىدىكى خەلقلەر ئارىسىدا چۇقۇمكى جۇغراپىيە ، ئىجتىمائى ئالاقىلەرنىڭ پەرقى پەيدا قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا بۇ ئايرىم تىل ئاتالمىسنى دېئالىكىت كۆزدە تۇتۇلغان دەپ چۈشۈنۈش كېرەك. ناۋادا بىز بۇ ئايرىم تىلنى خەنزۇتىلى ، ئاھالىلەرنى خەنزۇ دەپ پەرەز قىلىدىغان بولساق ئۇ چاغدا «چىن ۋە ماچىن » ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلنى بىلىپ كېتىشى ئېھتىمالدىن يىراق ، چۈنكى بىز ھازىرقى كۈنگە قارايدىغان بولساق مۇتلەق كۆپ سانلىق خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشىسىمۇ ئۇيغۇر تىلنى بىلىدىغانلىرى ساناقلىقلا . شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمقى دەۋرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس . مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ساپ تىل ئۆلچىمى ئىنتايىن قاتتىق بولۇپ «خوتەن تىلىدا ھىندى تىلىنىڭ تەسرى بار» (15) ، «خوتەنلىكلەر بىلەن كەنچەكلەر سۆزنىڭ بېشىدىكى ‹ا- ئېلىف›نى ‹ ھ ›غا ئالماشتۇرىدۇ. تۈركى تىللاردا يوق بىر تاۋۇشنى كىرگۈزگەنلىگى ئۈچۈن، بىز ئۇلارنى تۈركلەردىن ھېساپلىمايمىز» (16) دىگەن بايانلىرى ئالىمنىڭ قاتتىق ئىلمى ئۆلچىمى بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ جايدا ئېيتىلغان «تۈرك ھېساپلىمايمىز» ئىبارىسى «ساپ تۈرك ھېساپلىمايمىز» دىگەنلىك بولۇپ بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەستىن خوتەنلىكلەرنى ئۇيغۇر ئەمەس دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئوتتۇرا چىن ئاھالىسى تىلى بىر ساقىندى ئەبجەش تىل بولغان بولسا ئىدى ئالىم ئەلۋەتتە ئۇلارغىمۇ خوتەنلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسيەنى تۇتقان بولاتتي.

ئەمدى چىنلىقلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىغان مۇسۇلمان بولمىغان ئويغۇرلار چۈشۈنىدىغان يېزىق مەسىلىسىگە كەلسەك بۇ ھەرگىزمۇ ئېلگىرىكىلەر ئېيتقاندەك خەنزۇ يېزىقىنى كۆرسەتمەستىن ئورخۇن-يېنسەي يېزىقى، تۈرك- رونىك يېزىقى، دۇلبارچىن يېزىقى دەپ ئاتالغان يېزىقنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە تۈرپان رايۇنىدا بىر مەزگىل خەنزۇ يېزىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ ئىككى تىلنىڭ كەسكىن پەرقلىرى تۈپەيلى تەدرىجى ئەمەلدىن قالغان ، ئەمما ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر يازمىلىرىدا ئاز ساندا خەت ئارىسىغا (نوملاردا) قېستۇرۇپ قوللىنىلغان ، ھەرگىزمۇ ئىجتىمائى ئالاقىلەردە قوللىنىلمىغان ، ئەكسىچە پان تېگىن باشچىلىقىدا ئۇرخۇن - يەنسەي ۋادىسىدىن كۆچكەن 200مىڭ ئەتراپىدىكى ئاھالە ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى ئاھالىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتىنى ئىگەللىگەن ، تۈرك رونىك يېزىغى ئۇرخۇن - يەنسەي ۋادىسىدا قۇرۇلغان تۈرك خانلىغى ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرىدا كەڭ- كۆلەمدە قوللىنىلغان بولغاچقا غەرپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار يېزىقنى بىر مەزگىل داۋاملىق قوللانغان. ئەسلىدىنلا تارىم ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان غەربى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان خاقانىيەلىكلەر بولسا بۇرۇندىنلا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللانغان بۇلۇپ تۈرك رونىك يېزىقى بىلەن بەك تونۇشلۇق ئەمەس . دۇخان ۋە تۇرپان ۋادىسىدىن بىر بۆلۈك تۈرك- رونىك يېزىغدىكى ۋەسىقلەرنىڭ تېپىلىشىمۇ «چىنلىقلانىڭكىگە ئوخشايدىغان» بۇ يېزىقنىڭ تۈرك- رونىك يېزىغى ئىكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ. روس تۈركلوگى ئا . ن . كونونوۋ «7-9-ئەسىرلەردىكى تۈرك - رونىك يادىكارلىقلىرىنىڭ گىراماتىكىسى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە «كېلىياشتۇرنىينىڭ نوپۇزلۇق ھۆكۈمىچە مەھمۇد قەشقىرى بۇ يەردە رونىك يېزىغىنى كۆزدە تۇتىدۇ ، چۈنكى بۇ يېزىقنىڭ ئاخىرقى يادىكارلىقلىرى تۇرپان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، بەلكى ... تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن بايقالغان دەسلەپكى ئۇيغۇرچە قانۇنى ۋەسىقلەر بىلەن كۆپلىگەن مۇشۇ خىلدىكى توختاملار ئوخشمايدۇ ، ئۇلار رونىك يېزىغدا يېزىلغان كېلياشتۇرنى يەنە « مەھمۇد قەشقىرىدىن يۈز يىل كېيىنكى مۇئەللىپ فەخرىددىن مۇبارەكشاھ مارۋالدى تىلغا ئالغىنىمۇ رونىك يېزىغى بۇلۇپ ئۇ كۆرسەتكەن توققۇز ئۇيغۇر يېزىغى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىغدۇر» (17) دەپ يازغىنىدەك ھەقىقەتەنمۇ مەھمۇد قەشقىرى يازغان ئۇيغۇرلارنىڭ «چىنلىقلارنىڭ يېزىغىغا ئوخشايدىغان» يەنە بىر يېزىغى خەنزۇ يېزىغى بولماستىن تۈركى خەلقلەر قەدىمكى دەۋرلەردە ئىجاد قىلغان ، شەكىللەر ئاساسىدا يارىتىلغان مۇڭغۇل دالالىرىدىن شەرقى ياۋروپاغىچە قوللىنىلغان تۈرك- رونىك يېزىغدۇر.

ئۇمۇمەن ئېيىتقاندا بۈيۈك مۇتەپپەككۇر مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۆز دەۋرى ۋە ئۇندىن بۇرۇنقى ئىككى خىل ئۇقۇمغا مەنسۇپ چىن ۋە ماچىن ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى خاتىرلىگەن. «بۇرۇنقى» ئۇقۇمدا چىن ئۈچكە بۆلۈنگەن بۇلۇپ «تاۋغاچ» تاڭ سۇلالىسىنى شۇنداقلا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى كۆرسەتكەن. ئوتتۇرا چىن يەنى خىتاي ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلىنى كۆرسەتكەن. تۆۋەن چىن يەنى بارخان خاقانىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر قىسىم ئوتتۇرا

ئاسىيا زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن.

مەھمۇد قەشقەرى زامانىسىغا كەلگەندە يۇقۇرى چىن ۋە تاۋغاچ ئاتالغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى ئۈز ئىچىگە ئالغان تېرروتورىيە «ماچىن» دەپ ئاتالغان. ئوتتۇرا چىن ۋە ختاي دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ ئېلى قاتارلىق تۈركى خەلقلەر جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىغىدىكى زېمىنلار «چىن » دەپ ئاتالغان. تۆۋەن چىن ۋە بارخان دەپ ئاتالغان خاقانىيە بولسا بۇ خىل ئاتىلىشلاردىن قالغان.

چىن ۋە ماچىن ناملىرى ھەرگىزمۇ تارىختىكى ئون نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن چىن ( 秦 ) سۇلالىسى نامىدىن كەلگەن بولماستىن ئۇيغۇرلارغا ئىسلام ۋە نېستورىيان دىنلىرىدىن كەلگەن ، چۈنكى يوقارقى دىنلارنىڭ مۇقەددەس كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» ، «ئىنجىل» ۋە «تەۋرات»لاردا دۇنيانىڭ يارىلىش ھەققىدە نۇھ ئەلەھەيكىسسالامغا باغلانغان رىۋايەت كەڭ تارقالغان ، ئىسلام دۇنياسىدا تارالغان ئىككىنچى ئادەم- نۇھ ئەلەھەيكىسسالام ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان چىن ھەم ماچىن شەھەر بىنا قىلىپ ئاھالىسىنىڭ كۆپەيگەنلىگى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر كېلاسسىك تارىخ تەزكىرىلەردە كەڭ كۆلەمدە خاتىرلىنىپ شۇ دەۋر ئاھالىسىنىڭ قارشىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەرگەن. ئەلۋەتتە ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ھەم ئۇمۇملىشىغا ئەگىشىپ بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئۆزگىرىپ بارغان ، جۇملىدىن ئۇيغۇر چاغاتاي ئەدەبىياتى كىلاسسىكلىرىنىڭ قەلىمدە كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بىلەن نامايەن بولىدۇ.

ئىزاھلار: (1)مەھمۇد قەشقەرى«تۈركىي تىللار دىۋانى » شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980- يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى 1- توم 592- بەت

(2)«قۇتادغۇبىلىك»كە ئائىت ئىلمى ماقالىلەردىن تاللانمىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993- يىل خەنزۇچە نەشرى 2- توپلام 3- بەت

(3)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1-توم 469-بەت (4)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 567- بەت

(5)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 11- بەت

(6)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1-توم 37- بەت

(7)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 38- بەت

(8)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 592- بەت

(9)«تۈركىي تىللار دىۋانى »شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 3- توم 495- بەت

(10)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 41-بەت (11)«تۈركىي تىللار دىۋانى »3- توم 190- بەت

(12)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 468- بەت

(13)تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 39- بەت

(14)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 40-بەت

(15)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 10-بەت

(16)«تۈركىي تىللار دىۋانى »1- توم 44- بەت

(17)«تۈركىي تىللار تەتقىقات خەۋىرى»1985- يىل خەنزۇچە 3-4- قوشما سان9- بەت .

# 13- مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى قەشقەرلىك ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ توغرىسىدا



قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بارىدىغان يولنى بويلاپ مېڭىپ، تۈمەن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن جەنۇب تەرەپكە كۆز تىككەندە، قەشقەر گېئولوگىيە ئىدارىسى دائىرىسىدە بىر قەدىمكى جامە بولۇپ، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدە تەخمىنەن بىر مو ئەتراپىدا كېلىدىغان قەدىمكى قەبرىستانلىق كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ جاي قەدىمكى دەۋردە «بارگاھ» دەپ ئاتالغان «ئەسكى ھېسار قەلئەسى» ئىچىدە بولۇپ، ئۇ يەرگە قاراخانىيلار شاھلىرى ۋە شاھ جەمەتلىرى شۇنىڭدەك مەشھۇر ئالىملار دەپنە قىلىنغان. 11- ئەسىردىكى «ھامىدىيە» مەدرىسىمۇ ۋە شۇ ۋاقىتلاردىكى «سائادەت» كۇتۇپخانىسىمۇ مۇشۇ ئورۇندا ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار. ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ مۇشۇ جايدا 900 يىلدىن بۇيان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتماقتا.

بۆگۈنگىچە قاراخانىيلار تارىخى ھەرتەرەپلىمە تەتقىق قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «قەشقەرلىك خەلەپ ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىن» توغرىسىدا يېزىلغان بىرەر پارچە ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بايقالمىدى. شۇڭا مەن بۇ ھەقتىكى ئىزلىنىشلىرىم ئاساسىدا، دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمنى كىتابخانلار سەمىگە سېلىپ بېقىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى قەشقەرلىك ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 398- يىلى (مىلادىيە 1008-1007- يىللىرى) قەشقەر شەھەرلىك خەلەپ ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر زاد ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ۋە تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 485- يىلى (مىلادىيە 1093- يىلى) ماھى رەجەپ (7-ئاي) نىڭ بىر پەيشەنبە كۈنلىكى نامازدىگەر ۋاقتىدا باقى ئالەمگە سەپەر قىلغان. كىشىلەر بۇ ئۇلۇغ مۇدەررىسنى «ھۈسەيىن پەيزۇللا خوجام» نامى بىلەن بۈگۈنگىچە ياد ئېتىپ، سېغىنىش ھېسياتى بىلەن بۇ زاتنىڭ مەقبەرىسى ئورۇنلاشقان جايغا بېرىپ، ئىختىيارسىز دۇئا-تەكبىر ئوقۇپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كەلمەكتە.

ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇن يازما مەلۇمات قالدۇرغان كىشى ئۇنىڭ شاگىرتى مەھمۇد قەشقەرى بولۇپ، ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «.... قەشقەرلىك خەلەپ ئوغلى، تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىننىڭ ئىبنۇل غەرقىي دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ، ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە ......» (1- توم 456- بەت) دەپ يازغان. بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇكى، ھۈسەيىن قەشقەرلىك ئالىم، شۇنداقلا خەلەپ ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى «ھامىدىيە» مەدرىسى يېنىدىكى جامەنىڭ تەقۋادار ئىمامى. ئۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇستازى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى زور ئىلمىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كىشى ھەققىدە ئەيسا خوجا ئىسىملىك ئاپتور چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان «ئۆۋەيسلەر تەزكىرىسى» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) دېگەن كىتابتا قىسقىچە خەۋەر بەرگەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەزكۇر ئاپتور ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ توغرىسىدا يېزىلغان بىر تارىخىي ئەسەردىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. قەيت قىلىنىشىچە، ھۈسەيىننىڭ دادىسى خەلەپ قەشقەردىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىن بىرىنىڭ قىزى بولغان سەلىمىگە ئۆيلىنىپ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەلۇم سەۋەب بىلەن سۈرىيەگە كەتكەن (ئېھتىمال بۇ كىشى ئەسلى سۈرىيىنىڭ «ھەلەب» شەھىرىلىك بولۇشى مۇمكىن – ت)، ھۈسەيىن دادىسى كېتىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان. ئانىسى سەلىمە ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن قەشقەردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىگە بېرىپ، قۇرئان ساۋاتىنى

چىقارغان. كېيىن ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتى «مەدرىسە ساچىيە» گە بېرىپ، بۇ يەردە بەش يىل ئوقۇتقان. 14- ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «مەدرىسە ساچىيە» (ساچىيە مەدرىسى) – شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كاتتا ئىلىم خەزىنىسى بولۇپ، ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ ئۆز ئۇستازلىرىدىن دەرس ئېلىشتىن سىرت، يەنە «ئىلىم خەزىنىسى» دىكى دىنىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرگەن ھەمدە ئۆلىمالارنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزى ئوقۇغان شۇ مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇنىڭ ئىلىم سەھنىسىدىكى كامالىتى ۋە قابىلىيىتى ئۇنى يۈكسەك ئابرۇي ۋە شۆھرەتكە ئىگە قىلغان. ھالبۇكى ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىسلىك بىلەن مەشغۇل بولغان ھۈسەيىن، ئۆيلىنىش يېشىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كېتىپ، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئايلانغان ئىدى. بۇ ھال قەشقەردىكى ئەربابلار ۋە ئۆلىمالارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلار ئۆز-ئارا مەسلىھەت قىلىشىپ، ھۈسەيىن ئىبن خەلەپكە ئۆيلىنىش تەكلىپى بەرگەن. ئۇلار، ئۆيلىنىپ پەرزەنت كۆرۈپ، ئىلمىنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئارقا-ئارقىدىن بايان قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ تارىخىي ھىجرىيەنىڭ 439- يىلى (مىلادى 1047- 1048- يىللىرى) تەخمىنەن 40 يېشىدا ئۆيلىنىپ، بەش يىلدىن كېيىن پەرزەنت يۈزى كۆرگەن. «قەشقەر تارىخى» ۋە «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى» ناملىق تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى بولغان ئەبۇل پۇتۇھ ئابدۇجاپپار ئىبن ھۈسەيىن قەشقەرى مانا شۇ ئۇلۇغ مۇدەررىس – ھۈسەيىن ئىبن خەلەپنىڭ ئوغلىدۇر.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ «ساچىيە» دە ئۇزۇن يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، ياشانغان ۋاقتىدا ھەج سەپىرىگە تەرەددۇت قىلغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان (مىلادى 1075- 1102- يىللىرى قاراخانىيلار تەختىدە ئولتۇرغان)، ئوردا ئالىملىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھۈسەيىن ئىبن خەلەپنى 80 نەپەر شاگىرتى بىلەن ئۇزۇتۇپ قويغان. ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ ھەجنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىككى قېتىم مىسىرنى زىيارەت قىلىپ، مىسىر ئۆلىمالىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدە ئۇزۇتۇپ قويۇشىغا ئېرىشكەن. ئۇ ھەجنى تاماملاپ، قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە يېشى 80 لەردىن ھالقىغان ۋە كۈچ-قۇدرەت، ئەقىل-ئىقتىدار جەھەتتە ئاجىزلاپ قالغان ئىدى. شۇڭا مۇدەررىسلىكنى توختىتىپ، تۆت يىل ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان. لېكىن قەشقەردىكى ئۆلىمالار ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ: «سىزگە ئاللاھ ئاتا قىلغان بىلىمنى باشقىلارغا ئۆگىتىڭ، سىزنىڭ شاگىرتلىرىڭىز ئىلىم ۋارىسلىرىدىن بولۇپ باشقىلارغا ئۆگەتسۇن. بۇنىڭ ساۋابى تاكى قىيامەتكىچە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەن. ھۈسەيىن ئىبن خەلەپ بۇنىڭغا قارىتا: «مەن قېرىپ قالدىم، ھالىم – كۈچۈم بۇرۇنقىدەك ئەمەس، شۇڭا ھەپتىدە بىر

كۈنلا دەرس بېرەي. دەرس ئالغۇچىلار ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ھۇزۇرۇمغا كىرسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. سۆھبەت سورۇندا ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئۇنىڭدىن دەرس بېرىشكە نېمە ئۈچۈن پەيشەنبە كۈننى تاللىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: مىنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىن كىمدە – كىم 48 پەيشەنبە قەبرەمگە كېلىپ، «سۈرە ياسىن» نى ئوقۇپ مىنىڭ روھىمغا دۇئا قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىگە ئىلىم ئاتا قىلغاي. شۇڭا بۇ كۈننى دەرس ئۆتىدىغان كۈن قىلدىم دېگەن. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئەھلى ئۇنىڭغا ئۇزۇن ئۆمۈرلەر تىلەپ دۇئا قىلىپ قايتىشقان.

ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قاراخانىلار ھۆكۈم سۈرگەن يىللاردىن 85 يىلنى ئۆتكۈزگەچكە (مىلادى 1008 ـ 1093 كېچە )، قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدىكى تۈرلۈك ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بىۋاستە ئاڭلىغان. مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئالىملار، شائىرلار ۋە تارىخچىلار بىلەن زامانداش بولغان. ئۇ يالغۇز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئىلىم پىشۋالىرىنىڭ پىر ئۇستازى بولغان. ئۇ يەنە ئۆز ئوغلى ئەبۇل پۇتۇھ ئابدۇجاپپار ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرىدەك داڭدار تارىخچىلارنى يېتىشتۈرگەن. قەشقەر خەلقى بۇ ئۇلۇغ مۇدەررىسنى ئەسىرلەر بويى ئەسلەپ كەلگەندە ئوخشاش پۈتكۈل خەلقىمىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

# 14ـ تۆركي تىللار دىۋانى ۋە كاتتا يايلاق ھەققىدە ئىزدىنىش

ئاپتور : مۇختەرجان توختى بۇغراخان

قىسقىچە مەزمۇنى:تۆركي تىللار دىۋانىدا تۆرك ۋە تۆركي مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرى ئۆزى ھەرقايسى جايلارنى كېزىپ چىقىپ، شۇ جايلاردا ياشاۋاتقان ھەر بىر قوۋمنىڭ ياشاش سەنئىتى، ۋە مەدەنىيىتىنى تۆركي تىللار دىۋانىدا خاتىرلەپ قالدۇرغان. شۇ سەۋەپتىن بۇ رايوندىكى ھەر بىر يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ئېنىق خاتىرلەنگەن. نۆۋەتتە ئاتۇش شەھەرنىڭ كاتتايالاق دېگەن يېزىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: كاتتايايلاق ، ئىزدىنىش، دىۋان

«كاتتايالاق»نىڭ ئەسلى ئىسمى كاتتايايلاق بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدا كەڭرى يايلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇرۇن بۇ جاي يۇلغۇنلۇق بولۇپ ئوت-چۆپلەر مول بولغاچقا مۇشۇ ئىسىم قويۇلغان بولسىمۇ ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن «كاتتايالاق»قا ئۆزگىرىپ كەتكەن .(1)

«كاتتايالاق » ئەسلى« كاتتايايلاق » بولۇپ، چوڭ يايلاق دېگەن مەنىدە (2). ئىككى مەنبەدىكى كاتتايايلاق نامىغا بولغان ئىزاھنىڭ بۇنداق ئوخشاشلىقى سەۋەبسىز ئەمەس. «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر نامىلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتاپ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە ۋە شەھەرلەرنىڭ يەر نامىلىرى تەزكىرىسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى كىتابنىڭ نەشر قىلىنىش ۋاقتىدىن بۇنى ئىلغا قىلىش ئانچە تەس ئەمەس. بۇ ئىككى كىتابتىكى « كاتتايايلاق» نامى ھەققىدىكى ئىزاھات، شۇ يۇرتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەۋلاتتىن- ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقان يۇرت نامى ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى ئەينەن خاتىرىگە ئېلىش بولۇپ، ئۇنىڭ تىل يىلتىزى قېزىلمىغانىنىڭ ئۈستىگە، بۇ يۇرتتىكى تارىخى ئىزنالار ئارقىلىق مەزكۇر يەر-جاي نامىنىڭ تارىخى سالاھىيتى روشەنلەشتۈرۈلمىگەن. نەتىجىدە، ئوقۇرمەنلەردە ئاتالمىش كاتتايايلاق، ئىسىل يايلاق، كەڭرى يايلاق دېگەن ئوخشاش مەنىلەردىكى سۆز نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە «كاتتايالاق»نىڭ ئەكسىچە شورلۇق زىمىن ۋە ئۈنۈمسىز يەرگە ئايلىنىپ قالدۇ؟ كاتتايايلاقنىڭ

يىراق ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنكى رىياللىقىدىكى زور پەرقنىڭ پەيدا بولىشىدا نېمە سەۋەپ بولغان ؟ دېگەن جاۋاپ بېرىش قىيىن بولغان ئۆتكۈر سوئالغا دۇچ كېلىمىز.

ئاتۇش تارىختىن بۇيان شاھلار ماكانى دەپ تەرىپلەنگىنىگە ئوخشاش، ئاتۇش قوينىدىكى «كاتتايايلاقمۇ تارىختا «بارخان» )بايخان «富贵» فۇگۈي )، «ھاسا ئاتام»، «ئاياقاش»،« گەز تۇمشۇق »، «خان سۇپا» (خان يايلىقى)، «كەدىيايلاغ» قاتارلىق ناملار بىلەن شۆھرەتلەنگەن. بۇ تۇتىيا زېمىندا تۇغۇلۇپ، ئۆسكەن قىز-ئوغلانلار ھېلھەم تولمۇ سۆيۈنگەن ھالدا مەزكۇر يۇرتنىڭ مۇبارەك نامىنى كاتتايايلاق دەپ تەكرار تىلغا ئېلىپ، چەكسىز ئىپتىخارغا چۆمۈلىدۇ.

«كاتتايايلاق» نامىنىڭ يىلتىزىنى قېزىپ چىقىش، تىلشۇناسلىق مەسىلىسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئالدى بىلەن ئۇ مىللەت مەدەنىيتى ئىچىدىكى تىل مەدەنىيىتىگە تەۋە بولۇپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ تىل جەھەتتە قايسى مىللەت تىلىغا تەۋە بولىشى، شۇ خىل ئاتالغۇ ئاستىدىكى زېمىن پاسلىنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

يۇرت نامى شۇ يۇرتقا تەۋە خەلقنىڭ ئىپتىخار نامى! ئۇ، قەلبلەردە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان، ئۇزاق تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە مەڭگۈ شۇنداق داۋاملىشىدىغان، ئەجداتلاردىن ئەۋلادلارغا قالدىغان تىلتۇمار، ئابىدە . »بىراۋسەن قايسى يۇرتتىن ؟« دەپ سوراپ قالسا، جاۋاپ بەرگۈچى پۈشتى-زاتى نامىدىن غۇرۇر ئېلكىدە قەددىنى رۇسلاپ، مەيدىسىنى كېرىپ، مەغرۇر ھالدا: «مەن پوكۇنى يۇرتتىن دەپ جاراڭلىق جاۋاپ بېرىدۇ... شۇ ۋەجدىنمىكىن مەھمۇدكاشغەرى بوۋىمىز تۈركى تىللار دىۋانىدا» كىن يىپار-كىندىك ئىپار« كەن-كۈن چىقىش تەرەپتىكى ھەربىر شەھەر نامىغا »كىن، كەن«سۆزى قوشۇلىدۇ. بۇ سۆز»كەند« سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلىدۇر(3) دېيىش بىلەن، جانلىقلار ۋە ئىنسانلار بەدىنىنىڭ دەل مەركىزى بولغان»كىندىك«نى» كىن « سۆزى بىلەن ئېپادىلەپ، تۈركىي مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنى يەرشارىنىڭ مەركىزى دەرىجىسىدە سىمۋوللاشتۇرۇلغانلىقىنى ئەسكە سالىدۇ.

دەرھەقىقەت! فىزئولوگىيلىك قانۇنىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھاياتلىق ئاپىرىدىگاھىنىڭ تۇنجى ئۆچىكى-بالىياتقۇدا پەيدا بولىۋاتقان ھامىلە پەقەت كىندىك نەيچىسى ئارقىلىقلا ئەجدادىنىڭ ئۇدۇم ۋە ئىرسىيەت نۇسخىسىنى شۇمۈرىدۇ.»كىندىك « تىكى »كىن « »كەند«كە تەققاسلىنىشى، ئۆز يۇرتىغا تەلپۈنگۈچى، ئۆز دىيارىنىڭ بىر چىمدىم توپىسىنىمۇ تۇتىيا بىلىپ ئەزىزلىگۈچى ھەر قانداق كىشىگە ئالەمچە زوق بېغىشلايدۇ.

ئانا ماكانى «كاتتايايلاق» تىن جاھان كەزدى بولۇپ چىقىپ كەتكەن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، بولۇپمۇ شىمالى شىنجاڭدىكى ئۇرۇمچى ، چۆچەك ، بۆرتالا، سۈيدۈڭ، كورلا، قاراشەھەر ...قاتارلىق جايلاردىكى قېرىنداشلىرىمىز؛ «تاشمۇ چۈشكەن جايىدا ئېزىزكەن... كىندىك قېنى تۆكۈلگەن تۇتىيا زېمىننى كىممۇ ئۇنتۇپ قالالىسۇن ؟...» دېيىشىپ، ئۆتكەن ئەجدادلىرىنى

ئېسگە ئېلىپ، ئىسسىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئەسلىشىپ، بۇ قەدىمىي ماكانغا يۈزلىنىپ ئاياللار بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، ئەرلەر ئۆلۈم-يىتىم باناسى بىلەن، ياكى ھېچكىم كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان پىنھان جايىنى تېپىپ يۇرت سېغىنچىسى،ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ بۇقۇلداپ يىغلىشاتتى... ئىشەنمىسىڭىز ئۇلارنىڭ «كاتتايايلاق»قا بولغان تەلپۈنۈش ۋە ئوتلۇق مۇھەببىتىنىڭ يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالىدىغان مۇڭلۇق مىلودىيىسىگە قۇلاق سېلىپ بېقىڭ:

كاتتايايلاق

كاتتايايلاق ئەجەپ يايلاق،

ئەجەبمۇ يايلىيالمادىم.

يايلىسامىمۇ يايلادىم ،

ئوتتۇڭغا چىدىيالمادىم .

كاتتايايلاق دېگەن جايغا ،

ئۆزۈمنى ئاتاي دەيمەن .

تۇپۇرقىدىن جاي ئېلىپ ،

خاترجەم ياتاي دەيمەن .

جەرەن- كىيىك يايرايدۇ،

تاغ باغرىدىكى سايدا .

ناخشا -كۈيى ياڭرايدۇ،

كاتتايايلاق دېگەن جايدا .

كاتتايايلاق دېگەن جايدا ،

ئاتام كارۋان ئىزى بار .

رۇزلەمنىڭ قۇنغاندەك ئانىسى،

خالدەمدەك قىزى بار .

ئانام قۇنىخان

توققۇز بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىپ ،

بىرنى ئۇياققا -بىرنى بۇياققا ،

ئەۋەتىۋەتكەن

قاتارغا قوشقان

ئاللاھ ئانام قۇنىخان

ئاللاھ ئاكام كارۋان.

كەتتىڭىز ئانام كەلمەس مەلىسگە،

كەتتىڭىز ئاكام قايسى مەلىگە؟

مېھرىبان ئانام ،مېھرىبان دادام ،

ئاللاھ ئانام قۇنخان

ئاللاھ ئاكام كارۋان.

، تۈركىي تىلىنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى قامۇسى تۈركى تىللار دىۋانىغا ئاساسلىنىپ كاتتايايلاق نامىنىڭ تىل يىلتىزىنى قازغىنىمىزدا، ئۇ بىر پۈتۈن ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئەمەس بەلكى، ئىككى تۈپ سۆز شەكلىدە ئىككى ئورۇندا ئۇچرايدۇ. تۈپ سۆز ۋە تۈپ سۆزلەرنىڭ ياسالما ئىسىم پەيدا قىلىشى ھەققىدە مەھمۇدكاشغەرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن... ھەربىر قەبىلىنىڭ تىلىدىن سۆز ياساشقا ئاساس بولىدىغان تۈپ سۆزلەرنىلا ئالدىم. چۈنكى سۆزنىڭ قىسقىسى ياخشى... قىلىچ ئوق دېگەنگە ئوخشاشلار تۈپ ئىسىم بولۇپ، بۇ خىل ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسالغان ئەمەس. ياسالما ئىسىملار باشقا سۆزلەردىن ياسىلىدۇ. مۇنداق ئىسىملارنىڭ بەزىلىرى جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزىلىرى تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىمۇ ئىشلىتىلمەيدۇ. مەن مۇشۇ ئىسىملارنىڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى يازدىم ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ(4-6)..

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى يۇقارقى قائىدىگە ئاساسلانغاندا، « كاتتايايلاق»نى «كاتتا» ۋە «يايلاق»تىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن ياسالما ئىسىم (يەر- جاي نامى) دېيىشكە بولىدۇ. بىز تىل يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغان « كاتتايايلاق»قا ئىككى تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىش شەكلى نەزىرى بىلەن «تۈركى تىللانى يازدىم،ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم. لېكىن مەن شۇنداق بىر يول تۇتتۇمكى، قائىدە بويىچە، قىياس قىلغىلى بولىدىغان ۋە مەن تاشلىۋەتكەن سۆزلەرنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن تېپىۋالغىلى بولىدۇ.(4-6)

«تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى يۇقارقى قائىدىگە ئاساسلانغاندا، « كاتتايايلاق»نى «كاتتا» ۋە «يايلاق»تىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن تۈزۈلگەن ياسالما ئىسىم (يەر- جاي نامى) دېيىشكە بولىدۇ. بىز تىل يىلتىزىنى ئىزدىمەكچى بولغان « كاتتايايلاق»قا ئىككى تۈپ سۆزنىڭ بىرىكىش شەكلى نەزىرى بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى»غا قارايدىغان بولساق «كەد» ۋە «يايلاغ»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆز ئۇچرايدۇ؛ ‹‹كەد- بۇ سۆز ‟د” بىلەنمۇ، ‟ز” بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكىتلەش ۋە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ‟قاتتىق” مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەد (كەز) ئات – قاتتىق ئات. كەد (كەز) نەڭ – قاتتىق نەرسە.›› (7). «يايلاغ- يايلاق» (8). « كاتتايايلاق»تىكى «يايلاق» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «يايلاغ» تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەردىكى پەرق «يايلاق»تىكى «ق»تاۋۇشى بىلەن «يايلاغ»دىكى «غ» تاۋۇشىنىڭ

ئوخشىماسلىقى. ئۇيغۇر تىل تاۋۇشلىرىدىكى «ق»، «غ»، «خ»، «گ» ۋە «ك»لار نىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشچانلىقى دائىملىق ئەھۋال بولۇپ، «غ» تاۋۇش بىلەن «ق» تاۋۇشىنىڭ ئۆز- ئارا ئالمىشىشى تېخىمۇ ئەركىن ۋە تېخىمۇ تىز بولىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئوغۇزلار بىلەن قەدىمكى «ئارغۇ شەھەرلىرى»دىكى ئارغۇلىقلارنىڭ «ق» تاۋۇشىنى «غ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرتىپ تەلەپپۇز قىلىش مىساللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ.

تىلشۇناسلىرىمىز تا ھازىرغىچە سۆپەت خاراكتېرىدىكى «كاتتا» سۆزلەرنى بىردەك ھالدا ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان دېگەن ئىدىيىنى ئالغا سۈرۈپ كەلدى. بۇ «تۈركى تىللار دىۋانى» ھەققىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ چوڭقۇرلاشمىغانلىقى ۋە دەسلەپكى قەدەمدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى؛ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتالغۇ، سۆزلەملەرنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ۋە قەدىمكى تۈركى تىلى ئاساسىدا قېزىپ چىقىشىمىزنى يېتەرسىزلىكىنى كۆرستىپلا قالماي، ئاتالمىش پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان دېگەن سۆزنىڭ كۆپ تەكرارلىنىشى، بەزى ئاتالغۇلارنىڭ تىل تەۋەلىك مەسىلىسىدە ساختا ھەقىقەت مەنزىرىسى كۆرۈلدى. بىزدىكى قانائەتسىزلىك، دەل « كاتتايايلاق»تىكى «كاتتا» سۆزلەرنى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەم دەپ قارىغانلىقىمىزدىن، ھەمدە «تۈركى تىللار دىۋانى» ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش قىزغىنلىقىمىزنىڭ زىيادە كۈچلۈكلۈكىدىن پەيدا بولدى. «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «كەد(كەز)» بىلەن بىزنىڭ دائىملىق تىل ئىستىمالىمىزدىكى «كاتتا» پۈتۈنلەي ماس ۋە ئوخشاش ئۇقۇم بولۇپ، «كەد(كەز)- قالتىس»، «كاتتا-چوڭ، ئىسىل، قالتىس» قاتارلىق سۆپەت مەنىلىرىنى ئىپادىلىگەندىن باشقا يەنە، ھوقۇقدار، پۇلدار كىشىلەرگە سۆپەت ئاتالغۇسى بولۇپ كېلىدۇ

قەتئىي ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، «كاتتا»نىڭ تىل يىلتىزى «كەد(كەز)» بولۇپ، ھازىرقى سۆپەت ئاتالغۇسى «كاتتا» قەدىمدە «كەد (كەز-گەز)»، «كەدە (كەزە-گەزە)» ۋە «كەددە (كەززە-گەززە» تەلەپپۇزىدا ئىپادىلەنگەنلىكى ئېنىق. « كاتتايايلاق» نامىنىڭ تىل يىلتىزى بولغان، «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى «كەد(كەز)» بىلەن «يايلاغ»دىن ئىبارەت ئىككى تۈپ سۆزدىن بىر ئاتالغۇ (يەر-جاي نامى) ياسىغىنىمىزدا، «كەدىيايلاغ (كەزيايلاغ گەزيايلاغ)»، «كەدەيايلاغ (كەزەيايلاغ گەزەيايلاغ)» ۋە كەددەيايلاغ (كەززەيايلاغ~ گەززەيايلاغ)» قاتارلىق قىسمەن پەرىقكە ئىگە ئوخشاش ئاتالغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ ئوخشاش ئاتالغۇلار ئىچىدىكى «كەدىيايلاغ» نامىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ بوغۇم («كەد»، «ياي»، «لاغ»)نىڭ ھەربىر ھەرپ تاۋۇشلىرى تىل ئىستىمالىمىزغا تولىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، «كەدىيايلاغ»نىڭ ئوخشاش مەنىدىكى «كەزيايلاغ(گەزيايلاغ)» يانداش ئىپادىلىرى تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن قىسقا باسقۇچلىرىدا دەمكۆتە قوللىنىپ ۋە تاشلىنىپ، ئاخىرىدا بۈگۈنكى « كاتتايايلاق»نىڭ تىل يىلتىزى «كەدىيايلاغ» نامىنى تارىخى ئاتالغۇ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. گەرچە، تارىخى ئاتالغۇ «كەدىيايلاغ»نىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان

«كەزيايلاغ (گەزيايلاغ»نىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە ھېچقانداق تارىخى ئۇچۇرغا ئىگە بولمىساقمۇ، ئەمما، تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قىسمەن بايانلىرى، شۇنداقلا، « كاتتايايلاق» خەلقىنىڭ ئەۋلاتتىن- ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ۋە ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن «گەز تۇمشۇق رىۋايىتى» بەزى ئېنىقلىمىلارغا ئېرىشىشىمىزگە ئالاھىدە ياردىمى بولىشى مۇمكىن.

ئالىم ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىن «بالاساغۇننىڭ ئورنى مەسىلىسى ھەققىدە» ناملىق تەتقىقاتىدا: «“خان سۇپا”، “ كاتتايايلاق”، “ھاسائاتام” ۋە “باش قاش” بويىدىكى خارابىلىقلار بالاساغۇنغا ئالاقىدار سىرتقى ئارخېئولوگىيىلىك يەنە بىر چەمبەر ھېسابلىنىدۇ. بىر قاراشتا ئۇزۇن سوزۇلغان سېپىل خارابىسىدەك، ھەتتا ئارىلاپ-ئارىلاپ كېسەك تاملار كۆرۈنۈپ تۇرغان “باش قاش”، “ئوتتۇرا قاش”، “ئاياغ قاش” بىناكارلىقى ئەسلىدە ئۆستەڭ ئاتۇشتىن كەلگەن چاقماق دەريا ئېقىنىنى كاتتايايلاق تەرەپكە «كۆتۈردى. . ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە قانال-ئۆستەڭ ئورنى بولغان. “ئوتتۇرا قاش”تا كۆپلىگەن ئاھالە ياشىغان توچكىلار ئۇچرايدۇ. » (9). دېگەن ئىلمى ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، “قۇمسېغىز” كەنتىدىن تاكى « كاتتايايلاق»قىچە سوزۇلغان يىگىرمە نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا قەدىمقى ئۆستەڭ (قاش) نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بەزى جايلىرى يەر تەكشىلىكىدىن بىر مېتىر، بەزى جايلىرى ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى بۇ يىلاندەك سوزۇلغان ئۆستەڭ(قاش) خارابىلىكىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارايدىغان بولساق ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا سۇ ئاققان غۇۋا ئىزنالارنى كۆرۈش ئانچە تەس ئەمەس. مەن (ئاپتور) ئىشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن ئاشۇ سۇ ئاققان غۇۋا ئىزنالاردىن بىرنەچچە نۇقتىنى قېزىپ، سۇ ئاققاندىكى قالدۇرغان قۇملارنىڭ قالدۇقى ۋە قۇملار ئىچىدىكى ساپال پارچىلىرىنى كۆرۈپ، بۇ كۆتۈرمە «ئۆستەڭ» (“قاش”) نىڭ قەدىمدە خېلىلا چوڭ غول ئۆستەڭ ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندىم. ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىن «... چاقماق دەريا ئېقىنىنى كاتتايايلاق تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان كۆتۈرمە قانال-ئۆستەڭ ئورنى بولغان.» دېگەن بايانىدا، تارىخى رىيالىقتا ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان، ھەتتا ھازىرمۇ روشەن ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان پاكىتنى كۆرستىش ئارقىلىق، “قاش” ئۇقۇمىنى دەلىللىگەن. ئۇنىڭ “قاش” ھەققىدىكى ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كېلىشى “ئاققاش” توپونومىيىسىنى ۋە بىر قىسىم تارىخى ئۇچۇرلارنى ئاساس قىلغان بولىشى مۇمكىن. بۇنداق بولغاندا “قاش” ئۇقۇمى نوقۇل “قۇمسېغىز”دىن “ كاتتايايلاق”قىچە سوزۇلغان بىرلا قاشنى كۆرستىپلا قالماي، ئۇ يەنە بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شەرقىدىن باشلىنىپ تاكى “ئاققاش”نىڭ شىمالى ئېتىكىنى بويلاپ “ كاتتايايلاق” يېزىسىغا قاراشلىق “كۆيەك” كەنتىنىڭ “كۆتەمە” مەھەللىسىگىچە سوزۇلغان يەنە بىر “قاش”نىمۇ كۆرستىدۇ. قەدىمقى ئەجدادلىرىمىز بۇ ئىككى “قاش”نىڭ ئۈستىنى ئۆستەڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ئۇزۇن لىنىيىلىك سۇغۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلغان. غەربتىن شەرققە قاراپ پاراللىل ھالەتتە ئاققان بۇ قەدىمقى ئىككى ئۆستەڭنىڭ “باش قاش” تىكى ئارىلىقى 4000 مېتىر ئەتراپىدا، “ئوتتۇرا قاش” ئارىلىقى 500 مېتىر

ئەتراپىدا، ‘‘ئاياغ قاش’’ ئارىلىقى نامەلۇم. ئىككى ئۆستەڭ (‘‘قاش’’) ئارىلىقىنىڭ بۇنچىلىك كەڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئۇستۇن ئاتۇش چاقماق دەرياسىنىڭ ئاندا- ساندا ئېلىپ كەلگەن زور كەلكۈنلىرىنى قۇمالتاغنىڭ جەنۇبى ۋە بەشكېرەم يېزىسىنىڭ شىمالى ئېتىكى ئارقىلىق ئىككى ‘‘قاش’’ ئارىلىقىدىكى مەزكۇر ‘‘قانال’’غا سېلىپ راۋان ئاققۇزۇش بولسا كېرەك.

تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ ئىككى «ئۆستەڭ»، بىر «قانال»نىڭ غەربى دېڭىز يۈزىدىن 1246 مېتىر ئېگىز، شەرقى دېڭىز يۈزىدىن 1212 مېتىر ئېگىز بولۇپ، ئېگىز تەرەپتىن تۆۋەن تەرەپكە يەنى شەرقكە يۈزلەنگىنىمىزدە بەشكېرەم ۋە ئاققاشنىڭ شىمالىنى يۆنىلىشنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭ، ئوڭ تەرەپتە بولغاچقا «ئاققاش» (ئاققاش ئۆستەڭ)؛ «قۇمسېغىز»، «قەدىمقى سۇلى دۆلىتى خارابىسى» ۋە «خان سۇپا» نىڭ جەنۇبى يۆنىلىشنى بويلاپ ئاققان ئۆستەڭ سول تەرەپتە بولغاچقا «سولى(سولمۇر)» (قارا قاش ئۆستەڭ) دەپ ئاتالغان. تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ ئەجدادلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى مەلۇم ئىككى ئورۇن ۋە مەلۇم ئىككى يۇرتنىڭ قانچىلىك يېقىن جايلىشىشدىن قەتئىي نەزەر، شىمال، جەنۇپ تۈز سىزىق لىنىيىسىدىكى ۋە غەرب، شەرق تۈز سىزىق لىنىيىسىدىكى ئورۇن مۇناسىۋىتى بويىچە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا شىمال ۋە غەرپتىكىسىنى «قارا»، شەرق ۋە جەنۇپتىكىسىنى «ئاق» نامى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، قاراقۇرۇم تاغلىرىنىڭ شەرقى ئېتىكىدىكى قەشقەر بىلەن غەربى ئېتىكىدىكى كەشمىر تەرەپ مۇناسىۋىتىدىكى يۇقارقى ئورتاق قائىدىمىز بويىچە ئاق-قارا مەنىسىنى؛ تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى تاغلارنى قاراقۇرۇم تاغلىرى دەپ، شەرقىدىكى تاغلارنى ئالتۇن تاغ دەپ، كۈنچىقىش تەرەپنى ‘‘ئالتۇن’’ (قىزىل رەڭ) بىلەن، كۈن پېتىش تەرەپنى ‘‘قارا’’ رەڭ بىلەن ئىپادە قىلىنغانلىقى ئېنىق. بۇنداق مىساللار شىنجاڭنىڭ يەر- جاي ناملىرىدا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، چاقماق دەرياسىنىڭ غول كەلكۈن سۈيىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بۇ چوڭ قانالنىڭ ئىككى يېقىدىكى ئىككى ئۆستەڭنى شىمال ۋە جۇنۇپ (ئوڭ، سول) تەرەپ مۇناسىۋىتى بويىچە ئېيتقاندا ‘‘ئاققاش’’ ۋە ‘‘قاراقاش’’(‘‘سولمۇر~ سۇلى’’) پەرقدە ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككى ئۆستەڭنىڭ سۈيى ۋە ئىككى ئۆستەڭ ئارىلىقدىكى كەلكۈن ئوخشاشلا غەربتىن شەرق تەرەپكە قاراپ ئاققاچقا، تارىختا ئۇلارنىڭ ئورتاق نامىمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ بولسىمۇ « كاتتايايلاق»نىڭ تىل يىلتىزىدىكى ‘‘كەد’’نىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان ‘‘كەز’’نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ‘‘گەز’’ بىلەن قوشۇلغان ‘‘گەزقاش’’ نامىدۇر. ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىننىڭ «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش» ۋە «ئاياققاش» ئۇقۇمى مۇئەييەن چەكلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇ پەقەت «قاش»نىڭ ئىككى چەت ۋە بىر ئوتتۇرا نۇقتىسىنى نەزەرگە ئېلىپ، «قاش» ئۇقۇمىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەنلىكلا خالاس. «قاش. قىرغاق. ھەرقانداق نەرسىنىڭ قېشى، قىرغىقى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق.» (10)

«قاش» يەر تەكشىلىكىدىن قىر ۋە دامبا شەكىللىك قىسمەن كۆتۈرۈلگەن، بىر نوقتىدىن يەنە بىر نۇقتىغىچە داۋاملاشقان ئېگىزلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى ۋە ئىككى يان تەرىپىمۇ ئوخشاشلا ”قاش“ دەپ ئېيتىلىدۇ. «تۈركى تىللاردىۋانى»دىكى بۇ تەبىر ۋە بىزنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىمىزغا ئاساسلانغاندا ”قاش“ ئۇقۇمى ھەممە جايدا مەۋجۇت ئابستراكتنى ۋە تۈر ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارقا ۋە ئالدى قوشۇلغۇچى قوشۇلغاندا ياكى يەنە بىر تۈپ سۆز قوشۇلغاندا ئاندىن خاس ئاتالغۇغا ئايلىنالايدۇ. ”گەزقاش“ بۇ شەرتكە تامامەن ئۇيغۇن خاس ئاتالغۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «گەز(كەز)» تۆت خىل مەنا ئىپادىلىشى مۇمكىن؛ بىرىنچى، ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئۆلچەيدىغان نەرسىنى ”گەز“ دەپ ئاتاش؛ ئىككىنچى، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا سۇۋاق تەكشىلىكىدىن ئېگىزرەك چىقىرىلىدىغان تۈز سىزىق شەكلىدىكى قاپارتمىنى «گەز تارتىش» دېيىش؛ ئۈچىنچى، «كەزلەدى ـ گەزلەدى، گەز چىقاردى، كىرتىك چىقاردى؛ بەتلىدى. ئول ئوقىن كەزلەدى ـ ئۇ ئوقىغا گەز چىقاردى، گېزىنى تۈزەتتى...» (11)تۆتىنچى‹كەد ـ بۇ سۆز ”د“ بىلەنمۇ، ”ز“ بىلەنمۇ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بىرەر نەرسىنى تەكتىلەش ۋە ئاشۇرۇپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ”قالتىس“ مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. كەد (كەز) ئات ـ قالتىس ئات. كەد (كەز) نەڭ ـ قالتىس نەرسە.›› (7).تىكى «كەد»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشى ۋە يانداش ئىپادىسى بولغان «كەز»(گەز) قاتارلىقلار.

بەشكېرەم ۋە قۇمسېغىردىن تارتىپ تاكى « كاتتايايلاق» يېزىسى ”كۆيەك“ كەنتىنىڭ ”كۆتەمە“ (كۆتۈرمە) مەھەللىسىگىچە سوزۇلغان ئىككى قاشنىڭ تارىختا ”گەزقاش“دەپ ئاتىلىشىدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بەش ئاساسى دەلىلنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بىرىنچى دەلىل، «ئوتتۇراقاش»تىكى ”سۇلى دۆلتى خارابىسى“نىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقى شىمالىدىكى «ھاسائاتام خارابىسى». ئىككىنچى دەلىل، كاتتايايلاق خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «تۇرخېنىم» رىۋايىتى. ئۈچىنچى دەلىل، «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى. تۆتىنچى دەلىل، ئەجدادلىرىمىزنىڭ كەلكۈن سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياسىغان بىر قانال ھەم بۇ قانالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىز قاشنى ئىككى تەرەپتىكى زېمىننى سۇغۇرۇش مەقسىتىدە ئىككى ئۆستەڭ قىلىپ لاھىيەلەشتە، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ ”گەز“نى ئىشلەتكەنلىكى. بەشىنچى دەلىل، «كەد»نىڭ تاۋۇش ئۆزگىرىشىدىكى يانداش ئىپادە بولغان ”گەز“نىڭ ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىش ئېھتىماللىقى.

يۇقىرىقى بەش دەلىل ئىچىدە «ھاسائاتام خارابىسى» بىلەن «تۇرخېنىم» رىۋايىتىنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە ”ھاسا“ تىلغا ئېلىنغان. ”ھاسا“ ئاتالغۇسىنىڭ بىر تارىخى خارابىلىقتا ۋە بىر رىۋايەتتە ئۇچرىشى، شۇنداقلا بۇ ئىككى ئورۇن ئارىلىقىنىڭ تەخمىنەن ئون ئىككى كىلومېتىرئارىلىقدا تۇرۇشى، يەنە كېلىپ شىمالى «قاش»نىڭ لېۋىدە بولىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. ئۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئاشكارىلايدۇكى، «تۇرخېنىم» بىلەن «ھاسا ئاتام» تارىخى رىياللىقتىكى بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى «ھاسا» ماھىيەتتە ئۇزۇن ـ قىسقىلىقنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىگۈچ ”گەز“ دۇر.

ئەجدات سۈپىتىدىكى بۇ «ھاسا ئاتام» قولىدىكى تاياقنى گاھىدا «قاش»نى لاھىيەلەشتە «گەز» (ئۆلچىگۈچ) ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، گاھىدا تايىنىدىغان ھاسا ئورنىدا ئىشلەتكەن. «گەز»نىڭ ئۆلچىگۈچ ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى تۇرخېنىم» رىۋايىتىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: « خان غوجام دېگەن بىر كىشى ئۆز ھاسىسى بىلەن ئېرىق چېپىپتىكەنمىش. يۇرت ئاخىرىدا "تۇر! " دەپ ھاسىسنى يەرگە سانجىپ قويغان. جىجاپ (سىزىپ) كەلگەن يېرىدىن سۇ كەلگەن. بىر كىشىدىن " قانچىلىك سۇ كېلىۋاتىدۇ؟" دېسە "3-4 تاشلىق سۇ كېلىۋاتىدۇ" دېگەن. ئەگەر ئاشۇ ئادەم "جىقراق كېلىۋاتىدۇ" دېگەن بولسا جىق كېلەركەنمىش. تاياقنى "تۇر!" دەپ سانجىغان يېرىدە تاياق كۆكلەپ كەتكەن ئىكەن...». دېمەك «خان خوجام» قولىدىكى ھاسا بىلەن «ھاسائاتام»قولىدىكى ھاسا ئارقىلىق ئۆستەڭ چېپىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ پەقەت ئاشۇ «قاش» ۋە ئاشۇ ئۆستەڭنى لاھىيەلەش ئۈچۈن ئۆلچەپ- سىزىشتا ئىشلىتىلگەن «گەز»دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇقۇرىدىكى ئىككى «ھاسا»نىڭ «گەز» دەپ ئاتىلىشنى تۆۋەندىكى «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى تېخىمۇ تولۇقلاش كۈچگە ئىگە بۇرۇنقى زاماندا كاتتاياىلاق بۆككىدە ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان، سۈيى مول مۇنبەت تۇپراق ئىكەن... بۇ يۇرتتا ئادەملەر كۆپىيىپ ئاۋاتلاشقان بىر پەيتتە، كىشلەرنىڭ ھاياتىغا قەست قىلىدىغان بىر ئاپەت پەيدا بولۇپتۇ... ئۇ "گەز تۇمشۇق" ئىسىملىك يالماۋۇز ئىكەن... ئۇنىڭ پەيدا بولىشى بىلەن نۇرغۇن ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ... خوتۇن، بالىلار يۈرەكلىك ھالدا تالاغا چىقالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ... كاتتاياىلاقتىكى كىشلەر يۇرتنىڭ ئۈستىگە كەلگەن بۇ ئاپەتنى قانداق قىلىپ يوقۇتۇش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ئىش كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى يوقتالماپتۇ... گەز تۇمشۇق يالماۋۇز ناھايىتى كۈچلۈك بىر مەخلۇق ئىكەن. ئۇ كىشلەرنىڭ قېنىنى شورىماقچى بولسا، ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالىدىكىنە-دە ئۇزۇن تۇمشۇقنى يېڭىنىڭ ئىچىگە سېلىۋېلىپ ئۆيلەرگە كىرىدىكەن. ئادەملەرنى بىر-بىرلەپ ئېزىقتۇرۇپ ياكى تۇتۇپ قېنىنى شوراپ، ئاخىرى گۆشنى يەيدىكەن... ئەنە شۇ چاغلاردا كاتتاياىلاقتا قىرانبەگ ئىسىملىك باتۇر بىر يىگىت بار ئىكەن. ئۇ شۇنداق ئەقىللىق، ماھارەتلىك، كۈچلۈك، باتۇر بولۇپلا قالماي، بىلىم-پاراسەتتە كامىل ئىكەن. ئۇنىڭ بىر دانىشمەن ئۇستازى بولۇپ، بۇ ئۇستاز ئۇنىڭغا، بىر نەچچە خىل سېھرىي ھېكمەتنى ئۆگىتىپ، سېھرىي-جادۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە قىلغانىكەن.

قىرانبەگ ئوقيا ئېتىش، قىلىچ ئوينىتىش، چەۋەندازلىق، چېلىش قاتارلىق ھۈنەر-ھېكمەتتە زامانىسىدا تەڭداشسىز ئىكەن... ئۇ گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىۋاتقانلىقنى كۆرۈپ، گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن، ئەندىشىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپتۇ... گەز تۇمشۇق: ئەي نادان ئىنسان، ئۆزۈڭنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەي ئالدىمدىن يوقال! -دەپ ۋارقىراپتۇ. -ئۆلۈمگنى تۇيۇۋاتامسەن ؟ – دەپتۇ قىرانبەگ باتۇر... ئۇلار

نەچچە كېچە- كۈندۈز ئېلىشىپ...ئاخىرى قىرانبەگ باتۇر يالماۋۇزنىڭ بېشىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ... ئاندىن گەز تۇمشۇقنىڭ بىر گەز قان شورىغۇچ تۇمشۇقنى قىلىچ بىلەن ئوتتۇن كەسكەندەك كەسلەپ تاشلاپتۇ... گەز تۇمشۇق يالماۋۇزنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يۇرتتىكى خەلق ناغرا-دۇمباق، سۇنايلارنى چېلىشىپ كوچىغا چىقىپ ئۇسۇل ئويناپ، قىرانبەگ باتۇرنى تەبرىكلىشىپتۇ...» (12).گەرچە بۇ رىۋايەت روشەن توقۇلما خاراكتېرىنى ئېلىپ، "گەز تۇمشۇق" رىيال تۇرمۇشتا كۆرۈلۈشى مۇمكىن بولمايدىغان تەرىزدە تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى تارىختىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يۇقىرى باج-سېلىق سىياستى ئارقىلىق خەلقنىڭ قان-تەرىنى شورايدىغان يالماۋۇز تەققەسلىشمىز تەبىئىي. "گەز تۇمشۇق" يالماۋۇز مەخلۇق سىياقىدا تەسۋىرلەنگىنى بىلەن ئۇ بەربىر ئادەم. ئۇنىڭ گەز تۇمشۇقى ئىنسانغا خاس ئالاھىدىلىك بولماستىن بەلكى، مەلۇم جاي نامىنىڭ ئەزگۈچى سىنىپ ئىچىدىكى مەلۇم مۇشتۇمزورنىڭ نامى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى خالاس. "گەز تۇمشۇق"تىن ئىبارەت بۇ مەۋھۇم جاي نامى ھېلىھەم « كاتتايايلاق» توپونومىيىسىدە «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» نامىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ ئىلمى ئاساسى شۇكى، قۇمسېغىردىن « كاتتايايلاق»قىچە سوزۇلغان شىمالى "قاش" قەدىمقى «سۇلى دۆلتى خارابىسى»(«ئوتتۇرا قاش»)قا بارغاندىن كېيىن بىراقلا شەرقى شىمالغا بۇرۇلۇپ تەخمىنەن سەككىزكىلومېتىرداۋاملاشقاندىن كېيىن «خان سۇپا» ۋە تىم قورغان» دوقى (جەينەك)نى ھاسىل قىلىپ، شەرقى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تاكى باچاڭ ئېغىزى كەلكۈنى بىلەن چاقماق دەريا كەلكۈنى ئۇچراشقان جايغىچە داۋاملىشىدۇ. «گەز تۇمشۇق»تىكى "تۇمشۇق"- كۆپۈنچە ھاللاردا يەر تەكشىلىكىدىن ئېگىزرەك بولغان تاغ، ئۆستەڭ، قاش ۋە قىر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم جايدا ئۈزۈلگەن قىسمى ياكى بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ بۇرالغان قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنەشۇ دوق (جەينەك)نىڭ «خان سۇپا» ۋە «تىم قورغان» دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى "گەز تۇمشۇق" دەپ ئاتالغانلىقى شۇ جايدىكى مەزكۇر "قاش"نىڭ شەرقى شىمالدىن شەرقى جەنۇبقا بۇرۇلۇپ تەخمىنەن 180 گرادۇسلۇق بۇلۇڭ ھاسىل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە تامامەن ئۇيغۇن.

يۇقىرىقى بەش دەلىلنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، بەشكىرەمدىن « كاتتايايلاق»نىڭ "كۆتۈرمە" مەھەللىسىگە سوزۇلغان، قۇمسېغىردىن « كاتتايايلاق» "چۇشۇر"گە كەنتى "بەش تام" مەھەللىسىنىڭ شەرقى جەنۇبىغىچە سوزۇلغان ئىككى "قاش"نىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىنىڭ «گەزقاش» ئىكەنلىكىنى يۇقۇرىدىكى "ئىككى ھاسا" ("گەز")، «گەز تۇمشۇق» رىۋايىتى، "گەز"نىڭ ھازىرقى تىل ئىستىمالىمىزدىكى ئىككى خىل مەنىسى ۋە «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى "گەز" ھەققىدىكى ئىزاھات تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...

تارىختىكى بۇ ئىككى چوڭ "قاش" ئەتراپىدىكى تارىخى توپونومىيىلىك ناملار ۋە ئىزنالارنى ئاساس قىلغان ھالدىكى ئابدۇشۈكۈرمۇھەممەتئىمىننىڭ «باش قاش»، «ئوتتۇرا قاش» ۋە «ئاياق قاش» ئابستىراكتىنى ئۇقۇمنى ئەمدىلىكتە «گەز قاش» كونكرېت ئۇقۇمغا تۈگەللەش بىلەن بىر

ۋاقىتتا، غەربتىن شەرققە سوزۇلغان بۇ ئىككى ‟قاش”نىڭ تارىختىكى ئورتاق نامىنىڭ «گەزقاش» ئىكەنلىكىنى خۇشاللىق بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا جاكالايمىز. دېمەك، ئىككى ‟قاش” تارىختا ھەم خاس نامغا ھەم ئورتاق نامغا ئىگە بولۇپ؛ جەنۇبى ‟قاش” «ئاققاش» نامى بىلەن، شىمالى ‟قاش” «سۇلى» (سول تەرەپ ‟قاش”) ۋە ‟سولمۇر” (سول تەرەپ قارا‟قاش”) نامى بىلەن، ئورتاق نامى «گەزقاش» بىلەن ئاتالغانلىقىنى تولىمۇ كېچىكىپ بولسىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە« مۇۋەپپەق بولدۇق.

ئىككى ‟قاش”نىڭ ئورتاق نامى تارىختا «گەزقاش» دەپ ئاتالغانكەن، «گەزقاش»نىڭ قايسى قىرغىقىدا ياياق بولسۇن، بۇ ياياقنىڭ ‟گەزيایاق” دەپ ئاتالمىقى بەرھەق. « كاتتايایاق»تىكى «كاتتا» نامىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دىكى تىل يىلتىزىنى بىز يۇقىرىدا «كەد» ۋە ئۇنىڭ يانداش ئىپادىسى بولغان ‟كەز~ گەز” ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرغان ئىدۇق. يانداش ئىپادە ‟كەز~ گەز”نىڭ ئاساسى «كەد» بولغان ئىكەن، «تۈركى تىللار دىۋانى» بويىچە گەزیایاغ”نىڭ «كەدیایاغ»قا ئۆزگىرىشى تىل تاۋۇشلىرى ئۆزگىرىشىنىڭ ۋە تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. بولۇپمۇ ‟ك” بىلەن ‟گ”نىڭ، ‟د” بىلەن ‟ز”نىڭ ئۆزئارا ئالمىششى تېخىمۇ شۇنداق.

ئومۇمەن، كاتتايایاق نامىنىڭ تىل يىلتىزىكەدیایاغ كەزیایاغ~ گەزیایاغ بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ‟كەدیایاغ” بولۇش سۈپىتى بىلەن- ئىسىل ياياق، قالتىس ياياق، گۈزەل ياياق، كاتتا ياياق دېگەنلىك؛ يەنە بىرى، ‟كەدیایاغ”نىڭ يانداش ئىپادىسى (‟كەزیایاغ~ گەزیایاغ”) بولۇش سۈپىتى بىلەن – ئەجدادلىرىمىز ئۈزۈن-قىسقىلىقىنى ئۆلچەيدىغان نەرسە (‟گەز”) ئارقىلىق ئۆلچەپ، لاھىيەلىگەن گۈزەل ياياق دېگەنلىك. كاتتايایاق»نىڭ مۇبارەك نامىنى ئەڭ دەسلەپ «سۇلى خارابىسى» بىلەن «خان سۇپا» خارابىسى ئارىلىقىدىكى «ھاسا ئاتام» خارابىسى توپىنومىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى «ھاسا ئاتام» قويغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «ھاسا ئاتام» بىلەن «تۇر خېنىم» (خان خوجام) بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆز قولىدىكى ‟ھاسا” (گەز) ئارقىلىق ‟گەزقاش”نى لاھىيەلىگەن بىردىن-بىر كىشى.

ئۇنىڭ «ھاسا ئاتام» دەپ شۇنچە ھۆرمەت نام بىلەن ئاتىلىشى ‟گەزقاش”نى لاھىيەلەپ، « كاتتايایاق» نامىنى قويغانلىقىدىن بولسا كېرەك.

ئىسىل، گۈزەل ۋە قالتىس نامى بىلەن ئاتالغان « كاتتايایاق»، تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئۈچ قېتىملىق بالايى-ئاپەتلىك، قورقۇنۇچلۇق ئېغىر تىرادېگىيىسىنى كۆتۈۋالغان؛ تارىخشۇناس، ئېكولوگىيە ۋە ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ بىردەك مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ئاستىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇن تۆت- بەش مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

پايدىلانما ماتېرىياللار ۋە ئىزاھات :

(1) ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ يەر ناملىرى تەزكىرىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985-يىلى نەشرى، 99-بەت.

(2). «دىيارىمىزدىكى بىر قىسىم يەر ناملىرى ھەققىدە» نىيازكېرىم 340-بەت.

)3( . . «تۈركى تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرى:1- قىسىم،442-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى

(4). «تۈركى تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرى:1- قىسىم 7-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

(5). «تۈركى تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرى:1- قىسىم 12-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

(6). «تۈركى تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرى:1- قىسىم13-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

(7). «تۈركى تىللار دىۋانى» مەھمۇد قەشقىرى:1- قىسىم 422-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

(8). «تۈركى تىللاردىۋانى»، 3-قىسىم، 63-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

(9) «يېپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، 213-بەت ئالىم ئابدۇ شۈكۈر مۇھەممەتئىمىن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(10). .«تۈركى تىللاردىۋانى»، 3-قىسىم، 208-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

«(11). تۈركى تىللاردىۋانى»، 3-قىسىم، 410-بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1986-يىللىق نەشرى.

(12) «ئاتۇش ھەققىدە رىۋايەت ۋە چۆچەكلەر»، 58-68 بەتلەر. بۇ رىۋايەتنى ئېيتىپ بەرگۈچى كاتتايايلاقتىن قۇربان ئاخۇن. رىۋايەت قىسقارتىپ ئېلىندى.

# 15-«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**مۇھەممەد سالىھ**

مېنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلدۇ) بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم 60 - يىللاردىن باشلىنىدۇ. 1962 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمىزدا بىز ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئۇيغۇر سايرانى ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىشقا تۇتۇش قىلغانىدۇق. «دىۋان»نىڭ بۇ قېتىمقى تەرجىمىسىدە ئەرەبچە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئەرەبچىنى كۆرۈپ، ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەن مەسئۇل ئىدىم. «دىۋان»نىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ «مۇقەددىمە»سىنى تۇنجى قېتىم قولغا ئېلىپ ئوقۇش بىلەنلا، ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز بېرىلىپ كەتتىم. مۇقەددىمىدە ئىستىئارە، كىنايە، مەجاز (ئوخشىتىش) قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن قوللىنىلىشى، قاپىيىداش سۆزلەردىن تۈزۈلگەن نەپىس ئىبارىلەرنىڭ رەڭدار، جەزىبىكارلىقى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. مۇئەللىپنىڭ ئىبارە سۈرۈشلىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ يۇقىرى بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋاستىلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئىدى.

يېتۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نىڭ «مۇقەددىمە»سىنى ئىسلام مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە ھەمدۇ - سانا سۆزى بىلەن باشلاپ كىتاپنىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە ئەينى دەۋرنىڭ تارىخى ئارقا كۆرىنىشى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم» («دىۋان» توم، 1 ــ بەت.)

دەرۋەقە، 11 - ئەسىردە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇاتقان قاراخانىيلار، غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىلار تۈركىي خەلق تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان خاندانلىقلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى بىر ئۇرۇشۇپ، بىر ئەپلىشىپ، كۆپ چاغلاردا ئىركىشىش ھالىتىدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەلجۇقىلارنىڭ ھەرىكىتى جانلانغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كۆچەپ كېڭەيتىپ بېرىۋاتاتتى. سەلجۇقىلار خاندانلىقى ئەسلىدە تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تارمىقى بولغان ئوغۇزلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى. سەلجۇق بولسا ئوغۇزلارنىڭ چىنىك قەبىلىسىنىڭ سەردارى دوقاقنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ كېيىنكى مەزگىللەردە سەلجۇق قىسىملىرىنى باشلاپ چەندگە كۆچۈپ كېلىپ ئۆز قەبىلىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىپىنى قوبۇل قىلغانىدى. ھجرىيە 389 - يىلى (مىلادىيە 998 - 999 - يىلى) سەلجۇقىلار بۇخاراغا كېلىپ يەرلەشتى. بۇ چاغدا ئەزەربەيجاندا سەلجۇقىلار بىلەن كوردلار ئارىسىدا جەڭ بولدى. سەلجۇقىلار رەي بىلەن ھەمەدان تەرەپلەرگە سۈرۈلۈپ، بۇ يەرلەرنى ئىگىلىدى. ئۇلار يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىراقنىكى مەۋسىل، دىيار بەكرى شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. 1307 - يىلى مەرۋى، 1308 - يىلى ھىرات ۋە نىشاپورلارمۇ سەلجۇقىلار تەرىپىدىن ئىگىلەندى. كېيىن سەلجۇقىلار يەنە بەلخ، جورجانلارنى ئىگىلىدى. خارەزمنى بويسۇندۇردى. سەلجۇقىلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كىرمان خانلىقىنى يوقىتىپ، پۈتكۈل پارس زېمىنىنى بويسۇندۇردى. خۇداسانىى ئىشغال قىلغاندا، جامەلەردە ئوقۇلۇدىغان خۇتبىلەردە سەلجۇق سۇلتانلىرى «ئۇلۇغ سۇلتان» دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى. سەلجۇقىلار قەزۋىن بىلەن ھەمدانىى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىسپاھانغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. ئۇزۇنغا قالماي ئەزەربەيجان، ئەرمىنيەلەرنى ئىشغال قىلىپ، رۇم ئىمپىرىيىسى زېمىنىغا ئىچكىرلەپ كىرگەن. بىر مەزگىل قىزىل دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىن تارتىپ، چىن چېگرىلىرىغىچە بارغان ئىدى. (ۋ.ۋ بارتولدنىڭ «ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى» غا قاراڭ.)

كېيىنكى چاغلاردا سالجۇقىلار بىلەن رۇم ئىمپىرىيىسى ئارىسىدا دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر «مالازگىرد» ئۇرۇشى يۈز بەردى. رۇم ئىمپىراتورى رومان دېككىنىس 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ، (ئىستانبول كونستانتىنوپول) دىن شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ، ھازىرقى ئەرمەنىستاندىكى ۋان كۆلىنىڭ شىمالىدىكى مالازگىرد قورغانىنىڭ يېنىدىكى دالىغا يېتىپ كەلگەن. سالجۇق سۇلتانى ئالىپ ئارىسلان ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ چىققان. ئەسلىدە ئالىپ ئارىسلان مەسىلىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلماقچى بولغان. مىرخوندنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئالىپ ئارىسلان رومانۇسقا يازغان خېتىدە: «گەرچە سېنىڭ قوشۇنۇڭ كۆپ بولسىمۇ، لېكىن سەن شانلىق غەلىبىلەر قۇچۇۋاتقان سۇلتانغا دۇچ كېلىۋاتىسەن، ئالدىراڭغۇلۇق قىلغانلىقىڭغا پۇشايمان قىلغان

بولساڭ، تاجاۋۇزچىلىقىڭنى توختىتىپ، ماڭا باج تۆلىگىن. شۇنداق قىلساڭ، پادىشاھلىقىڭ ۋە مەملىكىتىڭنى قولۇڭغا قالدۇرىمەن، ساڭا چېقىلمايمەن. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆز بېشىڭغا بالا تېپىۋالغان بولىسەن» دەپ يازغان.

ئەمما، رومانۇس ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرغان: «سەن ياۋايى تىنچلىقنى خالايدىغان بولساڭ، ئىشغال قىلغان زېمىنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ماڭا قالدۇرغىن. رەي شەھىرىنى ۋە ئۇنىڭدىكى سارىيىڭنى ساداقەتمەنلىك بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن ماڭا تۇتقىن». ئىككى تەرەپنىڭ كەسكىن ئېلىشىشى بىلەن ئالىپ ئارسلان غەلىبە قىلىپ، رومان دىيككىنىس ئەسىر ئېلىنغان. جەڭ مەيدانىدا سۇلتاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرى ئىمپىراتورغا ھۇجۇم قىلغان. ئىمپىراتور: «مېنى ئۆلتۈرمىگىن، مەن ئىمپىراتور رومان دىيككىنىس بولىمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامان قالغان. ئالىپ ئارسلان ئەسىرگە چۈشكەن «رومانوسنى تەخت ئۈستىدە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ھۆرمەتلىگەن. مەلىكشاھنىڭ ئوغلىغا رومانوسنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگەن.»

بۇ ۋەقەلەر يۈز بەرگەن چاغ دەل ھىجرىيە 463 ـ يىلى مىلادى 1071 ـ يىللىرى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانى» نى يېزىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. بۇ چاغلاردا ئىسلام ئىمپېرىيىسى ھېسابلانغان ئابباسى خەلىپىلىكى ئاجىزلىشىپ، خەلىپە پەقەت مەنىۋى داھى سۈپىتىدىلا مەۋجۇت ئىدى. نۇرغۇن ۋاقىتلاردا خەلىپىلىكنىڭ ئەملى ھوقۇقى ئۆلاردا بولماستىن، باش ئەمىر دەپ ئاتىلىدىغان مەنسەپداردا ئىدى. خەلىپە ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق ئىدى. قىلدىن قېيىق كەتسە، خەلىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئورنىغا باشقىنى قوياتتى. ئەسكەرلەرنىڭ تەلىۋى ئورۇندالمىسا، خەلىپە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىنىپ جازالىناتتى. خەلىپىلىكتىن ئېلىپ تاشلانغان مۇتتەقى، قاھىرى، مۇستەكفى قاتارلىق 3 خەلىپىنىڭ كۆزلىرى ئويۇپ تاشلانغانىدى.

ئارسلان ئەبۇلھارىس بەساسىرى نىشاپور تۈركلىرىدىن بولۇپ، بەسا شەھىرىدىكى بىر ئادەمنىڭ غۇلامى (بالا قۇلى) ئىدى. ئۇ، خەلىپە قائىم بەمرىللاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، بارا ـ بارا يۈز تېپىپ خەلىپىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلانغانىدى. خەلىپە ھەرقانداق ئىش قىلسا ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە قىلاتتى. ئۇ، ئابباسى خەلىپىسىگە قارشى چىقىپ، مىسىردىكى پاتىمىلار سۇلالىسى خەلىپىسىنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ئۇ باغداتقا بېسىپ كىرىپ، خەلىپە قائىم بئەمرۇللاھنىڭ سارىيىنى تالان ـ تاراج قىلدى. ئۇ باغداتنى ئىشغال قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، توغرۇل بەگ تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى.

سەلجۇقى خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى توغرول مەككە ـ مۇكەررەمنىڭ يوللىرىنى ياساش باھانىسى بىلەن ئاۋۋال ئىراققا، كېيىن باغداتقا قاراپ يول ئالدى. توغرول باغداتقا يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئابباسىلارنىڭ خەلىپىسى قائىم بىئەمرىللاھ بۇيرۇقى بويىچە باغدات جامەلىرىنىڭ ئىمام ـ خەتىبلىرى مۇنبەرلەردە توغرولنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى ھەم ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئالار قىلدى. بۇ، توغرولنىڭ باغداتقا غالىپ ھۆكۈمران سۈپىتىدە كىرىشىگە ھازىرلانغان جامائەت پىكرى ئىدى. توغرول باغداتقا كىرگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا قائىم بىئەمرىللاھنىڭ ۋەزىرى چىقىپ قارشى ئالدى. توغرۇل باغداتنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ملاى 1057 ـ يىلغىچە تۇردى. بۇ جەرياندا ئۇ، باغداتتا يۈرگۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان دەيلەمىلەر زامانىدا تۈزۈلگەن قانۇننى بىكار قىلىپ، ئۆز ئالدىغا يېڭى قانۇن ئورناتتى. شۇنداقتىمۇ توغرۇل يەنىلا مادارا يولىنى تۇتۇپ، ئىككى خانداننىڭ دوست ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلدى. توغرۇل ئۆزىنىڭ قېرىندىشى داۋۇدنىڭ قىزى ئارىسلان خاتون خەدىچىنى قائىم بىئەمرىللاھقا نىكاھلاپ بەردى، نۆۋىتىدە توغرۇل ئۆزىمۇ خەلىپىنىڭ قىزىنى ئېلىشقا ئەلچى كىرگۈزدى. قائىم بىئەمرىللاھغا بۇ ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، رەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. ھىجرىيە 453 ـ يىلى (مىلادى 1061 ـ يىلى) تەبرىزنىڭ سىرتىدا خەلىفەنىڭ قىزىنى توغرۇل ئەقرى ـ نىكاھىغا ئالدى. تويلۇق ئۆچۈن يۈز مىڭ تىللا ۋە نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام يوللىدى. توي بولۇپ 6 ئايدىن كېيىن ھىجرىيە 496 ـ يىلى (مىلادى 1103 ـ يىلى)دا خەلىفە قىزى ۋاپات بولدى. توغرۇل بىلەن خەلىفە ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىلغاچقا، خەلىفە توغرۇلغا «مەلىكۇلمەشرىقى ۋەلمەغرىبى» يەنى «شەرق ۋە غەربنىڭ پادىشاھى» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. شۇنىڭ بىلەن توغرۇل سەلجۇقلاردىن تۇنجى بولۇپ ئابباس خەلىپىلىكىنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران بولۇپ قالدى. باغداتنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئامانلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن، باغداتتا سەلجۇقى قوشۇنى تۇرغۇزۇلدى. شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا خەلىفە قائىم بىئەمرىللاھنىڭ ۋەلىئەھدىلىكىگە تەيىنلەنگەن ئوغلى، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى ئارمىغان قىلغان خەلىفە، مۇقتەدى بىئەمرىللاھنىڭ دادىسى ـ زەخرۇددىن ئەبۇلئابباس مۇھەممەد 41 يېشىدا ۋاپات بولدى، قائىم بىئەمرىللاھ بۇنىڭدىن قاتتىق قايغۇردى، ئوغلى ئەبۇلئابباس مۇھەممەدنىڭ كېنىزىكىنىڭ مۇقتەدى بىللاھقا ھامىلدار ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، كۆڭلى تەسكىن تاپتى، توغرۇلنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان مەلىكشاھمۇ ئابباس خەلىپىلىكىنى تېزگىنلەشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ، خەلىپىنى زىيارەت قىلىش نامى بىلەن باغداتقا ئۈچ قېتىم كەلدى. 1093 ـ يىلى 3 ـ قېتىم كەلگەندە باغداتتا ۋاپات بولدى. قائىم بىئەمرىللاھنىڭ نەۋرىسى بولغان مۇقتەدى بىئەمرىللاھ ئۆزىنىڭ ئەرەبىستان (سەئۇدى ئەرەبىستانى) زېمىندىكى نوپۇزىنى پەقەت مەلىكشاھنىڭ كۈچى ئارقىلىق تىكلىگەندى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەككە، مەدىنىلەردە پاتىملار خەلىفەلىرى نامىغا ئوقۇلىدىغان خۇتبە مۇقتەدى بىللاھنىڭ نامىدا ئوقۇلىدىغان بولدى. مۇقتەدى بىئەمرىللاھ پۈتۈنلەي سەلجۇقلارنىڭ تەسىر دائىرىسى ئاستىدا ئىدى. بوۋىسى قائىم بىئەمرىللاھ

سۇلتان توغرۇلغا قىزنى بېرىشكە تەسترەك ماقۇل بولغان بولسىمۇ، مۇقتەدى بىللا ئۆز قىزىنى سۇلتان مەلىكشاھنىڭ ئالغانلىقى بىلەن پەخىرلەنگەندى. خەلىفەنىڭ ئىتراپ قىلىشى بىلەن سەلجۇقى سۇلتانلىرىنىڭ نامىغا جۈمە كۈنلىرى مەسچىتلەردە خۇتبەلەر ئوقۇلاتتى. مەلىكشاھ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلى مۇھەممەد ئۇنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان. باغدات خەلىفىسى مۇنتەزھىرى سۇلتانلىق ئورنىنى مۇھەممەدگە ئاتا قىلىش يۈزىسىدىن ئۆز سارىيىدا كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەقتە تارىخچى ئىبنى خوللىكان مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «مەلىكشاھنىڭ ئوغلى سۇلتان مۇھەممەدنىڭ تەلىۋى بويىچە خەلىفە مۇنتەزھىرنىڭ سارىيىدا سورۇن تۈزۈلدى، خەلىفە تەختىدە ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا دۆلەت ئەربابلىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بار ئىدى. خەلىفەنىڭ ئۈچىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىداسى (يەكتەك)، بېشىدا سەللە، قولىدا ھاسا تۇراتتى. خەلىفە ئادەت بويىچە سۇلتان مۇھەممەدگە يەتتە قات خىلئەت (تون) كىيدۈردى، بېشىغا تاج كىيدۈردى، بوينىغا بويۇنچاق ئاستى، قولىغا گۆھەر بىلەيزۈك تاقىدى. خەلىفە سۇلتانغا ئۆز قولى بىلەن تۇغ باغلىدى، ئۇنىڭغا ئىككى قىلىچنى تاقاپ قويدى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن بەش ئارغىماق سوۋغا قىلدى. سۇلتان مۇھەممەدنىڭ قېرىندىشى سەنجەرگىمۇ يۇقىرىقىدەك خىلئەت كىيدۈردى. سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلىپە باغداتنىڭ پۈتۈن جامەلىرىدە سۇلتان مۇھەممەدنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلىدىغان بولدى.»

خەلىفەلەر سۇلتان ئۇنۋانى بېرىلگەنلەرگە «ناسىرۇددەۋلە» (دۆلەت مەدەتكارى)، «سەيفۇددەۋلە» (دۆلەتنىڭ قىلىچى)، «ئەزەدۇددەۋلە» (دۆلەتنىڭ ياردەمچىسى) قاتارلىق لەقەپلەرنى بېرەتتى. غەزنىۋى، سەلجۇقى سۇلتانلىرىغا ھەم مۇشۇنداق لەقەپلەر بېرىلگەن. ھجرىيە 453 ـ يىلى (مىلادى 1061 ـ يىلى) غەربىي قاراخانىيلاردىن ئەبۇئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا ئاباسىلارنىڭ خەلىفىسى قائىم بىئەمرىللاھ تەرىپىدىن لەقەپ بېرىلگەن ۋە تون ئەۋەتىلگەندى. تاۋغاچ بوغرا قاراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئىبنى ناسىر نامىغا لەقەپ ئۇنۋانلىرى ئەينى زامانىنىڭ قائىدىسى بويىچە خەلىفەنىڭ نامىمۇ يېزىلىپ، تەڭگە پۇللار قۇيدۇرۇلغانىدى.

ئاباسىلار خەلىپىلىكىدە تۈركىي خەقلەردىن بولغان ھەربىي ۋە مەمۇرى ئەمەلدارلارنىڭ تەسىر كۈچى زور ئىدى. مىلادى 863 ـ يىلى تەختكە ئولتۇرغان مۇستەئىن بىللاھنى ھاجىپلىق مەنسىپىدىكى چوڭ بۇغا، كىچىك بۇغا قاتارلىق تۈركىي ئەربابلار يۆلەپ چىقارغانىدى. سۇيۇتىنىڭ «تارىخۇلخۇلەفا» (خەلىفىلەر تارىخى) كىتابىدا كۆرسىتىلىشىچە: «بۇ ئىككى ھاجىپنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى ۋەسىف، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى بۇغا ئىدى». خەلىفە ئۇلاردىن بىسوراق ھېچ ئىش قىلالمايتتى. تۈرك ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسىپى باللىرىغا قالاتتى، چوڭ بۇغا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاجىپلىق ئورنىغا ئوغلى مۇسا ۋارىسلىق قىلدى. دېمەك، بۇ چاغلاردا ئاباسى خەلىپىلىكىنىڭ باغدات، سامەرادىن ئىبارەت ئىككى

مەركىزىدە خەلىپىلىكنىڭ ھاجىپلىق، باش ھەربىي سەركەردىلىك قاتارلىق چوڭ مەنسەپلىرىنى تۈركىي خەلقلەر ئىگىلىگەنىدى. خەلىپىلىك ۋىلايەتلىرىنىڭ ۋالىلىقىمۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ جايلارنىمۇ تۈركىي خەلقلەر ئىدارە قىلاتتى. ئالايلى، نىشاپور تۈركلىرىدىن بولغان ئەبۇ سالىھ يەھيا مىلادى 777 ـ يىلى مىسىر ۋالىيلىقىغا تەيىن قىلىندى. خەلىپە مۇئتەسىمنىڭ ھەربىي باش سەركەردىلىك مەنسىپىدە تۇرغان سابىت تۈركىي 834 ـ يىلى، پەتھى ئىبنى خاقان مىلادى 853 ـ يىلى، ئىناج 844 ـ يىلى مىسىرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن تۈركىي ئەمەلدارلار ئىدى. تۈرك سەردارلىرىدىن بولغان ئەھمەد ئىبنى تولۇن مىسىر ۋالىسى بولغان تۈرك قىپىنئاتىسى ماجورنىڭ ياردىمى بىلەن مىسىرنىڭ ۋالىيلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، يەنە سۈرىيە، ھەلەپ (سۈرىيەدىكى بىر شەھەر) قاتارلىق جايلارنى مىسىر دائىرىسىگە قوشۇۋېلىپ، ھۆكۈمرانلىق زېمىن دائىرىسنى تېخىمۇ كېڭەيتتى، شۇ ئارقىلىق تولۇنىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سېلىپ، 20 يىلچە ھۆكۈم سۈردى. مىسىردا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ئىبنى تولۇن جامەسى» ئەنە شۇ ئەھمەد ئىبنى تولۇندىن قالغان يادىكارلىقتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن مىسىردا سەلتەنەت قۇرغان ئەخشەدىلەر، ئاتابەگلەر، ئەييۇبىلەرمۇ تۈركىي خەلقلەردىن ئىدى. ئابباسىلارنىڭ ھەرەم سارايلىرىغا كىرگەن تۈرك كېنىزەكلىرىمۇ نوپۇز قازىنىشقا باشلىدى. خەلىپە مەئمۇننىڭ ئانىسى ھاراجىلە، خەلىپەموكتەفى بىللاھنىڭ ئانىسى چىچەن، خەلىپە مۇستەكفى بىللاھنىڭ ئانىسى ئالتۇن، خەلىپە ناسىرلىدىنىللاھنىڭ ئانىسى، ۋە خەلىپە مۇستەنسىربىللاھنىڭ ئانىسى ئەنە شۇ تۈركىي خەلقلەرگە مەنسۇپ كېنىزەكلەردىن ئىدى. ئابباسىلارنىڭ تۈركىي خەلقلەرىدىن قوشۇن تەشكىل قىلىشىمۇ ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغانىدى. مىلادى 864 ـ 865 ـ يىللىرى خەلىپە مۇئتەز، مۇستەئىنغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن تۈركلەردىن 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپەرۋەر قىلغان.

ئەرەپلەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە تۈركلەرنى ماختاپ مەدھىيىلەيدىغان خاھىشلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. تۈركلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى تۈنجى بولۇپ مەدھىيىلىگەن، باغداتتا يېتىشكەن ئاتاقلىق ئەرەپ شائىرى ئاببباس ئىبنى رۇمى مۇنداق يازىدۇ:

«تۈرك ئەسكەرلىرى جەڭ مەيدانىدا تۆمۈر سېپىلدەك ساباتلىق تۇرىدۇ. كىشىنىڭ كۆزىگە دېڭىز دولقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. جەڭ باشلانغاندا دۈشمەنگە قارشى خۇددى يېنىپ تۇرغان ئوت بولۇپ تېگىدۇ.» قىپچاقلار ھەققىدە يېزىلغان شېئىردا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «باتۇر تۈرك يىگىتلىرىنىڭ دۈشمەنلەرنى كېلىشتۈرۈپ سېلىشى ئالدىدا چاقماقمۇ يىپ ئېشەلمەيدۇ. ئۇلار شۇنداق بىر قەۋمدۇركى، دوستلارغا مەرھەمەت قىلىشتا پەرىشتىلەرگە ئوخشايدۇ، جەڭ مەيدانىدا دۈشمەنگە خۇددى دىۋىدەك تېگىدۇ» («تەلپىقۇلئەخبا»، 1 ـ جىلد 63 ـ، 83 ـ بەتلەر.)

كېيىنكى دەۋر، تۈركىي خەلقلەر كۆپلەپ جەنۇبقا كۆچكەن دەۋر بولدى. بولۇپمۇ ئوغۇز تۈركمەنلىرى خۇراسان، شەرقى ئىران، ئىراق، شام ۋە كىچىك ئاسىياغا تۈركۇم ـ تۈركۇملەپ كۆچتى. بۇ كۆچمەنلەر بارا ـ بارا شۇ جايلار ئاھالىسىنىڭ ئىچىنىڭ تەركىۋىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئەمەۋىلەر زامانىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرى ئەرەب قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ئۇ يەرلەرنىڭ ئاھالىلىرى ئەرەبلەرگە خىراج (باج) تۆلەيتتى، گاھى باج ئورنىدا ئۇلارغا باللىرىنىمۇ ئەۋەتىپ بېرەتتى، ئۇلار قۇلغا ئوخشاش سېتىلغانلىقتىن، ئۇلارغا مەملۇك، ياكى مەمالىك (چاكارلار) دېيەلەيتتى. بۇنداق مەملۇكلار خەلىفە سارايلىرىدا ئەمىرلەرگە تەقسىم قىلىنىپ بېرىلەتتى. خەلىفە قوشۇنىغا قاتناشتۇرۇلاتتى. تۈركلەرنىڭ ئەرەپ قوشۇنىغا قاتنىششى ئابباسىلار سۇلالىسىدىن خەلىفە مەنسۇر (754 ـ 775 ـ يىللىرى) زامانىدا باشلانغانىدى.

خەلىفە مۇئتەسىم زامانىدا (838 ـ 842 ـ يىللىرى) تۈركلەرنىڭ نوپۇزى ناھايىتى زورايدى. مۇئتەسىم تۈركلەردىن مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمان دەپ ئايرىماستىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسكەرلىككە ئېلىۋېرەتتى. غەيرى مۇسۇلمان تۈركلەردىن قوشۇنغا قاتناشقانلار ئاستا ـ ئاستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىرانلىقلارنىڭ قولىدىكى نوپۇز بارا ـ بارا تۈركلەرگە ئۆتتى. خەلىفەلىكتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تۈركلەرنىڭ رايى بويىچە بولىدىغان بولدى. مۇتەۋەككىل (847 ـ 861 ـ يىللىرى) زامانىدا ئۇلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ زورايدى، مۇئتەز خەلىفە تەختكە چىققان چاغدا، ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بىرى مۇنەججىمدىن: «مۇئتەزنىڭ خەلىفىلىكى قانچىلىك داۋاملىشار؟» دەپ سورىغاندا مۇنەججىم: «تۈركلەر ئۇنىڭ قاچانغىچە داۋاملىششىنى خالىسا، ئۇ شۇ چاققىچە داۋاملىشىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇئتەسىمنىڭ زامانىدا ئىسلام ئەللىرىدە تۈركلەرنىڭ نوپۇزى ئالاھىدە كۈچەيگەنىدى، خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ ئانىسى تۈركىي خەلقلەردىن ئىدى. ئۇئتەسىم ئاكىسى ئەمىنىي ئىرانلىقلار ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ ئۇلارغا دۈشمەنلىك بىلەن قاراپ، تۈركلەرنى ئۆزىنىڭ يېقىن ياردەمچىسى قىلىۋالغانىدى. تۈرلۈك يول بىلەن باغداتقا كېلىپ قالغان، خەلىفە مۇئتەسىمگە تەۋە تۈركىي غۇلاملارنىڭ ئۆزىلا 18 مىڭدىن ئاشاتتى. خەلىفە مۇئتەسىمنىڭ قوشۇنىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈركىي ئەسكەرلەر تەشكىل قىلاتتى.

خەلىفە مۇئتەسىم زامانىدا غەيرى ئەرەبلەرنىڭ نوپۇزى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. مۇئتەسىم ئۆزىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مىسىرلىقلاردىن مەخسۇس قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇلارغا «مەغارىبە» دەپ نام بەرگەن. تۈركىي خەلقلەردىن بىر قوشۇن تەشكىللەپ ئۇلارغا «پەراغىنە» ياكى «ئەتراك» دەپ نام بەرگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» مۇقەددىمىسىدە «دىۋان»نى خەلىپە مۇقتەدى بىئەمرىللاھقا ئارمىغان قىلغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇلقاسىم ئۇدرە تۇددىن ئابدۇللا بولۇپ، ئاتىسى زەخىرۇددىن ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد ۋاپات قىلغاندا تېخى ئانىسىنىڭ قوسىقىدا ئىدى. ئۇنى چوڭ دادىسى خەلىپە قائىم بىئەمرىللاھ قېتىرقىنىپ تەربىيلەپ، ئەخلاقىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرىدۇ. مۇقتەدى 20 يېشىدا ھىجرىيە 476 ـ يىلى (مىلادى 1075 ـ يىلى) شەئبان ئېيىنىڭ (ھىجرىيە 7 ـ ئاي) 13 ـ كۈنى جۈمە كۈنىدە ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر ۋە يۇرت چوڭلىرى قاتناشقان كاتتا مۇراسىمدا خەلىپىلىك تەختىدە ئولتۇرىدۇ. چوڭ ئەربابلاردىن ئەڭ ئاۋۋال خوجىزادە شەرىف ئەبۇ جەئفەر خەلىپىگە قول بېرىپ بەيئەت قىلىدۇ. بەيئەت قىلىش جەريانىدا ئەبۇجەئفەر: «ئارىمىزدىن بىرەر باشلىق تۈگىسە، ئورنىغا يەنە بىر باشلىق چىقىدۇ.» ـ دەپ شېئىر باشلايدۇ.

بۇ چاغدا خەلىپە: «بۇ باشلىق ئەمەلىيەتچىل بولسا، كىشىلەر ياقتۇرىدۇ» دەپ شېئىرنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرىدۇ. ئارقىدىنلا خەلىپىگە ئەبۇ ئىسھاق شىرازى (نىزامىيە مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى)، ئەبۇ نەسر ئىبنى سەبباغ، ئەبۇ مۇھەممەد تەممى قاتارلىق ئالىملار بەيئەت قىلىدۇ.

«مۇقەددىمە»دە مەھمۇد قەشقەرى خەلىپە مۇقتەدىنى ياخشى سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەپ ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مۇنداق قىلىشمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. خەلىپە مۇقتەدى دۆلىتىنىڭ ئاۋاتلىقى ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلغان. جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۈچەيتكەن، قىمارخانا، پاھىشىخانىلارنى يوقاتقان. كەپتەرۋازلىق، بىكار تەلەپلەرگە چەك قويغان. مۇنچا ـ سەرراپلاردىن چىققان پاسكىنا سۇلارنى دەجلە دەرياسىغا ئېقىتىۋېتىشنى توسقان. ئايرىم قۇدۇقلارنى كولىتىپ پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىشنى يولغا قويغان، ئىلىم ئىشلىرىنىڭ راۋاجىغا ئىمكان بېرىپ، ئالىملارنى ھۆرمەتلىگەن، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرگەن. مەھمۇد قەشقەرى مۇقەددىمىدە: «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» («دىۋان»، توم، 2 ـ بەت) دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇنى ئىشەنچلىك بۇخارالىق بىر ئالىم بىلەن نىشاپۇرلۇق بىر ئالىمدىن ئاڭلىغانلىقىنى يەنى تەلىم ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ يەردە «ئاڭلىدىم» دەپ تەرجىمە قىلىنغان سۆز ئەسلى تېكىستىدە «سەمئتۇ» بولۇپ، ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھى (تەبىرى) بويىچە ئېيتقاندا، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ھەدىس ئۆگەندىم» دېگەن بولىدۇ. دېمەك، بۇ سۆز ھەدىس ئۆگەنگۈچى شاگىرت بىلەن ئۆگەتكۈچى ئۇستازنىڭ ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى ھەدىس ئىلمى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان، بۇخارا، نىشاپۇرلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئەينى زامانلاردا بۇخارا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىسلام ئىلىملىرىنىڭ

مەركىزى بولغان، بۇخارا ئۆزىنىڭ مەدرىسلىرى، يېتىشتۈرۈپ چىققان ئالىملىرى بىلەن جاھانغا داڭق چىقارغان. تالىبۇلئىلىملەرنىڭ ۋە ئۆلىمالارنىڭ قىبلىگاھى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە داڭدار ئالىملارنىڭ نۇرغۇنى بۇخارا مەدرىسلىرىنىڭ ئۈزۈپ چىققان پىشقەدەم تالىبۇلئىلىملىرى ئىدى. ھەدىسشۇناسلىق بۇرۇندىن تارتىپ بۇخارادا ئالاھىدە راۋاجلانغانىدى. ھەدىسشۇناسلارنىڭ پىرى، ئەڭ مۆتىۋەر كىتاب «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام بۇخارى ئەنە شۇ بۇخارادا يېتىشكەنىدى. نىشاپورمۇ بۇخاراغا ئوخشاش ئىلىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. ئەينى چاغلاردا ئابباسىيە دۆلىتىدە ئىككى ئىلىم مەركىزى بولۇپ، بىرى باغدات، يەنە بىرى نىشاپور ئىدى. ئىسلامىيەت تارىخىدا تۇنجى بولۇپ مەيدانغا كەلگەن نىزامىيە مەدرىسىنىڭ بىرى باغداتتا، يەنە بىرى نىشاپوردا تەسىس قىلىنغانىدى. ئىلىم سورۇنلىرى، بىلىم ئېلىش جايلىرى مەسچىتلەردىن مەدرىسلەرگە كۆچكەن دەۋرلەردە نىشاپور شەرقنىڭ كۆزىنىكى، فازىللارنىڭ كانى، ئۆلىمالارنىڭ ماكانىغا ئايلانغان ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرتىلى بىلەن ئەرەب تىلىغا توشقان تىلشۇناس بولۇشى بىلەن تەفسىر، ھەدىس، فىقھى (قانۇنشۇناسلىق) قاتارلىق ئىسلام شۇناسلىق بىلىملىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىگەنىدى. مەزكۇر ھەدىسنى بۇخارالىق ۋە نىشاپورلۇق ھەدىس ئالىملىرىدىن ئۆگەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇخارا ۋە نىشاپور قاتارلىق ئىلىم مەركەزلىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئىمام بۇخارىدىن قالسىلا 2 ـ ئورۇندا تۇرىدىغان، مەشھۇر ھەدىس كىتابى «سەھىھى مۇسلىم»نىڭ مۇئەللىپى مۇسلىم ئىبنى ھوججاج نىشاپورلۇق ئالىم ئىدى. ئىمام بۇخارى نىشاپورغا كەلگەندە، مۇسلىم ئۇنىڭدىن ھەدىس ئىلمى ئۆگەنگەن ۋە ئىمام بۇخارىدىن ئۆرنەك ئالغانىدى. نىشاپور ـ ئەبۇلئاببەسۇلئەسەم، ئەبۇ مەنسۇر، ئابدۇلمەلىك، ئەبۇ ئابدۇللاھا كىم قاتارلىق ھادىس ئالىملىرى ئۆتكەن يۇرت ئىدى. يۇقىرىقى ھەدىستىكى ئىككى ئالىم ئەسلى تېكىستتە «ئىمام» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن، بۇ يەردىكى «ئىمام»نىڭ مەنىسى «ھەدىسشۇناس، ھەدىس ئالىمى، ھەدىس پېشۋاسى» دېگەن بولىدۇ: لېكىن مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۇلارنى «ئىمام» دەپ ئاتاش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئېنىق تىلغا ئالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبىنى مۇنداق چۈشىنىشكە بولىدۇ، مەھمۇد قەشقەرى يۇقىرىقى ھەدىسنى ئىشەنچىلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتقاندا رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ «ئۆزى جاۋابكار»، «توغرا بولمىغان تەقدىردىمۇ» دېگەن ئىزاھىنى بېرىپ مەزكۇر ھەدىسكە تازا ئىشەنچ قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. روشەنكى، مۇئەللىپ ئۆزىگە ئۇستاز يوللۇق ھەدىس پېشۋالىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇلارنى يالغانغا چىقىرىشنى ئەپ كۆرمىگەن، ئۇلارنى ئايىغان.

ئىككىنچى ھەدىسكە كېلىدىغان بولساق، مەھمۇد قەشقەرى بۇ ھەدىسنى توغرا، دەپ قارىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھۆسەيىن خەلەپتىن تەلىم ئالدىم، دەپ ئۇستازىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارا تىلغا

ئالغان. «ھەدىس قۇرسى» رىۋايەت قىلغۇچى ھۈسەيىننى مەھمۇد قەشقەرى شەيخ، ئىمام، زاھىد قاتارلىق ئۈچ سۆز بىلەن سۈپەتلەيدۇ. بۇ يەردىكى «شەيخ»نىڭ مەنىسى ھەدىس ئالىملىرىنىڭ ئىستىلاھى بويىچە ئېيتقاندا، ھەدىس ئىلمىدا تونۇلغان ئۇستاز، دېگەن بولىدۇ، «ئىمام» نىڭ مەنىسى ئىلىم ـ پەننىڭ بىرەر تۈرىدە ئۆزۈپ چىقىپ، شۇ پەننىڭ مۇتەخەسسىسى، پېشۋاسى بولغان ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. بۇ يەردە ھەدىس ئىلمىنىڭ ھەممە ئېتراپ قىلغان مۇتەخەسسىسى دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. «زاھىد» تەقۋادار مەنىسىدە، بۇنىڭدىن تەقۋادار ئادەم ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا يالغاننى ئارىلاشتۇرمايدۇ، دېگەن مەنا چىقىدۇ. «دىۋان» دا «ھۈسىين بىن الكاشغرى» يەنى قەشقەرلىق خەلىفە ئوغلى ھۈسەيىن، دەپ تىلغا ئېلىنغان. تارىخى مەنبەلەردە بولسا، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف دەپ تىلغا ئېلىنغان. ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ تەرجىمھالى يېزىلغان ۋە ئىشەنچىلىك، دەپ قارالغان «مىزانۇلئىئتىدال» (ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەرجىمھالى)دا ئۇ ئەڭ زېرەك ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى كاشغەرى دەپ ئېلىنغان. شۇنىڭدەك ئەبۇلفەزلى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى بولسا، ئىبنى غىلان دىن ھەدىس رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى غىلان ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ئىشەنچىلىك ئەمەس، دەپ باھا بېرىدۇ. «مىزانۇلئىئتىدال» كىتابىدا «ئەلمەئى» (زېرەك) دېگەن سۆز ھۈسەيىننىڭ سۈپىتى قىلىپ ئېلىنغان. «مۇلھەقاتۇسسۇراھ» (سۇرراھە لۇغىتىنىڭ قوشۇمچىسى) دا ھۈسەيىننىڭ ئوغلى ئابدۇغەففارنىڭ سۈپىتى قىلىپ ئېلىنغان. «مۇلھەقاتۇسسۇرراھ» نىڭ مۇئەللىپى «مىزانولئىئتىدال» نىڭ مۇئەللىپىدىن يېرىم ئەسىرچە بۇرۇن ئۆتكەنلىكى ۋە ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى خەلەفنىڭ يۇرتدىشى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردە ئۇنىڭ سۆزى باشقىلارنىڭكىدىن ئىشەنچىلىكرەك دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. جامال قارشى «سۇراھ» لۇغىتىنىڭ مۇلھەقاتىدا (قوشۇمچىسى) ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەرى، دېيىلگەن. دېمەك، «دىۋان»دا ھۈسەيىننىڭ دادىسى بولغان ئەلى سۆزى چۈشۈپ قىلىپ، ھۈسەيىننىڭ بوۋىسى ئۇنىڭ دادىسى قىلىپ قويۇلغان. ھۈسەيىن ئۆز دەۋرىدە تونۇلغان زور ئالىم بولۇپ، باغدات ۋە قەشقەرلەرنىڭ مەدرىسلىرىدە نۇرغۇن تالىبۇلئىلملەرگە دەرس ئۆگەتكەن. تەفسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يازغان. مىلادى 1093 ـ يىلى (ھىجرىيە 486 ـ يىلى) قەشقەردە ۋاپات بولغان، ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفنىڭ زېرەك ئابدۇلغەففار دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇمۇ دادىسىغا ئوخشاشلا توشقان ئالىم بولغان، تەفسىر ۋە ھەدىسكە ئائىت ئەسەرلەرنى تەسنىپ قىلغان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەشقەردە دادىسىنىڭ ھوزۇرىدا دەرس ئوقۇۋاتقاندا، ئۇنى شۇ زاماننىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان خان چاقىرىپ، ئۇلاغ ئەۋەتىدۇ. ئابدۇغەففار يولدا كېتىۋېتىپ ئۇلاغدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، شۇ جايدىلا جان ئۈزىدۇ. ئۇ نىڭ جەسىدى قەشقەرنىڭ سىرتىدىكى يەتتە قىبلە دېگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ئابدۇغەففارنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەپمۇ

«يەتتە قبلە» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەنە شۇ ئابدۇغەففار «تارىخ كاشغەر» («قەشقەر تارىخى») كىتابىنى يازغاندى. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر بايقالغىنى يوق. ئابۇغەففارنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەفنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھېچقايسىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

مەھمۇد قەشقەرى «مۇقەددىمە»دە يەنە: تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرستىش ئۈچۈن ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەد تەسنىف قىلغان «كىتابۇلئەيىن» ناملىق لۇغەتتىدىكىدەك «دىۋان» غىمۇ ئارخائىك سۆزلەرنى كىرگۈزۈشنى ئويلىغانلىقىنى، مۇنداق قىلغاندا دىۋاننىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدىغانلىقىنى، لېكىن سۆزلەرنى ئوڭاي تېپىش، كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى ۋە ئىخچاملىق قاتارلىق جەھەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەرنى ئالمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ («دىۋان» توم، 6 ـ بەت). بۇ يەردە دىققەتكە سازاۋەر ئىنچىكە بىر نۇقتا شۇكى: مۇئەللىپ تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرستىش ئۈچۈن، ئەرەب ئالىمى ئابدۇراھمان خەلىل ئىبىن ئەھمەدنىڭ چوڭ ھەجىملىك قامۇسى «كىتابۇلئايىن» گە ئوخشاش ئىستېمالدىن قىلىپ قالغان سۆزلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا «دىۋان»نى يازغان بولسام تېخىمۇ ئەتراپلىق بولاتتى، دەيدۇ. ئەسلى تېكىستتىكى «اوب» سۆزى «تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ئەتراپلىق» دېگەن مەنالاردا كېلىدۇ. («دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە بۇ سۆز قانداقتۇ «تېخىمۇ تەرتىپلىك» دە تەرجىمە قىلىنىپ قالغان). بۇنىڭ بىلەن مەھمۇد قەشقەرى زامانىدىلا تۈركىي تىللاردىكى ئارخائىزم بولۇپ كەتكەن سۆزلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىلىدۇ. خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «كىتابۇل (ئەيىن)» كىتابى 84 جىلد قىلىپ يېزىلغان. مۇنداق زور ھەجىملىك قامۇستا، ئىككى تىل بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا تەمسىل قىلىنغان. «دىۋان»نىڭ ھەجىمىمۇ «كىتابۇلئەيىن» غا ئوخشاش زور بولۇشى پىلانلانغان. بۇنىڭ ئۈچۈن مەھمۇد قەشقەرى نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغان. بۇ ماتېرىياللار رەتلىنىشىپ، تاللىنىشىپ باسقۇچلىرىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، نۇرغۇن قىسمى شاللىۋېتىلگەن. بۇ نۇقتىنى مۇنۇ ئىككى سۆزدىنمۇ بايقىۋالالايمىز.

«ىۋان»نىڭ مۇقەددىمىسىدىكى «ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى ئالدىم، ئىشلىتىلمەيدىغانلىرىنى تاشلىدىم» («دىۋان» توم، 6 ـ بەت). «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە، «ئالدىم» دەپ ئېلىنغان سۆز، ئەسلىكى تېكىستتە «ئەسبەھتۇ» بولۇپ، ئۇنىڭ «مۇقىملاشتۇرۇش» دېگەن مەنىسى بار، «تاشلىۋەتتىم» دېگەن سۆز ئەسلى تېكىستتە «ئەھمەلتۇ» بولۇپ، ئۇنىڭ «قالدۇرۇش» مەنىسى بار. مۇنداقتا مۇئەللىپ: «قولۇمدا نەقلەشكەن مول سۆزلۈكلەر ياكى مول ماتېرىياللاردىن بىر قىسمىنى

مۇقىملاشتۇرۇپ، كىتابتىن ئورۇن بەردىم. بىر قىسمىنى بولسا، كىتابقا بېرىشتىن قالدۇرۇۋەتتىم» دېگەن بولدۇ. ئارخائىزم سۆزلەر قالدۇرۇۋېتىلمىگەن بولسا، «دىۋان»مۇ «ئەين» كىتابىغا ئوخشاش نەچچە ئون جىلد يېزىلغان بولاتتى.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەھمەد ئىبنى خەلىلنىڭ «ئەين» كىتابى مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەر ئۈستىدە، ئەينى زامان ئالىملىرىنىڭ قارشى ئوخشاش بولمىغان. بەزىلىرى «ئەين» كىتابىدا ئايرىلغان ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەرنى ماقۇللىغان، بەزىلىرى بولسا ئۇنى خاتاغا چىقارغان. مەھمۇد قەشقەرى «ئەين» كىتابىدىكى ئىشلىتىلمەيدىغان سۆزلەر توغرىسىدىكى ئۆلىمالارنىڭ ئىختىلاپلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى كىشىلەرنىڭ تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ۋە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنى باشقىلارغا تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن يېزىپ چىققانلىقىنى مۇقەددىمىدىكى بايانلاردىن بىلىپ ئالالايمىز.

دېمەك، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان»نى يېزىشتىكى مەقسىدى، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «ئەين» كىتابىنى يېزىشتىكى مەقسىدى بىلەن تۈپتىن ئوخشمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ «دىۋان»نى يېزىشتا خەلىل ئىبنى ئەھمەدنى ئۈرنەك قىلماي، باشقىچە يول تۇتقان. «دىۋان»نىڭ يوقلىپ كېتىپ قايتا تۈپلىنىش تەقدىرى، ئابدۇراخمان خېلىل ئىبنى ئەھمەد تەسنىف قىلغان «كىتابۇلئەين»نىڭ تەقدىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئىبنى نەدىمنىڭ «فىھرىست»تە كۆرسىتىشىچە، ھجرىيە 170 ـ يىلى (مىلادى 787 ـ يىللىرى) يېزىلغان «كىتابۇل ئەين» كىتابى ئۆز ۋاقتىدا مەيدانغا چىقالماي ھجرىيە 248 ـ يىلى (مىلادى 863 ـ يىللىرى)غا كەلگەندە ئاندىن جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشەلىگەن. ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئورەيد مۇنداق دەيدۇ: «خېلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «ئەين» كىتابى 248 ـ يىلىغا كەلگەندە، بەسرە شەھرىدە پەيدا بولۇپ قالدى. 50 جىلدلىك بۇ كىتابنى بىر كىتابچى خۇراساندىن 50 تىللاغا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەپتۇ. بۇرۇن بىز بۇ كىتابنىڭ خۇراساندا تاھىرىلار خاندانلىقىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدۇق. ئەمما نۇرغۇن ئادەملەر مۇنداق كىتابنىڭ ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە قەيەردىلىكىنى زادى بىلمەيتتى» دېگەن. مەتبەئەچىلىك مەيدانغا كەلمىگەن، ئەسەرلەر قولدىن ـ قولغا كۆچۈرۈلۈپ تارىلىدىغان ئەينى زاماندا مۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بولۇپ تۇرۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى ئەلۋەتتە.

مەنبە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 2003 ـ يىل 3 ـ سان

# 16-«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئىددىيسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

## ئابدۇغېنى سەيدىن

(قەشقەر پېگشەھەر ناھىيلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى)

[align=justify]قەھرىمانغا چوقۇنۇش كىشىلەرنىڭ مىللەت ياكى ئۆز توپىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى ئايىمايدىغان، شۇ مىللەت ۋە توپنىڭ ھاياتىدىكى زور ئۆزگۈرۈشلەردە باشلامچىلىق رول ئويناپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستى، كۈچ قۇدرىتى، قىسقىسى بارلىقىنى ئايىمىغان باتۇر كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناپ روھىغا بولغان چوقۇنۇش بولۇپ، بۇ خىل چوقۇنۇش ھەر قايسى تارىخى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائىي بۆرلۈشلىرى، ياشاش مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. ھەمدە بۇ خىل روھ شۇ مىللەتتە ئېپوسچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. شۇڭا گېگىل ئېپوسلارنى ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا «قەھرىمان شەخسىنىڭ ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي روھى ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان» چوڭ تىپتىكى ئاغزاكى سەنئەت شەكلى دەپلا قارىماستىن، يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا بىر مۇنەۋۋەر ئېپوس «بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسى»دەپ كۆرسىتىدۇ. ① دەرۋەقە ئېپوسلار دەل ئاشۇنداق ئالىيجاناپ روھ يوشۇرۇنغان مىللەتنىڭ روھىتىدىكى بارلىق تەرەپلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەھرىمانلىققا چوقۇنۇش بىر مىللەت ياكى قەۋمنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ، روھى يۈكسەكلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىخچاملىنىپ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىز قەھرىمانلىققا چوقۇنۇش ئىددىيسى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردە رۇشەن كۆرۈپ ئالالايمىز. مەسلەن قىرغىزلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان «ماناس»، «جاڭغىر» ئېپوسلىرىدىن بۇ نۇقتىنى رۇشەن كۆرۈپ قالماستىن ئۇيغۇرلارنىڭ «شىراق»، «تۇمارىس» قاتارلىق ئەپسانە رىۋايەتلىرىدىن تارتىپ، «ئۈچ ئاكا-ئۇكا باتۇرلار»، «كەنجى باتۇر»، «ئىيىق باتۇر»، «خىمىر باتۇر»، «تاش باتۇر»... قاتارلىق چۆچەكلىرىدە «چىن

تۆمۈر باتۇر»، «نوزۇگۇم»، «سيىت نوچى»...قاتارلىق داستانلىرىدا «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتوڭا»، «ئەرگىنە قون» قاتارلىق ئېپوسلىرىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە-رىۋايەتلەردىن تارتىپ، چۆچەك، قوشاقلار ماھىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈن مىللەت روھىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە كارتىنىلار بويىچە ئىپادىلىنىشى بولسا، ئېپوسلار شۇ كارتىنىلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلىشى ۋە تىپىكلەشتۈرلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. يەنى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ پەخىرلىك ھسياتلار ئىچىدە ئىغىزدىن - ئىغىزغا تارقىلىپ، ئەل ئارىسىدا چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى جەريانىدا خەلقنىڭ بارلىق ئەقىل پاراستىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئېپوسنى روياپقا چىقىرىشقا ئاساس بولىدۇ. بىراق، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرستىپ ئۆتكىنىدەك ئېپوس بارلىق مىللەتلەردە شەكىللىنىۋەرمەستىن، يۈكسەك دەرىجىدە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە بولغان، قەھرىمانلىق يۈكسەك پەزىلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، مىللەتنىڭ روھىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن مىللەتلەردە شەكىللىنىدۇ. دۇنيادىكى ئېپوس ئىجاد قىلغان خەلقلەرنىڭ ئەمەلىيتى بۇ نۇقتىنى رۇشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىكى قەھرىمانلارغا بولغان چوقۇنۇش ئىددىيسىنىڭ تارىختىن بىرى ئۆز ئىپادىسىنى ئوخشىمىغان شەكىللەردە گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن بەلكى تارىخى پاكىتلارمۇ رۇشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخ»دا «ئۇلار (خۇيخې)لارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە باتۇرلۇق ۋە كۈچلۈكلۈك ئىززەتلىنىدۇ.»② دەپ خاتىرلەنگەن بولسا، تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ۋە دۈشمەن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان باتۇر قەھرىمانلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، قىرىلىق ياكى كىسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈشنى بىر خىل نۇمۇسلۇق ئىش دەپ قارايدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بىز بۇ تەرەپلەردىكى مەسىلەرنى بىرمۇ-بىر تىلغا ئېلىپ قايتا تەكرارلىمىساقمۇ، بىر مىللەتنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ ۋە روھىيتىنىڭ ئەڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان قامۇسلىرى بولغان ماقال تەمسىللەرگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقساق، بۇ خىل قاراشلارنىڭ روشەن ئىزناسىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. مەسىلەن: « باتۇر تۇغۇلسا ئەلنىڭ بەختى، يامغۇر قۇيۇلسا يەرنىڭ»، «باتۇر جەڭدە بىلىنىدۇ، دانا مەجلىستە»، «باتۇرلۇق بىلەن ئۆلگەننىڭ ئانىسى يىغلىماس»، «باتۇر ياۋىسىز بولماس»، «باتۇر ئۆيدە تۇغۇلۇپ، جەڭدە ئۆلەر» قاتارلىقلار.

[align=justify]

يەنە بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە «باتۇر، قەھرىمان» قاتارلىق ئىسىملارنى قويىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ كىتىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. مانا مۇشۇ قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاش ئىددىيسى «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئېتىقاد شەكلىدە ئۇلۇغلىنىپ جانلىق ئىپادىلەنگەن. «دىۋان»دىكى قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئىددىيسىنى باتۇرلارغا

چوقۇنۇش، ئارسلانغا چوقۇنۇش، ئاتقا چوقۇنۇش نۇقۇتسى بويىچە ئۈچ نۇقتىدىن شەرھلەشكە بولىدۇ. بىز ئالدى بىلەن باتۇرلارغا چوقۇنۇش نۇقتىسىنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

[align=justify]شامانىزىم تەتقاتچىلىرى باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشنى شامانىزىمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى كۆرستىش بىلەن بىرگە شامانىزىمنى باتۇرلۇق روھنى تەرغىپ قىلغۇچى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىز مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىتىيدە ئۈزۈلمەي ئىپادىلىنىپ كىلىنىۋاتقان شامانىزىملىق قاراشلارنىڭ ئەينى دەۋرىدىكى ئىپادىلىرىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز. شامانىزىم تەتقىقاتچىلىرى ئۆز تەتقىقەت نۇقتىلىرى بويىچە شامانىزىمنىڭ ئانىمىزلىق قاراشنى يادرو قىلغان ئاساستا تەرەققي قىلغانلىقنى قەيت قىلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ئانىمىزىملىق قاراش بارلىق شەيئىلەردە روھ، جان ماھىيەتتە ئىلاھىي كۈچ قۇۋەت بولىدۇ، دېگەن ساددا غايىۋانە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىددىيكىدىكى ئىپادىسى. ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار ئۆزىنى ئىدارە قىلىپ، تۇرغان، ئۆزىگە نىسپەتەن ئالاھىدە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارىغانلىقى ھەرقانداق نەرسىلەردە ئىلاھىي كۈچ، روھ بار دەپ قارىغان. مانا شۇ روھقا چوقۇنغان ۋە ئالاھىدە ھۆرمەت، ئەيمىنىش ھىسياتى بويىچە مۇئامىلە قىلغان. بۇ خىل قاراشلار دەۋرىلەرنىڭ ئۆتىشى، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى چۈشەنچىلەرگە يۆگىشىپ، بىپىپ شۇ خەلقلەرنىڭ بولۇپمۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆزگىچە تەتقىقاتلىرى ئاسىسىدا يەكۈنلەنگەن ئىپوس بەلۇغىدا ياشىغان مىللەتلەردە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش شەكلىدە گەۋدىلەنگەن. يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى ئېپوسچىلىق بەلبېغىدۇر. ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۇچرىشىش ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۈرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە دەۋرەپ تۇرغان رايونلار ئېپوسچىلىق ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ سەزگۈر ۋە قىزىق نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېپوسلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت بەلبېغى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. »[3]دەپ قارالغان مۇشۇ رايۇندا ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزنىڭ يۇقۇردا تىلغا ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۆرنەكلەرلدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماستىن بۇندىن 1000 يىل ئىلگىرى يېزىلغان، ئۆز دەۋرىدىن نەچچە ئەسىردىن بىرى خەلق قەلبىدە يالقۇنجاپ تۇرغان قەھرىمانغا چوقۇنۇش، قەھرىماندىن سۆيۈنۈش پىسخىكىسى «دىۋان»دا ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىپ ئەرتوڭاغا بولغان ھۆرمەت، ئۇنىڭ ئۆلىمگە بولغان ئېچىنىش ھىسياتىدا روشەن ئىپادىلەنگەن.

[align=justify]ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟

[align=justify]

يامان دۇنيا قالدىمۇ؟

[align=justify]پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟

[align=justify]ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.]

[align=justify]خاقان ئافراسياپ ئۆلدىمۇ؟ بۇۋا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟ پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟ ئەمدى ئۇنىڭ ئۆچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ، يۈرەكلەر پارە-پارە بولماقتا.

[align=justify][زامان پۈتۈنلەي ئايندى،

[align=justify]پەزىلەت تامامەن سىيرەكلەشتى،

[align=justify]

بولۇمسىز-ياۋۇز(كىشىلەر) تەرپىدى،

[align=justify]

پەزىلەت بېگى يوقىلىپ.] زامان زەئىپلەندى، پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق، يامان ئادەملەر باش كۆتەردى، پەزىلەت بېگى يەنى خاقان ئافراسياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

[align=justify][ئەرلەر بۆرىدەك ھۇلىشىپ،

[align=justify]ياقا يىرتىپ ۋاقىرىشىپ،

[align=justify]

ئۇننىڭ بىرىچە چېقىراپ، پەريات چېكىپ،

[align=justify]

ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلەر.] ئادەملەر ئافراسياپنىڭ ئۆلىمگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك ھۇلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈنسەپ پەريات چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ، كۆزلىرى كۆرمەس
بولۇپ كەتتى.

[align=justify]

[بەگلەر ئېتنى ھارغۇزدى،

[align=justify]

قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،

[align=justify]

مەڭزى، يۈزى سارغايدى،

[align=justify]

خۇددى زەپىرەڭ سۈرتۈلگەندەك بولدى.] ئافراسياپنىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ شۇنداق دېيىلدۇ: بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ كېلىشتى، ئۇلارنى قايغۇ باستى، يۈزلىرى زەپىرەڭدەك سارغايدى.④

[align=justify]

[زامان پۈتۈنلەي ئاينىدى، ئۇسال (كىشلەر)تەۋرىدى، پەزىلەت تامامەن سىيرەكلەشتى، دۇنيا بېگى يوقىلىپ.] زامان ئاجىزلىدى، ئۇسال، ئەسكى ئادەملەر كۈچىيىپ قالدى، زامان ئەھلى دۇنيانىڭ بېگى ئافراسياپنىڭ ئۆلىشى بىلەن پەزىلەتلىك كىشلەردىن مەھرۇم بولدى. ⑤

[align=justify]

قەھرىمان دەۋرنى ياراتقۇچى، دەۋرنىڭ بۇرلۇش نۇقتىسىدىكى بايراقدار. قايسى بىر ئىجتىمائىي بۇرلۇش ئىچىدىكى دەۋرگە نەزەر سالمايلى ھەممىسىدە بەلگىلىك قەھرىمانلارنىڭ رول ئوينىغانلىقىنى، ئۇلارسىز بۇ ئۆزگۈرۈشنىڭ روياپقا چىقمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. يۇقۇرقى مىساللاردىن كۆرنۈپ تۇرغىنىدەك ۋە مەخسۇس ئالىپ ئەرتوڭا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان

تەتقىقاتچىلارنىڭ دەلىللىشىدە نامايەن بولغىنىدەك پارىسلار ئافراسىياپ دېگەن كىشىنىڭ تۈركلەر يەنى ئۇيغۇر ئالىپ ئەرتوڭا دىگەن كىشىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى شەكىللەندىكى زور كۆچۈشلىرى، ھەمدە مىللەتلەر ئوتتۇرسىدىكى توقۇنۇشلىرىدا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازانغان، خەلق قەلبىدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغان قەھرىمان. شۇنداقلا ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ قەلبىدىكى دەۋرنىڭ ئىلگىرلەش رولىنى ئۆز قولىدا تۇتقان ئەڭ پەزىلەتلىك، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ باتۇر شەخس. ئۇنىڭ ئۆلمى زامانىدىكى شۇ خىل روھنىڭ يوقۇلىشى، شۇ خىل روھدىكى كىشىلەرنىڭ ئازىيىشى، زامانىنىڭ بۇزۇلىشى، مىللەت ياكى قەۋمىنىڭ بىشىدىكى بەخت قوشۇنىڭ تىزىپ كىتىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇنداق ئىغىر پاجىئە بارلىق ئادەملەرنى قايغۇرۇتقان، يىغلاتقان. بۇ پارچىلاردا باتۇر قەھرىمانلاردىن ئايرىلىپ قىلىش قايغۇسى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە شۇ خىل باتۇر قەھرىمانلىقنى سىغىنىش، ئىنتىلىش ھىسياتىمى ئۆز ئارا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋرىدە باتۇر قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، ئۇلارنى ئۇلۇغلاش جەھەتتە ئوبىكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ باتۇرلىرىنى مەدھىيلەپلا قالماستىن قارشى تەرەپنىڭ باتۇرلىرىغىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت ھىسياتىدا بولغان. ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى ئۈستىدىن غالىپ كىلىشنى زور باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ھىساپلىغان. بۇ نۇقتىلارمۇ «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى جانلىق ئىپادىلىگەن.

[align=justify]

[بۇزراچ يەنە قۇترىدى،

[align=justify]
باتۇرلىرنى تاللدى،

[align=justify]قوشۇننى يەنە قايرىدى،

[align=justify]كەلمەك بولۇپ توپلىنۋاتىدۇ.]

[align=justify]ياباقۇ قەبىلسىنىڭ بېگى بۇزراچ يەنە ئەسكەرلىرى بىلەن قايتتى، باتۇرلىرنى تاللدى، كېلىش ئۈچۈن توپلاندى.

[align=justify]باتۇر ئەرلەر (بىر-بىرىنى جەڭگە) قىچقىرىشتى،

[align=justify]
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،

[align=justify]ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،

[align=justify]قىلىچ قىنغا تەستە سىغدى.]

[align=justify]([ئەرلەر ئېرىغ ھۇرپىيىشەر،

[align=justify]
ئۆچ-كەكلىرىنى ئېلىشار،

[align=justify]ساقال تۇتۇپ تارتىشار،

[align=justify](ئۇلارنىڭ)كۆكسىدە ئوت ياناماقتا]

[align=justify]باتۇرلار بىر- بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ، ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى، ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆكسى غەزەپ ئوتىغا تولغاچقا، بىر-بىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.

[align=justify]باتۇرلار (بىر-بىرىنى)شىددەت بىلەن يوقىتىشار،

[align=justify]
كۈچ(نى) بىر قىلىپ(بىر-بىرىگ) يار-يۆلەك بولۇشۇر،

[align=justify]بىر-بىرىنى ئالقىشلىشار،

[align=justify]پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار.] جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلدۇ: باتۇرلار بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، كۈچنى توپلاپ ئۆز كىشلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر-بىرىنى

ئالقىشلاشتى، ئۆلۈمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى.

[align=justify]ئالپلار ئۆتلەشدى باتۇرلار ئۇرۇشتى، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى.

[align=justify]((باتۇر ئەرلەر(بىر-بىرىنى جەڭگە)چاقىرىشتى،

[align=justify]

قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،

[align=justify]

ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،

[align=justify]

قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.] بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلار بىر-بىرىنى چاقىرىشتى، غەزەپلىك كۆزلەر بىلەن قاراشتى، ھەممە قوراللارنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلدى، نۇرغۇن قان ئۇيۇپ قالغانلىقتىن، قىلىچلار قىنىغا ئاران سىغدى.

[align=justify]((باتۇر ئەرلىرىنى ئايرىدىم،

[align=justify]

ئۇنىڭ بويىنىنى قايرىدىم،

[align=justify]

ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئالدىم،

[align=justify]

قوشۇنى كۆپ كىم ئۆتەلەيدۇ؟] بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: دۈشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىدىم، غەزىنىسىدىكى ئالتۇن-كۈمۈشلىرىنى ئالدىم، دۈشمەن ئەسكىرى كىشى ئۆتەلمەستەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

[align=justify]

[تالاي باشلار دومۇلدى،

[align=justify]

يېغا ئاندىن يۇۋاشلاندى،

[align=justify]

كۈچى ئۇنىڭ ئاجىزلاشتى،

[align=justify]

قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.] بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلارنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۈچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۇزىگە قاتقان قاننىڭ كۆپلۈكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.

[align=justify][ئوغراق ئەرلىرى باتۇر،

[align=justify]ئۆلارنىڭ يەيدىغىنى ئوغلاق،

[align=justify]

سۈتى ئۈستىدە قاچىلىرى تەييار

[align=justify]، يېرى بولسا قاقاسلىق.] ئوغراق قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى مەرت ۋە باتۇر كېلىدۇ، ئوغلاق گۆشى يەيدۇ، قىمىز تۇلۇمىنىڭ يېنىدا چىنە-ئاياقلىرى دائىم تەييار تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ يېرى ئۇنۇمسىزدۇر. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ مەرتلىكى ۋە باتۇرلۇقى ماختالغان. ⑥

[align=justify][يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى،

[align=justify]

قارلىق تاغلارنى توزان قاپلىدى،

[align=justify]
ئالپ ئايا شۇڭا قاچتى،

[align=justify]
يېڭىلگەنلىكتىن يوشۇرۇندى.] يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ-توزان ئۇپۇقنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالپ ئايا دېگەن كىشى قاچتى، ئۇ يېڭىلگەچكە ئۈيۈلۈپ يوشۇرۇندى.

[align=justify]مېنىڭ بىلەن كېڭەشتى،

[align=justify]
ئەقلى ماڭا تەڭلەشتى؛

[align=justify]ئەرلەر بىلەن نەيزىلەشتى،

[align=justify]باتۇرلار بېشىنى دومۇلتار.] ئۇ مەن بىلەن مەسلىھەتلەشتى، مېنىڭ ئەقلىم ئۇنىڭ ئەقلى بىلەن تەڭ كەلدى؛ ئۇرۇشتا پالۋانلار بىلەن نەيزىلەشتى، باتۇرلارنىڭ بېشىنى توپقا ئوخشاش دومۇلاتتى. ⑦

[align=justify]يۇقارقى پارچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا قارشى تەرەپلەرنى ئاجىز دەپ قاراش بولماستىن، ئۇلارنىڭ كۈچتۈڭگۈر، باشلامچى ئەزىمەتلىرى باتۇر دەپ مەدىيلەنگەن. ئۆز باتۇرلىرىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىنغان. شۇنداقلا، ئېلىشىشتا مەغلۇپ بولغان ئالىپ ئاياغا ئوخشاش باتۇرلارنىڭ خىجالەتلىكى ئىپادىلەنگەن.

[align=justify]«دىۋان»دا يەنە «ئۇيغۇر»نامىنىڭ شەكىللىنىشى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇقلۇق بىلەن تەڭداش ئىزاھلىغان: «ئۇيغۇر. بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.

[align=justify]ماڭا مۇھەممەت چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز

ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹hużhurand

inan

- بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يىيەلەيدۇ› دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹hużhur

› دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن ‹خ-h

› ھەرىپى ‹ا- ئېلىپ› قا ئالماشقان. مۇنداق بۇغۇز ھەرىپلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ ‹ا- ئېلىپ› نىڭ ‹خ-h

›غا ۋە ‹خ-h

› نىڭ ‹ا- ئېلىپ› قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

[align=justify]مۇشۇ كىتاپنى يازغان مەھمۇت ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ ‹hamir

›دىيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار ‹amir

› دىيەلمەي، ‹hamir

› نى‹خ-h

›غا ئالماشتۇرۇپ ‹hamir

› دەيدۇ. شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز ‹hamir tagin

› دەپ ئاتايدۇ. خۇددى ‹ئۇيغۇر uygur

› سۆزىدە كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە ‹ا- ئېلىق› ھەرىپى‹خ-h

›غا ئالماشقان.

[align=justify]بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەين سالدۇرغان. قوچۇ، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق® باتۇر قەھرىمانلار ھەرگىز باشقىلارغا يىلىنمايدۇ، باشقىلارغا مۇھتاج بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى تولۇق چىققاندىن سىرت ئۆزى تەۋە بولغان قەۋمىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىينچىقىلىقنى يوق قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق كىشىلەرلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، چوقۇنۇش ئوبىكتىغا ئايلىنالايدۇ. زۇلقەرنەين ھەيراتتا قالدۇرۇپ، باتۇرلۇقتا قايىل قىلغان قەۋمىنىڭ «ئۇيغۇر»دەپ ئاتىشلىشى، مۇنازىرىسىزھالدا «ئۇيغۇر» دىگەن ئاتالغۇنىڭ يەنە بىر مەنىسىنىڭ «باتۇر، قەھرىمان ياكى ئالىپ» دىگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ. «دىۋان»دا « ئالپاغۇت يىگىلمەس قەھرىمان، تاغ يۈرەك باتۇر® دىگەن ئىزھاتلارمۇ ئۇچرايدۇ. دىمەك، باتۇرلار ئۇلار يىگىلمەس، ھەم تاغ يۈرەك. بۇنىڭدىكى سىمانتىكىلىك مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن يوشۇرۇن مەنە تاغ ئىتىقادچىلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىمۇ، قەھرىمانلارغا ئالاھىدە ئىتىقاد شەكلىدە قارايدىغانلىقنى كۆرۈپ ئالالايمىز. «دىۋان»دا خاتىرلەنگەن مۇنۇ ماقال-تەمسىل باتۇر قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشىنى يەنىمۇ ئىچچام ئىپادىلەپ بىرەلەيدىغان پاكىت بولالايدۇ.« باتۇرلارنى خور قىلما، يۇگرەك ئاتنى يىغىر.»

[align=justify]«قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزەرىدە يىرتقۇچ ھايۋانلار باتۇرلۇق ۋە تەڭداشسىز كۈچ-قۇدرەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. »

⑩ دەرۋەقە، قەدىمقى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدە ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشدا يىگىش تەس بولغان كۈچلەرمۇ باتۇرلۇقنىڭ تىمسالى بولغان. ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئىتىقاد ئوبىكتى بولغان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك بارلىق ئىلاھلارمۇ ھەممىگە قادىر

باتۇرلار، قەھرىمانلار. دىنىنىڭ تۈنجى پىلتىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلارغا بولغان ئېتىقادىدىن باشلانغانلىقىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقى ئۆزئۆزىدىن مەلۇم. بىزگە مەلەم بولغان ئۇيغۇرلاردىكى بۆرە ئېتىقادچىلىقى، بۇنىڭ جانلىق دەلىلى بولۇپما قالماستىن يولۋاس، شىر، بۈركۈت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭمۇ ئۇلۇغلىنىشى دەل ئۇلارنىڭ ئۆز توپى ئىچىدىكى باتۇرلۇقى، كۈچتۈڭگۈرلىكىدىن مۇستەسنا ھالدا شەكىللەنگەن ئەمەس. بۇ نۇقتىلارمۇ «دىۋان»دىكى تۆۋەندىكى پارچىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

[align=justify]
[كۆرۈپ نېچۈك قاچمىدىڭ،

[align=justify]
يامار سۈيىن كەچمىدىڭ،

[align=justify]تاۋىرىڭنى چاچمىدىڭ،

[align=justify]يىسۈن سېنى يال بۆرە]

[align=justify]يېگىلىپ تۇتقۇن قىلىنغان كىشىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ: مېنى كۆرۈپلا نېمىشقا قاچمىدىڭ؟ نېمىشقا يامار سۈيىنى كەچمىدىڭ؟ نېمىشقا ماللىرىڭنى چېچىۋېتىپ، جېنىڭنى قۇتۇلدۇرمىدىڭ؟ ئەمدى سېنى سىرتلان يىسۇن.

[align=justify]
[ئاخماق ھۇشىنى تاپسۇن،

[align=justify]ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،

[align=justify]توقلا، بۆرە قېتىلسۇن،

[align=justify]قايغۇ يەنە تۈگسۈن.] قىلىچىمىز بىلەن شۇنداق يول ئاچايلىكى، ئۆندەرىگەكلەر ھۇشىنى تاپسۇن، ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن، توقلىلار بىلەن بۆرىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان

**بولسۇن، بىزدىن غەم-قايغۇ كەتسۇن.**

**[align=justify]« لاچىن. بۇ بىرخىل يىرتقۇچ قۇش. باتۇر يىگىتلەرمۇ ‹لاچىن› دېيىلىدۇ.»**

**[align=justify]«بۆلان. قىپچاق ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر خىل يوغان ۋەھشى ھايۋان. كىشىلەر ئۇنى ئوۋلايدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ئىچى كاۋاك، ئاغزى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان بىر مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قار ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدۇ، چىشىسى چۆكسە ئەركىگى، ئەركىگى چۆكسە چىشىسى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ. تەگىن بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ‹قۇل› دېمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، قەھرىمان قۇل ‹ئالىپ تەگىن›، ئايغى ياراشقان قۇل ‹قۇتلۇقغ تەگىن›دىيىلىدۇ. كېيىن بۇ سۆز پەقەت خاقان ئائىلىسىنىڭ بالىلىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان. بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىگىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ ‹قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پوكۇنى ئۇنداق قىلدى› دەيتتى. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى.»(11)**

**[align=justify]«بۆكە، ئەجدەرھا، يالماۋۇز. يەتتە باشلىق يالماۋۇز. ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنى ‹بۆكە بۇدراچ› دەپ ئاتىغىنىدەك، بەزى باتۇرلارنىمۇ بۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.»**

**[align=justify]«توڭا قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان، ئۇ پىلنىڭ كۈشەندىسى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسي مەنىسى مۇشۇ. لېكىن بۇ سۆز تۈركلەردە ئەسلى مەنىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ ئىسىم ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ. مەسلەن: ‹توڭا خان›، ‹توڭا تېگىن› قاتارلىقلار. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ ‹توڭا ئالىپ ئەر› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم›دېمەكتۇر.» (12)**

**[align=justify]تەتقىقاتچىلار «تارىخي خاتىرلەر»، «خەننامە»لەردىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خىلى بۇرۇنلا ئارسلانغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى دەلىللەش ئاساسدا«مىلادىيە X**

ئەسرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسدا ‹ئارىسلان› ئېتىقادچىلىقى بەكلا كۈچىيىپ كەتكەن» (13) دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇرلاردا ئارسلان ئىتىقادچىلىقىمۇ خىلى زور سالماقنى ئىگەنلىگەن. بۇ خىل ئىتىقادمۇ دەل يۇقۇرقى بايانلاردا تەكىتلەپ ئۆتكۈنىمىزدىكىدەك باتۇرلارغا، قەھرىمانلار چوقۇنۇش ھىسياتىنىڭ سىمۋۇللۇق ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

[align=justify][قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،

[align=justify]
ئارسلاندەك ھۆكىرىدىم،

[align=justify]
باتۇرلار بېشىنى توغرىدىم،

[align=justify]ئەمدى مېنى كىم تۇتار.]

[align=justify]غەزىۋىم كېلىپ دۈشمەن ئۈستىگە ئېتىلدىم، ئارسلاندەك ھۆكىرىدىم، باتۇرلارنىڭ كاللىسىنى ئالدىم، ئاندىن كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىغا چىقىپ، «قېنى، ئەمدى مېنى كىم تۇتالايدۇ» دەپ ۋاقىرىدىم. (14)

[align=justify]
[چۆرىدەپ ئېلىپ قورشايلى،

[align=justify]
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،

[align=justify]
ئارسلاندەك ھۆكىرەيلى،

[align=justify]شۇنىڭ بىلەن كۈچى ئاجىزلاشسۇن.] دۈشمەننى چۆرىدەپ قورشايلى، ئاتتىن چۈشۈپ ئارسلاندەك ھۆكىرىگەنچە يۈگرەيلى، شۇنداق قىلىپ، دۈشمەن زەئىپلەشسۇن.

[align=justify]

«ئارسلان ھۆكۈرسە ئات ئايغى كالۋالىشىدۇ.»[15]

[align=justify]ئات ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ياپونىيە ئالىمى جياڭشاڭ بوفۇ:«شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەردە ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىش تېخنىكىسى مەيدانغا كەلمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى. ئاتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈك ئورنى تەخمىنەن ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. پەقەت بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.»[16] دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك ئات تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشچە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈشتە دەۋر بۆلگۈچ رول ئوينىغان. بۇ نۇقتىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولالمىغان بولىسمۇ، لېكىن، ئاتنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى زور مەدەتكارى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەن. بۇ خىل مەدەتكار كۈچ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قەھرىمانلىقنىڭ باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ گەۋدىلەنگەن. بۇ سىمۋوللارنىڭ بىر دەل ئات. ئات شامانىست ئۇيغۇرلاردا تەڭرىگە تىلەكنى ئەڭ تېز يەتكۈزگۈچى ئىلاھى ئەلچى. ئۇنىڭسىز بۇ ئارزۇنى قاندۇرغۇلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدا ئاتسىز جەڭلەردە غەلبە قىلغىلى، ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قىسقىسى ئاتسىز، ھېچنىمىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. «دىۋان»دا بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئىزاھاتلاردىن رۇشەن كۆرۈپ ئالالايمىز: « ئەل، ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۆگ ئەقىل، پەم، زېھىن. ئەقىللىق، زېھىنلىك ۋە ياشتا چوڭ كىشىلەر «ئۆگە»دېيىلىدۇ؛ قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن؛ ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.»[17] شۇنداق بولغاچقا «ئات يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئات قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە تەرەككۈرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولغان ئېپوسچىلىق ئىراسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.»[18] ئۇيغۇرلاردىكى ئات ئېتىقادچىلىقى ھەققىدىكى يېزىلغان ماقالىلەردە كۆرسىتىلگەندەك ئۇيغۇر ئەينى دەۋردە ئاتقا باشقىچە قاراشتىن بەكرەك يۈگرەكلىكى، چەپدەسلىكى، كۈچتۈڭگۈرلىكى، باتۇرلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن سۈپەتلىنىپ ئالاھىدە چوقۇنغان. ھەمدە ئاتقا دائىر ئالاھىدە تىللارنى ئىختىرا قىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك تىل بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسى، شۇنداقلا شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىش شەكلى. تىلدىكى مەدەنىيەت ھادىسىگە نەزەر سالماي تۇرۇپ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇپەسسەل گەۋدىلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىز «دىۋان»دىكى ئاتقا

دائىر تىللاردا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولساقلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى قەھرىمانلىق تىمسالى بويىچە چۈشەنگەنلىكىنى يەنىمۇ ئىچكىرلىگەن ئاساستا مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز:

[align=justify]

[توقۇنۇش ئىچىدە ئۆرۈشتۈم،

[align=justify]

ئۇلۇغ بىلەن قېرىشتىم،

[align=justify]

قاشقا ئات بىلەن چېپىشتىم،

[align=justify]

ئۇتار! ئەمدى ئال، دىدىم.] جەڭدە ئەلنىڭ چوڭى بىلەن ئۆرۈشتۈم، قاشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە كىردىم؛ «ئەي ئۇتار! بۇنى ئال»دەپ ئوق ئاتتىم. ئۇتار- بىر ئادەمنىڭ ئىسمى.

[align=justify]

[قىقراپ ئاتنى سالايلى،

[align=justify]

قالقان-نەيزە ئۇرايلى،

[align=justify]قاپىناپ يەنە يۇمشايلى،

[align=justify]

قاتتىق يىغا بوشسۇن.] دۈشمەننىڭ ئۈستىگە سۈرەن-شاۋقۇن بىلەن ئات سېلىپ، باستۇرۇپ بارىمىز، قالقان تۇتۇپ، نەيزە بىلەن زەربە بېرىپ، قاتتىق ئېلىشىمىز، كېيىن دۈشمەن يارىششىنى سورىسا، ئاندىن توختايمىز. شۇنداق قىلساق قاتتىق دۈشمەن بوشايدۇ.

[align=justify]«تاي ئات بولسا، ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا، ئاتا تىنۇر؛ مۇنچاق. زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار. مونچۇق ئاتنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاش، ئارسلان تىرنىغى ياكى تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر.» (19)

[align=justify]

[قەيسەرلىنىپ ئېتىلدى،

[align=justify]

يىگىت، ئاتلىرىنى چاپتۇردى،

[align=justify]

بىزنى تامام ھاڭ-تاڭ قالدۇردى،

[align=justify]

ئۇنداق قوشۇنغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ.] جەڭدە ھۇجۇم قىلغان بىر ئادەم شۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: ئۇ باتۇرلۇغىنى كۆرسەتتى، ئاتلىق ۋە پىيادە ئادەملىرىنى بىزگە قارىتىپ چاپتۇردى، ماھارىتى بىلەن بىزنى ھەيران قالدۇردى، بۇنداق قوشۇنغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ؟ (20)

[align=justify]يۇقارقى پارچىلاردا ئىپادىلەنگەندەك ئات ئەر يەنى باتۇرنىڭ قانىتى، ئاتسىز، ئاتنىڭ ياردىمىسىز باتۇر ئۆز باتۇرلۇقىنى تولۇق نامايەن قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئاتنى ئۇلۇغلاپ ئاتقا مۇنچاق ئاسقان، يامان روھلاردىن قوغدىغان.

[align=justify]«دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئىددىيلىرىدىن شۇنى خۇلاسىلاشقا بولىدىكى،

قەھرىمان چوقۇم ئۇ ئالدى بىلەن باتۇر، پالۋان، پەم-پاراسەتلىك، دانىشمەن، پەزىلەتلىك، يۈرەكلىك، قەيسەر، ئۆز قەۋمى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان «جەڭدە سەپلەرنى يارغۇچى قىران كىشى». «دىۋان»دا «قەيسەر، كەسكىن. خاقانىيە خانلىرىنى‹قادىرخان› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن.»(21) دەپ كۆتسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇنداق شەخسنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىر مىللەت ياكى قەۋمىنىڭ روناق تېپىشى ياكى زاۋاللاقا يۈزلىنىشى بىلەن زىچ

مۇناسىۋەتلىك. قەھرىمان يوق خەلق باش پاناھى يوق ئازابلىق خەلق. ئۇيىشۇش كۈچى، ئىنسانى پەزىلىدىن مەھرۇم قالغان خەلق. بۇنداق خەلقنىڭ كەلگۈسى مۇقەررەر يۇسۇندا ئىستىقبال بولستانىدىن چەتنىگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئېسىل روھ. بىز مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئېسىل روھلىرىمىزنى قىدىرىپ چىقىپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە، بۈگۈنكى چۈشكۈن، بىچارە، يىغلاڭغۇ ھالىتىمىزگە خاتىمە بېرىشتە ئۈلگە سۈپىتىدە قوللىنىشقا ئەرزىيدۇ. ليۇيىتاڭ:«ئۇيغۇرلار (شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى)خاراكتېر جەھەتتىن ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەتلەرنىڭ جاسارىتىگە ئىگە ئىدى.»(22)دېگەنىدەك جاسارەتنى قايتىدىن تىكلەپ، ئىجتىمائىي بۇرلۇشقا دادىل يۈزلىنىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرلەشتە، «دىۋان»نىڭ مەنە قاتلىمى ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ قىزىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئېسىل مەنىۋى روھلارنىڭ ئەھمىيتى ناھايىتى زور، خالاس.

# 17- مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»




«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي تەخمىنەن 1005 – يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ كونىشەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىكى مەھمۇد يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئوغلى بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان تەختكە چىققاندىن كېيىن

دادىسى ئورددىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتىگەن.
مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئانىسى بۇۋى رابىيە قاراخانىيلار خانىدانلىقىدىكى يۇقىرى قاتلامدىن كېلىپ چىققان خوجا سەييىدىنىڭ قىزى ئىكەن. ئەقىللىق ، چىچەن، چەبدەس، مۇزىكىنى سۆيىدىغان ، ئەخلاق – پەزىلەتلىك بۇۋى رابىيە ئېرىنىڭ قابىل ياردەمچىسى بولۇپ، بۇۋى رابىيە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر شۇ چاغدا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئوپالدا ساۋاتىنى چىقارغان؛ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك بىلىمنى قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئالغان؛ ئەرەبچە ، پارسچىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن سىرت، ئىسلام تارىخى ، ئىسلام پەلسەپىسى ، تىلشۇناسلىق ، لوگىكا ، جۇغراپىيە ، ئاسترونومىيە قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆگەنگەن ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خان جەمەتى پەرزەنتلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ، جانبازلىق قاتارلىق جەڭ ماھارەتلىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن.
خانىدانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دادىسى ھۆسەيىنگە نۇرغۇن بالايى – ئاپەتلەر كەلتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلارغا بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئېلىشقا مەجبۇر بولغان. بىلىم ئىگىلەش جەريانىدا تىل تەتقىقاتى ئۇنىڭ ئۆمۈرۋايەتلىك كەسپى ۋە ئىزدىنىشىگە ئايلانغان. كېيىن ياش مەھمۇد كاشغەردە تۈركىي تىللارنىڭ گرامماتىكىسىنى ئىزاھلايدىغان مەخسۇس ئەسەر يېزىش ئارزۇسى پەيدا بولغان ھەمدە دوستلىرى ۋە ئۇستازلىرىنىڭ قىزغىن ئىلھام بېرىشى – مەددىتىگە ئېرىشكەن. ئۇ ، كېچىنى – كۈندۈزگە ئۇلاپ ، جاپالىق ئۆگىنىپ، ھارماي تالماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق دۇنيادىكى تۇنجى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىپ چىققان.
ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىي شۇ چاغدىكى شەھەر – بازار، يېزا – قىشلاقلارنى ئارىلاپ چىقىپ، تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ماتېرىيال توپلىغان. 15 يىللىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن ، ئۇ باغداد سەپىرىنى باشلىغان ، باغداتا داڭلىق تىلشۇناس ، ئالىملار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلاردىن تەلىم ئالغان؛ تەپەككۇر قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىلىمىنى مىسلىسىز يۇقىرى دەرىجىگە ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەن.
– 1072يىلى 2 – ئاينىڭ 25 – كۈنى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ شانلىق ئىشلىرىنى باشلىغان. تۆت قېتىم تەكرار تۈزىتىش ، تولۇقلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق 1077 – يىلى 1 – ئاينىڭ 9 – كۈنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك ئەسەرنى دۇنياغا كەلتۈرگەن.




»تۈركىي تىللار دىۋانى ئەسلى نۇسخىسى«

تىلشۇناسلىقتىكى بۇ بۈيۈك ئەسەر ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللانىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشىپلا قالماستىن ، يەنە شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا بىرقەدەر كەڭ تەسىر پەيدا قىلغان.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆمرىنىڭ ئاخرقى مەزگىللىرىدە يەنە يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ ، ئوپالدا تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر مۇدەررىسلىك قىلغان. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسى قەشقەردە « ھەزرىتى موللام قەبرىسى » دەپ ئاتالغان. بۈگۈنكى كۈندە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھى دۆلەت ئىچى – سىرتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ، ئالىملارنىڭ تەتقىقات بازىسىغا ، شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى داڭلىق سەيلەگاھقا ئايلاندى.

كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي ئوغۇز ، قىپچاق، ئارغۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ يەرلىك شېۋىلىرىنى ئاددىي ھالدا تىل ماتېرىيالى قىلىپ، ئۇنى خاتىرىلەپ، رەتلەپلا قالماستىن ، بەلكى فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ۋە فونېما ئەھۋالىغا ئاساسەن تۈرمۇشنى مەنبە قىلىپ، تۈرمۇشتىن يۇقىرى تۇرىدىغان يېڭىلىق يارىتىش سۈپىتىدە ئەرەب تىلى ، پارس تىلى قاتارلىق سىرتتىن كىرگەن تىللارنىمۇ ئىجابىي يوسۇندا رەتلەپ چىقىپ، ئۇنىڭغا كىرگۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن گراماتىكىنىڭ قېلىپلىشىشى ، تەرەققىياتى ۋە يېڭىلىق يارىتىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلغان. بۇ خىل ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. ئۇ ، مۇنداق دېگەن: « مەن بۇرۇنقىلار قوللىنىپ باقمىغان يېپيېڭى تەرتىپ بويىچە بۇ ئەسەرنى تۈزۈپ چىقتىم. مەن تىل ، نەزمە، ماقال – تەمسىل ، شېئىر – قوشاق ، بېيىت ، باللادا ۋە نەسىردىن ئارىيە ئېلىش ئارقىلىق ، بۇ كىتابنى سۈپەتلىدىم ھەمدە مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ چىقتىم. ئوقۇرمەنلەر ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان سۆزلەرنى تېپىشىغا قۇلايلىق يارىتىش ئۈچۈن، بىرقانچە يىللىق جاپالىق ئىشلەشنى باشتىن كەچۈرۈپ ، سۆزلەرنى ئۆز جايىدا قويۇپ ، مۇجمەل بولغانلىرىنى ئېنىقلاپ، تۈگۈنلەرنى يېشىپ چىقتىم.»

«تۈركىي تىللار دىۋانى » ئىدىيە ئالماشتۇرۇشنىڭ قورال كىتابى بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىللارنى ئۆگىنىشىدىكى قۇلايلىق ئۇسۇل ، يولىنى تېپىپ چىقىپلا قالماستىن ، بەلكى ئاممىباب تىللار ئارقىلىق قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ، مەنىۋى تۇرمۇشى ، بولۇپمۇ ئىلىم – پەن ، سەنئەت ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرى ، پەلسەپىۋى – ئەخلاق قاراشلىرى ، ئۆرپ – ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ، ھەم بىر مورفولوگىيە ئىلمى كىتابى ، ھەم شۇ چاغدىكى جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش ھەققىدىكى قامۇس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## ››تۈركىي تىللار دىۋانى ›› نىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى:




1

›› .1تۈركىي تىللار دىۋانى ›› ئالدى بىلەن بىر مۇكەممەل قامۇسى لۇغەت بولۇش سۈپىتى بىلەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەم ( سۆز ۋە ئىبارە ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەھمۇد كاشغەرىي بۇ سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ، ئىشلىتىلىشىنى جانلىق مىساللار بىلەن چۈشەندۈرگەن ، شۇنداقلا 11 – ئەسىردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ، ھەرقايسى شېۋىلەرنىڭ پەرقلىرىنى كۆرسىتىپ ، گرامماتىكىلىق ، فونېتىكىلىق قائىدىلەرنى ئىزاھلىغان.

›› .2تۈركىي تىللار دىۋانى ›› دا تۈركىي ( تىللىق ) قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. تۈركىي ( تىللىق ) خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقە مۇمكىنقەدەر ئەينەن يېزىپ قالدۇرۇلغان. مەھمۇد كاشغەرىي بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب ، پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىگە ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى تارىخ كىتابلاردا قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ. بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بېرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازغانلار ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى

توغرىسىدىكى مەلۇماتنى پەقەت كىتابلاردىنلا ئالماي ، خەلق ئارىسىدىكى جانلىق پاكىتلار ۋە رىۋايەتلەر ئاساسىدا يارىتىپ بەرگەن بىردىنبىر قەلەم ساھىبىدۇر.

›› .3تۈركىي تىللار دىۋانى ››دا تۈركىي ( تىللىق ) قەبىلىلەر ياشىغان جايلار ، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ شۇ زاماندىكى تېررىتورىيىسى ، شۇنىڭدەك تۈركىي ( تىللىق ) قەبىلىلەر بىلەن قوشنا ئەللەرگە دائىر جۇغراپىيىۋى ناملارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن ، ھەتتا بۇ ناملار پەقەت ئادەتتىكى ناملار سۈپىتىدىلا ئەمەس ، بەزىلىرى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە بىرلەشتۈرۈپ تونۇشتۇرۇلغان. مەھمۇد كاشغەرىي شۇ زامانلاردا تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى بىر – بىرلەپ ئاتاپ كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ خاقانىيە ئۆلكىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا ئەمەس ، مۇھىم يېزىلارنى ، قاتناش تۈگۈنلىرىنى ، تاغ – دەريالىرىنى تولۇق يازغان. تۈركىي ( تىللىق ) خەلقلەر جايلاشقان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇملاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە ، قىياسەن خەرىتىسى قىلىپ سىزىپ بەرگەن.

›› .4تۈركىي تىللار دىۋانى ›› دا نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن ، ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. مەلۇم نۇقتىدىن قارىغاندا، ئالىمنىڭ بۇ ئەدەبىي پارچىلارنىڭ يوقلىپ، ئۇنتۇلۇپ كەتمەي كېيىنكى ئەۋلادلارغا قەدەر يېتىپ بېرىشىنىمۇ ئۈمىد قىلغانلىقى ئېنىق. بۇ قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلار تەخمىنەن 20 پارچىغا يېقىن رىۋايەت ، تەكرارلانغان 6 پارچىسىنى چىقىرىۋەتكەندە 237 پارچە شېئىر، قوشاق ، تەكرارلانغان قىسمىنى چىقىرىۋەتكەندە 279 پارچە ماقال – تەمسىل ، 2 پارچە ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ، ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىيات – سەنئەتنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

›› .5تۈركىي تىللار دىۋانى ›› دا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا ئائىت بايانلار بېرىلگەن. بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي ( تىللىق ) خەلقلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ماددىي مەدەنىيىتىنى بىلىپ يېتىمىز. مەسىلەن، ‹‹ تۈركىي تىللار دىۋانى ›› دا يېزا ئىگىلىكىگە ، چارۋىچىلىق ۋە مال دوختۇرلۇقىغا ئائىت ئاتالغۇلار ، ھەر خىل ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ ناملىرى ، خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت سۆزلەملەر ، ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە كىيىنىش ئادىتىگە دائىر قىممەتلىك مەلۇماتلار ، تېبابەتچىلىك ئاتالمىلىرى بېرىلگەن بولۇپ ، ئەينى زاماندىكى جەمئىيەت ، سىياسەت ۋە ماددىي تۇرمۇش شەكلىنى تەتقىق قىلىشقا چوڭ ياردەم بېرەلەيدۇ.

›› .6تۈركىي تىللار دىۋانى ›› غا يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىلىرىگە دائىر سۆز – ئاتالغۇلار ، يەنە ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى ، ھۆكۈمرانلار تەبىقىلىرى ، ئۇنۋانلىرى ، ھەربىي تۈزۈم ، جەڭ تاكتىكىلىرى توغرىسىدىكى سۆز – ئاتالغۇلارمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، زور تارىخىي ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

›› .7تۈركىي تىللار دىۋانى ›› دىكى يەنە بىر مۇھىم مەزمۇن كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلاردۇر. بۈيۈك قامۇس ‹‹ تۈركىي تىللار دىۋانى ›› مەزمۇن جەھەتتىن ئومۇمەن تولىمۇ كۆپ قىرلىق ، ئۇنىۋېرسال ، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىلىم ، مەزمۇنلارنىڭ تىرەن ۋە كەڭلىكىدىن ئېيتقاندا ئاللىقاچان ‹‹ لۇغەت ›› سۆزىنىڭ ھازىرقى مەنىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ تۈركىي ( تىللىق ) خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك قامۇسى ، دۇنيا تىلشۇناسلىقىدىكى مەڭگۈ ئۆلمەس ئۇلۇغ ئەسەر ، بۈيۈك ئابىدە ھېسابلىنىدۇ.

»)قەشقەر» ژۇرنىلى ، 2005 . 5 – سان)

**››تۈركىي تىللار دىۋانى ››نىڭ يوقىلىپ كېتىشى ۋە قايتا تېپىلىشى**




مىلادىيە 1074-يىل 2-ئايدا، مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەرەب ئاباس خانىدانلىقىدىكى خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاغا تەقدىم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ لۇغەت خان ئوردىسىدا ساقلانغان. ئۇرۇش سەۋەبىدىن، خان ئوردىسى كۆيدۈرۈلۈپ خارابىلىققا

ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، بۇنىڭ بىلەن لۇغەت ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن .

12- ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى، باغدات كوچىسىدا چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر ئايال پەيدا بولىغان، ئۇ ئايال دۆمبىسىگە بىر بوغچۇما ئارتىۋالغان بولۇپ، ئۈدۈل خان ئوردىسىغا قاراپ ماڭغان. خەلىپە ئوبۇلقاسىم ئابدۇللانىڭ ئەۋلادى بولىغان بۇ ئايال بوغچۇمىنى ئېچىپ، پادىشاھقا «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تەقدىم قىلغان. پادىشاھ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئادەم تەشكىللەپ، لۇغەتنى نەچچە ئون نۇسخا كۆچۈرتكۈزگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەھلى سەلىپنىڭ 2-قېتىملىق شەرققە يۈرۈش قىلىشىدا، ئۇرۇش ئوتى ئەرەب زېمىنىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنە بىر قېتىم يوقىلىپ كەتكەن. كىشىلەر پەقەت بەزى ئەسەرلەردىنلا مۇشۇنداق بىر لۇغەتنىڭ بارلىقىنى بىلگەن .

1- دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە. تۈركىيىلىك كىتاب ساقلىغۇچى ئاقسۆڭەك ئەلى ئەمىرىنىڭ كىتاب ئامبىرىنى زەمبىرەك ئوقى پارتلىتىپ، ئېچىپ قويغان، كىشىلەر بۇ يەردە چۈشىنىكسىز بىر كىتابنى بايقىغان، مۇئەللىم رىفئەت ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچى بۇ كىتابنى ئۆيىگە ئاپىرىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ ئىستانبۇل شەھىرىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مىللەتلەر تىلى خاتىرىلەنگەن بۇ بۈيۈك ئەسەر، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان، لېكىن بۇ لۇغەتنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغانلار ئانچە كۆپ بولمىغان .

بېسىم ئاتالاي ئىسىملىك تۈركىيىلىك بىر تىلشۇناس 21 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىش ئارقىلىق «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەرەبچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىپ، 1957-يىل ئەنقەرە شەھىرىدە نەشر قىلدۇرغان. كەيىندىنلا. سوۋېت ئىتتىپاقى تىلشۇناسى سالىھ مۇتەللىپوۋ تۈرك يېزىقىدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلىپ، 1960-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلدۇرغان.

دۆلىتىمىز تىلشۇناسلىرى ئەرەب يېزىقىدىكى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى، 1981-يىلدىن باشلاپ ئۇنىڭ ئۈچ تومى ئۈرۈمچىدە كەينى-كەينىدىن نەشر قىلىندى.




ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەريي تەرىپىدىن سىزىلغان دۇنيا خەرىتىسى

Misranim.com



قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى




**تۈركىي تىللار دىۋانى كومپيۇتىر لوغىتىنى بۇيەردىن چۈشۈرۈڭ:**

http://www.birhon.com/?p=266

مەنبە : رەسملەر بۇرۇن ساقلىۋالغانلىرىم قالغىنى ئىزدەپ توپلاندى•

# 18- «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى قىلىچقا ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە

ئاپتور: ئابدۇقەييۇم مىجىت

قىسقىچە مەزمۇنى :بۇ ماقالىدە » تۈركىي تىللار دىۋانى « دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋىي جەڭ قۇرالى بولغان قىلىچقا ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر : ئۇيغۇر قىلىچ جەڭ

ئىنسانلارنىڭ تۆمۈردىن پايدىلىنىشنى بىلىشى —— ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئىگىلىك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە غايەت زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ تۆمۈردىن جەڭ قۇراللىرىنى ياساپ تەبىئەتتىكى يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلار ۋە باشقا قەبىلە ـ قەۋملەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇپ ئۆزىنى قوغداش ياكى ھۇجۇم قىلىپ ئۆزىدە يوق بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى ماددىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ مەلۇم قۇراللارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە پايدىسىز مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، مەلۇم قۇرالنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ قوغدىنىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەقلى ئىزدەنگەنلىكىنىڭ بىر روشەن ئىپادىسى .ھەربىي ئىلمىدە قۇرال ـ ياراغلارنى سوغۇق قۇراللار، ئوت قۇراللار ۋە زامانىۋىي قۇراللار دەپ ئۈچكە بۆلىدۇ . قىلىچ بولسا ئىنسانلار جەمئىيىتىدە ئەمگەك قۇراللىرى بىلەن جەڭ قۇراللىرى ئايرىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان سوغۇق قۇراللار تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئوت قۇراللار پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن قىلىچنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقى بىزگە نامەلۇم ئەمەس. قىلىچ —— يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلغاندا ھۇجۇم قىلىش ياكى قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چاپقۇچى ۋە سانچىغۇچى قۇراللارنىڭ بىرى بولۇپ، قوشۇن ئىشلەتكەن قىلىچنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭلەردە ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ رول

ئوينايتتى .قىلىچ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىدە ۋە ئۇرۇش ـ جەڭلىرىدە ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن، شۇنداقلا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان جەڭ قۇرالىدۇر » .ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تاغلىرى ئەتراپلىرىدا ياشىغان مەزگىللەردىن باشلاپلا رودا تاشلاردىن تۆمۈر ئېرىتىپ ئۇنى تاۋلاپ قىلىچلارنى ياساپ جەڭدە ئىشلەتكەن .بۇ ئەنئەنە ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئىزچىل داۋاملاشقان ①«.ئارخىئولوگىيلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان جايلاردىكى شەھەر خارابىلىرىدىن چىققان قۇرال تۈرلىرى ئاساسەن يېقىن ئارىلىقتا جەڭ قىلىش قۇراللىرى بولۇپ، »قەلئەلەرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى يېقىن ئارىلىقتىن ھۇجۇم قىلىش قۇراللىرى، يەنى قىلىچ، نەيزە ۋە خەنجەرلەر بىلەن قۇراللانغان.»② چۆچەك ۋە جەڭنامىلەردە بىر يالماۋۇزنى ياكى دىۋىنى يېڭىپ ئۆزى دۇچ كەلگەن مۇشكۈلاتنى ئاسانلاشتۇرۇش شۇ قەھرىماننىڭ جاسارىتى ۋە قورقۇمسىزلىقىغا باغلىق بولغاندىن سىرت، ئۇنىڭ مىسران قىلىچىنىڭ خاسىيەتلىك ئىكەنلىكىگىمۇ باغلىق ئىدى . باتۇرلار قولىغا مىسران قىلىچنى ئېلىپ نەرە تارتقان پەيتلەر تالاي جەڭنامىلەرنىڭ كولمىناتسىيىسى بولاتتى .ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدا تەسۋىرلەنگەن ھېچبىر قەھرىمان قىلىچسىز تەسۋىرلەنگىنى يوق. مەسىلەن، ئوغۇز خاقاننىڭ قىئاتنى ئۆلتۈرۈشىدە، چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ مەختۇمسۇلانى قىينىغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ باشلىرىنى چېپىپ تاشلىشىدا ئۇلارنىڭ قىلىچى ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق جەڭ قۇرالى بولغان. بىز « چىن تۆمۈر باتۇر « داستانىدا:

چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ ؟

ئارغىماق ئىتى ئېغىلدا بارمۇ ؟

مىسران قىلىچى قۇزۇقتا بارمۇ ؟

ئالغۇر بۈركۈتى ئورنىدا بارمۇ؟③

دېگەن بېيتلارنى ئۇچرىتىمىز. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قىلىچ ئاساسىي جەڭ قۇرالى بولغانلىقتىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ قىلىچىنى ياتسا بىشىدا، ئولتۇرسا يېنىدا قويۇپ ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن .يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىكى ئىككى بۈيۈك نامايەندە بولغان » قۇتادغۇ بىلىك » بىلەن « تۈركىي تىللار دىۋانى « دىمۇ قىلىچ ناھايىتى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، قىلىچ ھەققىدىكى بايانلارنىڭ كۆپلىكىدىن قىلىچنىڭ ئەينى ۋاقىتلاردا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكى ۋە قىلىچنىڭ ئەڭ ئىلغار جەڭ قۇرالى ھىسابلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن، » قۇتادغۇ بىلىك » تە:

» { 2418 }ۋەزىر بىر ئىكىنچى سۇ باشلار ئالەم،

بىرسى قىلىچ تۇتتى، بىرسى قەلەم.

{ 2425 }قىلىچ بىلەن ئالدى كۆر، ئەل ئالغۇچى ،

قەلەم بىلەن باستى ئول ئەل باسقۇچى④«.

دېيىلگەن بولۇپ، بۇ باياندا « دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، ئوڭ قولدا قىلىچ ، سول قولدا قەلەم « بولىشى كېرەكلىكىدەك ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ » قۇرال » بىلەن تەڭداش مەنىدە ئىشلەتكەن » قىلىچ « ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۇل ئاساسى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىمۇ قىلىچ ھەققىدە نۇرغۇن بايانلار بېرىلگەن بولۇپ، « دىۋان » دىكى بۇ بايانلار پەقەت بىر قىسىم سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش، ئىزاھلاش ئېھتىياجى بىلەن مىسال سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، بىزنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىچنى ئىنتايىن مۇھىم بىر جەڭ قۇرالى سۈپىتىدە ئىشلەتكەنلىكى ھەققىدىكى قىممەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. « دىۋان « دىكى قىلىچ ھەققىدىكى بايانلار شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ قۇرال ـ ياراغ مەدىنيىتىنى ۋە ئۇرۇش سەنئىتىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

»تۈركىي تىللار دىۋانى » دا قىلىچ سۆزى چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: « قىلىچ ـــ ماقالدا مۇنداق كەلگەن: قوش قىلىچ بىر قىنغا سىغماس. بۇ ماقال ئىككى ئادەم بىر ئىشقا ئىنتىلگەندە ياكى ئىككى ئادەم بىر قىزنى ئالماقچى بولغاندا ئېيتىلىدۇ. خاقانىيە بەگلىرىگىمۇ مۇشۇ سۆز بىلەن ئات قويۇلىدۇ. مەسىلەن، »قىلىچ خان » دېگەندەك .بۇ « ئىش ـ ھەركەتتە قىلىچتەك ئۆتكۈر خاقان « دېگەن بولىدۇ. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

باتۇر ئەرلەر ) بىر-بىرىنى جەڭگە ( چاقىرىشتى ،

قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،

ھەممە قۇرال بىلەن توقۇنۇشتى،

قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.

بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلدۇ: باتۇرلار بىر – بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، غەزەپلىك كۆزلەر بىلەن قاراشتى، ھەممە قۇراللارنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلدى، نۇرغۇن قان ئېيىپ قالغانلىقتىن قىلىچلار قىنىغا ئاران سىغدى. »⑤ مەھمۇد قەشقىرى تىلغا ئالغان يۇقارقى ماقالدا قىلىچ ئەرلەرنىڭ « ئەرلىكى « گە، قىلىچنىڭ قىنىنى ( يەنى غىلىپى ) ئاياللارنىڭ « ئانىلىقى « غا سىمۋۇل قىلىنغان بولۇپ، ئىككى ئەر كىشىنىڭ بىر قىزنى ئېلىشقا تەڭ ھەركەتلىنىشى خۇددى ئىككى قىلىچنى بىر غىلابقا سېلىشقا ئۇرۇنغاندەك ئىش بولىدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. قىلىچ پەقەت بىر جەڭ قۇرالى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىش ـ ھەركەتتىكى بىر خىل « ئىتتىكلىك، ئۆتكۈرلۈك ۋە كەسكىنلىك « كە سىمۋۇل قىلىنغانلىقتىن، « قىلىچ » سۆزى خاقانىيە بەگلىرىگە ئىسىم قىلىپ قوللىنىلغان .ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇن قان ئېيىپ قالغانلىقتىن قىلىچلار قىنىغا تەستە سىغقۇدەك قاتتىق جەڭلەرنىڭ بولغانلىقىغا قاراپ، بىز جەڭلەردە قىلىچنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان جەڭ قۇرالى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىمىز.

»دىۋان « دا يەنە: « تۆمۈر « دىگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈپ: بۇ سۆز ‹ كۆك تەمۈر كىرۇ تۇرماس ‹ دېگەن ماقالدىمۇ كەلگەن. بۇ ‹ كۆك تۆمۈر بىكار تۇرمايدۇ. تەگكەن يېرىنى يارلايدۇ ‹ . دېگەن بولىدۇ. بۇنىڭ باشقا بىر مەنىسىمۇ بار. قىرغىز، ياباقۇ، قىپچاق ۋە باشقا خەلقلەر قەسەم ئىچكەندە ياكى ۋەدە قىلغاندا، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئالدىغا كۆندىلىڭ قويىدۇ ـ دە ‹ كۆك كىرسۇن ، قىزىل چىقسۇن ‹ دەيدۇ. بۇ › ۋەدە بۇزۇلسا، قىلىچ قانغا بۇيالسۇن، تۆمۈر ئۆچ ئالسۇن ‹ دېگەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار تۆمۈرگە ھۆرمەت قىلىدۇ. »⑥ دەيدۇ .ئۇلار قەسەمدىن ئىبارەت بۈيۈك ئەھدىنى تۈزۈشكەندە، قىلىچنى يالىڭاچلاپ يەرگە سانجىپ قويۇپ، ‹ ئىچكەن قەسەم، بەرگەن ئەھدىگە كىم ئەمەل قىلمىسا قىلىچ قانغا بويىلىدۇ.› غانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. قىلىچ قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركيي خەلقلەر ئۈچۈن پەقەت بىر جەڭ قۇرالى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى قەسەم قىلىشىپ ئىتتىپاق تۈزگەندە، ۋەدىلەشكەندە شاھىت سۈپىتىدە تىكلەپ قويىدىغان مۇقەددەس نەرسە ھېسابلانغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇيغۇرلاردا، بىرەر كىچىك بالا ياكى توغۇتلۇق ئايال كىشى ئۆيدە يالغۇز قالسا پىچاققا ئايەت ئوقۇپ ھۈرۈپ ، ئاندىن ياستۇقىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتىدىغان ئادەت بار بولۇپ، بۇ تۆمۈرنى ۋە تىغلىق ئەسۋابلارنى ئۇلۇغلاشنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى بىر ئىپادىسىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قۇراللىرىنى بولۇپمۇ قىلىچلىرىنى ناھايىتى سىپتا، مۇستەھكەم ۋە چىڭ ياسىغان » .تۈركيي تىللار دىۋانى » دا خاتىرلەنگەن قىلىچ ھەققىدىكى پارچە – پۇرات بايانلارنى جىپسىلاشتۇرساق ناھايىتى پۇختا ياسالغان قىلىچلار كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. « دىۋان « دا : « قىلىچ توقۇلدى ــ قىلىچ سوقۇلدى. پىچاق سوقۇلسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ ⑦« .دېيىلگەن بولۇپ، قىلىچ سوقۇشنى « قىلىچ توقۇلدى « دەيدىغانلىقنى ئېيتىدۇ. « دىۋان » دا يەنە : « قول ــ

قىلىچ ۋە پىچاقنىڭ يۈزىگە ئويۇلغان نوكەش. بۇنىڭغا كۆپىنچە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىلىدۇ .بۇنى ‹ قىلىچ قولى › دەيدۇ.»[8] دەيدۇ، بۇنىڭدىن ئەينى دەۋرلەردە قىلىچنىڭ سىپىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن جەڭچىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلىچلىرىنىڭ ساپلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولىشى ناتايىن. مەسىلەن، « دىۋان « دا « ساپلىق » دېگەن سۆز چۈشەندۈرۈلۈپ مۇنداق دېيىلگەن: « ساپلىق ــ ساپلىق، دەستىلىك. قىلىچ، پىچاققا ئوخشايدىغان نەرسىلەرگە ساپ بولۇشقا يارايدىغان نەرسە. ھەر قانداق نەرسىنىڭ سىپى ‹ ساپلىق ‹ دېيىلىدۇ.[9]» دېيىلگەن. « دىۋان » دا يەنە » :تۇغرۇ ــ قىلىچ، پىچاق ۋە خەنجەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سېپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا تىقىپ قويۇلىدىغان ئىنچىكە تۆمۈر زىخچە. »[10] دېيىلگەن . بۇنىڭدىن بىز ئەينى ۋاقىتتا قىلىچ دەستىسىنىڭ ) يەنى تۇتقۇچىنىڭ » ( قول ، ساپلىق « دېيىلىدىغانلىقىنى ۋە قىلىچنىڭ سېپىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، » توغرۇ « دەپ ئاتىلىدىغان تۆمۈر زىخچىلارنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. قىلىچ دەستىسىنىڭ ماترىيالى ھەققىدە: « سۇرقۇچ ــ سىر دەرىخىنىڭ يىلمى. بۇيىلىم قىلىچ ۋە خەنجەر دەستىلىرىنى چاپلاشقا ئىشلىتىلىدۇ (11) « .دېيىلگەن بولۇپ، قىلىچنىڭ تۆمۈر دەستىسى ئىككى تال ياپىلاق ياغاچنىڭ ئوتتۇرسىغا قىستۇرۇلۇپ، ئاندىن « سۇرقۇچ » دېيىلىدىغان سىر دەرىخىنىڭ يىلمى بىلەن چاپلىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بايانىدىن بىز شۇ دەۋرلەردە مەخسۇس قىلىچ ياسايدىغان ئۇستىلارنىڭ بولغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

»دىۋان » دا قىلىچنىڭ غىلىپى « قىن « دېيىلگەن بولۇپ، بۇ سۆز چۈشەندۈرۈلۈپ » :قىن ــ پىچاق ۋە قىلىچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قىنى. قىلىچ قىنى. » (12)دېيىلگەن .بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ شۇ مەنە ۋە شۇ شەكىلدە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، « قىلىچ ئۆز قىنىنى كەسمەس. » دېگەن تەمسىل كەڭ ئىشلىتىلىدۇ. « دىۋان » دا » :قامچى ـــ قامچا. قىلىچ قامچى ـــ قىلىچلىق قامچا، ئىچىدە قىلىچى بار قامچا (13) « . دېيىلگەن بولۇپ، بىز قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىچىدە قىلىچى بار قامچىلارنىڭمۇ جەڭدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز. « دىۋان « دا يەنە: « سۇۋۇرى ــ قىلىچ، نەيزە، مۇنار ۋە زىققا ئوخشاش ئۇچلۇق نەرسىلەر(14)« .، »قاراقلىغ ـــ كۆز قارىغى بار. كۆزى يوقتەك جەڭگە كىرىدۇ .بۇ سۆز باتۇرلارنىڭ جەڭدە قارشىسىدىكى قىلىچ، نەيزىلەرگە پەرۋا قىلماي، بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشىغا تەمسىل قىلىنىدۇ.»(15) دېيىلگەن .دېمەك، دۈشمەن قىلىچ بىلەن ھۇجۇم قىلغان ئىكەن،ئەسكەرلەرنىڭمۇ قىلىچ ئىشلىتىپ تاقابىل تۇرۇش زۆرۈرىيىتى بولىدۇ. بۇ بايانىدىن دۈشمەنلەرنىڭ قۇراللىرى ئىچىدە قىلىچلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. « دىۋان » دا يەنە : « توتۇقتى ــ تاتلاشتى، داتلاشتى .قىلىچ توتۇقتى ــ قىلىچ داتلاشتى، قىلىچنى دات باستى (16) «.دېيىلگەن. « قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسىدۇ، بىرلىك بۇزۇلسا يات.» دېگەن ماقال بار بولۇپ ، بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۆمۈر قۇراللارنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا ئۇنىڭ داتلىشىپ قالىدىغانلىقىدەك

خۇسۇسيتىنى بىلگەنلىكنى بىلەلەيمىز ھەمدە بۇ ماقالىنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىزلىشىپ، ئۆز ئىچىدىن ئىناقسىزلىق كۆرۈلسە يات دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز. قىلىچنىڭ ئىتتىكلىكىنى بىلدۈرۈش ھەققىدە « دىۋان « دا : « يىتىگ ـــ ئىتتىك .ئىتتىك پىچاق .قىلىچ ۋە قىلىچقا ئوخشاش ئىتتىك نەرسىلەرگىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. »⑰ دېيىلگەن بولۇپ، « يىتىگ « دېگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا » يىتتىگ، ئىتتىگ، ئىشتتىك، ئىتتىك » دېگەندەك شەكىللەردە ساقلانغان » .دىۋان » دىكى قىلىچ ھەققىدىكى بايانلارنىڭ مۇشۇنداق كۆپلىكى ۋە ئىنچىكىلىكىگە قاراپ، بىز شۇ دەۋرلەردە قىلىچنىڭ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلالايمىز » .دىۋان » دا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە مۇنداق بىر بايانمۇ بار: « ئۆگە ـــ تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ. ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قىرى ـ سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تىگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق .بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن، تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ .خاقانىنىڭ ۋەزىرى › :سىز زۇلقەرنەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى ‹ .دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى ‹ ئۆگە › سۆزىنى قوللىنىپ، ‹ ئۆگەنمۇ ؟ ‹ دېگەن. ۋەزىر › ھەئە › دەپ جاۋاب بەرگەن .شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن . ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن .بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلىۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سىلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغان ئىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن .ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن › :بۇ نېمە ؟ › دەپ سوراشقاندا، ئۇلار : ‹ ئالتۇن قان › دېيىشكەن .شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان .ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن ⑱ « .جەڭچىلەرنىڭ قىلىچ بىلەن بىر ئادەمنىڭ كىندىكىگىچە ئىككى پارچە قىلىۋەتكۈدەك ( بەلكىم بۇ بىر مۇبالىغىدۇ ( .دەرىجىدە قىلىچۋازلىققا ماھىر بولۇشىدىن ئۇلارنىڭ جەڭ مەشقىنىڭ ئاساسەن قىلىچۋازلىق بىلەن بولىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بەزى ئالىملار » تۆز ۋە يىنىك قىلىچلارنىڭ ئالتايدا ياسىلىپ، ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا، ئالتاي داللىرىدا ۋە ئوب ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن⑳« لىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان .بىز يۇقۇردا نەقىل كەلتۈرۈلگەن « دىۋان » دىكى بايانىدا مەھمۇد قەشقىرى « ئالتۇن قان » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بىر تاغنىڭ ( يەنى :ئالتاي تېغىنىڭ ) ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرىنىڭ ياشايدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. دېمەك، بىز بۇ

بايانلاردىن قۇرال ـ ياراغ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، قىلىچلارنىڭ ئالتاي داللىرىدا ياسالغانلىقى ۋە شۇ يەردە ياشايدىغان كۆچمەن تۈركىي خەلقلەر ھەممە تۈركلەر بىلەن بىۋاستە قانداشلىقى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدا قىلىچلارنى ئىشلەتكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز .قىلىچ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي جەڭگىۋار ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىدىمۇ نۇرغۇن چۈشەنچە ۋە جورۇقلارنىڭ ئىزنالىرىنىمۇ قالدۇرغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا، « بىشىغا قىلىچ تىگىپ چۈش كۆرسە پادىشاھقا خەتەر يىتەر. »[19] دەيدىغان چۈشەنچە بار. قىسقىسى، ئەينى دەۋرلەردە قىلىچ ناھايىتى كەڭ ئىشلىتىلگەن بىر ئوۋ ۋە جەڭ قۇرالى بولۇپ، ئۇرۇش ۋە جەڭ ھەققىدە گەپ بولۇنسىلا كىشلەرنىڭ كۆز ئالدىغا قىلىچ كىلەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە ھەربىي ئىشلارنىڭ تەرققىياتىغا ئەگىشىپ ئوت قۇراللار ۋە زامانىۋىي قۇراللارنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن قىلىچ ئۆزىنىڭ ئۇرۇش ۋە جەڭلەردىكى مۇھىم رولىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە قالدۇرغان ئىزنالىرى ھېلىھەم كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ. مەيلى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز ئەجدادىمىز بولغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭ مۇۋەپىقىيەتلىرىنى، قۇرال ـ ياراغ مەدەنىيىتى ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە قىلىچقا ئوخشاش جەڭ قۇراللىرىنى ئىلمىي نوقتىدىن تەتقىق قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ۋە ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

---

ئىزاھاتلار:

① ئىسمايىل تۆمۈرى » :ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى « ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998ـ يىل12 ـئاي 1ـنەشرى ، ـ231بەت.

② [20]يۇ . س . خۇدياكوۋ ) روسچىدىن پەرھات جىلان تەرجىمە قىلغان » :( مەركىزى ئاسىيا كۆچمەنلىرىنىڭ قۇرال ـ ياراقلىرى ۋە ئۇرۇش سەنئىتى »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003ـ يىل11 ـئاي1ـنەشرى ،2 ـ52، ـ281، ـ282 بەتلەر.

③ ئابدۇكېرىم .راخمان توپلىغان: « ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ـ1 ) « توم ( ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988ـ يىل ، 1 ـئاي 1ـ نەشرى، 28 ـ بەت.

④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ » :قۇتادغۇ بىلىك »، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل5 ـئاي 1ـ نەشرى ،ـ519 بەت.

**⑤، ⑥، ⑦، ⑧، ⑨، ⑩، (11)، (12)، (13)، (14)، (15)، (16)، (17)، (18) مەھمۇدقەشقەرى » : تۈركىي تىللار دىۋانى « ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل 9 ـ ئاي نەشرى ،1 ـ توم ، 465 ـ ، 466 ـ، 468 ـ، 469 ـ ، 2 ـ توم 180 ـ ، 3 ـ توم ، 185 ـ ،1 ـ توم ، 614 ـ، 548 ـ، 549 ـ، 593 ـ، 442 ـ، 550 ـ ، 647 ـ ، 2 ـ توم 1 ـ 61 ـ، 3 ـ توم ، 21 ـ ، 1 ـ توم 122 ـ ، 123 ـ بەتلەر.**

**(19) « چۈش تەبىرى » 23 ـ بەت.**

**بۇ ماقالە « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ 2007 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان .**

# 19- «تۈركىي تىللار دىۋانى » ۋە « قۇتادغۇ بىلىك » تىكى ئەلچى ۋە ئەلچىلىككە ئائىت بايانلار ھەققىدە مۇلاھىزە

ئابدۇقەييۇم مىجىت

ئەلچى — بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن كىشى، ئىككى ئوتتۇردا ۋاستىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم » ① بولۇپ، ھەر قايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئەلچى ئەۋەتىش ۋە چەت ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىنى مەلۇم بىر بىرلىككە كەلگەن پائالىيەت شەكىللىرى بىلەن كۈتۈۋېلىش ئىشلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا سىياسىي ھاكىمىيەتلەر شەكىللەنگەندىن تارتىپلا باشلانغانلىقى مەلۇم. چەت ئەللەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ۋە كەلگەن ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىشتىن ئىبارەت بۇ سىياسىي مېھماندارچىلىق پائالىيىتى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىمۇ بەك كۆپ بولغان بىر پائالىيەت . ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشنا ۋە يات ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىزچىل قويۇق بولغان بولۇپ ، باشقا ئەللەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ۋە باشقا ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۇلارنىڭ دىپلوماتىيە پائالىيىتىدىكى دائىملىق ئىشلاردىن ئىدى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتى ھەققىدە « تاڭنامە » دە مۇنداق مەلۇماتلار بار: « ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا كەلگەن باشقا ئەل ئەلچىلىرى ئۇيغۇر قاغانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى چوقۇم قاغان ئولتۇرىدىغان ئالدىغا قادالغان بۆرە بېشى چۈشۈرۈلگەن تۇغقا باش ئۇرۇشى ، ئۇيغۇرچە ئۇسۇل ئوينىشى، ئىسرىقدانىدىن ئاتلاپ ئۆتىشى زۆرۈر بولغان. مەسىلەن ، 762- يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ شاھزادىسى يۇڭ بېگى لى شى تەڭرى قاغان بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ، ‹ ئۇسۇل ئويناي تەكەببۇرلۇق قىلىپ ، ئەدەب - قائىدىگە ھۆرمەت قىلمىغانلىقتىن › تەڭرى قاغاننىڭ قاتتىق غەزىپىنى كەلتۈرگەن. نەتىجىدە ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئارازچىلىق كېلىپ چىققان . » ② بۇنىڭدىن بىز ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چەت ئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋېلىش پائالىيىتىدە مۇئەييەن قائىدە يوسۇن ۋە پىرىنسىپلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن قاراخانىيلار خاقانلىرى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ئۆز ئېلىنىڭ تاشقى ئىشلىرىنى ئەلچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىپ كەلگەن . ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىش – دىپلوماتىيە پائالىيىتىدىكى مۇھىم بىرجەريان بولۇپ ، ھەر بىر دۆلەت ) خانلىق ) باشقا ئەل خەلقلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆز ئوبرازىنىڭ ياخشى بولۇشى ئۈچۈن

ئەلچىلەرگە بېرىدىغان تەسىرگە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي ، بەلكى ئۆزىنىڭ باشقا ئەللەرگە ئەۋەتىدىغان ئەلچىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدە ناھايىتى باش قاتۇرغان . باشقا ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش — شۇ ئەلنىڭ ئەلچى ئەۋەتكۈچى دۆلەت ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە بولغان ھۆرمىتى ۋە پوزىتسىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ . ۋەھالەنكى ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەلچىلەرنى كۈتۈۋېلىشتىكى ئادەت ، قائىدە – يوسۇن ۋە پرىنسىپلىرى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قائىدە – يوسۇنلارنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى ئىدى . قاراخانىيلار خانلىقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى ئىسلام ئەللىرى بىلەن كۆپرەك بولدى ھەمدە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ۋە كۈتۈۋېلىشتىكى پرىنسىپ ۋە قائىدە – يوسۇن شەكىللىرىدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگىرىشلەر بولدى.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ‹ yalavaq › » : يالاۋاچ —— ئەلچى ، پەيغەمبەر . بۇ سۆزنىڭ ‹ yalawaq › شەكلىمۇ بار . يالافار ‹ yalafar › —— خاقاننىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلىدىغان نام . ئۇيغۇرچە . ماقالدا مۇنداق كەلگەن : ‹ ياش ئوت كۆيمەس ، ئەلچى ئۆلمەس . › ياش ( كۆك ) ئوت كۆيمىگەندەك ھەر قانچە ئېغىر ، دەھشەتلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىمۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ . چۈنكى ، بۇ خەۋەر ئەۋەتكۈچىدىن كېلىدۇ . » ③ دەيدۇ . يۇقارقى بايانىدىن بىز قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە خاقاننىڭ ئەلچىلىرىگە ( يەنى دۆلەت ئەلچىلىرىگە ) « يالافار » دېگەن نامنىڭ بېرىلىدىغانلىقى ۋە ئەلچىنىڭ قانداق خەۋەر ئېلىپ كېلىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش چۈشەنچىسىنىڭ ئاللىقاچان بىر ماقال سۈپىتىدە ئومۇملاشقانلىقىنى بىلەلەيمىز . ئۇنىڭ ئۈستىگە » ئەلچىگە ئۆلۈم يوق » دېگەن بۇ ماقال ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ مەۋجۇت . مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » دا يەنە : « ساۋ —— خەۋەرلەر ، رىۋايەتلەر . پەيغەمبەرنى« ساۋچى « دېيىش مۇشۇنىڭدىن ئېلىنغان . چۈنكى ئۇ ئەلچىلىك قىلىپ خەۋەرلەرنى يەتكۈزىدۇ . قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ . ساۋچى —— ئەلچى . قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بېرىپ – كېلىپ ئەلچىلىك قىلىدىغان كىشى . ساۋچى مەن يۇقىردا ئېيتقاندەك ، بۇنىڭ سۆزنى ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ . » ④ دەيدۇ . ئۇيغۇرلاردا قەدىمدىن تارتىپ توي – نىكاھ ئىشلىرىدا لايىق مۇقىملانغاندىن كېيىن ، ئوغۇل تەرەپنىڭ ئاتا – ئانىسى قىز تەرەپكە ئىككى – ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەقسەت – مۇددىئاسىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەت بار بولۇپ ، بۇ ئادەت ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىن تارتىپ ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن . مەھمۇد قەشقىرى « دىۋان » دا يەنە : « ئارقۇچى —— ۋاستىچى . تويدا قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپ ئارىسىدا يۈرىدىغان ئەلچى . » ⑤ دەپ يازىدۇ . بۇ بايانلاردىن قىز ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزۈش ئادىتىنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىن بۇرۇنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئادەم ئۆچۈن ئەۋەتىلىدىغان ئەلچى بىلەن كۆپ كىشىلەر ئۆچۈن ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىنىڭ نامىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى . مەسىلەن ، »دىۋان » دا يەنە : « يۇمۇش ــ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلىك . پەرىشتىنى ‹ يۇمۇشچى › دېيىشمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن . چۈنكى ، پەرىشتە مەنىسىدىكى » مەلەك » سۆزى ئەرەبچە ئەلچىلىك مەنىسىدىكى ‹ ئەلۇكەت › سۆزىدىن ئېلىنغان . تۈركلەر « مەلەك » دېگەن ئىسمنى پۈتۈنلەي بىلمەيدۇ . »[6] دەيدۇ . دېمەك ، بىز بۇ بايانلاردىن قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ « يالافار « ، پەيغەمبەرلەرنىڭ « ساۋچى » ، قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچىلەرنىڭ « ساۋچى ، ئارقۇچى « دېگەن ناملار بىلەن ، كۆپ كىشىلەر ئۆچۈن ئەۋەتىلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ « يۇمۇش » دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز . بۇنىڭدىن باشقا « دىۋان » دا يەنە : « ... ئۇيغۇرچىدا تەڭرىنىڭ ئەلچىسى ‹ يالافاچ › ، خاننىڭ ئەلچىسى ‹ يالافار › دەپ پەرقلەندۈرۈلگىنىدەك ، تەڭرىنىڭ بەندىنى قارغىشى بىلەن بەندىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنى قارغىشى ، ئۇلارغا غەزەپلىنىشىنى پەرقلەندۈرۈش ئۆچۈن ، › ق › ھەرپى ئالدىنقى مەنىدە فەتھلىك ، كېيىنكى مەنىدە كەسرلىك قىلىنىدۇ [7] « . دېيىلگەن . ئىسلام دىنىدا « پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەلچىسى » دەپ سۈپەتلىنىدىغان بولغاچقا ئادەتتىكى ئەلچىلەرنىڭ نامى بىلەن پەيغەمبەرلەر ‹ ئەلچى › دەپ سۈپەتلىگەندە ئىشلىتىلىدىغان ‹ ئەلچى › سۆزىمۇ پەرقلەندۈرۈلگەن.

ئۇيغۇرلار ۋاقىتنى ياخشى پەيت ۋە يامان پەيت دەپ قارايدىغان بولغاچقا چوڭ ـ كىچىك ئىشلارنى ياخشى ۋاقىت ۋە ياخشى سائەتلەرنى تاللاپ قىلىشقا ئادەتلەنگەن . شۇڭا باشقا ئەللەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەندە ، سەپەرگە چىقىشقا مۇۋاپىق بولغان ئۇبدان پەيتلەرنى تاللاپ ئاندىن ئەلچىلەرنى يولغا سالاتتى ھەمدە خاقانلار بىرەر ئەلچىنى قوبۇل قىلىشتا خاسىيەتلىك بىر كۈننى بەلگىلەپ ئاندىن كۆرۈشەتتى . باھائىدىن ئۆگەل « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » دېگەن كىتابىدا : « ئۇيغۇر خاقانلىرى باشقا دۆلەت ئەلچىلىرىنى قوبۇل قىلغاندا ئات مىنىپ ئەلچىنىڭ ئالدىغا چىقاتتى ۋە ئۆزىنىڭ خوتۇنلىرىنى، ئوغۇل ـ قىز ، ئاچا ـ سىڭىل ، ئاكا ـ ئۇكا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بىرگە ئېلىپ باراتتى . ئەلچىلەر سوۋغاتلىرىنى ھەدىيە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارمۇ سوۋغا ـ سالام بېرىشەتتى [8] دەيدۇ. لېكىن قاراخانىيلار خاقانلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، ئەلچىلەرنى كۈتىۋالغاندا ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ، ئاچا ـ سىڭىللىرىنى ‹ نامەھرەم › دەپ قاراپ ئەلچىلەر بار سورۇنغا ئېلىپ چىقىشنى مەنئىي قىلغانلىقى ئېنىق . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئەلچىلەر بىلەن كۆرۈشۈش شەكىللىرىدىمۇ مۇئەييەن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئەلچىلەرگە سوۋغا ـ سالاملارنى بېرىش ئادىتى ئىزچىل داۋاملاشقان . « دىۋان » دا : « بوشۇغ ــــ رۇخسەت . خان تەرىپىدىن ئەلچىنىڭ قايتىپ كېتىشىگە بېرىلگەن رۇخسەت

( قەغزى ) . ئەلچىگە بېرىلگەن سوۋغىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلدۇ .® دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بايانلاردىن بىز قاراخانىيلار خانلىقى تېررىتورىيىسىدە ئەلچىلەرنىڭ ئىش ـ ھەركەتلىرى ۋە كېلىش ـ كېتىشلىرى ئۆزى خالىغانچە بولماستىن، بەلكى خاقانىنىڭ رۇخستى بىلەن بولىدىغانلىقى ھەمدە خاقانىنىڭ باشقا دۆلەت پادىشاھىغا ئەۋەتىدىغان نەرسىلىرىنى ئەلچىلەر ئارقىلىقمۇ ئەۋەتىدىغانلىقىنى، ئەلچىلىككە كەلگەنلەرگىمۇ مەلۇم نىسبەتتە سوۋغا ـ سالاملارنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز . ئەينى دەۋرلەردە ئۇيغۇر خاقانلىرى ياكى خوشنا ئەل پادىشاھلىرى ۋە ياكى ئۆلارنىڭ بىرەر تۇغقىنى ھەم دۆلەت ئەمەلدارلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ئۆز- ئارا ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ تەزىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق كۆڭۈل يېقىنلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئادەتلەرمۇ بولغانلىقى « مەڭگۈ تاش » لار ۋە تارىخىي كىتابلاردا تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن « قۇتادغۇ بىلىك » ۋە « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا بۇ ھەقتىكى بايانلار ئۇچرىمايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » تە : « ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە ئېيتقانلىرى ـ33 ) « باب ) ناملىق مەخسۇس بىر باب ئاجراتقان بولۇپ ، بۇ بىر بابتىكى مەزمۇنلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق قاراخانىيلارنىڭ خانلىقىنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەنگىلى بولىدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ « قۇتادغۇ بىلىك » تىكى ئەلچىنىڭ قانداق بولۇشى ھەققىدىكى بايانلىرىنى تۆۋەندىكى بىر نەچچە نوقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچىدىن ، ئەلچى ئەخلاق – پەزىلەتلىك بولۇشى كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەلچىنىڭ كۆيۈمچان، سېلىق – سىپايە ، كۆز قارنى توق ، دۇرۇس ، باتۇر ، ھىممەتلىك ، ئۇياتچان ، ئىشەنچلىك ، سەزگۈر ۋە خۇلقى ئۆز بولىشى لازىملىقى ھەمدە ئاچكۆز ، تاماخور كىشىنىڭ ئەلچى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەسلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەلچىلەر باشقا دۆلەتتە ئۆز دۆلىتىدە يوق بىرەر نەرسىنى كۆرگەندە ئۇ نەرسىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن تالاشسا ، باشقا دۆلەت خاقانىنىڭ ئۆزىگە بىرەر نەرسە بېرىشىنى تاما قىلىپ ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ ئىشىنى ياخشى بېجىرمىسە ئۇنداق كىشنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىشنىڭ بەگىلا ئەمەس پۈتۈن ئەلگە زىينى كۆپ . ئەگەر ئەلچى بوشاڭ ، مىجەز – خۇلقى يامان ، گەپ سۆزى تۇترۇقسىز ۋە تۇراقسىز بولسا ، ئېنىقكى ئۆز بېگىنىڭ ۋە ئىلىنىڭ يۈز – ئابروينى تۆكىدۇ . ئەلچى ئەخلاقلىق بولۇپلا قالماي ، يەنە بوي – تۇرقى كېلىشكەن، يۈزى ۋە ساقال – بۇرۇتلىرى چىرايلىق ، پاكىزە بولمىقى ھەم لازىمدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە:

{2645} »كىشى بولسا پازىل ، نام – ئاتى چىقۇر ،

ئەگەر بولمسا پەزلى نامسز قېرۇر.

{2646}كشى پەزلى بىرلە كىشدىن ئۆزار ،

ئەقىل ، پەزلى بولسا ئەر ئۆرلەپ ئۇچار.

{2647}پەزىلەت بىلەن ئەر قۇلىن گەر سۇنار ،

بۈيۈك تاغ ئېگىپ باشىن يەرگە قويار« .

دەيدۇ . ئالىم بۇ بېيىتتا ‹ ئەخلاق – پەزىلەتلىك ئادەم تاغقا قول سۇنسا تاغمۇ باش ئېگىدىغانلىقى › نى دېيىش ئارقىلىق ئەخلاقنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ھەر قانچە بىلىملىك بولغان بىلەنمۇ ئەخلاق – پەزىلەتلىك بولمىسا ئۇنداق كىشىنىڭ يەنىلا بىلىمسىز ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەرگەن.

ئىككىنچىدىن ، ئەلچى بىلىملىك بولۇشى كېرەك . ھەر بىر ئەلنىڭ دىپلوماتىك ئىشلىرىنىڭ ياخشى ھەل قىلىنىش – قىلىنماسلىقى ئەلچىلەرنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق بولغاچقا ، ئەلچىلەر بىلىملىك ، ئەقىللىق ، جەسۇر ، ھەر ئىشتا ئېغىر بېسىق بولۇشى لازىم . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەلچىنىڭ شېئىر يازالايدىغان ، ئىلمى نۇجۇم ( ئاسترونومىيە ) ، تىبابەت ، ھېساب ئىلمى ، گېئومېترىيە ، يەر ئۆلچەش ، چۈش ئۆرۈش قاتارلىق ئىلملەردىن پۇختا خەۋەردار بولغاندىن سىرت، يەنە دامكا – شاھمات ئويناش، ئوق ئېتىش ، چەۋگەن ئويناش، ئوۋچىلىق قاتارلىق ئىشلارنىمۇ بىلىشى زۆرۈرلىكىنى تىلغا ئالىدۇ . قىسقىسى، ئالىم ئەلچىلىككە ئەۋەتىلىدىغان كىشىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن بىلىملىرىدىن مۇكەممەل خەۋەردار بولىشى كېرەكلىكىنى كۈچەپ تەكىتلىگەن.

ئۈچىنچىدىن ، ئەلچى ناتىق بولۇشى كېرەك.

باشقا ئەلگە ئەۋەتىلىدىغان ئەلچى پەقەت ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق بىلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆزى ئەلچى بولۇپ بارغان دۆلەتنىڭ تىلىنىمۇ پىششىق بىلىشى زۆرۈر. بىر كىشىنىڭ گەپ – سۆزىنىڭ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ، ئىلمي ئاساسقا تويۇنغان بولۇشى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۈرغۇلۇق ياكى پاساھەتلىك بولىشىدىنمۇ مۇھىم . يۈسۈپ خاس ھاجىپ « قۇتادغۇ بىلىك » تە يەنە:

{2648} »ئۇ بولسۇن چىچەن ، سۆزگە ھازىر جاۋاب ،

سۇئالغا جاۋاب بەرسۇن ھەم توغرىلاپ« .

{2636 } »پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى ،

پۈتۈن خەتنى ئۇقۇسۇن، پۈتسۇن قولى . » دەپ يازىدۇ.

باشقا ئەلگە بارغاندا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرسىدىكى بەزى ئىشلار ئۈچۈن پۈتۈم ۋە كېلىشىمنامىلەرنى تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ . شۇڭلاشقا ئەلچى ئۆز تىل – يېزىقىدىن باشقا يەنە شۇ ئەل خەلقىنىڭ تىل – يېزىقىنىمۇ ئۇقىيالىشى ۋە يازالىشى كېرەك.

تۆتىنچىدىن ، ئەلچى باشقا ئەلگە بارغاندا يېمەك – ئىچمەككە دىققەت قىلىشى كېرەك . ئەلچىلەر باشقا ئەلگە بارغاندا مەي – شاراب ئىچمەسلىكى، ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى تاللىماي يەۋەرمەسلىكى لازىم . ‹ تىلى ياتنىڭ دىلى يات ‹ دېگەندەك يات ئەلدىكى دۈشمەنلەر ئۇنىڭ تامىقىغا زەھەر سېلىپ قەستلەيدىغان، مەي – شاراب بىلەن مەست قىلىۋېتىپ ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالىدىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەلچى يېمەك – ئىچمەككە ئىنتايىن دىققەت قىلىشى كېرەك.

ئەلچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەرنىڭ بۇنداق كۆپ ۋە ئەتراپلىق بولىشى ئەلچىلىك خىزمىتىنىڭ تولىمۇ جاپالىق ھەم مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرستىدۇ . قىسقىسى ، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىكى ئەلچى ۋە ئەلچىلىككە ئائىت بايانلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قارىشى، ئالاقە شەكىللىرى ۋە ئادەت ـ ئۆدۆملىرىنى چۈشىنىشىمىزدە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

---

ئىزاھاتلار:

①ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل – يېزىق كومىتېتى لوغەت بۆلۈمى تۈزگەن : « ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لوغىتى » 1ـ توم ، مىللەتلەر نەشرىياتى ،ـ1990 يىل 5ـئاي 1ـنەشرى ، 295ـبەت.

②ئەھمەد سۇلايمان قۇتلۇق : « ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى » ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 2005ـيىل 11ـئاي 1ـ نەشرى ، 374ـ بەت.

③،④،⑤،⑥،⑦، ⑨مەھمۇد قەشقىرى : « تۈركىي تىللار دىۋانى « ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981- يىل 8- ئاي1-نەشرى ، 3- توم 63- ، 211- ،1-توم ،-191 بەت ، 3- توم ، 13-بەت ، 2-توم 421-بەت ،1-توم 482- بەت.

⑧باھائىدىن ئۆگەل : « تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن چاغلىرى » تۈركچە ، 1971-يىل ئىستانبۇل 1- نەشرى ، 108- بەت.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

①يۈسۈپ خاس ھاجىپ : « قۇتادغۇ بىلىك » ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984-يىل5- ئاي 1- نەشرى ، 555- بەتتىن 568- بەتكىچە ، « ئەلچىلىككە ئەۋەتىشكە قانداق كىشى يارايدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئېلىككە ئېيتقانلىرى -33 ) « باب ) ، 2596- بېيىتتىن 2668- بېيىتكىچە.

بۇ ماقالە « شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى » نىڭ 2007 - يىللىق 1 - سانىدا چىققان.

# 20- « تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ جۇغراپىيىلىك قىممىتى

ئۆمەر موللا

تاشقىن جاپپار

## 1. «türkiy tillar diwani»diki yumulaq «da'ire» xeritisi asiyaning eng qedimki xeritisidur

شەرق خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت تارىخىدا شۆھرەتلىك ئورۇن تۇتقان ئۇيغۇر ئالىمى، سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»ناملىق ئېنسكلوپېدىيىلىك ئەسىرى تىلشۇناسلىق ۋە فولكلور ئىلمى ساھەسىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە جۇغراپىيە ساھەسى جەھەتتىمۇ زور قەدىرلىنىشكە تېگىشلىك ئەسەر بولۇپ، مۇھىم جۇغراپىيىلىك قىممەتكە ئىگە بولغان ئۇنىۋېرسال جۇغراپىيە بىلىملىرى خەزىنىسىدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، «جۇغراپىيە» ناملىق كىتاپنى بۇندىن 2000 يىللار بۇرۇن ئالىكساندىرىيىلىك ئالىم ئېراتوسفېن يازغان. بۇ كىتاپتا يەرنىڭ شەكلى ۋە چوڭلىغى، شۇ ۋاقىتتا ئاپتورغا مەلۇم بولغان دېڭىز-قۇرۇقلۇقلارنىڭ تارقىلىشى تەسۋىرلەنگەن. شۇندىن باشلاپ پۈتۈن يەر يۈزىنى ياكى يەر يۈزىنىڭ بىرەر قىسمىنى(ياكى بىرەر مەملىكەتنى) تەسۋىرلەشنى جۇغراپىيە، دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئېراتوسفېندىن كېيىن يەنى مىلادىيە2- ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق ئاسترونوم، ماتېماتىك ۋە جۇغراپىيىچى كلاۋدى پتولومى (باتلىموس) ئۆزىنىڭ «جۇغراپىيىلىك يوللانما» ناملىق كىتابىنى ماتېماتىكىلىق بىلىملەرگە ئاساسلىنىپ يازغان بولۇپ، ھەر بىر تەسۋىرلىگەن جاينىڭ كەڭلىك ۋە ئۇزاقلىقلىرىنى كۆرسەتكەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە ئۆتكەن سترابون جۇغراپىيىلىك كىتابتىن 17نى يازغان،بۇنىڭ سەككىزى ياۋروپانى، ئالتىسى ئاسىيانى، بىرسى ئافرىقىنى( بۈيەردىكى ئافرىقا پەقەت ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىنىلا كۆرستىدۇ) تەسۋىرلىگەن. شۇندىن ئېتىبارەن جۇغراپىيە ساھەسىدە ئىككى ئېقىم پەيدا بولۇپ، بىر ئېقىم

پەقەت يەر يۈزىنى تەسۋىرلەشكە، يەنە بىر ئېقىم ئايرىم-ئايرىم مەملىكەتلەرنى تەسۋىرلەشكە يۈزلەنگەن، كېيىنچىرەك بۇ ئېقىملار تەرەققى قىلىپ، بىرىنچى ئېقىم تەبىئى جۇغراپىيىنى، ئىككىنچى ئېقىم ئەل-يۇرتلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدىغان رايونلار جۇغراپىيىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن.

ھازىرقى زامان جۇغراپىيىسى يەر شارىدىكى تەبىئىي ئامىللار بىلەن گومانىتارلىق(ئىنسانىي) ئامىللارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىرى بىرىگە كۆرسىتىدىغان رولىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، تەبىئى جۇغراپىيە(ئومۇمىي تەبىئى جۇغراپىيە، كلىماتولوگىيە، گېئومورفولوگىيە، ھىدرولوگىيە، ئۆسۈملۈك جۇغراپىيىسى، ھايۋانات جۇغراپىيىسى، تۇپراقچىلىق جۇغراپىيىسى، مۇھىت جۇغراپىيىسى...) گومانىتارلىق جۇغراپىيە، ئىقتىسادىي جۇغراپىيە، مەدەنىيەت جۇغراپىيىسى، نوپۇس جۇغراپىيىسى، مەھەللە جۇغراپىيىسى، ساياھەت جۇغراپىيىسى، مۇھىتشۇناسلىق، يەر نامىلىرى ئىلمى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇشۇ ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ چېتىلىدىغان مەلۇماتلار تىلغا ئېلىنغان ۋە تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا، مەھمۇت كاشغەرىي بۈيۈك جۇغراپىيەشۇناس بولۇشقا مۇناسىپتۇر.

جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.«جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. شۇڭا، گېلىل دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى جۇغراپىيىلىك سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

مەھمۇد كاشغەرىيمۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي مىللەتلەر ياشايدىغان كەڭ زېمىننى 15 يىلچە ئايلىنىپ چىقىپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئۆز ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا مۇجەسسەملىگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرغاندىن باشقا، ئۇلار ياشىغان ئەل-يۇرتلارنىڭ جايلاشقان ئورنى، تاغ-دەريالىرى، كۆللىرى، سەھرا-شەھەرلىرى، چۆل-جەزىرىللىرى، ھاۋارايى ۋە باشقا ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بەرگەن. قەبىلىلەرنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، يېمەك-ئىچمەكلىرى توغرىسىدىمۇ كەڭ مەلۇمات بەرگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يەنە دېھقانچىلىققا دائىر سۆزلەر (زىرائەتلەر، ھەرجايدا ئۆسىدىغان گىياھ-دەرەخلەر)، چارۋىچىلىق ۋە مال-دوختۇرلۇققا دائىر سۆزلەر، ھەرخىل ھايۋانلار، ئۇچارقاناتلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان. مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ جايلاشقان كەڭ دىيارىنى يەر يۈزىنىڭ يۇمۇلاقلىقى ئۇقۇمى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. بۇ خەرىتە ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان(1-خەرىتىگە قاراڭ.(

مەھمۇت كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىدە «رۇم ئۆلكىسىدىن ماچىنغىچە بولغان تۈرك ئەللىرىنىڭ بويى بەش مىڭ پەرسەخ(پەرسەخ-پارىسچىدا يول ئۆلچىمى بولۇپ، بىر پەرسەخ 6.24 kmغا تەڭ كېلىدۇ)، ئېنى ئۈچ

مىڭ پەرسەخ كېلىدۇ، بۇلارنىڭ ئورنىنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ھەممىسىنى يەر يۈزى شەكلىدىكى دائىرە ئىچىدە كۆرسىتىپ ئۆتتۈم» دەپ يازغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ زېمىنلىرىدىكى جۇغراپىيىلىك ئۇچۇر مەزكۇر خەرىتە يۈزىدە ئىپادىلەنگەن.«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ جۇغراپىيىلىك قىممىتى بۇ خەرىتە ئارقىلىق تېخىمۇ يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئېلىمىز ئالىمى جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە بۇ خەرىتە ھەققىدە توختىلىپ:«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ كارتوگرافىيىلىك قىممىتىنى مۆجىزە خاراكتېرلىك يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈپ، يىغىلىق سۈپىتىدە تونۇتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى دەل ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن «دائىرە»(يۇمىلاق) شەكلىدىكى خەرىتىدۇر»دەپ يازغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ«دائىرە»(يۇمىلاق خەرىتە)سى يەر يۇمىلاق قىياسى بويىچە سىزىلغان بولۇپ، «ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسىدۇر». خەرىتىدە بېرىلگەن زېمىننىڭ دائىرىسى بۇرۇنقىلارسىزىپ چىققان ھەرقانداق خەرىتىدىن كەڭ. خەرىتىنىڭ شەرق تەرىپىدە ياپونىيە، شىمالىدا شىمالىي مۇز ئوكيان، جەنۇبىدا سىرلانكا، غەربىدە ئىبرىيە يېرىم ئارىلى، ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى ئېفىئوپىيە، لىۋىيە قاتارلىق جايلارنىڭ ئورنى كۆرسىتىلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى4-ئەسىردە ئۆتكەن ھېرودوتنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانىڭ غەربىي تەرىپى ئىبرىيەگىچە، شەرقىي تەرىپى ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى تار چۆللۈككىچە،شىمەلىي تەرىپى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىغىچە، جەنۇبىي تەرىپى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىغىچە بولغان زېمىن ئىدى(2-خەرىتىگە قاراڭ(

مىلادىدىن بۇرۇنقى 1-ئەسىردە ئۆتكەن پومپونىي مېلا«يەرنىڭ تۈزۈلۈشى (De citu orbis)«ناملىق كىتابىدا ئىككى ئوكيان يەنى غەربىي ئوكيان ۋە شەرقىي ئوكيانلار، شىمالىدىكى بېرتانىيە ۋە سكىفىيە ئوكيانلىرى بىلەن جەنۇپتا ئېفىئوپىيە دېڭىزى، قىزىل دېڭىز ۋە ھىندى دېڭىزلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ» دەپ يازغان (3-خەرىتىگە قاراڭ.(

پومپونىي مېلادىدىن 100 يىللاركېيىن ئۆتكەن پىتولىمىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىدىمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق يەرلەرنىڭ بارلىقى توغرىلىق مەلۇمات بېرىلمىگەن(4-خەرىتىگە قاراڭ.(

كىشلەر يۇقىرقى خەرىتىلەرنىڭ ھەممىسى قەدىمقى دەۋرگە خاس، بۇنى ۋاقىت جەھەتتىن 1000يىللار كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر خەرىتىسى بىلەن ئەلۋەتتە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ،دىيىشى مۇمكىن. پاكىت سۈپىتىدە مەھمۇد كاشغەرىيدىن كېيىنرەك ئۆتكەن مەشھۇر سەيياھلار تەرىپىدىن سىزىلغان خەرىتىلەرگە سېلىشتۇرۇپ باقساقمۇ بۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان خەرىتىنىڭ تېخى مەيدانغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسلەن: 12-ئەسىردىكى مەشھۇر جۇغراپىيىچى،سەيياھ،شىمالىي ئافرىقىلىق ئىدرىس(1160~1100)نىڭ نەزىرىدىكى دۇنيانىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلگەن خەرىتىدە ئىپادىلەنگەن جايلارنىڭ دائىرىسىمۇ«دائىرە» دە بېرىلگەن جاينىڭ چوڭلىقىغا يەتمىگەن (5-خەرىتىگە قاراڭ). ھەتتا1490-يىلى سىزىلغان پورتۇگالىيىنىڭ دۇنيا خەرىسىدىكى جايلارنىڭ دائىرىسىمۇ شەرقىي

ھىندىستان ۋە جۇڭگونىڭ بىر قىسىم جايلىرىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان (6-خەرىتەگە قاراڭ.(

»تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «دائىرە»دەپ ئاتالغان يۇمۇلاق خەرىتىدە كونا قۇرۇقلۇق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، خەرىتىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا قەھرىتان سوغۇق بولىدۇ،ئادەم ياشىمايدۇ،دەپ يېزىلغان. ھازىرقى بىزگە مەلۇم بولغان ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى، ئانتاركتىكا،ئاۋستىرالىيەلەر تېخى ئىنسانلارغا مەلۇم بولمىغان زېمىنلار ئىدى. شۇڭا، «دائىرە»دە ئۇ جايلار ئۆزىنىڭ ئىپادىسىنى تاپمىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. بۇ جايلار 1492-يىلى كولومبونىڭ ئامېرىكىغا، 1498- يىلى ۋاسكادا-گامانىڭ شەرقىي ھىندىستانغا كېلىشى بىلەن كىشىلەرگە مەلۇم بولغان. دۇنيانىڭ يۇمۇلاقلىقى توغرىسىدا قاراشلار مىلادىدىن بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن. شۇ قاراشلار بويىچە، «دائىرە» سىزىلغان بولسىمۇ،1522- يىلى ماگېللاننىڭ دۇنيانى ئايلىنىپ قىلغان سەپىرىدىن كېيىنلا ئاندىن دۇنيا ھەقىقەتەن شار شەكلىدە ئىكەن، دېگەن قاراش مۇقىملاشتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنيانى يۇمۇلاق، دەپ قىياس قىلىشى تەسادىپىي ئىش ئەمەس. يەرنىڭ شار شەكلىدە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتنى بىرىنچى بولۇپ ئارستوتېل(مىلادىدىن بۇرۇنقى 322~388-يىلى)ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭ شاگىرتى دىكېئارخ ۋە ئېراتوسفىنلەرمۇ مۇشۇنداق قاراشتا بولغان. بۇ ئالىملارنىڭ قاراشلىرى ئەرەپ دۇنياسىغا ۋە ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيالارغىمۇ تەسىر قىلغان. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مىلادىيىنىڭ2-ئەسىرلىرىدىن ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا جۇغراپىيىنىڭ تەرەققىياتىدا بىر مەھەل توختاپ قېلىش ھالىتى شەكىللەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالاردا ئىلىم-پەن جۈملىدىن جۇغراپىيە ۋە ئالەم قاراشلىرى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇ زېمىن ھەر خىل مۆجىزىلەرگە تولغان ھېكمەتلىك ماكانغا ئايلاندى. « مۆجىزىلەرنىڭ بىرى تەبىئەتنى بىلىش ھېكمىتىدىن ئىبارەت ئىدى. قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ ئاسترونومىيە، ھاۋارايى، جۇغراپىيە ۋە ھېساپلاش قاراشلىرى ئەڭ قەدىمكى ئادەم يارىلىش ئەپسانىلىرى بىلەن بىللە يىراق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كېلىشكە باشلىغان ئىدى. ئىپتىدائىي ئالەم قاراشلىرى ئىپتىدائىي كوسمولوگىيىلىك-ئاسترونومىيىلىك قاراشلارنىڭ بىخى ھەم ئۇرۇقى بولدى. يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي بەلۋېغىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر توپلىغان ئاسترو-ماتېماتىكىلىق بىلىملەر شەرق بىلەن غەرپنىڭ ئۆلچەش- ھېساپلاش بىلىملىرى بىلەن قوشۇلۇپ يېڭى سېنكرېتىك قاتلام ھاسىل قىلدى. ئەل خارزىمى(783~850-يىلى)، فەرغانى(؟~861-يىلى)، فارابى(870~950-يىلى)، ئىبنى سىنا(980~1037-يىلى)، بېرونى(973~1048-يىلى)، ئۆمەر ھەييام (1040~1123-يىلى) قاتارلىق ئۇلۇغۋار ئىلىم ئەھلىلىرى ئۆز پائالىيىتى ۋە ئەسەرلىرى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئاسترو-فىزىكىسىنىڭ ئىلمىي ئۇلىنى قۇردى. بۇلار يىپەك يولىنىڭ مەركىزىي ئوچىقىدا روياپقا چىققان كاتتا ھىكمەت دۇردانىسى».مۇشۇ ھېكمەتلىك دۇنيادا ياشىغان مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتالىغان.

دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا سىزىلغان خەرىتىلەرنى «دائىرە» خەرىتىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا كىشىلەردە

تەبىئىي ھالدا 5000 يىللىق تارىخقا ئىگە جۇڭگودا بەلكىم ياخشى سىزىلغان خەرىتىلەر بولغىيتى، دىگەن پىكىر تۇغۇلدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدا مىلادىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن خېلى كۆپ خەرىتىلەر سىزىلغان ئەلۋەتتە، ئەپسۇسكى بۇلار بۇگۈنگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن، كەلگەنلىرىمۇ «دائىرە» خەرىتىسىدەك مۇكەممەل، ئۇنۇۋېرىتسال ئەمەس.

بۇ خەرىتىلەر ھەققىدە «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى»(جۇغراپىيە قىسمى)دا مۇنداق دىيىلگەن: 1700 يىللاردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ تارقىلىپ يۈرگەن تارىخىي خەرىتىلىرىنىڭ سانى باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن كۆپ، سەۋىيىسىمۇ ئوخشاش دەۋردىكى باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئوخشاش تۈردىكى خەرىتىلىرىنىڭ سەۋىيىسىدىن يۇقىرى،

بىراق ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىدەك كەمچىلىك تەرەپلىرى بار:

(1)جۇغراپىيىلىك خەرىتىلەرنى تەگلىك قىلغان بىر قەدەر ئېنىق خەرىتىلەر كەمچىل؛

(2)ئۇ خەرىتىلەر پەقەت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ مەمۇرىي رايون دائىرىسىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، چەت-چېگرا رايونلار ناھايىتمۇ تەخمىنىي قىلىنغان ياكى ئاق قالدۇرۇلغان؛

(3)ئايرىم خەرىتىلەردىن باشقىلىرىنىڭ ماسشتابلىرى ناھايىتى كىچىك، سىغىمىمۇ چەكلىك؛

(4)مەزمۇنى جەھەتتىن دۆلەت زىمىنىنىڭ مەمۇرىي رايونلار بويىچە تەدرىجىي ئۆزگىرىش تەرەققىياتىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تەبىئىي جۇغراپىيە ۋە باشقا ئىجتىمائىي(گومانىتارلىق) جۇغراپىيىگە دائىر مەزمۇنلار ناھايىتى ئاز؛

(5)ھۆججەت- ماتېرىياللارغا ئاساسەن سىزلغان بولۇپ، ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ سىزىش ناھايىتى ئاز بولغان.

خەرىتەشۇناسلىق تارىخىغا ئائىت يۇقىرىدىكى ئەمەلىي پاكىتلىق ماتېرىياللار مەنبىئىگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دائىرە» دەپ ئاتالغان خەرىتىسى يالغۇز جۇڭگو خەرىتەشۇناسلىق تارىخىدىكى بىر مۆجىزە ھىساپلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دۇنيا خەرىتەشۇناسلىق ساھەسىدىمۇ زور شۆھرەتكە ئىگىدۇر.

ئۇ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1)تەرەپ ئۇقۇمى ناھايىتى ئېنىق. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خەرىتىدە تۆت تەرەپ ئۇقۇمى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، شەرق، شىمال، غەرب ۋە جەنۇپتىن ئىبارەت تۆت تەرەپ سۆزلىرى يۇمۇلاق خەرىتىنىڭ ئەتراپىغا يېزىلغان. قاراخانىلار دەۋرىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈن چىقىشنى ئالدى تەرەپ، كۈن پېتىشنى ئارقا تەرەپ، دەيدىغان ئەنئەنىۋى قارىشىنى ئاساس قىلىپ سىزىلغان. خەرىتىنى

قولغا ئالغاندا، ئوڭ قول تەرەپ شەرق، سول قول تەرەپ غەرپ، ئۈستى شىمال، ئاستى جەنۇپنى ئىپادىلىگەن. خەرىتىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورۇنلارمۇ مۇشۇ تەرتىپتە تىزىلغان. كۆرگۈچىلەرنىڭ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە كۆرىشى تەۋسىيە قىلىنغان؛

(2)دۆلەت ۋە جايلارنىڭ ئارىلىق ئۇزۇنلۇقلىرى ھازىرقى ۋاقىتتىكى ئارىلىقى بىلەن تەڭ كېلىدۇ. مەسىلەن، تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىسگە ئاساسلانغاندا، خەرىتىدىكى ئىسسىقكۆلدىن ياپونىيىگىچە، ئىسسىقكۆلدىن ئېپىئوپىيىگىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆلچىگەندە، ھارىزقىغا ئوخشاش چىققان؛

(3)شەرتلىك بەلگە ئۇقۇمىغا ئىگە. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى خەرىتىدە تاغۇ-دەريالار، شەھەر-قەلئەلەر بىر يۈرۈش شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق ئېنىقلىققا ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن، تاغ تىزمىلىرى قىزىل رەڭ بىلەن، دېڭىزلار ھاۋا رەڭ بىلەن، دەريا-كۆللەر يېشىل رەڭ بىلەن، قۇملۇقلار سېرىق رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرمۇ كارتوگرافىيە (خەرىتشۇناسلىق) ئىلمىدىمۇ ئۆز قىممىتىگە ئىگە؛

(4)خەرىتىدىكى شەھەر ۋە ئەل-يۇرتلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلىشى، چۆل رايونلاردىكى بوستانلىقلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيتى بىلەن بىردەك ئىپادىلىنىپ، رەڭمۇ شۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن؛

(5)خەرىتىدىكى ئىجادىيلىق كۆپ تەرەپلەردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىسلام خەرىتەشۇناسلىقىنىڭ كونا قاراشلىرىدىن ھالقىپ چۇشكەن.

مەسىلەن، بۇ ھەقتە جاڭ گۇاڭدا ئەپەندى ئۆز ماقالىسىدە مۇنداق دىگەن:« ئاپتور گەرچە ئىسلام مۇرتى بولسىمۇ،«دائىرە» خەرىتىسىدە مەككە بىلەن مەدىنەنى خەرىتىنىڭ مەركىزىي رايونى ئورنىدا چۇشۇرمىگەن. شۇنداقلا قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئىككى دېڭىزدىن باشقا ئۆزى ئىگىلىگەن ئەمىلىي ماتېرىيال ئاساسىدا ھىندى ئوكيان، كاسپىي دېڭىز ۋە يەنە بىر ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدىكى دېڭىزنى خەرىتىگە چۇشۇرگەن.

دىمەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا سىزىلغان «دائىرە» خەرىتىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلاردا، ھەم خەرىتىنىڭ ئۆزىدە مۇسۇلمان جۇغراپىيىچىلەرنىڭ ئەسىرلىرىدىكى ئاسمان جىسىم ھادىسىللىرى،ئىقلىم بەلۋىغى نەزەرىيىسى ھەققىدىكى كونا قاراشلارنى تامامەن دىگۇدەك ئىشلىتىلمىگەن.

## » .2تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ جۇغراپىيە تەتقىقاتىدىكى رېئال ئەھمىيتى

»تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىيە ۋە ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، 1981-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىلىغا نەشر قىلىنغان ئىدى. بۇ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى2توملۇق « تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسىنى نەشر قىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈزكۆرۈشتۈردى. بۇ مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىنىڭ 1000 يىللىقىغا قىلىنغان قىممەتلىك سوۋغا ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ-مەدەنىيەت- سەھىيە مەھكىمىسىنىڭ 2008-يىلىنى «2008 مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئاتىغانلىقىنى تەبرىكلەش بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنى تەبرىكلەش ۋە مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000يىللىقىنى (1008-2008) خاتىرىلەش يۈزىسىدىن پايتەختىمىز بېيجىڭدا مەركىزىي مىللەتلەر ئۈنىۋېرسىتېتىدا كۆلىمى زور بولغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. ئارقىدىن قەشقەر، ئۈرۈمچىدىمۇ بۇ خىلدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى.

-2008يىلى 12-ئاينىڭ 15-كۈنى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتىدا يەنە 300دىن ئارتۇق ئالىم-مۇتەخەسسلەر قاتنىششى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. شۇنىڭدەك بۇ يىل يەنە تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە، ئىستامبول، رىزە شەھەرلىرىدە، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە، تۈركمەنىستاننىڭ ئاشخاباد شەھرىدە، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھرىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئېچىلدى. بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز ۋە دۇنيادا «تۈركىي تىللار دىۋانى» قىزغىنلىقى پەيدا بولدى. 2008-يىلىنىڭ ب د ت تەرىپىدىن «2008 مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئاتىلىشى دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتىشتا بىزنىڭمۇ ھەسسىمىزنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي تۈركشۇناسلىق ئىلمىنىڭ پىشۋاسى بولۇشتىن سىرت، بىز جۇغراپىيىچىلەرنىڭمۇ پىشۋايىمىز، شۇنداق ئىكەن بىز مۇشۇ«تۈركىي تىللار دىۋانى» قىزغىنلىقى سېپىدە كېتىۋاتقان قوشۇننىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا ھەقلىقمىز، ئەلۋەتتە. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تەتقىقات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تىلشۇناسلىق دائىرىسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا تەتقىقات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، جۇغراپىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتلار تېخى ئەسەر بىلەن تونۇشۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا. شۇ تونۇشۇش باسقۇچىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ جۇغراپىيىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرۇش يۈزىسىدىن يېزىلغان ماقالىلارنىڭ قوشۇمچىسى سۈپىتىدە بۇ ماقالىنى يازدۇق. بىز بۇنىڭدىن كېيىن، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ ئەسەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەي، ئۇنى جۇغراپىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ جۇغراپىيە ساھەسى بويىچە تەتقىق قىلىشىمىز ھەم ئۇنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى «تۈركىي تىللار دىۋانى» جۇغراپىيىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنى قىممەتلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئىتىدۇ. شىنجاڭ جۇغراپىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**» (1) -2تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ جۇغراپىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتىدۇ**

جۇغراپىيە تەتقىقاتى يولىدا مەھمۇد كاشغەرىي روھى بىزنىڭ ئۈگۈنۈش ئۈلگىمىز بولۇپ قالىدۇ.

»تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسكلوپېدىيىلىك ئەسەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، شىنجاڭ جۇغراپىيىسىنىڭ تەرەققىياتىنى بىر قۇر ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. رايونىمىزدا جۇغراپىيە تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئالىي مەكتەپلەردىكى جۇغراپىيە فاكولتېتلىرى دۆلەتنىڭ پىلانىغا ماسلىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. بىزنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز، ئۇيغۇر جۇغراپىيىچىلىقى بۇ ساھەدە بەزى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكى تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنسانىيەتنىڭ ئاپىرىدىگاھلىرىدىن بولغان «شىنجاڭ» توغرىسىدا (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەرىتىلەر توپلىمىنىڭ ئىككى قېتىملىق نەشر قىلىنىشى بۇنىڭ سىرتىدا) ئۇيغۇر ئاپتورلار ئۆزى يازغان بىرەر پارچە چوڭ ھەجىملىك جۇغراپىيىلىك ئىلمىي ئەسەرنى ۋۇجۇتقا چىقارغىنىمىز يوق. يەنە كېلىپ بۇ ھەقتىكى بەزى مەلۇماتلارنى پەقەت چەت ئەل ئالىملىرى ۋە ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەت ئالىملىرىنىڭ ماقالە ـ ئەسەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئازغىنا ستاتىستىكىلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ پىششىقلىغىنىمىزنى ئويلىغىنىمىزدا، بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈرك ئەللىرىنى 15 يىل كېزىپ چىقىپ، بەش يىل ياقا يۇرتتا يەنى باغدادتا ئولتۇرۇپ يېزىپ چىققانلىقىنى ئويلىساق، ھېچ يەرگە بارماي تۇرۇپ، ئۆيدە ئولتۇرۇپلا ھەممە جاينىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولىدىغان مۇشۇنداق ئەۋزەل شارائىت ۋە ئۇچۇر دەۋرىدە تۇرۇپمۇ، شىنجاڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت پەخىرلەنگىدەك، كىشلەرگە سوۋغا قىلغۇدەك جۇغراپىيىلىك ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىدا ھۇجۇتقا چىقىرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن خىجىللىق ھىس قىلماتىمىز. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ جاپالىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، تەتقىق قىلىش، تەتقىقات نەتىجىسىنى ئىلمىي نەتىجىگە ئايلاندۇرۇشتەك ئېسىل روھىدىن ئۆگىنىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىش ئارقىلىق ئانا يۇرت جۇغراپىيىسىگە دائىر تەتقىقاتنى يېڭى باسقۇچقا كۆتىرىشىمىز، خىجالەت تۇيغۇسىنى شەرەپ تۇيغۇسىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

»تۈركىي تىللار دىۋانى» يەنە شىنجاڭ يەر نامىلىرى تەتقىقاتىنى ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەر نامىلىرى ـ جۇغراپىيىلىك ناملار كۆپۈنچە ئەھۋاللاردا تارىخىي جەريان بىلەن بەكرەك مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شىنجاڭنىڭ يەر نامىلىرىغا دائىر تەتقىقاتلار ئەگەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقۇرى بولىدۇ. « تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى 106 جۇغراپىيىلىك نامنىڭ 76سى شەھەر نامى بولۇپ، بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى تاشكەنت (شاش)كوساك، قەشقەر، يەركەند، كېرىيە، چەرچەن، كاسپىي دېڭىزى (بەھرى ئوبىسكۇن)، خارەزىم(خاۋەرەزىم)، ئامۇ دەريا(جەيھۇن)، تاراز(جامبۇل)،خوتەن قاتارلىق مەركىزىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا يەر نامىلىرىدىن باشقا، ئەتراپتىكى خوراسان،كەشمىر، ھىندىستان،

ماچىن(جۇڭگو)، ياپونىيە(جەپارقا) ۋە باشقا ناملار ھازىرغىچە ئۆز نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان جايلاردۇر. بىز يەر ناملىرى تەتقىقاتى جەريانىدا، دىيارىمىزدىكى يەر ناملىرىنىڭ نىمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، مەنىسى قاتارلىقلارنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئەسلى نامىنى، يەنى ئەزەلدىن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان نامىنى قوغدىشىمىز لازىم ئىدى. ئەپسۇس، ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلالمىدۇق. مەسىلەن،«دائىرە» دەپ ئاتالغان خەرىتە ۋە ھازىرمۇ يەركەند دەپ ئاتىلىۋاتقان جۇغراپىيىلىك نام يەنى يەركەند دەرياسى بەزى نوپۇزلۇق قەلەمكەشلەر، ئالايلۇق قۇربانجان ئابلىمىت، نىيازكېرىمى، فېڭ جىۋېن قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۇرۇپلا «زەرەپشان»غا ئايلاندۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بەزىلەر «زەرەپشان»نى چاي ماركىسى قىلسا، ۋە بەزىلەر رېستۇران، مېھمانخانا نامى قىلىۋاتىدۇ. بۇلار «زەرەپشان» دىگەن نامنى ماركا ئورنىدا ياكى بىرەر جاينىڭ نامى قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن بولمىغان يېرى ئۇلار «زەرەپشان» دىگەن نامنىڭ خەنزۇچە نامىنى) «叶尔羌河» يەركەن دەرياسى) دەپ ئېلىۋاتىدۇ، بۇنداق بولغاندا «زەرەپشان»دىگەن شۆزدىن «يەركەند» دىگەن مەنا چىقىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، دۆلەتلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆلچەپ-سىزىش ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلىنغان ئەڭ نوپۇزلۇق خەرىتىلەر توپلىمىنىڭ ئۇيغۇرچىسىدىمۇ يەركەن دەرياسى يەنى» ‹» «叶尔羌河زەرەپشان» قىلىۋېتىلگەن. مەسىلەن، جۇڭگو خەرىتە نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى بىرلىشىپ 2005-يىلى نەشر قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەرىتىلەر پوپلىمى»دا (بۇ يېڭى نەشر قىلىنغان خەنزۇچە ئاتلاستىن تەرجىمە قىلىنغان)،تارىختىن بېرى يەركەند دىگەن نام قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان ئەزىم دەريا ـ يەركەند دەرياسى«叶尔羌河»نى ئۇيغۇرچە ئىپادىلىگەندە خاتا ھالدا «زەرەپشان» دەپ ئالغان. يېقىندىن بېرى، بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ كۆرسىتىش ۋە ئاڭلىتىش پروگراممىلىرىدىمۇ «يەركەن دەرياسى»نى «زەرەپشان دەرياسى» دەپ ئاتايدىغان؛ بەزى ناخشا تېكستلىرىدە «زەرەپشان»نى «يەركەند» دەرياسىنىڭ ئورنىغا قويىدىغان ئەھۋاللار پات-پات كۆرۈلمەكتە. بۇ خاتالىقلار بولۇپمۇ، ئاتلاستىكى خاتالىق چوقۇم تۈزىتىلىشى لازىم. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئاتلاسنى نەشر قىلىشنىڭ ئالدىدىكى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشقان جەمئىيەتتە مەلۇم تەسىرى بار، نوپۇزلۇق ئەرباپلارنىڭ «يەركەند» بىلەن «زەرەپشان»نىڭ پەرقىنى بىلمەي تۇرۇپ خاتالىققا يول قويغانلىقىدۇر.

كېيىپ ئېيتىش كېرەككى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەسىدە «زەرەپشان» دىگەن دەريا يوق. «زەرەپشان» دىگەن نامغا ئامراق كىشلەرنىڭ «زەرەپشان»نىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشى ئۈچۈن، تۆۋەندىكى «زەرەپشان»لارنى قوشۇمچە قىلدۇق.

(1)زەرەپشان- ئۆزبېكىستاننىڭ بۇخارا ۋىلايىتىگە جايلاشقان شەھەر بولۇپ، ئۆزبېكىستان ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنىڭ مەركىزى

(2)زەرەپشان- تاجىكىستان بىلەن ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى شەرقتە تۈركىستان تاغ

تىزمىسى، ئالاتاۋ تىزمىسى ۋە زەرەپشان تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۇتاشقان ئېگىز جايىدىن باشلىنىپ غەرپكە قاراپ ئېقىپ، سەمەرقەنت، بۇخارا ۋىلايەتلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ نامى، ئۇزۇنلۇقى 781 kmدىن ئاشىدۇ. سەمەرقەنت، بۇخارا، كاتتا قورغان، ناۋايى، كاگان قاتارلىق شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(3)زەرەپشان ـ تاجىكىستان بىلەن ئۆزبېكىستان تېررىتورىيىسىدىكى تاغ تىزمىسى.

(4)زەرەپشان ـ ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى سەمەرقەند شەھرىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئۇدۇل كېلىدىغان تەبىئىي قوغدىلىدىغان هايۋانات باغچىسى.

(5)زەرەپشان ـ تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ياغناپ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بىر كىچىك يېزا.

)زەرەپشان دەرياسىنىڭ تەپسىلاتىنى مۇشۇ سان ژۇرنالىنىڭ 204 ـ بېتىدە ئايرىم مەلۇمات قىلىپ بەردۇق. تەھرىردىن)(ئاخىرىغا قوشۇمچە قىلىپ يوللاپ قويغۇم(.

يەركەن دەريىسى تارىم دەرياسىنىڭ ئۈچ چوڭ مەنبە ئېقىنلىرىنىڭ بىرى سانىلىدۇ، ئۇ قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي يانباغرىدىكى رەسكەم دائىرىسىدىن باشلىنىدۇ. دەريا باش ئېقىنىدا كۆلچىن دەرياسى بىلەن تاشقورغان دەرياسىدىن ئىبارەت ئىككى تارماق ئېقىنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللىنىدۇ. يەكەن، پوسكام، مەكىت، مارالبېشى ناھىيىلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەنبەدىن تاكى شورچاقتىدا تارىم دەرياسىغا قۇيۇلغىچە بولغان دەريا ئۇزۇنلۇقى 1165 كىلومېتىر، دەريا ساھىلىنىڭ كۆلىمى 96500 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

## » (2) ـ2تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى يەنە جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ

ئۇيغۇرچە جۇغراپىيە قوللانمىلىرىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئاتالغۇلارنىڭ ئىچىدە چەتتىن كىرگەن ئاتالغۇلار كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، بەزى چەتتىن كىرگەن ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئۆز تىلىمىزنىڭ ئىچىدىن ئىزدەپ ئات قويساق تامامەن بولىدىغانلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى سۆزلەردىن ئىزدىسەك بولامدۇ ـ يوق؟ بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇرۇن بىزنىڭ تىلىمىزدىكى «يار»، «ياردائى»، «توقاي»، «تاقىر»(تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ئىستىمال مەنىلىرى تېتىر،تېقىر)، «قۇرۇم»، «قىر»(خاقاسلار خىر دەيدۇ)، «مىئاندىر»، «تايغا»، «تەڭگە»، «بازار»، «كارىز» قاتارلىق گېئومورفولوگىيىلىك ۋە ئىقتىسادىي جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار روس تىلىغا، بۇ ئارقىلىق ئېنگىلىز تىلىغا، بەزىلىرى ھەتتا خەنزۇ تىلىغا سىڭىپ كىرگەن. مەسىلەن، جوڭگو شىنجاڭ ئالتاي رايونىغا يېقىن بىر چېگرا رايونى بولۇپ، كىراسنويار، دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدا «يار» سۆزى بىر دەريا جىلغىسى ئورنىدا قوللىنىلغان. تايغا ئەسلى تۈركىي خەلقلەردىن تۇۋالار ياشايدىغان جايدا يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان ئۆسىدىغان

جايلارنى كۆرستەتتى. (ئالتاي تۈرك تىل سىستىمىسىغا كىرىدىغان موڭغۇللاردىمۇ تايغا دەيدۇ)، روسلار بۇ زىمىنغا كەلگەندىن كېيىن، يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان بار رايوننى ۋە شۇ خىل ئۆسۈملۈك بەلۋىغنى يىڭنە يوپۇرماقلىق ئورمان رايونى ياكى بەلۋىغى دىگەن مەنادا «تايگا» دەپ ئاتىغان. چۈنكى روسلاردا «غ» ھەرپى بولمىغاچقا، ئۇنى «گ» ھەرپى بىلەن ئىپادىلىگەن، كېيىن بۇنى ئېنگىلىزلارمۇ «تايگا» پېتى قوبۇل قىلغان. خەنزۇلارمۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە تەيجا ئورمىنى (泰加林)دەپ قوبۇل قىلغان. يەنە روس ۋە خەنزۇلار «توقاي» دېگەن سۆزنى ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «توگاي» دەپ قوبۇل قىلغان. چۈنكى چۆللەردىن ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئورمان مەنزىرىسى روس ۋە خەنزۇ رايونلىرىدا ئۇچرىمايتتى. شۇڭا، ئۆز پېتى قوللانغان.«تاقىر» سۆزى روسچە ماتېرىياللاردا ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «تاكىر» دەپ قوللىنىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل مەنزىرە ياۋروپادىكى روس رايونلىرىدا بولمىغاچقا، روسلار ئۆزلىرىنىڭ گېئومورفولوگىيە ئىلمىگە دائىر ماتېرىياللىرىدا شۇ پېتى قوللانغان. گېئومورفولوگىيە ئىلمىدە يىلاننىڭ مېڭىشىغا ئوخشايدىغان، غەرپكە، جەنۇپقا،شىمالغا بۇرۇلۇپ ئاقىدىغان دەريا ئېقىننى مېئاندىر شەكلىدىكى دەريا دەيدۇ. بۇمۇ بۇرۇنقى مېئاندىر تالالارنىڭ يۇرتىدىكى مېئاندىر (مىئاندىرىس) دەرياسىنىڭ نامى، بۇ دەريا دەل شۇنداق ئاقىدۇ. «تەڭگە» بۇرۇنقى پۇل نامى بولۇپ، روسلاردا ئەينى زاماندا تېخى پۇل نامى بولمىغانلىقتىن، دەسلەپ بۇ ئاتالمىنى پۇلنىڭ نامى قىلىپ، ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «دېنگى» دەپ قوبۇل قىلغان (ھازىر قازاقىستاندا پۇلنى تەڭگە دەپ ئاتايدۇ.(

دېمەكچى بولغىنىمىز، بىزنىڭ تىلىمىزدا بەزى جۇغراپىيىلىكناملار بۇرۇنلا قويۇلغان. باشقا تىللاردىن ئاتالغۇ قوبۇل قىلىش نورمال ئىش، لېكىن، تېپىلسا ئىلاجى بار ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىل بايلىقىدىن قېزىپ چىقىپ، شۇ ئاتالغۇغا ۋارىسلىق قىلغان ياخشى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتى دەل بۇ جەھەتتە بىزگە يېقىندىن ياردەم بېرەلەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش بىزنىڭ مۇناسىپ بۇرچىمىزدۇر. شۇڭا بىز، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر ئارىسىدىكى سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى سانىلىدىغان، شۇنداقلا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە جۇغراپىيىلىك جايلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە بىۋاستە ماتىرىيال سۇپىتىدە مەلۇمات بېرىدىغان ئېنسكلوپېدىيىلىك قامۇس ـ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلانساق، ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك قىممىتىنى بۈگۈن ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرالايمىز.















مەنبە: قۇرغاق رايونلار جۇغراپىيىسى 2008-يىللىق4-سان.

قوشۇمچە:

»زەرەپشان« ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات

زەرەپشان (پارس-تاجىكچە زەر- ئالتۇن، ئافشان-چاچقۇچى-چاچار) تاجىكىستان ۋە ئۆزبېكىستاندىكى دەريا. تارىخىي مەنبەئەلەردە پولىتىمېت،نومىق، رۇدى مۇساف، ھاراكوم، رۇدى شارىق ياكى رۇدى ژارق(چورق)، سومژان، ۋادىي ئۇسسۇفد، ناھىر ئۇل-بۇخارا،دەريائىي كۆھەك قاتارلىق ناملار بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. 18-ئەسىردىن باشلاپ ئاندىن زەرەپشان دەپ ئاتالغان. دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى 781 كىلومېتىر، دەريا باسسېينىسىنىڭ (ھەۋزىنىڭ) مەيدانى 41مىڭ 860 كۋادرات كىلومېتىر. ھەۋزىنىڭ تاغلىق قىسمىنىڭ مەيدانى 17مىڭ 710 كۋادرات كىلومېتىر. زەرەپشان دەرياسى تۈركىستان، زەرەفشان ۋە ئالاي تاغلىرى تۇتاشقان جاي-ماستچوھ(كۆكسۇ) تاغ تۆگىنىدىكى مۇزلۇقتىن ماستچوھ دەرياسى نامى بىلەن باشلىنىدۇ. 200 كىلومېتىرچە ئاققاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا فاند دەرياسى قوشۇلۇپ زەرەفشان دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە 100كىلومېتىرچە ئاققاندىن كېيىن، تاجىكىستان تەۋەسىدىن چىقىپ ئۆزبېكىستاننىڭ سەمەرقەند ۋە بۇخارا ۋىلايەتلىرىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. سەمەرقەند، كاتتا قورغان، ناۋائىي ۋە بۇخارا، كاگان قاتارلىق شەھەرلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەدىمكى زاماندا زەرەفشان سۈيى ئامۇ دەرياغا قۇيۇلغان دېگەن پىكىرلەرمۇ بولغان، لېكىن، كونا تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ھەقتە ئېنىق مەلۇماتلار يوق ئىدى. مەسىلەن ئالېكساندىر ماكېدونسكىنىڭ تارىخچىسى كۇئىنت كۇرتسىي رۇف ۋە يۇنان جۇغراپىيىچىسى سترابون (مىلاددىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىر) پولىتىمېت (زەرەپشان) قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ دەپ يېزىشقان، بىراق ھافىز ئابدۇئابى كۆھەك(زەرەفشان) سۈيى ئامۇ دەرياغا يېتىپ بارىدۇ، دەيدۇ. يا.ف.غۇلاموۋ زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئامۇ دەرياسىغا قۇيۇلغانلىقى توغرىسىدىكى ئىزلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىغان.

زەرەفشان-ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇخارا ۋىلايىتىدىكى شەھەر بولۇپ، بۇخار شەھرىدىن 200كىلومېتىرچە شىمالغا جايلاشقان. قىزىلقۇم چۆللىكىنىڭ مەركىزىي قىسمىدا، تامدى تېغىنىڭ غەربىي يانباغرىدا، مۇرۇنتاۋ ئالتۇن كېنىنىڭ ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ، 1967-يىلى شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان. ھازىر ئۆزبېكىستاننىڭ ئالتۇن قېزىپ چىقىرىش سانائىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ھېسابلىنىدۇ.

»)ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيىسى«دىن ئېلىپ جۇغلاندى(

»

# 21-«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىناكارلىققا ئائىت سۆزلەر توغرىسىدا

قىسقىچە مەزمۇنى: مەن بۇ ماقالەمدە ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت بايلىقلىرىدىن بىرى بولغان بىناكارلىق ( تۇرالغۇ ئۆي) ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇچرايدىغان سۆزلەر توغرىسىدا ھەمدە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ساقلىنىپ قالغان سۆزلىرى توغرىسىدا نۇقتىلىق توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

摘要：建筑是每个民族的传统文化的重要精髓之一。在此文章，我主要解释维吾尔族传统文化中的建筑文化和“突厥语大词典”出现的有关建筑的词及这些词在现代维吾尔语中的使用，词义和语音的演变。

ئاچقۇچلۇق سۆز: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇر، بىناكارلىق، مەھمۇد كاشغەرىي

بىناكارلىق بىر خىل پەن-تېخنىكا سەرمەرىسى بولۇپلا قالماي، يەنە ئالاھىدە بىر سەنئەتتۇر. ئۇ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يارىتىلغان ماددىي مەدەنىيەت بولۇپ، ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولۇش ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىي ھېساپلىنىدۇ. سەنئەت نۇقتىسىدىن، بىناكارلىق سەنئىتى ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بىر خىل سەنئەت تۈرىدۇر. مىللىي خاسلىق ئىنسانلارنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرىدىكى روھىي ھالىتى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ھەمدە تۇرمۇش ئۇسۇلى، دەۋرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا ئۇنىڭ تەرەققىياتى پەن-تېخنىكا، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ بىر قىسمى ئەينى ۋاقىتتا تېخىچە كۆچمەن ھالەتتە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئاساسىي قىسمى شەھەر، ناھىيە ۋە يېزىلارادا ماكانلىشىپ، ئۆيلەردە ئولتۇراتتى. كۆچمەنلەر بولسا خېلى زاماندىن بېرى مەلۇم بولغىنىدەك ئۆي ئورنىدا چېدىر ئىشلىتەتتى. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارمۇ ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا باشقا مىللەتلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خىلى كۆپ مەدەنىيەت مۇۋاپپىقىيەتلىرىنى ياراتقان بولۇپ، بىناكارلىق، ئۆي-ئىمارەت ۋە

هويلا-ئارام مەدەنىيتى دەل شۇلارنىڭ نامەيەندىلىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلقىمىزنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى چەللىدىن كەيىگە، ئوت-سۇ قوغلىشىپ ياشايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى جەريانىدىكى چىدىر تىكىپ ئولتۇرىدىغان ھالەتتىن كىيىنچە مەلۇم گېئومېترىيىلىك شەكىلگە ئىگە كىمىر ئۆيلەردە، ئىسلام دىنىنىي قوبۇل قىلغاندىن كىيىن قويۇق ئۇيغۇر-ئىسلام مەدەنىيتى تۇسنى ئالغان ئۆزگە خاس نەقىشلەنگەن، ئارام-بەخش ۋە كۆركەم ئۆيلەردە ئولتۇرۇشقا تەرەققىي قىلغان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقى چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تۈركىي مىللەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق رايونىدا دۆلەت قۇرۇشتەك بىر يېڭىلىقنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە باشقا قوشۇمچە كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا، مول ئىشلەپچىقىرىش-تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، چەكسىز كەتكەن يايلاق ۋە بوستانلىقلاردا ئۆزىنىڭ ھاياتى كۈچىنى نامايەن قىلدى. 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەن-تېخنىكىسى ھۈنەر-سەنئەت جەھەتتىلا راۋاجلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۇيغۇر ئولتۇراق ئۆي ئىشلىرىدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان ئىسىل مەدەنىيەت مىراسىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيتىنى شەكىللەندۇردى. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەۋجۇتلىقىمۇ خۇددى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيتى بىلەن نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك قامۇسى « تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم سۆز-جۈملىلەرنى 11-ئەسىردىكى پۈتۈن تۈركىي مىللەتلىرى مەدەنىيتىنىڭ كاتتا سىموۋولى بولۇپلا قالماي، ھەقىقىي تۈردە ئەينى زاماندا تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر جەمئىيتىنى مەركەزلىك ھالدا گەۋدىلەندۇرۇپ بەرگەن. چۈنكى (1) ئۇ ئۆز ئەسىرىدە بايان قىلغاندەك، ئۆزى تۇغۇلۇلغان زېمىندىن ئۆسۈپ يېتىلىپ، 11-ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋرەئۇننەھرگىچە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىيلار خانلىقى جەمەتىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ۋە جامائەت ئەربابى بولغانلىقى. (2)ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تەربىيلىنىشى ئەتراپلىق بولغاچقا بىلىمىنىڭ موللۇقى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر توپلاشقان رايونلاردا 15 يىل كېزىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيتى، تىلى قاتارلىقلار جەھەتتە ئونۇۋېرسال تەكشۈرۈپ تەتقىقات ئېلىپ بارغانلىقى بۇنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتى بولالايدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىي« تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قاراخانىيلار خاندانلىقى تەۋەسىدىكى كەڭ زېمىنلارنى، چوڭ شەھەرلەرنى خاتىرىلەپلا قالماستىن، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئىدىقۇت تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر شەھەر-يېزىلىرىنى كۆرسەتكەن. شۇ دەۋىردىن باشلاپلا شەھەرلىشىشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلارنى بىر پۈتۈن ھالەتتە چۈشىنىپ خاتىرىلەپ قالدۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي

ۋە مەنىۋي تۇرمۇشدا زور يۈكسىلىشلەر يۈز بېرىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەر سانائىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ ئاساسىي بولۇپ قىلىشى نەتىجىسىدە مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملاشتى. مانا مۇشۇنداق ئوبىيېكتىپ شارائىتتا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى جۈملىدىن تۇرالغۇ ئۆي، جامائەت قۇرۇلۇشلىرى، ئوردا-قەسىر ۋە شەھەر قۇرۇلۇشلىرى زامان ۋە ماكانغا خاس ھالدا يېڭىچە ئۇسلۇبتا تەرەققىي قىلدى. مەن تۆۋەندە قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار ياشىغان رايۇنلارنىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى تەرەققىياتلىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بىناكارلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆزلەر ئارقىلىق دەلىللەپ، ئۆز كۆزقاراشلىرىمنى بىر قانچە نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئولتۇراق جاي ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى خېلىلا كۆپ، ئەمما شۇنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇش كېرەككى، ئۇ باشقا مەسىلىلەرگە ئوخشاشلا ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىدىمۇ ئۆي ئىچىنىڭ قانداقلىقى ۋە ئۆينىڭ سېلىنىشى، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار، ئۆي جابدۇقلىرى توغرىسىدا بىزگە يېتەرلىك ماتېرىياللارنى كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇلارنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان بىناكارلىققا ئائىت سۆزلەر بىلەن بىر قانچە نۇقتىدىن تەپسىلىي تونۇشۇپ چىقايلى.

### 1. ئۆينىڭ سېلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشدا دېھقانچىلىق، قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە باشقا تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تېزلەشكەن. نەتىجىدە ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىمۇ بىناكارلىقتىكى بىر تۈر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغان. كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى ئادەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا ئولتۇراق ئۆي مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ مەنىۋي تۇرمۇشىنى قىسمەن كاپالەتلەندۈرگەن ھەممە كىگىزدىن تىكىلگەن چېدىر ئۆيلەردىن ياغاچ-تاش، ياغاچ-توپا قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرگە كۆچۈشى ئۇلارنىڭ ئىقسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالغان. ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردە تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ئالدى بىلەن تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ياسىلىش شەكلى، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە بېزىلىشىدە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن. يەنى دىۋاندا 11-ئەسىردە ئۆينىڭ «vä»(3) ـ «vü»(2) ـ «öv»(1) دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بېرىلگەن ھەممە بۇ سۆزكۆپ جايلاردا «vä» دەپ ئېلىنغانلىقى مەلۇم «vä» .بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرتىلىدا بار سۆز بولۇپ، بىز ھازىر قوللىنىۋاتقان « ئۆي» سۆزى بىلەن تەڭداش كېلىدۇ. گەرچە بۇ سۆزدە تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇم ۋە مەنە دائىرىسى يەنى لېكسكىلىق مەنىسى ئۆزگەرمىگەن. بۇ سۆز ھازىرقى زامان تۈركىيە تۈركچىسىدە «vä» شەكلىدە ھازىرمۇ

قولنىلۋاتىدۇ .

ئۆيلەرنىڭ سېلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارغا كەلسەك، ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇل قېزىلىشى كېرەك. دىۋانىدا ئۆينىڭ ئۇلىنىڭ ـ ul » ئۇل ~ هۇل Tam ulï .تامنىڭ ئۇلى»(1 ـ توم 67.بەت) بۇنىڭدىن ئەينى دەۋىردىن باشلاپلا ئەمگەكچان ئىجاتچان ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئۆينىڭ مۇستەهكەم، چىداشلىق بولۇشىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ سۆز هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا هېچقانداق لېكسىكىلىق ۋە ياكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش هاسىل قىلماي شۇ پېتى ساقلىنىپ قوللىنىلۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دىۋانىدا ئۆينىڭ ئۇلى ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ـ tüp » تۈپ. تامنىڭ تۈپى» (3 ـ توم104.بەت) سۆزىمۇ بېرىلگەن. بۇ سۆزنى قۇرۇلما جەهەتتىن تەهلىل قىلساق هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا لېكسىكىلىق ئۆزگىرىش هاسىل قىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا « تۈپ » كەلىمىسى ئۆينىڭ ئۇلىنى ئەمەس بەلكى بىر مىقدار سۆز سۈپىتىدە يەنى «بىر تۈپ دەرەخ» دېگەندەك شەكىللەردە ئۇچرايدۇ. يەنە « بۇ دەرەخنىڭ تۈپ چوڭ ئىكەن» دېگەندەك جۈملىلەر ئارقىلىق دەرەخنىڭ ئاساسىي غولىنىڭ چوڭلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، لىكىن بۇنىڭدىن يەنە شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ سۆزنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى ئۆزگەرگەن بىلەن يەنىلا شۇ نەرسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ. ئۇل قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇل ئۈستىگە قۇرۇلغان تام هازىرقىدەكلا ـ tam» تام»(1 ـ توم83.بەت) دەپ يېزىلغان بولۇپ، هېچقانداق فونېتىكىلىق هەم لېكسىكىلىق ئۆزگىرىش هاسىل قىلنماي ساقلىنىپ قالغان. دىۋاندىن يەنە شۇنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، 11 ـ ئەسىردە تام قوپۇرۇش ۋە ئۆي سېلىشنى بولسا ئوخشاش بىر پېئىل ـ turɣurmaq » تۇرغۇرماق» (3 ـ توم 40.بەت) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ سۆزنىڭ قۇرۇلمىسىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش بولغان، يەنى مېنىڭچە «غ ـ ز»غا ئۆزگەرگەن، بۇنى هازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى« تۇرغۇزماق» سۆزى بىلەن تەڭ كېلىدۇ دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. ئەمما لېكسىكىلىق قوللىنىش جەهەتتە گەرچە بىر قىسىم جايلاردا «تام قوپۇرۇش ۋە ئۆي سېلىش» دەپ ئايرىم ـ ئايرىم ئىپادىلەنسىمۇ لېكىن كۆپ ۋاقىتلاردا «سېلىش»تىن ئىبارەت بىر پېئىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «دىۋان» دا يەنە ـ Suni » زەگۈندە» (3 ـ توم 325 .بەت) تامنىڭ ياكى تاختاينىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان توغرا ياغاچ دەپ ئىزاهلانغان، بۇنىڭدىن ئۆينىڭ تىمىنىڭ مۇستەهكەملىكىگە ئالاهىدە ئەهمىيەت بېرىلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۆينىڭ تاملىرىنى قوپۇرۇشتا ئىشلەتكەن ماتېرىيال توغرىسىدا ـ kärpič» كېسەك» (1 ـ توم535.بەت(، ـ pišiɣ kärpič »پىششىق كېسەك. » (1 ـ توم73بەت) دېگەن سۆزلەردىن تاشتىن باشقا كېسەك بىلەن خىش ئىشلىتىدىغانلىقى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېسەكتىن ئۆي ياساشنى قەدىمدىن تارتىپ بىلىدىغانلىقى مەلۇم. يەنە دىۋانىدا « ئۇلار كېسەكلەرنى ئوتتا پىشۇرۇش بىلەن خىش قىلىپ چىقراتتى ۋە بۇنى، پىششىق كەرپىچ دەپ ئاتايتتى» دەپ يېزىلغان kärpič ». ـ kipiكېسەك كىپى» (1 ـ توم499.بەت) دېگەن سۆزدىن شۇ دەۋرلەردىنلا كېسەك بىلەن خىش قويۇشتا

هازىرقىدەكلا ئالاھىدە قېلىپلارنى ئىشلىتىدىغانلىقنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردىكى «kärpič-كېسەك» سۆزى ھازىرقىسى بىلەن پەرقلىنىدۇ، يەنى ئىستىمالدىن قىلىپ قالغان pišiγ » . پىششىق كېسەك. » كەلىمىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدىكى «خىش (پىششىق خىش)» سۆزى kärpič- بىلەن تەڭداش كېلىدۇ-kärpič kipi »» .كېسەك كىپى» كەلىمىسىدىكى kipi-» كىپى» سۆزىنى ھازىرقى ئىستىمالىمىزدىكى «قېلىپ» سۆزى بىلەن تەڭداش كېلىدۇ، يەنى «ل» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن تەھلىل قىلساق بۇ ئىستىمالىمىزدىكى «قېپى» سۆزى بىلەن تەڭداش بولىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر مۇشۇنداق بولسا بۇ سۆزدە يەنە لېكسىكىلىق ئۆزگىرىشمۇ ھاسىل بولغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۆينىڭ تېمىنى تۇرغۇزۇشتا يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە rŋäkü- » ئۇرگەك. بىر خىل ھاك ئارلاشمىسى» (3-توم368.بەت) دەپ ئاتىلىدىغان ھاك كۆپرەك مەسچىت، قەلئە-ساراي ۋە باشقا قۇرۇلۇشلاردىمۇ ئىشلىتىلگەن بولىشىمۇ مۇمكىن. يەنە- Liyü » لاي، سىغىز لاي، قۇرىغاندا تاراڭ-تۇرۇڭ قىلىپ تۇرىدىغان لاي» (3-توم 327.بەت) سۆزى ھازىر ئىستىمالىمىزدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان ، بۇ ئارقىلىق ئۆي سۇۋاشتا لاي ئىشلىتىدىغانلىقنىمۇ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. «دىۋان» دا يەنە « -سازىنچى تاشى. گەج تېشى،گەج» (3-توم346.بەت) دېگەن سۆز بېرىلگەن، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا سۇۋاقچىلىقتا لاي ۋە ھاك ئىشلەتكەندىن سىرت يەنە گەجمۇ ئىشلەتكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ » . Suvaldï-سۇۋالدى » (2-توم 174.بەت) بۇ سۆزمۇ شۇ دەۋردىلا تامنىڭ سىلىق، كۆركەم بولۇشى ئۈچۈن تامنىڭ سۇۋىلىدىغانلىقنى ئىسپاتلاپ بىرەلەيدۇ، بۇ سۆز ھېچقانداق لېكسىكىلىق ۋە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىغان، ھازىرمۇ ئۆينى سۇۋاشتىن باشقا يەنە بىر قىسىم جايلاردا ئۆينى ئاقلاش مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىۋاتىلىدۇ. «دىۋان» دا يەنە - salï» سالى. تامنى سۇۋىغاندا ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب، ئەندۇۋا»(1-توم627.بەت) تىلغا ئېلىنغان. تام قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئۈستى يېپىلىشى كېرەك. دىۋاندا بېرىلگەن - Yïγač » ياغاچ، دەرەخ.» (3-توم 9.بەت) كەلىمىسىدىن ئۆيلەرنى يېپىشتا كۆپىنچە ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشلىتىلىدىغانلىقنى مۇقەررەر بېلىشكە بولىدۇ ھەم بۇ «ï»تاۋۇشى «a» غا ئۆزگىرىپ ھازىرقى ئىستىمالىمىزدىكى «ياغاچ» سۆزىنىڭ مەنبەسى بولغان، ئەمما كۆرستىدىغان مەنىسى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمى ئۆزگەرمىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي بەرگەن ئىزاھاتتىن مەلۇم بولىشىچە ئۆيلەنىڭ ئۈستى توپا لاي بىلەن ياكى ياغاچلار بىلەن يېپىلغان. توپا ئۆگزىنى بەزى ئەللەر rtmänö- » ئۆرتمەن. توپا بىلەن يېپىلغان ئۆگزە » (1-توم495.بەت )، بەزى ئەللەر kötü- »كۆتۈ. ئۆگزە » (1-توم 573.بەت) دەپ ئاتايدىغانلىقنى بېلىشكە بولىدۇ، لېكىن ھازىر بۇ سۆزلەر ئىستىمالدىن قىلىپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۆينىڭ ئۈستىنى tarus- » تارۇس. تامنىڭ تورۇسى »)2-توم 517.بەت) دەپ ئاتىغان، بۇ سۆزدە فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش پەيدا بولغان، لېكىن لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتە شۇ ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش قوللىنىلىۋاتىدۇ. دىۋاندا يەنە-Tüŋlük » تۈڭلۈك» (3-توم 532.بەت) سۆزىمۇ تىلغا ئېلىنغان، بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھاسىل

قىلمايلا ساقلىنىپ قالغان - irpädi «.تىلىندى، ھەرىلەندى - yïγač irpädi .ياغاچ تىلىندى.» (1-توم 324.بەت(، -Irpätti «تىلدۇردى -ol yïγač irpätti .ئۇ ياغاچ تىلدۇردى.» (1-توم 344.بەت(، -Irpädi «ھەرىلدى -ol yïγač irpädi .ئۇ ياغاچ ھەرىلدى.» (1-توم 344.بەت) قاتارلىق پېئىللار بېرىلگەن، بۇ پېئىللار گەرچە ھازىر ئىستىمالدىن قىلىپ، ئورنىغا باشقا سۆزلەر قوللىنىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆيىنى يېپىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تېخنىكىلارنىڭ ھازىرقىدىن قىلىشمايدىغانلىقنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. -Suruqluq yïγač « .تۆۋرۈكلۈك ياغاچ» (1-توم 657.بەت) دەپ بېرىلگەن، بۇ سۆزدە تاۋۇش ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇ چاغلاردىمۇ ئۆيلەر كەڭ سېلىنسا، ئۆگزىنىڭ مۇستەھكەملىكى ئۈچۈن تۆۋرۈك قويۇلىدىغانلىقنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. دىۋاندا يەنە لىمنى - arquq « ئارقۇق»(1-توم137.بەت) دەپ ئالغان، ئۈستىگە لىم قويۇش ئۈچۈن تىك تۇرغۇزۇلغان تىرەكنى-1) «oγulmuq» توم502.بەت)، لىملارنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان ئىنچىكە ياغاچلارنى-3) « suni » توم326.بەت) دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم، بۇ سۆزلەر ھازىر ئىستىمالدىن قىلىپ، ئورنىغا باشقا يېڭى ئاتالغۇلار ۋە ياكى باشقا سۆزلەر ياسىلىپ قوللىنىلىۋاتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي - äv oqï «ئەۋ ئوقى»(3-توم201.بەت) دىگەن سۆزنى ئۆگزىلەرنى ياپقاندا توغرىسىغا ياغاچلار قويۇلاتتى ۋە بۇلار « äv oqï » ياكى ئاددىيلا قىلىپ «oq » دەپ ئاتىلاتتى دەپ ئىزاھلىغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆگزىسىگە ئۇزۇن ياغاچلار قويۇپ يېپىلغان چوڭ ئۆيلەردە ئولتۇرغان. شۈبھىسىزكى؛ كۆپ سانلىقلارنىڭ ئۆگزىسى توپا-لاي بىلەن يېپىلاتتى. بۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن تامچە ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىشتا ئىگىزدىكى قارلار تازىلىناتتى. بۇ ئىش شۇ زاماندىمۇ -qar kürümäk « قار كۈرۈمەك» (1-توم529.بەت) دەپ ئاتالغان، دىۋانىمۇ بىرىنىڭ قار كۈرۈگەنلىكى(1-توم615.بەت) تىلغا ئېلىنىدۇ. قار كۈرەشنى يەنە -qar sïdïrmaq «قار سىدىرماق. قار سىيرىماق» (1-توم432.بەت ) دەپمۇ ئاتايدىغانلىقى مەلۇم. ھەر ئىككى خىل ئاتالغۇ ھازىرقى تۈرك تىلىدا ئەينەن ئىشلىتىلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا قار سىيرىش ۋە قار كۈرەشتە ياردەملەشكەنلىك ھەققىدە سۆزلەنگەنلىكىگە قاراپ، بۇ ئىش خېلى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقنى، شۇنداقلا قار كۈرەش ۋە قار تازلاشتا ياردەملىشىش 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىشلىق تۇرمۇشىدىكى كۆڭۈللۈك ئەمگەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

11- ئەسىردە ئۆينىڭ دەرۋازىسىنىڭ ھازىرقى تۈرك تىلىدىكى« » سۆزىدىن سەل پەرقلىق ھالدا -qapuγ «قاپۇغ. قاپقاق،دەرۋازا»(3-توم313.بەت)، ئۆينىڭ ئىشىكى بولسا -kïšä « ئەشك. ئىشك». ئىشك ۋە بوسۇغا قىلىنىدىغان ياغاچنى -čäšïklïk yïγa « ئەشكلىك يىغاچ. ئىشكلىك ياغاچ» (1-توم615.بەت ) دىگەنلىكى مەلۇم. دەرۋازا قاناتلىرى بىلەن تامنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپىنچە -tiräk «تىرەك» (1-توم612.بەت) ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم، دەرۋازىنىڭ يان ياغاچلىرى -qapuγ yaŋaqï «قاپۇغ ياڭاقى» (3-توم587.بەت ) دېيىلگەنلىكى مەلۇم. يەنە «

-Tüŋlükتۆڭلۈك » (3-توم 532.بەت) دېگەن سۆزنى «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدە بەسىم ئاتالاي « مورا،پەنجىرە» ( ت: 2-توم 246.بەت. ئۇ: 2-توم359.بەت) دەپ تەرجىمە قىلغان. ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئەرەبچىسى «الكوق»(1-توم424.بەت) دەپ يېزىلغىدىن بولۇپ، بۇ كۆپرەك تامدىكى تۆشۈك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ «Tüŋlük» دېگەن سۆزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىدا لېكسىكىلىق مەنىسى ئۆزگەرگەن دەپ قاراپ، بۇنى «پەنجىرە» دەپلا چۈشىنىشكە بولغىدەك. بىراق شۇنداقتىمۇ « Tüŋlük »دېگەن سۆز «مورا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىشىمۇ مۇمكىن.چۈنكى ئۇلار ئۆيىنى ئىسسىتىش ۋە تاماق ئېتىش ئۈچۈن- očaq» ئوچاق» (3-توم214.بەت) سالغان. بۇ ئوچاقلارنىڭ ئەلۋەتتە مورىسى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر شەرقىي ئاناتولىيىدە پەنجىرىنى «مورا» دېگەن مەنىدە قوللىنىۋېتىپتۇ. كىچىك يېزا، مەھەللىلەردە ئۆيىنىڭ پەنجىرىلىرىنى مورىغا ئوخشاش ئۆگزىدىن چىقىرىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دېگەن بولسا كېرەك دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئۆگزىدىن ئېچىلىدۇ دەپ قارالسا، بۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىلەن ئوخشاش «تۆڭلۈك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىشىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. « دىۋان» دىكى- očaq» ئوچاق» (3-توم214.بەت) سۆزى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئەينى پېتى ساقلىنىپ قالغان. يەنە -očaqlïq yïr » ئوچاقلىق يەر. ئوچاق سالىدىغان يەر» (3-توم506.بەت( ، - očaqlïq äv » ئوچاقلىق ئەۋ. ئوچىقى بار ئۆي» (3-توم193.بەت ) دەپ ئاتىلىدىغانلىقى بېرىلگەن، بۇ سۆزلەر مەيلى لېكسىكىلىق ۋە ياكى فونېتىكىلىق جەھەتتە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلماي ئىستىمالىمىزدىمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ -ïäv očaqland » ئەۋ ئوچاقلاندى. ئۆيگە ئوچاق سېلىندى، ئۆي- ئوچاقلىق بولدى »(1-توم658.بەت ) دېگەن سۆزلىرىگە قاراپ، بەزى ئۆيلەر سېلىنغاندا ئوچاق سېلىنماي كېيىن ئېھتىياجلىق بولغاندا سېلىنسا كېرەك دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يەنە «دىۋان» دىكى » -očaqlïq tïktïkئوچاقلىق تىتىك. ئوچاق سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سېغىز لاي» (2-توم506.بەت ) دەپ ئىزاھلىنىشىدىن مەلۇمكى، بەزى ئوچاقلارنىڭ تامىنىڭ ئىچىگە ياكى تامغا چاپلاپ سېلىنماستىن، ئۆيىنىڭ ھەرقانداق بىر چېتىگە لايدىن ياكى تونۇر شەكلىدە سېلىنىدىغانلىقىنى (1-توم535.بەت ) پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. «دىۋان» دا يەنە -köčürmä očaq » كۆچۈرمە ئوچاق. بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكىگىلى بولىدىغان ئوچاق» (1-توم488.بەت) دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن بۇ خىل ئوچاقلارنى كۆپىنچە يۆتكىگىلى بولىدىغان بولغاچقا كۆپرەك كۆچمەنلەر ئىشلەتسە كېرەك دەپ پەرەز قىلىمىز. «دىۋان» دا-Turpladï » ئەندىزىلىدى. بىر نەرسىنىڭ ئەندىزىسىنى ياكى ئۆلگىسىنى يارىتىش»(3-توم601.بەت) دېگەن بىر پېئىل تىلغا ئېلىنغان، بۇ سۆزدىن ئۆي سالغاندىمۇ ئىشىك، پەنجىرە، ئوچاق ۋە تۆڭلۈكلەرنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىن ئەندىزىسىنى سىزىپ، ئېھتىياجغا قاراپ پىلان بويىچە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. « دىۋان» دا-gmää » ئەگمە » (1-توم629.بەت) دېگەن سۆز بېرىلگەن، بۇنىڭدىن بەزى تۈرك ئەللىرىدە

ئۆيلەرنىڭ ئەگمە شەكىلدە سېلىنغانلىقىنى توغرىسىدا مولۇماتقا ئىگە بولالايمىز. يەنە بەزىلىرى « uyuγluq äv-ئۇيۇغلۇق ئەۋ» (1-توم505.بەت ) دەيدىغانلىقى مەلۇم. بۇ سۆزلەردىن كېمىر ئۆي سېلىش مەيلى تام قوپۇرۇش، مەيلى ئۆي ئىچىنى پىلانلاش جەھەتتە بولسۇن بىر خىل بىناكارلىق سەنئىتى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.لېكىن « دىۋان» دا قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ بار-يوقلۇقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بېرىلمىگەن .

### 2. ئۆي ئىچىنىڭ بۆلۈنىشى

»تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بىر يۈرۈش ئىچكىرى - تاشقىرى قىلىپ ياسالغان ۋە هويلا، باغ، گۈللۈك، چايخانا، قوتان، دەرۋازا، بالخانا، يازلىق دەم ئېلىش ئورنى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تىپىك هويلىلىق قۇرۇلۇش شەكلىنى ئالغان. مەھمۇد كاشغەرىي تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئىچكى تۈزۈلىشى جەھەتتىمۇ بىزگە نۇرغۇن يېتەرلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ « Törtkül äv - تۆرتگۈل ئەۋ. تۆت بۇرجەكلىك، تۆت چاسا ئۆي» (1-توم 176.بەت) دېگەن سۆزىنىڭ ئىزاھاتىغا ئاساسەن ئۆيلەرنىڭ 11-ئەسىردىمۇ هازىرقىغا ئوخشاش تۆت بۇرجەكلىك شەكىلدە سىلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۆي ئىچىنىڭ بۆلۈنىشىگە كەلسەك، «دىۋان» دا « bäčküm- بەچكۈم. سۇپا»( 3-توم193.بەت) دېگەن سۆز بېرىلگەن، بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتلاردىمۇ ئۆيلەرگە سۇپا سىلىنىدىغانلىقى مەلۇم ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان « Säkü-سۇكە. كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئۈستى يېپىق سۇپچاق.» (3-توم305.بەت) يەنە بىر سۆزمۇ تىلغا ئېلىنغان، بۇ سۆز هازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلىنىڭ خوتەن دىئالېكتىدا ساقلىنىپ قالغان.سۇپىنىڭ ئەتراپىدا باشقا خانىلار بولغان،بۇنداق ئۆيلەرنى بەزى تۈركىي خەلقلەر « - قالىما. بالىخانا» دېگەنلىكى مەلۇم. يەنە « - مۇندۇرە. توي بولغاندا كېلىن ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە بېزەلگەن ئۆي»(1-توم160.بەت) دېگەن سۆزدىن كېلىن ئولتۇرىدىغان ئۆينىڭ ياسىلىشىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. «دىۋان» دا qonuqluγ äv- » قونۇقلۇغ ئەۋ. قوناقلىق ئۆي» (1-توم544.بەت) ۋە kälišliγ bališliγ äv- » كەلىشلىغ-بالىشلىغ ئەۋ. كېلىشلىك-بېرىشلىق ئۆي»(1-توم642.بەت) دېگەن سۆزلەرنى مېھمانخانا دەپ چۈشەندۈرۈلىشىگە قاراپ، مېھمانلارغا ئاتاپ ئايرىم بىر خاس خانىسىنى ئايرىيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ناۋادا مېھمانلار ئۈچۈن ئايرىم بىر ئۆينى ئايرىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغاندىمۇ، هازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى مەخسۇس بىر ئۆينى مېھمانلارغا ئايرىيدىغانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. بۇ قاراشنى «دىۋان» دىكى قوناقلىق

ئۆي ۋە كېلىشلىك-بېرىشلىق ئۆي ھەققىدىكى بايانلارمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. 11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىدە دالان، كېلىن ئۆيى، مېھمانخانىدىن باشقا يەنە ئولتۇرىدىغان، ھېچبولمىغاندا ئۇخلايدىغان ئۆيلەرنىڭ بارلىقىنى «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان Yatïq »ياتاق. ياتىدىغان ۋە ئۇخلايدىغان جاي» (3-توم17.بەت) دېگەن سۆز ئارقىلىق ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ. يۇقىرىقىلاردىن باشقاAšlïq -» ئاشخانا. تاماق ئۆيى. » (1-توم 642.بەت) دىن ئاشخانا ئۈچۈنمۇ مەخسۇس بىر ئۆينىڭ ئاجرىتىلىدىغانلىقى مەلۇم. يەنە tarïγlïγ- » تارىغلىغ. ئامبار» (1-توم544.بەت) دېگەن سۆزنىڭ ئىزاھاتىدىن مەخسۇس بىر ئېغىز ئۆينىڭ قىشلىق ئاشلىقلىرىنى ساقلايدىغان ئامبار قىلىپ قوللىنىلىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىدە-umušluγč» چۇمۇشلۇق» (1-توم466.بەت) دەپ ئاتىلىدىغان ھاجەتخانىلارنىڭ بارلىقى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ھەققىدە پىكىر قىلىشىمىزغا يېتەرلىك ئاساس بولالايدۇ. قوشۇمچە ئۆيلەردىن Oγïl- » ئېغىل»(1- توم 656.بەت(، » otunluγ-ئوتۇنخانا»(1-توم620.بەت) ۋە-kömürlüg » كۆمۈرخانا» (1-توم 560.بەت) قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم كۆرستىپ بېرىلگەن. بۇ ئەھۋال تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆي سالغاندا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ھايۋانلىرىنى، نەرسە كېرەكلىرىنى قويىدىغان جاينىمۇ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا « دىۋان» دىكى qapuγluq äli- » قاپۇغ ئەلى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى بوش يەر»(1-توم534.بەت) دېگەن سۆز «ھويلا» دېگەننى ئىپادىلىگەن.

3.ئۆينىڭ بېزىلىشى

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ بولۇپمۇ تاملارنىڭ زىننەتلىنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان» دا ئۆي تاملىرىنى نەقىشلەشتە 11-ئەسىردىمۇ-bäzäk» بەزەك. بىزەك» (1-توم129.بەت) دەپ ئاتىلىدىغان، تامنى نەقىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ۋە-ašu » ئاشۇ. رۇشا،قىزىل رەڭلىك توپا»(3-توم7.بەت) دىن پايدىلىنىپ نەقىشلەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل بىزەك ۋە قىزىل توپا ئارقىلىق ئۆي بېزەش ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىمۇ قوللىنىلىپ كېلىنىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە Bäzädi- »بېزىدى ol . ävin bäzädi -ئۇ ئۆيىنى بېزىدى.» (3-توم360.بەت) ۋە Bäzäšdi- » بېزەشتى ol maŋa . bäzük bäzäšdi-ئۇ ماڭا بېزەك بېزىشىپ بەردى.» (2-توم 133.بەت) قاتارلىق پېئىللارنىڭ «دىۋان» دا ئۇچرىشىمۇ بېزەكچىلىك ئىشلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى تەرەققىياتىنى شەرھلەپ بېرىدۇ. ئۆي جاھازلىرىغا كەلسەك،ئۆيلەردىكى ئولتۇرىدىغان جايىنى bäčküm- » بەچكۈم. سۇپا»( 3-توم193.بەت(،-Säkü »سۇكە. كىشىلەر ئولتۇرىدىغان ئۇستى يېپىق سۇپىچاق.ئوغۇزچە»

شىن. « šïn-يەنە باشقا دىن (1-توم500.بەت) «سۇپا. كۆترۈم«kötrüm-،) 3-توم305.بەت(
چىگىلچە» (1-توم262.بەت) سۆزىمۇ تىلغا ئېلىنغان. «دىۋان» دا- tÖrä» تۆر، ئۆيىنىڭ تۆرى ïtörä .
تۆرگە چىقتى.» (3-توم 305. بەت) بۇ ئۆيىنىڭ ئەڭ مۇھىم يېرى ۋە باش ئورۇن دەپ yoqlad-
تەرىپلىنىدۇ، بۇنىڭدىن مېھمانلار ۋە باشقا ئەتىۋارلىق كىشىلەرنىڭ خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا ئۆيىنىڭ
تۆرىگە ئولتۇرغۇزىدىغانلىقى مەلۇم. ئۆيلەردە يەنە سايمان ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى قويىدىغان يەرنى «
يۈدرۈك»(1-توم682.بەت) دەپ ئاتىغان. بەزى ئۆيلەردە، بولۇپمۇ ئاشخانىلاردا ئۇستىگە yüdrük-
ئۆي جابدۇقلىرىنى قويىدىغان -särü » سەرۈ. تەكچە،تاختىبېشى» (1-توم516.بەت) دېگەن سۆزلەر
بېرىلگەن، بۇ خىل تەكچە چىقىرىش ئۇسۇلى ھازىرقى بىناكارلىق بېزەكچىلىك ئىشلىرىدىمۇ كەڭ
قوللىنىلىۋاتىدۇ. يەنە -tam kärimi » تام كەرىمى. تام ياپقۇچى» (1-توم578.بەت) دېگەن سۆزنىڭ
ئىزاھاتىدىن تاملارنى تۇپراقتا بېزەشتىن باشقا، تاملارغا نەقىشلىك پەردىلەر، چارشاپ ۋە گىلەملەرنىڭ
ئېسىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «دىۋان» دا Čäknädi »
-كەشتىلىدى -qïz cäkin cäknädi. قىز كەشتە كەشتىلىدى.»(3-توم412.بەت) دېگەن مىسال
بېرىلگەن، بۇنى بىر تەرەپتىن ئەينى ۋاقىتتىكى قول-ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ نامايەندىسى دېسەكمۇ، يەنا بىر
تەرەپتىن بەلكىم شۇ ۋاقىتلاردىكى خوتۇن- قىزلارنىڭمۇ ھازىرقىدەك ئۆيىنى بېزەش ئۈچۈن كەشتىلەرنى
تىكىپ تاملارغا ئاسقان بولۇشىمۇ مۇمكىن.
ئورۇن-كۆرپە ۋە ئۆيگە سېلىنىدىغان نەرسىلەرگە كەلسەك، - Käcä »كىگىز (ئوغۇزچە)»
(3-توم302.بەت) ۋە « -كۇۋۇز. يۇڭدىن توقۇلغان سېلىنچا، تۆشەك، گىلەم»(3-توم383.بەت)
سۆزلىرىدىن ماددىي شارائىتقا ئاساسەن، ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ شارائىتى ياخشىلىرى گىلەم
سالغان، ئانچە ياخشى ئەمەسلىرى كىگىز ياكى پالاس سالغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

4.ئۆيلەرنىڭ يورۇتۇلۇشى

مەھمۇد كاشغەرىي«دىۋان» دا، -3)«yula»توم31.بەت) دېگەن سۆزنى ئاسما چىراغ دەپ
ئىزاھلىغان، بۇنىڭدىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر ئۆيلەرنى يورۇتۇش ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە «
ئاسما چىراغ» ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.يەنە-2)«tamurmaq » توم249.بەت) دېگەن
پىيىل تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ سۆزنى چىراغ يېقىش دېگەن مەنىدە ئىزاھلىسا، ozunmaq»
-1)«توم269.بەت) دېگەن پىيىلنى چىراغنى ئۆچۈرۈش دەپ ئىزاھلىغان، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىمۇ ئۇ
ئىككى خىل ھەرىكەت ئۈچۈن ئايرىم-ئايرىم ئىككى پىيىلنىڭ قوللىنىلغانلىقى ئېنىق. «دىۋان» دا يەنە
-3)«yïtïm»توم79.بەت) زىغىر ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان، چىراقتا ئىشلىتىلىدىغان ماي دەپ ئىزاھلىغان.
يەنە ئۆچاغدىكى چىراغلارنىڭ پىلىكنى-1) «bälik»توم501.بەت» دەپ ئاتىغان. بۇ سۆز ھازىرقى

زامان ئۇيغۇر تىلىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىپ يەنى تاۋۇش ئاجىزلىشىش ھادىسىسىدىن كېيىن «پەلەك» كە ئۆزگىرىپ ھازىرمۇ قوللىنىلىۋاتىدۇ. پىلىك قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ھازىرلانغان پاختا ـ1)«bälïklïk käpäz»تومـ663.بەت) دېيىلگەن، بۇنى ئارغۇلارنىڭ ـ1)«pistik» تومـ621.بەت) دەپ ئاتىغانلىقى يېزىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ـ3) «tünšü» توم 516.بەت) نى شامدان دېگەن مەنىدە ئىزاھلىغان، بۇنىڭدىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ جىنچىراغدىن باشقا شام ئىشلەتكەنلىكىنى ۋە شاملارنى ئالاھىدە شامدانلارغا قويۇپ ياقىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.«دىۋان» دا يەنە بۇلغارلارنىڭ شامنى ـ1)«avus» تومـ81.بەت) دەپ ئاتايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

4.چېدىر

يۇقىرىدا بىز تونۇشتۇرغانلىرىمىز مۇقىم ئولتۇراقلاشقان ئولتۇرىدىغان ئۆيلەردۇر. ھالبۇكى 11-ئەسىردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ يەنە كۆپ قىسمى تېخىچە كۆچمەن تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى تىلغا ئالساق تەبىئىي ھالدا چېدىر كۆز ئالدىمىزغا كەلمەي قالمايدۇ. لېكىن «دىۋان» دىمۇ مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنداق جىق مەلۇمات بەرمىگەن.«دىۋان» دا ـkärägü» كەرەگۈ. چېدىر» (3-تومـ591.بەت) ۋە ـalaču » ئالچۇ. چېدىر،كەپە»(3-توم 168.بەت) دېگەن سۆزلەر چېدىر ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە چېدىرنىڭ ئىچكى تەرىپىدىكى بۇرجىكىنى ـUγ »ئوق، ئۇۋۇق، كىگىز ئۆينىڭ ئۇۋۇنى، تىرەك ياغىچى.» ( 1-توم 66.بەت) . چېدىرنىڭ تىرىكىنى ـsïruq »سىرۇق»(1-تومـ278.بەت )، ئېتىكىنى « ـساپىغ» (1-تومـ484.بەت)، يان تەرەپلىرىنى ـäyägü » ئەيەگۈ» (1-تومـ185.بەت) دەپ ئاتىغانلىقى بېرىلگەن «دىۋان» دا چېدىرنىڭ يان تەرەپلىرىدىن تارتىپ سۆزلىنىشى، بۇرجەكلىك چېدىر قۇببە شەكلىدىكى چېدىردىن كۆپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بارىسخان خەلقلىرى چېدىر پەردىلىرىنى ـarïγ» ئارىغ» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بەرگەن، لېكىن بۇ پەردىنىڭ نېمىدىن ياسىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە باشقا كۆچمەن تۈركلەرنىڭ « يىز» دېيىلىدىغان بىر خىل چىغ قۇمۇشتىن چېدىر پەردىلەرنى ياسايدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. يىزدىن قىلىنغان چېدىر ياپقۇچلىرى » ـČïγچىغدان»(3-توم 171 .بەت) چېدىردا ياشايدىغانلارنىڭ چىغدىن توقۇيدىغان پەردىسى، چىغ بۇ قۇمۇشتىن ئىنچىكە ۋە يۇمران نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا كىشلەر كىگىز قاتارلىقلاردىن باشقا ئاسان ئۆرىگىلى بولىدىغان ئۆت-چۆپلەرنىمۇ چېدىر توقۇشقا ئىشلەتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ .

مەھمۇد كاشغەرىي « تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يازغان بىناكارلىققا ئائىت سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ

ئىزاھاتىدىن بىز ئەينى دەۋردىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتەلەيمىز ھەمدە بۇنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيتى ۋە ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

.1شەھەرلىشىش

»تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، 11-ئەسىردە ئۆينىڭ (3)« vä » -(2)«vü » -(1)« öv » دېگەندەك ۋارىيانتلىرى بېرىلگەن ھەمدە بۇ سۆزكۆپ جايلاردا «vä » دەپ ئېلىنغانلىقى مەلۇم. بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بار سۆز بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بېرىپ «ئۆي» گە ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى زامانىدىكى بىلەن ئوخشاش ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ سۆزھازىرقى تۈركىيە تۈركچىسىدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. بىز ئۆي ئۇقۇمىدىكى « vä »سۆزىنىڭ دىۋاندا ئۇچرىشىدىن قاراخانىيلار خانلىقى جۈملىدىن ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى مەزگىللەردىمۇ تۈركىي مىللەتلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق-تۇرالغۇغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىششقا يۈزلەنگەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. كىشلەر ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بىر قانچە ئائىلىلىكلەر توپىدىن مەھەللىلەر، مەھەللىلەردىن ئايماق-شەھەرلەرنىڭ شەكىللىنىشى بىر تەبئىي ئەھۋال. بۇنى دىۋاندا شۇنى سۈپەتلەپ بېرەلەيدىغان بىر قانچە سۆزلەر بىلەن دەلىللەشكە بولىدۇ، يەنى دىۋاندا-Ast » ار كوچا»1-توم 59.بەت(، -Ordu »ئوردا،خان شەھىرى) (1-توم160.بەت(، » ) «odu känd خاقانلار تۇرىدىغان قەشقەر شەھىرى) (1-توم 151.بەت) ۋە مەھمۇد كاشغەرىي دىۋاندا « ئۇيغۇر دەيدۇ، ئۇ بىر ئەلنىڭ ئىسمى، بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى تۈرك خاقانى بىلەن زۇلقەرنەيىن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان» دەپ يازغان ھەمدە بۇ شەھەرنىڭ مىلادىيدىن 4 ئەسىر ئىلگىرىلا بىنا قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغان، ئۇ تىلغا ئالغان بۇ بەش شەھەر سۇلى(قەشقەر)، قوچۇ (تۇرپان)، خانبالىق (ئۈرۈمچى)، بەشبالىق( گۇچۇڭ ئەتراپى)، ياڭبالىق (سانجى) قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تىلغا ئېلىنىشى نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا ھازىرقى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايۇنلارنىڭ شەھەرلىشىپ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىيالايدۇ .

.2 جامائەت قۇرۇلۇشلىرى

قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئىلىم-مەرىپەت، سودا-سېتىق ۋە قول-ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى «دىۋان» دا بېرىلگەن شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەردىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ دەۋرلەردە شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەسچىت، ساراي رەستىلەر قەد

كۆتۈرگەن. « دىۋان» دا ـ Suyran« مۇنار ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئېگىز نەرسە »(1ـتوم 568.بەت) دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان، بۇنى ھازىرقى چۈشەنچىمىز بويىچە ئېيتقاندا كۆپ قىسىم يېڭىلىقلار شەھەرلەردە مەيدانغا كېلىدۇ ھەم بەلكىم شۇ چاغلاردا بۇنداق ئالاھىدە ئېگىز قۇرۇلۇش دۆلەتنىڭ ئەربابلىرىنىڭ ئىش بېجىرىدىغان ئورنى بولىشىمۇ ۋە ياكى مەسچىت ئۈچۈن ياسالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ـTärnäk « دەرنەك، خەلق مەسلىھەت ئۈچۈن يىغىلىدىغان ئورۇن»(1ـتوم 622.بەت) دېگەن سۆزدىن ئەينى ۋاقىتتىكى جامائەت قۇرۇلۇشلىرىنىڭمۇ ئايرىم-ئايرىم ياسىلىشىدىن،جامائەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

.3مەسچىت ۋە مازار قۇرۇلۇشلىرى

مەسچىت- ئەرەبچە سۆز بولۇپ، « مۇسۇلمانلار سەجدە قىلىدىغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىمۇ مەسچىتلەر بىنا قىلىنىشقا باشلىغان ۋە تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلىشىغا قارىغاندا مەسچىت قۇرۇلۇشلىرىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىگەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مەھمۇد كاشغەريي بىر قىسىم سۆزلەرنى ئىزاھلىغاندا « مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار، كاپىرلار» دېگەن سۆزلەرنى تىلغا ئالغان. بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتا بىر قانچە خىل دىنىنىڭ تەسىرىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئېنىق بىلىۋالايمىز. بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ سۇتۇق بۇغراخانىدىن باشلانغان ھۆكۈمرانلىرى بىر تەرەپتىن يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان يەرلەردە باشقا دىنلارغا مەنسۇپ دىنىي قۇرۇلۇشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ كۆلەمدە مەسچىتلەرنى سالدۇرغان، مەدرىسلەرنى ئاچقان. بۇ جەھەتتىكى توقۇنۇشلارنى مەھمۇد كاشغەريي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق تىلغا ئالغان:

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،
كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشتۇق.
بۇتخانىلارنى يىقتتۇق،
بۇتلارنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق.

يۇقىرقىلاردىن باشقا يەنە «دىۋان» دا ـSubuzyan « گۆرىستان، گۆرلۈك، مۇسۇلمان بولمىغانلارنىڭ گۆرلۈكى» (1ـتوم .بەت) دېگەن سۆزمۇ تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن باشقا يەنە- Yärqü « قەۋرە »(3ـتوم 38.بەت) دېگەن سۆزمۇ بېرىلگەن ھەمدە تەپسىلىي ئىزاھات بېرىلمىگەن، بەلكىم بۇ مۇسۇلمانلار قويۇلىدىغان قەبرىگاھ بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بۇلاردىن ئەينى ۋاقىتلاردىمۇ كىشىلەرنى

مازارغا قويغاندا مۇسۇلمان بولغان ۋە بولمغان كىشلەرنىڭ مازارلىقى دەپ ئايرىيدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. « دىۋان» دا يەنە Qabïrcaq »ساندۇق»(1-توم 652.بەت) دېگەن سۆزنى كۆپىنچە ئۆلۈك سالىدىغان ساندۇقنى كۆرستىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ، بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقتلاردا مېيىتنىڭ ساندۇققا سېلىنىپ دەپنە قىلىنىدىغانلىغىنى بىلدۈرىدۇ.

خۇلاسىلىغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تىلغا ئالغان بىناكارلىق توغرىسىدىكى سۆزلەردىن گەرچە بىر قىسمى فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ھەمدە بىر قىسمى ئىستىمالدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تەتقىق قىلىش قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى تىلىمىزنى تەتقىق قېلىش ئۈچۈن مۇھىم تەتقىقات ماتىرىيالى بولۇپلا قالماي، يەنە شۇ دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىناركارلىق جەھەتتىكى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا مۇھىم ئىسپات بولالايدۇ.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

.1مەھمۇد كاشغەرىي-« تۈركىي تىللار دىۋانى » ئۇيغۇرچە نەشرى 1-،2-،3- توم.

.2رېشات گەنچ-« تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر، مىللەتلەر نەشرىياتى

» .3مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيتى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى (2008-يىللىق 2.سان.(

.4قۇربانجان ئوبۇل-« ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆي-ئىمارەت ۋە ھويلا-ئارام بەرپا قىلىش ئادەتلىرىگە سىڭگەن ساقلىقنى ساقلاش قاراشلىرى»، مىراس ژورنىلى( 2010-يىللىق 5.سان.(

.5خالىدە نەمتۇل-« ئۇيغۇر بىناكارلىقىدىكى ئۆچمەس نامايەندە- كېمىر ئۆي»، مىراس ژورنىلى (2010-يىللىق 6.سان.(

# 22-«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن قانۇنغا دائىر مەزمۇنلار توغرىسىدا

قىسقىچە مەزمۇنى: بۇ ماقالىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە خاتىرىلەنگەن شۇ دەۋردە يولغا قويۇلغان قانۇنغا دائىر تەپسىلاتلار ئەمەلىي مىساللار بىلەن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ ۋە ئەينى دەۋردىكى قانۇن ئاپپاراتلىرى تونۇشتۇرۇلۇپ، قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇش، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋاللىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

ئاچقۇچلۇق سۆز: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، قانۇن، مۇكاپات، جازا.

摘要：这篇论文中用实际例子议论在“突厥大辞典”中记载的当代实行的有关法律的细节和介绍当代法律机关，展现当代法律的实行情况
关键词：“突厥大辞典”，法律，奖励，判刑

«تۈركىي تىللار دىۋانى» — قاراخانىيلار خاندانلىقى زامانىسىدا(مىلادىيە 840-1212-يىللار) ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بىباھا ئېنسىكلوپېدىيە. ئۇنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرىي بولسا بۈيۈك تىلشۇناس، ھەربىي ئالىم، قانۇنشۇناس ھەم دۆلەت ئەربابىدۇر.

قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان فېئودال خانلىق ئىدى. بۇ خانلىق 10-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆز زېمىنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. قاراخانىيلارنىڭ مۇنتىزىم ھاكىمىيەت شەكلى، سىياسىي تۈزۈمى، قانۇن-ياساقلىرى بولغانىدى. ئۇلار ئۇيغۇرلار ۋە كۆك تۈركلەرنىڭ تارىختىكى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىغا ئىسلامىيەت قائىدە-قانۇنلىرى بويىچە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. قاراخانىيلاردا ئىلىك خانلار خانلىق تامغىسى تۇتاتتى، تەۋەلىكىدىكى زور مەسىلىلەرنىمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەل قىلاتتى؛ مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇش، ئۆز ئالدىغا ئالتۇن، مىس پۇللارنى چىقىرىش،

قانۇن-تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن سۆزلەملەر، ئىزاھلار ۋە شۇلارغا تەققاسلانغان بېيىت-قوشاقلار نوقۇل ھالدا شۇ لۇغەت تۈزۈش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا نىشانلانغان بولماستىن، بەلكى كېيىنكى زامانلاردا زۆرۈر دەلىل-ئىسپات ئورنىدا ئىشلىتىشنى مەقسەت قىلىنغان. ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنى بولغان «تۆرۈ» كەلىمىسىنى بىز تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تۆۋەندىكى شەكىللەردە ئۇچرىتىمىز:

t$^{ə}$rü تۆرۈ: رەسىم-يوسۇن، قائىدە. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: يۇرت قالار، تۆرۈ قالماس، يەنى يۇرت تاشلىنىپ قالىدۇ، رەسىم-يوسۇن تاشلانمايدۇ. بۇ ماقال ئۆرپ-ئادەت، رەسىم-يوسۇندا پېشقەدەملەرگە ئەگىشىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .(III.305)

چىقتى: ئادەم ئۆيدىن چىقتى. باشقىلاردىمۇ شۇنداق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساب ۋە قائىدە-يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار .(II.23)

قالدى: ئادەم كېيىن قالدى. ئۇ ئۇيۇندا(يەنى ئۇتۇشۇشتا) قېلىپ قالدى(ئۇتتۇرۇپ قويدى). قالغان ۋە تاشلانغان نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئەل قالار، ئادەت قالماس. يەنى ئەل-يۇرت قالىدۇ، قائىدە-يوسۇن قالمايدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى قائىدە-يوسۇن بويىچە ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ .(II.32)

كۈچ: زۇلۇم، زورلۇق. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساپ ۋە قائىدە-يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار. زالىمنى، كۈچلۈك ئادەمنى دېيىش شۇنىڭدىن ئېلىنغان .(III.166)

ئەندىك، ئەندىك ئەر: ئەندىك ئادەم، ئۆندەرىگەك ئادەم. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئەندىك مېھمان ئۆي ئىگىسىنى ھۆرمەتلەر. بۇ ماقال بىلەن ئەسلىي مېھمان ھۆرمەتلىنىشى كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ .شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

[ئەخمەق ھوشنى تاپسۇن،

ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،

توقلا، بۆرە قېتىلسۇن،

قىلىچىمىز بىلەن شۇنداق يول ئاچايلىكى، ئۆندەرىگەنلەر ھوشىنى تاپسۇن، ئەلنىڭ ئىشى تۈزەلسۇن، توقلىلار بىلەن بۆرىلەر خاتىرجەم بىللە ياشايدىغان بولسۇن، بىزدىن غەم-قايغۇ كەتسۇن .(I.143)

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇمكى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قانۇنى قەدىمكى ھونلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىغا ئوخشاشلا «تۆرۈ» دېيىلىدىغان بولۇپ، رەسىم-يوسۇن، قائىدە دېگەن مەزمۇنلارغا ئىگە ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي يۇقىرىدىكى «تۆرۈ» ۋە «قالدى» سۆزلەملىرىدە قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يايلاق ھاياتىدىن يەكۈنلەنگەن «يۇرت قالۇر، تۆرۈ قالماس»(يۇرت تاشلىنىپ قالىدۇ، رەسىم-يوسۇن تاشلانمايدۇ) دېگەن ئۇزاق تارىخقا ئىگە خەلق ماقالىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلگىرىكى يۇرتلىرىنى تاشلاپ باشقا يۇرتلارغا كەلگەنلىكى، ئەمما رەسىم-يوسۇن، قائىدىلەرنى يېڭىدىن بارغان يەرلەرھەم يېڭىدىن قۇرغان ئەللەرگە بىللە ئېلىپ بارغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. «چىقتى» ۋە «كۈچ» سۆزلەملىرىدە «كۈچ ئەلدىن كىرسە، تۆرۈ تۈڭلۈكتىن چىقار»(زورلۇق-زومبۇلۇق ئىشىكتىن كىرسە، ئىنساپ ۋە قائىدە-يوسۇن تۈڭلۈكتىن چىقار) دېگەن خەلق ماقالىنى مىسال كەلتۈرگەن قوشاق ئارقىلىق «تۆرۈ»نى ئادالەتكە تەققاسلايدۇ ھەم ئەلدە ئەدىل-ئادالەت بەرپا قىلىش غايىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن «ئەندىك» سۆزىگە مىسال كەلتۈرگەن قوشاق ئارقىلىق دۆلەتتە «تۆرۈ» تۈزۈش كېرەكلىكى، يامان ئادەملەرنىڭ ھوشىنى تېپىش لازىملىقى، ئەلدە قوزا بىلەن بۆرە بىر يەردە بىر-بىرىگە قېتىلىپ يۈرەلەيدىغان تىنچلىق، ئاسايىشلىق دەۋرنىڭ بارلاققا كېلىشىنى خىتاب قىلىدۇ.

كۆرۈۋالالايمىزكى، مەيلى مەھمۇت كاشغەرىي، مەيلى كېيىنكى تارىخچىلار يازغاندەك 24 ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ ئايرىم تامغىلىرى بولۇشتىكى سەۋەب، بىر-بىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىدى. بۇ قەبىلىلەرنى بەگلەر باشقۇراتتى. بەگلەرنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ۋىلايەتلەر «بەگ ئېلى» دەپ ئاتىلاتتى. قەبىلە بەگلىرى ئېلىدىكى خەلقلەرگە رەھبەرلىك قىلىشتا ھەر خىل جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشى قانۇن بىلەن بېكىتىلگەن رامكا دائىرىسىدىلا بولىدىغانلىقى تەبىئي. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «ئەل تۆرۈ يەتىلسۇن-ۋىلايەت،

ئەل-تىنچلىقتا ئېرىشسۇن» دېگەن سۆزىدىنمۇ (I.142) بەگنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك بولۇپ تۇرىدۇ. پروفېسسور كۆيمەن كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، بۇ ھال بەگ دۆلەت قۇرۇش ياكى دۆلەتنىڭ ئابروينى تىكلەش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر قەبىلىنى جازالىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«دىۋان»دىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خان ۋە ئىلىك خانلىرى فېئودال خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنى قوغداش ئۈچۈن لازىم تېپىلغاندا دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن خادىملارنى تارتۇقلايتتى. ئىنئام بېرىشكە تېگىشلىك ئادەملەرگە ھەر خىل سوۋغات، مۇكاپاتلارنى بېرەتتى. خاقانلار ۋە سۇلتانلار بەرگەن بۇنداق خان مۇكاپاتى «ئاچىغ» دېيىلەتتى (I.86). ئۇتۇق قازانغانلارنى خاقان ئۇنۋان بېرىش ئارقىلىقمۇ مۇكاپاتلايتتى. «دىۋان»دا «arquq ئارقۇق» دېگەن سۆز خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بەگ ۋە شۇنداق كىشىلەرگە تارتۇق قىلىنىدىغان ئات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى بىلدۈرىدۇ (I.358). كېيىن بۇ سۆز ئادەتتىكى تارتۇقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ قالغان (I.148).

خەلقنىڭ مۇئامىلىلىرىگە قاراپ بەگلەرمۇ خەلقلەرنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن مۇكاپاتلايتتى. «دىۋان»دا يەنە بەگنىڭ بىرىگە نام ۋە ئۇنۋان بەرگەنلىكى (I.107)، باشقا بىرىنى ئۇلۇغلىغانلىقى، يەنى چوڭ كۆرگەنلىكى (I.400)، ھەتتا بىر كىشى بەگ بىلەن بىر رەتتە، بىر ئورۇندا ئولتۇرغانلىقى (II.314) ھەققىدىمۇ سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بەگلەر بەزى چاغلاردا ئۆزلىرىنىڭ مال-دۇنيالىرىدىن پۇقرالارنىڭ مەلۇم ئۈلۈش ئېلىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلاتتى. «بايراملاردا ياكى خانلارنىڭ زىياپەتلىرىدە بۇلاڭ-تالان قىلىش ئۈچۈن، ئوتتۇز گەز ئېگىزلىكتە مۇنار شەكلىدە راسلانغان داستىخان «كەنچلىيۇ» دەپ ئاتىلاتتى (III.594).

«دىۋان»دا بەگلەرنىڭ خەلقلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېزىلغان ئىشلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بەگنىڭ ھەر خىل شەكىللەر بىلەن بىر قىسىم ئادەملەرنى جازالايدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنداق جازاغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى كۆپ ھاللاردا، ئوچۇق كۆرسىتىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسەن ئوغرىلىق قىلغان، جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغان ۋە بىر قىسىم گۇناھ ھېسابلىنىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلغۇچىلار جازاغا ئۇچرايتتى، دېسەك خاتا بولماس. ئۇلار ئوغرىلىق قىلغۇچىنى «ئوغرى» (ئوغرۇ) دېيىشەتتى (I.171). «دىۋان»دا ئوغرىلىق توغرىسىدا توختالغاندا ئادەم بۇلاش (III.256)،

ئوغرىنىڭ بىر ئادەمنى بۇلاپ-تالاپ، قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇشى (III.583) ھەققىدە سۆزلىنىشى بىلەن بىللە مال-مۈلۈكى بۇلانغانلار (I.388)، باشقىلارنىڭ مېلىنى بۇلاپ كەتكەنلەر (I.375)، ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇرغۇچىلار (I.349) ھەققىدىمۇ، بىر-بىرىنىڭ ئوغرىلىق ئىشلىرىنى پاش قىلىدىغانلار ھەققىدىمۇ سۆزلىنىدۇ (II.297). ئوغرىلانغانلىقى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن پاش بولۇپ قالغان ماللار «بىلىنچەك» دېيىلەتتى. ھەرقانداق ئادەمنىڭ «بىلىنچەك بىلىشى» ئوغرىلانغان مالنى تونۇۋالغانلىقنى كۆرسىتەتتى (I.663). بەگنىڭ ئوغرىنى تۇتقۇزۇشى (II.245) ھەققىدىكى سۆزلەر جەمئىيەت تەرتىپىنى بۇزغۇچىلارغا قارشى تۇرۇش بەگنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك. «qarvattï قارۋاتتى» سۆزى «دىۋان»دا «ئىزدەتتى، ئاختۇردى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز بەگ يوقالغان مالنى ئىزدەتكەن ۋە ئاختۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز (II.495).

»تۈركىي تىللار دىۋانى«دىن مەلۇم بولۇشىچە، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان زامانلاردا ھەر خىل جىنايەتچىلەر ھەر يەردە قاتىراپ قاتىللىق، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاراقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، پۇقرالارنىڭ نورمال تىرىكچىلىك قىلىشىغا كۈچلۈك تەھدىت سېلىپ تۇرغان، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان قاراقچىلار «سەركەر» (III.584)، مال بۇلىغۇچىلار «تاۋار قاپغۇچى» دېيىلەتتى. ئادەتتىكى ئوغرىلىق «قوندى» دېيىلسە، مەخسۇس سودىگەرنىڭ مال-دۇنيالىرىنى بۇلاش خاراكتېرىدىكى ئوغرىلىق «چوبارتتى» دېيىلەتتى. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلارنىڭ ماۋەرائۇننەھىردىكى تۇنجى پادىشاھى ئىبراھىم بىننى ناسىر (تەختتىكى ۋاقتى مىلادىيە 1041-1068-يىللار) ھەممىدىن ئاۋۋال خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرقانداق قىلمىشنى قاتتىق جازالىغانىدى. تارىخىي كىتابلاردا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ھەتتا بىر دىرھەم پۇلمۇ يىتىپ باقمىغان» دەپ يېزىلغان. ئىبراھىم خان يەنە مال باھاسىنى خالىغانچە ئۆرلىتىپ سودا تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋاتقان جازانىخورلارغا قاتتىق زەربە بەرگەنىدى.

جەمئىيەتتە خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلغۇچى ۋەقەلەر ئىچىدە ھاراقنى كۆپ ئىچىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدىغان جاڭجاللار بىلەن قىمار ئويناشمۇ بار ئىدى (I.157).

مەلۇم بولۇشىچە، جەمئىيەتتە پارىخورلۇقمۇ خېلى دەرىجىدە مەۋجۇت ئىدى. تۈركىي خەلقلەر پارىنى «ئورۇنچ» دەيتتى (I.179). مەھمۇد كاشغەرىي مىسال كەلتۈرگەن «قارا بۇلۇتنى بوران سۈرەر، قاراڭغۇ ئىشنى پارا ئاچار» (I.459)، »يەنى ئاسماننى قاراڭغۇلاشتۇرغان بۇلۇتنى

بوران سوْرۇپ ئاچىدۇ، پادىشاھلارنىڭ ئىشىكىدىكى قاراڭغۇلۇقنى پارا ئاچىدۇ(III.297)«، »پارا دوزاخنىڭ ئىشىكىنىمۇ ئاچىدۇ (III.323)«دېگەن ماقاللار پارىخورلۇقنىڭ جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بۇ ماقاللارنى ئىزاھلاپ «بۇ ماقال، ئىشنى پۈتكۈزمەكچى بولغان كىشى پارا بېرىشى كېرەكلىكى ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ» دېيىشى، پارا بېرىشنىڭ مۇتلەق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇ، پارا بېرىشنى تەۋسىيە قىلغاندەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ بىر ئادەمنىڭ بەگكە پارا ئورنىدا بىرنەرسىلەر بەرگەنلىكىدىن سۆز ئېچىشىمۇ(III.444)، XI ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەر جەمئىيىتىدىكى پارىخورلۇقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەخلاقسىز ئاياللار ھەققىدىكى سۆزلىرى (I. 207)ئۇلارنىڭمۇ جەمئىيەت تەرتىپى جەھەتتە سەلبىي رول ئوينايدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرىسە كېرەك. بۇنداق ئاياللار «ئويناش(I.163)«، »ئويناق(I.163)«، »سۇرتۇگ ئىشلەر (سۇركىشىدىغان خوتۇن(I.623)«(، »ئەكەك ئىشلەر» (بۇزۇق خوتۇن(I.107)(، )ئەرسەك كىشلەر (I.141)( دەپ ئاتىلىشلىرىمۇ بۇ قاراشنى تەستىقلايدۇ. بىراۋنىڭ خوتۇنىنىڭ ھەۋەسكە بېرىلىشى(II.220)، بىر ئادەمنىڭ خوتۇننى پاھىشىلىكتە ئەيىبلەپ ئۇرۇشى(I.402)، بىرىنىڭ چۆرىسىنى بۇزۇۋېتىشى (II.266)ھەققىدە ئايرىم توختالغانلىقىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

تۈركىي خەلقلەر جەمئىيىتىدە بىر-بىرىگە پىچاق سېلىش ۋەقەلىرىمۇ كۆرۈلەتتى. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، بىرىنىڭ ئادەمگە پىچاق سېلىپ قويغانلىقى(III.465)، خەنجەر تىققانلىقى (III.481)ۋە ئىككى كىشىنىڭ بىر-بىرىگە خەنجەر ئۇرۇشلىرى (II.312)ھەققىدە يازغانلىرىدىن بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى، تاماققا زەھەر سېلىش يولى بىلەن ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىمۇ بولۇپ تۇراتتى(I.407)، »دىۋان»دىكى ötläšdi »ئۆلتەشدى» سۆزى «ئۇرۇشتى، ئۆلتۈرۈشتى دېگەن مەنىدە، يەنى بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى(I.318)«، » ölütئۆلۈت» سۆزى «بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش دېگەن مەنىدە، ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى ئۆلۈتچى-قاتىل دېيىلىدۇ.» دەپ ئىزاھلانغان .(I.72)ئۇ چاغلاردا خاتا يول كۆرسىتىپ بىر-بىرىنى يولدىن ئازدۇرۇش «ئازىتتى»، «ئازدۇرماق» ۋە «ئازىتماق» دېيىلەتتى .(I.280)كىشىلەرنىڭ پېيىگە چۈشۈپ قەستلەش «ئوغراش(I.312)«، ئالدامچىلىق قىلىش «تەۋلۈگ» دېيىلەتتى(I.623)، .(II.404)مەھمۇد كاشغەرىينىڭ

«تەۋلۇگلەندى» سۆزىگە بەرگەن «ئادەم ھىيلىگەر بولدى، ئالدامچىلارنىڭ يولىنى تۇتتى» ئىزاھاتى بىزگە قەبىلىلەر ئارا بولىدىغان ئۆچ ئېلىش، قىساس ئېلىش قاتارلىق قەدىمىي ئالامەتلەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ئەسلىتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خاتىرىلىشىچە، ئۇ چاغدا ھەرقايسى قەبىلە بەگلىرى ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دەپ دائىم توقۇنۇشۇپ قالاتتى(II.139—140)، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى پىستىرما قوياتتى(II.136)، خەنجەر تىقىشاتتى(II.312)، مانا مۇشۇنداق چاغلاردا بىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرى يەنە بىر قەبىلىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاش نىقابلىنىۋالاتتى. «ئادەم قارلۇقلاشتى(II.402)»، قىپچاقلاشتى(II.402)، «ئادەم تۈبۈتلەندى(II.385)»، «تۈرك تاتلاشتى، تۈرك پارسلاشتى(II.161)»، «كەنچەكلەشتى-كەنچەك قىياپىتىگە كىردى(II.405)»، «ئوغراقلاشتى-ئوغراق قىياپىتىگە كىردى(I.412)»،(II.407)، «ئادەم ئوغۇزلاشتى — ئادەم ئوغۇز قىياپىتىگە كىردى (I. 385)»دېگەن قەيتلەر ئەنە شۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىچە، چېقىمچىلار «چامغۇت (I.614)» دېيىلسە، قۇرۇق تۆھمەت چاپلاش «يالالدى»، «يالادى (III.111،120)»دېيىلەتتى. بويۇنتاۋلىق قىلىش «ئارقولىنىش (I.414)»دېيىلسە، بۇلاڭ-تالان قىلىش «ئۈپلەش (I.374)»دېيىلەتتى. باسقۇنچىلىقنىڭ ئىككى خىل شەكلى بولۇپ، دېدەكلەرگە باسقۇنچىلىق قىلىش «كۆچەندى (I.179)»دېيىلسە، ئوغۇل باللارغا باسقۇنچىلىق قىلىش «كۆتلەش»، «كۆتلەتتى (I.583)»دېيىلەتتى .

بۇلاردىن ئەينى دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئەھۋاللارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا جەمئىيەتتە بىر-بىرىنى ئەيىبلەش(III.258)، تىللىشىش (II.146) نەتىجىسدە يۈزىگە تۈكۈرۈش(III.442)، چاچلىرىنى يۇلۇش (II.310) ۋە ئۇرۇش (I.286)ئەھۋاللىرىمۇ سادىر بولۇپ تۇراتتى.

بىر قىسىم جىنايى ۋەقەلەردىن كېيىن گۇناھكارلارنى بەگلەر تۇتاتتى ياكى تۇتقۇزۇپ كېلەتتى» .(III.468)دىۋان»دا خاتىرىلەنگەن» tutturdï تۇتتۇردى» سۆزى «تۇتقۇزدى» دېگەن مەنىدە بولۇپ(II.246)، تۇتۇپ كېلىنگەن گۇناھكارلار بەگنىڭ ئالدىدا سوت قىلىناتتى .(II.143)سوت قىلىنغان ئىككى كىشى دەۋادا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن گۇۋاھچى چاقىرىپ كېلىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى .(II.290)مەلۇم بولۇشىچە، تۈركلەر گۇۋاھچىنى «تانۇق (I.494)»دېيىشەتتى. سوتتا ئۇلارنى سۆزلىرىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قەسەم قىلدۇرۇشلىرى مۇمكىن ئىدى» .(III.576)دىۋان»دا دېيىلىشىچە»and ئانىد» سۆزى

ئانت قەسەم دېگەن مەنىدە بولۇپ، قەسەم ئىچىش ئورنىغا ئاندىق دېيىلىدۇ.(I.60)يەنە بەزىدە گۇناھكارنى، مەسىلەن، ئوغرىلارنى گۇناھىغا ئىقرار قىلدۇراتتى.(576 .III) «دىۋان»دىكى «pütrüšti پۈترۈشتى» سۆزى «1. چىن پۈتتۈرۈشتى؛ 2.ئىقرار قىلدۇرۇشتى (II.290) «.دەپ چۈشەندۈرۈلگەن، بۇ گۇناھكارنىڭ ئىقرار قىلدۇرۇلغانلىقىنى، «tüplättï تۈپلەتتى» سۆزى «تەكشۈرتتى، تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈردى(II.500)«،» pütünläi پۈتۈنلەي» سۆزى «ھەقىقەتنى تەكشۈردى، يەنى ئۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتنى تەكشۈردى(III.467) «.، »kirtülädï كىرتۈلەدى» سۆزى «تەستىقلىدى، راستقا چىقاردى. ئۇ ئۇنى تەستىقلىدى، ئۇنىڭ سۆزىنى راستقا چىقاردى (III.481)«.دېيىلگەن بولۇپ، گۇناھكارلار سوت قىلىنغاندا بەگنىڭ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ، سۆزنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرۈپ، ئاندىن تەستىقلاپ يەكۈن چىقىرىدىغانلىقىنى، < oqa»ئوقا < يەنى < كېپىللىك، كاپالەت > دېگەن مەنىدە بولۇپ، يەنى مەن ئانى ئوقا ئالدىم-مەن ئۇنى كېپىللىككە ئالدىم.» دېگەن مەزمۇنلار ئەينى دەۋردە جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇناھكارلارنى كېپىللىككە ئېلىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.(I56.)

گۇناھى ئېنىق بولغانلارغا ھەر خىل جازا بېرىلىدىغانلىقى تەبىئىي. «دىۋان»دا «yazuqladï يازۇقلادى» سۆزى «ئەيىپلىدى،جازاغا تارتتى»، يەنى «بەگ ئۇنى جازاغا تارتتى.جىنايىتى ئۈچۈن قولغا ئالدى.» دېيىلگەن بولۇپ، بۇ بەگنىڭ گۇناھكارلارنى گۇناھى ئۈچۈن قولغا ئېلىپ جازاغا بۇيرۇيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ» .(III.468)دىۋان»دا يەنە بەگنىڭ ئوغرىنىڭ پۇت-قولىنى باغلاتقانلىقى(II.242)، قاماققا ئالغانلىقى (II.499)ھەمدە بەگنىڭ گۇناھى ئېنىقلانمىغان بىرىگە جازا بەرگەنلىكى (II.458)ۋە باشقا بىرىنى قىيناتقانلىقى (II.272)سۆزلىنىدۇ. بۇنىڭ مىسالى بولغان «دىۋان»دىكى qïsturdï «قىستۇردى» سۆزى «قىسقۇزدى، قىسقارتقۇزدى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىرەر نەرسە بىلەن قىسىپ جازالاشنى كۆرسىتىدۇ. ئىسكەنجە بىلەن قىيناتىسمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ(272،273 .(

«دىۋان» دا مەلۇم بولۇشىچە، قاراخانىيلار دۆلىتىدە بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرىدىغان قاماقخانىلىرى بولۇپ، ئۇلار «قىسىغ (I.486)«دەپ ئاتىلاتتى. بارسخان شەھىرىدە قاماقخانا ياكى زىندانلار «تۈنەك (I.531)«دېيىلەتتى. خان ۋە بەگلەر (بۈيۈك خان ۋە ئىلىك خانلار) ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزگەن گۇناھكارلارغا ئالىي جازا ھۆكۈم قىلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇيتتى. جازانىڭ تۈرلىرى ئون نەچچە خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار ئۆلۈم جازاسى، قاماق جازاسى، تەن جازاسى، سۈرگۈن ۋە قىزغۇت جازاسى قاتارلىقلار ئىدى. ئۆلۈم جازاسى قىلىچ بىلەن كاللىسىنى

چېپىش(II.435)، دارغا ئېسىش(I.234،295)، بوغۇش (II.242)قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئىجرا قىلىناتتى. كاللا كېسىدىغان جاللات «چاپىدىغان ئەر (I.667)»دېيىلەتتى. «دىۋان»دا قەيت قىلىنغان «بەگ ئوغرىنى قاماتتى(II.499)»، «بەگ ئوغرىنى تۇتتۇردى (II.246)»دېگەن مەلۇماتلار ۋە دېگەن سۆزلەر بىز دەۋاتقان قاماق جازاسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، قاماق جازاسى ئەينى زامان تىلى بويىچە» bäklätti بەكلەتتى» يەنى «قاماتتى، كۆزەتتۇردى(كۆزەتتىم)» دېيىلەتتى(II.499)؛ بۇ «تۇتقۇن (I.261)»قىلىش بولۇپ، تۇتقۇنلار تۆلەم بىلەن بوشىتىلاتتى .(III.115)تەن جازاسىنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولۇپ، قۇللارغا قوللىنىدىغان تەن جازاسى ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەن گۇناھكارلارغا قوللىنىدىغان تەن جازاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «بوشلاغلانسا بوخسۇقلانۇر» (بويۇنتاۋلىق قىلسا، بويىنى زەنجىرلىنىدۇ (II.396))دېگەن قەيتلەردىن قارىغاندا، ئىشتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلغان، نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغان، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان قۇللار ۋە ئەركىن خەلقلەرگە زەنجىرلەش جازاسى بېرىلەتتى. ئەسىر ۋە قۇللارنىڭ بويىنىغا سېلىنىدىغان زەنجىر «بوخسۇق (I.608)»دېيىلەتتى. «ئادەم قۇلنى كىشەنلىدى (III.365)»دېگەن مەلۇمات قۇللارنىڭ كىشەنلىنىدىغانلىقىنى كۆرسەتسە، «قۇل بويىنى كەرتىلدى (II.342)»دېگەن سۆز قۇللارغا ئەن سېلىش جازاسىنىڭ بېرىلىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىدۇ. «دىۋان»دىكى «ئۇ ئوغلىنىڭ قۇلىقىنى تىلدۇردى» دېگەن مەلۇماتتىن قارىغاندا، قۇلاقنى تىلىپ ئەن سېلىشنىڭ يالغۇز قۇللار بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقى، گۇناھكار بالىلارغىمۇ شۇنداق قىلىنىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ زامانلاردا «ئاتىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايىتى ئاتىدىن كېيىن بالىغا ئارتىلىدىغان» ئىشلارمۇ بولاتتى .(II.456)ئوغرى جىنايەتچىلەر قولىغا چۈشكەندىن كېيىن، قىلمىشى يەڭگىللىرى قامچا ياكى چۋىق بىلەن ئۇرۇلاتتى. بۇنداق قامچا ياكى چۋىق «بەرگە (I.557)»دېيىلەتتى. جىنايىتى ئېغىرلىرى باستۇرۇقتا بېسىلاتتى(I.609)، پۇتىغا قوۋۇق سېلىناتتى. قوۋۇق «بوقاغۇ» ياكى «بوقوغۇ (I.582)» دېيىلەتتى. پۇتىنى قىستۇرۇپ ئىسكەنجىگە ئالاتتى .(II.273)بۇنداق چاغلاردا بەزى گۇناھكارلار تاياق ۋە قىيناش زەربىسىدىن ھوشىدىن كېتەتتى(II.274)، ھوشىدىن كەتكەنلەرنىڭ ئۇستىگە ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سوغۇق سۇ سېپىلەتتى tağlattï .(I.259) »تاغلاتتى» سۆزى «داغلاتتى، داغماللاتتى» دېگەن مەنىدە بولۇپ، گۇناھكارلارغا ئوت بىلەن داغلاش جازاسىنىڭمۇ بېرىلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ .(II.503)شۇ دەۋردە گۇناھكارلارنىڭ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشى «كۆندى (II.39)»دېيىلسە، ئىقرار قىلدۇرۇش (كۆندگەردى (III.575))ۋە «كۆنگەردى (II.282)»دېيىلەتتى. گۇناھ «يازۇق(III.19)»، گۇناھكار «يازۇقلۇغ(III.67)»، قولغا ئېلىپ جازالىماق «يازۇقلىماق (III.469)»دېيىلەتتى.

«دىۋان»دىكى بەگ ئوغرىنى قىينايتتى(II.459)«، »بەگ ئوغرىنى باستۇردى، بەگ ئوغرىنى تۇتۇپ بېسىشقا بۇيرۇدى» دېگەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بەگلەر ئۆزى بىۋاستە جازا مەيدانىغا چىقاتتى. بەگلەر گۇناھكارلارنى يىراق جايلارغا سۈرگۈن قىلاتتى، بۇ «سۈردى (II.8)»ۋە «سۈرۈلدى (II.171)»دېيىلەتتى. ئۇ زامانلاردا باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن گۇناھكارلارنى جامائەتنىڭ ئالدىدا سازايى قىلاتتى، بۇ «قىزغۇت (I.590)»دەپ ئاتىلاتتى. بىرەر ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتقانلىقى، دەككە يېگەنلىكى ياكى شۇ سەۋەبتىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىققا ۋەدە بېرىپ پەندىيات چەككەنلىكى «قىزىلدى(II.190)«، »قىزغۇردى (II.277)»ياكى «قىزغادى (II.421)«، (II.396)دېيىلەتتى. گۇناھكارلارنىڭ ئۆز گۇناھىغا تۆۋە قىلىشى «ئۆكۈنچ (I.273)» دېيىلەتتى. خان، بەگلەر گۇمانلىق دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى خالىغان چاغدا ئاختۇراتتى. ئۆي ئاختۇرۇش «يىندى»، «يىندتى(III.88)«، »بىندۇردى(III.134)«، »تۇربۇن(I.566)«، »ئۆشەل(I.265)«، »ئۆشەتتى(I.283)«، »ئارقادى (I.373)» دېيىلەتتى .

« qapturdï قاپتۇردى» سۆزى «دىۋان»دا «بۇلاتتى، بۇلغۇزدى» دەپ ئىزاھلانغان .(II.270)بەگنىڭ قەبىلنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇرۇشى يېزىلغانلىقىغا قاراپ، ئىتائەت قىلمىغان قەبىلنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈن بۇلاڭ-تالاڭ قىلدۇرغان، يەنى قەبىلە ئەزالىرىنى كوللېكتىپ ھالدا جازالىغانلىقىنى(III.462)، » Basturdï باستۇردى» سۆزى «باستۇردى» دېگەن مەنىدە، ھەرقانداق نەرسىنى قىمىرلاش ۋە قوپۇشقا يول قويماي باستۇرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ (II.242)».دەپ ئىزاھلانغانلىقىدىن بەگلەرنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قەبىللەرنى يۇقىرىقىدەك باستۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز .

ئۇ دەۋردە ھۆكۈمدار ۋە بەگلەرنىڭ مەيلى ئۆز ئادەملىرىگە، مەيلى قول ئاستىدىكى خەلقتىن چىققان ئادەملەرگە بولسۇن ئاچچىقلاپ غەزەپلىنىشلىرى «قىرغاغ» دېيىلەتتى .(II.419) بۇنداق چاغدا بەگلەر ھەرقانداق بىرىنى ئاچچىقلاپ قوغلىۋېتىش ئۇسۇلى بىلەنمۇ جازالايتتى .(III.396)ھەتتا بەزىلەر بەگ تەرىپىدىن «قىمىمەتسىزلىنەتتى» يەنى خورلىناتتى. مەھمۇد كاشغەريي خورلانغان، پەس كۆرۈلگەن ئادەمنىڭ «ئۈچۈز» (قىممەتسىز، ئەرزان) دېيىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ .(I.76)بەگلەر رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىگە ئاساسەن بەزىدە قەرزدارلارنى قەرزلىرى تۆپەيلىدىن سوراققا ئالاتتى، ھەققى بارلارنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرەتتى .(I.84)

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دا كەلتۈرگەن «ئۇلار بەگنىڭ ئالدىغا دەۋالىشىپ باردى»(Ⅱ.143)، بەگلەر «دەۋالارغا تۇنۇق كەلتۈرۈپ، بىر-بىرىنى قايىل قىلدۇرۇشتى»(Ⅱ.290)، دەۋاگەرلەر «دەۋاسىدا بىر-بىرىگە پۈتۈشتى»(Ⅱ.171) دېگەن مەلۇماتلار ئەينى زاماندا ھۆكۈمرانلارنىڭ قەرز، ئېلىم-بېرىم(Ⅰ.84، 103، 386)دەۋالىرى، نىكاھتىن ئاجرىشىش دەۋالىرى(Ⅰ.319)، مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش دەۋالىرى(Ⅰ.66، 85) قاتارلىق ھەر خىل دەۋالارنى بىرتەرەپ قىلىشقا ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە قاتنىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇنىڭدىن باشقا، قاراخانىيلار دۆلىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك دىنىي زاتلارنىڭ ئۆز ھوقۇقى ۋە مال-دۇنياسىنى قوغداش يولىدا دائىم دۆلەتكە ۋە خەلققە ئاسىيلىق قىلىپ، يا شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ دۈشمەنگە تەسلىم بولىدىغان، يا چېگرا سىرتىدىكى ياۋلارنى باشلاپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ھۆكۈمرانلار دۆلەت مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن بىلىپ رەقىبلىرىنى رەھىم قىلماي يوق قىلاتتى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشىمىز كېرەككى، بەگلەرنىڭ جازالاش ھوقۇقى بولغىنىدەك، كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىمۇ بولۇپ، بەزى گۇناھكارلارنى كەچۈرۈم قىلىۋېتەتتى» .(Ⅱ.98)دىۋان»دا بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىۋېتىدىغان بەگلەرمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ» .(Ⅰ.676)دىۋان»دىكى» qačturdï قاچۇردى» سۆزى بەگلەرنىڭ بەزى گۇناھكارلارنى قويۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.(Ⅱ.270)

تارىخىي مەنبەلەردە قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي بۆيۈك خاقانى ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد تەختتىكى ۋاقتىدا (1057-1058 \ 1059-1060) ئۇنىڭ ئۈچىنچى تاغىسى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مەھمۇد بىننى يۈسۈپ (توغرۇلخان، 1059-1060 \ 1074-1075)كە «دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزامى» دېگەن نام بېرىلگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ھۆكۈمرانلىق ۋاسىپلىرىنى قانۇنغا مەركەزلەشتۈرگەن بولۇپ، ھۆكۈمدارلار ھۆكۈم قىلىدىغان چاغدا ئۆزلىرى جازا مەيدانىغا بىۋاستە چىقاتتى ۋە شۇ ئارقىلىق ئەدلىيە ئىشلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولاتتى، بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. رېشات گەنجىنىڭ قەيتلىرىدىن بىلىشىمىزچە، بىز يۇقىرىدا ئىسمىنى زىكىر قىلىپ ئۆتكەن ئىبراھىم بىننى

ناسرخان زامانىسدا ئەبۇ نەسر مەنسۇر بىننى ئەھمەد بىننى ئىسمائىل دېگەن كىشى سەمەرقەند ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ ئەدلىيە باشلىقلىقى ۋە ھاكىملىقىغا تەيىنلىنىپ، ھجرىيە 458-يىلى ئىبراھىم خاننىڭ شىپاخانا ۋەقپنامىسىنى تەستىقلىغاندى. شۇ زاماندا بۇخاراغا قازى بولغان ئىمام فەخرۇددىن ھەسەن ئەلمەرغىلانىي «قازى - خان» دەپ داڭق چىقارغاندى. شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىدىن بۇخراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن زامانىسدا شەيخ ئىمام ئەبۇبەكرى مۇھەممەد بىننى ئابدۇسەمەد بىننى ئىسمائىل بۇخارىي قازى بولغان ۋە ئەسلىي نۇسخىسى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن بىر شەرىئەت دەۋاسىغا ھۆكۈم چىقارغان. بۇ دەۋاغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا تۈزۈلگەن بىر ھۆججەتتە ئىمام ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد يەركەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ قازىسى ۋە ھاكىمى دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن بىز شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئۇ زامانلاردا مەيلى جازا قازىلىرى بولسۇن، مەيلى ئومۇمىي مەھكىمە قازىلىرى بولسۇن، مەلۇم شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ دەۋالىرىنى سوراش ئۈچۈن بۈيۈك خان ياكى ئىلىك خانلار تەرىپىدىن مەخسۇس تەيىنلىنەتتى. رېشات گەنج تارىخچى سەمئانىينىڭ «كىتابۇل - ئەنساب» دېگەن ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىلىك خانى شەمسىلمۇلك خاننىڭ ئىنىسى ئەبۇ شۇجا خىزىر بىننى ئىبراھىم زامانىسدا ئەبۇ ناسىر ئەھمەد بىننى سۇلايمان بىننى ناسىر بىننى ھاتەم بىننى ئەلى بىننى ھەسەن كاسانىي دېگەن كىشىنىڭ (بۇ كىشىنىڭ ۋەقەلىرى يۇقىرىدا سۆزلەندى ) سەمەرقەندىنىڭ باش سوتچىسى (قازىل - قۇززات) بولغانلىقى، يەنە شۇ زامانلاردا ھەربىي دەۋالارنى بىرتەرەپ قىلىدىغان «ئەسكىرىي قازى» (قازىل - ئەسكەر)لارنىڭمۇ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ .

ئەرەب سەيياھى گەردىزىي «زەينۇل - ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ: «توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى توققۇز ئوغۇز قاغان دېيىلىدۇ... ئۇلار خەلققە رەھىمدىل ۋە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزىدۇ... توققۇز ئوغۇز قاغاننىڭ توققۇز ۋەزىرى بار. مۇبادا بىر ئادەم ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالسا، پۇتىنى باغلاپ، قولىنى بوينىغا باغلاپ، ھەربىر پاچىقىغا ئىككى يۈز كالتەك، دۈمبىسىگە يۈز كالتەك ئۇرۇپ، بازارغا ئېلىپ چىقىپ سازايى قىلىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنى، بىلىكىنى ۋە بۇرنىنى كېسىپ تاشلايدۇ. جاكارچى: ‹كۆپچىلىك ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار› دەپ جاكارلايدۇ.«

ئەرەب جۇغراپىيشۇناسى مەسئۇدىي (ۋاپاتى 956-يىللار) «مۇرۇجى زەھەب» («ئالتۇن يايلاق») دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ: «تۈركلەر، قارلۇقلار، توققۇز ئوغۇزلار قوچۇغا

يەرلەشكەن، ئۇ يەر خۇراسان بىلەن چىن ئېلى ئارىلىقىغا جايلاشقان بىر پادىشاھلىقنىڭ پايتەختى. بۇ قوۋملار كۈنىمىزدە (ھىجرىيە 332 \ مىلادىيە 943-يىلى) ئوخشاشلا تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى ئۇرۇق ۋە قەبىلىلىرىگە تەۋە. بۇلار ئەڭ جاسارەتلىك، ئەڭ كۈچلۈك، ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلغان بىر خەلق. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ‹ئۇيغۇرخان› دېيىلىدۇ.«

رۇس تۈركولوگى، ئاكادېمىك بارتولد «موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدىكى تۈركىستان» دېگەن ئەسىرىدە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «قاراخانىيلار دۆلىتىدە ھەممە كۆچمەن چارۋىچى ئىمپېرىيىلىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇرۇقداشلىق نۇقتىئىنەزىرى خۇسۇسىي قانۇن ساھەسىدىن دۆلەت قانۇن ساھەسىگە يۆتكەلگەندى .«

ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان داڭلىق ئەرەب تارىخى ئالىمى ئىبنۇل ـ ئەسىر (1160-1234) ئۆزىنىڭ «ئەل-كامىل فىت ـ تارىخ» دېگەن دۇنياغا مەشھۇر ئون ئىككى توملۇق ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ تەرتىپ ۋە قانۇن-تۈزۈم جەھەتتىن ئەڭ ياخشى ئەللەرنىڭ بىرىدۇر.«

قىسقىسى، قاراخانىيلار دۆلىتى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىكى ئەرەبلەر توققۇز ئوغۇز دەپ ئاتىغان ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر فېئوداللىق خاندانلىق ئىدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىغا ئوخشاشلا قانۇن قۇرۇلۇشىغا ھەممىدىن بەك ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، بۇ خانلىق ئۆز زامانىسىدا باشقا ھاكىمىيەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا، قانۇن-تۈزۈم جەھەتتە ياخشى دۆلەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ تونۇلغان. يۇقىرىقى بىرقانچە تارىخشۇناس ۋە ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلى. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۇ مەشھۇر ئەسىرىدە قانۇنچىلىق ئىشلىرى ياخشى بولغان بۇ خانلىقنىڭ ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، قانۇن-تۈزۈملىرى ھەققىدە مۇكەممەل مەلۇمات بېرىدۇ .

پايدىلانغان مەنبەلەر:

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-2 -3- توم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008- يىلى نەشرى

يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامىي «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا قەيت قىلىنغان ‹تۆرۈ› كەلىمىسى ۋە قاراخانىيلارنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى توغرىسىدا» بۇلاق ژۇرنىلى 2008-يىلى 6-سان ئومۇمىي 123-سان

رىشات گەنچ (تۈركىيە) «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر» ئۇيغۇرچە نەشرى مىللەتلەر نەشرىياتى بېيجىڭ 2010-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى

# 23- يىراق قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرىدىن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى چالغۇلارغا دائىر مەلۇماتلارغىچە

قىسقىچە مەزمۇنى: تۈركىي مىللەتلەر تەتقىقاتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيال «تۈركى تىللار دىۋانى» دا، تۈركلەرنىڭ قارىخانىيلار دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بىر قىسىم چالغۇلىرى ۋە مۇزىكا ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر مۇناسىپ ئورۇن ئالغان. مەزكۇر ماقالىدە يىراق قەدىمكى تۈرك چالغۇلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا چالغۇ-ئەسۋابلار ۋە ئۇلارغا ئائىت سۆزلەر ئۈستىدە بەرگەن ئىزاھاتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، چالغۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، تارىخى ئەھۋالى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەھلىلىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىلدى.

ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: تۈركى تىللار دىۋانى، چالغۇ

摘要：研究突厥语民族的最可贵的资料“突厥语大词典”中也有关于突厥语民族在喀喇汗王朝时还有比它还以前的时代用的乐器和乐器文化的相应的内容。在此文章，根据远古时代的突厥民族乐器的部分记载和麻赫穆德•喀什葛里在“突厥语大词典”中对乐器和跟乐器相关的词所给的解释来分析研究突厥民族乐器尤其是维吾尔族乐器的根源，对比研究突厥民族乐器历来的情况和现在的发展情况

关键词：突厥语大词典，乐器

ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى ھىجرىيە 464- 466 - يىللىرى (مىلادىيە 1072- 1074- يىللىرى) يېزىپ، ھىجرىيە 467- يىلى قايتا تولۇقلاپ چىققان ۋە ئۇنى ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ 27- خەلىپىسى بولغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇھەممەد ئىل مۇقتەدى بىئەمرۇللاھقا تەقدىم قىلغان (1-ت، 17. 18. بەتلەر). «تۈركى تىللار دىۋانى»دا

ئەينى ۋاقىتتىكى تۈركى قەبىلىلەرنىڭ تىلى ۋە تىل پەرقى توغرىلىق ئەينى ئۇچۇرلار بېرىلگەن ۋە تۈركى ئاتالغۇلار، تۈركى قەبىلىلەر تەپسىلى تونۇشتۇرۇلۇپ بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. دىۋاندا يەنە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلىرىنىڭ ماددى ھەم مەدىنى تۇرمۇشقا دائىر ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، تېبابەت، تۇرمۇش ئادىتى، ھۈنەر سەنئەت... قاتارلىق كۆپ خىل ساھالەرگە چېتىشلىق سۆزلەرگە بەرگەن تەبىرى ۋە مىساللىق ئىسپاتلىرى ئارقىلىق بۈگۈنكى كۈندە بىزگە 11-ئەسىر ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى تۈركلەرنىڭ ئەنئەنىسى، ئۆرۈپ-ئادىتى، سەنئىتى قىسقىسى ياشام ھاياتى توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم چۈشەنچىلەرنى بىلدۈرىدىغان بىلىم خەزىنىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە دىۋاندا يەنە تۈركلەرنىڭ شۇ دەۋىردە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئىشلەتكەن بىر قىسىم چالغۇلىرى ۋە مۇزىكا ئەنئەنىسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ مۇناسىپ ئورۇن ئالغاندۇر.

تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ناخشا-ئۇسۇل، مۇزىكا سەنئەت مەدەنىيىتىمۇ بەلگىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. تۈركىي خەلقلەر ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەڭ قەدىمكى دەۋىرلەردىلا بىرەر ئىشتىن نەتىجە قازانغاندا ياكى خەيرىلىك كۈنلەردە خەلق بىر يەرگە جەم بولۇپ، مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، تەنتەنە قىلىدىغان ئادەتنىڭ بارلىقى مەلۇم. قەدىمكى قەھرىمانلىق داستانىنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك بىرى ھېساپلىنىدىغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئەل-جامائەتنى بىر يەرگە يىغىپ، كاتتا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. بۇنى قەدىمكى تۈرك خەلقىنىڭ مۇراسىم-ئادەتلىرىنىڭ قەدىمىيلىكىگە ئىسپات قىلىش مۇمكىن. ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مەشرەپمۇ بىزنىڭ قەدىمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئادىتىمىزنىڭ بىر ئىسپاتى بولۇپ، مەشرەپ سورۇنلىرى قوشاق، ئېيتىشىش، مۇقام نەغمىلەرسىز قىززىمايدۇ، شۇ نەغمىلەرنى ئورۇنلاشتا ھەر خىل چالغۇ ئەسۋابلارنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقى ھەممىزگە ئايان چۈنكى چالغۇ قۇراللىرى مۇزىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىي ۋاستىچىسى، شۇڭا مەشرەپ، مۇراسىملار قەدىمدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان چالغۇچىلىق مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقىرى تۈركى تىللار دىۋانىدا نەغمە-ساز بىرلەشكەن، مەشرەپ، مۇراسىم شەكلىنى ئالغان قوشاقلارنىمۇ نەقىل قىلىپ مۇنداق ئالغان. مەسىلەن:

كۆكلەر قامۇغ تۈرۈلدى،

ئۈۋرىق ئىدىش تىزىلدى.

سەنىسىز ئۆزۈم ئۆزەلدى،

كەلگىل ئامۇل ئاۋنالىم.

مەنىسى:

ھەممە سازلار (كۈيلەر) تۈزىلدى،

ئۆرىق، ئېدىش تىزىلدى.
سەنسىز كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
كەلگىل ئاستا ئوينايلى.
ـ3)ت، 180ـب(

دىۋاندىكى چالغۇلار ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋال، چالغۇلار تارىخىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، يىراق قەدىمكى چالغۇ مەدەنىيىتىگە نەزەر ئاغدۇرۇپ ئۆتىمىز. قەدىمكى دەۋردىكى چالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىياجىنى بىر قانچە تەرەپتىن چۈشىنىش مۇمكىن :

.1چالغۇلار ئەڭ دەسلەپ، ئۇرۇشتا، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا قوشۇن توپلاش، جەڭ ئېلان قىلىش، قوشۇننىڭ روھى كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، قەبىلە ياكى توپلىشىپ ئولتىراقلاشقان رايونلاردا مەلۇم خەۋەرنى يەتكۈزۈش، جەڭ غەلىبىسىنى يەتكۈزۈش. ئوۋ ئوۋلاشتا توپلىشىش ياكى ئوۋغا ئاتلىنىش خەۋىرىنى بېرىش ئېھتىياج بىلەن مەيدانغا كەلگەن ۋە قوللىنىلغان. بۇ توغرىسىدا تۈركى تىللار دىۋانىدىمۇ مۇناسىۋەتلىك بايانلار بار بولۇپ دۇمباق ئۇرۇپ قوشۇن توپلاش ۋە سەپ تۈزۈشكە ئائىت ھەم شۇنداقلا ئوۋغا چىققاندا ناغرا-دۇمباق چېلىپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈركۈتۈپ چىقارغانلىقدەك مىساللار ئۇچرايدۇ.

.2چالغۇ قەدىمى دىنى ئېتىقادتا دۇئا-تىلاۋەت، تەڭرىلەردىن مەدەت تىلەش ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مىلادىدىن خېلىلا بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ ئېتىقاد قىلغان شامانىزىم ئېتىقادىدا باخشىلارنىڭ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشى، پىرخونلۇق قىلىپ جىن شەيتانلارنى قوغلىشى، كېسەل داۋالاشدا كەڭ ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئاسارىتى ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، داپ چېلىپ، پىر ئويناپ، جىن قوغلايدىغان، كېسەل داۋالايدىغان خۇراپىي ئادەتلەر مىللى ئادەت شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان .
شاماندا پىرخونلۇق قىلغاندا مەخسۇس ئىشلىتىدىغان «ئىلاھى قۇرال» لار بولىدۇ. شامان ئىشلىتىدىغان دىنى ئەسۋاپلاردا ئىلاھىي داپ بىرىنچى بولۇپ پىرە ئويۇندىكى ئەڭ ئاساسلىق قۇراللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىشى بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر. [1-219.بەت ]

.3چالغۇ تەنتەنە قىلىش، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. جەڭ غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىش، تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەۋرگە يەتكەندە كۆڭۈل ئېچىش، ھوزۇرلىنىش ئېھتىياجى بىلەن ئىشلىتىلگەن. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ۋە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دا چالغۇنىڭ كۆڭۈل ئېچىپ مۇزىكا ئورۇنلاشتا ئەڭ زۆرۈر ماددىي ۋاستە قىلىپ قوللىنىلىشى بۇنىڭغا ئىسپاتتۇر.

يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە چالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ قەدىمكى ماتېرىيالنى ھونلار تارىخىدىن بايقايمىز. مىلادى 89-يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن بىرى دۇشەن غەربى ھونلار (شىمالى ھونلار) بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا، ھونلارنىڭ ئوردىسىدىن چىقىۋاتقان نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغان. [2-238.بەت] مىلادىنىڭ 200-يىلى مەشھۇر ئەدىب خەتتات، سەييۇڭنىڭ قىزى سەي ۋېنجى شەرقى

هونلار (جەنۇبى هونلار) تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. ئۇ شەرقى هونلارنىڭ سول قول بىلگە خانىغا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، هونلاردا 20 يىل تۇرغان. مىلادى 220-يىلى ساۋساۋ تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئۇ «هونلار نەيىگە 18 غەزەل» دېگەن شېئىرى ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

كەچ كىرگەندىن تارتىپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر داقا-دۇمباقنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدۇ.[2-239.بەت]

بۇ مىسالدا تىلغا ئېلىنغان، نەي، دۇمباق مەيلى جەڭدە ئۇرۇشقا چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دۇمباقنى ياكى قوشۇننى يىغىش، قوشۇننىڭ روھىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەن دۇمباقنى ياكى ئىستېتىكا تۇيغۇسىنىڭ ئۈستۈنلىكىدىن مۇزىكا ئورۇنلاش ۋە ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن چالغۇ ئەسۋاب سۈپىتىدە قوللىنىلغان نەي، دۇمباقنى كۆرسەتسۇن، بىزگە كېرەك بولغان مۇھىم خۇلاسە 1-ئەسىردىكى بۇ مەلۇماتقا ئاساسەن هونلارنىڭ مىلادىيىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا چالغۇلىرى بولغانلىقىدۇر.

تۈرك تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمكى يازما ئىسپاتلىرى ھېسابلىنىدىغان ئورخۇن مەڭگۈ تاش يادىكارلىقىدىمۇ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتىلارنى ئۇچرىتالايمىز. بىلگە قاغاننىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن ئۇنىڭ جىيەنى يوللىغ تېكىن تەرىپىدىن بىلگە قاغان مەڭگۈ تىشىنىڭ(735) غەربىي تەرەپ يۈزىگە يېزىلغان يازمىدا مۇنداق مەزمۇن بار:

بىلگە قاغان ۋاپات (بولدى؟). ئەتىياز كېلىۋىدى، يۇقىرىدا (كۆك) دۇمبىقى (قانداق) گۈلدۈرلىسە، شۇنداق، تاغلاردا بۇغىلار (قانداق) مۆرىسە، (شۇنداق)، ھازا تۇتتۇاتىمەن...[3-111.بەت]

بۇ مەڭگۈ تاشقا خاتىرلەنگەن «كۆك دۇمبىقى» دېگەنگە قاراپ ئېيتالايمىزكى، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن دۇمباق سۆزىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دۇمباقتىن ئىبارەت بىر چالغۇ بار ئىدى دېگەننىڭ ئىسپاتىدۇر.

كۇچا قىزىل مىڭئۆيى، قۇمتۇرا قىزىل مىڭئۆيىدىكى «ئەرشتىكى نەغمە-ناۋا تەسۋىرى» تام رەسىملىرىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ھەر خىل سازلارنى چېلىپ نەغمە قىلىۋاتقان كۇسەنلىكلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى، پىپا، بالىمان، قوڭقا، سۇناي، نەي (يالغۇزەك)، ناغرا، دۇمباق، قالۇن، چاڭ، راۋاپ، جەللە (ئوتتېرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئەرشتە ئۆزلىكىدىن چېلىنىۋاتقانلىقى تېپىكلەشتۈرۈلگەن. قىزىل قاغا مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىدە بالىمان، غوڭقا قاتارلىق سازلارنى چېلىپ ئەرشتە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھۆر-پەرىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ماددىي پاكىتلار قەدىمكى مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.[4-128،129.بەتلەر]

قۇمتۇرا قىزىل مىڭئۆيىدىكى «ئەرشتىكى نەغمە-ناۋا تەسۋىرى» دە جەللە (ئوتتېرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سازنىڭمۇ سىزىلغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىدىقۇت ئوردا ياكى مانى ئىبادەتخانا تاملىرىغىمۇ، مانى دەستۇرلىرى سەھىپىلىرىگىمۇ چالغۇچىلار بەرباپ چېلىپ، ناخشا ياكى ھېكايە سۆزلەۋاتقان كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان.

ئىدىقۇت ۋە يارغوللاردىن باللارنىڭ نەي چالغان، ئەگرى ساپاقلىق قوبۇز چالغان كۆرنۈشلىرىمۇ تېپىلغان. يىراق نىيە ناھىيىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلىكتىن تېپىلغان گۈللۈك توقۇلمىدىمۇ يەرلىك قىياپەتتىكى ساز چېلىۋاتقان ئايال ئوبرازى روشەن گەۋدىلەنگەن. ئومۇمەن تاشكېمىر ۋە ئوردا تاملىرىدا، كىتاپ سەھىپىلىرى بىلەن توقۇلما رەختلەرنىڭ قالدۇقلىرىدا، پىپا، قوڭقا، داپ(羯鼓) ، جەللە(铜钹) ، نەي، بالىمان، يېتىق نەي(横笛)، تېزىق نەي، ياندۇمباق (腰鼓)سۇناي، دالا دۇمبىقى، ناغرا(大鼓)، قاتارلىق چالغۇ قۇراللار ئوبرازى ئۇچرايدۇ.[5-325.بەت]

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى چالغۇلار توغرىسىدا بۇددا مىڭئۆي، قىياتاش سىزمىلىرىدىن باشقا ئارخېلوگىيىلىك ماددىي پاكىتلار ناھايىتى ئاز بايقالغان بولۇپ، بۈيۈك تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرىنىڭ گىگانت ئەسەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا بىر قىسىم چالغۇلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ قالدۇرۇلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىخانىيلار دەۋرىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مۇزىكا ۋە چالغۇ قۇراللىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئۇچۇرلۇق رول ئوينايدۇ.

تۆۋەندە مەن ئاساسىي يۈنىلىشتە، يۇقارقى ئىسپات ۋە نۇختىلارغا ئاساسەن «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى چالغۇ-ئەسۋابلار ۋە ئۇلارغا ئائىت سۆزلەر ئۈستىدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بەرگەن ئىزاھاتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، چالغۇلارنىڭ تارىخى ئەھۋالى ۋە ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالىنى سېلىشتۇرما قىلىپ تەھلىل تەتقىقات ئېلىپ بارىمەن.

تۈركى تىللار دىۋاندا چالغۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەر 18 ئورۇندا ئۇچرايدۇ، ئۇلار تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرستىلگەندەك:

»تۈركى تىللار دىۋانى» دا كۆرسۈتىلگەن چالغۇلارغا ئائىت ماددا بىشى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىزاھات جەدىۋىلى

| سۆز | | مەنىسى | سۆز تەركىبى | ترانسكرپسىيلىك مىسال | ئىزاھاتى | بەت | توم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | Igämä | بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى | ئىسىم | | قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ | 185 | I |
| 2 | Öttüdi | چالدۇردى | پېئىل | sïbïzğu öttürdi (öttürür-öttürmäk) | نەي چالدۇردى. ھەر قانداق نەرسىدىن ئادەمنىڭ ھەركىتى بىلەن ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ شۇنداق | 292 | I |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | دېيىلىدۇ. | | | | | |
| I | 328 | سىبىزغۇ (نەي) چېلىندى، باشقىلاردىمۇ شۇنداق | sïbïzğu ötrüldi (ötrülür-ötrülmäk) | پېئىل | ئۈشكۈرتىلدى، چېلىندى | Ötrüldi | 3 |
| I | 473 | ئۇد (بارىدقا) ئوخشايدىغان تارىلىق چىلغۇ ئەسۋابى. | | ئىسىم | قۇبۇز | Qubuz | 4 |
| I | 624 | ئوغۇزچە | | ئىسىم | داپ | Tümrük | 5 |
| I | 625 | | | ئىسىم | ناغرا، دۇمباق | Küvrük | 6 |
| I | 636 | | | ئىسىم | سىبىزغا، نەي | Sïbïzğu | 7 |
| II | 317 | قىزلار (بەسلىشىپ)قوبۇز چېلىشتى. | qizlar qopzašdï (qobzašur, qobzašmaq) | پېئىل | قوبۇز چېلىشتى | qobzašdï | 8 |
| II | 340 | بەزى شۋىلەردە بۇ سۆز«س» ھەرىپى بىلەن «قوپسلدى» مۇ دېيىلىدۇ، مۇنداق ئەھۋال ئەرەپچىدىمۇ كۆپ. | qobuz qobzaldï (qobzalur-qobzalmaq) qopsaldï | پېئىل | قوبۇز چېلىندى | qobzaldï | 9 |
| II | 491 | ئۇ ئۇنى قوبۇز چالدۇردى. | ol anï qobzattï (qobzatur-qobzatmaq) | پېئىل | قوبۇزچالدۇردى | qobzattï | 10 |
| III | 46 | | | | چالغۇچى، سازەندە؛ ناخشچى | Yirağu | 11 |
| III | 175 | خانىنىڭ ھوزۇرىدا | Han tuğ urdï | | دۇمباق | Tuğ | 12 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | چېلىنىدىغان دۇمباق »خان نۆۋەت دۇمبىغى چالدى.» دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن ئېلىنغان. | | |
| 13 | tovïl | تېبىلجاڭ، كىچىك دۇمباق. ئوۋدا لاچىن ئۈچۈن چېلىنىدىغان دۇمباق | | | مەن بۇ سۆزنى ئىسلام ئېلىنىڭ ئەڭ چەت قىسمىدىكى ساپ تۈركلەردىن ئاڭلىدىم. | 226 | III |
| 14 | buvčï | بوم ئاۋازلىق ئۇد | سۈپەت | Buvqï qobuz | بۇ قوۋۇزنىڭ بىر خىلى | 238 | III |
| 15 | ikämä | ئىكەمە | ئىسىم | | ئۇد تىپىغا كىرىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى | 240 | III |
| 16 | bučï | بۇچى | ئىسىم | | ئاۋازى مۇڭلۇق بىر خىل ئۇد | 302 | III |
| 17 | burğuy | بۇرغا | ئىسىم | | پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بۇرغا | 331 | III |
| 18 | Čaŋ | چاڭ | ئىسىم | | چالغۇ ئەسۋابى | 487 | III |

ئىزاھات: مەزكۇر جەدۋەل تۈزۈشتە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1980-يىلى 8-ئايدا نەشردىن چىققان نۇسخىسىنىڭ ئۈچ تومىدىن پايدىلىنىلدى.

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق ئەپەندى مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدە [8-41.بەت] تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى چالغۇلار ھەققىدە چېلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇرغۇلۇق چالغۇلار، تارىلىق چالغۇلار، پۈۋلىمە (يەللىك) چالغۇلار ئۈچ تۈرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، تۈركىيەلىك مۇزىكىشۇناس دوكتور ياۋۇز تالئوغلىنىڭ، موتىف، خەلق ئويۇنلىرى، مائارىپ، ئۆگىتىش فوندى جەمىيتى بىلەن كوجا ئەلى ئۇنىۋېرسىتېتى بىرلىشىپ ئورۇنلاشتۇرغان ‹‹خەلق مۇزىكىسىدا چالغۇلار› تېمىسىدىكى دۆلەتلەر ئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا سۇنۇلغان «دىۋانى لۇغەتىت تۈركتىكى چالغۇلار» تېمىسىدا يېزىلغان ماقالىسىدە ئۇرما چالغۇلار، تارىلىق چالغۇلار، پۈۋلىمە (يەللىك) چالغۇلار دەپ ئۈچ خىل تۈرگە ئايرىپ چۈشەندۈرۈش تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان. ئىككى ماقالىنى سېلىشتۇرۇپ شۇنى ھىس قىلالايمىزكى ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇر ۋە تۈرك تەتقىقاتچىلىرىنىڭ دىۋاندىكى چالغۇلارنى تۈرگە ئايرىشى ئاساسەن بىردەكلىككە ئىگە. بۇ خىل بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بۆلۈش ئۇسلۇبى ئىلمىي بولۇپ، مەن بۇ ماقالىدىمۇ مۇشۇ ئۈچ تۈر بويىچە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرۈلگەن ھەر بىر چالغۇ ئەسۋابى ۋە چالغۇلارغا مۇناسىۋەتلىك پېئىللار ئۈستىدە ئايرىم-ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمەن.

.1ئۇرما چالغۇلار

ئالدى بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار، جۈملىدىن يارمۇھەممەت ئەپەندى «ئۇرغۇلۇق چالغۇلار» دەپ ئالغان ئاتالغۇنى تۈرك تەتقىقاتچىلار «ئۇرما چالغۇلار» دەپ ئالغان بولۇپ، مەنچىمۇ ئۇرۇپ چېلىنىدىغان بۇ تىپتىكى چالغۇلارغا ئۇرما چالغۇ ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق. چۈنكى ئۇرغۇلۇق چالغۇ سۆزىنى تەھلىل قىلغاندا «ئۇرغۇلۇق» سۆزىنىڭ يىلتىزى «ئۇرغۇ» بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىدە «ئۇرغۇ» سۆزى «سۆزلەردىكى بەزى سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئېيتىلىشى»[12] دەپ تىلشۇناسلىق ئاتالغۇسى سۈپىتىدە ئىزاھلانغان. دېمەك بۇ ئىسىم بىز ئىپادىلىمەكچى بولغان، ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ بىلەن مۇناسىۋەتسىز. ئەگەر سۆز يىلتىزىنى «ئۇر» دەپ چۈشەنگەندە «غۇ» ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە قوشۇلۇپ، ئۇرىدىغان نەرسە ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنىڭغا يەنە بارلىق ۋە ئىگىلىك ئۇقۇمنى سىڭدۈرىدىغان «لۇق» سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىسى قېتىلغاندا «ئۇرغۇلۇق» سۆزى «ئۇرىدىغان نەرسىسى بار» ئۇقۇمنى بىلدۈردۇ-دە، ئۇرغۇلۇق چالغۇ دېمەك «ئۇرىدىغان نەرسىسى بار چالغۇ» ئۇقۇمغا يېغىنچاقلىنىدۇ. بۇ ئۇقۇم دىۋاندا تۈمرۈك (1-ت، 624-ب) نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان، ھازىرقى داپنى بىلدۈرىدىغان چالغۇغا توغرا كەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇرىدىغان ئايرىم نەرسىسى يوق، قولدا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. «ئۇرما چالغۇ» ئاتالغۇسغا كەلسەك، «ما» قوشۇمچىسى پېئىللارغا قوشۇلۇپ، ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن پېئىلنىڭ خۇسۇسيتىنى ئىپادىلىگەن سۈپەت ياسايدۇ ۋە بۇنداق سۈپەتلەر ماس ھالدىكى ئىسىملار بىلەن بىرىكىپ تۇراقلىق بېرىكمە بولۇپ كىلىدۇ، مەسىلەن: سوقما تام، ياپما ئاش دېگەندەك. «ئۇرما چالغۇ» مۇ دەل مۇشۇ قائىدە

بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، «ئۆرۈپ چېلىنىدىغان چالغۇ» مەنىسىدە كېلىدۇ، ئۇنىڭ مەنا ئالاھىدىلىكىنى سانلىق جەھەتتىن ئۈرۈپ چېلىنىدىغان چالغۇ بولۇپ، ئاتالغۇ دائىرىسى «ئۈرگۈلۈق چالغۇ» دىن كەڭ، مەخسۇس ئۈرىدىغان نەرسىسى بىلەن ئۆرۈپ چېلىنىدىغان چالغۇنىمۇ، بايا دېگەنەدەك قولدا ئۆرۈپ چېلىنىدىغان تۈمرۈك (داپ) نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى بۇ تۈردىكى چالغۇلارنى «ئۇرما چالغۇلار» دەپ ئېلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق.

ئۇرما چالغۇلار چالغۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلىدۇر. چۈنكى شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، چالغۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپ نوقۇل سەنئەت قۇرالى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولىشى ناتايىن. ئىپتىدائىي دەۋىردىلا قەبىلىلەر ئارا ئالاقە، خەۋەرلىشىش، ئۇرۇش ئىشلىرىدا كۈچلۈك ئاۋاز ئارقىلىپ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇرما چالغۇلارنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى شەكىللەنگەن دەپ قىياس قىلىش تامامەن مۇمكىن. دىۋاندىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن كۆرىۋالالايمىزكى، داپ، ناغرا، دۇمباق تىپىدىكى بۇ ئۇرما چالغۇلارمۇ تۈركلەرنىڭ قەدىمي چالغۇلىرىدىن ئىدى.

دىۋاندا ئۇچرايدىغان ئۇرما چالغۇلار: تۈمرۈك (1-ت، 624-ب)، كۈۋرۈك (1-ت، 625-ب)، تۇغ (3-ت، 175-ب)، توۋىل (3-ت، 226-ب.(

تۈمرۈك : (Tümrük) دىۋاننىڭ ئۇيغۇرچە ھەم تۈركچە تەرجىمىسىدە بۇ سۆز «داپ» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە «ئوغۇزچە» دەپ ئىزاھلانغان. ئېنگىلىزچە ماتىرياللاردا جۈملىدىن كىلاۋسونىڭ لۇغىتىدە تۈمرۈگ (Tümrüg)دەپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

ھازىرقى دەۋردە داپ نامى بىلەنلا ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنى مىلادىدىن ئىلگىرى ياشىغان سۈمېرلار كەشىپ قىلغان ئىكەن.(ئېھتىمال بۇ سۈمېرلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى «كېش» لارنىڭ ناغرىسىدىن تەرەققى قىلدۇرغان يېڭى سوقما چالغۇ ئەسۋابى بولىشى مۇمكىن). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاۋال ئاسسۇرىيەگە، ئاندىن مىسىر، ئىراقىچە تارقالغان. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر دېيى ئوتتىرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا تارقالغان».[6-174.بەت] يۇقاردا دەپ ئۆتكەن تاشكىمىر رەسىملىرىدىمۇ داپنىڭ رەسمى ئۇچرايدۇ. بۇ داپ ئىشلىتىش تارىخىمىزنىڭ قەدىمىيلىكىگە ماددىي ئىسپاتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا داپ پەقەت سەنئەتتىلا ئىشلىتىلىپ قالماي، ئەڭ ئاۋال شامان دىنىدا پىرخونلۇق قىلىش، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتا ئىشلىتىلگەن، ھەتتا بۇ خۇراپىي ئادەت ھازىرغىچە قىسمەن ساقلىنىپ قالغان.« ئۇ يۇمىلاق قاسقانىغا ئىشەك تىرىسىنى كېرىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، پىر ئويۇنىدا بىر دانە ياكى ئۈچ دانە ياكى بەش دانە ياكى يەتتە دانە داپ بىراقلا ئىشلىتىلىدۇ.»[1-230.بەت[

قارىخانىيلار دەۋرىدىن بۇرۇن داپنىڭ نىمە دەپ ئاتالغىنى توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات يوق ئەمما دىۋاندىكى مەلۇماتقا ئاساسەن، قارىخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنقى دەۋرلىرىدە داپنىڭ مەھمۇد قەشقىرى دىۋاندا ئىزاھلىغانلەك «تۈمرۈك» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلىپ يېتىش مۇمكىن.

كۈۋرۈك-1) :(Küvrük)ت، 625-ب) ناغرا، دۇمباقنى كۆرستىدىغان بولۇپ، كىلاۋسونىڭ لۇغىتىدە (Küvrüg)تىرانسكرىپسىيە قىلىنغان، ۋە ئوخشاشلا دۇمباق (durm)دەپ ئىزاھلانغان. ئۇ زامانلاردا

«كۆۋرۈك» مۇ نوقۇل ناخشا ـ مۇزىكا، هوزۇرلىنىشقا ئىشلىتىلمىگەن بولسا كېرەك، چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت قۇراللىرى ئاساسەن ئەڭ دەسلەپ ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىدىن مەيدانغا كەلگەن. «كۆۋرۈك» هازىرقى تىلىمىزدىكى ناغرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، « ناغرا ‹تەۋارىخىي مۇسىقىيۇن› دا كۆرسىتىلىشىچە: مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن زامانىسىدا كەشىپ قىلىنغان ئىكەن، ناغرا قەدىمكى زاماندىكى ھەشەمەتلىك مۇراسىملار ۋە سورۇنلاردا ئالاھىدە داغدۇغا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن». [6ـ171.بەت] «ناغرا قەدىمكى زاماندىكى دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان، ‹بەش خۇ ئۇيغۇرلىرى› تەركىبىدىكى كېش قەبىلىسىنىڭ، «كېش تەبلى» نىڭ ئەۋلادىدۇر، كىشلار كېيىنكى توخرىلار(ياۋچىلار) بولۇپ، كېش ناغرىسى غەرىپكە كۆچكەن توخرىلار ئارقىلىق كۆسەنگە ئېلىپ بېرىلغان. توخرىلار غەربىي دىياردا كەڭ تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقتىن، سۇلى مۇزىكىلىرى، ئىدىقۇت مۇزىكىلىرىدىمۇ بۇ خىل چالغۇ ئەسۋاب قوللىنىلغان. كېش ناغرىلىرىنىڭ ھىندىستان تەرىپىدىن قوللىنىلىشىغا كەلسەك، بۇمۇ توخرىلاردىن قوبۇل قىلغانلىقىدۇر». [6ـ171.بەت، ئەسلى مەنبە: جۇچىڭباۋ، «يىپەك يولى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987ـ يىل، 426ـبەت[ »يېغىپ ئېيتقاندا، چوڭ بولسۇن كىچىك بولسۇن، ئاساسلىق بولسۇن ياكا قوشۇمچە بولسۇن، ناغرا تىپىدىكى ئۇرما چالغۇلارنىڭ ھەممىنى توخرىلار كەشىپ قىلغان. ھىندىستان ۋە ئەرەبلەردە ئىشلىتىلگەن تەبللەر قولدا ئۇرۇپ چېلىنىدۇ، ئىككى تال چوكا بىلەن ئۇرۇپ چېلىش ئۇسۇلى پەقەت كېشلارغىلا خاس ئۇسلۇبتۇر».[6ـ172.بەت[

دىۋاندا تىلغا ئېلىنغان تۇغ (Tuğ)بىلەن توۋىل (tovïl) نىمۇ يۇقارقى ناغرا، دۇمباق توغرىسىدىكى بايانلارغا بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. تۇغ (Tuğ) دىۋاندا «دۇمباق، خاننىڭ ھوزۇرىدا چېلىنىدىغان دۇمباق، خان نۆۋەت دۇمبىقى چالدى دېگەن ئىبارە شۇنىڭدىن كەلگەن» (3ـت، 175ـب) دەپ ئىزاھلانغان. توۋىل» (tovïl) كىچىك دۇمباق، ئوۋدا لاچىن ئۈچۈن چېلىنىدىغان دۇمباق» (3ـت، 226ـب). بۇلارغا ئاساسەن، مەھمۇد قەشقىرى دەۋرىدە چالغۇلار تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئۈچۈن كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. دۇمباق ئىنسانلار ھاياتىدا ئەڭ بۇرۇن كەشىپ قىلىنغان، خىلمۇ ـ خىل چالغۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئاساس ياراتقان چالغۇدۇر. «ئەجداتلىرىمىز ئەڭ دەسلەپ سېلىندىرسمان ئويما كۆتەكلەرگە تېرە كېرىپ، قولى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن گۈلدۈرمامىلىق ئاۋازلارنى چىقىرىشنى بىلگەن. يەنى، سويىۋېلىنغان ماللارنىڭ تېرىلىرىنى ئاڭسىز ھالدا ئىچى كاۋاك دەرەخ كۆتەكلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ تاشلاپ قويۇشقان. بىرمەزگىلدىن كېيىن يۇڭلىرى چۈشۈپ تارتىشىپ كەتكەن تېرىلەر قول بىلەن ئۇرسا گۈمبۈرلىگەن ئاۋازلارنى چىقىرىپ، ئەتراپتىكى ياۋايى ھايۋانلارنى ئۈركىتىۋەتكەنلىكىنى بايقاشقان ھەمدە ئۇنى قومۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، غار ۋە ئۆڭكۈرلەردە يىرتقۇچلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە داغدۇغا قىلىپ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن، شۇنداقلا تەقلىد قىلىپ ياساشقا باشلىغان».[6ـ165.166.بەتلەر.] دىۋاندا:

خان چىدىرى قۇرۇلدى،

تۇغ تىكىپ، دۇمباق ئۇرۇلدى،

قوشۇنى ئۆتتەك تۇرۇلدى،

نەگە قاچسا ئۇ تۇتۇلۇر.

دېگەن قوشاق بېرىلگەن، بۇنىڭغا ئاساسەن كۆرۈپ يېتەلەيمىزكى دۇمباق ناغرىلار جەڭ قۇراللىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدۇرۇلغان. ئۇ تۇرلۇك ئۇرۇشلاردا قەبىلە ئەزالىرىنى يىغىش، سەپ تۈزۈش، ئۇرۇش سىگنالى بېرىش قاتارلىق ئېھتىياجلار بىلەن مەيدانغا كەلگەن. كېيىنكى تەرەققىياتتا ئۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاش، كۆچكۈل ئېچىش، ئۇرۇش ۋە باشقا كوللېكتىپ پائالىيەتلەردە كەڭرى قوللىنىلىشقا باشلىغان.

مۇزىكا ئەسۋابى نۇختىسىدىن چۈشەنگەندە، «مۇزىكىدا بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابنى ئىشلىتىش مەخسۇس مۇزىكىنىڭ ئۇدار ۋە رىتىملىرىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ، ئۇرما چالغۇلارنى كۆپلەپ ئىشلىتىش، قەدىمكى كۈسەن ئۇسلۇبىغا خاس بولغان ئالاھىدە ئۇسلۇب بولۇپ،» [6-164.بەت] بۇنى ماقالە بىشدا سۆزلەپ ئۆتكەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئىسپاتلاردىن ھىس قىلىش مۇمكىن.

.2دىۋاندا ئۇچرايدىغان تارىلىق چالغۇلار: ئىگەمە (1-ت، 185-ب)، قوبۇز (1-ت، 473-ب) —— بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يەنە قوبۇز چېلىشتى(2-ت، 317-ب)، قوبۇز چېلىندى (2-ت، 340-ب)، قوبۇز چالدۇردى (2-ت، 491-ب) قاتارلىق مەنىلەردىكى «قوبۇز» سۆزىگە قوشۇمچە قوشۇپ تۈرلەپ ياسالغان ئۈچ پېئىل سۆزمۇ دىۋاندا ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن. بۇۋچې (3-ت، 238-ب)، ئىكەمە (3-ت، 240-ب)، بۇچى(3-ت، 302-ب)، چاڭ (3-ت، 487-ب.(

ئىگەمە -(Igämä)دىۋاندا «بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى، قوبۇزغا ئوخشاش چېلىنىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. بۇنىڭغا يېقىن ھالدا دىۋاندا يەنە ئىكەمە (ikämä) دېگەن چالغۇ نامى ماددا بېشى سۆزى قىلىنىپ « ئۇد تېپىغا كىرىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى» دەپ ئىزاھلانغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ «بۇ چالغۇنىڭ ‹ئىكەمە› دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا، ئۇنى سۆز يىلتىزى ‹ئىكە› دىن ياسالغان ئىسىم دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ، ‹ئىكەمە› كامالچە بىلەن چېلىنىدىغان چالغۇ بولسا كېرەك»[8-43.بەت] دەپ قارايدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ پىكرى ئورۇنلۇق. چۈنكى، «ئىكە» دېگەن پېئىل ئۆز نۆۋىتىدە سۈرۈش، سۈركەش ئۇقىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەرنىڭ يىلتىزى بولىدۇ مەسىلەن: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئېكەك، ئېكمەك، ئېكەكلىمەك دېگەندەك. «ما، مە» قوشۇمچىسى پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە، بۇلار قوشۇلۇپ ئىكەمە سۆزى ياسىلىدۇ، بۇ نام چالغۇغا قويۇلغاندا سۈركەش ئارقىلىق چېلىنىدىغان بىر چالغۇ ئۇقۇمنى تامامەن بىلدۈرۈلەيدۇ. تارىلىق چالغۇلار كامالچەنى تارىسىغا سۈركەش بىلەن ئاۋاز چىقىرىدىغان بولغاچقا «ئىكەمە» نى كامالچىنى تارىسىغا سۈركەپ ئاۋاز چىقىرىپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئىكەن دەپ بىكىتەلەيمىز.

يەنە بىر دىققىتىمىزنى تارتىدىغان نۇقتا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «ئىكەمە» نى ئۇد تېپىغا كىرىدىغان

چالغۇ دەپ ئىزاھلىشى بولۇپ، بۇ ئىزاھات بىزگە قارىخانىيلار دەۋرىدىكى چالغۇلارنىڭ تىپى بويىچە تۈرگە ئايرىلىشىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىن بىز قارىخانىيلار دەۋرىدىكى چالغۇلارنىڭ ئۈد تىپىدىن ئىپارەت بىر تىپتىكى ئورتاق نامىنىڭ بارلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز .

تارىلىق چالغۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ مۇھىم يەنە بىر چالغۇ قۇبۇز(Qubuz) بولۇپ، مەھمۇت قەشقىرى ئۇنى «ئۈد (باربىت) قا ئوخشايدىغان چالغۇ ئەسۋابى» دەپ ئىزاھلىغان. دىۋاندا يەنە «قۇبۇز» دېگەن ئىسمغا پېئىل ياسىغۇچىلارنى قوشۇپ قوبۇز چېلىشنى ئىپادىلىگەن قۇبۇزغا مۇناسىۋەتلىك پىئىلدىن ئۈچى ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بىرىلگەن. ئۇلار: قوبۇز چېلىشتى(qobzašdï) ، قوبۇز چېلىندى (qobzaldï) ، قوبۇز چالدۇردى .(qobzattï) قۇبۇز دېگەن ئىسمغا ئىسمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە، ئۆملۈك دەرىجە قوشۇمچىسى (كىينكىلىرىگە ئايرىم-ئايرىم ھالدا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىسى، مەجبۇرى دەرىجە قوشۇمچىسى) ۋە ۋاستىسىز بايان مەيلىنىڭ ئاددىي ئۆتكەن زامان قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ قوبۇز چېلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ خىل دەرىجىدىكى پېئىلنى ياسىغان. بۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قوشۇمچە ئارقىلىق مەنا ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقۇرىلىقىغا ئىسپاتتۇر .

دىۋاندا يەنە قۇبۇز تىپىغا كىرىدىغان بۇۋچى (Buvqï qobuz) دېگەن چالغۇ ماددا بىشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن ۋە «بوم ئاۋازلىق ئۈد، بۇ قۇبۇز(قوۋۇز) نىڭ بىر تۈرى» دەپ ئىزاھلانغان. يەنە بىر چالغۇ بۇچى (bučï)مۇ بېرىلگەن ۋە «ئاۋازى مۇڭلۇق بىر خىل ئۈد» دەپ شەرھلەنگەن. يۇقارقى مەلۇماتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى «قارىخانىيلار دەۋرىدە تارىلىق چالغۇلارنىڭ تۈرلىرى خېلى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سۈپەت ۋە ئاۋاز ئېھتىياجى نۇقتىسىدىن تېخىمۇ ئىنچىكىلىشىپ، بىر خىل تۈردىكى چالغۇلارمۇ بوم (تۆۋەن ئاۋازلىق)، مۇڭلۇق (ئوتتۇرا تۆۋەن ئاۋازلىق) چالغۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن».[8-43.بەت] دېمەك، بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ كۈنسىرى ئۆسۈپ بېرىۋاتقان گۈزەل مۇزىكىلىق تۇيغۇسى ۋە مۇزىكىغا بولغان ئىستىتىكسىغا باغلىنىپ نازۇك پەرقتىكى چالغۇلار مەيدانغا كەلگەن. ھەم شۇنداقلا مۇزىكا مەدەنىيىتىدىكى مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىلدە يۈرۈشلىشىشى، موللىشىشى ۋە خېللىششىغا ماددىي ئاساس تىكلەنگەن. بۇ مەدىنىيەتتىكى ئۈستۈنلۈك ھەم تۇرمۇش ئىستتىك ساپاسىدىكى ئىلغارلىقنىڭ ئىسپاتىدۇر.

چاڭ (Čaŋ) ياكى(Caŋ) ـــــ دىۋاندا «جىنك» قىلىپ يېزىلغان. پەقەت «چالغۇ ئەسۋابى» (3-ت، 487-ب) دەپلا ئىزاھلانغان. چاڭغا كەلگەندە ئەستايىدىل توختىلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. چۈنكى چاڭنىڭ زادى ھازىرقى قانداق چالغۇ ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس. بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار ئۇنى «قوڭغىراق» دەپ تونۇپ ئۇرما چالغۇ كاتېگورىيەسىگە تەۋە قىلغان بولسا، ئۇيغۇر ئالدىنقى قاتار تەتقىقاتچىلىرى دىۋاندىكى «جىك» نى ھازىرقى «چەڭ» شۇ دەپ قاراپ تارىلىق چالغۇلار كاتېگورىيىسىگە ئايرىماقتا. تۈرك تەتقىقاتچىلىرى «بارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ چېلىنىدىغان

قوڭغۇراقنى تۈركلەر چەڭ دەيدىغانلىقى مەلۇم، ھازىرقى تىلىمىزدا خىلىلار كەڭ قوللىنىۋاتقان، چەڭ سۆزى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك، بۇ سۆز پارىسچىدىن ئېلىنغان»[7-332.بەت] دەپ قارايدۇ. تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىدىمۇ چەڭ «زىل قوڭغۇراق ۋە چالپارە، ئۇسۇلدا قولغا تاقىلىدىغان قوڭغىراق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا چالغۇ ئەسۋابى » دەپ ئىزاھلانغان.[9] خەنزۇچىسىدا بولسا «جاڭ» دەپ ئىزاھلانغان. بۇنىڭغا قارىتا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تەتقىقاتچىسى ئىسراپىل يۈسۈپ ئەپەندىم ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، دىۋاندىكى «چەڭ» نىڭ قەدىمكى چالغۇ «چەڭ» نى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ئىسپاتىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق: « قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ‹ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى› دە، ‹قۇڭقائۇ› ۋە ‹قوپۇز› (قوبۇز) دېگەن ئاتالغۇ بار. تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيدىكى 48-غار، كۇچا قۇمتۇرا مىڭئۆيدىكى 68-غار قاتارلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە غارلاردا چەڭنىڭ رەسىمى بار. گېرمانىيىلىك مەشھۇر ئالىم ئا.فون گاباين ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ھەققىدە توختالغاندا: ‹خەن دەۋرىدە جۇڭگوغا تارقالغان خارفې-چەكنى دىمەكچى. قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە قۇڭقاقۇ دېيىلىدۇ› دەپ يازغان. چەڭ-ئۇيغۇرلار تارىخىدا ياخشى كۆرۈپ ئىشلەتكەن، بەرىباتتەك ئومۇملاشقان چالغۇلارنىڭ بىرى. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇ چالغۇنى خەنزۇچە ئاتىلىشىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ‹قۇڭقائۇ› يەنە تۈركى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى تارىلىق چالغۇسى ‹قوبۇز› نامى بىلەنمۇ ئاتىغان. كۆكئارت ئۇيغۇرلىرى بولسا، بۇ چاڭنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن پارىسچە سۆز نامى ‹چەڭ› نى قوللانغان. دېمەك دىۋاندىكى چەڭ تارىلىق چالغۇ ‹چەڭ› نى كۆرسىتىدۇ». [9] دەپ ئىسپاتلىغان. ئىسراپىل يۈسۈپ ئەپەندى بۇ توغرىسىدىكى ماقالىسىدە[9] مۇشۇ نۇقتا ئۈستىدە ناھايىتى تەپسىلى ۋە ئەتراپلىق توختالغان. ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار يەنە «چاڭ قالۇننىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن چالغۇ»[6-124.بەت] دەپ قارايدۇ .

.3پۈۋلىمە چالغۇلار: سىبىزغۇ (1-ت، 636-ب)، بۇرغۇي ياكى بۇرغا (3-ت، 331-ب(

سىبىزغۇ -(Sïbïzğu) بۇ چالغۇ نامى دىۋاندا، ماددا بېشى سۆزى بولۇپ بىر قېتىم، پۈۋلىمە چالغۇلارنى چېلىشنى ئىپادىلەيدىغان پېئىلغا مىسال بولۇپ بىر قېتىم جەمئىي ئىككى قىتىم ئۇچرايدۇ. دىۋانىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسقىسىدا سىبىزغۇ «سىبىزغا، نەي» دەپ ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلىنغان .

»خوتەنلىك ئاتاقلىق تارىخشۇناس، مۇزىكاشۇناس، موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854-يىللىرى يازغان تارىخنامىسى ‹تەۋارىخى مۇسقىيۇن›(مۇزىكانتلار تارىخى) دېگەن كىتابىدا نەيىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 10-ئەسىردە ياشىغان جەمشت پادىشاھنىڭ خانىشى مەلىكە دىلسۇز ئىجات قىلغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. كۇچا قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرى ۋە تۇرپان بېزەكلىك تام رەسىملىرىدە نەينىڭ رەسىمى سىزىلغانلىق ئىسپاتلىرىغا قاراپ، نەينىڭ كەم دېگەندە ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ».[6-37.بەت[

دىۋاندا سىبىزغۇنى يەنە بىر ئورۇندا، چالدۇردى (Öttüdi) پېئىلىنى(1-ت، 292-ب) ئىپادىلەش

ئۈچۈن، نەي چالدۇردى (sïbïzğu öttürdi)دېگەن مسالغا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ،«هەر قانداق نەرسدىن ئادەمنىڭ هەركىتى بىلەن ئاۋاز چىقىرىشىقىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» دەپ شەرھلىگەن. مۇشۇ پېئىلنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى، چېلىندى، ئۈشكۈرتىلدى (Ötrüldi) پېئىلىمۇ (1-ت، 328-ب) دىۋاندا ماددا بىشى سۆز شەكلىدە بېرىلگەن. «سىبىزغۇ (نەي) چېلىندى(sïbïzğu ötrüldi) ، باشقىلاردىمۇ شۇنداق» دەپ ئىزاهلانغان. بۇ پېئىللارنىڭ يىلتىزى «ئۆتمەك» بولۇپ، خاقانىيە تىلىدا «چالماق، ساز چالماق» دېگەن ئۇقۇمنى مۇشۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرالايمىز.

دىۋاندا ماددا بىشى سۆزى قىلىپ بېرىلگەن يەنە بىر پۈۋلىمە چالغۇ بۇرغا (burğuy) بولۇپ، «پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بۇرغا» دەپ ئىزاهلانغان. بۇرغىمۇ نەيگە ئوخشاشلا تۈركلەرنىڭ قەدىمي پۈۋلىمە چالغۇلىرىدىن بىرسى. ئۇ دەسلەپ كالا ياكى ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىدىن ياسالغان، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان چالغۇلار ئىچىدە ئاۋازكۈچى ئەڭ زور، ياڭراق بولغاچقا، قەدىمكى ئۇرۇشلاردا كەڭ قوللىنىلغان. ئۇنىڭ تارىخىنى ناهايىتى قەدىمي دەۋرلەرگە باغلاش مۇمكىن.«بۇرغا ئىسقىرىتىش (بىر خىل قەدىمي چالغۇ) كېلىپ چىققان بولۇپ، تارىخى خاتىرلەردە يېزىلىشچە، يىڭى تاش قۇراللار دەۋرىدىلا ئىنسانلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. تارىختا «بەش خۇ» ئۇيغۇرلىرى تەرىپىدىن كەڭ قوللىنىلغان، 6-ئەسىردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغان بولۇپ، هازىرمۇ جەنۇبى شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ناهىيىلىرىدە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئۈلگىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. قەدىمكى زاماندا بۇرغا هەربى يۈرۈشلەردە ۋە خەۋپ-خەتەردىن ساقلىنىشتا ئۆز ئارا سېگنال بىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. هازىر ئاساسەن پوستەكچىلەرنىڭ (تۆگمەن تارتقۇچىلارنىڭ كەسپى نامى) ۋە جۇۋازچىلارنىڭ خېرىدار چاقىرىشتىكى قۇرالى قىلىپ ئىشلىتىلمەكتە». [6-48.49.بەتلەر ]

دىۋاندا يەنە چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى مەنىسىدىكى يىراغۇ-3) (Yirağu) ت، 46-ب) ماددا بېشى سۆزى قىلىپ بىرىلگەن. بۇ سۆز «ناخشا» مەنىسىدىكى (Yir) سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، دىۋاندا) yïrladï ناخشا ئېيتتى، ئىرلىدى، جىرلىدى) (3-ت،421-بەت) دېگەن ماددا بىشى سۆزمۇ بار. يارمۇهەممەت تاهىر تۇغلۇق ئەپەندى مۇناسىۋەتلىك ماقالىسىدا «دىۋاندا مەهمۇت قەشقىرى ‹يىراغۇ› دېگەن بىر ئاتالغۇنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنى چالغۇ قۇراللىرىنىڭ ئومومىي نامى سۈپىتىدە چالغۇ دەپ ئاتىغانلىقىنى، هەم سازەندە ۋە ناخشىچىنىمۇ يىراغۇ نامىدا ئاتىغانلىقىنى بىلدۇق»[8-41.بەت] دەپ يازغان. ماهىيەتتە دىۋاندا «يىراغۇ»غا پەقەت چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى دەپ ئىزاهلار بېرىلگەن بولۇپ، بۇ سۆز كىلاۋسونىڭ لۇغىتىدىمۇ «ناخشىچى (singer) «مەنىسىدە دەپ ئىزاهلانغان. سۆزنىڭ يىلتىزىدىن قارىغاندىمۇ بۇ سۆز بىۋاستە ناخشىغا باغلىنىدۇ، يۇقارقى دەلىللەرگە ئاساسەن بۇ سۆزنى «چالغۇلارنىڭ ئومۇمى نامىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ تونۇشقا ئاساسىمىز يوق.

خۇلاسە: مەهمۇت قەشقىرى يېزىپ قالدۇرغان گىگانىت ئەسەر «تۈركى تىللار دىۋانى» بۈگۈنگە قەدەر، تۈركىي مىللەتلەرگە ئالاقىدار هەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىنچىكە تەتقىقاتلاردا هىچ قانداق ماتىريال

ئورننى باسالمايدىغان ئىلمىي رولنى ئويناپ كېلىۋاتىدۇ. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان تۆھپىسى ئىچىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ناخشا-ئۇسۇل، مۇزىكا سەنئەت مەدەنىيىتىمۇ بەلگىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. دەل شۇ مۇزىكىلارنىڭ زۆرۈر ماددىي ۋاستىسى بولغان چالغۇلار تەتقىقاتى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۈيۈك قامۇستىن بايقاپ چىقىشىمىزغا تېگىشلىك مۇھىم بىلىم نۇقتىسىدىن بىرىدۇر. دىۋان تۈرك مۇزىكا تارىخىنى ئېچىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا بولۇپ، تۈركلەرنىڭ چالغۇ ناملىرى ۋە چالغۇغا ئالاقىدار سۆزلەر «تۈركى تىللار دىۋانى» دا تۇنجى رەۋىشتە ئىلمىي، پەننىي نۇقتىدىن ئايرىم-ئايرىم تىلغا ئېلىنغان ۋە ئىلمىي ئىزاھلانغان، شۇڭا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت ساھەسىگە قوشقان ناخشا-مۇزىكا جەھەتتىكى ھەسسىسىنى چۈشىنىشتە، تۈركلەرنىڭ چالغۇ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئىشەنچلىك ماترىيالدۇر.

ئىزاھات:

.1مەزكۇر ماقالىدە دىۋاندىن ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ ترانسكرىپسىيەسى ئۈچۈن تۈركولوگىيىلىك ترانسكرىپسىيە بەلگىلىرى ئىشلىتىلدى .

.2مەزكۇر ماقالىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1980-يىلى 8-ئايدا نەشردىن چىققان نۇسقىسىدىن پايدىلىنىلدى. كىتاپتىن ئىلىنغان ئۆزۈندىلەرگە بولغان ئىزاھات قىسقارتما شەكىلدە بېرىلدى.

مەسىلەن: (3-ت، 175-ب) = (3-توم، 175-بەتتىن ئېلىندى(

.3مەزكۇر ماقالىدە پايدىلىنىلغان ماترىياللار مەنبەسى قىسقارتىلما شەكىلدە ئىزاھلاندى.

مەسىلەن: [1-219.بەت] = [1]ـــــــ راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 2006-يىلى 6-ئاي. 219-بەتتىن ئېلىندى.

پايدىلانغان ماترىياللار:


[1]ـــــــ راخمان ئابدۇرېھىم، «ئۇيغۇرلاردا شامانىزىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 2006-يىلى 6-ئاي.

[2]ـــــــ تۇرغۇن ئالماس، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1986-يىلى 5-ئاي. ئەسلى مەنبە ـــ پەنخۇا: «كېيىنكى خەننامە يىلنامىسى، دۇشەن ھەققىدە قىسسە«

[3]ـــــــ تالات تەكىن [تۈركىيە]، ئەركىن ئارىز، ئابدۇبەسىر شۈكۈر تەرجىمىسى، «ئورخۇن ئابىدىلىرى»

(كۆل تىگىن، بىلگە قاغان، تونيۇقۇق ئابىدىلىرى)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009-يىلى 3-ئاي.
[4]ـــــ ئابلەت نۇردۇن، «غەربىي يۇرتنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001-يىلى 6-ئاي.
[5]ـــــ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1998-يىلى 8-ئاي.
[6]ـــــ تۇرسۇنجان لىتىپ، «ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋاپلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 1997-يىلى 1-ئاي.
[7]ـــــ رېشات گەنچ [تۈركىيە]، تۇرسۇنئاي ساقىم تەرجىمىسى، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دىن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010-يىلى 12-ئاي.
[8]ـــــ يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى ناخشا-ئۇسۇلغا دائىر مەلۇماتلار» دېگەن ماقالىسى، شىنجاڭ سەنئىتى ژورنىلىنىڭ 2009-يىللىق 3-سانى.
[9]ـــــ ئىسراپىل يۈسۈپ، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىكى ‹جىنك› ئاتالغۇسى قەدىمكى چالغۇ ‹چەڭ› نى كۆرسىتىدۇ» ناملىق ماقالىسى .
[10]ـــــ مەزكۇر ماقالىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 1980-يىلى 8-ئايدا نەشردىن چىققان نۇسقىسىدىن پايدىلىنىلدى.
[11]ـــــ كىلاۋسونىڭ 13-ئەسىردىن بۇرۇنقى تۈركىي تىللارنىڭ ئېتىملوگىيە لۇغىتى، ئوكسفورد نەشرىياتى word) شەكلىدىكى لۇغەت نۇسقىسىدىن پايدىلىنىلدى. (
[12]ـــــ «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 1999-يىلى 1-ئاي

# 24ـ ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەسىرى

پەرھات مۇھەممەدىلى جىلان

(شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى)

تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئېنىقلاشتا ھەرقايسى تىللار تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇق راۋاجلىنىش جەريانلىرىنى ئۆزارا سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تىلشۇناسلىقتىكى تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ ھېسابلايمەن. تۈركىي تىللارنى شۇ تىللاردا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرگەندە، قەدىمكى تىللارنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرىنى ھەم شۇنداقلا ھازىرقى تىللارنىڭ تەۋەلىك ئورنىنى بىرقەدەر ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. تارىخىي سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ، يەنى ھەرقايسى قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى جۇغراپىيەلىك ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ .

مەلۇمكى، تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەجدادلىرى يىراق ئۆتمۈشتىنباشلاپ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، ئەسىرلەر داۋامىدا يايلاق، سۇ قوغلىشىپ، ئۆزلۈكسىز كۆچۈپ يۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، تۈرلۈك قەبىلىلەر ۋە ئۇرۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز ئۇرۇشلار، ھۆكۈمرانلىق تالىشىشلار، يايلاقتىكى خەلقلەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە كۆچمەن خەلقلەرنىڭ ھاياتىدىكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان زور سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ بىرلىشىشى ۋە بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرى داۋاملىق يۈز بېرىپ، يېڭى ـ يېڭى خانلىقلار ۋە قەبىلە ئىتتىپاقلىرى بارلىققا كېلىپ ياكى پارچىلىنىپ، ئۆزگىرىپ تۇرغان. شۇنىڭ نەتىجىسىدە، يېڭى ـ يېڭى ئېتنىك تەركىبلەر ئۆز دەۋرىدە تەدرىجى زورىيىپ، كۈچىيىپ ۋە گۈللىنىپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە يەنە تەدرىجىي ئاجىزلاپ، ئاخىرى تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، كېيىن يەنە يېڭى ئېتنىك تۈركۈملەر باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يوللىرىنى باشلىغان .

قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق قوشۇلۇش ۋە بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرى مۇقەررەر ھالدا ھەرقايسى تىللار ۋە شېۋىلەرنىڭ قوشۇلۇش، بۆلۈنۈش ۋەئۆزارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانلىرىنى ئىلگىرى سۈردى. نەتىجىدە، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە تىللار ۋە شېۋىلەرنىڭ خاسلىقى تەدرىجى شەكىللەندى. بۇنداق خاسلىقلارنىڭ پەرقلەندۈرگۈچى ئامىللىرى دەسلەپتە پارچە-پۇرات ھادىسە خاراكتېرلىق ئالامەتلەردە كۆرۈلگەن بولسا، كېيىنچە جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاستا-ئاستا ماھىيەتلىك پەرقلەر ئاساسىدىكى قانۇنىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، مۇئەييەن تارىئىي دەۋردە بىر قاتار تىللار ۋە شېۋىلەرنى بىرلىككەكەلتۈرگەن بىرقەدەر كەڭ دائىرىدىكى ئورتاق تىل قائىدىلىرى بارلىققا كەلدى. بۇنداق ئورتاق تىل قائىدىلىرى تەدرىجى تۇراقلىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ ، گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى بىرقەدەر پىششىقلانغان ۋە باي لېكسىكا فوندىغا ئىگە بولغان ئەدەبىيتىللارنى شەكىللەندۈردى. بۇنداق ئەدەبىي تىللار ئۆز نۆۋىتىدە ئېتنىك تەرەققىياتنىڭ مىللىيلىك ئالامەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە باشلىدى ۋە ئاخىرى ئورتاق ئەدەبىي تىلداسۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشگە زۆرۈر بولغان بۇ مۇھىم شەرتنى ھازىرلىدى.

دېمەك، مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تىلنىڭ تەرەققىيات تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ئومومىي تۈركىي تىللارسېستىمىسى ئىچىدىكى بىر قاتار مىللىي ئەدەبىي تىللار مۇئەييەن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئۆز فۇنكسىيىلىرىنى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىپ كەلمەكتە. بۇئەدەبىي تىللار يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغاندەك، تىللار ۋە شېۋىلەرنىڭ كۆپ قېتىم تەكرارقوشۇلۇش ۋە بۆلۈنۈش جەريانلىرىدا پىششىقلىنىپ يېتىلىپ، يىراق ئۆتمۈش زامانلاردىكىيگانە بوۋا تۈركىي تىلدىن شاخلىنىپ چىققان .

تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئائىت ئەڭ بۇرۇنقى يازما يادىكارلىقلار دەۋرى 7-ئەسىردىكى كۆكتۈرك خانلىقى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ. ئىلىم ساھەسىدە « ئورخۇن - يېنسەي تۈرك(رۇنىك)يېزىقى» دېگەن شەرتلىك نام بىللەن ئاتالغان يېزىق بىلەن پۈتۈلگەن مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىلىرى ئەنە شۇ كۆكتۈرك تىلىغا مەنسۇپ، ئالىملارنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىچە،بۇ تىلنىڭ تەركىبلىرىدە ، گەرچە شېۋە ئالامەتلىرى بايقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيەنىلا سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق تىلى ئىدى .

-8ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، ئىلگىرىكى كۆكتۈرك تىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى ۋە بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىلى بولۇپ قالدى. بۇ تىل ئىچىدىمۇ گەرچە

قسمەن شېۋە ئالامەتلىرى ساقلانغان بولسىمۇ ، بۇنداق ئالامەتلەر يەنىلا سېستىملاشمىغان ھادىسە خاراكتېرلىق پەرقلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بىر پۈتۈن ئورتاق تىل دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيتتى. ئەينى دەۋردىكى مەزكۇر ئورتاق تىل ياۋروپا ۋە روسىيە ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدە « ئۇيغۇر-ئوغۇز ئەدەبىي تىلى» دېگەن شەرتلىك نام بىلەن ئاتالدى. بۇنداق ئاتاش مەزكۇر تىلنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەمەلىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن.چۈنكى ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ۋە ئوغۇزلارنىڭ ئۇرۇق-قەبىلىلىرى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي گەۋدىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ يادرو قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق «توققۇز ئوغۇز» دەپ ئاتىلاتتى. دېمەك، شۇ دەۋردە « ئوغۇز» دېگەنلىك « ئۇيغۇر »دېگەنگە باراۋەر ئىدى. قەدىمكى ئەپسانىۋى ئۇيغۇر قاغاننىڭ « ئوغۇزخان» دېگەن ئىسىمبىلەن ئاتالغىنىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ .

8-، 9-ئەسىرلەردىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا ئائىت مەڭگۈ تاشلار ـــــ ئۇيغۇر-ئوغۇز ئەدەبىي تىلىنىڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. كېيىنكى يادىكارلىقلاردىن « مايترى سىمىت»، «ئوغۇزخان» داستانى، « ئالتۇن يارۇق»، « تۇرپان تېكىستلىرى »، « مانىخەيلەرنىڭ تۆۋەدۇئالىرى » قاتارلىقلار بۇ تىلنىڭ بىرقەدەر راۋاجلانغان دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.10-ئەسىردە ئوغۇز قەبىلىلىرى ئۇيغۇر-ئوغۇز تۈركۈمى ئىچىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، غەربكە كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بۇ تىل ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە ئۆزىنىڭ ئەنەنىسىنى ساقلاپ، داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. 14-، 15-ئەسىرلەردە شەرقىي شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىششى بىلەن جەنۇبتىكى خاقانىيە تىلىنىڭ تەسىركۆرستىشى ۋە ئەرەبچە-پارسچە سۆزلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر -ئوغۇز تىلى گراماتىكا، فونېتىكا، لېكسىكا جەھەتلەردە بىر قاتارئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئەينى دەۋردە پۈتۈن شىنجاڭغا ئورتاق بولغان «چاغاتاي ئەدەبىي تىلى» غا قوشۇلدى .

قاراخانىلار دەۋرىدىكى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيارايونىدا ئەمەلىي قوللىنىلغان ئەدەبىي تىلنى تەتقىقاتچىلار شەرتلىك ھالدا «قارلۇق-ئۇيغۇر» ياكى « ئۇيغۇر-قارلۇق» تىلى دەپ ئاتىغان. باشقىچە ئېيتقاندا،ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى تەخمىنەن 10-ئەسىردىن باشلاپ قاراخانىلار خانلىقى دائىرىسىدەبارلىققا كېلىپ راۋاجلانغان ۋە بۇ خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق تۈركىي خەلقلەرگەئورتاق بولغان ئەدەبىي تىل ئىدى .

شۇنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بۇ دەۋردە قارا قوچۇ (تۇرپان) ۋە بەشبالىق ( جىمسار) نى قوش ئاستانە قىلغان ئىدىقۇت خانلىقىدا قەدىمكى تۈرك-رۇنىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار دەۋرلىرىدىن باشلانغان ئۇيغۇر-ئوغۇز ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەنەنىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە ساقلانماقتا ئىدى. مىلادىيە

744-يىلدىن 840-يىلغىچە مەۋجۇت بولغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئوغۇزقەبىلىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى ۋە « توققۇزئوغۇز » دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا، ئۇ دەۋرلەردىكى مەڭگۇ تاشلاردا ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ ئالىملار تەرىپىدىن « ئۇيغۇر-ئوغۇز تىلى» دەپ ئاتىلىشى ئورۇنلۇق بولغان .

مىلادىيە 840-يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى بارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە بىر قېتىم كەڭ كۆلەملىك قايتىدىن تەقسىملىنىش ھادىسىسى يۈز بەردى. بىر قىسىم قەبىلىلەر ئۇيغۇر خانلىقى تەركىبىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، ھەرتەرەپلەرگە كۆچۈپ كەتتى. يەنە بىر قىسىم ئۇرۇق-قەبىلىلەر باشقا ئېتنىك تۈركۈملەرگە، جۈملىدىن قىرغىزلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى،جۈملىدىن توققۇز ئوغۇز خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بىرلىكىنى بۇزماي، تەڭرىتاغ ئەتراپلىرىدىكى قانداش قەبىلىلەر ياشايدىغان جايلارغا كېلىپ ماكانلاشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر-ئوغۇز ئەدەبىي تىلى ئۆزىنىڭ شېۋە ئاساسىنى بۇزمىغان ھالدا تارىخىي تەرەققىياتىنى داۋاملاشتۇردى .

-10ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىبارەن تۈركىيتىللىق خەلقلەر ئىچىدە يەنە بىر قېتىم قايتىدىن تەقسىملىنىش جەريانى كېلىپ چىقتى.بۇ قېتىمقى ھەرىكىسى قەبىلىلەرنىڭ كۆچۈش - يۆتكىلىش ھادىسىلىرى ئىچىدە ئوغۇزلارنىڭھەرىكىتى ھەممىدىن گەۋدىلىك بولدى. ئوغۇز قەبىلىلىرى غەربكە كۆچۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭغەربىي قىسمى ۋە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا بۈيۈك سالجۇقلار سۇلالىسىنى تىكلىدى ۋەئەسلىدىكى ئۇيغۇر-ئوغۇز ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر-قارلۇق ئەدەبىي تىللىرىدىنپەرقلىنىدىغان ئوغۇز-قىپچاق تىلىنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ تىلئاساسىدا يېڭى بىر ئەدەبىي تىل ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ تىل غەرب ئالىملىرىنىڭ ئىلمىيئەسەرلىرىدە « ئوغۇز-سالجۇق» ياكى « ئوغۇز-تۈركمەن» ئەدەبىي تىلى دېگەن نام بىلەنئاتالدى .

شۇنداق قىلىپ، 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 11-ئەسىرنىڭ بېشىغاكەلگەندە بارلىق تۈركىي تىللار ئۇيغۇر-ئوغۇز، ئۇيغۇر-قارلۇق ۋە ئوغۇز-تۈركمەندېگەنلەردىن ئىبارەت بولغان ئۈچ ئەدەبىي تىلغا مەركەزلەشتى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » سەرلەۋھىلىك نادىر ئەسىرى ئەنە شۇنداق بىر ئالاھىدەتارىخىي شارائىتتا كاشغەر( قەشقەر) ۋە بالاساغۇننى قوش ئاستانە قىلغانقاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر-قارلۇق ئورتاق تىلى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن. بۇيەردە شەرتلىك ھالدا « ئۇيغۇر-قارلۇق» دەپ ئاتىلىۋاتقىنى ئەينى دەۋردىكىقاراخانىلار زېمىنلىرىنى ماكان قىلغان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى ۋەشېۋىلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى .

مەزكۇر قەبىلىلەر تىزىملىكىدە خاتىرىلەنگەن بىرىنچىتۈركۈمدىكىلىرى ، يەنى شىمال تەرەپتىكىلىرى ئاساسەن ئوغۇز-قىپچاق تىلى دائىرىسىگەكىرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، خاقانىيە تىلىنىڭ ئىگىلىرىنى جەنۇبتىكى ئىككىنچىتۈركۈمدىن ئىزلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۈركۈمدىكى غەربتىن سانىغاندا چىگىللەردىنقالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى توخسى قەبىلىسى بولۇپ، ئۇلار ئىلى ۋادىسىغاجايلاشقاندى. ياغمىلار بولسا، ئىلىدىن قەشقەرگىچە بولغان يەرلەرگە تارقالغان. بۇتىزىملىكتىكى ئۇيغۇرلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار كۇچانىڭ شەرقىدىنقۇمۇلغىچە بولغان يەرلەرگە جايلاشقان. ياغما ۋە ئۇيغۇر ئاتالغۇلىرىنىڭ ئارىلىقىداخاتىرىلەنگەن ئوغراق، چارۇق، چۇمۇل قەبىلىلىرى ، ئېھتىمال، قەشقەردىن قاراشەھەرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يەرلەردە ياشىغان بولسا كېرەك. بۇ قەبىلىلەر باشقامەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن قالغان يادىكارلىقلارمۇ يوق.شۇڭا، ئۇلارنىڭ خاقانىيە تىلىنىڭ ئىگىسى بولۇش ئېھتىماللىقىنى مەنسۇخ قىلىشقابولىدۇ. مۇشۇ بويىچە تەھلىل قىلغاندا، قەشقەرنى مەركەز قىلغان خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭئاساسلىق ئاھالىسى ياغما قەبىلىسىدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، « تۈركىيتىللار دىۋانى» دا « خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ تونۇشتۇرۇلغىنى ۋە دەۋرىمىز ئالىملىرى« ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى» دېگەن شەرتلىك نام بىلەن ئاتىغىنى دەل ئاشۇ ياغماقەبىلىسىنىڭ شېۋىسىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تىل دېگەن كۆزقاراشنى توغرا دەپيشلازىم .

بۇنداق يەكۈن تارىخىي پاكىتلارغا تامامەن ئۇيغۇن.قاراخانىلار خانلىقى قۇرۇلۇشنىڭ هارپىسدا توققۇز ئوغۇز خەلقى تارىم ۋادىسىداقارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلغان. شۇ مەزگىلدە ئەنە شۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمىبولغان ياغمىلار قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان. تۈركىي تىللىقخەلقلەرنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن تونۇلغان روسىيىلىك ئاكادېمىك ۋ. ۋ.بارتولد:« ئەينى دەۋردە ياغمىلار قارلۇقلارنى قەشقەردىن سىقىپ چىقىرىپ، ئۆزلىرى شۇشەھەردە ماكانلاشقان» دەپ كۆرسىتىدۇ. [7 ]

تۈركىيە ئالىمى رىشات گەنج ئۆزىنىڭ « مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرەتۈرك دۇنياسى» ناملىق كاتتا ئەسىرىدە يۇقۇرىقىدەك كۆزقاراشنى راۋاجلاندۇرۇپ مۇنداقدەيدۇ:«... تارىخىي ئەسەرلەردە ياغما هۆكۈمدارلىرىنىڭ توققۇز غۇز( توققۇز ئوغۇز=ئۇيغۇر) هۆكۈمدارلىرى ئۇرۇقىدىن بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ هۆكۈمدارلىرى بۇغراخانئۇنۋانى بىلەن ئاتالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قوۋمى بولغان ياغمىلارئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن غەربكە كۆچۈپ، قەشقەر دىيارىغا كەلگەن ۋە بۇشەھەرنى قارلۇقلاردىن تارتىۋېلىپ ئۆزلىرى ماكانلاشقان بولۇشى ئېھتىمال. ئۇلارنىڭهۆكۈمدارلىرىنىڭ خان ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغانلىقىمۇ شۈبھىسىز». رىشات گەنجيۇقۇرىدىكى بايانلىرىغا ئۇلاپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:« مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈركچە ياكىخاقانىيە تۈركچىسى دېگىنى شۇ ياغمىلارنىڭ شېۋىسى بولسا كېرەك. »[8 ]

-10ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامەلۇم ئاپتورتەرىپىدىن يېزىلغان « هۇدۇدۇلالەم»( ئالەمنىڭ چېگرىلىرى )

ناملىق ئەرەبچە ئەسەرنىڭمەخسۇس ياغمىلار توغرىسىدىكى 13-بابىدا ، ياغمىلارنىڭ يەرلىرى توققۇز ئوغۇزلار ۋەقارلۇقلارنىڭ چېگرىلىرىغا تۇتىشىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئۇلاپ يەنە: «ئۇلارنىڭ ( ياغمىلارنىڭ ) خانلىرى توققۇز ئوغۇز خانلىرى بىلەن ئۇرۇقداش» دەپ قەيتقىلىدۇ. شۇ بايانلارنىڭ ئاخىرىدا قەشقەر، ئاتۇش ۋە يەنە قايسىدۇر بىر نامى ئېنىقىيېزىلماي قالغان شەھەر ياغمىلارنىڭ يۇرتلىرى دەپ كۆرستىلىدۇ.[9 ]

»جوڭگو تارىخ خەرىتىلىرى » توپلىمىنىڭ 36-،37-بەتلىرىدىكى « بەش دەۋر، ئون دۆلەت » ( مىلادىيە 907ـــ 960-يىللىرى) خەرىتىسىدەقارلۇقلارنىڭ ماكانى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىي بويلىرىدا، ياغمىلار ياشىغان يەرلەربولسا ، پامىر تاغلىرىدىن تارتىپ ئاتۇش، قەشقەر ئەتراپلىرىدىكى جايلاردا كۆرستىلگەن. دېمەك، « ھۇدۇدۇلالام» دىكى مەلۇمات بىلەن مەزكۇر خەرىتىدەكۆرستىلگىنى تامامەن ئوخشاش. « ھۇدۇدۇلالەم»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن ۋاڭجىلەي ئەپەندى كەلتۈرگەن نەقىلدە يەنە: « مەجمۇئەتۇل تەۋارىخ» تا ياغمىلارنىڭ خانىبۇغراخان دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ كۆرستىلگەن. دېمەك، بۇنىڭدىنمۇ خاقانىيە خەلقىنىڭياغما ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. چۈنكى قاراخانىلارنىڭ « بۇغراخان » دەپئاتىلىدىغان چوڭ خانلىرى قەشقەردە ئىدى. باشقا جايلاردىكى خانلار « ئىلىكخان»، «تابغاچخان» دېيىلگەن بولسىمۇ، « بۇغراخان» دەپ ئاتالمىغان. يۇقۇرىدىكى پاكىتلارئەينى دەۋردە ياغمىلارنىڭ قەشقەر ۋە ئاتۇشتا ياشىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپبېرەلەيدۇ .

بىر قىسىم ئالىملار « ياغمىلار قەشقەردە ياشىغان» دېگەنكۆزقاراشنى قوشۇلالمايدۇ. لېكىن ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كىشىنى قايىلقىلغۇدەك دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت « مەھمۇد كاشغەرى ئىلىۋادىسىدا ياغمىلار ياشايدۇ دەپ كۆرسەتكەن» دېگەننىلا تىلغا ئالالايدۇ. دەرۋەقە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 124- ۋە 531-بەتلىرىدە ياغما،توخسى، چىگىل قەبىلىلىرىنىڭ ئىلى ۋادىسىدا ياشايدىغانلىقى كۆرستىلگەن. بۇمەلۇماتتىن 10-، 11-ئەسىرلەردە ئىلى دەريا بويلىرىدىمۇ ياغمىلارنىڭ بىر بۆلۈكياشىغانلىقى مەلۇم. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ « قەشقەر ۋە ئاتۇشتا ياغمىلار يوق» دېگەننىبىلدۈرمەيدۇ .

ئەمدى بىز دېققىتىمىزنى « تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكىمەخسۇس تۈركىي تىللار توغرىسىدا ئېيتىلغان مەلۇماتلارغا ئاغدۇرۇپ باقايلى. مەھمۇدكاشغەرى تۈركىي تىللارنى تونۇشتۇرۇپ، ئەينى دەۋردىكى قەبىلىلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى« ساپ تۈركچە تىلدا سۆزلىشىدۇ» دەپ زىكىر قىلىدۇ. بۇلار: ئۇيغۇر، قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز، توخسى، ياغما، چىگىل، ئوغراق، چارۇق. دېمەك ، بۇنىڭدىن خاقانىيە تىلى، يەنى«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن تىل مانا مۇشۇ قەبىلىلەرنىڭ بىرىگە ياكىبىر قىسمىغا تەئەللۇق دېگەن

مەنە چىقىدۇ .
يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن دەلىللەردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، «دىۋان»دا ئىپادىلەنگەن تىل ياغما شىۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ، دېگەن پىكىرىبىرقەدەر سالماقلىق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى خاقانىيەتىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدىكى ياغما كۆزقارىشىنى توغرا، لېكىن تولۇق ئەمەس دەپھېسابلايدۇ .

مۇنداق بىر پاكىتقا دىققەت قىلايلى، مەھمۇد كاشغەرى مۇنداقچۈشەندۈرىدۇ: « تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى ...»بۇنىڭدا « يېنىكى» ۋە « توغرىسى» دېگەن ئىبىنقلىغۇچىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. «يېنىك» دېگىنى، ئېھتىمال، تەلەپپۇز قىلىشقا ئاسان دېگەنلىكىنى بىلدۈرسە كېرەك. «توغرا» دېگىنى، شۈبھىسىزكى، ئەدەبىي تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن دېگەنلىكىنىبىلدۈرىدۇ. شۇڭا، توخسى ۋە ياغما قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرىنى « تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ .

بىز خاقانىيە تىلىنى ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى دەپ ئاتىدۇق. لېكىنمەھمۇد كاشغەرى تۈركىي قەبىلىلەرنى تونۇشتۇرغاندا بولسۇن ۋە ياكى تۈركىي تىللارنىچۈشەندۈرگەندە بولسۇن، قارلۇقلارنى تىلغا ئالمايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەبنى شۇنداق دەپپەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغىنىدەك، 11-ئەسىردە قارلۇقلارنىڭئۇرۇق-قەبىلىرى جىددىيلىك بىلەن خاقانىيە ئاھالىسىگە قوشۇلۇپ، ئۆزلىشىپكېتىۋاتقان بولغاچقا، مەھمۇد كاشغەرى ئۇلارنى « خاقانىيە تۈركلىرى» گەئوخشمايدىغان باشقا خەلق دەپ ھېسابلىمىغان بولسا كېرەك. شۇنداقلا، قارلۇقئۇرۇقلىرىنىڭ تىلى بىلەن قەشقەر ئاھالىسىنىڭ تىلى ئوتتۇرىسىدا تىلغا ئالغۇدەك پەرقكۆرۈلمىگەن بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قارلۇقلارنىڭ ئىسسىقكۆل ۋەماۋارا ئۇننەھىردە ئولتۇراقلاشقان بىر قىسمى —— چىگىللەر قەشقەردىن چەتتەرەكبولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاپ قالغان. شۇڭا ئۇلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭقەبىلىلەر تىزىملىكىدە ئايرىم كۆرسىتىلگەن. باشقىچە ئېيتقاندا، قارلۇقلارنىڭخاقانىيە ئاھالىسىگە قوشۇلۇپ كەتمەي ئايرىلىپ قالغىنى ئاشۇ چىگىللەردىن ئىبارەتبولسا كېرەك. 8-، 9- ئەسىرلەرگە ئائىت مەڭگۈ تاشلاردا قارلۇقلار « ئۈچ قارلۇق»دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ نام قارلۇقلارنىڭ ئۈچ قەبىلىدىن تەركىبتاپقانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. چىگىللەر ئەنە شۇ ئۈچ قەبىلىنىڭ بىرى ئىدى. ھالبۇكى،مەھمۇد كاشغەرىنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇ ئۈچ قارلۇق قەبىلىسىدىن پەقەت چىگىللەرلاساقلىنىپ قالغان بولۇپ، باشقا ئىككى قەبىلە يوقالغان. ئېھتىمال ، ئۇلار تارىم ۋەئىلى ۋادىلىرىدىكى تائىپىلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك .

ئاخىرىدا خۇلاسە تەرىقىسىدە يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشىزۆرۈركى، « تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى

مەلۇماتلار بىلەن 11-ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي ئېتنىك ۋە تىل تەرەققىيات ئەھۋالىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا، خاقانىيە تىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر، قىرغىز، قىپچاق، ئوغۇز قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنى «ساپ تۈركچە» دەپ ئاتايدۇ، ئەمما، پەقەت ياغما ۋە توخسى تىللىرىنىلا «توغرا» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇنداق دېگىنى، ئەلۋەتتە، يېزىقتىلىنىڭ قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن، دېگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇ تەبىرگە ئاساسەن بىز 11-ئەسىردىكى قاراخانىلارنىڭ ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت بولغان ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوغۇز ۋە قىپچاق تىللىرىغا سېلىشتۇرۇلغان خاقانىيە تىلىنى توخسى ۋە ياغما قەبىلىلىرىنىڭ شېۋىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەپ ئېيتالايمىز.

# 25- "تۈركىي تىللار دىۋانى" دا ئىپادىلەنگەن ئىلىم-مەرىپەت ۋە مائارىپ قارىشى

**غاپپار روزى**

جاھان ئىلىم ئەھلىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ئىلمىي ئەسەر <تۈركىي تىللار دىۋانى( >تۆۋەندە
قىسقارتىلىپ <دىۋان >دەپ ئېلىندى( بىزگە قەدىمكى ئۇزاق تارىخقا ئىگە باي تۈركىي تىلىنىڭ مول،
بىباھا جەۋھەرلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، قاراخانىيلار دەۋرىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن تۈرك ـ ئۇيغۇر
خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، ھاكىمىيەت، ئىلىم ـ پەن، يېزا ئىگىلىك، سەنئەت،
دىن، ھۈنەر ـ سەنئەت، تېبابەتچىلىك، تارىخ، پەلسەپە، ئاسترونومىيە ـ كالىندارچىلىق، جۇغراپىيە،
باللار ئىلمى، ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسدە باي تىل ماتېرىياللىرى
ئارقىلىق روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن مۇكەممەل قامۇستۇر □.ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئىسلام دىنى بىلەن
ئەرەب تىلى ئۈستۈنلۈك ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، باتۇرلارچە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈرك
مەدەنىيتىنىڭ ئەرەب مەدەنىيتىدىن قېلىشمايدىغانلىقى ھەم <تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلى بەيگىگە
چۈشكەن ئىككى ئاتتەك تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقى>نى نامايەن قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئابروينى تىكلەش
ئۈچۈن، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە مائارىپ ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۇزاق
ئۆتمۈشتىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ماددىي مەدەنىيتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيتى جەھەتتىكى ئىلمىي
ئىقتىدارىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىگە <دىۋان >سەھىپىسى ئارقىلىق گۇۋاھلىق بېرىپ، ئەينى
دەۋردىكى تۈرك ـ ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە مائارىپ قارىشىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە
ئىكەنلىكىگە جاۋاب بېرىدۇ □.تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدىنىڭ مەيدانغا كېلىشى
پۈتكۈل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم ـ پەن ساھەسىگە يەنە بىر ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە <قۇتادغۇ بىلىك >
بىلەن بىرلىكتە ئەبەدىي يىقىلمايدىغان كاتتا مۇنار تىكلەپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن <دىۋان>نىڭ
ئىلمىي شۆھرىتى يالغۇز ئۇيغۇر ـ تۈرك خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى جاھان
مەدەنىيەت خەزىنىسىدىمۇ ئالاھىدە يۇكسەك ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە □.م. روزېنتال، پ.
يۇدىنلار<شەرق مەدەنىيتى كاۋكاز، مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيتى،
ئەرەب ۋە باشقا ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيتى ئوتتۇرا ئەسىردە )13 ـ ئەسىرگىچە( غەربىي
ياۋروپانىڭ مەدەنىيتىدىن ئېشىپ كەتتى<) >ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە <قۇتادغۇ بىلىك>>، 568ـ بەتتە
كەلتۈرۈلگەن نەقىل.)دېگىنىدەك، مەركىزىي ئاسىياغا جايلاشقان قەدىمكى شىنجاڭ ئۆزىنىڭ شانلىق
مەدەنىيەت تارىخىدا ھەرقايسى تىل، دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد ئامىللىرىنىڭ <يىپەك يولى >تۈگۈنىدە
تەڭلا ئۇچرىشىش نەتىجىسىدە سىنكرتىك مەدەنىيەت ئامىللىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەينى دەۋردە
شىنجاڭدا قۇرۇلغان خانلىقلارنىڭ مائارىپ، ئىلىم ـ پەن مەدەنىيتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى □.
تارىخىي ھەم يازما مەنبەلەر X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XI ئەسىردىن باشلاپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى
مەركەز قىلغان جايلار ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىسلام مائارىپىنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىگە ئايلىنىشقا
باشلىغانلىقى توغرىسىدا بىزگە مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى ئورخۇن،
شامان ۋە مانى دەۋرى )552 ـ 844 ـ يىللار(، ئىدىقۇت مائارىپى دەۋرى )850 — 1250 ـ يىللار( ھەم

بۇددىزم مائارىپى دەۋرى )75 ـ 992 ـ يىللار( جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ، كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلارنىڭ ئىسلامىيەت مائارىپى دەۋرى )870 ـ 1211 ـ يىللار(گە قەدەم قويىدى )ئابدۇللا تالىپ < :ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار>، 36ـ بەت. (. بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغانىدى □.قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرىقىدەك مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشىش تارىخىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتسەك، ئەھۋال مۇنداق ئىدى: قاراخانىيلارنى مەركەز قىلغان رايونلاردا بۇددا دىنىنىڭ ئورنىنى ئىسلام دىنى ئىگىلىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىگە ئۆتۈشى، پۈتكۈل قاراخانىيلار مىقياسىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىش ۋە چوڭقۇرلىشىش ۋەزىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ شۇ دەۋردە دۇنيادا خېلىلا ئىلغار سانالغان ئەرەب ـ ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن مەركىزىي ئاسىيا خەلقلەر مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلىپ قۇرۇلغان قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ھال قاراخانىيلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيىتىنى پەيدىنپەي دۇنيادىكى ئىلغار پەن ـ مەدەنىيەت قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا، ئۇيغۇرلارنى بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا شەرت ھازىرلاش ئىمكانىيىتى بەرگەنىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ـ مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى □.يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەسىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، بۇددىزم ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتـ مائارىپ زور چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئىسلام ئەقىدىلىرى بويىچە ئىسلاھ قىلىندى. بولۇپمۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە شۇ دەۋر ئىسلام مەدەنىيەت ـ مائارىپىغا لايىق ئىسلام دىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە كەينى ـ كەينىدىن بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. بۇ ــ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام مائارىپىنىڭ باشلىنىشى ئىدى< .مەدرىسەئى ساجىيە >سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىناتتى. تارىخ مىلادىيە 960 ـ يىلىغا كەلگەندە، مۇسا ئارسلانخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، خانلىق مەدرىسە ۋە كۇتۇپخانىلار تەسىس قىلىندى. بۇ مەدرىس ـ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا بىر قىسىم يۇقىرى مەلۇماتلىق خادىملار يېتىشىپ چىقىپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپتىن مۇستەھكەملىنىشىگە ھەم سۇلالە ھۆكۈمرانلىق قىلغان كەڭ رايونلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىسلاملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىدى. شۇنداقلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم ـ پەن مائارىپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىدىمۇ رولى چوڭ بولدى □.زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، خانلىق دائىرىسىدىكى دىنىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەر ئىسلام دىنى ئاساسىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە بىلىم يۇرتلىرىغا

ئۆزگەرتىلدى، بولۇپمۇ، مەشھۇر خانلىق ئالىي ئوقۇتۇش يۇرتى< — مەدرىسەئى ساجىيە>دە تەرەققىياتىنىڭ تۆرتكىسىدە خەلقئارادىكى پەننىي دەرسلەرنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە دەرسلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشقانىدى. دىنىي مەكتەپ )باشلانغۇچ مەكتەپ(، قارىخانا )دىنىي كەسپىي ئوتتۇرا مەكتەپ(لاردا ئاساسلىقى ئەرەب ئەدەبىياتى، <قۇرئان كەرىم >دىن پارچىلار، دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرى ۋە بىرقىسىم شەرق ئالىملىرىنىڭ شېئىرلىرى ئۆتۈلسە، ئالىي بىلىم يۇرتى — مەدرىسلەردە دىنىي ئەقىدىلەر بىلەن <قۇرئان كەرىم >ۋە <ھەدىس >لەرنىڭ مەنىسىنى تەپسىرلەش، ئەرەب ئەدەبىياتى، ئەرەب، پارس گراماتىكىسى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى قاتارلىقلار بىلەن چەت ئەل تىلى، يۇنان پەلسەپىسى، ماتېماتىكا، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، سىپاگەرچىلىك )جەڭ تاكتىكىسى( قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ ئۆتىلەتتى. بۇ مەشھۇر <مەدرىسەئى ساجىيە >گە ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئالىم ـ ئۇستازلاردىن ھۈسەيىن ئىبىن خەلەب، سەئىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۇزۇكى، ھۈسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن قەشقەرى، رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقەرى، ئىمامىدىن قەشقەرى قاتارلىق نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئالىملار مۇئەللىملىك قىلغانىدى. بۇ بىر قىسىم مەشھۇر ئالىم ۋە ئۇستازلار دىنىي مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە كەمستىشىگە قارىماي، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا پەننى دەرسلەرنى ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللاندى ھەم ئىلىم ـ پەننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان قابىلىيەتلىك ئوقۇغۇچى ۋە خادىملارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئەنە شۇلار قاتارىدا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش ئالىم ـ ئۆلىمالار ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئىسلام مائارىپ تەلىم ـ تەربىيسى ئارقىلىق ئېچىپ، سۇبيېكتقا ئايلاندۇرغان، ئاندىن سۇبيېكت ئاساسىدىكى ئىچكىلىكنى ئوبيېكتلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈپ، بىلىم قۇرۇلمىسىنى بىر تەرەپتىن كېڭەيتىپ تەسىرچانلىقىقا ۋە راۋاجلىنىشچانلىقىقا ئىگە قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تەبىئىي ماھىيەتنى ئىجتىمائىي ماھىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىغا بېغىشلاپ پەلسەپە، تارىخ، تىلشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق، ئەدەبىياتشۇناسلىق، ئەدەب ـ ئەخلاق، قانۇنشۇناسلىق، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئېتنوگرافىيە، تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق جەھەتلەردە مول نەزەرىيۋى ۋە ئەمەلىي بىلىملەرنى توپلاپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدە كەمدىن ـكەم ئۇچرايدىغان مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇ قاراخانىيلار مەدەنىيەت ـ مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان كۆرۈنۈشتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆز ئەسىرىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن م. قەشقەرى <دىۋان >نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا، ئۆز كىتابىنىڭ مەڭگۈلۈك يادىكارلىق ھەم يوقالماس روھىي بايلىق بولۇپ قېلىشىنى تىلەپ ئۆزىنىڭ سەمەرىلىك ئىلمىي ئىشى ھېسابلانغان مەشھۇر قامۇسى <دىۋان >نى باغدادتا ۋۇجۇدقا چىقىرىپ بولۇپ، مىلادىيە 1082 ـ يىلى باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىدۇ. ئىلىم ـ پەننى قىزغىن سۆيىدىغان، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ئۆز

يۇرتى ئوپالدا <مەھمۇدىيە مەدرىسى >نى تەسىس قىلىپ ئۆزى مۇئەللىملىك قىلىدۇ. بۇ مەدرىستىمۇ تەسىس قىلىنغان دەرسلەر ئاساسەن، <ساجىيە مەدرىسى >نىڭ دەرسلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا دىنىي بىلىم ئوقۇتۇشى بىلەن ئىلمىي بىلىم ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرگەن. ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش سىستېمىسى جەھەتتە، ئەرەب ئىسلام مائارىپىنىڭ سىستېمىسى، مەزمۇنى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئەنئەنىسى ھەم شەكلىنى قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ سىستېمىلاشتۇرغان ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە قىلغانىدى. بۇ بايان <ئىلىم - مەرىپەت - >جەمئىيەت تەرەققىي قىلىشىنىڭ، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ئىكەنلىكىنى بالدۇر چۈشەنگەن ھەم ئۆزىنىڭ غايىسىگە ئايلاندۇرغان بىر پېشقەدەم مائارىپچىنىڭ ئېگىلمەس - سۇنماس روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ□.ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى <دىۋان>دىن ئىبارەت مەشھۇر قامۇسىدا، يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدەك، كەڭ دائىرىلىك مەزمۇنلارنى جانلىق مىساللار بىلەن ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. قىسقىسى، ئالىمنىڭ سەمەرىلىك ئەمگىكىدە بىلىم، ئەقىل، ئوي، تىل، شېئىر، سەنئەت، دانىشمەن، ئالىم، زۆرۈرىيەت، لۇغەت، ئېلىپبە، ئەسەر ۋە باشقىلار ئانالىز قىلىنغان. بۇ مەنىدىن تەھلىل قىلغاندا، ئالىمنىڭ شۇ دەۋردىكى مەۋجۇد ئىلىملەرنى پۇختا ئۆگەنگەن، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، مەكتەپ تەربىيىسى بىلەن ئۇستاز تەلىماتى ھەقىقىي ئۆزىگە سىڭدۈرۈلگەن پېشقەدەم پېداگوك ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ< □.دىۋان IX >- I□I□I□X□ئەسىرگىچە بولغان قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىيات توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى ھەم تولۇق مەلۇمات بېرىدىغان بىردىنبىر مەنبە. ئۇنىڭدا ئەدەبىي مىراسلار <دىۋان >سەھىپىسىدە خۇددى نۇرلۇق يۇلتۇزدەك ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەدەبىي مىراسلار <ئوغۇزنامە >ۋە <كۆلتېكىن ئابىدىسى>نى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى شۇنداقلا ئەڭ مول، ئەڭ رەڭدار نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئالىم مۇشۇ ئەدەبىي مىراسلار ئارقىلىق <ئىلىم - مەرىپەت ۋە مائارىپ >قارىشىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن< □. دىۋان >دا شۇ دەۋر ئادەملىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى سۆزلەر ۋە چۈشەنچىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان 5007 دىن ئوشۇق تېرمىن بېرىلگەن. سۆز- ئىبارىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۆزلۈكلەرنى جانلىق ئىپادىلەش ئۇچۇن ھەم لۇغەتچىلىكىمىزدە ھازىرغا قەدەر كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقىرى سەنئەت ماھارىتى بىلەن سۆزلۈكلەرگە ئورگانىك باغلاشتۇرۇش ئاساسىدا، بىر قەدەر چوڭراق ھەم مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان 20 گە يېقىن ئەپسانە، رىۋايەت، قەدىمكى زاماندىن تارتىپ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىي ھاياتى ۋە كۈرەش پائالىيىتى ھەم ئۇلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەت، ئەقىل - پاراسەت، پېداگوگىكىلىق قاراشلىرىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ چۈشەندۈرىدىغان 224 كۇبلېت شېئىر - قوشاق؛ تۈركىي خەلقلەرنىڭ رېئال ھاياتتا كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى قىسقىسى، دۇنياغا ۋە مەئىشەتكە قانداق قاراشنى بىلدۈرىدىغان، پەلسەپىۋىلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك ئىپادىلەردىن تۈزۈلگەن 290 دىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل، يىراق ئۆتمۇشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆرپ

ـ ئادەت تۇسدىكى ئىككى ھېكمەتلىك سۆز تاللىنىپ كىرگۈزۈلگەن .بۇ ئەدەبىي مىراسلار يالغۇز ئۇيغۇر
ـ تۈرك خەلقلىرىنىڭ XI ئەسرنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى فولكلور ۋە يازما ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى
نەمۇنىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن تارتىپ تاكى مۇئەللىپ ياشىغان
دەۋرگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي باسقۇچتىكى تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، دىن، مىللەت، فولكلور،
مائارىپ، مەدەنىيەت، جەمئىيەت، تەبىئەت قاتارلىق پەن ـ ئىلىملەرنىڭ ياخشى
نەمۇنىسىدۇر< .دىۋان > دىكى ھەر ـ بىر سۆزلۈكنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن ئەدەبىي
پارچىلارنى نەسرىي ۋە شېئىرىي ئەسەرلەر دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. نەسرىي
ئەسەرلەر< :دىۋان >دا بېرىلگەن قۇلباق، ئوماي، ئىلاھى دەرەخ قاتارلىق تەڭرى ـ مەبۇدلار
توغرىسىدىكى ئەپسانىلار، شۇ قاغان، ئارسلان تېكىن، ئىسكەندەر، تۈرك، ئۇيغۇر، ئوغۇز، تۈركمەن،
تۈبۈت، چىگىل، 12 مۈچەل قاتارلىقلار توغرىسىدا شۇنىڭدەك ئوردۇكەنت، بارچۇق، قازۋىن، ئەرتىش،
تاشكەنت، بارمان، تابغاچ، تۇڭا، بارسقان قاتارلىق يەر ـ جاي، دەريا ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە
ئۇلارنىڭ ئىسىم بولۇپ قېلىشى، سۆزلەرنىڭ مەنىسى توغرىسىدىكى ھەم يېمەك ـ ئىچمەك، زىبۇ زىننەت،
باللار ئويۇنى، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىدۇ .شېئىرىي ئەسەرلەر
ئاساسەن <دىۋان >دىكى ئېپىك، لىرىك شېئىرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئېپىك شېئىرلار: ئالىپ ئەرتۇڭا
توغرىسىدىكى ئېپوس پارچىلىرى بىلەن بىكەچ ئارسلان تېكىن داستانىدىن پارچە، ئۇيغۇرلارنىڭ
تاڭغۇتلار بىلەن بولغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن شېئىرىي پارچىلار ۋە باشقا داستانلاردىن پارچىلاردا ئۆز
ئىپادىسىنى تاپىدۇ. لىرىك شېئىرلار: ئەمگەك، جەڭ، مۇھەببەت، تەبىئەت تەسۋىرىگە ئائىت ناخشا ـ
قوشاقلار، ئافراسىياب ۋە باشقا ئىسمى نامەلۇم قەھرىمانغا ئوقۇلغان مەرسىيە پارچىلىرى، بايرام ۋە
مۇراسىم، پەندىنامە قاتارلىقلارغا دائىر قوشاق ـ نەزمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساقنامىلەر، ماقال ـ
تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تەبىئەت تەسۋىرى بىلەن
مۇناسىۋەتلىك <قىش بىلەن ياز>نىڭ مۇنازىرىسىگە دائىر پارچىلارمۇ بېرىلگەن .شۇ نەرسە دىققەتكە
سازاۋەركى، <دىۋان >دا سۆزلۈكلەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن بېرىلگەن
فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى <خاقانىيەنىڭ مەركىزى
ئۆلكىسىدىكى خەلقلەر( >ئۇيغۇرلار( ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپلىگەن
قوشاقلار بىلەن لىرىك شېئىرلار مەلۇم تارىخىي شارائىت ئاستىدا يارالغان. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن،
قەدىمكى خاقانىيە خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ۋە شۇ دەۋر
جەمئىيەت تۈزۈمىگە بولغان كۆز قاراشلىرىنى ھەم گۈزەل ئارزۇ ـ ئىنتىلىشلىرىنى ئېنىقلاپ ئۆگىنىشىمىزگە
ياردەم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللىي تىل ۋە ئەدەبىيات تارىخىنى ئۆگىنىشىمىزگە مۇناسىپ مەنپەئەت
يەتكۈزىدۇ. ئۈچىنچى تەرەپتىن، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر تىلشۇناسىلا
ئەمەس، بەلكى مەشھۇر مىللەتشۇناس، فولكلورشۇناس ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلايدۇ □.مەنىۋى مەدەنىيلىك ئۆز نۆۋىتىدە ئىنسانىيەت مۇناسىۋىتىگە ھەم روھىيىتىگە، غايىسىگە
بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، بەلكى سىياسىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا
ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىجابىي رولىغا قاراپ، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ
ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆلچىمى بىلەن كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەشكە
بولىدۇ< □.دىۋان >دا بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى خەلق ئىچىدە بىر قەدەر كۈچلۈك مىللىي
خۇسۇسىيەت ۋە تەسىرچانلىققا ئىگە بولغان ئەدەبىي پارچىلار، شېئىر ـ قوشاق، ماقال ـ تەمسىل ۋە يازما
ئەدەبىيات شەكىللىرى ئارقىلىق ناھايىتى ئىخچام، ئوبرازلىق، جانلىق ھالدا
ئىپادىلەنگەن< □.دىۋان >دىكى ئەدەبىي مىراسلار سانىنىڭ كۆپلۈكى، تارىخىي چىنلىقىنىڭ
كۈچلۈكلىكى، مەزمۇنىنىڭ ساپ ھەم موللىقى، شەكلىنىڭ رەڭدار، كۆپ خىللىقى بىلەن ئادەمنى ھەيران
قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئېسىل ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە مائارىپ ئىدىيىسى
سىڭدۇرۇلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىلمىي جەھەتتىن يۈكسەك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئالىم مەھمۇد
قەشقەرىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن كۆڭلىگە پۈككەن جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي ئەخلاق،
ئىنسانىيەت بەخت ـ سائادىتى پەقەت ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىش، ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق
ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن ئۇلۇغ تەسەۋۋۇرىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان
ھەم تەھلىل ۋە تەتقىقات ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ئىلىم ئەھلىلىرى ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولۇپلا
قالماي، بەلكى كۈچلۈك ئىلھام بېرىدۇ. مەسىلەن< ▲ □:قۇت بەلگۈسى بىلىك( >بەخت بەلگىسى
بىلىم< ()دىۋان I >توم، 557 ـ بەت.(دېگەن ماقالدا بىلىم بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بەلگىسى،
دۇنيادا ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئارتۇق بەخت ۋە دۆلەت بولمايدۇ دېگەن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدىيىسى ئالغا
سۈرۈلگەن بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئەخلاق مۇناسىۋەتلىرىدە ئىلىم ـ بىلىم ۋە
مەرىپەتنىڭ رولىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھاياتنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن
ئاجرىتىپ تۇرغۇچى ۋە يورۇقلۇق ھەم ئەقىل گۈلىستانىغا باشلاپ، نىشان كۆرسەتكۈچى مۇھىم
ئالامەتلەرنىڭ بىرى بىلىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلارنىڭ جاپاغا چىداپ بىلىم
ئىگىلەش ۋە ئۇنى ئىشلىتىشى ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى تەۋسىيە قىلىنىدۇ< ▲ □.ئۇلا بولسا يول
ئازماس، بىلىك بولسا سۆز يازماس( >بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن
قايماس< ()دىۋان I >توم، 113 ـ بەت.(دېگەن ماقالدا، چۆل ـ جەزىرىدە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە
بولسا، يولدىن ئېزىپ قالمايدۇ، كىشىدە بىلىم بولسا سۆز ـ نۇتۇقتا يېڭىلىشمايدۇ، دېگەن مەزمۇن
يورۇتۇلۇپ، كىشىلەردە ئىلىم ـ بىلىم، ئەقىل ـ پاراسەت بولغاندا، ھەرقانداق ئىشنى توغرا نىشان بىلەن
ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا بولىدىغانلىقىنى مەنتىقىلىقى كۈچلۈك، مەزمۇنى چوڭقۇر، ئىخچام تىل ئارقىلىق
گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن< ▲ □.كىچىكدە قاتىغلانسا ئۇل غازۇ سەۋنۇر( >كىچىكىدە قېتىقىنسا، چوڭ
بولغاندا سۆيۈنەر< ( )دىۋان II >توم، 390 ـ بەت.(دېگەن ماقالدا، ئادەم كىچىكىدىن باشلاپ ئائىلىسى

ياكى مەكتەپلەردە ئەتراپلىق ياخشى تەربىيلەنسە، مەۋجۇد ئىلىملەرنى، جۈملىدىن ئۆز ئەقىل ـ
پاراسەت ۋە بىلىمگە تايىنىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان پەن ـ تېخنىكىغا ئائىت هۈنەر ـ سەنئەتلەرنى جاپاغا
چىداپ، تىرىشىپ ئۆگەنسە، چوڭ بولغاندا ياكى بىرەر ئەمەلىي خىزمەت ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغاندا،
هېچقانداق قىينالمايلا، شۇ تەرىقىدىكى پەن ـ تېخنىكىلىق ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنىڭ هۆددىسىدىن
بىمالال چىقالايدۇ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ دېگەنگە بىشارەت قىلىنغان< ▲ □.كۆزەگۈ ئۈزۈن
بولسا ئەلىك كۆيمەس( >كۆسەي ئۈزۈن بولسا، قول كۆيمەس< ( .)دىۋان I >توم، 584 ـ بەت. (بۇ ماقال
گەرچە <ئىشقا يارايدىغان بالا ـ چاقىلىرى كۆپ ئادەم راهەتتە ياشايدۇ<( >تۈركىي تىللار دىۋانى >دىكى
ئەدەبىي مىراسلار، 149 ـ بەت( دېگەن مەنىدە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەقىل ـ پاراستىڭ، بىلىم ـ
ئىدرىكىڭ كۆپ بولسا، هەرقانداق قىيىن ئىشنىمۇ پەم ـ پاراسەت بىلەن دەل جايىدا، توغرا قىلالايسەن،
ياكى بالا ـ چاقىلىرىنى بىلىم ـ ئىدراكلىق قىلىپ تەربىيلىگەن ئاتا ـ ئانىلار ئىززەت ـ هۆرمەت هەم
كۆڭۈللۈك، راهەتتە ئۆتەلەيسەن دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدا يەنە تەلىم ـ تەربىيە ۋاستىسى
ئارقىلىق بىلىم ئىگىلىگەندە ئەقىل پاراسەتتە بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ۋاستىلىك
ئىپادىلەنگەن< ▲ □.ئەردەمسىزدىن قۇت چەرتىلۇر( >پەزىلەتسىز ئادەمدىن بەخت
كېتىدۇ< ()دىۋان II >توم، 332 ـ بەت.(. بۇ ماقال، ياخشى ئەخلاقىي تەربىيە كۆرمىگەن پەزىلەتسىز
نادان ئادەملەر بېشىغا بەخت قۇشى قونسىمۇ، بىلمىسىز، پەزىلەتسىزلىكى بىلەن ئۇنىڭدىن بەخت ـ
سائادەت هامان كېتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىپ، كىشىلەرنى ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ۋە
بىلىملىك ئادەم بولۇشقا ئۈندىگەن< .پەزىلەتلىك >جۈملىسى ئىلىم ـ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ،
ساپالىق بولۇپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مېغىزىدۇر. شۇڭا، بۇ ماقالدا پەلسەپىۋى پىكىرگە باي دىداكتېكا ئۆز
ئىپادىسىنى تاپقان< ▲ □.ئەردەم باشى تىل( >ئەدەب ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل< ( )دىۋان I >توم، 145
ـ بەت.(دېگەن ماقالدا، ئەدەب ـ ئەخلاقلىق كىشى چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئەدەبلىك، ئىلمىي
سۆزلەيدىغان كىشى خەلق ئىچىدە ئابروي تاپىدۇ دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى تىلنى تىزگىنلەش، ئىخچام،
مەنىلىك سۆزلەشكە ئۈندىگەن □.مەلۇمكى، تىل — ئىجتىمائىي هادىسە. شۇنداقلا كەڭ مەنىدىكى
مەدەنىيەت ئامىلىنىڭ مۇهىم بەلگىسى. ئۇ بىر مىللەتنىڭ مىللىي ئالاهىدىلىكى ۋە مىللىي پسىخىكىسىغا
تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇهىم ئامىلدۇر. م. قەشقەرىنىڭ <ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ بېشى تىل >دەپ
كۆرسەتكىنىدە، ئىنسانىي هايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغۇچى مۇهىم بەلگىلەرنىڭ بىرى تىل ئىكەنلىكىنى
ئەسكەرتىش بىلەن بىللە، پەزىلەتلىك جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ياخشى سۆز ـ
هەرىكىتى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ماهىيەتلىك مەزمۇن قاراخانىيلار
مەدەنىيەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش، ئىجتىمائىي ئەدەب ـ ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ قېلىپلىشىشىدا
بەلگىلىك ئەهمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى مەنىۋى مەدەنىيلىك ئۈزلۈكسىز
تەكتىلىنىۋاتقان كۈندىمۇ يەنىلا رېئال ئەهمىيەتكە ئىگە □.يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن <دىۋان >

دىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئەينى دەۋر فولكلورىنىڭ ئېسىل نەمۇنىسى بولۇش بىلەن شۇ دەۋر يازما
ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ھەم ئۇلاردا قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئىلىم ـ پەن،
مائارىپ، مەدەنىيەت، پسىخىكىلىق ئېڭى سىڭدۈرۈلگەن، ئىلىم ـ ئىرپان، پەم ـ پاراسەت، ئەخلاق ـ
پەزىلەت گەۋدىلەنگەن □.م. قەشقەرى <دىۋان >غا ئەينى دەۋردىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىگە
ئائىت دىداكتىكىلىق مەزمۇندىكى ئەدەبىي پارچىلارنىمۇ كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇلار ئەينى دەۋردە ئىلغار
دەپ تونۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى تەشەببۇس قىلىش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش،
تەربىيە ئۇسۇللىرىنى تەشەببۇس قىلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ< ▲ □.ئالغىل ئۆگۈت
مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە، □بويىدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلىكىڭ ئۆلە< (<دىۋان I >توم، 72 ـ
بەت □.).بۇ پەندىنامىدە، ئەي ئوغلۇم، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە، ئەدەبلىك ۋە
تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەب ۋە ئىلىم ـ ھىكمەت تارات دېگەن
مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. بۇ بېيىتتا ئالىمنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەرىپەت ئىدىيىسى ئىخچام شېئىرىي
تىل بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ھەم ئىلىم بابىدا مۇقامىغا يەتكەن ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، كۆپلىگەن
شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ بىلىمىڭنى، ئابرۇيىڭنى تارقاتقىن، دېگەن مائارىپ قارىشى ئىپادىلىنىش بىلەن
بىلىملىك كىشىلەر ھەممىنى پەرق قىلالايدۇ، ئىلىم ـ بىلىم، پەزىلەت بىلەن ئىنسان ھۆرمەت، ئېتىبارغا ۋە
يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولالايدۇ، دېگەن تەرەققىيپەرۋەرلىك قاراش ئالغا سۈرۈلگەن< ▲ □.ئەردەم تىلە
ئۆگرەنىپەن بولماكۈۋەز، □ئەردەمسىز ئۆگۈنسە ئەڭمە گۈزە ئەڭەر< (<دىۋان I >توم، 335ـ بەت □.).
بۇ بېيىتتا، پەزىلەت تىلە، ئىلىم ـ ھىكمەت ئىستە، ئۆگىنىش بىلەن مەغرۇرلانما، ئۆگىنىشتىن چېكىنمە،
غادايما، بىرەر نەرسىنى ئۆگەنمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى بىلىمدان كۆرسىتىپ ماختىنىدىغان پەزىلەتسىز كىشى
مەغرۇرلانسا، سىناقتا ھۇدۇقۇپ قالىدۇ، دېگەن مەزمۇن ئىپادىلەنگەن. بۇ پەندىنامىدىكى ھىكمەتلىك
تەرەپ شۇكى، ئىلىملىك بولۇش ـ پەزىلەتلىك بولۇش دېمەكتۇر، پەزىلەتلىك ئادەم بىلىملىك ئادەملەرنى
ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدۇ، بىلىملىك، پەزىلەتلىك بولۇش ئىنسانغا خاس
خىسلەتتۇر، مەغرۇرلىنىش ــ پەزىلەتسىز ئادەملەرگە خاس بەت پېئىلدۇر، ئۇنداق ئادەملەر رېئال ھايات
سىناقلىرىغا جاۋاب بېرەلمەي ھامان مات بولىدۇ دېگەن ھۆكۈم چىقىرىلىش بىلەن بىللە، جاپالىق
ئۆگىنىش، بىلىم ئىگىلەش شەرەپلىك دېگەن ئىلغار ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن< ▲ □.بىلگە ئەرىگ ئەزگۈ
تۇتۇپ سۆزىن ئەشت، □ئەردەمنى ئۆگرەنىپەن ئىشقا سورا< (<دىۋان I >توم، 558 ـ بەت □.).بۇ
مىسرالاردا ئالىمنى ھۆرمەتلەپ سۆزىنى ئاڭلا، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ ئىشقا ئاشۇر دېيىلگەن بولسىمۇ،
مەنىسىنى سەل كېڭەيتسەك، ئالىم، دانىشمەن، ئاقىل كىشىلەرگە ياخشىلىق قىل، ئۇلارنىڭ ئەدەب ـ
ئەخلاق، بىلىمنى ئۆگەن، ئۆگەنگەنلىرىڭنى ئىش يۈزىدە كۆرسەت دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ يەردە ئېچىپ
بەرمەكچى بولغان ئىدىيىۋى مەزمۇن مەيلى ھۆكۈمدار، مەيلى پۇلدار بولسۇن، بىلىملىك كىشىلەرنى
قەدىرلەش، ئۇلارنىڭ بىلىم بايلىقىدىن پايدىلىنىش، ئىلىم ـ ھېكمەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتە

ئىشلىتىپ، خەلققە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىش دېگەن مەرىپەت ئىدىيىسى تەشەببۇس قىلىنغان □.
< ▲ ئوغلۇم ئۆگۈت ئالغىل بىلىمسىزلىك كەتەر، □تالىقان كىملىك بولسا ئاڭار بەكمەس قاتار< (>دىۋان >
Iتوم، 574 ـ بەت □.).بۇ شېئىرىي مىسرادا، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىدىيىسى باركىشى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ
ئىلىم ـ ھېكمەت، پەزىلەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىلىمسىزلىك ـ نادانلىقنى چۆرۈپ تاشلايدۇ، ناۋادا ئىلىم
بابىدا قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن كىشى ئاخىرى ئىلىمدىن شىرنە يىغىدىغانلىقى ئوبرازلىق تىل بىلەن
ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بىلىم ئۆگەنگۈچىلەرگە ئىلھام بېرىلگەن< ▲ □.ئوغلۇم ساڭا قوزۇرمەن ئەردەم
ئۆگۈت خۇمارۇ، □بىلگە ئەرىگ بولۇپ سەن باققىل ئانىڭ تابارۇ< (>دىۋان III >توم، 597 ـ بەت □.).
بۇ پەندىنامىدە، ئوغلۇم، ساڭا ئەدەب ـ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن؛ ئىلىملىك، ئەقىللىق
ئادەملەرنى تېپىپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان دېيىلگەن. بۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى،
بىلىملىكلەر بايلىق مەنبەسىنى ئېچىشنىڭ مۇھىم ئامىلى ئىكەنلىكى شېئىرىي تىل بىلەن ئوتتۇرىغا
قويۇلۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە باھا بېرىلگەن. ئۇلارنى قەدىرلەپ ئىشلىتىش
لازىملىقى چىن مەنىدىن ئىپادىلەنگەن □.بىلىم ئارقىلىق ئەقىل ـ ئىدرەككە ئىگە بولۇپ، نادانلىقنى
تەرك ئېتىش، بىلىملىكلەرنى ئۇلۇغلاش، مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇد ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ،
پاراۋان ۋە بەختىيار غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدا ئىزچىللىققا
ئىگە مەزمۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى، مەدەنىيەت، مائارىپ قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي
گەۋدىسىدۇر. يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بۇ قارشىمىزنىڭ تىپىك
نەمۇنىسىدۇر< □.دىۋان >سەھىپىسىدە يەنە بىر قىسىم قەدىمكى شېئىر ـ قوشاقلار ئورۇن ئالغان بولۇپ،
ئۇلاردا ئەخلاق ـ پەزىلەت تىلغا ئېلىنىپ، <ئادىل شاھ، بىلىملىك، پەزىلەتلىك >بولۇشقا ئوخشاش
غايىۋى مەزمۇنلار ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن< 《JZ》 □: ئۆزلەك ئارىغ كەۋرەدى 《JZ》 □يۈنچىغ ياۋۇز
تەۋرادى 《JZ》 □ئەردەم يەمە ساۋرادى 《JZ》 □ئاژۇن بەگى چەرتىلۇر< (>دىۋان III >توم، 55 ـ
بەت □.).بۇ قوشاقتا، زامان پۈتۈنلەي زەئىپلەشتى، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا قالغان يامانلار كۆچەيدى، ياخشى
خىسلەتلەر ئازىيىپ كەتتى. چۈنكى، دۇنيا ئەمىرى )خاقانى(، يەنى ئافراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن
شۇنداق بولدى، دەپ كۆرستىلگەن □.مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان قوشاق
ئادالەت ۋە پەزىلەتنىڭ سىمۋولى بولغان ئافراسىياپ )ئالىپ ئەرتۇڭا(قا بېغىشلانغان مەرسىيەنامە
بولسىمۇ، ئۇنىڭدا پەزىلەت بىلەن پەزىلەتسىزلىك روشەن سېلىشتۇرما قىلىنىپ، پەزىلەتسىز يامان
ئادەملەرباش كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، مۇقەررەر ھالدا زامان زەئىپلىشىپ، ئەدەب ـ ئەخلاق،
مەرىپەت، ھەققانىيەت ئاياق ئاستى بولىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن. يەنە بىر نۇقتىدىن ئېيتقاندا،
بۇنداق پارچىلار ئەينى زاماندىكى رېئال ئىجتىمائىي قاراڭغۇ تەرەپنى بەلگىلىك دەرىجىدە ئېچىپ
كۆرستىپ، خەلقنىڭ ئەنە شۇنداق پەزىلەتسىز، نادان، بۇزۇق بەگلەرگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك
غەزەپ ـ نەپرىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇلار بىزگە زاماننىڭ گۈللىنىشى ـ ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ ئىدىيە،

ئه‌خلاق ـ په‌زىله‌ت، ئىلىم ـ بىلىم، هه‌ق ـ ئادالەت جه‌هه‌تته كامالەتكه يەتكه‌ن غايىلىك، ئىنسانىي خىسلەتلەرگه باي قەهرىمانلارغا، جۈملىدىن مه‌نىۋى زه‌ئىپلىكتىن خالىي بولغان، ئىلىم‌ـ مه‌رىپه‌ت، ئه‌خلاقىي ـ په‌زىلەت ئىدىيىسىگه ئىگه په‌زىله‌تلىك جه‌مئىيه‌ت كىشىلىرىگه باغلىق ئىكه‌نلىكىده‌ك هه‌قىقه‌تنى چۈشه‌ندۈرۈپ بېرىدۇ □.ئوتتۇرا ئه‌سىر هاكىمىيه‌ت تۈزۈلمىسى هۆكۈمران دىنىي ئىدىئولوگىيه بىله‌ن چه‌مبه‌رچاس باغلانغان، ئىسلام ئه‌قىدىلىرىگه ئاساسلانغان په‌لسه‌په ته‌بىئه‌تنى تونۇشتا <هېچ نه‌رسىنىڭ ماهىيىتىنى ئېچىش مۈمكىن ئه‌مه‌س، ئالەمنىڭ ماهىيىتىنى بىلىشكه ئىنتىلىش ئىنسانلىقنىڭ ۋۇجۇدىغا يات >ده‌پ، جه‌مئىيه‌ت هادىسىلىرىنى <ته‌ڭرى مه‌رکه‌زچىلىك >نۇقتىئىينه‌زه‌رى بىله‌ن ئۇنىڭ ماهىيىتىنى ئېچىش مۈمكىن ئه‌مه‌س ده‌پ قاراۋاتقان شارائىتتا، مه‌همۇد قه‌شقه‌رى باتۇرلۇق بىله‌ن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇ خىل نۇقتىئىينه‌زه‌رگه قارشى ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ مه‌رىپه‌ت ۋه مائارىپ قارىشى سىڭدۈرۈلگه‌ن، فولكلور ۋه يازما ئه‌ده‌بىيات نه‌مۇنىلىرى بىله‌ن جاۋاب بېرىپ، ئالەمنىڭ ماهىيىتى ۋه جه‌مئىيه‌ت هادىسىلىرىنى بىلىم ئارقىلىق بىلىش مۈمكىنلىكىنى ئىپادىلىگه‌ن. بۇ ئالىمنىڭ ئىلغار مه‌رىپه‌ت قارىشىدۇر □.مه‌ده‌نىيه‌ت ـ مائارىپ زاۋاللىق بىله‌ن نىجادلىق، چېكىنىش بىله‌ن ئالغا ئىلگىرىلەش، قاراڭغۇلۇق بىله‌ن يورۇقلۇق، نادانلىق بىله‌ن مه‌رىپه‌ت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەشلەر نه‌تىجىسىده گۈللىنىدۇ ياكى هالاك بولىدۇ. بۇ مۇقه‌رره‌ر هادىسه. ئارىستوتىل پېداگوگىكا توغرىسىدا: ئه‌قلىنىڭ ته‌ره‌ققىياتى مه‌رىپه‌تنىڭ ئاخىرقى مه‌قسىتى ده‌پ قارايدۇ< (چه‌ت ئه‌ل په‌يلاسوپلىرى قىسقىچه لۇغتى>، 1989ـ يىل ئۇيغۇرچه نه‌شرى، 10 ـ به‌ت.(. ئۇنىڭ بۇ خىل مه‌رىپه‌ت ئىدىيىسى مه‌ده‌نىيه‌تنىڭ گۈللىنىش ده‌ۋرىدىكى مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن زور ته‌سىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئالدىن بېرىلگه‌ن بىشاره‌ت ئىدى. مه‌همۇد قه‌شقه‌رى ئىلىم ـ بىلىم ئىگىلەش، په‌زىله‌تلىك بولۇش ـ ئىنسانلارنىڭ ئه‌ڭ زور مه‌نىۋى بايلىقى، ئۇ، ئىنسانلارنى يورۇقلۇققا، به‌خت‌ـ سائادەتكه باشلايدۇ دېگه‌ن مه‌رىپه‌ت ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قاراخانىيلار جه‌مئىيىتىنىڭ ئىلىم ـ په‌ن، مائارىپ، مه‌ده‌نىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگه زور هه‌سسه قوشۇپ قالماي، ئوتتۇرا ئه‌سىر ئىلىم ـ په‌ن، ئه‌ده‌بىيات گۈللىنىشىگىمۇ زور هه‌سسه قوشقان □.مه‌لۇمكى، ئىلىم ـ په‌ن ـ ئىنسانلارنىڭ ئه‌ڭ زور مه‌نىۋى بايلىقى. ئۇ يول تاپالماي گاڭگىراپ قالغان هه‌رقانداق مىللەت ۋه كىشىلەرگه توغرا نىشان بەلگىلەپ بەرگۈچى كومپاس، زۇلمه‌ت ۋه جاهالەتنىڭ قاراڭغۇ په‌ردىسىنى كېسىپ تاشلايدىغان ئۆتكۈر بىسلىق شه‌مشه‌ر ۋه كەلگۈسى كېلەچه‌ككه يېتەكلىگۈچى نۇرلۇق مه‌شئه‌لدۇر □.بۇ خىل <ئىلىم ـ مه‌رىپه‌ت >ئىدىيىسى يۇقىرىدا كۆرسەتكه‌نده‌ك <دىۋان>دا نۇقتىلىق ئىپادىلەنگه‌ن بولۇپ، قه‌دىمكى ئه‌مگه‌كسۆيه‌ر، ئه‌قىل‌ـ پاراسه‌تلىك ئه‌جدادلىرىمىز ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىك قارىشى ۋه گۈزەللىك ۋه‌زنىنى په‌قه‌ت ئۇلارنىڭ بىلىملىك، په‌زىله‌تلىك بولغانلىقى بىله‌ن ئۆلچەپ، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ جىسمى يوقالسىمۇ، نامى ئۆلمه‌يدىغانلىقىنى <ئه‌زگۈ ئه‌ر سۆڭۈكى ئه‌رىر ئاتى قالىر( >ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىره‌ر، نامى قالار< ( )دىۋان Ⅲ >توم، 502 ـ به‌ت.(دېگه‌نده‌ك تەمسىللەر بىله‌ن چوڭقۇر ئېچىپ به‌رگه‌ن هه‌م په‌زىله‌تلىك بولۇشنى، كه‌متەرلىك بىله‌ن بىلىم ئۆگىنىشنى،

بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىلىم ـ ھېكمەت بابىدىكى پەزىلىتىنى ئۈلگە قىلىشنى نەسىھەت قىلغان □.مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت قانچىكى بالدۇر تەرەققىي قىلدىكەن، شۇ ئەل، شۇ مىللەت شۇنچە بالدۇر تەرەققىي قىلىدۇ. كەلگۈسى ئىستىقبال ئۈچۈن پارلاق يول ئاچقىلى بولىدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ سىرى ۋە ئۇنىڭ مىسلىسىز قۇدرىتى تېخى ئىنسانلارغا تولۇق ئايان بولمىغان ئوتتۇرا ئەسىر فېئودال ھاكىمىيەتلەقلىقى شارائىتىدا مۇنداق مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ <دىۋان>ى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشمۇ، ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم ـ مەرىپىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن< □.مەدەنىيەت — ئىنسانلار ئىجتىمائىي تارىخىي ئەمەلىيەت جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ يىغىندىسى. مەدەنىيەت بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچىدا، تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمگەك ماھارىتى جەھەتلەردە، مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە بۇلارغا مۇناسىپ مۇئەسسەسەلەر جەھەتتە يەتكەن سەۋىيىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ (>م. روزېنتال، پ. يۇدىن< :قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى>، 1984ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1421 ـ بەت □.). قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا سىياسىي، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت جەھەتلەردە تېز تەرەققىي قىلغان. شۇ دەۋر تەلىپىگە لايىق مائارىپ، ئىلىم ـ پەن جەھەتلەردىمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ راۋاجلانغان. ئاھالە ساپاسى تېزكۆتۈرۈلۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى< .دىۋان >يېزىلغان دەۋر قاراخانىيلارنىڭ گۈللەنگەن <ئالتۇن دەۋرى > ئىدى. ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئەنە شۇنداق <ئىسلام مائارىپى >تەرەققىي قىلغان مەرىپەتلىك مۇھىت ئىچىدە ياشىدى ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. ئالىمنىڭ ياراتقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىسى ـ بىزگە قالدۇرغان <ئەبەدىي يادىكارلىقى< ـ >دىۋان XI ـ X >ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شۇ دەۋر ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەنئىتىنى ۋە تەبئەت، جەمئىيەت ئىلىملىرىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بىز بەلكى بۈگۈنكى پەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، بىلىم ئىگىلىكى، يېڭىلىق يارىتىش ماھىيەتلىك ئورۇنغا ئۆتكەن، مائارىپ يەنىلا پەن ـت ېخنىكا، ئىلىم ـ بىلىم، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپتىكى ساپاسىنىڭ ھەم ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ تېز يېتىشىپ چىقىشىدا ئۇللۇق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، بىلىم ئىگىلىكى رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان دەۋردە <دىۋان >سەھىپىسىدە ئىپادىلەنگەن <ئىلىم ـ مەرىپەت، پەزىلەت >قاراشلىرىغا يەنىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئىلىم ـ پەن، مائارىپ جەھەتتىكى تەۋرەنمەس روھىنى قەتئىي ئۆگىنىپ، بىلىم ئىگىلىكى، يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بېغىشلىشىمىز، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مائارىپىنى گۈللەندۈرۈش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن تۈگىمەس پۈتمەس بايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك □□. پايدىلانغان مەنبەلەر< .1 □تۈركىي تىللار دىۋانىI >، II، IIIتوملىرى .2 □.ئا. مۇھەممەد

ئىمىن< :ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى>، 1997ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى .3 □.ئابدۇللا تالىپ< :ئۇيغۇر
مائارىپىدىن ئوچېركلار)I( >، 1987ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى .4 □.ئا. راخمان< :ئەدەبىياتقا دائىر
مۇلاھىزىلەر>، 1984ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى< .5 □.ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە <قۇتادغۇ بىلىك>>، 1999
ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى< .6 □.مەھمۇد قەشقەرى>، 1985ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى<< .7 □.تۈركىي
تىللار دىۋانى>دىكى ئەدەبىي مىسرالار>، 1998ـ يىل، ئۇيغۇرچە .8 □.م. روزىپنتال، پ.
يۇدىن< :قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى 1984 )II( >ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى .9 □.شىرىپىدىن
ئۆمەر< :ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار>، ـ1981يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى □.
< .10ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى 1992 >ـ يىل 2 ـ سان، ئۇيغۇرچە< .11 □.شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
تەتقىقاتى>، 1983ـ يىل 3 ـ سان، 1985 ـ يىل 3ـ سان□.

# 26ـ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە «دىۋانو لۇغاتىت تۈرك» نىڭ يېزىلىشىغا دائىر ئوخشىمىغان قاراشلار ھەققىدە

ئابدۇسالام مۇھەممەد بەگزات

مىللىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىنسىپلوپىدىك ئالىمى، تىلشۇناس، ئۆزىدە سەيياھلىق سۈپەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەن، جاھان تۈركلوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، مەشھۇر مىللەتشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي مىڭ يىللاردىن بىرى ئۆلمەس ئەجىر مېۋىسى بولغان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ ‹دىۋان› دېيىلدۇ) ناملىق ئەسىرى بىلەن پۈتكۈل تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ پەخرىدۇر.

ئالىمىمىز تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىق خاتىرىسى شەرىپىگە دۇنيا بويىچە 2008 ـ يىلى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتىلىپ، تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، تۈركمەنىستان ۋە مەملىكىتىمىز پايتەختى بېيجىڭدا دەبدەبىلىك خاتىرىلەش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

«دىۋان» ھەققىدىكى تۇنجى مەلۇمات مەشھۇر ئىسلام تارىخچىسى بەدرىددىن مەھمۇد (ۋاپاتى مىلادىيە 1360 ـ يىلى) نىڭ «زامان ئەھلىنىڭ تارىخىدىن ئۈنچىلەر» ناملىق تارىخ كىتابىدا ئۇچرايدۇ. بەدرىددىن مەھمۇد بۇ كىتابىنىڭ بىرىنچى جىلدىنى يېزىشتا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان» ىدىن پايدىلانغان ۋە بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى ئىزاھلاشتا «بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىۋانىدا كۆردۈم»① دەپ ئەسكەرتىش بەرگەن. بەدرىددىن مەھمۇد يەنە بىر قورساق قېرىندىشى شاھابىددىن ئەھمەد بىلەن بىرلىكتە يازغان «تارىخۇش شىھابى ـ زاماندىشلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن ھېسسىي تارىخ» ناملىق ئەسىرىنىمۇ «دىۋان» دىن پايدىلىنىپ يازغان. مىسىردا ياشىغان كاشغەرلىك شەيخ ئىبنى مۇھەممەد كاشغەرىيمۇ مىلادىيە 1363 ـ يىلى يازغان «سائادەت تاجلىرى ۋە ھاكىمەت ئۈنۋانلىرى» ناملىق كىتابىدا «دىۋان» دىن بەزى نەقىللەرنى كەلتۈرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇستافا ئىبنى ئابدۇللا ئۆزىنىڭ «گۇمانلارنىڭ ئېچىلىشى» ناملىق كىتابىدىمۇ «دىۋان» نى تىلغا ئالغان. بۇ مەلۇماتلاردىن «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك» ناملىق بىر مەشھۇر كىتابنىڭ بارلىقى مەلۇم

بولغان بولسمۇ لېكىن تا 1914 ـ يىلىغا كەلگۈچە «دىۋان» نىڭ ھېچقانداق بىر قولىيازما نۇسخىسى تېپىلمىغان. 1914 ـ يىلى ئوسمانلى ئىمپېراتورلۇقىنىڭ سابىق مالىيە ۋەزىرلىرىدىن بولغان نازىف پاشانىڭ شەخسى كۇتۇپخانىسىدا «دىۋان» نىڭ بىر قولىيازما نۇسخىسى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، «دىۋان» نىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارا قىلىنغان بۇ بىردىن بىر قولىيازما نۇسخىسىنى ئىرانىنىڭ ساۋە دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ دەمەشقتە ياشىغان مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكر ئىبنى ئەبۇلفەتھى دېگەن كىشى ھېجرىيە 664 ـ يىلى شەۋۋال ئېيى«ھېجرىيە ھېسابىدا ئونىنچى ئاي) نىڭ 27 ـ كۈنى (مىلادىيە 1266 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى) دۈشەنبە كۆچۈرۈپ تاماملىغان. ھازىر بۇ كۆچۈرۈلگەن قولىيازما ئىستانبۇلنىڭ فاتىھ دېگەن يېرىدىكى خەلق كۇتۇپخانىسىدا 4189№ نومۇر بىلەن ساقلانماقتا.

ئەپسۇسكى بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇر تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ۋاستىلىك تەتقىقاتلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلىگەنلىكى سەۋەبىدىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتى بىر نەچچە خىل قىلىپلىشىپ قالغان كۆز ـ قاراشلار دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقالمىدى. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامىنى يۈكسەك ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىپ بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرگىنىمىز بىلەن، ھەقدار ئەۋلادلىرى تۇرۇقلۇق بوۋىمىزنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە ئىلمىي ئاساسى ئاجىز ياكى پۈتۈنلەي ئاساسسىز بولغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ بۈيۈك زاتنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇرلارنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى ئاجىزلاشتۇرىۋەتتۇق. ھەتتا چەتئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ (مەسلەن ئىبنۇل ئەسىر، پىرىستاك، بارتولىدلارنىڭ) مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان يۈزەكى قاراشلىرىنى ئىشەنچلىك مەلۇمات سۈپىتىدە تەكرارلاپ يۈردۇق.

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدە «دىۋان» دا بىر نەچچە جايىدا ئۆزىنىڭ، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى ۋە يۇرتىنى تىلغا ئالىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇب ئىكەنلىكىنىلا ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «دىۋان» نى قاچان يېزىشقا كىرىشىپ قاچان ئاخىرلاشتۇرغىنىنى، نېمە ئۈچۈن يازغىنىنى ۋە كىمگە ئارمىغان (تەقدىم) قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى ۋە ھاياتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات قالدۇرمايدۇ. شۇنداقلا ئالىمدىن كېيىن «دىۋان» نى كۆچۈرگەن كاتىبلار تەرىپىدىنمۇ ئالىم ھەققىدە بىرەر يېڭى ئۇچۇر بېرىلمىگەن. ھەتتا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نامى زىكرى قىلىنغان تارىخ كىتابلىرىدىمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ۋە «دىۋان» نىڭ يېزىلىشىغا دائىر ئېنىق مەلۇماتلار ئۇچرىمايدۇ. بىز ئىستانبۇل فاتىھ خەلق كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان «دىۋان»نىڭ قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈركىيەدە 1941 ـ يىلى نەشر قىلىنغان فاكسىمىلىغا (بۇ فاكسىمىل نۇسخا 2008 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۆز ئەينى بويىچە نەشر قىلىندى) قارايدىغان بولساق، بۇ قولىيازمىنىڭ بەزى جايلىرىغا تۈزىتىش بېرىلگەن ۋە چۈشۈپ قالغان جايلىرىنىڭ تولۇقلانغان،

شۇنداقلا ھاشىيەلىرىگە زۆرۈر ئەسكەرتىش ھەم ئىزاھلار قىستۇرۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ قولىيازما كېيىنچىلىك مەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن قايتا تەھرىرلەنگەنلىكى مەلۇم. «دىۋان» قولىيازمىنىڭ بىرىنچى بېتىدىكى تېكىست قىسمىنىڭ ئۈستىگە «مۇھەممەد بىن ئەھمەد خەتىب» دېگەن كىشىنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ ئاستىغا «كىتاب دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دەپ كىتاب نامى، ئۇنىڭ ئاستىغا «تالىف مەھمۇد بىن ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد ئەلكاشغەرىي رەھمەتۇللاھ» دەپ يېزىلىپ، ئاستىغا بىر بەت ئاخىرلاشقۇچە ئىزاھات بېرىلگەن②. ئېنىقكى بۇ ئىزاھات مۇشۇ بەتنىڭ ئۈستىگە ئىسمى يېزىلغان مۇھەممەد بىن خەتىب دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر «دىۋان» نىڭ 1980 - يىلدىكى تۈنجى نەشرى ھەم 2008 - يىلدىكى ئىككىنچى قېتىملىق نەشردە بۇ ئىزاھات قالدۇرىۋېتىلگەن. دەل مۇشۇ ئىزاھاتنىڭ باش قىسمىدىن بىز مەزكۇر كىتابنىڭ «دىۋانۇ لوغەتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىكەنلىكىنى، مۇئەللىپنىڭ ئىسمىنىڭ مەھمۇد، ئاتىسىنىڭ ئىسمى ھۈسەيىن، بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، ئۆزىنىڭ كاشغەرلىك كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

يەنە مۇشۇ قولىيازمىنىڭ 2- بېتىنىڭ 6- قۇرىدا «ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۈسەيىن ئوغلى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز»③ دېگەن ئىبارە، 69 - بېتىنىڭ 4 - قۇرىدا «كىتابنىڭ ئىگىسى مەھمۇد مۇنداق دەيدۇ»④ دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا «دېۋان» دىكى «بارسغان» سۆزىگە بېرىلگەن ئىزاھاتتىمۇ «برسغان - ئافراسىيابنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى. بارسغان شەھرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان، بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھرىدۇر»⑤ دېيىلگەن. مەھمۇد كاشغەرىي يەنە مۇچەل توغرىلىق توختالغاندا: «مەھمۇد قەشقەرى ئېيتىدۇكى: ‹بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز توت يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى بولۇپ، يىلان يىلى كىرگەن ئىدى...›⑥.

مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئۆز ئىسمىنى بىر نەچچە جايدا تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئالىمنىڭ نەسەبى ۋە ھاياتى پائالىيىتى ھەققىدە بىز ھېچقانداق مەلۇماتنى يولۇقتۇرمايمىز. بەلكى ئالىمنىڭ «كاشغەرىي» تەخەللۇسىمۇ ئېھتىمال كىتاب كۆچۈرگەن كاتىبلار تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

نۆۋەتتە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتى ھەققىدە ئېقىپ يۈرگەن ئىلمىي ئاساسىي ئاجىز ياكى مۇتلەق ئاساسسىز قاراشلارنى توغرىلاش ھەم ئالىمنىڭ ھاياتىنى بىۋاستە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن مۇئەييەن بىردەكلىككە ئېگە قىلىش تولىمۇ زۆرۈر. بۇ بىزنىڭ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ روھى ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ مەنىۋىيتى ئالدىدا باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن پەخىرلىك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي خۇسۇسىغا بېغىشلانغان بۇ ماقالەمدە، ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئالىم توغرىسىدىكى بەزىبىر تارىخى چىنلىقتا ئۇيغۇن بولمىغان ۋە ئىلمىي ئاساسىي ئاجىزراق بولغان پىكىرلەرگە قارىتا ئۆز كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن؛

**1. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار**

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسرىدە تەرجىمھالى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن، نېمە ئۈچۈندۇر ئالىمنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىل نامىلىرى تولىمۇ يىنىكلىك بىلەن بىر نەچچە مەنبەلەردە بىر نەچچە خىل كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن: ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسىيىنلەر تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» ناملىق كىتابتا «مەھمۇد قەشقىرى تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ 1008 ـ يىللى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ بىر پايتەختى قەشقەرگە تەۋە ئوپال يېزىسىنىڭ ئازىخ كەنتىدە تۇغۇلغان...ئۇلۇغ ئالىم مىلادىيە 1105 ـ يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولۇپ ئوپالغا دەپنە قىلىنغان»[7]، دەپ كۆرسىتىلسە، ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈۋاتقان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى(1) » ناملىق كىتابتا «مەھمۇد كاشغەرىي 1019 ـ يىلى كاشغەر كوناشەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى ئازىق (كېيىن «قۇمباغ» دەپ ئاتالغان) كەنتىدە قاراخانىيلار خان جەمەتىگە مەنسۇپ ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن...ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتى كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ، 1134 يىلى ۋاپات بولغان[8]، دەپ كۆرسىتىلگەن. يەنە «ئىبراھىم مۇتىئى ئىلمىي ماقالىلىرى» ناملىق كىتابتا «...شۇڭا پىرىستاكىنىڭ مۆلچەرىچە مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ مىلادىيە 991 ـ 999 ـ يىللىرى، ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد 1010 ـ 1019 ـ يىللىرى تۇغۇلغان دېيىلسە، ئۇ چاغدا تازا توغرا بولمىسىمۇ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەخمىنەن مىلادىيە 1028 ـ 1037 يىللى ئارىلىقىدا تۇغۇلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ...ئەگەر ئۇنى ‹97 يېشىدا ۋاپات بولدى› دېگەن رىۋايەت توغرا بولسا، يۇقىرىدىكى پەرىزىمىز بويىچە ئالىمنىڭ ۋاپاتى 1126 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ[9]، دەپ بىر بىرىگە چاك باسمايدىغان پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. يەنە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئىلمىي ئاساسىي ئاجىز قاراشلار ھېلىھەم توختىغىنى يوق. مەسىلەن، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 2010 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئاراپاتگۈل ئوسمانىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› » ناملىق ماقالىسىدە ئاپتور ئاراپاتگۈل ئوسمان تولىمۇ يېنىكلىك بىلەن مۇنداق دەپ يازغان: «بىز ئۇنىڭ ئەسىرىدە قەيت قىلغان بايانلىرىدىن ئۇنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يىللىرى، يەنى 1030 ـ يىللار ئەتراپىدا ھازىرقى قەشقەر شەھرىنىڭ ئوپال يېزىسىدا قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ خان جەمەتىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئاسانلا جەزىملەشتۈرەلەيمىز...ئۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى 1090 ـ يىللىرى ئەتراپىدا 60 ـ نەچچە يېشىدا تۇغۇلغان يۇرتى قەشقەر ئوپالدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان[10].

ئاراپاتگۈل ئوسمانىنىڭ بۇ بايانلىرىغا قارىتا بىزدە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قايسى ئەسىرىدىكى قايسى بايانلىرىدىن بۇنى جەزىملەشتۈرەلەيمىز؟

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىزگە مەلۇم بولغىنى پەقەت «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تىن ئىبارەت بىرلا ئەسىرى. «جاۋاھىرۇن نەھۋى فى لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى جامال قارشى «سۇراھ لۇغىتىگە ئىزاھ» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ نەقىلنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ زامانىدىشى ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدىن ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. لېكىن تا ھازىرغىچە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «جاۋاھىرۇن نەھۋى فى لۇغەتىت تۈرك» ھەم ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرىينىڭ «تارىخى كاشغەر» ناملىق ئەسەرلىرى بىزگە مەلۇم ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىي پەقەت ئۆزىنىڭ ھاياتى پائالىيىتىگە ئائىت يىلنامىلاردىن پەقەت «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى يازغان ۋاقتىنىلا ئېنىق ئەسكەرتىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتى توغرىسىدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەلۇماتنى «دىۋان» دىن ئۇچراتقىلى بولمايدىغان ئەھۋالدا، ئاراپاتكۆل ئوسماننىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتىغا دائىر بۇ قاراشنى ئاسانلا جەزىملەشتۈرەلىگىنىنى بىزكەسكىن رەت قىلىمىز.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلۇشى ھەم ۋاپاتى ھەققىدە كۆرسىتىلگەن يۇقىرىقى يىلنامىلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت پەرەز ۋە تەخمىنلەرگە ئاساسلانغان بولۇپ چۈشكۈرلاپ تەتقىق قىلىنمىغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتى توغرىسىدا پەقەت بىزگە ئېنىق بولغىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان» نى يازغان يىلى ھەققىدە ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان» نىڭ ئاخىرىسىغا مۇنداق ئەسكەرتكەن: «كىتابنى 464 ـ يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم. تۆت قېتىم قايتا يېزىپ، تۈزىتىپ ۋە تەھرىرلەپ 466 ـ يىلى جۇمادىيەلئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى دۈشەنبە تۈگەتتىم»[11].

لېكىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىلى ھەققىدە خەلق ئارىسىدا تارقالغان ھەر خىل رىۋايەتلەردىمۇ بىر بىرىگە زىت مەزمۇنلار بار. بەزىلەر ئاشۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن مەھمۇد كاشغەرىينى 1080 ـ يىلى باغداتتىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى، قەشقەر ئەتراپىدىكى ئوپالغا ماكانلىشىپ «مەھمۇدىيە» ناملىق بىر مەدرىس ئېچىپ، ئون يىل مۇددەرىسلىك قىلغاندىن كېيىن 1090 ـ يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ ئوخشاش مەزمۇندىكى يەنە بىر رىۋايەتتە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 89 يېشىدا باغداتتىن قايتىپ كېلىپ 1105 يىلى 97 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ؛ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىدىن تېپىلغان ۋە 1791 ـ يىلى يېزىلغانلىقى مەلۇم بولغان «تەزكىرەئى ھەزرىتى موللام» ناملىق تەزكىرىگە ئاساسلانغاندا مەھمۇد كاشغەرىي باغداتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سەككىز يىل مۇددەرىسلىك قىلىپ 1084 ـ 1085 ـ يىللىرى 97 يېشىدا ۋاپات بولغانلىقى خاتىرلەنگەن. بۇ رىۋايەتلەردىكى يىلنامىلەر بىر ـ بىرىگە ئازراقمۇ يېقىن كەلمىگەچكە بىرەرسىنىمۇ «ماۋۇسى راست» دەپ بېكىتىشكە ئاجىزمىز. لېكىن بۇ رىۋايەتلەردە ئوخشاشلا ئالىمنىڭ 97 يېشىدا ئۆز يۇرتى ئوپالدا ۋاپات بولغانلىقى بىردەكلىككە ئىگە بولغاچقا بىزمۇ

ھېچ ئىككىلەنمەستىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 97 يىل ئۆمۈر كۆرگەنلىكىنى تەستىقلايمىز.

تۈركىيەلىك مەشھۇر مەھمۇد كاشغەرىيشۇناس شۈكرۇ خالۇك ئاكالىنمۇ «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1008 - يىلى تۇغۇلغانلىقى قوبۇل قىلىنماقتا»[12] دەپ يازىدۇكى، ھەرگىزمۇ دەل شۇ يىلى تۇغۇلغان، دەپ كېسىپ ئېيتمايدۇ. دېمەك، تەتقىقاتچىلارنىڭ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ھەم ۋاپات بولغان يىلىنى ئېنىق يىلنامىلەر بىلەن كۆرسىتىشى ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەر بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» نى يازغان يىلنامىنى بىرلەشتۈرۈپ پەرەز قىلغاندا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى 11 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكى، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى 12 - ئەسىرنىڭ باشلىرى، دەپ مۆلچەرلەش مۇمكىن.

## 2. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىل تەكشۈرۈشكە چىقىشى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىل تەكشۈرۈشكە چىقىشى «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇن يازغان لىكسىكا كىتابى «جاۋاھىرۇننەھۋى فى لۇغەتىت - تۈرك» ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن قانداقتۇر ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسىينلەر تۈزگەن «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» ناملىق كىتابتا كۆرسىتىلگەندەك «1058 - يىلى ئوردىدا بولغان بىر قېتىملىق قىرغىنچىلىقتا ئاتىسى ھۈسەين ئىبنى مۇھەممەد ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئالىم بەختىگە يارىشا ئامان قالغان. ئۇ كىچىكىدىن تىلشۇناسلىققا دائىر بىلىملەرگە قىزىقىدىغان بولغىنى ئۈچۈن، توغرىدىن توغرا باغدادقا قاراپ يول ئالماستىن، تۈركىي خەلقلەر ياشاۋاتقان شەھەر قىشلاقلارنى، كەڭ يايلاقلارنى، دالا - قىرلارنى 15 يىل كېزىپ يۈرۈپ ئۆزى يازماقچى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى› ماتېرىيال توپلىغان»[13] ئەمەس. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ 1058 - يىلدىكى ئوردا پاجىئەسىدىن كېيىن تىل تەكشۈرۈشكە چىققىنى كۆپلىگەن ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كەلدى. بۇ ھەقتە بىزنىڭ قارىشىمىز مۇنداق:

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىل تەكشۈرۈشكە چىقىشى ھەرگىزمۇ ئوردا پاجىئەسى بىلەن سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋېتىگە ئىگە ئەمەس. چۈنكى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى ئوردىسىدا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ھۈسەيىننىڭ ئاتىسى مۇھەممەد بۇغراخاندىن خانلىق تەختىنى ئۆتكۈزىۋېلىشىغا قارشى ھالدا مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بولۇپ، قىرغىنچىلىقنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقىرىش ئۈچۈن ئىدى. ۋاقتىنى سەل ئىلگىرى سۈرسەك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بۇغراخان ئاكىسى سۇلايمان ئارسلانخاندىن مىلادىيە 1056 - يىلى خانلىق تەختىنى تارتىۋالغاندا سۇلايمان بۇغراخاننىڭ كىچىك ئىنىسى مەھمۇد توغرۇل تېكىن بىلەن ئوغلى ھەسەن تېكىن خوتەنگە قېچىپ كەتكەن. مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى مىلادىيە

1058 ـ يىلى سۇيىقەست پىلانلاپ سۇلايمان ئارسلانخان، مۇھەممەد بۇغراخان ۋە ھۈسەيىن قاتارلىق خان جەمەتىدىكى ئاساسلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئوغلى ئىبراھىمنى تەختكە چىقارغان بولسىمۇ ئالتە ئايدىن كېيىن ئۆز ئاتىسى، تاغىسى ۋە ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىققان ئىبراھىم بارسخان ھاكىمى ئىنال تېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە مەھمۇد توغرۇل تېكىن خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ. مەھمۇد توغرۇل تېكىن ۋاپات بولغاندا ھەسەن تېكىن تەختكە چىقىدۇ. بۇ ھەسەن تېكىن سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، سۇلايمان ئارسلانخان بىلەن مۇھەممەد بۇغراخان ئوخشاشلا مۇھەممەد بۇغراخاننىڭ كىچىك خانىشى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان سۇيىقەستتە قازا قىلغاچقا مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن ھەسەن تېكىننى بۇ چاغدا ئاتا قىساسىنى ئېلىشتىن ئىبارەت بىر مەقسەت ئاستىدا ئۇيۇشقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشقا بولىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي «جاۋاھىرۇن نەھۋىي فى لۇغەتىت ـ تۈرك» (تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق ئەسىرىنى «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» تە تىلغا ئېلىپلا ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا مەھمۇد كاشغەرىي «جاۋاھىرۇن نەھۋىي فى لۇغەتىت ـ تۈرك» ناملىق كىتابىنى «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» تىن بۇرۇن يازغان ۋە ئالدىنقى كىتابىنى يېزىش ئۈچۈنمۇ تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. دېمەك مەھمۇد كاشغەرىي ئوردا قىرغىنچىلىقىنىڭ ئالدىدىمۇ تىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە ئوردا قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنمۇ، تەخت ساھىبلىرى بولمىش مەھمۇد توغرۇل تېكىن ۋە ھەسەن تېكىنلەرنىڭ قوللىشى، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي خىراجەتلەر بىلەن تەمىنلىشى بىلەن «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» ناملىق كىتابى ئۈچۈن ئون نەچچە يىللاپ تىل تەكشۈرۈشكە چىقان بولىدۇ. ھالبۇكى، ئوردا قىرغىنچىلىقى پەقەت تەخت تالىشىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان بىر قېتىملىق قانلىق سۇيىقەست بولۇپ، ھەرگىزمۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تىل تەكشۈرۈشكە چىقىشى مەزكۇر ئوردا قىرغىنچىلىقى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋېتى يوق.

3. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغدادقا بېرىشى توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلار

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغدادقا بېرىشىمۇ ئاساسلىقى 1058 ـ يىلدىكى ئوردا قىرغىنچىلىقىغا باغلاپ چۈشەندۈرلۈپ ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىۋاتقان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى(1) » ناملىق كىتابتا «سەلجۇقىيلار ئېمپىرىيىسىنىڭ ئېمپىراتورى ئالىپ ئارسلان (1063 ـ 1072) نىڭ ئوغلى مەلىكشاھقا ياتلىق بولۇپ باغداتقا بارغان قاراخانىيلارنىڭ مەلىكىسى تۈركان خاتۇنغا پاناھ تارتقان»[9] دەپ قەيت قىلىنىۋاتىدۇ. بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغدادقا تۈركان خاتۇننى پاناھ تارتىپ بارغانلىقىنى ئىنكار قىلىمىز. چۈنكى «بۇ تويىنىڭ رەسمى نىكاھ ئوقۇلغا يىلى 1064 ـ يىلى بولۇپ، ئۇ چاغدا مەلىكشاھ توققۇز ياشتا ئىدى»[10].

هالبۇكى مەلىك شاھ 1072 ـ يىلى تەختكە چىقىدۇ ۋە شۇ يىلى تۈركان خاتۇننى رەسمى نىكاھىغا ئېلىپ باغداتتقا ئېلىپ كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نى دەل مۇشۇ يىلى باغداتتا يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، بۇ چاغدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغداتتقا كەلگىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا مەھمۇد كاغەرى باغداتتقا تۈركان خاتۇندىن بۇرۇن كەلگەن بولىدۇ. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغداتتقا تۈركان خاتۇننى پاناھ تارتىپ كەلگەن دېگەن قاراش پۈت دەسسەپ تۇرالمايدۇ.

يەنە ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلىۋاتقان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى(1) » ناملىق كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئالىم مەھمۇد كاشغەرىي ئىسلام مەدەنىيىتى گۈللەنگەن باغداتتقا بېرىشنى خېلى بۇرۇنلا دىلىغا پۈككەن بولغاچقا، ئەنە شۇ ئۇلۇغ ئارزۇسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە باغداتتقا بارغان ۋە ئىلمي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان⑪»، دېگەن قاراشنىڭمۇ قىلچە ئاساسى يوق. قېنى كىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شۇنداق «ئۇلۇغ ئارزۇلار» نى دىلىغا پۈككەنلىكىگە دەلىل كەلتۈرەلەيدۇ؟ ياكى مەھمۇد كاشغەرىي دىۋاندا ئاشۇنداق ئارزۇلارنى قىلغانلىقىنى ئېيتقانمۇ؟ قەشقەر قەيەردە ـ يۇ، باغدات قەيەردە؟ مەھمۇد كاشغەرىي ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۈچۈن يەتتە ـ سەككىز ئاي يول يۈرۈپ باغداتقان بارمىسىمۇ، ئۆزى ئۇستازىم، دەپ تەرىپلىگەن ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ كاشغەرىي، ئىمادىدىن كاشغەرىي، ئابدۇلغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرىي، يۈسۈپ خاسھاجىب قاتارلىق مەشھۇر ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن قەشقەردە تۇرۇپمۇ ئىلىم ئىگىلەش ئارزۇسىغا يېتەلىگەن بولاتتى. يەنە كېلىپ مەھمۇد كاشغەرىي مۇجتەھىد، مۇھەددىس (ھەدىسشۇناس)، فەقىھ (شەرىئەتشۇناس) ياكى تەپسىرشۇناس ئەمەس، بەلكى تىلشۇناس، تىلشۇناس بولغاندىمۇ ئەرەپ تىلىنىڭ ئەمەس، تۈركىي تىللارنىڭ تىلشۇناسى. ئەگەر مەھمۇد كاشغەرىي ئېلىم تەھسىل قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ باغداتتقا بارغان بولسا نېمە ئۈچۈن ھەدىسشۇناس، شەرىئەتشۇناس، تەپسىرشۇناس بولماي تۈركىي تىلىنىڭ تىلشۇناسى بولىدۇ؟ تۈركىي تىلىنىڭ تىلشۇناسى بولۇشى ئۈچۈن ئەرەپلەر ياشايدىغان، ئەرەپ تىلى يۈز پىرسەنت ھۆكۈمرانلىقنى ئىگىلىگەن باغداتتقا بېرىش كېرەكمىدى؟ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەرەپ تىلىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپلا مەھمۇد كاشغەرىينى باغداتتقا ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بارغان دېيىشمۇ تازا چاك باسمىسا كېرەك!؟ چۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي باغداتتقا بارمىسىمۇ ئەرەپ تىلى دېگەننى ئۇستازى، مەشھۇر ھەدىسشۇناس ئالىم ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپتىن تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىۋالالايتى. ھەتتا تۈرك تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىغا ئائىت بولغان كىتابى «جاۋاھىرۇننەھۋى فى لۇغەتىت ـ تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى مەھمۇد كاشغەرىي باغداتتقا بېرىشتىن بۇرۇن كاشغەردە يازغان. بۇ كىتابنىڭ ئىسمىنىڭ ئەرەپچە بولىشىدىن قارىغاندا مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەپ تىلىنى ئەرەپلەرنىڭ باغدىتىغا بارمايمۇ ئۆز يۇرتى قەشقەردە تۇرۇپ ئۆگىنىپ بولغان. شۇ دەۋر تارىخى شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ قاراخانىيلار پۇخرالىرى

ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئەرەپ تىلىدا نازىل بولغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەرەپ بولغانلىقى، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىكى «قۇرئاننىڭ تىلىمۇ ئەرەپ، مېنىڭ مىللىتىممۇ ئەرەپ ھەم جەننەت ئەھلىنىڭ سۆزلىشىدىغان تىلىمۇ ئەرەپ» دېگەن ئىبارىلەرگە كۆرە، ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقىنى شۇ قەدەر چوڭ بىلگەنكى، ھەتتا شۇ دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ يېزىقىنىمۇ پۈتۈنلەي ئەرەپ يېزىقىغا ئالماشتۇرغان. شۇڭا بىز قارايمىزكى، مەھمۇد كاشغەرىي نوقۇل ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەرەپ تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن باغداتقا بارغان ئەمەس.

خەلق ئارىسىغا تارقالغان رىۋايەتلەرنىڭ ئورتاق مەزمۇنىدىن قارىغاندا مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي خەلقلەر ياشىغان نۇرغۇنلىغان جايلارنى كېزىپ ئۇزۇن يىللار ساياھەت ھەم تىل تەكشۈرۈشتە بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەبئىي قىزىقىشى بويىچە داۋاملىق ساياھىتى داۋاملاشتۇرۇپ ئىران ۋە ئىراققا بارغان. شۇ جەرياندا ئەرەپ، پارس ۋە گىرىك تىللىرىنى ئۆگەنگەن، مەدرىسلەردە مۇددەرىسلىك قىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئۇزۇن يىللىق ساياھىتى ھەم تىل تەكشۈرۈشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيتى، ياشاش تەرزى ۋە ئۆرپ ئادەتلىرى توغرىسىدا توپلىغان ماترىياللىرىنى رەتلەپ 1072 ـ يىلى باغداتتا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى يېزىشقا باشلىغان.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغداتقا بارغانلىقىنى يەنە شۇ ئالىي مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل ئەدەبىياتى كەسپى بويىچە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈۋاتقان «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى(1) » ناملىق كىتابتا «ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر مەدىنىيتى ئەرەب مەدىنىيتى بىلەن تەڭلىشىۋاتقان، ئەرەب تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش چېپىپ كېتىۋاتقان، ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ كۈچى ئاجىزلاپ، ھوقۇق سالجۇق تۈركلىرىنىڭ قولىغا ئۆتكەن، ئەرەپلەرنىڭ ئۆز دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنىي يولدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش، يەنى بىر لۇغەت تۈزۈش مەقسىتىدە باغداتقا بارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن[12] دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ قاراشمۇ ئاساسسىز.

ئويلاپ كۆرەيلى، سالجۇقىيلار 1055 ـيىلى باغداتنى ئىشغال قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ئىسلامدىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئەقىدىگە تەۋە بولغان ئەرەپ تىلى ۋە ئەرەپ ۋە مەدىنىيتى سالجۇقىيلار تەرىپىدىن يىگىرمە يىلغىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىكى ئىستىلاھ جەريانىدا ئۇنداق ئاسان تۈرك مەدىنىيتىنىڭ ئارقىسىدا قالمايدۇ. ئۆز ۋاقتىدا سالجۇقىيلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلان باغداتنى ئىشغال قىلغىنى بىلەن خەلىپىنىڭ نوپۇزىغا چېقىلمىغان. خەلىپە يەنىلا پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنىۋەرگەن. ئەرەپ تىلى يەنىلا سالجۇقىيلار ئىشغال قىلغان ئەرەپ رايونلىرىنىڭ ھۆكۈمەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىۋەرگەن. ھېچقانداق تارىخى ھۆججەتتە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان

سالجۇقيلارنىڭ تۈرك تىلنى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات يوق. ئەكسىنچە سالجۇقيلار ئۇرۇشتا تۈرك جەڭچىلىرىگە تايانغىنى بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئەرەب ھەم پارىسلارغا تايانغان. سالجۇقيلارنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇلمۇلۈك پارس بولۇپ، بارلىق ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى پارس تىلى ھەم ئەرەب تىلىدا يۈرگۈزگەن. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋاني لۇغەتىت - تۈر» تە «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىششتىن ياخشىراق يول يوق»⑬ دېگىنىنى ئەرەبلەرگە قارىتىلغان دەپ كىم دەيدۇ؟
مەھمۇد كاشغەرىي دىۋانىنىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئەرەبلەر ئۆز دەردىنى ئېيتىش ئۈچۈن تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشى كېرەك دەپ كۆرسەتمىگەن، ئەرەبلەرگە تۈرك تىلنى ئۆگىنىشتىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ يازمىغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دىن يولىدا بىر ساۋابلىق ئىش قىلىش، يەنى بىر لۇغەت تۈزۈش مەقسىتىدە باغداتقا بارغانلىقىمۇ ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاقماس گەپتىن باشقا نەرسە ئەمەس. دىن يولىدا ساۋابلىق ئىش قىلغۇسى بار ئادەم نېمە ئۈچۈن مەسچىت، مەدرىسىلەرنى سالماي، يول - كۆۋرۈك ياسىماي، ياكى قۇرئان تەپسىرى، ھەدىسلەر شەرھىگە ئائىت بىرەر دىنى كىتاب يازماي تۈركىي تىللارنىڭ لۇغىتىنى تۈزەرمىدى!؟
ھەتتا ئەرەب تارىخچىسى ئىبنۇلئەسىر «جامىئۇت - تەۋارىخ» (ئومۇمي تارىخ) ناملىك كىتابىدا ۋە تۈركشۇناس ئالىملاردىن پىرىستاك، بارتولدلارنىڭ قاراشلىرىدا تېخىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلىپ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ باغدادقا بېرىشىنىڭ سەۋەبى جان ساقلاش ئۈچۈن قېچىپ بارغان ۋە «باغداتتا قاچقۇن بولۇپ تۇرۇپ قالغان»⑭ دەپ قارالماقتا. مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئىسىل نەسەبلىك شاھزادە،بۈيۈك ئالىم نېمە سەۋەبتىن جان ساقلاشنىڭ كويىغا كېرىپ قالدى؟ بۇنىڭغا بۇ زاتى شەرىپلەر يەنىلا 1058 - يىلدىكى ئوردا قىرغىنچىلىقىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتكەن. ۋەھالەنكى، ئوردا قىرغىنچىلىقىدا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىسى بىلەن ھەسەن بۇغراخانىڭ ئاتىسى سۈيىقەستچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ھەسەن بۇغراخانلار ئاتا قىساسىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەقسەت ئاستىغا ئۇيۇشقان. يەنە كېلىپ مەھمۇد كاشغەرىي قانۇنلۇق تەخت ساھىبلىرىنىڭ پۇشتىدىن ئەمەس، شۇڭا تەخت تالىشىش ماجراسىغا ئارىلىشىشقا شەرتى توشمايدۇ. شۇنداق بولغان ئىكەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سەلتەنەت ساھىبلىرى بىلەن ھېچقانداق ئاداۋىتى يوق. شۇڭا جان ساقلاش ئۈچۈن ھېلىغۇ باغداتكەن، سەمەرقەنت ياكى بۇخارا دېگەندەك غەربىي قاراخانىيلارنىڭ تەۋەلىكىگە بېرىپ پاناھلانغان دېيىشمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ.
مىلادىيە 1836 - يىلى قەشقەرنىڭ باش قازىسى موللا مۇھەممەد سادىق ئەلەم «مەسنەۋىي شەرىف» ناملىق كىتابىنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قىلغان بولۇپ، مەزكۇر ۋەخپىنامىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تولۇق ئىسمى «ھەزرەت مەۋلانە شەمسىددىن مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ يېزىلغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىسمىنى سۈپەتلەپ كەلگەن «شەمسىددىن» دېگەن نامنىڭ

مەنىسى «دىنىنىڭ قۇياشى» دېگەنلىك بولۇپ، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى، ۋەزىرلىرى ۋە شاھزادىلىرىگە خەلىپە تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئۇنۋان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ ئۇنۋانغا سازاۋەر بولغانلىقىدەك پاكىتقا ئاساسلانغاندا، مەھمۇد كاشغەرىي باغداتقا جان ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىسى ۋە شاھزادىسى سۈپىتىدە بارغان ۋە باغداتنىڭ ئىلمى مۇھىتىدا بىر نەچچە يىل ئالىملار بىلەن سۆھبەتتە بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كاشغەر خانلىق مەدرىستە ۋە يۇرت كېزىش جەريانلىرىدا ئۆگەنگەن ئەرەپ تىلىنى پىششىقدىغان، بەلكىم، شۇ پۇرسەتتە باغدات مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان بولۇشمۇ مۇمكىن.
ئەمدى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» ناملىق زور ھەجىملىك ئەسىرىنى خەلىپىگە تەقدىم قىلىش جەريانىغا كەلسەك مەھمۇد كاشغەرىي ئۇزۇن يىللىق تىل تەكشۈرۈش ھەم ساياھەت ئېھتىياجىدىن سىرتلاردا تۇرۇپ قالغان ۋە ئاخىرىقى سەپىرى باغداتتا ئاخىرلاشقان. 1074 ـ يىلى قاراخانىيلار خانى مەھمۇد توغرۇلخان ۋاپات بولۇپ تەختكە جىيەنى ھەسەن تېكىن چىقىدۇ ۋە ھەسەن بۇغراخان ئاتىلىپ خەلىپىدىن ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن باغداتقا ئەلچىلەر ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەلچىلەرنىڭ باشچىسى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تاغىسى بولۇپ، ئەلچىلەر كەلگەن يىلى مەھمۇد كاشغەرىي دەل «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نى يېزىپ، ئۆزگەرتىپ ۋە تولۇقلاپ تەييار قىلىپ بولغانىدى. شۇڭا پەرەز قىلىمىزكى، مەھمۇد كاشغەرىي باغداتقا تاغىسى باشلاپ كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ ئەلچىلىرى قاتارىدا خەلىپىگە كۆرۈنۈش بەرگەن ۋە ئەرەپ تىلىدا يېزىپ چىققان ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نى خەلىپىگە تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ بەدىلىگە ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ پايدىسىغا ئىش قىلىپ تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان «شەمسىددىن» (دىنىنىڭ قوياشى) دېگەن ئۇنۋان خەلىپە تەرىپىدىن مەھمۇد كاشغەرىيگە بېرىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

4 «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نىڭ يېزىلىشى ئائىت ئوخشىمىغان قاراشلار.

«دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نىڭ يېزىلىشى ئائىت نۇرغۇنلىغا ئاساسسىز قاراشلار مۇقۇملىشىپ قېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىل ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى، تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن؛ تۈرك تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن؛ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋەزىپىسى ئۈچۈن...دېگەندەك.
خوش، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز تىلىدىن ئىپتىخارلىنىش مەۋقەسىدە تۇرۇپ ئەرەب تىلى بىلەن تۈرك تىلىنى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاتقان تۇرسا، تۈرك تىلىنى ئەرەب تىلىدىن ئۈستۈن قويۇش ئۈچۈن «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نى يازغان دېيىش ئەقىلگە سىغامدۇ؟ تۈركلەر ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى ئۆگىنىشكە زادىلا ئېھتىياجلىق بولمىغانمۇ؟ ئەگەر ئەرەبلەرنىڭ راستىنلا تۈرك

تىلنى ئۆگىنىشكە ئېھتىياجى تۇغۇلغان بولسا، ئەرەب ۋىجدانلىقلىرىدىن بىرەرسىنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش توغرىسىدا بىرەر كىتاب ياكى رىسالە چاغلىق نەرسە يازغانلىقى بىزگە مەلۇممۇ؟ ناۋادا مەھمۇد كاشغەرىي تۈرك تىلىنى ئەرەبلەرگە ئۆگەتمەكچى بولغان بولسا لۇغەت تۈزمەي دەرسلىك يازماسمىدى؟ ۋەھالەنكى لۇغەت تىل ئۆگىنىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ئەمەس. ئالىم كىتابىدا ئۆز تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مول ماتېرىيال ۋە خاس ئۇسۇللار بىلەن كۆرسەتكەنكى، ھەرگىزمۇ ھېچ بىر يەردە «تۈرك تىلىنى مۇنداق ئۆگىنىدۇ، بۇ يەردىن باشلاڭ!» دەپ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى كۆرسەتكەن ئەمەس.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نىڭ ئۆزى يازغان مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا ‹دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك› دەپ ئات قويدۇم⑮.

شۇڭا ئېيتىمىزكى «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نىڭ يېزىلىش سەۋەبىنى ئالىمنىڭ ئۆز مىللىتىگە بولغان سۆيۈنىش ئىچىدە تىلىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ۋە تۈرك تىلىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىش، شۇنداقلا ئۆزى ئېيتقانداق ئەبەدىي يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى بىلەن ناھايىتى ئىلمىي ۋە تەبئىي يوسۇندا يېزىپ چىقلىغان، دەپ تونۇش كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىي سالجۇقىيلارنىڭ باغداتنى ئىگىلەپ، ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئات» قا ئوخشاتقان. ھەرگىزمۇ سىياسىي جەھەتتىن تۈركلەرنى كۆتۈرۈپ ئەرەبلەرنى چۈشۈرگەن ئەمەس.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇمداق يازىدۇ: «ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىننىڭ پەرزەندى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز:

مەن تەڭرىنىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زىمنى ئۈستىدە چۆگىلەتكەنلىكىنى كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتكە ئىگە قىلدى: دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى. ھەق ئىشلاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈرەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىدى. تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى. ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق. كىمكى ئۆز گورۇھىدىكى دۈشمەنلىرىدىن ئايرىلىپ، تۈركلەرگە سىغىنىپ كەلسە، تۈركلەر ئۇلارنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئېلىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ. ئۇلار بىلەن بىللە باشقىلارمۇ پانا تاپىدۇ»⑯

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ بايانلىرىدا «ئۇلار» دەپ خىتاب قىلىدۇكى، ھەرگىزمۇ «ئەرەبلەر» دەپ

ئېيتمايدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئانا تىلى بولغان تۈرك تىلىنىڭ نوپۇزىنىڭ شۇ قەدەر ئېشىۋاتقانلىقىدىن پەخىرلىنىپ باشقا تايىپىلەرنى (يالغۇز ئەرەپلەرنىلا ئەمەس) تۈرك تىلى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان ۋە شۇ خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نى يېزىشقا كىرىشكەن.

ئەمدى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نى ئەرەب تىلىدا يازغانلىقىغا كەلسەك، مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان، ھاشىمي ئۇرۇغدىن ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز، ئىگىمىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللاھ مۇقتەدى بىئەمرىللاھ ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم. تەڭرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى دائىم يۇقىرى، ئۆمرىنى راھەت ـ پاراغەت ئىچىدە ئۇزۇن قىلسۇن؛ ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى يوق سەلتەنەت ئاساسلىرىنى تەۋرەنمەس دەرىجىدە مۇستەھكەملىسۇن؛ ئۇنىڭ پەرمان دائىرىلىرىنى كېڭەيتسۇن ۋە يۈكسەلدۈرسۇن. ئادەم بالىلىرى ئۇنىڭ بىھىساب ساخاۋىتى شارapىتىدىن يۇلتۇزلاردەك يۈكسەك بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولسۇن؛ ئۇنىڭ دەۋەتلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەر بىر غەلىبىسى سادىق دوستلىرىنى خۇشال قىلسۇن؛ تەڭرى ئۇنىڭ قەھرى ـ غەزىپىگە ئۇچرىغان دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ خار قىلسۇن؛ ئۇنىڭ سايىسىنى، كۆركىنى، قۇدرىتىنى، پەزىلىتىنى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن يىراق قىلمىسۇن»⑰.

قاراڭكى، مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسرىنى ئىسلام خەلىپىسىگە تەقدىم قىلماقچى، شۇنداق بولغانىكەن مىللىتى ھەم تىلى ئەرەپ بولغان خەلىپىگە تەقدىم قىلىنماقچى بولغان ئەسەر ئەلۋەتتە ئەرەپ تىلىدا يېزىلىشى كېرەك. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ بايانلىرىدا خەلىپىنى نەقەدەر چوڭ بىلىدىغانلىقىنى، ھېچقاچان خەلىپىنىڭ سىياسىي ھوقۇقىنى چۈشۈرمىگەنلىكىنى، بەلكى خەلىپىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە لەنەت ئوقۇپ، خەلىپىنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى يۈكسەك دەرىجىدە ھىمايە قىلغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرىدۇ. شۇڭا «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» قانداقتۇر ئەرەب خەلىپىسىنى چۈشۈرۈپ تۈركلەرنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يازغان، دەپ داۋراڭ سېلىش پۈتۈنلەي سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

### 5. مەھمۇد كاشغەرىي مەشھۇر سەييياھ ۋە مىللەتشۇناس.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئون نەچچە يىل سىرتلاردا تىل تەكشۈرۈش ئۈچۈن زىيارەت ھەم ساياھەتتە بولغانلىقى تۈرلۈك يازما مەنبەلەردە ۋە خەلق رىۋايەتلىرىدە قەيت قىلىنغان. ھەتتا ئالىمنىڭ ئۆزىمۇ «دىۋانۇ لۇغەتىت ـتۈرك» تە ئېنىق قىلىپ: «شۇڭا مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ رۇشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇبلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە

سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياق كىزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئىنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىر تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم» دەپ⑱ يازىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا مەھمۇد كاشغەرىي تۈركىي مىللەتلەر ياشايدىغان ئاساسلىق شەھەر ۋە قىشلاقلارغا بارغان، ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ، سۆزلىشىپ قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە شۇ تۈپەيلى ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆرپ -ئادەت، قائىدە يوسۇنلىرى بىلەن پىششىق تونۇشقان.
«دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كەڭ دائىرىلىك چۈشەندۈرۈپ بەرگەن قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ ھەتتا مەھمۇد كاشغەرىي بۇ ئەسىرىدە تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان جۇغراپىيىلىك خەرىتىنى سىزىپ چىققان. 11 - ئەسىردە مەھمۇد كاشغەرىي تەرىپىدىن سىزىلغان بۇ خەرىتە ھازىر پۈتكۈل دۇنيادا «دۇنيا بويىچە سىزىلغان تۇنجى دۇنيا خەرىتىسى» دەپ ئېتىراپ قىلىنماقتا. دېمەك مەھمۇد كاشغەرىي تىل تەكشۈرۈش جەريانىدا زىيارەت ھەم ساياھەتنى بىرگە ئېلىپ بېرىپ تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان ھەر قايسى جايلارنىڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىسىنىمۇ ئېنىق خەرىتىگە ئالغان. بۇنىڭدىن قارىغاندا مەھمۇد كاشغەرىيمۇ خۇددى ماركوپولۇ، ماگىللان قاتارلىق چەتئەل سەيياھلىرىغا ئوخشاشلا مەشھۇر سەييياھ دەپ تەن ئېلىنىشى كېرەك.
مەھمۇد كاشغەرىي يەنە «دىۋانۇ لۇغەتىت - تۈرك» كە ھەر قايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىتنىك ئەھۋالى، مەدەنىيىتى ۋە ئىقتىسادىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ماتېرىياللارنى كىرگۈزگەن. ھەرقايسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، ئىتنىك ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۆيلىنىش، ئاجرىشىش، ئائىلە قۇرۇش، ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىق، دىنى ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، مائارىپ، تىبابەت، ئويۇن - تاماشا، مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ئادەتلىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە ھەر خىل ھۈنەر - كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋاللىرىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن. شۇڭا بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مىللەتشۇناس ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە تۈركىيەلىك مەشھۇر تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى رىشات گەنجىنىڭ « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن 11- ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدىنىيىتىگە نەزەر» ناملىق كىتابىدا تەپسىلى مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ.
خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتىنى يەنىمۇ ئىشەنچلىكلەر ماتېرىياللار مەنبەسى ئاساسىدا قايتىدىن تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتىگە ئائىت ئىلىم دۇنياسىغا ئاشكارلانمىغان نۇرغۇنلىغان مەنبەلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇ مەنبەلەر رويابقا چىققاندا ئاندىن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تەرجىمھالىنى ئوتتۇرىغا

چىقىرىشىمىز مۇمكىن. شۇنداقلا يەنە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۈيۈك قامۇس ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت ـ تۈرك» نىڭ يېزىلغا ئائىت بەزىبىر قاراشلارنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىشىمىز، ھېسياتىمىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ پۈت دەسسەپ تۇرالمايدىغان ئاساسسىز پەرەزلەرنى قىلماسلىقىمىز كېرەك.

---

① مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 ـ يىل 10 ـ ئاي نەشرى، 30 ـ بەت.

② مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»، فاكسىمىل، 1ـ بەت.

③ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»، فاكسىمىل 2ـ بەت.

④ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»، فاكسىمىل، 69ـ بەت.

⑤ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»، فاكسىمىل، 625ـ بەت.

⑥مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»، فاكسىمىل، 174ـ بەت. لېكىن «مەھمۇد كاشغەرىي ئىيتىدۇكى» دېگەن بۇ سۆز ئەسلى «دىۋان» نىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىدا يوق.

⑦ ۋاھتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسىين: «ئۇيغۇر كىلاسسك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى 248 ـ، 249 ـ بەتلەر.

⑧ «ئۇيغۇر كىلاسسك ئەدەبىياتى تارىخى (1)»، ئالى مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 418 ـ، 421 ـ، 422 ـ، 423 ـ بەتلەر.

⑨ئىبراھىم مۇتئى:«ئىبراھىم مۇتئى ئىلمى ماقالىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىل نەشرى، 352 ـ، 354 ـ بەتلەر.

⑩ ئاراپاتگۇل ئوسمان: «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› »، «قۇمۇل ئەدەبىياتى»، 2010 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑪ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانو لۇغەتىت تۈرك»، فاكسىمىل، 638ـ بەت.

⑫ شۈكرۈ خالىك ئاكالىن (تۈركىيە): «مىڭ يىل بۇرۇن ۋە مىڭ يىل كېيىن ـ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2009 يىلى نەشرى، 1ـ بەت.

⑬ ۋاھتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسىين: «ئۇيغۇر كىلاسسك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى ـ بەت.

⑨ «ئۇيغۇر كىلاسسك ئەدەبىياتى تارىخى (1)»، ئالى مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 421 ـ بەت.

⑩ رېشات گەنچ (تۈركىيە): « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دىن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەدىنىيىتىگە نەزەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2010 ـ يىل نەشرى، 7 ـ بەت.

⑪ «ئۇيغۇر كىلاسسك ئەدەبىياتى تارىخى (1)»، ئالى مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك، شىنجاڭ مائارىپ

نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 422 ـ بەت.

⑫ «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى (1)»، ئالى مەكتەپلەر ئۇچۇن دەرسلىك، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى، 423 ـ بەت.

⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـتوم، 1980 ـ يىلى نەشرى، 2ـ بەت.

⑭ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى پائالىيىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 2005 ـ يىللىق 5 ـ سان، 85 ـ بەت.

⑮ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـتوم، 1980 ـ يىلى نەشرى،3 ـ بەت.

⑯ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـتوم، 1980 ـ يىلى نەشرى،1 ـ، 2 ـ بەتلەر.

⑰ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـتوم، 1980 ـ يىلى نەشرى، 3 ـ، 4 ـ بەتلەر.

⑱مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1 ـتوم، 1980 ـ يىلى نەشرى، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

# 27ـ«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلارئۈستىدە تەتقىقات

(يۈسۈپ ئىگەمبەردى)

### 1. مەزكۇر تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ۋە تېما تاللاشنىڭ ئەھمىيتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلدۇ) ـ قاراخانىلار دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بۈيۈك تىلشۇناس، ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىم مەھمۇد قەشقەرى (تولۇق ئىسمى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن ئىبنى مۇھەممەد) تۈركىي تىلنى ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم – پەن تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلاش ئارقىلىق قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە مەدەنىي ھاياتىنى باي تىل ماتېرىياللىرى (تەخمىنەن 7500سۆزلەم) ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ يازغان ئىزاھلىق لۇغەت بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئۆلمەس ئەسرىنى مىلادى 1072ـ يىلدىن 1074ـ يىلغىچە (نۆۋەتتە ئىلىم ساھەسىدىكى ئالىملار مەزكۇر ئەسەرنى مىلادى 1072ـ يىلدىن 1074ـ يىلغىچە دەسلەپكى نۇسخىسى يېزىلىپ پۈتكەن، مىلادى 1076ـ1077ـ يىللىرىدا قايتا تولۇقلاپ يېزىلغان دەپ قارىماقتا)[1] يازغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ 11ـ ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋۋالقى مەزگىللەردىكى تىلى، ئەدەبىياتى، ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى ۋە جۇغراپىيىسى شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن چوڭ قامۇستۇر.

بۇ ئەسەر ھازىرغىچە تەخمىنەن 10ئەسىردىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، دۇنيا ئىلىم ساھەسىگە ئاشكارا بولغان ۋاقتى مىلادى 1914ـ يىلى. «دىۋان» ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغانىنىڭ بۇيانىدا مەزكۇر ئەسەر ھەققىدە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا كۆپلىگەن تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ

بېرىلىپ، ھەر ساھە بويىچە نۇرغۇن نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۈملىدىن «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئۈستىدىمۇ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. بۇ ھەقتە چەتئەلدە ئاساسەن تۈركىيە، گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ۋە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى، بىراق بۇ ماقالىلەرنىڭ كۆپلىرى ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدە، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزدا خەنزۇتىلى ياكى ئۇيغۇرتىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنمىغانلىقى سەۋەبىدىن ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدىكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. شۇڭا ئۇ ماقالىلەرنىڭ تەتقىقات سەۋىيىسى بىزگە نامەلۇم. مەملىكىتىمىز ئىچىدىمۇ ئاز بولمىغان ماقالە مەزكۇر تېما بويىچە ئېلان قىلىنغان، لېكىن بۇ ماقالىلەردە «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ئايرىملىرى بويىچە، مەلۇم بىر مەزمۇن، مەلۇم بىر تۈر بويىچە يەككە - يەككە ھالدا مۇلاھىزىگە قويۇلغان. ھازىرغىچە «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار سىستېمىلىق ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك، ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەتقىق قىلىنمىدى. شۇڭا مەن بۇ مەسىلىنى «دىۋان» تەتقىقاتىدىكى ئاجىز بىر تەرەپ ھەم ئىشلەشكە تېگىشلىك زۆرۈر ئىلمىي خىزمەت دەپ قاراپ مەزكۇر تېمىنى تاللىدىم ھەم كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ، «دىۋان» تەتقىقاتىغا ئازراق بولسىمۇ ھەسسە قوشاي دەپ ئويلىدىم. ۋە يەنە مەلۇمكى، «دىۋان» تەتقىقاتى دۇنياۋىي تېما بولۇپ قالدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت - سەھىيە تەشكىلاتى تەرىپىدىن 2008- يىلىغا «مەھمۇد كاشغەرى يىلى» دەپ نام بېرىلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئالىمنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ، بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگىكىگە يۇقىرى باھا بېرىۋاتقان، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بۈيۈك ئالىم ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى بارا-بارا چوڭقۇر تەتقىق قىلىنىۋاتقان، ھەممە كىشى دېگۈدەك ئۇلۇغ ئالىمنى يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن چوڭقۇر ياد ئېتىۋاتقان پەيتتە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن «دىۋان» تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز دەپ قارايمەن، شۇنداقلا ئۆزەمنىڭ بۇ ئەسىرىم ئارقىلىق ئۇلۇغ ئالىمغا بولغان ھۆرمىتىمنى ئىپادىلەيمەن.

**تېما تاللاشنىڭ ئەھمىيتى:**

1) مەزكۇر تېمىنى تەتقىق قىلىش «دىۋان» تەتقىقاتىنى، جۈملىدىن «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيتكە ئىگە.

2) ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇرتىلى تەتقىقاتىنى بەلگىلىك كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىش ھەم تەتقىقاتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئەھمىيەتكە ئىگە.

3) «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا كۆپلىگەن ئىلغار ئىدىيىلەر ئىلگىرى سۈرۈلگەن، بۇ ئىدىيىلەرنى قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يۈكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، يۈكسەك دەرىجىدىكى مەدەنىي جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغ ئىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. تەتقىق قىلىنىدىغان ئاساسىي نۇقتىلار ۋە يەتمەكچى بولغان نىشان

مەزكۇر ماقالىدە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەدەبىي پارچىلار تۈر ـ ژانىر ۋە مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، شېئىر ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر ۋە ئىپوسلار دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ھەم ئەدەبىيات تەتقىقاتى جەھەتتىكى قىممىتى قاتارلىقلار ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلار ۋە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر خۇلاسە قىلىنىدۇ.

يەتمەكچى بولغان نىشان:

1) «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلارنى تۈر ۋە مەزمۇنى جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنى بىر قەدەر چوڭقۇر، ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش.

2) مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى توپلاپ، مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى ھەققىدە يېزىلغان كىتاب، ماقالىلەر توغرىسىدا تېخىمۇ كۆپرەك بىبلوگرافىيلىك مەلۇمات بېرىش، بۇ ئارقىلىق بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش.

3) «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتى، تىل تەتقىقاتى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى قىممىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش.

4) «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەمدە ئىلگىرىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا، «دىۋان» تەتقىقاتى، جۈملىدىن «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار تەتقىقاتىنى بەلگىلىك چوڭقۇرلۇق ۋە ئىلگىرىلەشكە ئىگە قىلىش.

## 3. تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەتقىقاتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى

بۇ ماقالىدە ئاساسەن ماتېرىيال توپلاش، تىپىك مىسال، مېغىزلىق تەھلىل ۋە خۇلاسە قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. تەتقىقات تۆۋەندىكىدەك قەدەم ـباسقۇچلار بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1) مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنى توپلاش ۋە خۇلاسە قىلىش

2) مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تېزىس قىلىپ تۈزۈپ چىقىش

3) «دىۋان»دىكى مەنبەلەر ۋە بىر قىسىم مۇتەخەسسىلەرنىڭ تەتقىقاتلىرى بويىچە «دىۋان»دىكى ئەدەبىي پارچىلار ئۈستىدە كەڭ دائىرىلىك مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش

## I باب. بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك لۇغەت «تۈركىي تىللار دىۋانى»

### 1. بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىك لۇغەت «تۈركىي تىللار دىۋانى»

دۇنيادا ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىپتىخارى بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى دۇنياغا تونۇتىدۇ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولىنى، ئورنىنى بىلدۇ ۋە ئەۋلادلارنى كۈچلۈك ئىرادە، مۇستەھكەم روھ بىلەن تەربىيىلەپ ئۇلارغا ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، قەيسەر، ئىجادچان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا تىرىشىدۇ.

ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا ھەتتا پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي سىيماسى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئىلىم – مەرىپەتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئىلى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ، خەلقىمىز ئۇنى تارىخىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەقىل – پاراستى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ساپلىقى قاتارلىق پەزىلەتلەرگە سىمۋول قىلىنىپ، ئىلمىي ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ئىپتىخارى. ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسىگە ئىلىمىز ۋە چەتئەللەردىكى تارىخچىلار، مەدەنىيەتشۇناسلار، تىلشۇناسلار بىردەك يۇقىرى باھا بېرىپ كەلمەكتە. مەھمۇد قەشقەرى جوڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەسىرى بىلەن بېيىتقۇچى بۈيۈك شەخس سۈپىتىدە جوڭگو ئالىملىرى تەرىپىدىن قەدىرلىنىپلا قالماي، چەتئەللەردىمۇ يۈكسەك ئېتىبار بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، 11- ئەسىردە ئۆتكەن مەھمۇد قەشقەرى (مەھمۇد بىننى ھۇسەيىن قەشقەرى) پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر بولغان ئالىم، تىلشۇناس ۋە ئەدىبدۇر. جاھان تۈركولوگىيە ئىلمىي ۋە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئاساسچىسىدۇر. ئۇنىڭ نامى ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئەمگىكىنىڭ زور نەتىجىسى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك) ناملىق ئۆلمەس ئەسىرى بىلەن نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە. بۇ مەشھۇر ئالىم تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر فولكلورشۇناسى ۋە ئاتاقلىق تىلشۇناسى، ئېنسىكلوپېدىست يازغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىز ئارىسىغا يىقىلماس كاتتا مۇنار تىكلەپ بەردى. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى جەھەتتىن XI (ھىجرىيە V) ئەسىردىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە، تۈركىي تىللار ھەققىدىكى خاتىرىلەر ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنى تۈركىي تىللار ھەققىدىكى ھەقىقىي مەنىدىكى قامۇس لۇغەت، دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ شەرق

مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قوشقان زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋان» ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ بىباھا خەزىنىسى بولۇپ، ئۇ بۈيۈك بىر يازما مىراس سۈپىتىدە ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى روشەن مەدەنىيەت ئىپى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىللىي ئىستىتىك ئەندىزىسىنىڭ ئەينىكى. شۇڭا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر شۇ قەدەر زور تارىخىي ۋە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارى ھېسابلايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى بۇ داڭلىق ئەسىرى ئارقىلىق ئەينى زاماندىلا تۈركولوگىيىنىڭ ئۇلىنى قۇرغاندى. ئەدىب بۇ ئەسەرنى ھىجرىيىنىڭ 464 (مىلادى 1072) - يىلىدىن 466 (مىلادى 1074) - يىلىغىچە ئەرەب تىلى بىلەن يېزىپ، ئابباسى خەلىپىلىرىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچىسى بولغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، جۇغراپىيىسى، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقى چۈشەنچىلىرى، خەلق ئەدەبىياتى، فولكلورى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىنتايىن قىممەتلىك، مول ئۇچۇرلارنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرغان مۇكەممەل قامۇستۇر. بۇ كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئىلمىي ئاساسلىرىنىڭ تولۇق، پىتەرلىك، ئىشەنچلىك بولۇشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھازىرغا قەدەر تۈركىي تىللار توغرىسىدا يېزىلغان ھەر قانداق ئەسەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ كىتاب لۇغەت نامى بىلەن ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دۇنيادىكى ھەر قانداق «قامۇس»، «ئوكيانۇس»، «ئېنسىكلوپېدىيە» (پۈتۈن بىلىملەرنىڭ توپلىمى) بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ، يىل ۋە دەۋر پەرقىنى ھېسابقا ئالغاندا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشتىكى مۇكەممەل سېلىشتۇرما لۇغەتلىك رولىنى ئوينىغانلىقىدىلا ئەمەس، بەلكى 11- ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ مەرىپەتلىك تۇرمۇشىنى، ئىشلەپچىقىرىش بىلىملىرىنى پاكىتلىق ئىسپاتلاپ بەرگۈچى ئىشەنچلىك مول تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئەتراپلىق توپلىغانلىقىدا. شۇڭا بۇ ئەسەر قاراخانىلار دەۋرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن، جۈملىدىن 11- ئەسىرنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەدەبىي ھايات ۋە ئەدەبىيات توغرىسىدا بىر قەدەر ئومۇمىي مەلۇمات بېرىدىغان يېگانە مەنبەدۇر.ئۇنىڭغا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ بىر بۆلەك مېۋىلىرى توپلانغان. «دىۋان»دا مەھمۇد قەشقەرى 7500 دىن ئارتۇق سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ۋە ئىستىمال مەنىسىنى ئەتراپلىق ۋە جانلىق

چۈشەندۈرگەن. شۇ جەرياندا بىر قىسىم سۆزلەرنى چۈشەندۈرۈش ئېھتىياجىغا كۆرە ھەرخىل ژانىردىكى ئەدەبىي پارچىلارنى مىسالغا ئالغان. ئاپتۇر «دىۋان»نى زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل، يەنى زامانىسىغىچە تېخى قوللىنىلمىغان ئۇسۇل بىلەن يېزىپ چىققان، ئاپتۇر بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم». «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرى پارچىلار بىلەن بېزەپ مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىۋىدە تۈزۈپ چىقتىم، ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي - جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم»[1]

دېمەك، ئاپتۇر مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «دىۋان»دا 20 پارچىغا يېقىن رىۋايەت، 237 پارچە شېئىر - قوشاق، 279 پارچە ماقال - تەمسىل، ئىككى پارچە ھېكمەتلىك سۆز (بايمەتھاجى راخمانىنىڭ بۆلۈشى بويىچە) قاتارلىق ئەدەبىي مىراسلارنى خاتىرىلىگەن. بۇ ئەدەبىي مىراسلار ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزنىڭ جۈملىدىن ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەتقىقات تەرەققىياتى ئۈچۈن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ئۈچۈرلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ ئەدەبىي پارچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ قىممەتلىك ماتېرىيال مەنبەلىرىدىندۇر. ئەگەر «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ بىباھا گۆھەر دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسا، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان شېئىر - قوشاقلار، ماقال - تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئىبارەت بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىم ئۆلگىلىرىمۇ زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىردىنبىر مەنبە يوقالغان بولاتتى. دېمەك، بۇ كىتابنىڭ قىممىتى بارلىق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا تارىخى ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا، بۇ نەمۇنىلەر ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەڭ مول، رەڭدار، ئىشەنچلىك، قەدىمكى مىراسلىرى بولۇپ، مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە.

شۇڭا «دىۋان» تەتقىقاتىدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىي پارچىلارنى تەتقىق قىلىشمۇ ئوخشاشلا زۆرۈر ۋە مۇھىم ئىلمىي خىزمەتلەردىندۇر.

ئومۇمەن ئالغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا ۋە تىلشۇناسلىق تارىخىدا مىسلىسىز زور نەمۇنە بولۇپلا قالماي، بۈگۈنكى ئىلىم دۇنياسىدىمۇ غايەت زور مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئەسەر بولۇپ تونۇلماقتا. چۈنكى ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرى بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى ئۇستازى ۋە تۈركولوگىيە پىنىگە ئاساس سالغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جاھان تۈركولوگلىرى، تارىخچىلىرى، ئەدەبىياتشۇناسلار مەھمۇد قەشقەرىگە ئۇستاز سۈپىتىدە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ كۆپ جەھەتلەردە ئۇنىڭ كىتابىغا ئاساسلانماقتا. چۈنكى ئۇنىڭ ئەسرىدە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ۋە قەدىمكى دەۋردىكى تىلى، ئەدەبىياتى ۋە ئېتنوگرافىيىسى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەرقانداق بىر تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئۆزىنىڭ تىل - ئەدەبىيات تارىخىنى بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن سۆز ئاچماي يورۇتۇپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر خەلقئارادىمۇ ناھايىتى چوڭ ئابرويغا ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

## 2. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھەرخىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ھەر خىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرى ۋە دۆلەت سىرتىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ھەققىدە تۈركىيىلىك ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋان»نىڭ ئەسلى قولىيازمىسى ئابباسىيلارنىڭ خاس ئوردا كۇتۇپخانىسىدا بىر مەزگىل ساقلانغاندىن كېيىن يوقىلىپ كەتكەن، كېيىن ئەرەبلەر تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، قولدىن قولغا ئۆتۈپ ساقلانغان، لېكىن ھازىرغىچە 1266- يىلى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىدىن باشقا نۇسخىلىرى تېپىلمىغان. بۇ نۇسخا ھازىر تۈركىينىڭ ئىستانبۇلدىكى «فاتىھ مىللەت كۇتۇپخانىسى»دا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ نۇسخىنى قەشقەردىن سۈرىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئوبۇلپەتىھ ساۋى ئوغلى ئابابەكرىنىڭ مەھەممەت ئىسىملىك ئوغلى كۆچۈرگەن ئىدى.[2] «دىۋان»نىڭ بۇ يېگانە نۇسخىسىنى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بىر تۈركىيىلىك ئايال (يەنى ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىنىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولغان نازىف بەينىڭ تۇغقىنى) ساقلىغان، كېيىن مىلادىيە 1914 - يىلى كىتابپۇرۇشنىڭ سېتىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان، بۇ قولىيازمىنى داڭلىق كىتاب ساقلىغۇچى ئەلى ئەمىر ئەپەندى سېتىۋالغان ۋە كېلىسلىق ئوقۇتقۇچى رىفات بىلگەنىڭ رەتلەپ، تەييارلاپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ قولىيازما نۇسخا مىلادىيە 1917 ~ 1919 - يىللىرى ئىستانبۇلدا ئۈچ توم بولۇپ بېسىلىپ چىققان.

«دىۋان»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ نەشرىدىن چىققانلىقى پۈتكۈل ياۋروپا ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە سالدى ھەمدە پۈتۈن دۇنيادىكى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ۋە شەرقشۇناس ئالىملارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. كېيىنكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى دۆلەت ۋە رايونلاردا نۇرغۇنلىغان تەرجىمە ۋە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلىپ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. يەنى ئۇنىڭ ھەرخىل تەرجىمىدىكى نۇسخىلىرى نەشرىدىن چىقتى، ھەمدە نۇرغۇنلىغا قىممىتى يۇقىرى بولغان ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

«دىۋان»نىڭ هازىرغىچە نەشرىدىن چىققان تەرجىمە نۇسخىلىرىدىن تۆۋەندىكىلەر بار:

1) «تۈركىي تىللار دىۋانى» كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ فوتو باسمىسى، ئۈچ توم.[3]

1917~1919-يىللاردا ئەنقەرەدە تۈركىيىلىك ئەلى ئەمىر ۋە كېلىسلىق رىفات بىلگەنىڭ هەمكارلىششى بىلەن نەشرىدىن چىققان، بۇ نەشرى «دىۋان»نىڭ 1266- يىلدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ چىقىرىلغان.

2) ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي تىللىرى سۆزلۈكى.[4]«中古突厥语词汇»ياكى«中世纪突厥语词汇»

1929 - يىلدىكى بۇداپىشتتا نەشر قىلىنغان بولۇپ، گېرمانىيىلىك ئالىم كارل. بىروككېلمان تۈزگەن. بۇ ئەسەردە مەهمۇت قەشقەرىنىڭ «دىۋان»ى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، «دىۋان»دىكى سۆزلەر نېمىسچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان، بۇ ئەمەلىيەتتە بولسا ئىشلىتىش قىممىتى ناهايىتى يۇقىرى بولغان 〈«تۈركىي تىللار دىۋانى»سۆزلۈكى〉نىڭ ئىندېكسى بولۇپ، جەمئىي 252 بەت.

3) «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى، ئۈچ توم.[5]

1939-، 1940-، 1941 - يىللىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان، تۈركىيىلىك تۈركولوگ بېسىم ئاتالاي تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 1943- يىلى يەنە مەزكۇر تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ئىندېكسى ئىشلىنىپ نەشرىدىن چىققان.

4) «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنىڭ فوتو باسمىسى (فاكسىمىلى) ۋە رەڭلىك باسما نۇسخىسى. [6]

1941-يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بېسىم ئاتالاي 1266- يىلدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىغا ئاساسەن فوتو باسما قىلىپ نەشر قىلغان. 1990- يىلى دۆلەتلىك مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نامىدا «دىۋان»نىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ئاساسىدا چىقىرىلغان رەڭلىك باسما نۇسخىسى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.

5) «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسى، ئۈچ توم.[7]

1960 ~ 1963 - يىللاردا تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان، ئۆزبېك تەتقىقاتچىسى سالىھ مۇتەللىپوۋ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، 1967- يىلى تاشكەنتتە غ. ئابدۇراخمانوف ۋە س. مۇتەللىپوۋ قاتارلىقلار «دىۋان»نىڭ ئۆزبېكچە («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ئىندېكسى)نى تۈزۈپ چىققان، جەمئىي 547 بەت.

# 28ـ كاشغەرىي روھنى ئۆلگە قىلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنايلى

كاشغەرىي روھنى ئۆلگە قىلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنايلى
( ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن قامۇس ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى» دا سۆزلەنگەن نۇتۇق)

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

بۇ يىل (1994ـيىل) بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) مەيدانغا كەلگەنلىكىگە توققۇز يۈز يىگىرمە يىل بولدى.
مۆھتەرەم ئەجدادلارنى ئەسلەش، ئۇلارنىڭ ئەھمىيەتلىك ئەمگەكلىرىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىش، شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرى ئۈچۈن، ئۆز زامانىسى ئۈچۈن شۇنداقلا ئەۋلادلار ئۈچۈن، كەلگۈسى زامان ئۈچۈن پايدىلىق بولغان خىزمەتلەردە بولۇش ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن ماقۇل ئەخلاق، ياخشى پەزىلەت سانىلىدۇ. ھالبۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي دۇنيا ئىلىم ئەھلىگە، خۇسۇسەن ئىجتىمائىي پەن ئەھلىگە تونۇلغان داڭلىق ئالىم. سەممىيەت بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ-يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ، خۇسۇسەن ھازىرقى زامان قەشقەرلىكلەرنىڭ مەھمۇدى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ يەنە ئۆز زامانىسىدىكى بۈيۈك قارا خانىيلار دۆلىتىگە تەۋە بولغان بىپايان زېمىندا ياشىغۇچى بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭمۇ مەھمۇدى. شۇڭا، بىز بۇ دۇنياۋى ئالىمىمىزنى تولۇپ تاشقان ئىپتىخارىمىز بىلەن « دۇنيا تۈركىي تىللار تەتقىقاتىنىڭ كارۋانبېشى، جاھان ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سەردارى» دەپ ئاتاشقا پۈتۈنلەي ھەقلىقمىز!
مەن بۇ قۇتلۇق سائەتتە، «كاشغەرىي روھنى ئۆلگە قىلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللىنايلى» ماۋزۇلۇق بۇ ئىلمىي ماقالەم ئارقىلىق بۈگۈنكى مەھمۇد كاشغەرىي ئەۋلادلىرى بىلەن سىرداشماقچىمەن. بۇ ماقالىنى «مەھمۇد كاشغەرىي زامانىدىن زامانىمىزغىچە»، «‹دىۋان› ۋە

مەھمۇد كاشغەرىي روھى»، «مەھمۇد كاشغەرىي ئىزىدىن ماڭغان ئەزىمەتلەر» ۋە «بىزمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، 21-ئەسىرگە ئىلىم بىلەن قەددىمىز رۇس كىرەيلى» دېگەن تۆرت كىچىك تارماققا بۆلۈپ بايان قىلىمەن.

## 1-مەھمۇد كاشغەرىي زامانىدىن زامانىمىزغىچە

پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز دۆلەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىش، جۇڭگونىڭ تارىخىنى ئۆگىنىش، شۇ ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇشنى ھەمىشە تەكىتلەپ كەلمەكتە. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش- جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش، جۇڭخۇانىڭ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىشتا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز، جۇڭگو تارىخىنى ئوبدان بىلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايون ئەھۋالىنى ۋە ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنىمۇ ياخشى ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنى پىششىق بىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل جۇڭگونىڭ ئەھۋالى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ھالبۇكى، ماۋزۇيىمىزدىكى قامۇس «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى خاتىرلەش بىزنىڭ ئۇزاق ۋە شانلىق تارىخىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بىز بۇ تارىخنى شۇ قەدەر پىششىق بىلىشىمىز لازىمكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى خاتىرلەشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتلىرىنىڭ بىرىمۇ دەل مۇشۇنىڭدا.

تارىخ ساۋاتىدىن مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان چاغلار قارا خانىيلار دۆلىتى زامانى دېيىلەتتى. بىزنىڭ زامانىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەۋرى بولۇپ سانىلىدۇ. مەھمۇد زامانىدىن زامانىمىزغىچە بولغان ئارىلىق مىڭ يىلدىن ئارتۇق ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇرلار قارا خانىيلار دەۋرىدىن بۆلەك ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرى، چاغاتاي خانلار دەۋرى، ياركەند سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى، ئاپپاق خوجا ۋە خوجىلار دەۋرى، بەدەۋلەت ياقۇپبەگ دەۋرى، زوزۇڭتاڭ تەسىس قىلغان شىنجاڭ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسى دەۋرى قاتارلىقلارنى بېسىپ ئۆتكەن. بۇ دەۋرلەر ئۆز ئىچىدىن يەنە نۇرغۇن ئۇششاق دەۋر ۋە باسقۇچلارغا بۆلىنىدۇ. زامانىۋى پەن-مەدەنىيەت بويىچە بىلىم ئېلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇش سالاھىيتىمىز بىلەن بۇ تارىخىي دەۋرلەرنى ۋە بۇ تارىخىي دەۋرلەردە يۈز بەرگەن ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەرنى، شۇنداقلا شۇ دەۋرلەردە، شۇ زامانلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى كېيىنكى ۋە بۈگۈنكى دەۋرلىرىمىز ئۈچۈن دەپ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى بېغىشلاپ ياشىغان ئىجادكار ئەجدادلارنى ۋە ئۇلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئەمگەكلىرىنى پىششىق بىلىشىمىز كېرەك. مانا شۇنداق بىزنىڭ جەزمەن

بىلىشىمىزگە تېگىشلىك ۋە ھەمىشە ئەسلەپ تۇرۇشىمىزغا ئەرزىيدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ پېشۋاسى مەھمۇد كاشغەرىي؛ مانا شۇنداق بىزنىڭ قەدىرلەپ ئۆگىنىشىمىزگە، ياخشى تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە ئىجادىيەتلىرىمىزدە ئۈلگە قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان كلاسسىك شاھ ئەسەرلەرنىڭ بىرى قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» دۇر.

مەھمۇد زامانىدىن بىزنىڭ بۇ زامانىمىزغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆز زامانىسىدىكى دۇنيادا ياشىغان ھەرقانداق مۇنەۋۋەر مىللەتكە ئوخشاشلا، تىرىشىپ ھالال ئەمگەك بىلەن، ئىجاد بىلەن، ئىلىم-مەرىپەت بىلەن ياشىغان. بىزنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇدىيىتىمىز، بۈگۈنكى زېمىنىمىز ۋە بۈگۈنكى بارلىق بايلىقىمىز بۈيۈك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك جاپالىق كۈرەشلىرىنىڭ ۋە نەتىجىلىك ئەمگەكلىرىنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا، بىز ياشلارنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن، ئەجدادلىرىمىزدىن ئاغرىنىشقا ھېچقانداق ھەققىمىز يوق!

ئەجدادلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك ئاشۇنداق مۆجىزىلىك ئەمگەكلەرنى ئۆزلىرىنىلا ئويلاپ ئەمەس، بەلكى بىز ئەۋلادلارنىمۇ كۆزلەپ قىلغان. ھالبۇكى، بىز ئۆزىمىزنىڭ شانلىق تارىخنى چۈشىنىپ، رېئاللىققا يۈزلەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئەجدادلارنى ئۈلگە قىلىپ، دەۋرىمىز ئۈچۈن-ئۆزىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئەڭ شانلىق ئىشلارنى قىلىشىمىز لازىم.

## 2. «دىۋان» ۋە كاشغەرىي روھى

مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۈستىدە تارىختىن بۇيان تەتقىقات يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان تۈرلۈك ئىرق، تۈرلۈك قەۋمگە تەئەللۇق بولغان بارلىق ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ يالغۇز تىلشۇناسلىققا ئائىت ئاددىي بىر لۇغەت، سۆزلەملەر توپلىمى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى، جۇغراپىيىلىك ئولتۇراقلاشقان جايى، تارىخى، قەۋم-قەبىلىلەر ئارا بولغان مۇناسىۋەتلىرى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئاسمانشۇناسلىق، دورىگەرلىك، ھەربىي ئىشلار، پەن، سانائەت ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت، فولكلور، پەلسەپە ھەتتا، يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيتى ۋە كىيىم-كېچەك مەدەنىيتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى بىلىم سەۋىيىسى، ئەمەلىي پائالىيەتلىرى چىنلىق بىلەن خاتىرلەنگەن ئېنسىكلوپېدىك قامۇس. بىز «دىۋان» نى مۇتالىئە قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىلىك مەدەنىي ھاياتىغا تەھسىن ئوقۇيمىز، شۇ قەدەر غورۇرلىنارلىق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلەرنى ياراتقان ئەجدادلىرىمىزدىن سۆيۈنىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇنداق ئېپتىخارلىق تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئەينەن سىزىش يولىدا، مىڭ مەرتىۋە يوللۇق ھالال تەر تۆككەن بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىيدىن ئۆگىنىش تۇيغۇمىز چىن قەلبىمىزدىن جۇش ئۇرىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ شاھ ئەسەر شانلىق قارا خانىيلار دەۋرىنىڭ پارلاق ھاسىلى، شۇنداقلا ئۇ شۇ دەۋردە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەمىشە ئالغا ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان، ئارقىدا قېلىشنى مەڭگۈ راۋا كۆرمەيدىغان

يۈكسەك روھنىڭ ھەقلىق سەمەرىسى. بىز مۇنداق روھنى «كاشغەرىي روھى» دەپ ئاتساق تازا دۇرۇس بولىدۇ.

بىز دەۋاتقان كاشغەرىي روھى-يۈكسەك غايىنى دىلىغا پۈكۈپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش روھى. مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي ياش ۋاقتىدا، ئۆز ئانا يۇرتىدىن ئاتلىنىپ چىقىپ، داۋان ئېشىپ، دەريا كېچىپ، يىراق باغداد شەھىرىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ كەلگۈسىدە خەلققە، مىللەتكە، ئانا ۋەتەنگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىستەك ۋە يۈكسەك غايىنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈككەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆگىنىشتە ئەلا نەتىجە قازانغان. ئۇ ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا كېيىنكى چاغدا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ مىڭ يىللارنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇر روھنىڭ شانلىق يالدامىسى بولۇپ كېلىۋاتقان كاتتا قامۇسنى يازالىغان.

بىزلەرمۇ بۈگۈن ئۆز يۇرتىمىزدىن ئاتلىنىپ چىقىپ، ئون مىڭ يوللاپ ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ كېلىپ، شۇبۇ پايتەخت بېيجىڭدا ئوقۇۋاتىمىز، ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىمىز. ھالبۇكى، بىز كۈندىلىك ئوقۇش-ئۆگىنىشتە، نوقۇل ھالدا ئوقۇتقۇچىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئىمتىھانغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈنلا ئۆگەنمەي، بەلكى بوۋىمىز مەھمۇدنى ئۈلگە قىلىپ، كەلگۈسىدە مىللىتىمىزگە ئەھمىيەتلىك نەتىجە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆگىنىشىمىز، خەلققە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

بىز دەۋاتقان مەھمۇد روھى-تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ بىناسىنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ ھاجىتىنى چىقىش قىلغان ئەمەلىيەت ئاساسىغا بەرپا قىلىش روھىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىنىڭ كىرىش قىسمىدا:« مەن ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باستىن ئاياغ كېزىپ چىقتىم.تۈرك،تۈركمەن،ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم.» دەپ يازغان.(قاراڭ:«دىۋان» 3-بەت) بۇ بايانلاردىن مەلۇمكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت ئەسرلەر داۋامىدا، باشقىلارنى ئەقلى ھەيرانلىقتا قالدۇرۇپ، ئۆز خەلقىمىزنى ئىپتىخارلىقتا شادلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ مۆجىزىلىك ئەسەرنىڭ ھەر قانداق ئىنسانىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە پۈتۈپ چىقىشى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، مەسىلىنى ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ ئەتراپلىق تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت جاپالىق ئەمما شەرەپلىك ھالال مېھنەتنى ئۆزىگە مۇستەھكەم ئۇل قىلغانلىقىدىن بولغان. ھالبۇكى، ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان بىز ياش ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىشتە، بىلىم ئېلىشتا، كاشغەرىي روھنى، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى روھنى ئۈرنەك قىلىپ، ئۆگىنىشىمىزنى جەمئىيەت تەكشۈرۈش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپى، ئۇمىد قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەمەلىي ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم . بۇ-ئەمەلىيەتتە ، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئىلىم-پەننى جەمئىيەتكە يۈزلەندۈرۈش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش دېگەن شۇئارنىڭ تەلىپىگىمۇ تازا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بىز دەۋاتقان كاشغەرىي روھى- ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىنتىلىش بار ئىمكان بويىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە بۆسۈپ ئۆتۈپ ئىجاد قىلىش روھىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز دىۋانىدا: «مەن بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم»، «ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي-جايىغا قويدۇم؛ تۇتۇقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم.» دېگەن.(قاراڭ: «دىۋان» 4-،7-بەتلەر) بۇ بايانلاردىن روشەنكى، مەھمۇد كاشغەرىي ھېلقىدەك ،« ۋاي، تەقدىر شۇنداق»، «شۈكرە دېدىم، شۈكرە دېدىم » دەپ ئۆزىنىڭ ئەڭ بىچارە ۋە مىسكىن ئەھۋالىغىمۇ قانائەت قىلىپ، بىر ئولتۇرغان يېرىدە ھەپتە ئولتۇرىدىغان ھورۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇ ھېچكىمگە بوي بەرمەيدىغان، ھەر قانداق ئىنساندىن كېيىن قىلىشنى خاھلىمايدىغان، نەۋقىران شاش ئاتتەك ئالغا ئىنتىلىپلا تۇرىدىغان، ئەمەلىيەت ئاساسىدا تىرىشىپ ئىجاد قىلىشنى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزىنىڭ قولىدا تۇتۇپ، ئۆز ئىقبالىنى ھالال ئەمگەك ئارقىلىق گۈزەللەشتۈرۈشنى ئۆزىگە بۇرچ دەپ بىلىدىغان ئىجادكار ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى، ئەجدادى ۋە پېشۋاسىدۇر.

مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي شاھ جەمەتىدىن ئىدى. بەزەن تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر شاھزادە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بىراق، بىزنىڭ بۇ مۆھتەرەم بوۋىمىز شاھ جەمەتىگە خاس پاراغەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، پۈتكۈل ئۆمرىنى ئىلىم ئېلىش ۋە خەلققە ئىلىم بېرىشكە سەرپ قىلىپ، ئۆز زامانىسىدىكى كەڭ زىيالىلار ۋە پۇقرالار ئارىسىدا «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپ نامىغا ئىگە بولغان. بىز مەھمۇد كاشغەرىنى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەمگىكىنى ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىگىنىمىزدە، ئۆز تەسەررۇپىمىزدىكى ئىلىم ئېلىش-ئۆگىنىش پۇرسىتىنى بەكمۇ غەنىيمەت بىلىشىمىز لازىم. شەكسىزكى، بىز پەقەت بوۋىمىز كاشغەرىينىڭ يۈكسەك غايىنى دىلغا مەھكەم پۈكۈپ تۇرۇپ ئۆگىنىش روھىنى ئۈلگە قىلىپ، ھەر مىنۇت ھەر سېكونتنىمۇ بوشقا قويۇۋەتمەي تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلا بولساق، مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت بۇ ئىلىم بەيگە مەيدانىدا جەزمەن ئۈزۈپ چىقالايمىز، چوقۇم ئۇتۇپ چىقالايمىز. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بىزنىڭ مۇنداق قىلىشىمىز ئەمەلىيەتتە، باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە ئىلىم بىلەن جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش روھىغا ھەقىقىي ئۇيغۇنلاشقانلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

-3كاشغەرىي ئىزىدىن ماڭغان ئەزىمەتلەر

ئەجدادلاردىن ئۆگىنىشنى تەرغىپ قىلىش ماھىيەت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنگە نەزەر

تاشلاش بىلەن ئىستىقبالنى ئويلاش ۋە ئەۋلادلارنى كۆزدە تۇتۇشنى تۈپ مەقسەت قىلدۇ. ھالبۇكى، بىز مەھمۇد كاشغەريي ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمگىكى« تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قىممىتىنى خاتىرىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، زامانىمىزغا، ئۆز ئەتراپىمىزغا باقساق، كاشغەريي روھىنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان ئەزىمەتلەرنىڭ ھەممىلا يەردە بارلىقىنى كۆرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەۋلادلارنىڭ پارلاق ئىقبالى جۇلالاپ تۇرغانلىقىنى روشەن ھېس قىلىمىز. مۇنداق ئەزىمەتلەردىن مۇشۇ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى قوروسىنىڭ ئىچىدىلا بارلىرىدىن ئېلىپ ئېيتساقمۇ، ئامرېكىدا توققۇز يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئۇيغۇردىن چىققان تۇنجى ئالتايشۇناس دوكتور لېتىپ توختى؛ روسىيە لېنىنگراد ۋە موسكۋالاردا بەش يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، ھازىرقى زامان ئاتاقلىق تۈركولوگى تېنىشىف ئەپەندىنىڭ يارامىلىق شاگىرتى دوكتور ياسىن ھوشۇر؛ جۇڭگو ھازىرقى زامان تۈركولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق ئۇيغۇرشۇناس گىڭ شىمىن ئەپەندىمنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى، ھازىر گېرمانىيە بامبورگ ئۇنىۋېرستېتىدا ئىلىم سۆزلەۋاتقان ئابدۇرەشىت ياقۇپ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇلار بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يارامىلىق ئەۋلادلىرى، بىزنىڭ ئىپتىخارلىق ئۈلگىلىرىمىز بولۇشقا مۇناسىپ!
كىشىنى روھلاندۇرىدىغىنى شۇكى، كاشغەريي روھى بۈگۈنكى كۈندە يالغۇز تىلشۇناسلىق ۋە فىلولوگىيە پەنلىرى ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىلىمنىڭ باشقا ساھەلىرىدە، خۇسۇسەن تەبىئىي پەن ساھەسىدىمۇ ئۆزىنىڭ تۈرتكىلىك رولى ئارقىلىق مول ۋە غوللۇق نەتىجە ئىگىلىرىنى ۋە زامانىۋى پەن ئىجادكارلىرىنى بارلىققا كەلتۈرمەكتە . ئالايلۇق ، خالمۇرات غوپۇر ، تىبابەت ئالىمى، شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور (34 ياش) ، ئۇ 1977-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن شاڭخەي جۇڭگو تىبابىتى ئۇنىۋېرستېتىغا قوبۇل قىلىنغان. ئۇ مەزكۇر ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇغان بەش يىل جەريانىدا، باشتىن-ئاخىر ئۆگىنىش نەمۇنىچىسى بولغاچ، شاڭخەي« ۋېنخۇيباۋ» گېزىتى ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئىش -ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئۇ 1988-يىلى روسچە چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقىش ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، روسىيە لېنىنگراد تىبابەت ئۇنىۋېرستېتىغا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ يەردە ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرس سۆزلىگەن. ئۇ روسىيە دوختۇرلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا جۇڭگوچە-ياۋروپاچە داۋالاش ئىلمىدىن 368 سائەت دەرس بەرگەن ۋە روسىيەدە تۇنجى بولۇپ «جۇڭگوچە-غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش كافېدراسى» نى قۇرۇپ، روسىيىلىك ئاكادېمىكلارنىڭ «شەرقتىن كەلگەن ئاجايىپ تالانت» دېگەن باھاسىغا ئېرىشكەن. ئۇ 1993-يىلى 2-ئايدا، 340 بەتلىك ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىلمىي ماقالىسى بىلەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، دەرىجە ئالالاپ، روسىيىنىڭ دۆلەتلىك تىببىي ئىلىم دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 33 ياشلىق خالمۇرات غوپۇرنىڭ دەرىجە ئالالاپ

روسيىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلىم ئۇنىۋانىغا ئېرىشكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مۆجىزە روسىيە تىببىي ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىۋەتكەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «كومسومول ھەقىقىتى» قاتارلىق گېزىت-ژورناللىرى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بەس-بەس بىلەن ئۇنى خەۋەر قىلىشقان. ئېلىمىزنىڭ «خەلق گېزىتى»، «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتى قاتارلىقلارمۇ خالمۇرات غوپۇرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ۋە ئىجادىي مۆۋەپپەقىيەتلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن تونۇشتۇرغان. چۈنكى، بۇ ئېلىمىزنىڭ چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىش ئىدى. بۇ ھەقتە خالمۇرات غوپۇرنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى، خەلقئارادا داڭقلىق ئاكادېمىك فېدانسىيۋ ئۆزىنىڭ شىنجاڭ جۇڭگو تىبابىتى ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقىغا يازغان خېتىدە: « خالمۇرات غوپۇر جۇڭگوچە داۋالاشنىمۇ، غەربچە داۋالاشنىمۇ ئاساسى چىڭ تىببىي ئالىم. ئۇ پەن-تېخنىكىنى پىششىق بىلىدىغان، بىلىم دائىرىسى كەڭ، تالانتلىق ھەمدە يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە دوختۇر. ئۇ پەقەت تۆت يىل ئىچىدىلا دوكتورلۇق پەنلىرىنى ئوقۇپ دىسسېرتاتسىيە ماقالىسىنى يېزىپ بولۇپ، بىراقلا دۆلەت دەرىجىلىك دوكتورلۇقنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئۇچرايدىغان مۆجىزە. ئادەتتىكى دوكتورلار ئالتە يىلدىن ئون يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلغاندا، ئاندىن دۆلەت دەرىجىلىك دوكتورلۇققا ئېرىشەلەيدۇ.شۇڭا، خالمۇرات غوپۇرنىڭ مۆۋەپپەقىيتى بىزنى ھەيران قالدۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن» دېگەن. خالمۇرات غوپۇر ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭگو تىبابىتى ئىنىستىتۇتىداجۇڭگوچە-غەربچە-ئۇيغۇرچە داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى داۋالاش-تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۇ ھازىر يەنە شاڭخەي جۇڭگو تىبابىتى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتلىرىنىڭ يېتەكچىسى، روسىيە دوكتور ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ ھەر يىلى، روسىيىگە ئىككى قېتىم بېرىپ، سان-پېتربۇرگ تىبابەت ئىنىستىتۇتىدىكى روس دوكتورلارغا دەرس ئۆتىدۇ.( يۇقىرقى بايانلار ئەنۋەر ئابدۇرەھىم يازغان «تەڭرىتاغ ئوغلى دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتتىن ئېلىندى.قاراڭ: «شىنجاڭ ياشلىرى» 1994-يىللىق 4-سان 1-بەت(

مانا مۇشۇنداق پولاتتەك ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق، ياش پروفېسسور، دوكتور خالمۇرات غوپۇر بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي زامانىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاشلا ئۆز ئىقتىدارى ۋە ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى قايىل قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

يەنە مەسىلەن، تاشپولات تېيىپ، جۇغراپىيەشۇناس، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوكتور ( 34ياش) . ئۇ 1988-يىلى 6-ئايدا، ياپونىيە توكيو تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى يىراقتىن سىزىش تەتقىقات ئورنىغا دوكتورلۇق ئۇنىۋانى ئوقۇشىغا كىرگەن. ئۇ ياپونىيەگە چىقىشتىن بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىللا ياپونچە ئۆگەنگەنىدى. ياپونىيىدە بولغان تۆت يىل جەريانىدا، ئۇ كىنو-تېلېۋىزور كۆرۈش، ئويۇن-تاماشا بىلەن شۇغۇللىنىشنى پۈتۈنلەي تەرك

قىلىپ، باش چۆكۈرۈپ ئىجتىھاد ۋە ئېتىقاد بىلەن ئۆگەندى. ئانا يۇرتنى، ئاتا-ئانا ۋە بالا-چاقىنى سېغىنىشنى تۈرتكە ۋە قۇۋۋەت مەنبەسى قىلىپ تۇرۇپ ئىلىم تەتقىق قىلدى. ئاشۇنداق ئۆگەنگەن ۋە ئاشۇنداق تەتقىق قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇ 1992-يىلى 6-ئايدا، 32 ياش ۋاقتىدا، ياپونىيە جۇغراپىيە ئىلمى دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتەپ باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى سالاھىيتى بىلەن كانادالىق ۋە ياپونىيلىك ئالىملار بىلەن بىرلىشىپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا جايلاشقان رايونلارنىڭ يېپىنچا ئۆسۈملىكلىرىنى قوغداپ قېلىش تەتقىقاتى ۋە مۇھىت تەتقىقاتى، شۇنىڭدەك تەبىئىي بايلىقلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش تەتقىقاتى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللانماقتا.( بۇ بايانلار ئۆمەر قادىر يازغان « يۇلتۇز ئانا زېمىنگە نۇر چاچتى» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى. قاراڭ:«شىنجاڭ ياشلىرى» 1994-يىللىق 6-سان 1-بەت(

يەنە مەسلەن، ئارزۇگۈل ھەمدۇللاھ، جۇڭگودىكى تۇنجى ئۇيغۇر پاراشوتچى، تۇنجى ئۇيغۇر ئايال پودپولكوۋنىك. ئۇ جۇڭگو «1-ئاۋغۇست» پاراشوتچىلار ئەترىتىگە ئەزا بولغان يەتتە يىل ئىچىدە، جەمئىي 1988قېتىم پاراشوتتىن غەلىبلىك سەكرىگەن. مەملىكەتلىك رېكورتنى تۆت قېتىم بۇزۇپ تاشلىغان، ئون مېدال مۇكاپات ئالغان. 1978-يىلى كانادادا مۇسابىقىغا قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەن. 1979-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ئۇ ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. شۇ قېتىم، دېڭ شياۋپىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا مۇكاپات بەرگەن ۋە : « سىز ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مەملىكەت ئاياللىرىنىڭمۇ پەخرى» دېگەن. ئۇ 1981-يىلى ۋە 1985-يىلى ئىككى قېتىم شاڭخەي ھاۋا ئارمىيە سىياسىي ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بېرىپ، دەرسخانا، مەكتەپ كۇتۇپخانىسى، ماتېرىيال بۆلۈمدە پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ ئۆگەنگەنلىكتىن، تۆت يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئۆتۈلگەن جەمئىي 80 خىل دەرسنىڭ ھەممىسدىن 90 دىن يۇقىرى نۇمۇر ئېلىپ، شاڭخەي شەھىرى بويىچە « 8-مارت قىزىل بايراقدارى» بولغان. 1987-يىلى،جۇڭگودا زىيارەتتە بولغان ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابىت شاڭخەي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ياغلىقلىقلارغا مەدھىيە» ناملىق كۆرگەزمىدە، ئارزۇگۈل ھەمدۇللاھنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنى «جۇڭگونىڭ ئايال قەھرىمانى» دەپ ماختىغان. ئارزۇگۈل ھەمدۇللاھ مۇنداق دېگەن: « ئىشتا خەنزۇ ئاياللىرى قىلالىغاننى مەنمۇ قىلالايمەن.ئەرلەر قىلالىغاننىمۇ تىرىشىپ قىلالايمەن بەلكى ئۇلاردىنمۇ ياخشى قىلالايمەن». مانا بۇ – بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر خوتۇن- قىزلىرىنىڭ دۇنيا ئىلىم-مەرىپەت بەيگىسىدە بەس-بەس بىلەن ئىلگىرلەۋاتقان مىللەتلەر ئالدىدا جاكارلىغان ئەڭ ياڭراق خىتابى! (يۇقىرىقى بايانلار شاۋياڭ، جىن رۇيىيوڭلار يازغان « جۇڭگولۇق ئايالنىڭ كارامىتى» ناملىق ماقالىدىن ئېلىندى.قاراڭ:«شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇيغۇرچە) 1994-يىللىق 30-نويابىر 1-بەت(

يەنە مەسلەن، دىلشات ھېۋىزۇللاھ (22 ياش)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئېلېكترون-ئۇچۇر فاكۇلتېتىنىڭ

ئاسپرانتى. ئۇ مەزكۇر مەكتەپنىڭ فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە،ۋاقىت بولسىلا چەتئەل تىل فاكۇلتېتىنىڭ ئىنگلىز تىلى دەرسىگە، كەچلىك مۇزاكىرىسىگە ۋە ئىنگلىز تىلى بۇرجىكى كۇرژۇكىنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگەن. مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدا ئىنگلىز تىلى بويىچە، مەملىكەتلىك 6-دەرىجىلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. ئۇ يەنە ئۆزلۈكىدىن ياپون تىلى ئۆگەنگەن. ئۇ ھازىر ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇدا، دۆلەتلىك 863- پەن-تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىر تۈرى بولغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەلەپپۇزىنى پەرق ئېتىش سىستېمىسى»دا ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلىمەكتە، تەتقىق قىلماقتا.(بۇ مەزمۇنلار قەيسەر مېجىت يازغان « مەڭگۈلۈك ياشلىق» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتتىن ئېلىندى.قاراڭ:«تارىم» ژۇرنىلى 1994-يىللىق 4-سان(

يەنە مەسلەن، كۆرەش ئىبراھىم، خىمىيە، فىزىكا ئالىمى(38ياش).ئۇ 1980-يىلى بېيجىڭ پايتەخت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1987-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چېغىدا، دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە ئوقۇشقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىنگلىزچە سەۋىيە سىناش ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. كۆرەشنىڭ فرانسۇز تىلىدىمۇ خېلى ياخشى ئاساسى بارلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت ئۇنى 1989-يىلى 2-ئايدا، بېلگىيە لېيەژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكترون ۋە فوتو ئېلېكترون سپېكتروسكوپىي تەجرىبىخانىسىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن.بۇ بىر يىل ئىچىدە، بېلگىيەگە كېلىشتىن بۇرۇن پەقەت بىر يىللا فرانسۇز تىلى كۇچەيتمە كۇرسىدائوقۇغان كۆرەش ئىبراھىم كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق، فرانسۇز تىلى بويىچە سەۋىيىسىنى تەلەپكە لايىق دەرىجىگىچە ئۆستۈرگەندىن باشقا، ئىنگلىز تىلى بىلەن ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ئامېرىكىدا چىقىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي ژورنالدا ئېلان قىلدۇرغان. كۆرەشنىڭ مۇنداق تىرىشچانلىقىدىن تەسىرلەنگەن، مۇنداق ئىقتىدارىدىن سۆيۈنگەن بېلگىيە ئالىملىرى ئۇنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق بىلىم ئېلىپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان ۋە ئوقۇش ياردەم پۇلى ھەل قىلىپ بەرگەن.شۇنىڭ بىلەن ئۇ داۋاملىق ئىلگىرلەپ، ئىنگلىز تىلى ۋە فرانسۇز تىلى بويىچە، ئاتوم-مالېكۇلا فىزىكىسىغا ئائىت دەرسلىكلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن، كۆپ تەرەپلىملىك ئالىي بىلىملەرنى تەھسىل قىلغان. ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانى تەلەپ قىلىدىغان ئىلمىي تەجرىبىلەرنى فرانسىيە پارىژ ئوخسەي دۆلەتلىك ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسىدا ئىشلەپ تاماملىغان. مۇشۇنداق ئىلىم كانلىرىدا ئۈچ يىل ئون ئاي ۋاقىت جان پىدالىق بىلەن مەرىپەت قېزىش ئارقىلىق، ئاخىرى 1992-يىلى 12-ئايدا، بېلگىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدا، ئۆزىنىڭ ئىنگلىز تىلىدا يازغان« ئالتە فلورلۇق بېنزىننىڭ يۇمشاق X نۇرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى فوتو-خىمىيە خۇسۇسىيەتلىرى » ماۋزۇلۇق دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇپ ۋە ئالىملارنىڭ ئىنگلىزچە سورىغان سوئاللىرىغا ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە سورىغان سوئاللىرىغا فرانسۇزچە

قانائەتلنەرلك جاۋاب بېرىپ،«ئەلا، ياخشى، ئوتتۇراھال، لاياقەتلىك» دەپ تۆرت دەرىجگە بۆلۈنىدىغان بۇ دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، « تەبىئىي پەنلەر دوكتورى » دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. 1993-يىلى2-ئايدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسىغا دوكتور ئاشتى (博士后)ئۇنۋانى ئوقۇشى ۋە تەتقىقاتىغا قوبۇل قىلىنغان ۋە مۇشۇ (94-يىل) 12-ئايدا، شەرەپ بىلەن دوكتور ئاشتى( يەنى پوستدوكتور ( post doctor ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنيا ئىلىم سورۇنلىرىدا باشتىن كەچۈرگەن ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات سەرگۈزەشتىلىرى ھەققىدە توختالغىنىدا: « پەقەت بەل قويۇۋەتمەي ئاخىرغىچە تىرىشساقلا، باشقىلار بويسۇندۇرالىغان ئىلىم چوققىلىرىنى بىزمۇ بويسۇندۇرالايدىكەنمىز» دەيدۇ. ئۇ ئۇيغۇردىن چىققان تۇنجى دوكتور ئاشتى بولۇش سالاھىيتى بىلەن، ھازىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكىسى تەتقىقات ئورنىنىڭ ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسىدا ئالىي تەتقىقاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانماقتا.

مۇنداق مىساللار يەنە خېلى بار،بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك كۆرستىش بىلەن كۇپايىلەندۇق.

مېنىڭچە، بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ئىلىمپەرۋەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىسى بولسا، يۇقىرىقىدەك ئەقىدىلىك، مەرىپەتپەرۋەر ياشلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىپتىخارى ۋە غورۇر يۇلتۇزلىرىدۇر. بىز بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى ئەسلەپ، ئۇنىڭ بۈيۈك قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئارقىلىق، ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ نۇسرەت ئىزىدىن مېڭىپ، ئۇ سەردار بولۇپ يورۇتقان ئىلىم-مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەر بىر قەدىمدە بىردىن ئەھمىيەتلىك ئىز قالدۇرۇپ، پارلاق نەتىجە يارىتىپ كېلىۋاتقان ياش ئالىملاردىن ئۆگىنىشىمىز ۋە ئارىلىقنى ئۈزلۈلدۈرۈپ قويماي، ئۇلارغا يېقىندىن ئەگىششىمىز لازىم.

-4ئىتتىپاقلىشىپ،21-ئەسرگە بىزمۇ ئىلىم بىلەن قەددىمىز رۇس ھالدا كىرەيلى!

ساۋاقداشلار، ياش دوستلار:

يەنە بەش يىلدىن كېيىن، ئىنسانىيەت تارىخى 21-ئەسرگە قەدەم قويىدۇ. شۇ تاپتا، دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر سەپلىرىنى تۈزەپ، ئۆزلىرىنىڭ 21-ئەسردىكى ئورنى ھەققىدە جىددىي ئەمما ئەمەلىي چەن سوقماقتا. ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى شۇكى، 21-ئەسر پەن-تېخنىكا يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت يۈكسەك تەرققىي قىلغان، دېمكۇراتىيە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، پەن-مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىقابەتمۇ ئەڭ ۋايىغا يەتكەن ئەسر بولىدۇ.

-21ئەسردە، كىمنىڭ پەن-تېخنىكىسى ئۈستۈن، كىمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى بولسا، شۇ كۈچلۈك، شۇ مۆھتەرەم بولىدۇ. پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز جۇڭگونىڭ 21-ئەسردىكى ئىستىقبالى ئۈچۈن ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈپ، سىلە-بىزنى ئالغا يېتەكلىمەكتە.سىلە-بىزدەك ئالىي مەكتەپ

ئوقۇغۇچىلىرىدىن،بىلىم ئەھلىلىرىدىن ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، خەلقنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئۈمىدلەرنى كۈتمەكتە.

بىز بۈگۈن بۇيەرگە جەم بولۇپ، بۈيۈك ئەجدادىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلىدۇق، ئەسلىدۇق ۋە ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ قۇۋۋەتى ئۈستۈن ئەپرىماس خاسىيەتلىك ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئۈستىدە تەتقىقات يۈرگۈزدۇق. مېنىڭچە، بۇ ھېچقانداق بىر كوزىر كۆرستىش پائالىيىتى ئەمەس بەلكى ئۆز-ئۆزىمىزنى تونۇش پائالىيىتى.دېمەكچىمەنكى، مىڭ يىللاردىن بۇرۇن، مەھمۇد كاشغەرىيدەك بۈيۈك ئالىملىرىمىز بولغانىكەن؛ مەھمۇد زامانىدىن مىڭ يىللار ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، خالمۇرات غوپۇردەك نەۋقىران ئالىملىرىمىز ھەر ساھەدە ئونلاپ تۇرۇپتۇ؛ خۇلاسە شۇكى، بىزنىڭ ھېچبىرىمىز ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، باشقىلار قىلالىغاننى بىزلەرمۇ چوقۇم قىلالايمىز، بەلكى ئەڭ ياخشى قىلالايمىز!

ياش دوستلار:

سىلە-بىزنىڭ ئالدىمىزدا پەقەت بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ ئىلىم-مەرىپەت يولى، بىلىمسىزلىك، نادانلىق بىلەن قەتئىي كۆرەش قىلىش يولى، ئۆز ئىقتىدارىمىزغا تايىنىپ ئۆزىمىزنى گۈللەندۈرۈش يولى! شۇنداق ئىكەن، بىز ئۆزىمىزنىڭ شۇبۇ ئىلىم بېغىدىكى، شۇبۇ ئۆگىنىش، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش سورۇنىدىكى پۇرستىمىزنىڭ قەدرىگە تولۇق يېتىشىمىز، بۇ يەردىكى مۇقەددەس بۇرچىمىزنى ئوچۇق تونۇشىمىز، بىرلا گەپ- كاشغەرىي روھىنى ئۈلگە قىلىپ، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى ۋە تەتقىقاتى بىلەن بەجانىدىل شۇغۇللىنىشىمىز كېرەك. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، بىز ئاندىن بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى ياخشى خاتىرىلىگەن ۋە ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىغان ۋە ئۇ مۆھتەرەم بوۋىمىزنىڭ ئىلىم چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويمىغان بولىمىز.

ساۋاقداشلار:

بۇ ـــ تەھقىق بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، شۇنداقلا پۈتكۈل ئۇيغۇرنىڭ ئۈمىدى!

ـ1994يىل 10ـ سىنتەبىر، بېيجىڭ.

)بۇ ئىلمىي ماقالە 1994ـ يىلى 12ـ ئاينىڭ 29ـكۈنى، مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن « ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي تۈزگەن قامۇس ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› مەيدانغا كەلگەنلىكىنىڭ 920 يىللىقنى خاتىرىلەش يىغىنى» دا لېكسىيە قىلىنغان(

)ئېلىندى: «قەشقەر پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1995ـ يىللىق 2ـ سان(

# مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم




## (ئەدەبىي خاتىرە)

## ئابدۇروپ پولات تەكلىماكانىي

### مەرھابا، قۇتلۇق يىل

2008-يىل يانۋار ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، پاراڭ ئارىسىدا، «بۇ يىلنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن ‹مەھمۇد كاشغەرىي يىلى›› دەپ ئېلان قىلىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. يۈرىكىم ئىختىيارسىز ئويناپ كەتتى...

2-ئاينىڭ 15-كۈنى، فاكۇلتېتىمىز رەھبەرلىكى ھەپتىلىك يىغىندا: «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى بۇ 2008-يىلدا، بۈيۈك تۈركولوگ مەھمۇد كاشغەرىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان 67 ئالىمنى دۇنيا مىقياسىدا خاتىرىلەشكە چاقىرىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل-يېزىق كومىتېتى بىزنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىمىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، بېيجىڭدە ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى› ئېچىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز ئاۋاز قوشۇپ، مەكتەپ تەشكىلى ئارقىلىق يۇقىرىغا دوكلات يازدۇق. تەستىقلىنىش ئېھتىمالى ئەڭ كۈچلۈك. شۇڭا، ھەممىمىز ئىلمىي ماقالە تەييارلايلى. گېزى كەلگەندە. بىز ھەممىمىز ھەم يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ھەم يىغىن ساھىبخانى بولىمىز...» دېدى. رەسمىي ئىش بېشىدىكى ۋەلىيلەرنىڭ ئېغىزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، نېقەدەر خوشال بولغىنىمنى دېمەيلا قوياي...

نېمشكە خوشال بولمايكى! مەنمۇ بىر كاشغەرىي تۇرسام. كىم بىلىر، ئەينى زاماندا، مەھمۇد بوۋام بىزنىڭ يۇمۇلاقشە كۆلبىشى مەھەللىسىدىنمۇ ئۆتكەن بولغىيدى. بىزنىڭ قەدىمجاي ئۈژمىلىك ھويلىمىز تەرەپكىمۇ ئىللىق تەبەسسۇم ۋە سەممىي ئۈمىد بىلەن نەزەر تاشلىغان بولغىيدى...

نېمشكە خوشال بولمايكى! مەنمۇ ئۇ بوۋىمىز سۇ ئىچكەن تۇمەن ئۆستىڭى ۋە قىزىل دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ، ئۇ نەپەسلەنگەن كاشغەرىيە ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ چوڭ بولغان ، ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۈك ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى)دىن بىۋاستە ئىلىم ئېلىپ ئۆسۈپ، ئۇلۇغ بولغان بىر ئۇيغۇر-تۈرك تۇرسام.

3-ئاينىڭ 15-كۈنى، شادلىقىمنىڭ، خۇشاللىقىمنىڭ سەمەرىسى بولغان «كاشغەرىيشۇناسلىق ھەققىدە ئون ئىككى سوئال-جاۋاب»نى ھازىرلاپ، «كاشغەرىي ئۇيغۇرشۇناسلىق تورى»دا ئېلان قىلدىم. ئارقىدىنلا، «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتتىم. مەزكۇر ژۇرنال بۇ ئەسىرىمنى ئۆزىنىڭ 2008-يىللىق 3-سانىدا، «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق» ماۋزۇسى ئاستىدا، قىسمەن ئۆزگەرتىش بىلەن ئېلان قىلىپ بەردى. «قەشقەر» ژۇرنىلىنىڭ 3-سانىدا « كاشغەرىيشۇناسلىق ئىستىقبالىدا» سەرلەۋھىلىك ماقالەم ۋە مەزكۇر ماقالەمنىڭ ئالدىغا بېرىلگەن «ئاپتور ھەققىدە» تونۇشتۇرمىسى (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن دىلدار مۇھەممەترېھىم خانىم تەييارلىغان) ئېلان قىلىندى. بۇ ئەسەرلەر ئەمەلىيەتتە، مېنى بۇ كاشغەرىي يىلىدا، كەڭ ئىلىم ئاشنالىرى بىلەن يىل بويى ھەمسۆھبەتتە بولۇش ئىمكانىغا ئىگە قىلدىكى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، مەزكۇر ژۇرناللارنىڭ تەھرىراتىغا چىن كۆڭلۈمدىن سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن!

مەزكۇر سوئال-جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان ئىلمىي ماقالەم ئاساسىدا، «كاشغەرىي يىلى بۇ، پەخىرلەن ئۇيغۇر!» ماۋزۇلۇق بىر نەسىر ھازىرلاپ، 3-ئاينىڭ 22-كۈنى، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇزىكا زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن «بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2008-يىللىق نەۋروز قۇتلىمىسى» ئەدەبىيات – سەنئەت كېچىلىكىدە، يۈكسەك ئېپتىخارلىق ۋە يۇقىرى ئىنتوناتسىيە بىلەن ئوقۇدۇم. بۇ نەسرىمنى ئاڭلىغان 500 دىن ئارتۇق يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش ۋە تەنتەنە سادالىرى زالدىن چاڭ چىقىرىۋەتتى...بىر قانچە دەستە گۈل تۇتۇلدى، مەرھۇم ئۇستازىمىز خەمىت تۆمۈرنىڭ رەپىقىسى نۇرنىسا خانىم مېنى قۇچاقلاپ، قۇتلۇقلاپ سۆيۈپ كەتتى. بىلدىمكى، بۇ – بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھۆرمىتى، ئىززىتى ۋە ھىممىتى ئۈچۈن ئىدى. كۆپ سۆيۈندۈم، يۈرىكىمدىن غۇرۇرلاندىم...

4-ئاينىڭ 15-كۈنى، مەن دەرس سۆزلەۋاتقان 2006-يىللىق ئۇيغۇر سىنىپى ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر ئاي ئىچىدە، ئاتاقلىق يازغۇچى، تەتقىقاتچى پەرھات جىلان يازغان ۋە شىجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994-يىلى نەشر قىلىنغان تارىخي رومان «مەھمۇد كاشغەري»نى ئوقۇپ چىقىشنى تاپشۇرۇق قىلدىم. ئوقۇپ چىقتىلار. ئاندىن، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلىم قارىشى ۋە ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى روماندا قانداق پاكىت ۋە ھېكايىلار بىلەن بايان قىلىنغان؟»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە ئادەمىي ئەخلاق ئەمەلىيىتى قانداق ۋەقە ۋە مىساللار بىلەن تەسۋىرلەنگەن؟»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مائارىپ-مەرىپەت قارىشى ۋە ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئەمەلىيىتى قانداق پاكىتلار ئاساسىدا يورۇتۇلغان؟»...ماۋزۇلىرىدىن بىرنى تاللاپ، بىر پارچىدىن ئىلمىي ماقالە ( 30 پىرسەنتلىك مەۋسۇم ئارىسى سىناق نەتىجىسى بولىدىغان) يېزىشنى تاپشۇرۇق قىلدىم. يازدىلار...ئەڭ مۇھىمى، ئەۋلادلار مۇشۇ ئوقۇش ۋە يېزىش ئارقىلىق مۇندىن مىڭ يىل بۇرۇنقى گىگانت ئەجداد بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەري بىلەن يانمۇيان ياشىدى...ئۇنى تخىمۇ تەپسىلىي بىلدى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىمۇ باشقىدىن تونىغان بولدىلار...

**«بىزمۇ بېرىپ، بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىغا گۈللەر قويايلى»**

دەرس ئىچى ۋە سىرتىدا تەشۋىق ۋە تەرغىب قىلىپ دېدۇقكى: «ئى، ئەۋلادلار! كاشغەري يىلى بۇ، ئىپتىخارلىنىڭلار، شادلىنىڭلار؛ شادلىقىڭلارنى، ئىپتىخارلانغانلىقىڭلارنى مۇئەييەن بىر ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئىپادىلەڭلەر، مەسىلەن، ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى خاتىرە ئىزنىكى› ياسىڭلار، باشقا غەلىتە سۈرەتلەر چۈشۈرۈلگەن مايكىلارنى كىيىپ يۈرگەننىڭ ئورنىغا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ پورترىتى چۈشۈرۈلگەن مايكا قىلدۇرۇپ كىيىڭلار؛ يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوپالغا بېرىپ، بوۋاڭلارنىڭ قەبرىگاھىنى كۆرۈپ، سۆيۈپ ۋە سۇپۇرۇپ كېلىڭلار.كىم بىلىر، سىز-بىزلەر بۇ ئۆمرۈمىزدە، ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى›دىن يەنە بىرنى ياشىيالماسمىز بەلكىم...».

خوشالمەنكى، باللىرىمىز يەنىلا بىزنىڭ باللىرىمىز-دە! ئۇلار دۇرۇست گېپىمىزنى ئاڭلىدى: بەختىيار ساۋاقداش ئىللىپىس شەكىللىك دائىرە ئىچىگە نەۋقىران مەھمۇد كاشغەرىينىڭ (غازىي ئەھمەد ئەپەندىم سىزغان) پورترىتى چۈشۈرۈلگەن، رەسىمنىڭ چۆرىسىگە ۋە ئاستىلىرىغا «2008-يىلىنىڭ دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى بولغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز» دېگەن ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ۋە ياپونچە خەت بېسىلغان مايكا ئىشلەتتى. مەن باشلاپ كىيىپ، 56 مىللەتلىك مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى قورۇسىدا مەيدىمىزنى كېرىپ يۈردۇق ۋە مۇشۇ پائالىيىتىمىز ئارقىلىق، بۇ يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەري يىلى» ئىكەنلىكىنى

مەكتەپداشلىرىمىزغىمۇ بىلدۈرگەن بولدۇق. ئابدۇقادىر مەسلەكداش مەزكۇر رەسىم چۈشۈرۈلگەن ئىزناكتىن 1000دانە ياساتتى، غۇرۇر بىلەن كېرىلگەن مەيدىمىزگە ئېپتىخار بىلەن تاقىدۇق.

6-ئاينىڭ 15-كۈنى، «دۇنيا ئاتىلار بايرىمى كۈنى» بولدى. بۇ بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي يىلى خاتىرە مايكىسىنى كىيگەن ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار جەم بولۇپ، مەكتەپ باغچىسى ۋە دەرۋازىسى ئالدىدا، خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈپ، بۈيۈك ئاتىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى رەھمەت بىلەن ئەسلىگەن ۋە ھۆرمەت بىلەن خاتىرىلىگەن بولدۇق.

2006-يىللىق ئۇيغۇر سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپكە دوكلات يېزىپ، يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ، ئوپالغا بېرىپ بۈيۈك بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىپ كېلىشكە ئىزنى-ئىجازەت سورىدى. دوكلات مەكتەپنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىك ئورگىنى تەرىپىدىن 6-ئاينىڭ 26-كۈنى تەستىقلىنىپ چۈشتى. مەن يېتەكچى ئوقۇتقۇچى بولدۇم شەرەپ بىلەن.27-ئىيۇن كۈنى، ئوقۇغۇچىلار يازلىق تەتىلگە قويۇۋېتىلدى. «بۇ تەتىلدە، بىزمۇ بېرىپ، بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىغا گۈللەر قويايلى» دېيىشتى ياش ئەۋلادلار كەسكىن قارار بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھ باغچىسىدا 25-ئىيۇل كۈنى ئۇچرىششقا ۋەدىلەشكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار تەتىل قىلىپ، يۇرتلىرىغا قايتىشتى.

**كاشغەرىي يىلىدا سايرامىيمۇ خاتىرىلەندى...**

«مەھمۇد كاشغەرىي يىلى دېمەك – ئىلىم مەرىپەت يىلى دېمەكتۇر. ھالبۇكى، ئالدى بىلەن، سىز-بىز ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلار مول مەزمۇنلۇق ئىلمىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق، ئەلمساقتىن بۇيان تۈنجى قېتىم بولغان بۇ مۇبارەك كاشغەرىي يىلىنى قىزغىن قۇتلىشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق، 2008-يىللىق بېيجىڭ ئولىمپىك تەنتەربىيە يىغىنىغا سوۋغا تەقدىم قىلىشىمىز لازىم!» بىز شۇنداق دېدۇق ۋە ئەمەلىيەتتىمۇ دېگەنلىرىمىزنى قىلىپ كۆرسەتتۇق.

مەن 2004- يىللىق ئۇيغۇر سىنىپنىڭ ئىلىم يېتەكچىسلىك ھوقۇقىنى ئىسراپ قىلماي ئىشلىتىپ، سىنىپتىكى 38 نەپەر ئوقۇغۇچى ئارىسىدا، «مەشھۇرئەسەر ‹تارىخى ھەمىدىي› دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلىم پائالىيىتى» ئېلىپ بېرىشقا چاقىردىم، ئەۋلادلار گۈلدىراس ئالقىش بىلەن قىزغىن ئاۋاز قوشتىلار. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن، بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى، ئالىم مۇسا سايرامىي 1908-يىلى يېزىپ تاماملىغان ئىلىم دۇنياسىغا داڭقلىق ئەسەر «تارىخى ھەمىدىي»نى، بىر قانچە ئايلىق دەرستىن سىرتقى ۋاقتتىن پايدىلىنىپ، باشتىن

ئاخىر ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇپ چىقتى، ئاندىن، بۇ ئەسەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىي ۋە بەدىئىي قىممىتى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان ھالدا، ئىلمىي ماقالىلار يېزىپ چىقتى. ئەڭ ئاخىردا، يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار ئىچىدىن ئالتە پارچە سەرخىل ئەسەرنى تاللاپ، فاكۇلتېت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇيدىغانغا قارار قىلدۇق.

6-ئاينىڭ 1-كۈنى، يەكشەنبە، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «تارىخى ھەمىدى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» كەچ سائەت 7دىن 9غىچە ئۆتكۈزۈلدى، يۈزگە يېقىن ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى قاتناشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچى « ‹تارىخى ھەمىدىي›دە ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنىڭ قوللىنىلىشى توغرىسىدا»، «مەشھۇر ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدىي› دىن ئۆرنەك ساۋاق ۋە دەرسلەر»، «ژىرىك ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدىي›نىڭ تىل-ئەدەبىيات جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى»، «تارىخ كىتابى ‹تارىخى ھەمىدىي›دىكى بايانلاردىن قۇمۇلنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا نەزەر»، «كلاسسىك ئەسەر ‹تارىخى ھەمىدىي›نىڭ بايان ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا» ۋە « ‹تارىخى ھەمىدىي›دە بايان قىلىنغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ رېئال ئەھمىيىتى ھەققىدە» قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ، يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ مەمنۇنلۇق باھاسىغا ئېرىشتى.

مەن ئاخىردا، بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ كونكرېت ئۇيۇشتۇرغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يىغىنىنىڭ ئالدى-كەينى ھەققىدە قىسقىچە خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دېدىم: “ بۇ يىلنىڭ بېشىدا، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكى بۇ 2008-يىلنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلىنغانلىقىنى يۈكسەك شەرەپ بىلىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا: ‹مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنى ئىلىم-مەرىپەت يىلى قىلىپ، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە ئىلمىي تەتقىقاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق، بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىنى قىزغىن كۈتۈۋالايلى› دەپ چاقىرىق چىقارغانىدى. بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ پائالىيىتىمىز مەزكۇر چاقىرىققا قوشۇلغان ئەمەلىي ئاۋاز بولۇپ سانىلىدۇ.

مەلۇمكى، تارىخشۇناس بوۋىمىز، ئالىم مۇسا سايرامىي خۇددى مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىيلارغا ئوخشاشلا دۇنياۋىي ئالىمدۇر. ئۇنىڭ ئونلىغان ژىرىك ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرى سانىلىدىغان مەزكۇر «تارىخى ھەمىدىي» بۈيۈك تارىخشۇناسىمىز مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىي 1550-يىلى يازغان «تارىخى رەشىدىي

(ئابدۇررەشد خان تارىخى)» ناملىق ئەسەردىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن يېزىلغان ئۆز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخى ھەققىدىكى يۈكسەك نوپۇزلۇق بىر ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ئىلىم دۇنياسىدا، ئالىم بوۋىمىز تەرىپىدىن 1903– يىلى يېزىلغان «تارىخى ئەمنىيە» ناملىق تارىخ كىتابىنىڭ تولۇقلانغان شەكلى دەپ ھېسابلانماقتا. مۇسا سايرامي بۇ ئەسەردە، تارىخشۇناس ئالىمغا خاس پەزىلەت بىلەن، شۇنداقلا ئەجدادلارغا ۋە ئەۋلادلارغا بولغان ئەستايىدىل مەسئۇلىيەت بىلەن، «تارىخى ئەمنىيە» ئاتلىق ئەسەردە چولتا، ھەتتا خاتا بايان قىلىنىپ قالغان نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى يېڭىباشتىن تولۇقلاپ ۋە توغرىلاپ بايان قىلغانلىقى بىلەنمۇ يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر. شۇ ئەھمىيەتتىن، ئالىم مۇسا سايرامي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا دۇنيا مىقياسىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىلمي ئەمگەكلەردىن بولۇپ قالغان.

بۇ يەردە، شۇنى ئالاھىدە ئىپتىخار ۋە سۆيۈنۈش بىلەن قەيت قىلىپ ئۆتۈمىزكى، يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، ئالىم مۇسا سايرامي ۋە ئۇنىڭ ژىرىك ئەسىرى «تارىخى ھەمدىي»نى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشنىڭ ئاۋانگارتلىرى بىز مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ كەلمەكتىمىز. ئالايلۇق، مەشھۇر ئەسەر «تارىخى ھەمدىي»نىڭ تىلى ئۈستىدە، ئەسلىي قولىيازما ئاساسىدا دۇنيا بويىچە تۇنجى بولۇپ ئىلمي تەتقىقات ئېلىپ بارغان دوكتور تېزى(دېسسېرتاتسىيە ئەسىرى) بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئوقۇتقۇچىسى تەرىپىدىن يېزىلدى؛ «تارىخى ھەمدىي»نىڭ ئەدەبىي ئۆتۈقلىرى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە، ئىلمي تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۇنجى ماگىستېرلىق تېزى يەنە بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىسى تەرىپىدىن يېزىلدى؛ بىزنىڭ فاكۇلتېتىمىز ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى بىلەن بىرلىكتە پائالىيەت ئۇيۇشتۇرۇپ، 1996-يىلنى «ئالىم مۇسا سايرامي يىلى» ئېلان قىلغانىدى؛ 2006-يىلى، فاكۇلتېتىمىز تەشكىللەپ، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇپ، فاكۇلتېت ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «سادا» ژۇرنىلىنى «ئالىم مۇسا سايرامي تەۋەللۇتىنىڭ 170يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان» قىلىپ چىقاردى. مانا بۇ قېتىممۇ، ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى رەھبەرلىكىنىڭ قىزغىن قوللاپ بېرىشى بولغاچقا، بۆگۈنكى بۇ «مەشھۇر ئەسەر ‹تارىخى ھەمدىي› دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى»نى داغدۇغىلىق ۋە تولىمۇ ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزۈلدىكى، بۇ پائالىيىتىمىز، مۇشۇ خاسىيەتلىك «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»دا، پۈتكۈل ئۇيغۇر دۇنياسى بويىچە، پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىلمي پائالىيەتلەردىن بىرى بولۇپ قالغۇسى!

شۇنداق، ئالىم بوۋىلىرىمىز كۆتۈرگەن ئىلىم مەشئەللىرىنى ئۆتكۈزىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆچۈرۈپ قويماي، مەرىپەت دۇنياسىدا مەڭگۈ لەپىلدىتىش سىلە-بىز ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارنىڭ، سىلە-بىز ئىلىم ۋارىسلىرى ۋە مەرىپەت ئىز باسارلىرىنىڭ باش تارتىپ بولماس شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر. بىز بۈگۈن مۇشۇ بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ۋە تولىمۇ ساۋابلىق بىر ئىش قىلدۇق»...

ئەڭ ئاخىردا، فاكۇلتېت رەھبەرلىكى ۋەكىلى سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «تەشكىلنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى ئەمەلىيەتتە، ئەھمىيەتلىك ئىلمي پائالىيەت ئارقىلىق، بېيجىڭ ئولىمپىك يىغىنىغا قىلىنغان ئېسىل سوۋغا ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە! ».

**تۈرك ئالىمى شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن جۇڭگودا...**

پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن، ئەر، 1956-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى، جەنۇبىي تۈركىيەدىكى ئادانا شەھرىنىڭ تۆپەباغ رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. ھازىر ئۇ تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى. 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغانلىقىدىن كاشغەرىيەلىك ئۇيغۇردىنمۇ بەك خوشال بولغان ۋە تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تىل-يېزىق كومىتېتى بىلەن بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى بىرلىشىپ، بېيجىڭدا، « دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنى قۇتلۇقلاش خەلقئارالىق ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۇيۇشتۇرۇش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويغان جاسارەت ساھىبى زات. ئۇ ئىلىم سۆزلەش ۋە بېيجىڭدا ھەمكارلىقتا ئېچىلماقچى بولغان « دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنى قۇتلۇقلاش خەلقئارالىق ئىمي مۇھاكىمە يىغىنى» نىڭ كونكرېت ۋاقىت ۋە كۈن تەرتىپلىرىنى كېڭىشىش مۇددىئاسىدا، 6-ئاينىڭ 16-كۈنى بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەنىدى.

شۈكرۈ ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىملىق جۇڭگو سەپىرى بار-يوقى بەش كۈنلۈك ۋاقىت بىلەن چەكلەنگەنىدى. شۇڭا بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى-يۇ، 17-،18-ئىيۇن ئىككى كۈننى سەرپ قىلىپ، ئۇدۇل قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى: ئۇ ئون مىڭ كىلومېتىرلاپ ئۇزاق يولنى بېسىپ كېلىپ، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق بوۋىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىگە گۈل قويدى ۋە ئۇنى ئېھتىرام بىلەن ئۆپتى (سۆيدى). 19-ئىيۇن رەتتىكى كېڭىشىش ئىشلىرىنى پۈتتۈردى. 20-ئىيۇن كۈنى مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتىدە ئىلىم سۆزلىدى.

بۇ بىر جۇمە كۈنى، چۈشتىن كېيىن سائەت 2:30 ۋاقتى ئىدى. مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ 15-قەۋىتىدىكى 300 كىشىلىك دوكلات زالى مەزكۇر ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ئالىمنىڭ سىياق-سالاپىتىنى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئىلىم كارامىتىدىن ھوزۇرلىنىش ئۈچۈن كەلگەنلەر بىلەن لىپمۇلىق تولغانىدى.

شۇ ئارىلىقتا، ئاپتورنىڭ قۇلىقىغا ئارقا رەت تەرەپتىن كەلگەن مۇنداق بىر كۇسۇر-كۇسۇر دېئالوگ كىرىپ قالدى:

- ھەي. ئادېش! سەنمۇ ئاتلىغانسەن-ھە، بۇ تۈرك نوچى ئەدەمكەن جۇما! بىر بەش كۈنلۈك ئىلىم سۆزلەشكە كېلىپ، ئىككى كۈننى سەرپ قىلىپ، قەشقەرگە بېرىپ مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كەپتۇ! مەنغۇ غۇلجىدىن، سەن قەشقەرلىك بولغاندىكىن، پات-پات ئۇپالغا چىقىپ تۇرىدىغانسىزلەر-ھە، سەن نەچچە قېتىم زىيارەت قىلدىڭ كاشغەرىي قەبرىگاھىنى؟

جاۋاب: بىر قېتىممۇ چىقىپ باقمىدىم دېگىنە!

- ۋەلەي.ي.ي!...نومۇس قىل، ئاغىنەم، نومۇس قىل! مۇشۇ يېشىڭغىچە بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىڭ!؟...توۋا!

- خەپشۇك!.. كۇسۇرلاشماڭلار، ئاڭلىيالمىدۇق ئاۋۇ گەپنى!

دېئالوگ ئۈزۈلدى. بۇرۇلۇپ قارىسام، ھېلقى قەشقەردە يىگىرمە نەچچە يىل ياشاپ تۇرۇپ، مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىنى بىر قېتىممۇ زىيارەت قىلىپ باقمىغان قەشقەرلىك ئوقۇغۇچى قۇلىقىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ...

ئىلىم سۆزلەش دوكلاتى ناھايىتى ياخشى كەيپىيات ۋە يېتىك ئەھمىيەت بىلەن ئۆتتى. ئالدى بىلەن، شۇكۇر خالۇك ئەپەندى « ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ۋە مەھمۇد كاشغەرىي تەتقىقاتى ‹كاشغەرىيشۇناسلىق› تۈركىيەدە» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ئىلمىي دوكلات بەردى. دوكلات شۇ قەدەر جەلب قىلارلىق ئىدىكى، قەلەم بىلەن ۋە قول كومپيوتېرى بىلەن تېز-تېز خاتىرە قالدۇرىۋاتقانلارنىڭ قەلىمى چىقارغان «كىتىر-كىتىر» ۋە كومپيوتېرى چىقىرىۋاتقان قوبۇللاش ساداسىدىن باشقا، دىققەتنى چاچىدىغان پىسىرلاشلار مۇتلەق يوق ئىدى. كۆزىتىشىمچە، ئاڭلىغۇچىلارنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى تۈركلەرنىڭ شاھ ئەسەر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى قانداق تەتقىق قىلىشقا تەكەنلىكىدىن تولا، «دىۋانۇ

لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ناملىق بۇ ملك يىللارنىڭ مەدەنىيەت يالدامىسى بولغان گىگانت ئەسەرنىڭ تۈركىيەدە تېپىلىش جەريانى، نەشرگە تەييارلىنىش جەريانى ۋە بۇ جەرياندا، تۈرك خەلقىنىڭ جۇمھۇر باشقانى (زوڭتۇڭ)، سەدرە:زەم (باش مىنىستىر) دىن تارتىپ، كونا كىتابلارنى ساقلىغۇچى ۋە ساتقۇچىغىچە، تەشۋىقات قىلغۇچىلاردىن تارتىپ، تەتقىقات قىلغۇچىلارغىچە بولغان پۈتكۈل جامائەت، جەمئىيەت ۋە توپلۇمنىڭ كۆرسەتكەن ئاڭلىقلىقى، ئەستايىدىللىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمگە، ئەۋلادلارغا بولغان مىسلىسىز يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ئىدى.

ئىلىم سۆزلەش ئاياغلاشقاندا، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئالقىش ياڭرىتىپ، يىراق ياۋروپا قىرغىقى بولغان تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدىن كېلىپ، بوۋىمىز مەھمۇدنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغان ۋە جاسارەتلىك ئەمەلىي پائالىيىتى ۋە پاراسەتلىك تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، جۇڭگودا دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلىنىڭ قۇتلىمىسىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرگەن بۇ ئەزىمەت ئالىمغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتىلار...گۈل كەبى گۈزەل ئوقۇغۇچى بالىلىرىمىز سەھنىگە چىقىپ، ئالىمغا تەشەككۈر بىلەن گۈلدەستىلەر ۋە ئۆزلىرى ئىشلىگەن مەھمۇد كاشغەرىي خاتىرە مايكىسى ۋە ئىزنىكىدىن تەقدىم قىلدىلار.

- بۇنلار بەنىم ئىچىن بۈيۈك ئۆدۈل (بۇلار مېنىڭ ئۈچۈن بۈيۈك مۇكاپات)،- دېدى شۈكرۈ خالۇك ئەپەندى مايكىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي رەسىمنى ۋە گۈلدەستىلەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ.

**كاشغەرىي يىلىدىكى ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتى**

2008-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى جۈمە، مېنىڭ بۇ كاشغەرىي يىلىمدا قىرىق يىلغا تاۋاپ بىر كۈندۈر. بۇ كۈنى قەشقەردە هاۋا ئوچۇق، قۇياش نۇرى گەردەنلەرنى كۆيدۈرۈپ تۇرسىمۇ، سالقىن شامال ئەركىلىتىپ سۆيۈپ تۇراتتى. بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «مەھمۇد كاشغەرىي يىلىدا، بۈيۈك ئەجداد قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىش پائالىيىتى» رەسمىي باشلاندى. سائەت ئۈرۈمچى ۋاقتى توققۇزدا، قەشقەرگە مېھمان ئوقۇغۇچىلىرىمىز چۈشكەن «سەرمەن مېھمانسارايى» دەرۋازىسى ئالدىدا جەم بولدۇق. قەشقەردىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابلىرىدىن ئابدۇلقەييۇم تەۋەككۇل ئەپەندى قوللاش يۈزىسىدىن شەخسەن ئۆزى ئالاقىلىشىپ هەل قىلغان چوڭ ئاپتوبۇس بىزنى ئېلىپ، ئوپال تامان يۈرۈپ كەتتى.

ئاپتوبۇسىمىز توققۇزاق ناهىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ناهىيىلىك پارتكوم ئىدارىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ناهىيىلىك مەدەنىي ئاسار-ئەتىقىلەر باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان رەھىم ئەپەندى

بىزنى قارشى ئالدى. قولىمىزدىكى ئالاقە-تونۇشتۇرۇش خەتلىرىمىزنى كۆرگەندىن كېيىن، خاس ماشىنىسى بىلەن بىزگە يول باشلاپ ئالدىمىزدا ماڭدى. ئوپال كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، كەنت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى ھىمىت ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. سائەت ئون يېرىملەردە، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى باغچىسىغا ئېھتىرام قەدىمى بىلەن كىرىپ كەلدۇق.

رەتلىك قاتار بىلەن كېتىۋاتقان زىيارەتچىلەر سېپىنىڭ ئالدىدا، «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى يازلىق تەتىل پائالىيەت ئەترىتى» دېگەن بايراق لەپىلدەيتتى؛ قەلبلەردە بولسا، مىڭ يىل مابەينىدە، پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ قايىللىق تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلىشى ۋە خاتىرىلىشىگە مۇيەسسەر بولغان ۋە بۇ 2008-يىلنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىيگە بولغان سېغىنىش، تەلپۈنۈش ۋە غۇرۇرلىنىش تۇيغۇسى مەۋج ئۇراتتى.

قەبرىگاھ باغچىسى ئىچىدىكى توقسان يەتتە پەلەمپەي يېنىدىكى ھاۋالىق كەڭ سۇپىدا، ناھىيىلىك مەدەنىي ئاسار-ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان رەھىم ئەپەندى پائالىيەت ئەھلىگە مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى ئورگىنىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەمەلىيلەشتۈرگەن خىزمەتلىرى ۋە مۇندىن كېيىنكى پىلانلىرى ھەققىدە مېغىزلىق قىلىپ ئومۇمىي چۈشەنچە بەردى. زىيارەتچىلەرنىڭ قىزىقىشلىق سوئاللىرىغا ئېرىنمەي، بىر-بىردىن جاۋاب بەردى،

ئارقىدىن، توقسان يەتتە پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىكى خاسىيەتلىك «ھاي-ھاي تېرەك» كۆكلەپ تۇرغان چەشمە بۇلاق بويىدا، لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمدا، مەزكۇر زىيارەت پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى بولمىش مەن ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي «2008-يىلنىڭ ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى› بولغانلىقىنى چىن يۈرەكتىن قۇتلۇقلايمىز» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان جىگەر رەڭلىك دۇخاۋا لەۋھەنى زىيارەت پائالىيىتى ئەھلىگە ۋاكالىتەن، ۋارىسجان ئەپەندىگە تەقدىم قىلدىم. ھاياجانلىق قىسقا نۇتقۇم ۋە ۋارىسجان ئەپەندىنىڭ سەمىمىي تەشەككۈرى شۇ مەيداندىكى يۈزلەرچە زىيارەت ئەھلىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

ئارقىدىن، بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى تاۋاپ قىلىندى. مەھمۇد بوۋىمىز ياتقان بۇ ئۇلۇغ ئۆيگە كىرگەندە، ئوغۇل-قىز تاۋاپ ئەھلى ئوڭ قولىنى يۈرىكى ئۈستىگە قويغان، بېشى ئېھتىرام بىلەن ئېگىلگەن ھالدا، قەبرىنى ئاستا بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن، قەبرىگاھنىڭ چەشەندۈرگۈچى

خىزمەتكارى دىلنۇر ئابدۇرۇسۇل خانىم ئېپتىخار ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇسى ئۇرغۇپ تۇرغان سۆزلۈك ۋە ياڭراق ئاۋازى بىلەن، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئادەمىي ھاياتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى توغرىسىدا تونۇشتۇرما قىلدى. بۇ ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرس ۋە ماگىستىر –دوكتور ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىلىرى مەزكۇر تونۇشتۇرمنى ئاشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرى ۋاقتىدىن باشلاپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، خۇددى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلىدى. ياش ۋە گۈزەل رۇخسارلىق ئەۋلادلار بىلەن تولغان شۇ ئاندىكى بۇ تۇپراق بېشى بەجايىكى رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن پۈركۈنگەن گۈلزارلىقنى ئەسلەتسە، دىلنۇر خانىم بولسا، گۈلزارلىقتا خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان شوخ بۇلبۇلنى خاتىرىلىتەتتى ئىنسانغا!

ئارقىدىن، زىيارەتچىلەر تىلاۋەت ئۆيىگە كىرىپ، مىللىي ئۆرپ-ئادەت بويىچە دۇئا-تىلاۋەتتە بولدى. كۆرگەزمە ئۆيىگە كىرىپ، 2005- يىلدىكى مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەبرىكلەش پائالىيىتى قاتارلىق مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئىلمىي پائالىيەتلەر، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ زىيارەتلىرى خاتىرىلەنگەن تۈرلۈك بۇيۇملارنى، سوۋغات-ھەدىيەلەرنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆردى.

ئارقىدىن، ئۇزاقتىكى ئاستانە، پايتەخت بېيجىڭدىن كەلگەن بۇ زىيارەتچىلەر قەبرىگاھ باغچىسىدىكى تۈرلۈك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان خىزمەتچىلەر، يەرلىك ئاھالىلار ۋە باشقا جايلاردىن كەلگەن زىيارەتچىلەر ئارىسىدا ھەمسۆھبەت ۋە تەكشۈرۈشلەردە بولدى. ئاندىن، قەبرىگاھ مۇزېيىغا كىرىپ، بۇ قەدىمىي زېمىننىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشكە تالىق قېزىلمىلاردىن تەييارلانغان ئۆرنەكلەرنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى ۋە ئىلمىي خاتىرىلەر يازدى.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەر ئەتراپىدا، زىيارەتچىلەر ھەزرىتى موللام تېغىنىڭ چوققا قىسمىدىكى ئېگىز راۋاقتا يىلانباغرى پەلەمپەيلەر بىلەن مېڭىپ چىقىپ، مىڭ يىللار مابەينىدە ياشناپ كەلگەن ئوپال ئويمانلىقىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل رۇخسارىنى، بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلۇپ، ئۆسۈپ چوڭ بولغان بوستانلىق مەھەللە-كويلارنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى تويۇمسىزلىق بىلەن تاماشا قىلدى. ئىستىراھەت ئارىلىقىدا، مەزكۇر زىيارەتچىلەر كوللىكتىپىنىڭ يېتەكچىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن، راۋاق سەھنىسىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان زىيارەت ئەھلىگە ئاتاقلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئەپەندىنىڭ مەخسۇس مۇشۇ دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى ئۈچۈن ئاتاپ يازغان (ئەمما تېخى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان) «باغداد ئوردىسى» ماۋزۇلۇق ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەردىم.

-« مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ھەر جۈمە كۈنى چەتئەل دۆلەت باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە خەلقئارالىق داڭقلىق ئەرباب، مويسىپىت ئالىملارنى، تۆرە ئاقسۆڭەكلەرنى قوبۇل قىلار ئىدى» دەپ باشلانغان بۇ ھېكايە شۇ ئان تىڭشىغۇچىلارنى ئۆزىگە سىماپتەك رام قىلىۋالدى. شۇ ئاندا، راۋاق ئىچى تىمتاسلىقتا چۆككەن بولۇپ، راۋاقنىڭ پېشايۋانلىرىغا قونغان قۇشقاچ، كەپتەرلەر يېقىملىق سايراش ۋە ئۈنلەشلىرى بىلەن ھېكايە ئوقۇغۇچىغا جۆر بولماقتا ئىدى. ئوپالئارت تېغى تەرەپتىن ئەسكەن سەلكىن شامال گۈزەل ئۇيغۇر تىلى بىلەن تويۇنغان بۇ ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ جەلبكارلىقى بىلەن قوشۇلۇپ، تىڭشىغۇچىلارنى ئۇزاق مىڭ يىل بۇرۇنقى باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كىرىپ كەتكەندەك ئىدى. بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاسارىتى، ۋىجدانلىق ئالىملارغا خاس ئەقىل-پاراستى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارىتى ئارقىلىق، ئەينى زامان باغداد خەلىپىسىنى قايىل قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن مەزكۇر ھېكايە ئاخىرلاشقاندا، تىڭشىغۇچىلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان شادىيانە ئالقىش ياڭراتتى. جانغا راھەت سەلكىن شامال بۇ ئالقىش ساداسىنى شۇ ئان پۈتكۈل ئوپال ئويمانلىقى ئاھالىسىنىڭ قۇلىقىغا، ھەتتا مۇقەددەس قەبرىگاھتا ئۇخلاۋاتقان بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى بولغاي...

ئارقىدىن، ئىگىز راۋاقتىن ئاستا-ئاستا يۆرۈپ، قەبرىگاھ باغچىسىغا چۈشتۇق. ئالتە سائەتتىن ئاشقان زىيارەت ھېچكىمنى ھېچبىر چارچاتقاندەك ئەمەس ئىدى. قەبرىگاھ باغچىسىدىن ئايرىلىش ئالدىدا، ھەممىمىز رەڭگارەڭ گۈللەر ئارىسىدا ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەھمۇد كاشغەرىي ھەيكىلىنىڭ ئالدىدا رەتلىك تىزىلىپ تۇرۇپ، بېيجىڭدە ھەر بىر ئىلمىي پائالىيەت ئۆتكۈزگەندە ھەمىشە ئوقۇيدىغان ھېلىقى «نامۇقام مارشى» نى يۈكسەك ئاۋازدا ئوقۇدۇق:

راك، چەببەيات، سەگاھ، چەھارگاھ،

پەنجگاھ، ئۆزھال، ئەجەم، ئوششاق؛

بايات، نەۋا، مۇشاۋەرەك، ئىراق،

ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى جاھاندا ياڭراق.

نەقرات:

**مۇقاملار مارشىمىز، مۇقامدۇر بايراق،**

**ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى جاھاندا ياڭراق!**

**ياڭراق، ياڭراق، ياڭراق!...**

**مارشنىڭ جەڭگىۋار ئاھاڭلىق ياڭراق ساداسى ئۇزاق-ئۇزاقلارغا كەتتى. زىيارەتچىلەر پۇخادىن چىققاندەك بولۇپ، بىر-بىرىنى مۇبارەكلەشتى. بۇ ئارقىلىق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى بۇ قەبرىگاھ زىيارىتىدىن پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ ئالغانلىقىنى ۋە مۇندىن كېيىنكى ھاياتلىرىنى بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئىلمىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغانلىقلىرىنى ئىپادىلىدى گويا.**

**سائەت بەش يېرىملار بولغاندا، بۇ پائالىيەتكە باشتىن-ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان توققۇزاق ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇساجان ئۆمەر ئەپەندى كېلىپ، مەزكۇر زىيارەتچىلەر كوللېكتىپىمىزنى قوبۇل قىلدى. ئارقىدىنلا، ئۇ قەبرىگاھ باغچىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى ئورمانلىق ئىچىگە جايلاشقان «نەۋروز بۇلاق» بېشىغا كەڭ داستىخان سېلىپ، زىيارەتچىلەر ئۈچۈن خاس مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بەردى. مەشرەبتە، خۇشپۇراق زەئفىران چايلار ئىچىلدى؛ بىر-بىرىدىن لەززەتلىك قوغۇن-تاۋۇزلار پىچىلدى. ھەممىدىن پەيز بولغىنى، ياش مۇزىكانت مۇھەممەتئەلى ئەپەندى دۇتتار بىلەن ئورۇنلىغان «زىيارەت قىلغىلى كەلدىم»، «كىمنىڭ بار ئاشۇنداق ئالىمى قېنى، پەخرىلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» قاتارلىق نەق ئۆز يېرىدە ۋە دەل ئۆز مۆرىتىدە تەرەننۇم قىلىنغان ناخشىلارنىڭ سېھرىي كۈچى زىيارەتچىلەرنى – ھەممىمىزنى مەستخۇش قىلىۋەتتى....**

**مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ ئىككىنچى يوپۇقى**

**دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن ئوپالدا ئېلىپ بارغان مەزكۇر خاس زىيارەت جەريانىدا، قەبرىگاھ خىزمەتچىلىرى بىلەن سىرداشتۇق ۋە ئىلمىي سۆھبەتتە بولدۇق، سۆھبەت ئارىسىدا، مەن ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ يوپۇقىنى يېڭىلاپ ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەققىدىكى پىكىر-تەلەپنى تولىمۇ ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم.چۈنكى، مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنىڭ شۇ تاپتىكى يوپۇقى 1985-يىلى، قەبرىگاھ رېمونت قىلىنغان چاغدا يېپىلغانىكەن. يىگىرمە ئۈچ يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ يوپۇق خېلىلا كونىراپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يوپۇقنىڭ باش تەرىپىگە يېزىلغان «مەھمود قەشقرى» دېگەن ئىسمىمۇ ئىملاسىزلىقتىن جەزمەن توغرىلاشنى تەلەپ قىلىپلا تۇراتتى. شۇڭا، مەن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ مەسلىھەتى ۋە ئىزنى-ئىجازىتى بىلەن يېڭى يوپۇق ھازىرلاش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم.**

نەتجىدە، ئالدى بىلەن، رەھبەرلەردىن توققۇزاق ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ سېكرېتارى سابىرجان قادىر، ناھىيىلىك قەدىمىي ئاسار-ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋارىسجان رەھىم قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا 7-ئاۋغۇست پەنجشەنبە كۈنى، ئوپالغا بېرىپ، مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىنى شۇ يىللىق ئىككىنچى قېتىم زىيارەت قىلىپ، قەبرىنى مېتىرلاپ-ئۆلچەپ، يېڭى يوپۇق ھازىرلاشقا تۇتۇندۇق. ئارقىدىن، قەشقەردىكى تىجارەتچى ۋە تىكىمچى بۇرادەرلىرىمنىڭ خالىسانە ياردىمى بىلەن، يېشىل دۇخاۋىدىن يېڭى يوپۇق ھازىرلاپ، 8-ئاينىڭ 13-كۈنى، ئاددىي مۇراسىم بىلەن، بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ياپتۇق. بۇ يېڭى يوپۇقنىڭ ئالدى يۈزىگە: «مەھمۇد كاشغەرىي (1008-1105) قەبرىسى» دەپ، ئارقا يۈزىگە بولسا، «2008 دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇشبۇ يوپۇق يېپىلدى» دەپ يېزىلغان بولدىكى، مۇبارەك بولسۇن ۋە تەكرار قۇتلۇق بولسۇن!

### كاشغەرىيشۇناسلىق مەرىكە مەيدانىدا ئات ئويناتقان چەۋەندازلار

بۈيۈك ئەجدادلارنى ھەمىشە ئەسلەش، قەرەللىك ھالدا مۇئەييەن ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن خاتىرىلەش ھەقىقەتەنمۇ ساۋاپلىق ئىش، ئەلۋەتتە. ئەمدى، ئاشۇ بۈيۈك ئەجدادلار كۆتۈرگەن ئىلىم مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ قويماي، ئەجدادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈش، ئىز باسارلارغا سالامەت ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن، مىننەتسىز ئەمگەك قىلغان ۋە قىلىۋاتقان تىرىكلەرنى قەدىرلەش، مۇۋاپىق سورۇندا، مۇئەييەن ھەرىكەت-پائالىيەت ئارقىلىق ئۇلارغا شۈكرانىمىزنى بىلدۈرۈشمۇ مۇكاپاتلىق ئىش بولۇشى كېرەك مېنىڭچە. مۇشۇنداق بىر ئاڭنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە، ئانا يۇرتىمىزدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ئىشلىرىنىڭ يوقتىن بار بولۇشى ۋە بارلىقتىن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشقان تۆھپىكارلانى ئېھتىرام يۈزىسىدىن زىيارەت قىلىشنى 2008-يىلدىن ئىبارەت كاشغەرىي يىلىدا ئۆتكەن ھاياتىمنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلدىم:

### كاشغەرىيشۇناس كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندىنى زىيارەت

«دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغان قۇتلۇق 2008-يىلىدا، مەن مەمنۇنىيەت بىلەن كۆپ ئاڭلىغان ۋە ئاڭلىغۇم كەلگەن ناخشا «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» بولدىكى، مەزكۇر ناخشىنى ھەر ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ تېكىست يازغۇچىسىنى ۋە ئاھاڭ ئىجاد قىلغۇچىسىنى قايىللىق تۇيغۇم بىلەن ئەسلىدىم. كۆرگۈم كەلدى، يۈز تۇرانە تەشەككۇر ئېيتقۇم كەلدى. شۇڭا، 8-ئاينىڭ 11-كۈنى دۈشەنبە، قەشقەردىكى ئۇستازىم مۇھەممەتتۇرسۇن ئىبراھىمىينىڭ ھەمراھلىقىدا، قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئائىلە قورۇسىغا بېرىپ، ئاتاقلىق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندىنى ئۆيىدە زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

بۇ – ئەزىزانە قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى ئادەمنىڭ كۆڭلىدەك ئوچۇق بولغان بىر كۈن ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت ئونلار بولغان مەزگىلدە، ئەپەندىمنىڭ ئىشكىنى چەكتۇق. تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم ئۆزى ئىشكنى ئاچتى ۋە خۇش تەبەسسۇم بىلەن بىزنى مېھمانخانا ئۆيگە باشلىدى. دۇئايى فاتىھەدىن كېيىن خانىمى كىرىپ، بىزلەرگە چاي قۇيدى. چاي ئىچكەچ، سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتتۇق.

- بۇ يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەريي يىلى» بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان بىر سىنىپلىق ئوقۇغۇچى باللارنى باشلاپ، ئوپالغا قەبرىگاھ زىيارىتىگە كەلگەنىدۇق، «پەخرىلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىنىڭ ئىلھامى ۋە ئېپتىخارى بىلەن ئۆزلىرىنى بىر زىيارەت قىلايلى دەپ كەلدۇق.، دېدىممەن كېلىش مەقسىتىمىزنى ئىزاھلاپ.

- تولا ئوبدان بوپتۇ،- دېدى تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم بېشىدىكى يارىشىملىق بادام دوپپىسىنى ئوڭ قولى بىلەن سەل ئۈستىگە كۆتۈرۈپ قويۇپ. ئارقىدىن، ئۆزىنىڭ مەزكۇر ناخشىغا ئاھاڭ ئىجاد قىلىش جەريانىنى مەمنۇنلۇق بىلەن مۇنداق سۆزلەپ بەردى:

- « مەن ئوپاللىق. ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دەپنگاھى ئاشۇ بىزنىڭ ئوپالدىكى ھەزرەتى موللام مازىرىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەنتەنە بىلەن جاكارلانغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مەن تولىمۇ ھاياجانلاندىم. شۇ كۈنلەردە، ‹قەشقەر گېزىتى› ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بۇرادىرىمىز مەرھۇم نۇرمۇھەممەت ئېركىي بىزنىڭ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يېنىدىكى ساماۋارخانىغا كېلىپ، بىز بۇرادەرلىرى بىلەن چاي ئىچىشكەچ ھەمسۆھبەتتە بولۇپ تۇراتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا: ‹مەن مەھمۇد كاشغەريي ھەققىدە بىر شېئىر يازغاندىم، شۇنىڭغا بىرەر كومپوزىتور بىر ئاھاڭ ئىشلىسە ئىكەن دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى، تېكىستنى سەن بىر كۆرۈپ باقساڭ قانداق؟ دېدى›. مەن ئۇنىڭغا ماقۇل بولدۇم ۋە تېكىستنى كۆردۈم. ئەمما، «پەخرىلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ماۋزۇلۇق بۇ شېئىر ئون نەچچە كۇپلىت بولۇپ، ناخشا قىلىپ ئوقۇشقا بەك ئۇزۇنلۇق قىلاتتى. شۇ ۋەجىدىن، سەل ئىككىلىنىپ قالدىم ۋە ئۇ شائىر بۇرادىرىمگە: ‹شېئىرىڭ ئېسىل چىقىپتۇ. ئەمما بەك ئۇزۇن تۇرىدۇ› دېدىم. بىراق، ئۇ قايتۇرۇپلا: ‹شېئىرىم يارىغان بولسا، ئۇزۇننى قىسقا قىلىپ، ئۆزەڭ بىر نېمە قىلمامسەن؟!› دېدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، توققۇزاق ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىكىلەردىن بىر قانچەيلەن مېنى ئىزدەپ كىرىپ: ‹سەنئەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئويۇن تەييارلاۋاتىمىز، بىر ئاز ھاجىتىمىز بار، شۇنىڭغا ياردەمدە بولسىلىرى ئىكەن› دېيىشتى ۋە ئارقىدىنلا بىر شېئىر تېكىستنى چىقىرىپ: ‹مۇشۇنىڭغا بىر

ئاهاڭ ئىشلەپ بەرسلىرى قانداق؟› دەپ ئىلتىماس قىلىشتى. قارىسام، ئۇلارنىڭ ئەپكىرگىنىمۇ دەل مەزكۇر نۇر مۇھەممەت ئېركىي يازغان ئاشۇ شېئىر ئىكەن. دېمەك، شېئىرنىڭ ھەممەيلەنگە يارىغىنى ئايان ئىدى. بۇ ھالدا، مەن ئىككىلەنمەيلا: ‹بولىدۇ، مەن بۇ شېئىرنى تېكىست قىلىپ، ئاھاڭ ئىشلەي› دەپ ماقۇللۇق بىلدۈردۈم.»

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، 65 ياشقا كىرگەن بۇ پېشقەدەم كومپوزىتور نېمىدۇر بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك قىياپەتتە، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: – «مەن ئاھاڭ ئىشلىسەم، ئالدى بىلەن ناخشا تېكىستىنى پىششىق ئوقۇيمەن، يادلىۋالىمەن. ئاندىن ئۇ ئىپادىلىگەن مەزمۇنغا چۆككەن ھالدا، ئاھاڭ دېگىزىغا شۇڭغۇيمەن.» دېدى ئۇ ئەستايىدىل ۋە جىددى ئاھاڭدا. ئارقىدىن ئۇلاپلا سۆزىدە داۋام قىلدى:

- «شۇنداق قىلىپ، بىر قانچە كۈن ئاھاڭ – كۈي ئىجادىيىتى بويىچە ئەمگەك قىلدىم. شۇ كۈنلەردە، ئولتۇرسام-قوپسام، قەشقەر ئوپال دىيارىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ گىگانت ئىنسانغا بولغان ئېھتىرام ۋە سېغىنىش تۇيغۇم چىن يۈرىكىمدىن جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى.شۇ ھالدا، زادى قانداق قىلغاندا، مەزكۇر ‹پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى› ماۋزۇلۇق بۇ شېئىردا ئىپادىلەنگەن بۈيۈك ئالىم، ئۇلۇغ ئەجدادتىن ئىپتىخارلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈش تۇيغۇسى مۇناسىپ ئاھاڭ بىلەن ئەڭ جايىدا ئىپادىلىنىدىغانلىقى ئۈستىدە ھەقىقەتەنمۇ ئەستايىدىل ئىزدەندىم. ئاخىردا، خەلقىمىز نەچچە ئون يىللار مابەينىدە سۆيۈپ ئوقۇپ ۋە سۆيۈنۈپ ئاڭلاپ كېلىۋاتقان شۇ ئاھاڭنى ئىجاد قىلىپ چىقتىم ۋەسسالام.»

- سىز ھەقىقەتەنمۇ ئۆلۈمسىز بىر ئاھاڭ ئىجاد قىلغانىكەنسىز، تۇرسۇن ئەپەندىم،- دېدىم مەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىققان بىر خىل قايىللىق تۇيغۇم بىلەن،- بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە گەپ بولسىلا ھەر قاندىقىمىز مەزكۇر ناخشىدىن بىر ئىككى كۇپلىت ئوقۇپ كېتىمىز ۋە شۇ چاغدا، شۇ قەدەر گۈزەل ئاھاڭ ئىجاد قىلغان سىز كومپوزىتور ئاكىمىزنى ئىختىيارسىز ھالدا ئەسلەيمىز، سۆيۈنۈش تۇيغۇمىز بىلەن ياد ئېتىمىز!

تالانتلىق ۋە ھوسۇللۇق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندى 1943-يىلى قەشقەر ئوپالدا دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ چاغقىچە ئۆتكەن ئىلىم ئۆمرىدە، مەزكۇر «پەخىرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى»دىن باشقا، يەنە «زىيارەت قىلغىلى كەلدىم» (تېكىستى: سەيپىدىن ئەزىزىينىڭ)، «مەيلىمۇ؟» (تېكىستى: تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ)، ئەجەب ئوبدان زامان بولدى» (تېكىستى: ئابلىز نازىرىينىڭ)، «بادام دوپپا» (تېكىستى: مۇھەممەدئەلىي زۇنۇن تەشنائىينىڭ)، «مۇھاجىرلار

ناخشسى» (تېكستى: مۇھەممەدئەلي زۇنۇن تەشنائىينىڭ)، «بىپەرۋا» (تېكستى: ئابدۇللاھ ياقۇپىنىڭ)، «راۋابىم» (تېكستى: تەلئەت تۇردىنىڭ)، «چىقىدۇ دېھقانىنىڭ ئەمدى ھاردۇقى» (تېكستى: تېيىپجان ئېلىيوپىنىڭ)، «كېلىن بولسا، قەنت بولسا» (تېكستى: مۇھەممەدئەلي زۇنۇن تەشنائىينىڭ)، «گۈزەل قەشقەر» (تېكستى: نۇرۇددىن مۇسانىڭ) قاتارلىق ھېلىھەم زوق-شوق بىلەن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ناخشىلارغا ئاھاڭ ئىشلىگەن. بۇلاردىن باشقا، يەنە قەشقەر ۋە ئۈرۈمچى سەھنىلىرىدە ئوينالغان « ھەسەنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمىكىن؟»، «مەسلىھەت چېيى»، «جەنۇبتىكى جەڭ مارشى»، «رابىئە- سەئىدىن»، «نەسرىددىن ئەفەندىم ۋە ئۇنىڭ بەش خوتۇنى»، «قېرى ئاشىق-مەشۇقلار» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ مۇزىكىسىنى ئىشلىگەن.

مەلۇمكى، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلىق شەخسىيتى، ئالىملارغا خاس روھى، ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئەمگەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئالىمنىڭ كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، ھەتتا ئالىمنىڭ يار-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇغ-تۇغقان خىش-ئەقرەبالىرىغا تالىق تەتقىقاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كاشغەرىيشۇناسلىق ئەمەلىيەتتە، تىلشۇناسلاردىن باشقا، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسسام- گۈزەل سەنئەتچىلەر ۋە تارىخ – تەزكىرىچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زىيالىيلار ئاممىسىدىن تەركىپ تاپقان كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك ناھايىتى كەڭ بىر تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىلىم ساھەسىنى ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتماقتا. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاتاقلىق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر ئەپەندىم ئۆزىنىڭ ئاشۇ «پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناملىق ناخشىنىڭ يارقىن-يېقىملىق ئاھاڭ-كۈيىنى ئىجاد قىلغان نادىر ئەمگىكى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق مەيدانىدا ئات ئويناتقان چەۋەندازلاردىن سانىلىشقا تامامەن ھەقلىق، ئەلۋەتتە!

زىيارەت ئاخىرىدا، بىز گۈزەل ئۇيغۇر ئاھاڭ-كۈيى ئىجادىيىتى ئارقىلىق، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى مۇزىكا تىلىدا بايان قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىپ كېلىۋاتقان بۇ تۆھپىكار زاتقا چىن كۆڭلۈمىزدىن تەشەككۇر ئېيتتۇق. ئۇنىڭ تېنىنىڭ ساغلام بولۇپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلىدۇق.

بۇ زىيارەت ئەمەلىيەتتە، مېنىڭ بۇ كاشغەرىي يىلىمدىكى مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالىدىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرىمدىن بىرى بولدى كۆڭلۈمچە.

**كاشغەرىيشۇناس رەسسام غازىي ئەھمەد ئەپەندىنى زىيارەت**

هازىرقى زامان ئۇيغۇر رەسساملىقىنىڭ پېشۋاسى غازىي ئەھمەد 1933-يىلى 8-ئايدا، قەشقەر شەھرىدە ، ئۆز زامانىسىدىكى بىر مەرىپەتپەرۋەر دىنىي زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. ئۇ 1957-يىلى شىنجاڭ سەنئەت مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز ئانا مەكتىپىگە رەسساملىق كەسپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان. شۇندىن باشلاپ ئۇ قىرىق يىلغىچە رەسىم مائارىپى ئوقۇتۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇپ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان رەسساملىقى بىلىملىرى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق- ئۇستازلىق قىلغان. ئۆز كەسپىدە باشلامچىلىق ۋە يېتەكچىلىك ئىقتىدارىنى نامايەن قىلغاچ، فاكۇلتېت مۇدىرى ۋە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى ۋە شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قاتارلىق رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە بولغان. هازىر مەملىكەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، شىنجاڭ ئەدەبىيات -سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، شىنجاڭ تارىخ-ۋەسىقىلەر سارىيىنىڭ پەخرىي سارايى باشلىقى، دۆلەت دەرىجىلىك تۆھپىكار مۇتەخەسسىس، گوۋۇيۈەنىنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولغۇچى قاتارلىق شاراپەت ۋە ئىمتىيازلار ساھىبى بولۇپ ياشاۋاتقان بۇ جامائەت ئەربابى ۋە ئۇستاز رەسسام شۇ چاغقىچە بولغان نادىر هاياتىدا، ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئېسىل جۇڭگوچە رەسىم ۋە ماي بوياق رەسىم سىزغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە، 1964-يىلى سىزىلغان «جىنايەتلىك ھۆكۈم» ناملىق ماي بوياق رەسىمى جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1981-يىلى سىزىلغان «ئىش ئۈستىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي» مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رەسىم كۆرگەزمىسىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ۋە بېيجىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر سارىيى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1984-يىلى سىزىلغان «مۇقام» ناملىق رەسىم 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىدە، كۈمۈش مىدالغا ئېرىشكەن ۋە جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1987-يىلى سىزىلغان «گىلەم. ئۇيغۇرلار» ناملىق رەسىم ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسى»گە قاتناشتۇرۇلۇپ، ياپونىيە يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1988-يىلى سىزىلغان «مۇزىكا مەستانىلىرى» ناملىق رەسىم 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سەرخىل ماي بوياق رەسىملىرى كۆرگەزمىسىدە كۈمۈش مىدالغا ئېرىشىپ، ياپونىيە «مەڭگۈلۈك ئېتىز» كۇلۇبى تەرىپىدىن مەڭگۈلۈك ساقلاشقا قوبۇل قىلىنغان؛ 1999-يىلى سىزىلغان «ئوغلاق تارتىشىش» ناملىق رەسىم پايتەختتىكى تيەنئەنمېن مۇنارىسىنىڭ زالىغا زىننەت ئۈچۈن ئېسىشقا تاللانغان؛ ئۇ 1992-يىلى پايتەخت خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىنى زىننەتلەشكە باش يېتەكچى بولۇپ، چوڭ تىپتىكى «تەڭرىتاغ كۈيى» ناملىق رەسىمنى ئاسما گىلەمگە سىزغان؛ 1997-يىل ئۇ باش يېتەكچى بولۇپ ئاسما گىلەمگە سىزغان «تەڭرىتاغدىكى شادلىق» ناملىق چوڭ تىپتىكى رەسىم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شياڭگاڭ ئالاھىدە

مەمۇرىيەت ھۆكۈمىتىگە ھەدىيە قىلىنغان. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، بولغارىيە، تۈركىيە ۋە ئىران قاتارلىق دۆلەتلەردە رەسساملىق بويىچە ئىلىم ئالماشتۇرۇش زىيارەتلىرىدە بولغان. 1994 - يىلى، پارىژ، ئىستانبۇل، ئەنقەرە قاتارلىق شەھەرلەردە، 1997 - يىل بولسا، تېھران شەھرىدە ئۆزىنىڭ شەخسىي رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئاچقان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، « غازىي ئەھمەد رەسىملىرى توپلىمى» ۋە « غازىي ئەھمەد ماي بوياق رەسىملىرىدىن تاللانما» قاتارلىق خاس ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

مەن مول ھوسۇللۇق تۆھپىكار ئۇستاز رەسسام غازىي ئەھمەد ئەپەندىمنى بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپلا تولىمۇ ھۆرمەتلەيمەن. ئۇنىڭ بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىي قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئۆلچەملىك پورتىرېتىنى تۇرغۇزۇش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى باشقا ھەممە قېرىنداشلارغا ئوخشاشلا مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. مەن مۇشۇنداق ھۆرمەتلەش ۋە سۆيۈنۈش تۇيغۇم بىلەن، 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، مەن ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەردە ھەمىشە قول - قانىتىم بولۇپ كېلىۋاتقان ئىنىم ئابدۇقادىر جۇمەنىڭ ھەمراھلىقىدا، ئۇنى ئۈرۈمچى «دائىما شادلىق» ئولتۇراق رايونىدىكى ئۆيىدە زىيارەت قىلدىم.

- شۇنداق، ئالىملارنىڭ پورتىرېتىنى ئومۇمخەلق ئېتىراپ قىلىدىغان دەرىجىدە قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك تۇرغۇزۇپ چىقىش رەسسامدىن يېتىك بىلىم - مەرىپەت، يۈكسەك ماھارەت ۋە مۇكەممەل ئىلمىي پەزىلەت تەلەپ قىلىدىغان ھەم شەرەپلىك ھەم ئېغىر ئەمگەكتۇر، - دېدى غازىي ئەپەندىم مېنىڭ ئۇنى دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلەپ ئېيتقان ھەشقاللا - تەشەككۇر مەزمۇنىدىكى گەپلىرىمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، تولىمۇ سەممىي قىياپەتتە، - ئالىمنىڭ گۆھەر كىتابى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نى ئوقۇدۇم. بولۇپمۇ، مەزكۇر «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ ئالدىغا بېرىلگەن ۋە ئالىملىرىمىز تەرىپىدىن ئىنچىكە تەتقىق قىلىنىش نەتىجىسىدە يېزىلغان «مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ‹ دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك ››» دېگەن كىرىش سۆزنى تەكرار - تەكرار مۇتالىئە قىلدىم. مەزكۇر كىرىش سۆزدىكى بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆزىنىڭ شەخسىيتى، مىجەز - خۇلقى، ئىقتىدارى ۋە قىلغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى خاتىرىلەپ يازغان قۇرلارنى زېھنىمنى قويۇپ مۇھاكىمە قىلدىم. ئاندىن، ئالىمنىڭ يۇرتىغا بېرىپ، مەھەللە - كوچىلىرىنى ئارىلىدىم، بۈگۈنكى دەۋر ئوپال ئادەملىرىنىڭ تەق - تۇرۇقى ۋە چىراي - شەكىللىرىگە ئالاھىدە زەڭ قويدۇم... مۇشۇنداق بىر قاتار مۇھەببەتلىك تەتقىقاتلاردىن كېيىن، ئاندىن ئۇنى سىزىپ چىقتىم.

غازىي ئەھمەد ئەپەندىم بىلەن بىر ساپادا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ قەدەر جانلىق مىساللىق بايانلىرىنى ئاڭلاپ، گۈزەل سەنئەت ئىلمى ھەققىدە تولىمۇ قىممەتلىك بىر دەرس ئالغاندەك بولدۇم. خۇسۇسەن، ئۇنىڭ بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ رەسمىنى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەستايىدىللىقى ۋە قىلغان ئىنچىكە ئەمگەكلىرى مېنى ھەققەتەنمۇ تەسىرلەندۈردى. ئارىلىقتا، ئەپەندىم بىزنى رەسىم سىزىش ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇ يەردە، مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ رەسىمدىن باشقا، ئۇ سىزغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگان كاشغەرىيلارنىڭ ئۆلچەملىك پورتېرتلىرىمۇ بار ئىدى.

- بۇ يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغانلىقى ھەممىمىزنىڭ بېشىمىزنى پەلەككە يەتكۈزدى، بىز تولىمۇ سۆيۈندۇق. سىز سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىككى رەسىمى ئۇ بۈيۈك بوۋىمىزنىڭ ئوبرازىنى پۈتكۈل خەلقئالەم ئالدىدا تېخىمۇ كونكرېتلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بەرگەن بولدى. شەكسىزكى، سىزنىڭ بۇ ئۆلمەس ئەمگىكىڭىز خەلقىمىزنى، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلىرىمىزنى بۈيۈك ئەجدادلارنى ئۈلگە قىلىپ، جاسارەت بىلەن ياشاش، پاراسەت بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، — دېدىمەن سەممىي كۆڭلۈم بىلەن زىيارىتىمىز ئاخىرلاشقاندا.

— ئالاھىدە ياد ئېتىپ كېلىپ، زىيارەت قىلغىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت!.- دېدى غازىي ئەھمەد ئەپەندىم بىزنى ئۇزىتىپ چىقىپ.

**كاشغەرىيشۇناس شائىر، دراماتورگ مۇھەممەدئەلىي زۇنۇن تەشنائىينى زىيارەت**

11-ئاينىڭ 28-كۈنى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 11-ئاينىڭ 29-كۈندىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى قۇرۇم مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيتى»نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمغا قاتناشتىم. ئەسلىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك « ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق جەمئىيتى» ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋە كومپارتىيە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياستىنىڭ پارلاق نۇرىدا مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ژىرىك مېۋە ھېسابلىنىشقا ھەقلىق بولغان بۇ مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلىم تەتقىقات ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمى ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئىلىمغا ھۆرمەت تۇسى ۋە تۇيغۇسى بىلەن تويۇنغان ھالدا، تولىمۇ كاتتا، داغدۇغىلىق ۋە تەنتەنىلىك ئۆتتى. 28-نويابىر ئاخشىمى رەئىس نۇر بەكرى ئەپەندى بېيجىڭدىن كەلگەن يىغىن ۋەكىللىرىگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بەردى. 29- نويابىردىكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىقاتى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى ۋە ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ رەتلىنىشى، نەشر

قىلىنىشى ئۈچۈن ئۆچمەس ۋە ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشقان تۆھپىكار رەھبىرىمىز تۆمۈر داۋامەت ئاكا «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» دەپ يېزىلغان ئالتۇن خەتلىك ۋىۋىسكىنىڭ يوپۇقىنى ئاچتى؛ ئارقىدىن، نۆۋەتتىكى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۆھتەرەم ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەپەندىم تەبرىك سۆزى سۆزلىدى؛ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسى نۇر بەكرى ئەپەندى نۇتۇقلۇق سۆز قىلدى. تەسىراتىمچە، پارتىيىمىزگە تەشەككۈر- رەھمەت ئېيتىدىغان، ئالىم ۋە ئىلمنى قوللاپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ تەتقىقاتىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىدىغان ئىلھامبەخش پىكىرلەر بىلەن تولغان بۇ نۇتۇق ۋە تەبرىكلەر يىغىن ئەھلىنى تولىمۇ مەمنۇن قىلدى. مېنىڭ «ئەسلىي يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى» ۋە « ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى ئۈستىدە تەتقىقات» قاتارلىق ژىرىك ئەمگەكلىرىمۇ ھېسابقا ئېلىندى بولغاي، يىغىن ئەھلى تەرىپىدىن مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندىم. تەبىئىيكى، بۇ مۇشۇ خاسىيەتلىك كاشغەرىي يىلىدا، مېنىڭ شەخسىيتىمگە شەرەپ، ئەمگىكىمگە مەدەت بەرگەن ئۆچمەس خاتىرە بولۇپ قالدى كۆڭلۈمدە ۋە دەپتىرىمدە ئوخشاشلا!

يىغىن ئارىلىقىدا، مەزكۇر كاتتا مەركىنىڭ نوپۇزلۇق ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئاتاقلىق شائىر، ھوسۇللۇق دراماتورگ مۇھەممەدئەلىي تەشنائىي ئەپەندىمنى زىيارەت قىلىش پۇرستىگە ئىگە بولۇپ، قانداق خوشال بولغانلىقىمنى ئەمدى دەي.

مەن تەشنائىي ئەپەندىم بىلەن كاشغەرىي يىلىدا بىر كۆرۈشۈش ۋە مۇڭدىشىشقا ھەقىقەتەنمۇ تەشنا بولغانىدىم. چۈنكى، مېنىڭ ھۆرمەت خاتىرەمدىكى تەشنائىي ئەپەندى بىر داڭقلىق شائىر، ئىستىدادلىق دراماتورگلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «ئۈچ ياش» ماۋزۇلۇق چاتما تېلېۋىزىيە ئەسىرى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق ساھەسىدە باشلامچى بولۇپ ئات ئوينىتقان بىر چەۋەنداز ئىدى.

« شۇنداق، 1983- يىلى مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ مۇقەددەس مەقبەرىسى توغرىسىدىكى تارىخى ھۆججەت تېپىلدى ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىنغان بولدى» ،- دەپ ئەسلىمە باشلىدى تەشنائىي ئەپەندىم، قۇرۇم مېھمانسارايىنىڭ ئىنسانغا يۇكسەكلىك ۋە كەڭ-كۇشادىلىقىنىڭ پەيزىنى سۇردۇرىدىغان ئازادە سالونىدىكى كەڭ ساپادا راھەت ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن.

«- شۇ كۈنلەردە، مەن ئىنتايىن خوش بولغان ۋە ھاياجانلانغان ھالدا ‹تاپتى› ماۋزۇلۇق بىر قەسىدە يېزىپ ئېلان قىلدىم» ،- ئۇ سەل-پەل تۇرىۋالغاندىن كېيىن، مۇنۇ مىسرالارنى يادلاپ بەردى:

«سۆيۈملۈك ئەھلى يۇرت تاپتى ئۆزى سۆيگەن مازارنى،

ئەمەسكى بىر مازار، ئىدراك-ئەقلىنىڭ لالىزارنى.

يىراقتا قالدى كۆك گۈمبەز قىسسىپ بويىننى بىر چەتتە،

ئاڭا تۆكسۇن بۇگۈن كىممۇ پىغانى، ئاھۇ زارنى.

بىراۋلار چۆنتىكى «شەربەت كۆلى» دەك قۇپقۇرۇق ئەمدى،

كاسات قىلغاچ بۇگۈن تارىخ كەمەك ھەييار بازارنى! »

شائىر بۇ مىسرالارنى ھاياجانلىق ئاۋازى بىلەن يادلاپ بولۇپ، تەپەككۇر قاينىمىغا چۆككەن ھالدا بىرقانچە مىنوت تۇرىۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىمىسىدە داۋام ئەتتى:

«ئارقىدىنلا، مەن كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ ئوپالدىكى مازىرىنىڭ تېپىلىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان «ئۈچ ياش» ماۋزۇلۇق بىر تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازدىم. بۇ ئەسىرىم شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىپ، 1984-يىلى ئۆكتەبىردە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كۆرسىتىلدى. كۆپ سۆيۈندۈم. ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشقا بېغىشلانغان ئىككى قىسىملىق بۇ فىلىم - ئۇتۇقلۇق چىققان تۇنجى ئۇيغۇر تېلېۋىزىيە فىلىمى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن بۇ ناخشام (مۇزىكىسى تۇرسۇن قادىرنىڭ) چارەك ئەسىردىن بۇيان ئېغىزدىن چۈشمەي ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

يارالمىش ھەزرىتى مەۋلان ئوپال ئازىخ داراسىدا،

ئۆسۈپ يەتمىش كامالەت ئەرشكە ئۆز يۇرت ھاۋاسىدا.

يېتىپتۇرلەر ئارامگاھ ئەيلىبان چەشمە زۇلال باغرىن،

سىيا يەڭلىغ قارا تۇنى ناھار ئەيلەپ زىياسىدا.

شۇ مەۋلانايى شەمسىدىن زىياسىنىڭ جۇلاسى بار-

ئىلىم-ئىرپان بېغىنىڭ گۈل-چېچەك، مېھرىگىياسىدا،

پىرىمگە جەننەتۇل رىزۋان ئاتا قىلغىن خۇداۋەندە.

شۇ يىللاردا، يەنە كاشغەريي بوۋىمىزنىڭ ئۆلۈمسىز ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئىچىدىكى ماقال-تەمسىل، ئۆگۈت-نەسىھەتلەر (288 ماقال، تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆز)نى رەتلەپ، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى» نىڭ 1987-يىل 4-سانى ئارقىلىق خەلققە سۇندۇم.

ئۇندىن باشقا، « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »نىڭ 1981- نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە بىرىنچى تومىنىڭ 122- 151- بەتلىرىدە بايان قىلىنغان تارىخي ۋەقەلەرگە ئاساسەن، «بىر جۈپ پەرىشتە» ناملىق چوڭ ھەجىملىك بىر تارىخي ئوپېرا يازدىم. بۇ ئەسىرىم 1991-يىلى 4- سان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا، 1995-يىلى بولسا، «مۇقام يۇرتىنىڭ يېڭى باھارى» ناملىق ئوپېرالار توپلىمىدا ئېلان قىلىندى. بۇ يېڭى ئەسىر (21-ئەسىر) كىرگەندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى «تەۋرىمەس تاغلار» غا ئۆزگەرتىم ۋە يېڭىباشتىن تەھرىرلەپ چىقتىم.»

- سىزگە ئاپىرىن!، -دەۋەتتىم مەن قايىللىق ۋە ھاياجانلىق تۇيغۇم بىلەن ،- مەلۇمكى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» بىباھا ئابىدە ئەسەردۇر، كاشغەرىيشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات قوينى ئاجايىب كەڭدۇر. ھالبۇكى، سىزنىڭ « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك »تە بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنى دېتال قىلىپ، ئوپېرا يازغىنىڭىز ئەمەلىيەتتە، نادىر ئەمگىكىڭىز «ئۈچ ياش»تىن كېيىن، ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن يەنە بىر تۆھپىلىك ئەمگىكىڭىز بوپتۇ، قەلەم تۇلپارىڭىز ھارمىسۇن، ئەمگەكچان قولىڭىز دەرت كۆرمىسۇن!

مۇھەممەدئەلىي زۇنۇن تەشنائىي ئەپەندى 1939-يىلى 10-ئاينىڭ 13-كۈنى قەشقەر شەھرىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1955-يىلغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1958- يىلى، سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ 1958-يىلدىن 1978-يىلغىچە ساق يىگىرمە يىل مائارىپ سېپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئۇندىن كېينكى خىزمەت ئۆمرى سەنئەت ساھەسىدە ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكەن. ئەدەبىي ئىجادىيەتكە 1951-يىلى كىرىشكەن بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ھازىرغىچە بەش شېئىر-داستان توپلىمى، ئۈچ دراما-ئوپېرا توپلىمى ۋە ئىككى ھېكايە-پوۋېست توپلىمى نەشر قىلىنغان. ھازىر ئۇ شىنجاڭ ئوپېرا-تىياتىر ئانسامبىلىنىڭ پىنسىيونىرى،

- «دۇنيا مەھمۇد كاشغەريي يىلى» سىزنى قانداق تۇيغۇلاندۇردى، ئەپەندىم؟،- ئاخىردا سورىدىم.

«- 2008-يىلىنىڭ ‹دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى› ئېلان ئېتىلگىنى مىليونلار قاتارىدا مېنىمۇ چەكسىز مەمنۇن قىلدى»،- دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىياپەتتە،- «بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ‹تويۇڭ مۇبارەك› ماۋزۇلۇق بىر كۇي نەزمىسى يازغان بولدۇم. ئۇنى سەنئەتكار پەرھات ئابىت چوغلان مۇزىكىلاشتۇرۇپ، سەھنىلەشتۈردى ۋە ئورۇندىلىپ ئالقىشلاندى. ئاڭلاپ بېقىڭ، مانا بۇ شۇ ناخشىدىن ئارىيە:

پەن-بىلىم ئەھلىنىڭ پىر- ئۇستازى سەن،

بۇ يولنىڭ مىڭ يىللىق چەۋەندازى سەن.

گويا تىغ-تىكەنلىك سىملاردا كۆكتە،

زەبەردەس چامدىغان ئەل جانبازى سەن.»

قاراڭ! مانا بۇ – بۇ يىل ساق يەتمىش ياشقا كىرگەن پېشقەدەم كاشغەرىيشۇناس مۇھەممەدئەلىي زۇنۇن تەشنائىي ئەپەندىنىڭ كاشغەرىي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن، بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىيگە ئاتاپ يازغان يېڭى ناخشىسىدىن ئۆرنەك. روشەنكى، ئۇنىڭغا مۇجەسسەم بولغان قايىللىق ۋە ئىپتىخارلىق يۈكسەكتىن يۈكسەك.

مەن تەشنائىي ئەپەندىم بىلەن بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ مول بەھرىلىك ئەمگەكلىرى ۋاستىسى ئارقىلىق تونۇش بولساممۇ، روبىرو ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشىم مۇشۇ تۇنجىسى. ئەلۋەتتە بۇمۇ خاسىيەتلىك كاشغەرىي يىلىنىڭ شاراپەتلىك سوۋغىسى بولغاچ، سۆيۈنگەن ھالدا، خاتىرەمگە ئۆچمەس قىلىپ يازدىم.

**نادىر ئەسەر تەتقىقاتىدىن بىر ئۆرنەك**

جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى تىل-يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ سەككىزىنچى نۆۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2008-يىل 10-ئاينىڭ 16- ۋە 17-كۈنلىرى پايتەخت بېيجىڭدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى.مەن بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم ۋە تۆۋەندىكى ئىلمىي ماقالەمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، گۇرۇپپا يىغىنىدا ئوقۇپ ئۆتتۈم:

**« تارىخى ھەمىدىي» دە ئۇيغۇر يۇرتلىرى ۋە ئادەملىرى**

**-«تارىخى ھەمىدىي» دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 100 يىللىقىغا ئاتاپ-**

بۈيۈك ئۇيغۇر تارىخشۇناسى، ئالىم مۇسا سايرامي ( 1836- 1917 ) ئۆزىنىڭ مەشھۇر تارىخ كىتابى «تارىخى ھەمىدىي» نى 1908-يىلى يېزىپ تاماملىغان. مەن بۇ ماقالەمدە، مەزكۇر ئەسەرنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا بېرىلگەن قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرى ھەققىدىكى بايانلارنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىللە مۇتالىئە ۋە مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، بۇ قۇتلۇق ئەسەر دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقىنى قايىللىق ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن خاتىرىلەيمەن.

## 1

ئالىم مۇسا سايرامي «تارىخى ھەمىدىي» نىڭ خاتىمە قىسمىدا، ئۆز زامانىسىدا «يەتتە شەھەر» دەپمۇ ئاتالغان قەدىمىي ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي جۇغراپىيىسى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق يازىدۇ: «بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ھۆكۈما، مۇنەججىملەر، گېئومېترىيە ۋە ماتىماتىكا ئالىملىرى يەرشارىنىڭ ئومۇمىي يۈز كۆلىمى، ئۇنىڭدىكى چۆل – جەزىرە، باياۋانلار ۋە ئادەم ياشايدىغان مەمۇر – ئاۋات جايلارنىڭ جۇغراپىيىسىنى ئاسترونومىيىلىك ھېسابلاش ئۇسۇلى ئاساسىدا سىزىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، يۈكسەك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەنىكەن. ئۇلار زېمىننىڭ ئادەم ياشىغلى بولىدىغان ( رۇبئى مەسكۇن ) قىسمىنىڭ مەشرىق تەرەپتىكى باشلىنىش ئۇچىدىن، مەغرىب تەرەپتىكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغىچە بولغان ئارىلىقنى يەتتە بۆلەككە بۆلۈپ، ھەربىر بۆلەكنى بىر ‹ئىقلىم› دەپ ئاتىغان. ئاندىن، بۇ يەتتە ئىقلىم زېمىننى ئاسماندىكى يەتتە سەييارە يۇلتۇزغا نىسبەتلەشتۈرۈپ ( باغلاپ )، ھەربىر ئىقلىمغا بىر يۇلتۇزنى مەنسۇپ قىلغان. يەنى بىرىنچى ئىقلىمغا زۇھەل ( ساتورىن ) يۇلتۇزىنى، ئىككىنچى ئىقلىمغا مۇشتەرى (يۇپىتېر) يۇلتۇزىنى، ئۈچىنچى ئىقلىمغا مىررىخ (مارس) يۇلتۇزىنى ۋە مۇشۇ قىياس بويىچە، يەتتە يۇلتۇزنى يەتتە ئىقلىمغا باغلىغان. ئاندىن، ئۇلار ھەربىر ئىقلىمدا ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ مىجەز – خۇلقى، رەڭگى – رويى ۋە خۇي – پەيلى قاتارلىقلارنى بايان قىلغاندىن باشقا، شۇ ئىقلىمغا تەۋە زېمىندىكى شەھەرلەر، دەريالار، چۆل – جەزىرىلەر ۋە مەمۇر – ئاۋات جايلارنى بىرمۇبىر تەسۋىرلەپ جەملەپ، بۇلارنى ئۆزلىرى يازغان تارىخ كىتابلىرىنىڭ ئاخىرىغا «خاتىمە» ئورنىدا بەرگەنىكى، بۇ ئەمەلىيەتتە، ئۇ دانا ئاپتورلارنىڭ كىتابلىرىغا زىننەت بېغىشلىغان.

ئەمما، مەن كەمىنە نادان، بېشىدىن تا ئايىغىغىچە نۇقسان ۋە كەمچىلىك بىلەن تولغان، قورسىقىدا ئانچە ئۇمچى بولمىغان بىر ئادەم مەزكۇر قەدىمكى ئاپتورلاردەك چوڭ ئىشنى قىلالمىساممۇ، يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇ يەتتە شەھەرنى ۋە بۇ شەھەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بەزەن ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.»

(قاراڭ: مۇسا سايرامي: «تارىخى ھەمىدىي» ‹يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا›، ئابدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي تەرجىمىسى، 583- بەت)

مېنىڭ مۇلاھىزەمچە، يۇقىرىقى بايانلار بىزگە مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئۇقتۇرىدۇ. بىرسى، ئالىم بوۋىمىز مۇسا سايرامىينىڭ كىتاب يېزىشتا، كونا ئەندىزە بويىچە ماڭماي، يېڭىلىق يارىتىش. ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق، ئىلىم يولىدا، يېڭى ئىز قالدۇرۇشقا تىرىشىش روھى ئەكس ئەتكەن.

بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ئەلشىر نەۋائىي: «ئىلىم – كۆمۈكلۈك خەزىنە ئەمەس، بەلكى ئۇ گويا كۆكلەپ تۇرىدىغان دەرەختۇر» دېگەن. ھالبۇكى، ئىلىم ساھىبى بولغان ئالىم ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىمگە نىسبەتەن ئەنە شۇنداق تەرەققىيات كۆز قارىشى بىلەن قارىغاندىلا، ئاندىن يېڭىدىن يېڭى ئىلىم پەللىسىنى يارىتالايدۇ ۋە ئاشۇ ئۆزى ياراتقان يېڭى ئىلىم پەللىسى ئارقىلىق، ئۆز خەلقىنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئەمدى، يېڭى ئىلىم پەللىسىنى يارىتىش ئالىمدىن ئالدىنقىلار ماڭغان ئىلىم يولىدا مەزمۇت مېڭىپ، پېشقەدەملەرنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان ئىلىمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، مۇئەييەن يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ۋە ئىقتىدارىغا ساھىب بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالىم بوۋىمىز مۇسا سايرامىي تارىخشۇناسلىق ئىلمى يولىدا يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆزىنىڭ بۇ «تارىخى ھەمىدىي» ئاتلىق تارىخ كىتابىنى يېزىشتا، باشقىلارنىڭ يازغىنىنى ۋە يېزىش – تۈگەللەش ئۇسلۇبىنى ئاددىي ھالدىلا تەكرارلاپ قويماستىن، يېڭىچە يول تۇتۇپ، يەتتە سەييارىنىڭ ئورنىغا ئۆز خەلقى ياشاۋاتقان يەتتە شەھەرنى بايان قىلغاندۇر.

ئىككىنچىسى، ئالىم بوۋىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن ئۆزىنىڭ يەتتە شەھرىنى ئەمەلىيەتتە، ئاسماندىكى يەتتە يۇلتۇزدەك يۈكسەك ۋە ئەزىز بىلگەنلىكى ئېنىق ئىپادىلەنگەن.

ئالىم مۇسا سايرامى ئۆز بايانىدا: «مەن كەمىنە نادان، بېشىدىن تا ئايىغىغىچە نۇقسان ۋە كەمچىلىك بىلەن تولغان، قورسىقىدا ئانچە ئۇمچى بولمىغان بىر ئادەم مەزكۇر قەدىمكى ئاپتورلاردەك چوڭ ئىشنى قىلالمىسامۇ، يەتتە ئىقلىمنى بايان قىلىشنىڭ ئورنىغا بۇ يەتتە شەھەرنى ۋە بۇ شەھەرلەردە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بەزەن ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىشقا جۈرئەت قىلدىم.» دېيىشى ئالىملارغا خاس كەمتەرلىك بولۇپ، يەتتە شەھەر ھەققىدىكى يازغان – پۈتكەنلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆز ۋەتىنى ۋە ئۆز مىللەتداشلىرىغا بولغان سەمىمىي سۆيۈنۈش، ئىچ – ئىچىدىن كۆيۈنۈش ۋە

ئۇلارنىڭ ئىقبالى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش تۇيغۇسى تولىمۇ كۈچلۈك ئۇرغۇپ تۇرغانلىقى كۆرۈلىدۇ.
ئالايلۇق:

**كاشغەر**

مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئەلاسى ۋە بىرىنچىسى كاشغەردۇر. كاشغەر قەدىمىي، ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەشھۇر ۋە داڭلىق شەھەر. ئادەملىرىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئالىملارغا ۋە سالىھ (پاك - دىيانەتلىك) لارغا تولىمۇ ئامراق، سەپەر قىلىپ، مۇساپىرچىلىق ۋە غۇربەتچىلىكتە ياشاشقا ھېرىسمەن، ئۆلپەتچىلىك قىلىشقا چېۋەر، مۇھەببەتلىشىش، دىلكەشلىك قىلىشقا ماھىر ۋە ئۇستا. لېكىن، دوستانىلىق، بۇرادەرچىلىكنى ۋايىغا يەتكۈزەلمەيدۇ.

كاشغەر ئالىملار ۋە ئىلىم تەلەپكارلىرى بويىچە راۋاجلانغان، ساھىب دۇئا پازىللار بويىچە روناق تاپقان بولۇش جەھەتتە، شۇنداقلا تىجارەتچىلەر ۋە شەرەپشان دېھقانلىرىنىڭ ئۆشرە - زاكاتلىق، خەير - سەدىقىلىق بولۇشى، كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ ئىشچان، تىرىشچان بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە، باشقا شەھەرلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. بولۇپمۇ، ئىلىم - ئىرپانىدىكى راۋاجلىنىش ۋە سودا - تىجارەتتىكى گۈللىنىش ۋە روناقلىق بابىدا، ئۇنى «ئىككىنچى بۇخارا» دېسىمۇ، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. كاشغەرنىڭ نوپۇسىغا قارىغاندا، زېمىنى ئاز، يېمەكلىك ئاشلىقى ئۆزىگە يېتىشمەيدۇ. شۇڭا، ھەر ھەپتىدە، ئىككى مىڭ ئېشەك ئاشلىق ياركەندتىن كاشغەرگە ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇرىدۇ. يايلاق ئوتلاقلىرى ئاز، ئۇلاغ - چارۋىلىرى كەمچىلدۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

**ياركەند**

ياركەند قەدىمىي، ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر. ئادەملىرىنىڭ خۇي - مىجەزى بىچارە سۈپەت، ئۆز ئىشىغا پۇختا ۋە پىششىق. «ئىشان»، «ھەزرەت»، «ئەفەندى» ۋە «ساھىب» ئېتى بارلارغا چوڭقۇر ئەقىدە - ئىخلاس بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ياركەندتە ھىندىستانلىق، كەشمىرلىك، ئافغانىستانلىق ۋە بەدەخشانلىق مۇساپىرلار تولا. ياركەندلىكنىڭ ئۆزلىرى سەپەرگە ئاز چىقىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى شەرەپشان دېھقان (دېھقانى ئەشرەف). يەر - زېمىنلىرى كەڭرى ۋە ئۈنۈملۈك. ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆز شەھرىگە يېتىدۇ، ھەتتا ئېشىپ قالىدۇ. يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بىپايان، تۆرلۈك چارۋا ۋە قوتازلىرى بىھېساب، يەل يېمىشلىرى مول، يېمەك - ئىچمەكلىرى كەڭرى ھەم ئەرزانچىلىق. يۇرت دائىرىسى پايانسىزدۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

**خوتەن**

خوتەن ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ، قەدىمىي ۋە مەشھۇر شەھەر. ئادەملىرىنىڭ خۇي – مىجەزى بىر تىل، بىردىل، مىسلىسىز ئۆم – ئىتتىپاق؛ پىششىقلىقتا تەڭداشسىز، مومسىقلىقتا تەمسىلسىز؛ تەقۋا پەرھىزكارلىرى تولا. بەڭباش، يامانلىرى ئاندىن تولا؛ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كاسىپ – ھۈنەرۋەن؛ ئۇلار ئەقىل – ئىدراكلىق ۋە ئۆتكۈر زېھىنلىك بولۇش جەھەتتە تەڭداشسىز؛ ھەرقانداق ھۈنەرنى ئۆز كامالىتىگە يەتكۈزۈپ قىلىپ، خېرىدارلارغا يارىتىپ قولدىن ئۆتكۈزۈپ، پۇلنى ئېلىشقا قادىر ھەم ماھىر. خوتەندە، مول مەشۇت – يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئالتۇن كانى بار، قاشتېشىمۇ ھەم تەييار؛ تۆت ئەتراپتىن كېلىدىغان شەرەپشان سودىگەرلەر ھەرقانچە كۆپ پۇل ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، پۇللىرى تۈگەپ كەتسە كېتىدۇكى، قىلىدىغان سودىسى (ئالىدىغىنى) تۈگىمەيدۇ. باشقا يۇرتلارغا خوتەندىن مال – تاۋار چىقىپ كەتسە كېتىدۇكى، ئالتۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا، نەق پۇل ھەرگىز چىقىپ كەتمەيدۇ. خوتەننىڭ ئادەملىرىگە قارىغاندا، يەر – زېمىنى ئاجىز. تولىسى قۇملۇق. ئاشلىق مەھسۇلاتى تۆۋەن. ئەمما مېۋە – چېۋىلىرى ئېشىپ – تېشىپ تۇرىدۇ. يايلاق، باياۋانلىرى كۆز يەتكۈسىز. ئۇلاغ – چارۋىلىرىمۇ تولا ۋە جىقتۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## ئاقسۇ

ئاقسۇ خەلقى توغرا – دۇرۇس، ياۋاش، ساددا، مۇلايىم ۋە كەمتەر خۇسۇسىيەتلىك، غەم – ئەندىشلىك؛ ئۇلپەت – ئىتتىپاقى يوق پاراكەندە، مۇھەببەت ۋە مەسلىھەتى يوق چېچىلاڭغۇ – تەپرىقە؛ ئۆيدە ئاشلىق ساقلىمايدۇ، تەۋەككۇلچىلىقى زىيادە؛ شەھەر ئادەملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى كۈنلۈك نانلىرىنى كۈنلۈك شەھەر بازىرىدىن سېتىۋالىدۇ. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئاشپەز – ناۋايلىرى كۆپ، ئاشپەزلىك ۋە ناۋايلىق ھۈنەر – سەنئىتى راۋاجلانغان. بىراق، ئومۇمىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، دېھقانلىرى كۆپ. يەل – يېمىشلىرى ۋە ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆز شەھرىگە يېتىدۇ. گۆرۈچى ئېسىل بولۇپ، شەھەر – شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ. يايلاق – قىشلاقلىرى كەڭرى، ئۇلاغ – چارۋىلىرى مول، ئۆزىگە يېتىدۇ، بەلكى ئېشىپمۇ قالىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## ئۇشتۇرفان

ئۇشتۇرفان قەدىمىي، ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر. بۇرۇنقى نامى «ئۇچ» ئىكەن. بەلكى «شەھرىبەربەر» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. مەنسۇرخاننىڭ زامانىسدا، ئادەملىرى بىئەدەپلىك قىلىپ، ئەمرىئىتائەتتىن چىققانلىقتىن، خان كايىپ، باش قوماندان، زالىم سەركەردە بەردى بەگ دوختۇينى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇچ خەلقىنى ئومۇمىي قىرغىن (قەتلىئام) قىلىپ، قىلىچتىن ساقلىنىپ ھايات قالغانلىرىنى يۇرت – يۇرتقا تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، تۇرفاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ، قايتىدىن

ئاۋات قىلغانىكەن. بۇ ۋەجدىن، شەھەر ئىسمى تۇرفاننىڭ نامى بىلەن بىللە قوشۇپ ئاتىلىدىغان بولغان. يەنى «ئۇچ» سۆزىگە «تۇرفان» كەلىمىسىنى قوشۇپ، «ئۇچتۇرفان» دەپ ئاتايدىغان بولغانىكەن. ھەرھالدا، كېيىنچە ئاۋام خەلقنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە، «ئۇشتۇرفان» بولۇپ قالغاندۇر. كېيىن، يەنى بۇ زېمىن يەنە خاقانى چىنغا قارايدىغان بولغاندىن كېيىنكى ئون يەتتىنچى يىلى، ئۇشتۇرفان خەلقى خاقانى چىننىڭ ئەمرىئىتائىتىدىن چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ئىكەن، سان – ساناقسىز چېرىكلەر كېلىپ، شەھەرنى ئىككىنچى قېتىم ئىشغال قىلىپ، ئادەملىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ قەتلىئام قىلغاندىن كېيىن، ئالتە شەھەردىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈپ، قايتا ئاۋات قىلغانىكەن. ئۇشتۇرفانلىقلارنىڭ ھازىرقى ئېتى «كۆچمەن» دۇر. بۇ ھەقتە كىتابىمىزنىڭ بىرىنچى داستان قىسمىدا بايان بەرگەن بولدۇق. شۇ سەۋەبتىن، ھازىرقى ئۇشتۇرفانلىقلار گۇرۇھ – گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن، چۇۋالچاق، ئۆم – ئىناق ئەمەس. ئۇشتۇرفانلىقلارنىڭ كاسىپ – ھۈنەرۋەنلىرى ئاز، ئادەملىرى دېھقان، يەر – زېمىنى ئوبدان، ئاشلىق ۋە يېمەك – ئىچمەكلىرى كەڭرى ۋە ئەرزانچىلىق. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## كۇچا

كۇچانىڭ قەدىمي ئىسمى «كۆسەن» ئىكەن. كۇچالىقلار مىجەز – خاراكتېر جەھەتتە، ئۆم – ئىتتىپاق، دوست – ئۇلپەتچىلىكتە پەيزى بار كېلىدۇ. ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەپ – قائىدىلىك، يېقىشلىق، گۈزەل سۆزلۈك. ئاياللىرىنىڭ ھىممەت – جۈرئىتى ئەرلىرىدىن ئۈستۈن، ئىلىم – ئەمەل، كەسىپ – ھۈنەردىمۇ قېلىشمايدۇ. ئەمما مۇساپىر بىلەن خوشى يوق كېلىدۇ. بۇ كۈنلەردە، كۇچاغا تەرەپتىن مۇساپىرلار كېلىپ جەم بولۇپ، جەمئىيەت پەيدا قىلىپ، ئۇنى كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان بىر تىجارەتگاھقا ئايلاندۇرماقتا . كۇچانىڭ نوپۇسىغا قارىغاندا، زېمىنى كۆپ ۋە مۇنبەت. ھەر ھەپتىدە، باي – سايرامدىن ئەقەللىسى بەش يۈز ئېشەك – ئۇلاغدا ئاشلىق ۋە ياغ كېلىپ تۇرىدۇ. ھەر تۈرلۈك يەل – يېمىش ۋە يېمەك – ئىچمەكلىرى باشقا شەھەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مول ۋە مەمۇرچىلىق. ھۆل – قۇرۇق مېۋىلىرىنى سودىگەرلەر شەھەر – شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. كۇچانىڭ ئۇلاغ – چارۋىلىرى تولا، گۆش تەمناتى ئۇچۇن ئۆزلىرىگە يېتىدۇ، ھەتتا ئېشىپمۇ قالىدۇ. ( قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

## كوهنا تۇرفان

كوهنا تۇرفان قەدىمي ۋە ئۇزاق تارىخقا ئىگە شەھەر. ئادەملىرىنىڭ مىجەز – خاراكتېرى سەممي، راست سۆزلۈك، ئۆز ئىشىغا پۇختا ۋە پىششىق؛ ھىيلە – مىكىر ۋە خائىنلىق – يۈزسىزلىكتىن خالىي، ئەقىدە – ئىخلاسلىرى تازا كېلىدۇ. ھاۋاسى ئىسسىق، ئېقىن سۇيى ئاز. مۇتلەق كۆپچىلىك ئەھۋالدا،

كارىز سۈيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ. زېمىنى ئوبدان ، ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدۇ. غوزا – كېۋەزلىرى ئوخشايدۇ. تەرەنجىبىن (يانتاق شېكىرى) مۇ تۇرفاننىڭ خاس مەھسۇلاتىدۇر. كىشمىش ئۈزۈملىرى ئاجايىپ تولا. سودىگەرلەر شەھەر – شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىشىدۇ. تۇرفاننىڭ زېمىن دائىرىسى ناھايىتىمۇ كەڭرى. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر)

2

ئانا يۇرتلىرىمىز ھەققىدە، شۇ قەدەر پاساھەتلىك تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن يۇقىرىقى بايانلاردىن مەن مۇنداق بىر قانچە ئاساسلىق چەشەنچىگە كەلدىم:

بىرىسى، مەزكۇر بايانلاردا، خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىدىكى پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئومۇمىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر مېغىزلىق قىلىپ شەرھلەنگەن. بۇ تەسراتىمىزنى ئېچىپراق شەرھلىسەك مۇنداق بولىدۇ:

① بۇ بايانلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىن ئىلمنى، پەن – مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم ۋە ئالىمنى قەدىرلەيدىغان خەلق ئىكەنلىكى شەرھلەنگەن. ئالايلۇق: ئاپتور يەتتە شەھەر ئىچىدىكى **كاشغەر** ھەققىدە توختالغىنىدا: “ بۇ شەھر ئۆلىمالار ۋە تالىبۇل ئىلىملەرغە رەۋاجى ۋە ساھىب دۇئالارغا رەۋنەقى ۋە تۇججار ۋە دېھقانى ئەشرەفلەر ئۆشرە-زەكات ۋە خەير-سەدەقاتى ۋە ئەھلى كەسب ۋە ھۈنەرمەندلەرىنىڭ سەئيى ۋە كوششى باشقا شەھر ئادەملەرىغە نەزەر قىلغاندا، تەفەۋۋۇق ۋە زىيادەدۇرلار.”( قاراڭ: «تارىخى ھەمدىي» قولىيازما، 328- بەت )
تەرجىمىسى: بۇ شەھەر ئالىملار ۋە ئىلىم تەلەپكارلىرى بويىچە راۋاجلانغان، ساھىب دۇئا پازىللار بويىچە روناق تاپقان بولۇش جەھەتتە، شۇنداقلا تىجارەتچىلەر ۋە شەرەپشان دېھقانلارنىڭ ئۆشرە-زاكاتلىق، خەير-سەدىقىلىق بولۇشى، كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىشچان ۋە تىرىشچان بولۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە باشقا شەھەرلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. (قاراڭ: «تارىخى ھەمدىي» ( يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)، 585- بەت.)

ئاندىن، **ياركەند** توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ ؛ «ئادەملەرىنىڭ ئىشان، ھەزرەت، ئەفەندى، ساھىبلارغا رەۋاج ۋە رەۋنەقى ۋە ئەقىدە-ئىخلاسلارى زىيادە .»
تەرجىمىسى: «ئىشان»، «ھەزرەت»، «ئەفەندى» ۋە «ساھىب» ئاتالغانلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەقىدە-ئىخلاسلارى كۈچلۈك. (يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)

مانا بۇ بايانلاردىن بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزەلدىنلا ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىلىم-مەرىپەتنى ئەزىزلەيدىغان، ئىلىم ۋە ئىلىم ساھىبلىرىنى قەدىرلەيدىغان مىللىي روھىنى كۆرۈۋالالايمىز.

② بۇ بايانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر-كەسپنى سۆيىدىغان، پەن-تېخنىكىغا چىن كۆڭلى بىلەن بېرىلىدىغان، ئەمگەكچانلىق ۋە ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە خەلق ئىكەنلىكى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئالايلۇق، بايانلار ئىچىدىكى **خوتەن** بابىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەمە ئادەملەرى كاسىب-ھۈنەرمەند ۋە تەبئى ئىدراكى تازە ۋە زېھنى چالاكى بىئەندازە؛ ھۈنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈرۈپ ۋە خەرىدارغا ئوبدان كۆرسەتىپ ۋە قولىدىن ئۆتكەرىپ، نەقدىنەلەرنى ئالماغلىقدا كامىل ۋە قابىلدۇر.» ( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 331- بەت ).
تەرجىمىسى: ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كاسىپ-ھۈنەرۋەن؛ ئەقىل-ئىدراكلىق ۋە ئۆتكۈر زېھنىلىك جەھەتتە تەڭداشسىز؛ ھەرقانداق ھۈنەرنى ئۆز كامالىغا يەتكۈزۈپ قىلىپ، خېرىدارغا يارىتىپ قولىدىن ئۆتكۈزۈپ، پۇلنى ئېلىشقا ماھىر ۋە قابىل. ( قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا )

مانا بۇ باياندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشچانلىق، ھۈنەر-كەسپنى، ئىش-ئەمگەكنى سۆيۈشتىن ئىبارەت تۇرمۇش پەلسەپىسى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى ئېنىقتۇر.

③ بۇ بايانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سودا-تىجارەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تىجارەت بىلەن ئەل گۈللەندۈرىدىغان خەلق ئىكەنلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ ھەقتە **كۇچا** بابىدا: «بۇ گۇنلەردە، كۇچاغا ھەر تەرەفتىن مۇسافىرلار جەمئ بولۇپ،گۇندىن-گۇنگە ئاباد ۋە جەمئىييەت فەيدا قىلىپ، سەۋداخانە بولۇپ رەۋاج؛ ھۆل-قۇرۇق يەمىشلەرنى سەۋداگەرلەر شەھر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر.» ( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 345- بەت ).
تەرجىمىسى: بۇ كۈنلەردە، كۇچاغا ھەر تەرەپتىن مۇساپىرلار كېلىپ جەم بولۇپ، جەمئىيەت پەيدا قىلىپ، ئۈنى كۈنسايىن راۋاجلىنىۋاتقان بىر تىجارەتگاھقا ئايلاندۇرماقتا؛ ھۆل-قۇرۇق مېۋىلىرىنى سودىگەرلەر شەھەر-شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا).

ئاندىن، **كاشغەر** بابىدا مۇنداق يازىدۇ؛ «خۇسۇسەن ئۆلمالارغا رەۋاجى ۋە سەۋداگەرلەر سەۋدا ۋە تىجارەتى بابىدا، گويا ‹سانىي بۇخارا› دەپ ئەيتسالار، ئەسلا مۇبالىغە بولمايدۇر.»

تەرجىمىسى: خۇسۇسەن، ئىلىم-ئىرپانىدىكى راۋاجلىنىش ۋە سودا-تىجارەتتىكى گۈللىنىش بابىدا، گويا «ئىككىنچى بۇخارا» دېيىشمۇ، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ.

**خوتەن** بابىدا مۇنداق بايان قىلىندۇ: « مەشتۇت-يىفەكلەر تولا چىقادۇر؛ ئالتۇن كانى بار ۋە سۇتاشى ھەم تەييار؛ سەۋداگەرى ئەشرەفلەر ئەتراف جانىبلاردىن ھەرقانچە نەقدىنەلەر ئالىپ كەلىپ خەرىد قىلسالار، نەقدىنەلەرى ئەدا بولادۇر، خەرىدلەرى ئاشىپ قالادۇر؛ خوتەندىن باشقا شەھرلەرغە مال ئەجناسلارى چىقىپ كەتەدۇر، نەقدىنەلەرى ئەسلا چىقمايدۇر، مەگەر ئالتۇننى چىقادۇر.( قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 331-بەت)

تەرجىمىسى : ‹خوتەندە› مول مەشۇت-يىپەك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ؛ ئالتۇن كانى بار، قاشتېشىمۇ ھەم تەييار؛ شەرەپشان سودىگەرلەر تۆت ئەتراپتىن ھەرقانچە كۆپ پۇل بىلەن كېلىپ سودا قىلسا، پۇللىرى تۈگەپ كېتىدۇكى، قىلىدىغان سودىسى تۈگىمەيدۇ؛ باشقا يۇرتلارغا خوتەندىن مال-تاۋار چىقىپ كەتسە چىقىپ كېتىدۇكى، ئالتۇننى ھېسابقا ئالمىغاندا نەق پۇل ھەرگىز چىقىپ كەتمەيدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)

بىز بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ سودا-تىجارەتكە ماھىر، سودىغا ئېپى بار، سودا-تىجارەت ئارقىلىق خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا، ئەل-يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

ئىككىنچىسى، خاس ئۆزگىچىلىكلەرمۇ جايىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئالىم مۇسا سايرامىي يەتتە شەھەر ھەققىدىكى بايانلىرىدا، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىگىمۇ تېگىشلىك ئورۇن بەرگەن. يەنى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ئادەملىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىجەز-خۇلقى، يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، ئۆرپ-ئادىتى، مەزكۇر يۇرتتىكى مەشھۇر تارىخىي شەخس ۋە داڭلىق تارىخىي يەرلەر ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەن. مېنىڭچە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گەۋدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

① كاشغەر توغرىسىدىكى بايانىدا، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مازىرىنى ئالاھىدە بايان قىلغان. مەلۇمكى، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى ئۇيغۇر ئىسلام خاندانلىقى ـــ قاراخانىلار خاندانلىقىنى قۇرغۇچى كىشى. بۇ ھەقتىكى بايانىدا ئاپتور، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مىلادى 943-يىلى ئەبۇ نەسر سامانىنىڭ دالالەت قىلىشى ئارقىسىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە مىلادى 960-يىلى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ جاكارلىشى بىلەن بۇ يەتتە شەھەر خەلقىنىڭمۇ ئىسلام ئەقىدىلىرىنى قوبۇل تۇتۇپ، مۇسۇلمانچىلىق دائىرىسىدىن ئورۇن

ئالغانلىقنى شەرھلىگەن. ئۇ: «ھەدىسى شەرىفتىكى ‹تۈركلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىغا كىرگۈچى كىشى بولسا ساتۇقدۇر› دېگەن بۇ سۆز دەل مۇشۇ كىشىنىڭ شەنىگە مەنسۇپتۇر» دېگەن بايان ئارقىلىق، سۇلتان ساتۇق بۇغرا خاننىڭ مىسلىسىز شۆھرىتىنى نامايەن قىلغان.

② ئۇچتۇرپان توغرىسىدا مۇنداق خاس بايانلارنى ئېيتىپ ئۆتكەن :

«ئۇچتۇرپاننىڭ بۇرۇنقى ئېتى ‹ئۇچ› ئىكەن، بەلكى ‹ شەھرى بەر-بەر› دەپمۇ ئاتالغانىكەن؛ مەنسۇرخاننىڭ دەۋرىدە، ئادەملىرى بىئەدەپلىك قىلىپ،ئەمر-ئىتائەتتىن چىققانلىقى سەۋەبلىك، خان كايىپ باش قوماندان، زالىم سەركەردە بەردى بەگ دوختۇيىنى قوشۇنى بىلەن ئەۋەتىپ، ئۇچ ئەھلىنى قەتلىئام قىلىپ، قىلىچتىن ساقلىنىپ ھايات قالغانلىرىنى يۇرت-يۇرتقا تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، تۇرپاندىن ئادەم كۆچۈرۈپ كېلىپ. قايتىدىن ئاۋات قىلغانىكەن؛ بۇ ۋەجدىن، شەھەر ئىسمى تۇرپاننىڭ ئىسمى بىلەن بىللە ئاتىلىدىغان بولغان، يەنى‹ئۇچ› سۆزىگە ‹تۇرفان› كەلىمىسىنى قوشۇپ ‹ئۇچتۇرفان› دەپ ئاتايدىغان بولغان؛ كېيىنچە ئاۋامنىڭ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى نەتىجىسىدە، ‹ئۇشتۇرفان› بولۇپ قالغان».

دېمەك، ئالىم مۇسا سايرامي بۇ بايانى ئارقىلىق، ھازىر «ئۇشتۇرپان» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ زېمىننىڭ يەر نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى تولىمۇ قايىل قىلارلىق قىلىپ، ئىلمي بايان قىلغان.

③ ئالىم مۇسا سايرامي تۇرپان بابىدا مۇنداق خاس بايانلارنى ئىپادىلىگەن: «ئادەملىرى ئەۋزائى راست قەۋل ۋە راست سۆزلۈك؛ ئۆز ئىشىغا پۇختا، مىكىر-ھىيلە ۋە غەدىر-خىيانەت يوقدۇر؛ ئەقىدە ئىخلاسلىرى تازە، ھاۋاسى ئىسسىغ، ئابىي جارىيلارى كەمچىن، ئەكسەرى كارىز بىرلە زىرائەت قىلادۇر؛ غۇزەئى كەبەزلىرى ئوبدان بولادۇر، تەرەنجىبىن ھەم تۇرفانغا خاسدۇر؛ كىشمىش ئۈزۈملەرى تولا ۋە سىيراب، شەھىر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر؛» (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 346- بەت)

تەرجىمىسى: ئادەملىرىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى سەمىمي، راست سۆزلۈك، ئۆز ئىشىغا پۇختا، ھىلە-مىكىر ۋە خائىنلىق-يۈزسىزلىكتىن خالىي، ئەقىدە-ئىخلاسلىرى تازا؛ تۇرپاننىڭ ھاۋاسى ئىسسىق، ئېقىن سۇيى ئاز، مۇتلەق كۆپ ھالدا كارىز سۇيىگە تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلىدۇ؛ غوزا كېۋەزلىرىمۇ ئوخشايدۇ، تەرەنجىۋىلمۇ تۇرپاننىڭ خاس مەھسۇلاتىدۇر؛ كىشمىش ئۈزۈملىرى ئاجايىپ تولا، سودىگەرلەر، شەھەر-شەھەرلەرگە ئېلىپ كېتىشىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا)

بۇ بايانلاردىن بىز تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھەرقانداق قىيىن شارائىتنى يېڭىش ئىرادىسىگە، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە قولايسىزلىقلارنى ھەرخىل ئامال-چارىلەر بىلەن بويسۇندۇرۇش جاسارىتىگە ئىگە

ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقىل-پاراستىگە تايىنىپ، دۇنياۋى مۆجىزە، يەر ئاستى سەددىچىن سىپىلى ـــ كارىزنى كەشىپ قىلغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. شۇنداقلا، بۇ بايانلاردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھىت ۋە شارائىتقا سەل قارىمايدىغان، ھەرقانداق قىيىن مۇھىتتىمۇ ئۆزىنى قوغداشنى بىلىدىغان خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

④ ئاقسۇ توغرىسىدا بولسا: «ئاقسۇ ئەھلى توغرا، ياۋاش، سادده، مۇلايىم، تەۋازۇئ پىشەلىك؛ غەللە ساقلىمايدۇر تەۋەككۇلى زىيادە؛ شەھر ئادەملەرى ئەكسەرى كۈنلۈك نانلارنى يەۋمەن فەيەۋمەن بازاردىن ئالادۇرلار، بۇ ۋەجھدىن ئاشپەز-نانۋايلارى رەۋاج ۋە رەۋنەقى زىيادە؛ گۈرۈنجلەرى تازە، شەھر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر. (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 336- بەت) دەپ يازغان.

تەرجىمىسى: ئاقسۇ خەلقى توغرا-دۇرۇس.ياۋاش،سادda، مۇلايىم، كەمتەر خۇسۇسىيەتلىك؛ ئۆيىدە ئاشلىق ساقلىمايدۇ، تەۋەككۇلچىلىقى زىيادە، شەھەر ئادەملىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى كۈنلۈك نانلىرىنى كۈنلۈك شەھەر بازىرىدىن سېتىۋالىدۇ؛ شۇ سەۋەپتىن، ئاشپەز-نانۋايلىرى كۆپ، ئاشپەزلىك ۋە نانۋايلىق راۋاجلانغان؛ گۈرۈجى ئېسىل، شەھەر-شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ.» ( قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر، يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا ).

بۇ بايانلاردا، ئاقسۇ خەلقىنىڭ تۈز-توغرا، سەممىي ئىنسانلار ئىكەنلىكى، ئاقسۇ گۈرۈجىنىڭ ئېسىل ۋە ئەزەلدىن مەشھۇر ئىكەنلىكى گەۋدىلەنگەن.

⑤ئاپتور كۇچانىڭ خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇنداق بايان قىلغان: «كۇچانىڭ قەدىم ئىسمى ‹كۇسەن› ئەكەن، كۇچا ئەھلى فئلى ئەتۋاراتى ئىتتىفاق ۋە ئۈلفەتلىكدە زىيادە؛ ھەمە ئادەملىرى سىپاھىپىشە، خۇشلۇق، زەرىف ئەندىشە؛ ۋە زۇئەفالارىنىڭ ھىممەت ۋە جۈرئەتلەرى ئەرەنلەردىن زىيادە، ئىلىم-ئەمەل ۋە كەسب-ھۈنەردە ھەم كەملىكى يوق؛ ئادەملىرىگە قاراغاندا، زەمىنلىرى كەڭرۈ ۋە تاز؛ ھەر ھەفتەدە باي،سايرامدىن ئەقەللىي بەش يۈز ئەشەك ئۇلاغدا ئاشلىق ۋە ياغ كەلىپ تۇرادۇر؛ ھەر نەۋئ يەمىشلەرى ۋە مەئىيشەتلەرى باشقا شەھرغە نەزەر قىلغاندا تولا ۋە سىراب؛ ھۆل-قۇرۇغ يەمىشلەرنى سەۋداگەرلەر شەھر-شەھرغە ئالىپ كەتەدۇر؛ چەھار پاي تولا، ئۆزلەرىغا كىفايە قىلادۇر.» (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدىي» قولىيازما، 345- بەت)

تەرجىمىسى؛ كۇچانىڭ قەدىمىي ئىسمى ‹كۇسەن› ئىكەن؛ كۇچالىقلار مىجەز-خاراكتېر جەھەتتىن ئۆم-ئىتتىپاق، دوست-ئۈلپەتچىلىكتە يۈكسەك كېلىدۇ؛ ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئەدەپ-قائىدىلىك، يېقىشلىق، گۈزەل سۆزلۈك؛ ئاياللىرىنىڭ ھىممەت-جۈرئىتى ئەرلىرىدىن ئۈستۈن، ئىلىم-ئەمەل، كەسىپ-ھۈنەردىمۇ قېلىشمايدۇ؛ كۇچانىڭ نوپۇسىغا سېلىشتۇرغاندا، زېمىنى كۆپ ۋە مۇنبەت؛ ھەر

ھەپتىدە باي، سايرامدىن ئەقەللىيسى بەش يۈز ئېشەك-ئۇلاغدا ئاشلىق ۋە ياغ كېلىپ تۇرىدۇ؛ تۇرلۇك يەل-يېمىش ۋە يېمەك-ئىچمەكلىرى باشقا شەھەرگە سېلىشتۇرغاندا مول ھەم مەمۇرچىلىق؛ ھۆل-قۇرۇق مېۋىلىرىنى سودىگەرلەر شەھەر-شەھەرگە ئېلىپ كېتىدۇ؛ ئۇلاغ چارۋىلىرى تولا، گۆش تەمىناتى ئۇچۇن ئۆزلىرىگە يېتىدۇ، بەلكى ئېشىپ قالىدۇ. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا ).

بىز بۇ بايانلاردىن كۇچا ئادەملىرىنىڭ ئۆم-ئىناق، دىلكەش-چىقىشقاق، تىرىشچان-ئەمگەكچان ئىكەنلىكىنى، بولۇپمۇ ئايالىرىنىڭ جاسارەتلىك، غەيرەتلىك كېلىدىغانلىقىنى؛ كۇچا زېمىنىنىڭ باي، مۇنبەت ئىكەنلىكى قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرنى بىلۋالالايمىز.

⑥ ياركەنت توغرىسىدىكى بايانىدا، داڭلىق زىيارەتگاھ —— ئالتۇنلۇقۇم مازىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان . بايانىدا، ئالتۇنلۇقۇم مازىرىنىڭ ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ خانلىق مازىرى بولۇپ، ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ تاكى ئىسمايىل خان ۋە مۇھەممەد ئەمىن خانلار زامانىغىچە بولغان خانلار ۋە ئەۋلادلارىنىڭ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلىقىنى: «ئەينى ۋاقىتتا كىشلەر خانلارنىڭ جەسدى بار يەرلەرنى، بەلكى خانلارنىڭ جەسدىنىمۇ ھۆرمەتلەپ ۋە ئىززەتلەپ ‹ئالتۇن› دەپ ئاتايدىكەن، ھەتتا خانلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن ياكى قولىغا تېگىپ مۆھۈر باسقان يارلىق ۋە نىشانە خەتلەرنىمۇ ئۇلۇغلاپ ‹ئالتۇن نىشان›، ‹ئالتۇن دەستەك› دەپ ئاتايدىكەن، شۇڭلاشقا بۇ مازارمۇ ‹ئالتۇن مازار› دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بولسا كېرەك.» دېگەن مەلۇماتلار بىلەن ئىپادىلىگەن.
بىز بۇ بايانلاردىن ياركەنت شەھرىنىڭ ئەسلىدە، 200 نەچچە يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ، شۇنداقلا بۇ يەتتە شەھەرنىڭ پايتەختى بولغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مەشھۇر تارىخي جاي ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى خان جەمەتى قەبرىستانلىقىنىڭ نېمە ئۇچۇن ‹ئالتۇن مازار› دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى بىلىۋالىمىز.

⑦ ئالىم مۇسا سايرامي خوتەن توغرىسىدا خاس بايان بېرىپ: «خوتەن نىھايەتى كوھنا ۋە قەدىم مەئرۇپ شەھردۇر ۋە ئادەملىرى فىئىل ئەۋزائى بىر سۆز ۋە بىر قەۋل ۋە بىئەدىل ئىتتىفاق... ئەمما ئادەملەرىغە نەزەر قىلغاندا، زەمىنلەرى ئاجىز ۋە تولاسى قۇملۇقدۇر؛ غەللە ھاسلى ھەم كەمچىن؛ مىۋە-يەمىشلەرى سىيراب ۋە تولادۇر؛ يايلاق- بىيابانلارى بىپايان؛ چەھار پايلارى ھەم تولا ۋە زىيادەدۇرلار.» (قاراڭ: «تارىخى ھەمىدي» قولىيازما، 331- بەت) دەپ يازغان.

تەرجىمىسى: خوتەن ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، قەدىمىي ۋە مەشھۇر شەھەر؛ ئادەملىرىنىڭ خۇي-مىجەزى بىر تىل بىر دىل، مىسلىسىز ئۆم-ئىتتىپاق... ئادەملىرىگە قارىغاندا، يەر-زېمىنى ئاجىز، تولىسى قۇملۇق، ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ تۆۋەن؛ ئەمما مېۋە-چېۋىلىرى ئېشىپ-تېشىپ تۇرىدۇ، يايلاق-باياۋانلىرى كۆز يەتكۈسىز، ئۇلاغ چارۋىلىرىمۇ تولا ۋە جىقتۇر. (قاراڭ: يۇقىرىقى ئەسەر يېڭى تەرجىمە ئېلېكترونلۇق نۇسخا )

بۇ بايانلاردىن خوتەن خەلقىنىڭ ئىش-ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىدىغان، تىرىشچان؛ ئىچكى ئۇيۇمچانلىقتا، ئىتتىپاقلىقتا ئىگە خەلق ئىكەنلىكىنى بىلۋالالايمىز، ئەڭ مۇھىمى بۇ بايانلاردا ،ئۇيغۇرلارنىڭ «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دەيدىغان ھەقىقەتچىلىك پەلسەپىسى، ئۆم-ئىناق ياشاش پەلسەپىسى، ئىشچانلىق پەلسەپىسى، ئىش-ئەمگەكنى سۆيۈش پەلسەپىسى ئەمەلىي مىساللار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، سوتسيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تەكتىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئىلغار پەلسەپە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش بىز ئۈچۈن بىر ئۇدۇم بولغۇسى!

3

ئۇيغۇرلارنىڭ يېتۈك ئالىمى ۋە تارىخشۇناسى مۇسا سايرامىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا، تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە قارىماي قولىغا قەلەم ئېلىپ، بۇ زور ھەجىملىك يىرىك تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، بىز ئەۋلادلارغا نەمۇنە ۋە يادىكار قالدۇرغانلىقىدىن، مۇسا سايرامىنىڭ ئىنتايىن ئىلمخۇمار، ئۆز خەلقىگە، يۇرتىغا مەسئۇلىيەتچان، ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر بولۇشتەك ئېسىل ئەخلاقىي-پەزىلەتكە ساھىب بىر بۈيۈك ئەجداد ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيمىزكى، بۈگۈنكى كۈندە، ئالىم بوۋىمىزنىڭ بۇ گۈزەل پەزىلىتىنى ئۆگىنىش، تۆرلۈك خىزمەتلەردە ئۇنى ئۈلگە قىلىش نەق رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئالىم مۇسا سايرامىنىڭ يەتتە شەھەر ھەققىدىكى بايانلىرى بىزنى مەزكۇر ئۇيغۇر يۇرتلىرى توغرىسىدىكى تارىخىي بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەنى بىز بۇ بايانلاردىن يەتتە شەھەرنىڭ تارىخى، ئاھالىسى، جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى، ئادەملىرىنىڭ خۇلقى- مىجەزى، سودا-تىجارەتى، خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىق ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز، ئەمدى، بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى كۈنىمىزدىكى ئەھۋاللىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرساق، خاس ۋە ئومۇمىيەتلىك پەرقلەرنى تېپىپ چىقساق، بۇنىڭ يېڭى زاماندا، يېڭىچە قىياپەت ۋە يېڭىچە جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىزگە تۈرتكىلىك رولى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، ئالىم مۇسا سايرامي يازغان «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسەر بىر نادىر تارىخ كىتابى بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر يۇرتلىرىنىڭ جۇغراپىيىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پسىخولوگىيىسى، ئۆرپ-ئادىتى ۋە ياشام پەلسەپىسى قاتارلىقلار گۈزەل ئەدەبىي تىل بىلەن تويۇندۇرۇپ شەرھلەنگەن بىر قامۇستۇر. ھالبۇكى، بىز بۇ كىتابنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا بېرىلگەن قەدىمي ئۇيغۇر يۇرتلىرى بولغان يەتتە شەھەر ھەققىدىكى باياناتلىرىدىنلا، مەزكۇر يەتتە شەھەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپىمىز، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىغا ئائىت ئاز بولمىغان قىممەتلىك بىلىملەرگە، ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز. بۇلارنىڭ بىزنىڭ تۈرلۈك تەتقىقات خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن، پايدىلىنىش قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى ھەققەتەنمۇ ئىنتايىن چوڭدۇر.

**پايدىلانمىلار:**

مۇسا سايرامي: «تارىخى ھەمىدىي»، قوليازما نۇسخا، 1908-يىل.

مۇسا سايرامي: " تارىخى ھەمىدىي " (يېڭى تەرجىمە، ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي تەرجىمىسى)، ئېلېكترونلۇق نۇسخا.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي: " چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى گرامماتىكىسى" مىللەتلەر نەشرىياتى،2007-يىل نەشرى.

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي: «مۇسا سايرامي ۋە ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىقى» ( ئالىم مۇسا سايرامي تەۋەللۇتىنىڭ 170 يىللىقىغا ئاتاپ ) ،«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلىرى تەتقىقاتى» ژۇرنىلى،2007-يىللىق 1-سان.

x x x x x x

ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى تىل-يېزىق تەتقىقات جەمئىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئالىملىرىنىڭ ئۆز مىللەتلىرىنىڭ كلاسسىك تىل-يېزىقىدا يېزىلغان نادىر ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش بويىچە قولغا كەلتۈرگەن يېڭى-يېڭى نەتىجىلىرىنى كۆرەك قىلىدىغان كاتتا ئىلمىي سورۇندۇر. ھالبۇكى، بۇ سورۇندا ھەمىشە بوي كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر كلاسسىك تىل ۋە ئەدەبىياتى بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ۋە بېرىلىۋاتقان ئەڭ يېڭى ئەمگەك سەمەرىلىرىمىزنى باشقا قېرىنداشلار قاتارىدا، كۆرەك سەھنىسىگە قويۇش بىزنىڭ بۇرچىمىز ھېسابلىنىدۇ. مەن مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، ئون يىللار سەرپ قىلىپ ئىزچىل شۇغۇللىنىۋاتقان «تارىخى ھەمىدىي» تەتقىقاتىدىن بىر ئۆرنەك قىلىپ، يۇقىرىقى ئەسىرىمنى يىغىنىنىڭ

مۇھاكىمىسىگە قويدۇم ۋە مەزكۇر ئىلمدارلار سورۇنىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتىم. بۇمۇ مېنىڭ كاشغەرىي يىلىنى مەنىدار ۋە رەڭدار قىلغان ئەھمىيەتلىك كەچمىشىم بولۇپ خاتىرەمدىن مەڭگۈ ئۆچمەي قالدى.

**كاشغەرىيشۇناسلىق تۈركىيەدە**

مۇشۇ 2008-يىلىنىڭ ئىچىدە، «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»نى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن يالغۇز بىر تۈركىيەدىلا ئىستانبۇل، ئەنقەرە ۋە رىزە قاتارلىق شەھەرلەردە بەش قېتىم كەڭ كۆلەملىك خاتىرىلەش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى. مەن بۇ يەردە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتا تۈرك تىل ۋە تارىخ ئالىي كومىتېتىغا قاراشلىق تۈرك تىل قۇرۇمى (تىل-يېزىق كومىتېتى) نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن بېرىپ، «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىرى قۇرۇلتىيى»غا قاتنىشىش ئەھۋالىنى قىسقىچە خاتىرىلەپ ئۆتىمەن:

**ئەنقەرەدىكى تەنتەنە**

2008-يىل 10-ئاينىڭ 18-كۈنى كەچ سائەت بېيجىڭ ۋاقتى 11دىن 55 مىنوت ئۆتكەندە، «تۈرك ھاۋا يوللىرى»غا ئائىت ئايروپىلان بىلەن، تۈركىيەگە سەپەر قىلدىم. ئون سائەت ئۇچقاندىن كېيىن، تۈركىيە ۋاقتى بىلەن، 19-ئۆكتەبىر سەھەر سائەت بەش يېرىمدە، «ئىستانبۇل ئاتا تۈرك خەلقئارا ئايرودۇرۇمى»غا سالامەت قوندۇق. ئىستانبۇل ئايرودۇرۇمىدا بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، سائەت توققۇزنىڭ ئايروپىلانى بىلەن تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەگە يۈرۈپ كەتتىم. قىرىق بەش مىنوت ئۇچۇپ، ئەنقەرە «ئەسەن بۇغا ئايرودۇرۇمى»غا يېتىپ كەلدۇق.

تۈركىيە تىل قۇرۇمى ھەر تۆرت يىلدا بىر قېتىم تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزىدۇ. مەزكۇر «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىرى قۇرۇلتىيى» 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە پايتەخت ئەنقەرەدىكى «بىلكەنت مېھمان سارىيى»دا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ باش ماۋزۇسى «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000يىللىقىنى خاتىرىلەش» ۋە «تۈركىيە يېزىق ئىنقىلابىنىڭ 80 يىللىقىنى قۇتلۇقلاش» ئىدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن 500 رەسمىي ۋەكىل ۋە شۇ قەدەر تەكلىپلىك ئىشتىراكچىلار قاتناشقان ئېچىلىش مۇراسىمى 20-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون يېرىمدا، بىلكەنت مېھمان سارىيىنىڭ يىغىن زالىدا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭتۇڭى ئابدۇللاھ گۇل ۋە زوڭلى رەجەب تايىيب ئەردوغاننىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن، تولىمۇ داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن زالى سەھنىسىگە ئېسىلغان كاتتا پىلاكاتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇستاپا كەمال ئاتا تۈركنىڭ يېزىق ئۆزگەرتىش ئىنقىلابىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن رەسىم چۈشۈرۈلگەن؛ سول تەرىپىگە بولسا، قەشقەر ئوپالدىكى مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۈيۈك ئەجدادىمىز مەھمۇد

كاشغەرىي ھەيكىلىنىڭ سۈرىتى ئۇ سىزغان دۇنيا خەرىتىسىنىڭ سۈرىتى بىلەن بىللە تولىمۇ روشەن ۋە كۆركەم گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئالدى بىلەن، مەھمۇد كاشغەرىي باش بولغان ئەجدادلارغا ئەسلەش تەزىيىسى قىلىندى؛ ئارقىدىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت مارشى-ئىستىقلال مارشى جاراڭلىق ئوقۇلدى. ئارقىدىن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شۇ تاپتىكى زوڭلىسى رەجەب تايىيىپ ئەردوغان تولۇپ تاشقان مۇھەببەتلىك تەبرىك سۆزى سۆزلىدى؛ ئارقىدىن، تۈرك تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ باشلىقى پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندى نۇقتىلىق نۇتۇق سۆزلىدى.

ئۇ نۇتقىدا، 5-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيى ئۆكۈزۈلگەن 2004-يىلىنىڭ مابەينىدە، تۈركىيە تىل-يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن ھوسۇللۇق خىزمەتلەر مېغىزلىق بايان قىلدى. بۇ 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەر ۋە قىلىنغان ۋە يەنە قىلىنىدىغان خىزمەتلەردىن ئۇچۇرلار بەردى. پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىنىڭ نۇقتىلىق نۇتۇقىنىڭ ئارقىسىدىن، «مەھمۇد كاشغەرىي» ماۋزۇلۇق بىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆرسىتىلدى. فىلىمدە، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىجاتكار ۋە مۆجىزىكار ھاياتى مېغىزلىق بايان ۋە چاتما سىزما رەسىملەر ئارقىلىق، شۇ قەدەر جانلىق تەسۋىرلەنگەن ئىدىكى، ئۇ دۇنياۋى بۈيۈك ئالىمنىڭ ئەۋلادى بولغان ھەر ئىنساننى ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىقنىڭ يۈكسەك ھوزۇرىغا چۈمۈلدۈرىۋېتەتتى.

20-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىندىن باشلاپ، گۇرۇپ-گۇرۇپىلارغا بۆلۈنگەن ئالىملار ئىلمىي ماقالە ئوقۇش ۋە مۇھاكىمە قىلىشنى باشلىۋەتتى. مەن تەقسىم بولۇنغان گۇرۇپ مەزكۇر مېھمانخانىنىڭ «فۇرات» زالىغا توپلاندۇق. مېنىڭ نۆۋىتىم شۇ 20-ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە كەلدى. مەن ئېلىپ كەلگەن ئىلمىي ماقالەمنى ئۆزۈم رېژىسسور ۋە فىلىم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن «مەھمۇد كاشغەرىي يىلىدىكى ئوپال مەقبەرە زىيارىتى» ناملىق ئون بەش مىنوتلۇق ھۆججەتلىك فىلىم بىلەن بىللە بايان قىلىپ ئۆتتۈم. فىلىمدە، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەن يېتەكچى بولغان قىرىق نەپەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ بېيجىڭدىن قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، 2008-يىل 7-ئاينىڭ 25-كۈنى بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەندى. تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن يىغىن ئەھلى فىلىمنى زور قىزىقىش بىلەن كۆردى. مۇھاكىمە ۋاقتىدا، ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن پىكىر بايان قىلىپ: «تەكلىماكانىي ئەپەندى، سەن بىزنى كاشغەرگە ئاپىرىپ كەلگەندەك بولدۇڭ. بىز شۇ تاپتا، بۈگۈنكى كاشغەرنى ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر تۈركلىرىنى كۆردۇق. ئۈستىگە مەھمۇد كاشغەرىي مايكىسىنى كىيگەن، مەيدىسىگە كاشغەرىينىڭ خاتىرە ئىزنىكىنى تاقىغان ئەۋلادلارنىڭ ئورتاق بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ

مەقبەرىسىنى ئېھتىراملىق قوللىرىنى سۆيۈنۈش مەيدىسىگە قويغان ھالدا، ئايلىنىپ تاۋاپ قىلغانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە تولىمۇ ھاياجانلاندۇق...»، «سەن ئۆزۈڭ باش رول ئېلىپ ھازىرلىغان بۇ ھۆججەتلىك ئىلمىي فىلىم – سېنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسىرىڭ بەك كاتتا ئەمگەك بولۇپتۇ. جانلىق كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى دېگەن مانا شۇ، ساڭا ئاپىرىن ۋە تۈگىمەس تەشەككۇرلار ئېيتىمىز!» دېيىشتى. ئالىملارنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىققان تەستىقلاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ھاردۇقۇم چىققاندەك بولدى، ھەقىقەتەنمۇ مەمنۇن بولدۇم.

قۇرۇلتاي ئەسناسىدا، 10-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم.

سوئال: تەكلىماكانىي ئەپەندىم، تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى «تۈركىيە ئاۋازى» قانىلى مۇشۇ 9-ئايدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش بېرىشنى يولغا قويدى، بۇ ئەھۋالغا سىز قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: مەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مەخسۇس ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمى قۇرۇپ، «تۈركىيە ئاۋازى» قانىلىدىن ئاڭلىتىش بېرىشنى باشلىغانلىقىنى چىن قەلبىمدىن قۇتلۇقلايمەن. مېنىڭچە، بۇ ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ 2008-يىلىنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغانلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن تەبرىكلەش بوپتۇ. ئۈمىدىم شۇكى، بۇ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش تۈركىيە خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى كۈچەيتىش ۋە بىر-بىرىنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئىجابىي ۋە ئەمەلىي رول ئوينىغۇسى!

سوئال: سىز بۇ قېتىم تۈركىيەگە كېلىپ، بۇ 6- نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك تىلى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپسىز. مۇشۇ قۇرۇلتاي ھەققىدىكى تەسىراتىڭىزدىن ئازراق سۆزلەپ بەرسىڭىز قانداق؟

جاۋاب: بولىدۇ. مەن بۇ قېتىم ئالتىنچىسى بولغان  خەلقئارالىق تۈركىي تىل قۇرۇلتىيىغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم. مەندىن باشقا، جۇڭگونىڭ بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىدىن كەلگەن يەنە ئالتە نەپەر ئۇيغۇر بىلىم ئىنسانى بار. تەسىراتىمچە، بۇ قۇرۇلتاينىڭ «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش»نى بىر ئاساسىي ماۋزۇ قىلغانلىقى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان. خەۋەردار بولۇشىمىزچە، دۇنيادىكى ئوتتۇز تۆرت دۆلەتتىن كەلگەن بەش يۈز نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشقان بۇ قۇرۇلتايغا جەمئىي تۆرت يۈز ئوتتۇز سەككىز پارچە ئىلمىي ماقالە سۇنۇلغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي ماقالىلارنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى كاشغەرىيشۇناسلىق ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ھەققىدە يېزىلغان

ئىلمىي ماقالىلار ئىگىلەيدىكەن. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زوڭتوڭ ۋە زوڭلىسىمۇ قاتناشقان قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قويۇلغان ھۆججەتلىك ئىلمىي فىلىم «مەھمۇد كاشغەرىي» تولىمۇ ياخشى ھازىرلىنىپتۇ. سىزما رەسىملەر كىرىشتۈرۈلۈپ بېرىلگەن چۈشەندۈرۈشلەر ناھايىتى ئىلمىي ۋە جانلىق بولۇپتۇ. يىگىرمە مىنوتلۇق بۇ فىلىمنى باشتىن-ئاخىر ھاياجان ئىچىدە كۆردۇق. فىلىمنىڭ تۈگەنچە كەلىمىسى بولغان «مىڭ ياشا، مەھمۇد كاشغەرىي ۋە يەنە مىڭلارچە يىللار! Bin yaşa Kaşgalı Mahmud ve binlerce» دېگەن شوئار ھەممىدىن تولا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىنى بەكرەك زىل-زىلىگە سالدى، دەپ ئويلايمەن.

**كاشغەرىيشۇناس شۈكرۈ خالۇك ئاكالىننى زىيارەت**

10-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن، تۈركىيە تىل-يېزىق كومىتېتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇدىرى، مۇشۇ 2008-يىلى، تۈرك تىل قۇرۇمى نەشرىياتى تەرىپىدىن ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان «مىڭ يىل بۇرۇن ۋە مىڭ يىل كېيىن – مەھمۇد كاشغەرىي ۋە دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق رەسىم ۋە سۈرەتلىك ئوقۇشلۇق كىتابىنىڭ ئاپتورى، ئاتاقلىق كاشغەرىيشۇناس، پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىنى «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللىرى قۇرۇلتىيى»نىڭ قوماندانلىق ئىشخانىسىدا زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

- مەرھابا، تەكلىماكانىي ئەپەندى، سەن ئەڭ ئۇزاقتىن كەلگەن ئەڭ يېقىن قېرىندىشىمسەن، خوش كەلدىڭ!- دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ. مەن ئۇنىڭ شۇنچە ئالدىراش ئەھۋالدا، ۋاقىت چىقىرىپ مېنىڭ زىيارىتىمنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن تەشەككۇر ئېيتتىم. ئۆزئارا ئەھۋاللىشىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىلەن يېقىندىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولدۇم.

پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن، ئەر، 1956-يىل 1-ئاينىڭ 22-كۈنى، جەنۇبىي تۈركىيەدىكى ئادانا شەھىرىنىڭ تۆپەباغ رايونىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1963-يىلدىن 1968-يىلغىچە ئادانا شەھىرىدىكى «جەلالەتتىن سەيھان باشلانغۇچ مەكتىپى»دە، 1968-يىلدىن 1972-يىلغىچە «ئۆزەل سەيھان نۇر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى»دە، تولۇق ئوتتۇرىنى بولسا، 1972-يىلدىن 1975-يىلغىچە ئىستانبۇلدىكى «فاتىھ ئوغۇللار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»دە ئوقۇغان. 1975-يىلدىن 1979-يىلغىچە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ تۈرك تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدە ئوقۇغان. 1987-يىلى، «سالتۇقنامە ئۈستىدە تەتقىقات» ماۋزۇلۇق دوكتورانت دىسسېرتاتسىيە ئەسىرى (تېزى)نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «ئەدەبىيات دوكتورى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1989-يىلى ئادانا شەھىرىدىكى چۇقۇر ئوۋا ئۇنىۋېرسىتېتى پەن-ئەدەبىيات

ئىنستىتۇتىنىڭ تۈرك تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا لېكتور ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنغان. 1990-يىلى دوتسېنت، 1996-يىلى بولسا، پروفېسسور بولغان. 1993-يىلدىن 2001-يىلغىچە، چۇقۇر ئوۋا ئۇنىۋېرستېتى تۈرك تىلى فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 2001-يىلى 4-ئاينىڭ 15-كۈنى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتا تۈرك تىل ۋە تارىخ ئالىي كومىتېتى قارمىقىدىكى تۈرك تىلى قۇرۇمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ ھازىرغىچە «ئەبۇلخەيرى: ‹سالتۇقنامە››»، ئۈچ توم، كلاسسىك تېكست تەتقىقاتى ئەسىرى(1989-1993-يىللار، ئەنقەرە)، «شور تىلى لۇغتى» (1995-يىل، ئادانا)، «ئانا يۇرتتىن ئاتا يۇرتقا سەپەر» (ساياھەت خاتىرىسى، 1995-يىل، ئادانا)، «تەلەئۈت شىۋە لۇغتى» (2000-يىل، ئەنقەرە)، «تۈرك تىلى لۇغتى» (10-نەشرى، 2005-يىل)، «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى لۇغتى» (2005-يىل)، «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن يېزىقچىلىق قوللانمىسى» (2005-يىل)، «يېزىقچىلىق قوللانمىسى» (2005-يىل، ئەنقەرە) قاتارلىق ئون توم كىتاب ۋە «مۇستافا كەمال ئاتا تۈرك دەۋرىدىكى تۈرك تىلى ۋە تۈرك تىلى قۇرۇمى»، «جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى تۈرك تىلى» قاتارلىق ئاتمىش پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ھوسۇللۇق بىر ئالىمدۇر.

- مەن جۇڭگوغا ئۈچ قېتىم باردىم، ھەر بارغىنىمدا، قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدىم. «مىڭ يىل بۇرۇن ۋە مىڭ يىل كېيىن – مەھمۇد كاشغەرىي ۋە دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق رەسىم ۋە سۈرەتلىك ئوقۇشلۇق كىتابىمدىكى كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ قەبرىگاھىغا ئائىت سۈرەتلەرنى مەن ئۆزۈم تارتقان!.- دېدى خالۇك ئەپەندى تولىمۇ ئېپتىخارلانغان ۋە غۇرۇرلانغان قىياپەتتە.،- مەھمۇد كاشغەرىي سەن-بىزنىڭ بۈيۈك شاھ ئالىمىمىز، داھىي ئالىمىمىزدۇر. ھالبۇكى، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى پۈتكۈل تۈركولوگىيە ساھەسىدە، باشقا ھەر قانداق تەتقىقاتنى مول ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان ۋە يېتەكلەيدىغان مەڭگۈلۈك تەتقىقات ماۋزۇيىمىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە!

مەن پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئەپەندى بىلەن 2001-يىل 10-ئايدا، ئەنقەرەدە تونۇشقان. ئۇ چاغ مېنىڭ تېخى ئەنقەرە ئۇنىۋېرستېتىدە دوكتورانت ۋاقتىم ئىدى. شۇندىن بۇيان، بىزنىڭ ئۆز ئارا سالام سائېتىمىز بار. سەككىز يىللىق تونۇشلۇق تەسراتىمدىن ئېلىپ ئېيتسام، خالۇك ئەپەندى يۈكسەك غايىلىك، تىرىشچان، پائالىيەتچان ۋە ئىشچان بىر ئالىم. ئۇ گەپنى پۈتۈن- پۈتۈن قىلىدۇ. ئەمما، ئىشنىمۇ جەدەللەپ قىلىدۇ، «قىلىمەن» دېگەن ئىشىدىن بىر نەتىجە چىقارمىغىچە «بولدى» قىلمايدۇ. ئالايلۇق، 2008-يىل بېيجىڭدا، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تۈرك تىلى قۇرۇمى بىلەن جۇڭگو بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرستېتى ئورتاق ئۇيۇشتۇرغان «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ

مىڭ يىللىقنى خاتىرىلەش خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپ ئۆتتى. تارىختا تۇنجى قېتىم بولغان مەزكۇر خەلقئارالىق ئىلمىي مىھاكىمە يىغىنى دەل مۇشۇ شۈكرۈ خالۇك ئاكالىن ئەپەندىنىڭ تەكلىپى ۋە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە رويابقا چىققان. مەزكۇر يىغىنىنىڭ ۋاقتىدا ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك ئېچىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئىككى قېتىم بېيجىڭغا بېرىپ، مەخسۇس كېڭەش ۋە مۇزاكىرىلەرگە ئىشتىراك قىلدى، ئەڭ ئۇششاق ئىشلارغىچە ئۆزى قول تىقىپ ئىشلىدى.

- كاشغەرىيشۇناسلىق يالغۇز تۈركىيەگە ياكى جۇڭگوغىلا تەئەللۇق ئىلىم ساھەسى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنياغا تەئەللۇق خەلقئارالىق بۈيۈك ئىلىم ساھەسىدۇر. كاشغەرىي بوۋىمىز باشلاپ بەرگەن سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ئىلمى ۋە ئۇنىڭ ھىدايەتكار تۆھپىسى خەلقئارا ئالىملارنىڭ ئورتاق قايىللىقىدىن ۋە ماقۇللۇقىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈنلا 2008-يىلى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولالىدى. ھالبۇكى، كاشغەرىيشۇناسلىقنىڭ زامانغا مۇناسىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن، سەن-بىز بارلىقىمىزنى بېغىشلىشىمىز كېرەك،- دېدى خالۇك ئەپەندى زىيارەتىم ئاخىرىدا ئۆزىگە خاس بىر خىل قەتئىيەت بىلەن.

شۇنداق، كاشغەرىيشۇناسلىق بىر دۇنياۋى ئىلىم. ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللىنىش، شۇغۇللانغاندىمۇ پروفېسسور، دوكتور شۈكرۈ خالۇك ئەپەندىدەك ئىخلاس بىلەن، ئىنچىكىلىق بىلەن ۋە جاسارەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئىنسان ھاياتىنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ۋە ئەبەدىيلىك قىلىدۇ.

خالۇك ئەپەندىم تولىمۇ ئالدىراش بولغاچقا، مېنىڭ خاس زىيارىتىم ئاران يىگىرمە بەش مىنۇت داۋاملىشالىدى. بىراق، ئۆزۈم چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولغان بىر كاشغەرىيشۇناسنى نەق سورۇنىدا زىيارەت قىلىپ، بىر قەدەر دىلكەشلىشىۋالغىنىم ئۈچۈن تولىمۇ مەمنۇن بولدۇم.

**كاشغەرىيشۇناس ئۆزتۈرك خانىمنى زىيارەت قىلىش**

ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى ئاساسىدا، 1994-يىلى، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر كاشغەرىيشۇناسلىقىنىڭ تۆھپىكارى بولغان بولسا، تۈركىيىلىك ئۆزتۈرك خانىم ئۇنى 2006-يىلى، ھازىرقى زامان تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلىپ، دۇنيا كاشغەرىيشۇناسلىقىنىڭ ئىپتىخارلىق بىر تۆھپىكارى بولدى، دەپ قارايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىيەدە بولغان كۈنلىرىمدە، بۇ تۆھپىكار ئەدىب ۋە تەرجىمانىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا يۈز تۇرانە تۇرۇپ ئۆز رەھمىتىمنى ئېيتىش ۋە قايىللىقىمنى بىلدۈرۈشنى بىر بۇرچ ھېسابلىدىم.

10-ئاينىڭ 28-كۈنى، مەن ئىستانبۇللۇق ئۇيغۇر ئىلىم ئادىمى. بۇرادىرىم ئابدۇلئەزىز ھاجىم بىلەن بۇ قېتىم ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن «6-نۆۋەتلىك تۈركىي تىللار قۇرۇلتىيى»غا قاتنىشىش جەريانىدا تونۇشقان ياپونىيىلىك ئۇيغۇر بىلىم ئادىمى ھاجى قۇتلۇق قادىرىيلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، كاشغەرىيشۇناس ئۆزتۈرك خانىمنى ئۆيىدە زىيارەت قىلىشقا مۇشەررەپ بولدۇم.

ئۆزتۈرك خانىم ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى مارمارا دېڭىز بوغىزىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان «يېڭى كۆي» مەھەللىسىدىكى «سەلجۇق» قورۇسىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىكەن. ئالتىنچى قەۋەتتە بولغان ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن مارمارا بوغىزى ۋە ئۇنىڭدا ئۈزۈپ يۈرگەن پاراخوتلار ئويپئوچۇق كۆرۈنۈپلا تۇرىدىكەن. بىز ئېھتىرام بىلەن زىيارەتكە كەلگەن بۇ كۈنى، ئىستانبۇلدا ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، دېرىزىدىن كىرىپ تۇرغان راھەت، ساپ، سالقىن ھاۋا سۆھبىتىمىزنى تەبىئىي گۈزەل مۇھىت بىلەن زىننەتلەپ تۇراتتى گويا.

- مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ ئۆرنەك ھاياتى مېنى ناھايىتى بالىلىق ۋاقتىمدىن تارتىپ، ئىلىم يولىدا دادىل مېڭىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلمەكتە،- دەپ سۆز باشلىدى ئاتمىش ياشلاردىكى ئۆزتۈرك خانىم،- پەرھات جىلان ئەپەندى يازغان تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى كۆرگەن شۇ بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا، ئۇنى تۈركچىگە تەرجىمە قىلىش نىيىتىگە كەلدىم. بىراق، مەن بىر نەرسە تەرجىمە قىلسام، ئۇيانىدىن ئېلىپلا، بۇيانىدىن تەرجىمىگە چۈشۈپ كېتەلمەيمەن. ئەكسىچە، ئالدى بىلەن تېكىستنى قايتا- قايتا ئوقۇيمەن، ئاندىن، تېكىست مەزمۇنىنى مۇلاھىزە قىلىپ، تىل پاساھىتى-گۈزەللىكىنى، ئىپادە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئۆزلەشتۈرىۋېلىشقا تىرىشىمەن. ئاندىن، رەسمىي تەرجىمە قىلىشنى باشلايمەن.

– ھەقىقەتەنمۇ ئەستايىدىل تەرجىمانىكەنسىز،- دېدىممەن، سەممىي قايىللىق تۇيغۇم بىلەن.

– مەن بۇ كىتابنى ئىككى قېتىم تەرجىمە قىلغان بولدۇم، قاراڭ،- دەپ مۇنداق بىر كەچمىشنى سۆزلەپ بەردى ئۆزتۈرك خانىم،- مەن بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى 1998-يىلى كۆردۈم. بىر قانچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. ئاندىن تەرجىمە قىلىشقا باشلىدىم.تەرجىمىنى 1999-يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاماملاپ، نەشرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيىگە كېتىپ قالدىم. گېرمانىيىدە ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدىم. قايتىپ كەلسەم، كىتاب تېخىچە نەشردىن چىقماپتۇ. نەشرىياتقا بېرىپ سۈرۈشتۈرسەم، كىتابىمنىڭ ئورىگىنالىنى تېپىپ بېرەلمىدى. دېمەك، تەرجىمە ئەسىرىم نەشرىياتتا يوقىلىپ كېتىپتۇ. كۆپ رەنجىدىم. بىراق، رەنجىشتىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى، ‹ھەي،

قىسمەت!› دېدىم-دە، قايتىدىن تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىككىنچى قېتىملىق تەرجىمىنى 2004-يىلى باشلاپ، 2005-يىلى ئاخىرلاشتۇردۇم.

– قايتا تەرجىمە قىلىش سىزگە ئېغىر تۇيۇلمىدىمۇ؟،- ئۆز كەچمىش ۋە تەسىراتلىرىمىغا سىڭىشتۇرۇپ، قىزىقىپ سورىدىم.

– توغرا تەخمىن قىلدىڭىز ، تەكلىماكانىي ئەپەندىم،- دېدى ئۆزتۈرك خانىم سەممىي قىياپەتتە،- ئېغىر كەلدى. ئەمما، دەرھال ئۆزۈمنى ئوڭشىۋالالىدىم. كىم بىلىر، مەھمۇد بوۋامنىڭ هارماس-تالماس روھى مەدەتكار بولدى بولغاي ماڭا!،- ئۇ ئۆز سۆزىدە داۋام قىلدى،- ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ كىتابنى نەشر قىلىشقا سۆز بەرگەن «كاكنۇس نەشرىياتى»نىڭ باشلىقى مۆھتەرەم مەھمەت چىفتچى ئەپەندى مېنى سەممىي رىغبەتلەندۈردى ۋە ھەر تەرەپتىن قوللىدى. مەسئۇل مۇھەررىر سەدا دارجان چىفتچى ئەپەندىم بىر قانچە قېتىم مېنى چاقىرتىپ، ئەسەردىكى ئاتالغۇلار، بايانىدىكى ئۆزگىچىلىكلەر ئۈستىدە مەن بىلەن مۇزاكىرە قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچىسى بىلەن تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ ئوخشاشلا گۈزەل، پاساھەتلىك چىقىشى ئۈچۈن خالىس تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، مەن تەرجىمە قىلغان تارىخىي رومان «Kaşgarlı Mahmud»( مەھمۇد كاشغەرىي) 2006-يىل بەش مىڭ تىراژ بىلەن نەشردىن چىقتى. بۇ ھالدا، مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقتى، ناھايىتى مەمنۇن بولدۇم....

شۇ تەرىقىدە، بىزنىڭ زىيارىتىمىز بىر سائەتچە داۋام قىلدى. ئۆزتۈرك خانىمنىڭ مەزكۇر تارىخىي رومانىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجىر-ئەمگىكىدىن تولاراق باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قانداق قوللىغانلىقى ۋە ئەمەلىي ياردەمدە بولغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ پىكىر قىلىشى مېنى ئالاھىدە تەسىرلەندۈردى. مەن بۇ قېتىم ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدا كۆرۈشكەن ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «مەھمۇد كاشغەرىي» رومانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنىڭ خۇددى ئۇيغۇرچىسىغا ئوخشاشلا گۈزەل، پاساھەتلىك چىققانلىقىنى ئېيتىشقانلىقى ئېسىمگە كەلدى. بۇ ھالدا، ئەدىب، تەرجىمان ئۆزتۈرك خانىمغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى.

- كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە يەنە قانداق خىزمەت پىلانىڭىز بار، بىلىشكە بولۇرمۇ؟،- سورىدىمەن زىيارىتىم ئاخىرلىشاي دېگەندە.

– مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىز ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ مېنىڭچە،- دېدى ئۆزتۈرك خانىم ئۇزاققا كۆز

تىكىپ تۇرۇپ،- مەن نۆۋەتتە، پەرھات جىلاننىڭ مۇشۇ رومانى ئاساسىدا، «مەھمۇد كاشغەرىي» نىڭ كىنو سىنارىيىسىنى يېزىۋاتىمەن. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار مېنى ياخشى قوللاۋاتىدۇ. سىنارىيەم مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتسە، «مەھمۇد كاشغەرىي» نىڭ كىنوسى ئىمكان بار بۇرۇنراق روياپقا چىقسا، دېگەن ئارزۇدا جىدەللەپ ئىشلەۋاتىمەن.

ئۆزتۈرك خانىمنىڭ تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنى ھەم ھاياجانلاندۇردى ھەم روھلاندۇردى. مەن بۇ قېتىم تۈركىيەدە ئېلىپ بارغان ئون ئۈچ كۈنلۈك ئىلمى زىيارىتىم جەريانىدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىرىم ئاساسىدا، شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىلمىيپەۋەرلىك روھى تۈركىيەدە ئىرپان غۇنچىلىرىنى ئۆزلۈكسىز پورەكلەپ ئېچىلدۇرىۋېتىپتۇ، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقات قوشۇنى بولسا، تۈركىي خەلقلەر دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىگە نەمۇنە-ئۆرنەك بولغىدەك دەرىجىدە، كۈنسېرى زورىيىپ مېڭىۋېتىپتۇ.

**پايتەخت بېيجىڭدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەنتەنىسى**

2008-يىل 11-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بېيجىڭدا، جۇڭگو بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى ئاتاتۈرك تىل ۋە تارىخ يۈكسەك قۇرۇمى قارمىقىدىكى تۈرك تىلى قۇرۇمى (تىل-يېزىق كومىتېتى) ئورتاق ئۇيۇشتۇرغان «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپ ئۆتتى. بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشىت ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈرداۋامەت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى قاتنىشىپ، يىغىننىڭ ئەھمىيىتىنى، قىممىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى. جۇڭگودا تارىختىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ كاتتا خەلقئارالىق يىغىن ئەمەلىيەتتە، بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەمگەكلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان، كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلىرىگە تەنتەنە قىلىدىغان كاتتا مەرىكە بولدى.

بۇ خەلقئارالىق يىغىنغا تۈركىيە، ئازەربەيجان ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملار قوشۇلۇپ جەمئىي 120 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. يىغىن رىياسەتگە جەمئىي 110 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي ماقالىلەر مەزمۇنىغا قاراپ، «تىل گۇرۇپپىسى»، «ئەدەبىيات

گۇرۇپپىسى» ۋە «تارىخ گۇرۇپپىسى» دەپ ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈپ مۇھاكىمىگە قويۇلدى، مەن ئۆزۈم تەقسىملەنگەن ئەدەبىيات گۇرۇپپىسىدا، مۇنۇ ئىلمىي ماقالەمنى ئوقۇدۇم:

**جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق**

ئادەتتە، بەزى ئىلىم ئادەملىرى تەرىپىدىن «دىۋانشۇناسلىق» دەپمۇ ئاتىلىۋاتقان «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) شۇناسلىق پەقەت قامۇس «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئۈستىدىلا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمدى، كاشغەرىيشۇناسلىق بولسا، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلىق شەخسىيتى، ئالىملارغا خاس روھى، ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئەمگەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئالىمنىڭ كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، ھەتتا ئالىمنىڭ يار-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇغ-تۇغقان خىش-ئەقرەبالىرىغا تالىق تەتقىقاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن، دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، مۇھاكىمىگە قويۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرمۇ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

يەنە بىرسى، «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»شۇناسلىق، يەنى «دىۋانشۇناسلىق» ئاساسەن تىلشۇناشلارنىڭ، تىل – يېزىق خادىملىرىنىڭ تەتقىقات سورۇنى بولۇپ كۆرۈلمەكتە. ئەمدى، كاشغەرىيشۇناسلىق بولسا، تىلشۇناسلاردىن باشقا، يازغۇچىلار، شائىرلار، رەسسام- گۈزەل سەنئەتچىلەر ۋە تارىخ – تەزكىرىچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان زىيالىيلاردىن تەركىپ تاپقان كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ يۆنىلىشلىك ناھايىتى كەڭ بىر تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ئىلىم سورۇنى بولىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»شۇناسلىقتىن پەرقلىنىدۇ.

«جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق» ماۋزۇلۇق بۇ ئىلمىي ماقالەمدە، «كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر»، «كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە تارىخ-تەزكىرىچىلىك ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر» ۋە «كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر» دېگەن تارماق ماۋزۇلار ئاستىدا بايان بېرىپ، ئېلىمىز جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى پاكىتلىق ھالدا يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشىمەن.

**1- كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر بىرىنچى، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي».**

ئىقتىدارلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندى يازغان ۋە 1994-يىلى شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» مۆھتەرەم ئالىم بوۋىمىزنىڭ ئۆرنەك ھاياتى ئەدەبىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ھېكايە قىلىنىپ يېزىلغان تۇنجى رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى سورۇنىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگىدۇر.

ئۆز ئىچىدىن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بۇ رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى «ئارسلان خان ۋە بۇغرا خانلار سەلتەنەتى» ماۋزۇلۇق مۇقەددىمىدىن باشقا، «ئارسلان خان ھۇزۇرىدا»، «خانلار كېڭىشى»، «بۇغرا خان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى»، «مەھمۇدنىڭ ئاتىسى»، «ئوغۇل چوڭ بولدى»، «ئەسلىمە»، «بەزمە»، «ئارسلان خان بالاساغۇندا»، «توي»، «مەھمۇد كاشغەرىي»، «تۇرۇمتاينىڭ ھەسرىتى»، «نەۋروز بايرىمى»، «ئالىم سەپەرگە ئاتلاندى»، «ئىدىقۇت زېمىنى»، «ئىلى يولى تاغلىق يول»، «دەشتى قىپچاق»، «ھەر كىم ھەر كويدا»، «ئالتۇن تەختتىن نېمە تاپتىڭ ئەي، خاقان؟!»، «كاشغەر ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار»، «مۇق يولى»، «بارسغان» ماۋزۇلۇق جەمئىي يىگىرمە بىر بابقا بۆلۈنگەن. ئىككىنچى قىسمى بولسا، «قارا خانىيلار، سەلجۇقىيلار ۋە ئابباسىيلار» ماۋزۇلۇق مۇقەددىمىدىن باشقا، «ھايات يولى ئۈزۈلمەيدۇ»، «بۇخارا»، «نىشاپۇر»، «باغداد خەلىپىسى خاقانىيە تىلىغا قىزىقىدۇ»، «دەسلەپكى قۇرلار»، «ئىنسان دېگەن»، «كۆنلەر ۋە تۈنلەر»، «خەلىپىگە ئارماغان»، «ئىنسانچىلىقتىكى ئىشلار»، «يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان يەتكۈزەر»، «ئالىم ۋە زالىم»، «مەلىك شاھ كەلدى»، «تۈركان خاتۇننىڭ ئىلتىپاتى»، «گۈلپەرى»، «سوغدىيانا كۈيى»، «قايداسەن، كاشغەر؟!»، «تۈركان خاتۇن قەھرلىك ۋە قۇدرەتلىك»، «مەلىك شاھنىڭ تەختى بىر، ئوغلى تۆرت»، «كاشغەر ناخشىسى» دېگەن ماۋزۇلار ئاستىدا بايان بېرىلگەن ئون توققۇز بابقا بۆلۈنگەن. رومانىنىڭ «خاتىمە» قىسمىدا، روماندا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنىڭ مەرغۇلى بىلەن «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) ئاتلىق مەشھۇر قامۇسنىڭ ئارىدىن توققۇز يۈز يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تۈركىيە ئىستانبۇلدا قايتا تېپىلىشىدىن تارتىپ، تۈرك ئالىملىرى باش بولغان دۇنيا تۈركولوگلىرىنىڭ مەزكۇر شاھ ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مېغىزلىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ بايانى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەنكى، ئاپتور پەرھات جىلان بۇ ئارقىلىق، «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق بۇ رومانىنىڭ ئەدەبىيلىك ۋە ئىلمىيلىك جەھەتتە ئوخشاشلا بىباھا ئەسەر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلغان.

مېنىڭچە، «مەھمۇد كاشغەرىي» ناملىق تارىخىي رومانىنىڭ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى قىممىتى كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى. ئاپتور بۇ روماندا، ۋەقەلىكنى ئۇزاقتىن يېقىنغا ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىش ئۇسلۇبىنى قوللانغان بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى، ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە خىش-ئەقرىبالىرى، ئۇنىڭ ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى، بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى قاتارلىقلارنى يارقىن ۋەقە ۋە گۈزەل تىل بىلەن يېقىشلىق بايان قىلىپ بەرگەن. ئەدەبىياتنىڭ كۈچى بىلەن تەپەككۇرنى قاناتلاندۇرۇپ، ۋەقەلىكلەرنى ئىستىلىستىك ۋاستىلەر بىلەن كېلىشتۈرۈپ باغلاپ، پېرسوناژلارنى يارقىن ئوبرازلاشتۇرۇپ يېزىلغان بۇ رومان بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئالدى بىلەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشاپ ئۆتكەن ۋە ھەر قانداق بىر ئادەمگە ئوخشاشلا خوشلۇقىمۇ، خاپىلىقىمۇ، خىيال- چۈشىمۇ، ئارزۇ-ئارمانىمۇ بولغان بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەپ بەرگەنكى، بۇ ئەمەلىيەتتە، ياش ئەۋلادلىرىمىزنىڭ شۇ تاپتىكى كۈندىلىك ھاياتتا ئالىم ئەجدادتىن ئۈرنەك ئېلىپ ياشاش ئېستىكى ئۈچۈن، نەق بىر ئەينەك، مۇھىم بىر مەنبە بولۇش قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە ئىگە، ئەلۋەتتە.

ئىككىنچى. تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» بۈنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ئىجاد بىلەن، ئىلمىي ئەمگەك بىلەن ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتىنى ھېكايە قىلىش جەريانىدا، ئەينى زاماندىكى كاشغەرنى مەركەز قىلغان بۈيۈك قارا خانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلغان. ھالبۇكى، مەكتەپلەردىكى دەرسلىكلەردە كۆپ سۆزلەنمەيدىغان بۇ بايانلار بۈگۈنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تارىخىنى، ئۆزلىرىنىڭ شانلىق ئۆتمۈشىنى بىلىشى ۋە بۈنىڭدىن كۈچ ئېلىپ، پارلاق ئەرتە يارىتىش يولىدا ئاكتىپلىق كۆرەش قىلىشى ئۈچۈن، سۆ بىلەن ھاۋادەك زۆرۈردۇر.

ئۈچىنچى. تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ باشقا ساھەلىرى مەسىلەن، كىنو- تېلېۋىزىيەچىلىك، دىراما-تىياتىرچىلىق قاتارلىقلار ئۈچۈن، قىممەتلىك ماتېرىيال ئامبىرى ۋە دېتال خەزىنىسى بولۇش ئەھمىيىتى بىلەنمۇ بىباھادۇر.

**ئىككىنچى، داستان «ئىلىم ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى – يۈسۈپ ۋە مەھمۇد».**

مەرھۇم ئاتاقلىق شائىر، تۆھپىكار تەتقىقاتچى ئەھمەد زىيائىي (1913-1989) ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان « ئىلىم ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى – يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى (قىسقارتىپ «يۈسۈپ-مەھمۇد داستانى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي ئوبرازىنى گۈزەل شېئىرىي تىل بىلەن ئىجادىي يارىتىپ چىققان نادىر سەمەرەدۇر.

كلاسسىك داستانلارنى ئۆرنەك قىلىپ، نەسرىي بايان بىلەن نەزمىي تەسۋىر بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزىلغان ۋە ئون بەش مىڭ مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ژىرىك داستان مەزمۇن ئورانى بويىچە ئۆز ئىچىدىن ئۈچ قىسىم، يىگىرمە ئالتە بابقا بۆلۈنگەن.

داستاننىڭ بىرىنچى قىسمى جەمئىي ئون يەتتە بابتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بابلارنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنۇلار: بىرىنچى باب «مۇقەددىمە». مەزكۇر مۇقەددىمە بىر نەسرىي بايان، 208 مىسرا مەسنەۋى، سەككىز مىسرا نەقىل ۋە سەككىز مىسرا غەزەلدىن تەشكىل تاپقان؛ ئىككىنچى باب «بۇندىن مىڭ يىل بۇرۇن». مەزكۇر باب بىر نەسرىي بايان، 230 مىسرا مەسنەۋى، ئون ئالتە مىسرا نەقىل ۋە ئون ئىككى مىسرا غەزەلدىن تەشكىل تاپقان؛ ئۈچىنچى باب «بالاساغۇن، بارسغان ۋە ئوردۇكەنت». بۇ باب بىر نەسرىي بايان، 304 مىسرا مەسنەۋى، تۆرت مىسرا رۇبائىي، ئوتتۇز ئالتە مىسرا نەقىل ۋە ئون تۆرت مىسرا غەزەلدىن تەشكىل تاپقان؛ تۆرتىنچى باب «شۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت، سۇلالە، ئىرقان ۋە دىن». مەزكۇر باب بىر نەسرىي بايان، 664 مىسرا مەسنەۋى ۋە يىگىرمە بەش مىسرا مۇخەممەستىن تەشكىل تاپقان؛ بەشىنچى باب «يۈسۈپ كىم ئىدى، مەھمۇد كىم؟». ئالتىنچى باب «مەشھەد يولىدىكى سۆھبەت». يەتتىنچى باب «ئىككى ئالىمنىڭ ئوردىدىكى ئورنى». سەككىزىنچى باب «قارا خانىيلار سۇلالىسىدا چۈشكۈنلۈشۈش». توققۇزىنچى باب «قارا خانىيلاردا 1042-1047-يىللاردىكى سىياسىي ئۆزگىرىش». ئونىنچى باب «مەھمۇد قانداق ساق قالدى؟». ئون بىرىنچى باب «يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› نى يېزىۋاتقان كېچىلەردىن بىر كېچە». ئون ئىككىنچى باب «مەھمۇدنىڭ پائالىيىتى ۋە ئېرتىش بويىدىن يۈسۈپكە مەكتۇبى». ئون ئۈچىنچى باب «يۈسۈپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› نى ھەمدىيە مەدرىسىسىدە ئىلمىي مۇھاكىمىگە قويغانلىقى». ئون تۆرتىنچى باب «ئوردۇكەنت كاشغەر خان ھۇزۇرىدا ‹قۇتادغۇ بىلىك› تويى». ئون بەشىنچى باب «مەھمۇدنىڭ ئىراققا سەپىرى». ئون ئالتىنچى باب «مەھمۇدنىڭ تۈركان خاتۇن بىلەن ئۇچرىشىشى». ئون يەتتىنچى باب «ئىككى ئالىمنىڭ ۋاپاتى ۋە دەپنىگاھلىرى».

داستاننىڭ ئىككىنچى قىسمى جەمئىي تۆرت بابتىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنداق: ئون سەككىزىنچى باب «بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ باشتىن كەچۈرمىشلىرى، يوقىلىش-پەيدا بولۇش جەريانلىرى». ئون توققۇزىنچى باب «‹قۇتادغۇ بىلىك› ۋە ‹دىۋان› غا شۇ چاغلاردا يېزىلغان مۇقەددىمە ۋە پىكىرلەر». يىگىرمىنچى باب «بۇ كىتابلار تەرجىمە قىلىنغان تىللار». يىگىرمە بىرىنچى باب «بۇ ئەسەرلەرنىڭ جاھان مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى، ئۇلار ئۈستىدە ئىشلىگەن ئالىملار، بىزنىڭ ئۇلاردىن خەۋەرسىز ئۆتكەن نادامەتلىك كۈنلىرىمىز».

داستاننىڭ ئۈچىنچى قىسمى جەمئىي بەش بابتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماۋزۇلىرى مۇنداق: بىرىنچى باب «بىز بۇ يادىكارلىقلىرىمىزدىن قاچان خەۋەردار بولدۇق؟». ئىككىنچى باب «بۇ ئىككى ئابىدىنى كۆرۈش بىزدە بىرىنچى قېتىم كىمگە نېسىپ بولغان؟». ئۈچىنچى باب «بۇ ئىككى ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشر قىلىنىشىنىڭ ئومۇمىي جەريانى». تۆتىنچى باب «ئىككى ئالىم دەپنىگاھىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى، قۇببەلەر تەئمىرى، خەلقىمىزنىڭ سۆيۈنچ ۋە ئىپتىخارى». بەشىنچى باب «تۈگەنچ».

شەكسىزكى، «ئىلىم ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى — يۈسۈپ ۋە مەھمۇد» داستانى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە، شېئىرىيەت بابىدا مەيدانغا كەلگەن ئەڭ يىرىك شاھانە ئەسەردۇر.

ئىككىنچى، رىۋايەتلەر توپلىمى «مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە ھېكايەتلەر».
 بۇ — مەرھۇم تەتقىقاتچى مۇھەممەد ئوسمان ھاجىم بىلەن ئابدۇكېرىم ئەخمىدى ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرلىغان ۋە 2003-يىل قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئەسەردۇر. ساق يۈز بەتتىن تەركىب تاپقان بۇ ئەسەردە، «ئوي چولپان»، «ئانار شەربىتى»، «ئاشىق شاھزادە»، «ئەلچى بىلەن دانىشمەن قىز»، «شاھزادىنىڭ ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىشى»، «شاھزادىنىڭ ئۆيلىنىشى»، «جانغا ئەسقاتقان ھۈنەر»، «مەھمۇدنىڭ تەۋەللۇتى»، «ئات ‹ئىسىم قويۇش› تويى»، «مەھمۇدنىڭ بوۋاقلىق دەۋرى»، «مەھمۇدنىڭ مەكتەپكە كىرىشى»، «ئائىلە تەربىيىسى»، «مەھمۇدنىڭ ‹مەكتەپتە› ئىجتىھاد بىلەن ئوقۇشى»، «شاھى ئېھرامنىڭ نەسىھىتى»، «مەھمۇدنىڭ ئەل كېزىشى»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەسنىپ قىلغان كىتابلىرى»، «ئانا ۋەتەن تەشنالىقى»، «ئانا سېغىنىشى»، «ۋەتەن ۋىسالى»، «‹مەدرەسەئى مەھمۇدىيە› ۋە ‹نەۋروز بۇلاق›»، «ئىمام مالىك ئەجدەر»، «مەھمۇد كاشغەرىي بىلەن ئىخلاسمەن ئەما»، «مىغبىر تۈپ ئۈجمە»، «ھاي-ھاي تېرەك»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ۋەسىيتى»، «مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ۋاپاتى» بولۇپ، جەمئىي يىگىرمە ئالتە پارچە ھېكايەت ئورۇن ئالغان. بېرىلىپ مۇتالىئە قىلىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمچە، تۈزگۈچىنىڭ ئىستىدادى ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتى يېتىك دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بۇ گۈزەل رىۋايەت-ھېكايەتلەر توپلىمى ئوقۇش يېشىنىڭ ئالدى كەينىدىكى بالىلىرىمىزغا دەرسلىك، ئانىلارغا ئۆسمۈر-بالىلارنى تەربىيىلەش قوللانمىسى بولۇش قىممىتىگە ئىگە مۇھىم مەنبەدۇر.
تۆتىنچى، ھېكايە «باغدات ئوردىسى».

ئاتاقلىق يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر ئەپەندى تەرىپىدىن، 2008-يىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلىنغانلىقى شەرىپىگە تەنتەنە قىلىپ يېزىلغان بۇ ھېكايە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە، ھېكايىچىلىقنىڭ يولىنى كېڭەيتىۋاتقان تۆھپىلىك ئەمگەكلەردىن سانىلىدۇ.

-« مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىسى ھەر جۇمە كۈنى چەتئەل دۆلەت باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت باشلىقلىرى ۋە خەلقئارالىق داڭقلىق ئەرباب، مويسىپىت ئالىملارنى، تۆرە ئاقسۆڭەكلەرنى قوبۇل قىلار ئېدى» دەپ باشلىنىدىغان بۇ ھېكايە بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇر-تۈرك تىلىنىڭ ئەبەدىي مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن كۆرسەتكەن جاسارىتى، ۋىجدانلىق ئالىملارغا خاس ئەقىل-پاراستى ۋە ئېگىلمەس-سۇنماس جاسارىتى ئارقىلىق ئەينى زامان باغداد خەلىپىسىنى قايىل قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى جانلىق ۋە ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەن. ھالبۇكى، مەزكۇر ھېكايە ھەممىدىن تولا، زامانىمىز ياشلىرىغا بېرىدىغان تەربىيۋى ئەھمىيىتى بىلەنمۇ قىممەتتە بىباھادۇر مېنىڭچە.

مۇندىن باشقا، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن بەدىئىي فىلم «ئۈچ ياش»، شۇنداقلا تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»دىن پايدىلىنىپ يېزىلغان رادىئو درامىسى «مەھمۇد كاشغەرىي» قاتارلىقلارمۇ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى بويىچە ئەدەبىيات ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ھوسۇللۇق نەتىجىلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

## 2- كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە تارىخ-تەزكىرە ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر «ئىلىم يولباشچىسى مەھمۇد كاشغەرىي».

بۇ – تارىخشۇناس تەتقىقاتچى مۇھەممەدزۇنۇن سىدىق بىلەن فولكلورشۇناش ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئەپەندى بىرلىشىپ ھازىرلىغان ۋە ئاتاقلىق ئىلىمپەرۋەر سىياسىيون، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى مەرھۇم ئىيسا شاكىر مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985-يىلى نەشر قىلىنغان 342 بەتلىك ژىرىك ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ئۆز ئىچىدىن ئىككى قىسمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، «ھەزرەتى موللام – مەھمۇد كاشغەرىي» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بىرىنچى قىسمى «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەنلىك ھەققىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى»، « مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈش توغرىسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىق جاۋابى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»، «قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى دولەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق قاتارىغا كىرگۈزۈش ھەققىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»، «‹ھەزرەتى موللام مازىرى›نى نۇقتا قىلىپ، ئوپالدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتىن دوكلات»، « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىق باشقارمىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش-باشقۇرۇش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «مەھمۇد كاشغەرىي مازىرىغا كىتاب ۋەخپە قىلغانلىق ھەققىدىكى ھۆججەتنىڭ سۈرەتكە ئېلىنغان نۇسخىسى»، «ئوپال رايونىدىكى پېشقەدەملەرنىڭ ‹ھەزرەتى موللام› ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، «مۇھەممەتئىمىن ئەخمەت: ‹ھەزرەتى موللام تەزكىرىسى› توغرىسىدا ئەسلىمە»، «مۇھەممەدزۇنۇن سىدىق: ھەزرەتى موللام – مەھمۇد كاشغەرىي»، «قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە يىغىن ئۆتكۈزۈپ، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى ۋە قەبرىسى توغرىسىدىكى يېڭى پاكىتلارنى مۇھاكىمە قىلدى»، «ئىيسا شاكىر: قەشقەر توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ ئوپال رايونى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇرتى، ‹ھەزرەتى موللام مازىرى› بولسا، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى»، «ئابلىز ئۆمەر: ئۇلۇغ ئالىمنىڭ قەبرىسى ئالدىدا»، «ھەسەن ئابدۇرەھىم: مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىسى ۋە ئۇنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى» ماۋزۇسى ئاستىدا بايان قىلىنغان ھۆججەت ۋە تەكشۈرۈش دوكلاتلىرىدىن تەشكىل تاپقان. ئىككىنچى قىسمى بولسا، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› (تۈركىي تىللار دىۋانى) نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنغان دەسلەپكى چاغلاردا يېزىلغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەردىن تەركىب تاپقان.

بۇ ئەسەر بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىسىنى ئېنىقلاپ بېكىتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدىغان باش مەنبە ۋە شۇ ھەقتىكى قانۇنىي قارار ۋە بېكىتمىلەر توپلىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى سورۇنىدا يېگانە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

**«مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھايات شەجەرىسى».**

بۇ – قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001-يىلى نەشر قىلىنغان «ئىلىم ۋە ئالىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئىلىم ئەھلىگە تونۇشلۇق بولغان ئىستىدادلىق كاشغەرىشۇناس تەتقىقاتچى ئۆمەر ئوسمان شىفائىي ئەپەندى يازغان ۋە داۋاملىق ئىزدىنىپ مۇكەممەللەشتۈرىۋاتقان تەزكىرە خاراكتېرىدىكى ئەسەردۇر. شىفائىي ئەپەندى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل ۋە بوشاشماي

ئىزدىنىش ئارقىلىق، نەق پاكىتلار ئاساسىدا يازغان بۇ ئەسەر كاشغەرىي ئەۋلادلىرىنى ھاياجانلاندۇرماقتا ۋە ئىپتىخارلاندۇرماقتاكى، بۇ ئەسەرنىڭ تولۇقلىنىپ پۈتۈپ چىقىشى بىلەن، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ نەسەب شەجەرىسى پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىگە تونۇتۇلغۇسى!

**«مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھى».**

بۇ. مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىنىڭ چۈشەندۈرگۈچى كادىرى، كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتچىسى دىلنۇر ئابدۇرۇسۇل خانىم ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىق بىلەن يازغان ۋە 2005-يىل 12-ئايدا، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئىچكى ماتېرىيال قىلىپ نەشر قىلىنغان 166بەتلىك ئەسەر. «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى بىلىملىرى قوللانمىسى» دېيىشكىمۇ بولىدىغان بۇ قوش تىللىق ئەسەر ئۆز تەركىبىدىكى «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھىدىكى كونا-يېڭى ئەسلىھەلەر»، «مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى ئەتراپىدىكى تارىخىي ئىزلار» دېگەن باش ماۋزۇلار ئاستىدا بېرىلگەن «مەھمۇد كاشغەرىي مەقبەرىسى»، «ھەزرەتى موللام مەسجىدى»، «ئوي چولپان راۋىقى»، «كۆرگەزمەخانا»، «چوڭ دەرۋازا»، «نەۋروز بۇلاق»، «ھاي-ھاي تېرەك»، «ھەزرەتى پاشا قەبرىسى»، «سۇلتان ئارىپ قەبرىسى»، «موللا نەزەر ئاخۇنۇم قەبرىسى»، «ئابدۇرەھىم نىزارىي قەبرىسى»، «خوجا سەيفۇددىن بۈزۈرۈكۋار قەبرىسى»، «بۈۋى رابىيە خانىكام قەبرىگاھى»، «يالماۋۇز غارى ھەققىدە رىۋايەت»، «توققۇز قازناق ئىزى» قاتارلىق تارماق كۆزنەكلەردىكى جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي ئوچۇقلىملىرى، سان-سىپىرلىق يېگانە بىلگى-بىلىملىرى بىلەن كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى سورۇنىدا ئۆزگىچە ئېتىبار ۋە قىممەتكە ئىگىدۇر.

**3. كاشغەرىيشۇناسلىق بويىچە گۈزەل سەنئەت ساھەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاساسلىق نەتىجىلەر**

**مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىككى رەسىمى.**

بۇ. ئاتاقلىق رەسسامىمىز غازىي ئەھمەد ئەپەندى تەرىپىدىن 1983-يىل سىزىلىپ ئېلان قىلىنغان «ئىلىم مۇتالىئە قىلىۋاتقان ياشانغان مەھمۇد كاشغەرىي» («ئىش ئۈستىدىكى مەھمۇد كاشغەرىي»مۇ دېيىلىدۇ) رەسىمى بىلەن، 2005-يىل سىزىپ ئېلان قىلىنغان «ئۇدۇل قاراپ تۇرغان نەۋقىران مەھمۇد كاشغەرىي» رەسىمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنىڭ «غەرىب ۋە سەنەم»، «جىنايى ھۆكۈم»، «ھېساب ئېلىش»، «ئامانىنساخان»، «مۇقام»، «گىلەم – ئۇيغۇرلار»، «مۇزىكا مەستانىلىرى»، «دولان روھى»، «پامىردا باھار كۈيى» قاتارلىق ماي بوياق رەسىملىرى، «قوتاز ئۈستىدە»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «تەڭرىتاغ بۇلبۇلى»، «ئىران قىزلىرى»، «ئات ئۈستىدە»، «كۈچ سىناش»، «مېنىڭ راۋابىم»، «نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ پادىشاھنى مازاق قىلىشى» قاتارلىق 200 پارچىدىن ئارتۇق جۇڭگوچە رەسىملىرى ۋە «تەڭرىتاغ كۈيى»، «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى»، «تەڭرىتاغدىكى شادلىق»

قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تام رەسىملىرى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا داڭقلىق بولغان رەسسام غازىي ئەھمەد ئەپەندى سىزغان مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەزكۇر ئىككى رەسمى رەسسامنىڭ داڭقىغا داڭق، شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشقان نادىر ئەسەرلەردۇر.

مېنىڭ تەسىراتىمچە، يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندى ئۆزىنىڭ ژىرىك ئەمگىكى بولغان تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» ئارقىلىق، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆمۈر تارىخى ۋە ھايات پائالىيىتىنى خەلقىمىز شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تونۇشتۇرغان بولسا، رەسسام غازىي ئەھمەد ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەزكۇر ئىككى رەسمى ئارقىلىق، ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆلچەملىك پورتىرىتىنى تۇرغۇزۇپ بەردىكى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككى رەسىم بىلەن بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئوبرازى خەلقئالەم ئالدىدا تېخىمۇ كونكرېتلەشكەن، تېخىمۇ روشەنلەشكەن بولدى.

مەھمۇد كاشغەرىي ھەيكىلى.

بۇ ـ ھەيكەلتەراش خالمۇراد ئەپەندىنىڭ لايىھىلىشى ۋە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ھەيكەلتەراشلىق فاكۇلتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن، ئوپال مەھمۇد كاشغەرىي قەبرىگاھى باغچىسى ئىچىگە 1996-يىلى تۇرغۇزۇلغان پۈتۈن گەۋدىلىك مەھمۇد كاشغەرىي ھەيكىلىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ھەيكەلنىڭ ئۇل پوندامېنتى x4x43، يەر يۈزى پوندامېنتى بولسا، x3x32 بولۇپ، زېمىن يۈزىدىن ئېگىزلىكى 54. 9 كېلىدۇ.

رەڭگارەڭ خۇشپۇراق گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن ئازادە گۈلزارلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ھەيكەلدە، بېشىغا يارىشىملىق باش كىيىم، ئۇستىگە ئالىپتە تون كىيگەن، قاڭشالىق، قويۇق قاشلىق، قىسقا ساقال-بۇرۇتلۇق، ئۇزۇن بويلۇق مەھمۇد كاشغەرىينىڭ، ئوڭ قولى بىلەن بىر توم كىتابنى قولتۇقلىغان، سول قولىنى بولسا، ئىختىيارى سالغان ھالدا، ئالىمغا خاس جاسارەت بىلەن يىراققا كۆز تىككىنىچە ئالغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر ھەيكەلتەراشلىق گۈزەل سەنئىتىنىڭ غوللۇق سەمەرىسى سانىلىشقا ھەقلىق بولغان مەزكۇر مەھمۇد كاشغەرىي ھەيكىلى كۆنىمىزدە، يەر شارىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدىن كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان مەھمۇد كاشغەرىي ھەيرانلىرىنىڭ قايىللىق تۇيغۇسى بىلەن ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن شاراپەتلىك ئەسەر بولۇپ مەزمۇت تۇرماقتا.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، كاشغەرىيشۇناسلىق بۈيۈك ئالىمنىڭ ئۆز ۋەتىنى بولغان جۇڭگودا، ئەنە شۇنداق زېرىك ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن، كەڭ دائىرىلىك ۋە پارلاق ئىستىقباللىق بىر ئىلىم ساھەسىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلمەكتە.

2008-يىل 18-ئۆكتەبىر، بېيجىڭ.

x x x x

جەمئىي ئۈچ كۈن داۋاملاشقان بۇ خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ ئورگىنىنىڭ 2008-يىلنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلغانلىقىغا ئىپتىخار بىلەن تەنتەنە قىلىشتى. بۇ دۇنياۋى بۈيۈك تەنتەنىگە مەنمۇ يۇقىرىدىكى ئەمگىكىم بىلەن قاتنىشالىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلايمەن، غۇرۇرلىنىمەن ۋە ئۇنى «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىمدىكى ئۇنتۇلماس كۈنلەر» دەپ ئەبەدىي خاتىرىلەيمەن.

**كاشغەرىيشۇناسلىق ياشلار ۋە بالىلار ئارىسىدا**

مېنىڭ چۈشەنچەمدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق تار ۋە كەڭ ئىككى خىل ئۇقۇمغا ئىگە. تار مەنىدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىنسانلىق شەخسىيتى، ئالىملارغا خاس روھى، ئۇنىڭ ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىلمىي ئەمگەكلىرى ۋە ئۇ ئەمگەكلەردە ئىپادىلەنگەن ئالىمنىڭ كىشىلىك قارىشى، دۇنيا قارىشى، تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى، ھەتتا ئالىمنىڭ يار-بۇرادەرلىرى، ئۇرۇغ-تۇغقان خىش-ئەقرەبالىرىغا تالىق تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاندىن، دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلىرىنى تونۇشتۇرۇش، مۇھاكىمىگە قويۇش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھمىيەتلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرمۇ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئەمدى، كەڭ مەنىدىكى كاشغەرىيشۇناسلىق بولسا، ئىلىمپەرۋەر ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇم روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىم-پەن بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئىلىم-پەن ئارقىلىق شەخسەن ئۆزىنى مەدەنىي ئىنسان قىلىپ يېتىلدۈرۈش، ئىلىم پەن ئارقىلىق توپلۇم-جامائەت ۋە مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشقا ھەسسە قوشۇش، ئىلىم-پەن ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قوشۇش قاتارلىق پائالىيەت ۋە ئەمگەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە كاشغەرىيشۇناسلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ.

چۈنكى، كاشغەرىيشۇناسلىق دېمەك ئاداققىي مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلمىپەرۋەرلىك دېمەك، مەرىپەتپەرۋەرلىك دېمەكتۇر!

ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، بۇ نۇقتىنى مەن دېمەتلىك قېرىلارلا ئەمەس، خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان ياشلىرىمىز ۋە نەۋرە يېشىدىكى باللىرىمىزنىڭمۇ بىلىپ، ئاڭقىرىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئىنسانىنى سۆيۈندۈردى. مەن بۇ يەردە، مۇشۇنىڭغا تالىق بىر-ئىككى كەچۈرمىشىمنى خاتىرىلەپ ئۆتىمەن:

**بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدە ياش ئەۋلادلار بىلەن سۆھبەت**

بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى مەملىكىتىمىز جۇڭگودىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ يەردە، يۈزدىن يۈز ئەللىككىچە مۇنەۋۋەر ئۇيغۇر پەرزەنتى ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرىۋاتىدۇ. بىر شەھەردە ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئېلىپ بېرىلىپ تۇرىدىغان بايراملىق پائالىيەتلەردە، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ، تونۇشلاردىن بولۇپ قالىمىز. مەن تونۇشىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تەبئىي پەن ئوقۇغۇچىلىرى، ئەمما ئەدەبىياتنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، تىلشۇناسلىق ئىلمنى، ئۇيغۇر ئانا تىل ئىلمنى يەكلىمەيدۇ، ئىستىقبالسىز كۆرمەيدۇ. كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدە بىز تەبىئي پەن ئەھلىنىڭمۇ ئورنى ۋە رولى بار دەپ قارايدۇ. شۇ ۋەجدىن، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئورتاق پىكىر، ئورتاق قىزىقىش ۋە ئورتاق مۇھاكىمە نۇقتىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ، بېرىش كېلىشلىرىمىز ئۈزۈلمەيدۇ.

بېيجىڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئۈمىد يۇلتۇزى» ناملىق قانۇنلۇق ئۇيۇشما تەشكىلى بار. بۇ تەشكىلات ئۇلارنى قەرەللىك ھالدا بىر يەرگە توپلاپ، ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت ماۋزۇلىرى بويىچە مۇڭدىشىش، پىكىرلىشىش ئىمكانى بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرىدۇ. 2006-يىل 12-ئاينىڭ 9-كۈنى، مەن تۇنجى قېتىم مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ تەكلىپى بىلەن بېرىپ، «ھىجرەت ۋە نۇسرەت» ماۋزۇلۇق چاتما لېكسىيە بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانىدىم. شۇندىن بۇيان، مەزكۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن ياخشى مۇناسىۋىتىمىز، قويۇق بېرىش-كېلىشىمىز داۋاملاشماقتا. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ ئابۇلئەزىز، ئابدۇلئەھەد ۋە ئەھمەدجان دەيدىغان يولباشچى ۋە پائالىيەت سەركەردىلىرى بار. ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىش، مۇڭدىشىش ئىنسانىنى پارلاق ئۈمىدنىڭ قوۋناق قاينىمىغا چۈمۈلدۈرىدۇ گويا.

بىز سۆھبەت ئۇيۇشتۇرساق، ئادەتتە ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ماڭا مۇئەييەن سوئال بىلەن سۆھبەت تېمىسى چىقىرىپ بېرىدۇ. مەن شۇ تېمىغا ئاساسەن تەييارلىق قىلىمەن. سۆھبەت باشلانغاندا، مەن

ئوقۇغۇچىلار چىقىرىپ بەرگەن ھېلىقى سوئاللار ئاساسىدا، يىگىرمە مىنۇت، ئۆتۈپ كەتسە يېرىم سائەت سۆزلەيمەن. قالغان چاغدا، ئوقۇغۇچىلار پىكىر بايان قىلىدۇ، قىزىققان نۇقتىلار ئاساسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بىز ئۆز ئارا پىكىر، چۈشەنچە ئالماشتۇرىمىز. ھەر قېتىملىق سۆھبەتتە، مەن ياش ئوقۇغۇچىلاردىن- بۇ نەۋرەم يېشىدىكى دوستلىرىمدىن نۇرغۇن نەرسە ئۆگىنىۋالىمەن، بۇ مېنى تولىمۇ مەمنۇن قىلىدۇ.

2008-يىل 12-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئاشۇ بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى «ئۈمىد يۇلتۇزى» ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «بىزنىڭ كاشغەرىي يىلىمىز» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. بەش يۈزدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى قاتناشقان بۇ سۆھبەت چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتىن بەش يېرىمغىچە داۋاملاشتى. مەن بۇ سۆھبەتتە، ئالدى بىلەن، مىلادىيە 2008-يىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» ئېلان قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن تەبرىكلەش ۋە خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىدىن مەلۇمات بەردىم. ئاندىن، كاشغەرىي بوۋىمىزنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇرتىمىزدە پەيدا بولغان شەرەپ-ئىپتىخار تۇيغۇسى ۋە ئۇ تۇيغۇنىڭ تۈرتكىلىكى ۋە ھەيدەكچىلىكىدە، ئۆزۈمنىڭ قىلغان ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمنى ھېچ كەم ياكى زىيادە قىلماي، «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن ئۇيغۇر سەممىيىتى بىلەن، سۆھبەت ئەھلىگە دوكلات قىلدىم. «كاشغەرىي يىلىدىكى ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتى» دېگەن فىلىمنى قويۇپ بەردىم. ئارقىدىن، ياشلارنى كۆز ئالدىدىكى ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىمەت بىلىپ، ياخشى ئۆگىنىپ، بۈيۈك مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئالىملاردىن بولۇشقا رىغبەتلەندۈردۈم.

مەن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار بەس-بەستە پىكىر بايان قىلىپ، ئۆز زىممىلىرىدىكى ھەر قايسى كەسپلەر بويىچە ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تولۇقى بىلەن ئادا قىلىش ئەمەلىيەتلىرى ئارقىلىق، پۈتكۈل دۇنيانى قايىل قىلغان بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ روھىنى خوشال قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتىكى، مانا بۇلار -بۇ قېتىملىق سۆھبىتىمىزنىڭ نەتىجە جەۋھىرى بولدى مېنىڭچە.

سۆھبەت ئاخىرىدا، ئوقۇغۇچىلار مېنى «ئۈمىد يۇلتۇزى شەرەپ تاختىسى» بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۇستىگە ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى يازغان «ئۇستاز شەنىگە» ناملىق شېئىردىن ئىككى كۇپلېت گۈزەل ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن مەرۋايىتتەك تىزىپ يېزىلغان بۇ شەرەپ تاختىسى ئەمەلىيەتتە، مەن مەزكۇر كاشغەرىي يىلىدا ئېرىشكەن ئەڭ ۋەزنىلىك مۇكاپات بولدى. راستىنى ئېيتسام، 2006-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئورخان پاموكتىن چارە خوشال بولدۇم، مىسلىسىز غۇرۇر تۇيۇدۇم، چۈنكى، بۇ

بىزنىڭ ياش كاشغەرىيشۇناسلىرىمىز تەرىپىدىن، ئارقىمىزدىن بىز بىلەن سوغدىشىپ كېلىۋاتقان ئىلمىيەرۋەر ئىز باسارلىرىمىز تەرىپىدىن بېرىلگەن مۇكاپات. تەڭداشسىز بۈيۈك مۇكاپات ئىدى مېنىڭ ئۈچۈن!

**تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق**

مېنىڭ تونۇشۇمچە، 1994-يىلى شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق، مىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىنى جانلىق تەسۋىرلەپ، ئۇنى پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىغا بىر ئۆرنەك ئىنسان سۈپىتى بىلەن تونۇتۇش جەھەتتە تەڭداشسىز زور رول ئوينىغان نادىر ئەسەردۇر. كېيىنكى چاغلاردا، «ئورخۇن شەجەرىسى» ۋە «ئىدىقۇت يۇلتۇزى» ناملىق تارىخىي رومانلىرى بىلەنمۇ خەلققە ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان تالانتلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەمەلىيەتتە، ئۆزىنىڭ تارىخىي رومانى «مەھمۇد كاشغەرىي» ئارقىلىق ۋەتىنىمىزدە كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن تۆھپىكار ئالىم سانىلىدۇ. پەرھات جىلان ئەپەندى مەزكۇر رومانىنىڭ خاتىمە قىسمىدا، بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۈيۈك ئابىدە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»نىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن تارتىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئۆتكەن مىڭ يىل جەريانىدا دۇنيادىكى باشقا ئالىملار تەرىپىدىن ئۆگىنىلىشى، تەقلىت قىلىنىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشىغىچە بولغان ساپ ئىلمىي پائالىيەتلەرنى مېغىزلىق بايانلار بىلەن تىزىپ كۆرسەتكەنىكى، بۇ ھال مەزكۇر تارىخىي رومانىنىڭ بىر ژىرىك ئەدەبىي ئەسەر بولۇش بىر چاغدا، يەنە ئۇنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ياش ئەۋلادلارغا بىر بىباھا ئىلىم خەزىنىسىنى ئوچۇقلاپ چۈشەندۈرىدىغان ئوقۇشلۇق، ئىنسانىنى ئىلىم-ئالىملىق يولىغا باشلايدىغان بىر ئىلمىي رەھبەر ئەسەر ئىكەنلىكىنى تەلقىنلىق ئىپادە قىلىدۇ. بۇ رومانىنىڭ 2006-يىلى تۈركىيەلىك ئۆزتۈرك خانىم تەرىپىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، بەش مىڭ تىراژ بىلەن نەشر قىلىنىشىمۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ھەم بەدىئىيلىك ھەم ئىلمىيلىك جەھەتتە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان مۇنەۋۋەر ئەسەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ مېنىڭچە. شۇنداق ئىكەن، بىز تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نىڭ كاشغەرىيشۇناسلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى، شۇنداقلا ئومۇمىي ئىلمىيەرۋەرلىك سورۇنىدىكى رولىنى يەنىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم، ئەلۋەتتە.

مەن مۇشۇنداق تونۇش ئاساسىدا، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نىڭ ئاشۇ 1994-يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغىنىدىن بۇيانقى ئوقۇلۇش ۋە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى ئۆز ئىمكانىمچە قىسقىچە تەكشۈرۈپ كۆردۈم. ئومۇمىيەت جەھەتتىن مەلۇم بولدىكى، مەزكۇر رومان «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» ئاتالغان 2008-يىلدىكى يېڭى نەشرى بىلەن قوشۇپ ھېسابلىغاندا ھازىرغىچە ئۈچ قېتىم بېسىلغان. ئەمما تىراژ سانى «ئانا يۇرت» ۋە «ئىز» قاتارلىق رومانلاردىن جىق ئاز. ئۈرۈمچى

شەھەرلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 1998-يىلى بىر قېتىم مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن باشقا، ھېچقانداق بىر ئورگان ياكى كوللىكتىپنىڭ تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي» ھەققىدە خاس مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. مەن ئۆزۈم دەرس سۆزلەۋاتقان ئۈچ سىنىپ جەمئىي 118 نەپەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى ئىچىدىن، مەزكۇر رومانىنى ئوقۇپ باققانلار پەقەت ئۈچ نەپەر. رومانىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغانلار بولسا، 69 نەپەر بولۇپ چىقتى.

مەن مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ، ئارتۇقچە قېيداپ ئولتۇرمىدىم، ئۆزىمىزدىن ئاغرىنىپ كايىپ، قۇيرۇقۇمنى تالاپ يۈرمىدىم، ئەكسىچە، كۆز ئالدىمىزدىكى مەزكۇر دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلىدا ئەسكەن ئىلىمپەرۋەرلىك سەلكىن شامىلىدىن پايدىلىنىپ، قېرىنداشلىرىمىز ، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا، «مەھمۇد كاشغەرىي» رومانىنى ئوقۇش-مۇتالىئە قىلىش، شۇ ئارقىلىق، بۈۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ھاياتى ھەققىدە ساۋات چىقىرىش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش زۆرۈركەن دەپ قارىدىم. دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، فاكۇلتېتىمىزدىكى ئۆزۈم گەپ ئۆتكۈزەلەيدىغان 2006-يىللىق ۋە 2007-يىللىق ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى سىنىپىدىكى ئەۋلادلار ئارىسىدا تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى ئوقۇپ، مەن چىقىرىپ بەرگەن سوئاللار ئاساسىدا تەسرات ۋە ئىلمىي ماقالە يېزىش پائالىيىتى ئېلىپ باردىم. يېزىلغان ماقالىلارنى ئالدى بىلەن، مەن بىلەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان خاس كومىتېت يىغىنىدا ئوقۇپ، سەرخىللىرىنى تاللاپ چىقتۇق. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، 2008-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە، «تارىخىي رومان ‹مەھمۇد كاشغەرىي› ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق» ماۋزۇلۇق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى نامىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان ۋە مەن يېتەكچى بولغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بىر يۈز قىرقتىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچى قاتناشتى. كەچ سائەت يەتتىدىن توققۇزغىچە ساق ئىككى سائەت داۋاملاشقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، جەمئىي 11 نەپەر ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچى تەسرات ۋە ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇدى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە، ئالدى بىلەن، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نىڭ ئەمەلىيەتتە، ياش ئەۋلادلارنى بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆرنەك ھاياتىنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي بىلىش ۋە چۈشىنىش ئىمكانىغا ئىگە قىلغانلىقىنى، مۇشۇ رول ۋە ئەھمىيىتى بىلەن، ئۇنىڭ پۈتكۈل كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمى ساھەسىدە ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاندىن، ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندىنىڭ تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نى يېزىش ئارقىلىق، كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر ئەۋلادلار ئارىسىدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىشى ۋە چېچەكلەپ مېۋە بېرىشىگە تۆرتكە بولغانلىقىنى تەكرار-تەكرار قەيت قىلىشتى. يىغىن ئەسناسىدا، تارىخىي رومان «مەھمۇد كاشغەرىي»نىڭ ئاپتورى، ئاتاقلىق يازغۇچى پەرھات جىلان ئەپەندىنىڭ

يىغىن ئەھلىگە يازغان ئىلھامبەخش تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. پەرھات جىلان ئەپەندىم ئۆز خېتىدە: «مەن يازغان تارىخىي رومان ‹مەھمۇد كاشغەرىي›نى ئوقۇپ، ئۇ ھەقتە خاس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگىنىڭلاردىن مەمنۇن بولدۇم. بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي سىلە-بىزنىڭ ئەبەدىيلىك ئۆگىنىش ئۈلگىمىز، ئۇنىڭ شانلىق ھاياتى سىلە-بىزنىڭ ياشاش ئۆرنىكىمىز. مەن سىلەرنىڭ كاشغەرىي بوۋىمىزدىن ئۆگىنىپ، ئالىي بىلىم يۇرتىدىكى ئۆگىنىش ۋەزىپەڭلەرنى ئەجدادلارنىڭ روھى سۆيۈنگىدەك دەرىجىدە ئەلا ئادا قىلىشىڭلارنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن!» دېيىلگەندى. خەت ئوقۇلۇپ بولغاندا، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ياڭرىغان ئالقىش ساداسى ئەۋلادلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەمنۇن بولغانلىقىنى دەلىللەپ تۇراتتى.

«كىمنىڭ بار ئاشۇنداق ئالىمى قېنى، پەخرلەن دۇنياغا مەھمۇد ۋەتىنى» ناخشىسىنى كوللېكتىپ ئوقۇش بىلەن باشلانغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى باشتىن ئاياغ تولىمۇ جۇشقۇن كەيپىياتتا ئۆتتى. سۆزگە چىققان ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ چوقۇم ياخشى ئۆگىنىپ، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىيگە يۈز كېلەلىگىدەك دەرىجىدە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تىرىشىدىغانلىق ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى. شۇنداقلا، 2008-يىلنىڭ «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغانلىقىغا سۆيۈنۈش بىلەن تەنتەنە قىلىشتى.

دەل ۋاقتى-سائىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن مەنلا ئەمەس، ئوقۇغۇچى شاگىرتلارمۇ رازىمەنلىك ھېس قىلغانلىقى مەلۇم بولدى. ئاڭلىسام، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئېلىپ بارغان بۇ پائالىيەتنىڭ سۈرەتلىرىنى شۇ كۈنىلا دەرھال مۇناسىۋەتلىك تورلارغا چىقىرىپ، زاماندىاش قېرىنداشلىرىنىمۇ ئۆز شادلىقىغا ھەمشىرىك قىلىپتۇ، ئاڭلىغانلار ۋە كۆرگەن-بىلگەنلەر: «ئەمەلىي پائالىيەت بىلەن كاشغەرىي يىلىغا تەنتەنە قىلىپسىلەر، سىلەرگە ئاپىرىن!» دېيىشىپتۇ.

**يىل خاتىمىسىدە تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلىش**

12-ئاينىڭ 29-كۈنى، بېيجىڭ ۋاقتى سائەت سەككىز، ئەنقەرە ۋاقتى بىلەن چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە، تۈركىيە دۆلەتلىك رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ ياش دېكتورى ۋە مۇخبىرى ئادىلجاننىڭ تېلېفون زىيارىتىنى قوبۇل قىلدىم. بۇ يەردە، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان سۆھبەتنى ئەينى بىلەن خاتىرىلەپ ئۆتىمەن:

**1- سوئال:** سىزنىڭچە، 2008-يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانداق بىر يىل بولدى؟

**جاۋاب:** مېنىڭچە، بۇ 2008-يىل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى ۋە مەدەنىي ھاياتىدا، ئىپتىخارلىق، غۇرۇرلىنىش بىلەن تولغان ۋە تويۇنغان بىر يىل بولدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

پەن-مائارىپ ئورگىنى بۇ يىلنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، پۈتكۈل تۈركىي قەۋملەر، ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ھەقلىق ھالدا، ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسىغا چۈمۈلدى. تۈركىيە باش بولغان تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر ئارقا-ئارقىدىن يۇقىرى سەۋىيىلىك خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۇيۇشتۇرۇپ، كاشغەرىيشۇناسلىق ۋە «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تەتقىقاتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. جۇڭگو بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن، تۈركىيە تىل قۇرۇمى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇپ، 11-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە بېيجىڭدە ئۆتكۈزگەن «مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەش خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بۇ پەللىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ قالدى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۈركىيىلىك ئالىملار قەشقەر ئوپالغا بېرىپ، بۈيۈك ئەجداد مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدى. ئانا يۇرت-ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار سۆيۈنگەنلىكتىن، خوشال بولغانلىقىدىن، 2008-يىلدىن ئىبارەت بۇ قۇتلۇق يىلنى مەڭگۈ خاتىرىلەيدىغان ناخشىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئوقۇپمۇ ئۆلگۈردى. مەزكۇر ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق:

ئوپال ئارت تېغىدىن بالقىغاندا كۈن،

نۇر ئىمىپ ئىللىدى ئۇيغۇر زېمىنى؛

چىللىدى ئالەمگە ئىرپان خورىزى:

«كاشغەرلىك مەھمۇد بۇ ئىلمىنىڭ پىرى!».

ئەسىرلەر قوينىدا سىنالدى «دىۋان»،

ئالەمنى سۆيدۈردى ئۇنىڭ قىممىتى؛

مىڭ يىللار ئۆتتۈپمۇ ئۇنتۇلمىدى ھېچ،

مۆجىزە ياراتقان ئالىم ھىممىتى.

شۇڭلاشقا ئىككى مىڭ سەككىزىنچى يىل،

ئاتالدى دەپ «مەھمۇد كاشغەرىي يىلى»،

دۇنياۋى شاراپەت كۈلدۈردى ئەلنى،

ياشنىدى شادلىقتىن ئۇيغۇرنىڭ دىلى،

مىڭ يىلغا قۇت! يەنە مىڭ يىلغا پىلان،

كۆمۈلمەس ئەجدادنىڭ ھىدايەت ئىزى.

ئىلىم-پەن مەشئىلى قوللاردا ئېگىز،

ئەۋلادنىڭ بەستىدە نۇسرەت جىلۋىسى.

نەقرات:

كاشغەرىي ۋەتەننىڭ ئابىدە تېشى،

مەھمۇد بار ئۇيغۇرنىڭ مەڭگۈ تىك بېشى!

«كاشغەرىي يىلى» ماۋزۇلۇق بۇ ناخشا تېكستى يارقىن ئاۋازلىق ياش ناخشىچى شىرئەلى ئەلتېكىننىڭ ئاھاڭغا سېلىشى ۋە باش بولۇپ ئورۇنلىشى ئارقىسىدا، سەھنىلەردە كەڭرى ئوقۇلدى ۋە ئۇ ئۆز قىممىتى بىلەن، مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئۇيغۇر ناخشىلىرى قاتارىغا قوشۇلدى.

مەن مۇشۇنداق ئاساسلار بىلەن، ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان بۇ 2008-يىلنى ئانا يۇرت- ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ياشاۋاتقان پۈتكۈل ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئىپتىخارلىق، مۇبارەك بىر يىل بولدى، دەپ قارايمەن.

**2- سوئال: ئەمدى، 2009- يىلنىڭ ئۇيغۇر ئۈچۈن قانداق بىر يىل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز؟**
**جاۋاب:** «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» بولغان 2008-يىلدىن كېيىن ئىز بېسىپلا كېلىۋاتقان ئالدىمىزدىكى بۇ 2009-يىلنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە مىللەتلەر قاتارىدا ئۇيغۇر مىللىتىمىز ئۈچۈنمۇ بىر تىنچلىق يىلى، ئاسايىشلىق يىلى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بىر مەرىپەت-مائارىپچى بولۇش سالاھىيتىم بىلەن، ئالدى بىلەن، شۇنداق بىر دۇئا-تىلەكتە بولغۇم كېلىدۇكى، ئانا يۇرت- ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا تۈرلۈك ئىلىم-پەن، ھەر خىل ھۈنەر- كەسپ بويىچە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلار،

ئۆگىنىۋاتقان شاگىرتلار پۈتكۈل ئىجتىھادىمىز بىلەن جەزمەن ياخشى ئوقۇيلى، تىرىشىپ ئۆگىنەيلى؛ بارلىق ئىلىم-پەن خادىملىرى ئاداققىي زېھنىمىزنى سەرپ قىلىپ ئىجاتكارلىق بىلەن ئىشلەيلى! بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي شاھىد بولۇپ تۇرۇۋېتۇكى، بىز ئۇيغۇرلار باشقىلار قىلالىغاننى جەزمەن قىلالايمىز، بەلكى ئەڭ ياخشى قىلالايمىز. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» پاكىت بولۇپ تۇرۇۋېتۇكى، مەدەنىيەت دۇنياسىدا ئۆلمەس، ئەڭ مۆتىۋەر ئەمگەك-سەمەرەلەرنى بىزمۇ يارىتالايمىز. ھەممىمىزنىڭ 2009-يىلى قۇتلۇق بولغاي!

**ئۇنتۇلماس بىر يىل**

«ھاينى ھۇي، توپاقنى ئۇي» دەپ بولغىچە 2008-يىل ئۆتۈپ، 2009-يىلنىڭ باھارىمۇ ئۆزگىچە ھاۋا ۋە يېڭى ناۋالار بىلەن كىرىپ كەلدى. يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆتكەن كاشغەرىي يىلىدىكى ئۇنتۇلماس كەچۈرمىشلىرىم كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇبىر ئۆتۈشكە باشلىدى: ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ماگىستىرانت ئوقۇغۇچىلار ۋە دوكتورانت شاگىرتلىرىمغا «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى»، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقام تېكىستلىرى تەتقىقاتى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەرلەردىن تاللاپ ئوقۇش»، «ئەرەب تىلى ئاساسلىرى» ۋە «تۈرك تىلى ئاساسلىرى» بولۇپ، ئالتە خىل دەرستىن جەمئىي 450 سائەت ساۋاق بېرىپتىمەن؛ «جۇڭگودىكى كاشغەرىيشۇناسلىق»، «كاشغەرىيشۇناسلىق ئىستىقبالىدا»، «‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك›تىكى ماقال-تەمسىللەردىن ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا نەزەر» ۋە «‹تارىخى ھەمىدىي›دە ئۇيغۇر يۇرتلىرى ۋە ئادەملىرى» بولۇپ تۆرت پارچە ئىلمىي ماقالە ۋە «كاشغەرىي يىلى بۇ، پەخىرلەن ئۇيغۇر»، «رىقابەت ۋە ساداقەت»، «قەشقەردىن بىر كۆزنەك يېڭى مەنزىرە» ۋە بۇ «مېنىڭ كاشغەرىي يىلىم » بولۇپ، تۆرت پارچە ئەدەبىي ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىپتىمەن؛ 2008-يىل 11-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 12-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى قۇرۇم مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن «جۇڭگو ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقامشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمغا قاتناشقانلىقىمنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ جەمئىي تۆرت خەلقئارالىق ۋە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئەسەر بىلەن قاتنىشىپتىمەن؛ ئوقۇغۇچىلارنى 2008-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنىدىكى «تارىخى ھەمىدى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ يۈز يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»، 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىكى «مەھمۇد كاشغەرىي يىلىدىكى ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتى» ۋە 12-ئاينىڭ 6-كۈنىدىكى «تارىخىي رومان ‹مەھمۇد كاشغەرىي› ۋە كاشغەرىيشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» بولۇپ جەمئىي ئۈچ چوڭ ئىلمىي پائالىيەتكە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرۇپتىمەن. دېمەك، مېنىڭ كاشغەرىي يىلىدا ئۆتكەن ئۈچيۈز ئاتمىش بەش كۈنۈم بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىينى خاتىرىلەش، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۇنىڭدىن

ئۆگىنىش باش مەزمۇن قىلىنغان شۇ قەدەر مول پائالىيەتلەر ۋە ئەمگەكلەر بىلەن تويۇنغان ھالدا غەلبىلىك ئۆتتۈپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەلھەمدۇلىللاھ دەيمەن تەكرار ۋە تەكرار!

مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرەمدە، ئاشۇ يۇقىرىقى كەچمىشلىرىمگە رازى-رىزالىق بىلەن ھەمشىرىك بولۇشنى خاھلىغان، مېنىڭ ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرىمنى سەممىيلىك بىلەن قوللىغان، ھەمدەم بولغانلارنىلا يازدىم. ئەمما، مەن: «بۇ يىل مەھمۇد كاشغەرىي يىلى بولۇپتۇ، تەبرىكلەش يۈزىسىدىن مۇنداق بىر پائالىيەت ئۆتكۈزسەك، بۇنىڭغا سىزمۇ قاتنىشىپ بېرىڭ، ھېچ بولمىسا قوللاپ بەرسىڭىز قانداق؟» دېگىنىمدە، «‹2008-يىلى دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى بولدى› دەپ جۇڭگودىكى قايسى گېزىت خەۋەر يېزىپتۇ، ئەكىلىپ بېقىڭا!» دەپ ۋارقىرىغانلارنى، «‹كاشغەرىي يىلى مۇناسىۋىتى بىلەن پائالىيەت قىلساڭلار بولىدۇ› دەيدىغانغا ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىل باشلىق ھۆججىتى بارمىكەن؟ » دەپ ھۆركىرىگەنلەرنى، بولۇپمۇ بىز ئۈستىمىزگە كاشغەرىي خاتىرە مايكىسىنى كىيىپ، مەيدىمىزگە كاشغەرىي خاتىرە ئىزنىكىنى تاقاپ، ئوپال قەبرىگاھ زىيارىتىگە ماڭغىنىمىزدا، « ئولىمپىك يىغىنى بۇ يىل جۇڭگودا ئەڭ چوڭ پائالىيەت. ئۇنىڭدىن باشقا پائالىيەت قىلىنمايدۇ. ئون-ئون بەش ئادەم بىر يەردە توپلىشىپ تۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ. ھازىر يول-يوللاردا توساقلار بار، سىلەر بۇ قىياپىتىڭلار بىلەن ھەرگىزمۇ ئۆتەلمەيسىلەر، ياخشىسى، ئاستا قايتىپ قېلىڭلار...» دەپ، ياخشى كۆڭۈل بىلەن بولسىمۇ تەربىيە قىلغان، توسقانلارنى يازمىدىم.

يەنە بىرسى، مەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى ھەرگىزمۇ قىلغان ئەمگەكلىرىمنى كۆز-كۆز قىلىش، ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلىرىمنى دام-دام قىلىش ئۈچۈن يازمىدىم. ئەمما، ئەگەر بۇ خاتىرىنى ئوقۇغان ياش ئەۋلادلىرىمىزدىن: «قارا! ئاۋۇ بىر كەم ئاتمىشقا كىرگەن قېرى ئادەم تەكلىماكانىي ئاكام 2008-يىلىنىڭ دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى بولغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، ھاياجان ۋە ئىپتىخارلىق ئىلكىدە، شۇ قەدەر كۆپ ئىشلارنى، شۇ قەدەر پايدىلىق ۋە ساۋابلىق پائالىيەتلەرنى قىلىپتۇ. ئەمدى، مەن ئۇنىڭدىن ياش، ئۇنىڭدىن ئىقتىدارلىق ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ ئىمكانلىق تۇرۇپ، زادى نېمە ئىش قىلىپتىمەن؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئويلىنىپ قالسا، ئۇ باشقا گەپ، ئەلۋەتتە!

2009-يىل 21-مارت، نەۋروز.

# 30- تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ پىشمى

## يار مۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق

**تەھرىر ئىلاۋىسى :**

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، ب د ت پەن - مائارىپ مەھكىمىسى 2008- يىلنى مەھمۇد كاشغەرىي يىلى قىلىپ بېكىتتى. بىز مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىمىزدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز. ئالىمنىڭ نام-شەرىپى تارىخ بېتىدىن مەڭگۈ ئۆچمىگەي!

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بىزگە بەرگەن يەنە بىر قىممەتلىك سوۋغىسى-ئۇ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى، بىزگە تېخى بىرەر كىتابتا مەلۇماتمۇ بېرىلمىگەن بىر قىسىم ئەپسانە- رىۋايەتلەرنى خاتىرىلەپ قويغان. بۇ ئەدەبىي مىراس بىزگە تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ھاياتى، تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنىي ئېتىقادى، ئىدىيۋى چۈشەنچىلىرى، بەزى مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى، تارىخى تەرەققىياتى قاتارلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بېرىدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال؛ بەزىلىرى بىزگە تارىختىن بۇرۇنقى تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاغزاكى يول بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن تارىخنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى.

ئەپسانە-رىۋايەتلەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ھادىسىلىرى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىگە بولغان يېزىقسىز دەۋرلەردىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا پەيدا بولۇپ، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى ئىدىيۋى ھېسسىياتلىرى بىلەن تېخىمۇ تاكامۇللىشىپ، بېيىپ خېلى مۇكەممەل مەزمۇنغا ۋە قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ژانىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەڭرىگە ، ئىلاھلارغا، باغلىنىپ بايان قىلىنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مېغىزىدا خەلق ھاياتىنىڭ ناھايىتى ساپ، جەلپكار، ئوبرازلىق كارتىنىسى نامايان بولىدۇ. رىۋايەتلەر ئەسلىدىن ئالغاندا، شۇ رىۋايەتنى ياراتقان خەلقنىڭ يېزىقسىز تارىخى. ئۇ بىزگە ئىنتايىن گۈزەل ھايات كارتىنىسىنى سىزەتلەپ بېرىدۇ. ئەپسانە-رىۋايەتلەر لىرىك شېئىرلاردەك ھېسسىياتتىن ئۇرغۇپ چىققان پىكىر دۇردانىلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇ خەلقنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىلىش تارىخىنىڭ بىر ئەينىكى.

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدا سانسىزلىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر بارلىقى كەلگەنلىكى مەلۇم. قەدىمكى قەبىلەردىكى ئاخىرەتلىك بۇيۇملاردا ئىپادىلەنگەن ئاجايىپ سىرلىق ئوبرازلار،

مىڭئۆيلەردىكى يارالمىش ئوبرازلار، قىرىق، توققۇز، يەتتە، ئۈچ قاتارلىق سىرلىق مۇقەددەس سانلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى ئەسلى چۈشەنچىلەر، نەچچە مىڭلىغان ماقال -تەمسىللەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا رول ئوينىغان تۇرمۇش ھىكايىلىرىنىڭ ئارقىسىدا مىڭلىغان ئەپسانە-رىۋايەتلەرنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئەپسۇسكى، يېزىق تارىخىغا ئۆتكەندىن كېيىن، بىرقىسىم ئەپسانە-رىۋايەتلەربەزى زۆرۈرىيەتلەر تۇپەيلىدىن خاتىرىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمى خاتىرىلەنمەي، ئېغىزدىن -ئېغىزغا كۆچۈپ دەۋردىن دەۋرگە ئۆتۈش سەپىرىدە بەزىلەرنىڭ <ئېتى >ھېرىپ قېلىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغان. بەزىلىرى ھازىرغىچە يېتىپ كېلىش پۇرستىگە ئېرىشكەن. مەھمۇد كاشغەري خاتىرىلەپ قويغان ئەپسانە-رىۋايەتلەر شۇ مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىكى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىنغان ئىنتايىن ئازبىرقىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ زات قۇتقۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. مەسلەن: <ئۇيغۇر >ھەققىدىكى رىۋايەت باشقا تارىخىي مەنبەلەردىكى رىۋايەتلەر بىلەن خېلى كۆپ پەرققە ئىگە . <ئۇيغۇر>نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدىكى تارىخىي <شەجەرەئىي تۈرك>تىكى رىۋايەتتە، <ئۇيغۇر>نامىنىڭ ئېتمولوگىيىسىنى ئوغۇزخانغا باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، <ئۇيۇشقاق، يېپىشقاق> مەنىسىدە چۈشەندۈرۈلگەن بولسا، مەھمۇد كاشغەري قالدۇرغان رىۋايەتتە، بۇ رىۋايەتنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى زۇلقەرنەيىنگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە <ئۆزىنىڭ ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدىغان قەھرىمان، باتۇر، لاچىندەك پەرۋاز قىلىدىغان مىللەت> دېگەن مەنىدە يەشكەن. بۇ رىۋايەت تارىختا بارلىقتا كەلگەن باشقا مەنبەلەردە ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر مەھمۇد كاشغەري خاتىرىلىمىگەن بولسا، بۇ رىۋايەت بىلەن ئۇچرىشىش بەختىدىن بەھرىمەن بولالمىغان بولاتتۇق.

<دىۋان>دىكى ئەپسانىلەرنىڭ سانىمۇ ئاز، مەزمۇنىمۇ ئانچە چوڭقۇر ئەمەس، پەقەت بىر قىسىم ھادىسىلەرھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئاددىي ئەپسانىلەردىن ئىبارەت. ئۇ ئەپسانىلەر ئىچىگە ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي ئاڭنىڭ مەھسۇلى بولغان يارالمىش ئەپسانىلەردىنبىرە رسىمۇ كىرمىگەن.

يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

## پوقاق ئەپسانىسى

<دىۋان>دا خاتىرىلەنگەن <پوقاق ئەپسانىسى> رىۋايەتلىك ھەم ئەپسانىۋى ئامىللاردىن تەشكىل تاپقان. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى تارىختىكى مەلۇم بىر تارىخىي ۋەقەگە، تارىخى شەخسكە باغلانغان. ئەپسانىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھسساللامنىڭ كېيىنكى ساھابىلىرى بىلەن <كاپىر>تۈركىي قوۋملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن

بىر قېتىملىق ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن: <بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇك كاپىرلار ئىكەن. تەڭرى ياراتقۇچى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كىچىكلەپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ باسقۇن ياساپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن مۇسۇلمانلار ھودۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىپتۇ. بۇ خەۋەر خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قارغاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا بىرخىل كېسەل پەيدا بوپتۇ ۋە ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ. ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلۇك گەپ قىلالايدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق>(2-توم416-بەت).

بۇنىڭدىن قارىغاندا بۇ ئىسلام تارىخىدىكى تۆت چاھارىيارنىڭ بىرى بولغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشنى ئىپادىلىگەنلىكى نامايان بولىدۇ. بۇ ئەپسانىنىڭ رىۋايەتلىك تەركىبى. ئۆمەرنىڭ قارغىشى بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا پوقاقنىڭ پەيدا بولغانلىقى ئەپسانىۋى يۆكلىمە. چۈنكى، پوقاق يود كەملىكىدىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك بولۇپ، دىيارىمىزنىڭ قىسمەن جايلىرىدا پوقاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئاندا ـ ساندا ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى داۋالاش ئەسلىھەلىرىنىڭ كەمچىللىكىدىن پوقاق كېسىلىگە گىرىپتاربولغانلارنىڭ پوقىقى مەھمۇد كاشغەرىي تەسۋىرلىگەندەك بەزىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆكسىنى ۋە پۈتنى كۆترەلمەيدىغان دەرىجىدە يوغىناپ كەتكەنلىرىمۇ بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ كېسەلنىڭ سەۋەبى ئېنىقلىنىپ، پوقاق كېسىلى تۈپ يىلتىزىدىن داۋالاپ ساقايتىلدى.

مەھمۇد كاشغەرىي بۇ كېسەلنىڭ ھەرگىزمۇ قارغاشتىن بولمىغانلىقىنى، بەلكى ئۇنىڭ بىر خىل كېسەللىك ئىكەنلىكىنى، نەسلدىن نەسلگە مىراس قالىدىغانلىقىنى بىلگەن: <پوقاق بوغۇزنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گۆشنىڭ ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش، پەرغانە بىلەن شىخنى شەھرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەر بار، پوقاق نەسلدىن نەسلگە ئۆتىدۇ> ، بۇ قاراش ئەلۋەتتە خېلى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە چۈشەنچە ئىدى.

نۆۋەتتە كەلگەندە شۇنىمۇ كۆرستىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئۆمەر بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيادا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنىڭ قانداق بولغانلىقى تارىخىي مەسىلە، بۇنىڭدا بىزگە ئەڭ لازىملىق بىر ئۇچۇر بار، ئۇ بولسىمۇ، 7-ئەسىرلەردە بۇ زېمىندا <كاپىر>تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ياشىغانلىقى ھەم ئۇلارنىڭ ئەرەب قوشۇنلىرىنى مەغلۇب قىلغۇدەك خېلى قۇدرەتلىك كۈچ سۈپىتىدە ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇشقانلىقىدىن ئىبارەت بىر ۋەقەلىكنىڭ كۆلەڭگىسى نامايان بولىدۇ.

## چۋە ئەپسانىسى

بۇ ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا <ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىدىكىلەرنى قوللاپ ئۇرۇشىدىكەن. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، شۇ يۇرت كىشىلىرىمۇ غەلىبە قىلىدىكەن. قايسى جىنلار يېڭىلسە، شۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرىمۇ ئۆلىدىكەن. تۈركلەر جىنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچىدە چېدىرلارغا كىرىۋالىدىكەن>(3-توم311-بەت).

<چىۋى> يەنى جىنلار ھەققىدىكى بۇ ئەپسانىنى ئەپسانە دېگەندىن كۆرە، تۈركىي تىللىق قوۋملارنىڭ بىر خىل چۈشەنچىسىدىن پەيدا بولغان ئادىتى دېگەن تۈزۈك. چۈنكى ئۇنىڭدا تۈركىي قوۋملارنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىش ياكى يېڭىلىشنى بىرتەرەپىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى، پاراسەت ۋە ئۇرۇش ئىستىراتېگىيىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ياكى تۆۋەنلىكىدىن ئەمەس ،بەلكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى جىنلار گورۇھىنىڭ يېڭىلگەن ، يېڭىلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشىنىدىغان بىر چۈشەنچە ۋە مۇشۇ چۈشەنچىدىن پەيدا بولغان ئادىتى ئىپادىلەنگەن. بۇ چۈشەنچىنىڭ ئارقىسىدا بەلكىم مۇكەممەل بىر ئەپسانىۋى ھېكايىلەر بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق مەھمۇد كاشغەرىي ئۇنىڭ جەريانىنى ئالماستىن، پەقەت ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئادەتلىنىپ كەتكەن تەرىپىنىلا ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

<جىن >چۈشەنچىسى قەدىمكى شامان دىنىدىمۇ، بۇددا دىنىدىمۇ، ھەتتا ئىسلام دىنىدىمۇ بار. بۇ چۈشەنچىلەردىن <جىن >دىن ئىبارەت بىر<خەلق>مەۋجۇت، ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. قىسمەن ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىرقى زاماندىمۇبىر قىسىم داخانلار جىنلارنىڭ دەپ بېرىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ قىسمەتلىرىنى بىلەلەيدىغانلىقى ھەققىدە گەپلەرنى قىلىدۇ.بۇ خىل چۈشەنچە ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان بولسىمۇ ،11-ئەسىرلەردىمۇ يەنىلا بۇ خىل ئادەت داۋاملىشىپ كەلگەن.

## قولباق ئەپسانىسى

<قولباق> تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى. ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ قارا تاشقا <تەڭرى ئوغلى قولباق >دەپ يازسا، ئاق بولۇپ چىقىدىكەن. ئاق تاشقا يازسا قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بارئىكەن. (1-توم، 620-بەت)

يۇقىرىقى ئەپسانىنى <قولباق> ناملىق بىر ئەۋلىيانى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن مىسال ئالغان. قارىغاندا بۇ ئەپسانىنىڭ پەيدا بولغان، كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان دەۋرى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بولسا كېرەك. چۈنكى ئەۋلىيانىڭ ئاق ۋە قارا تاشلارغا يازغان <تەڭرى ئوغلى قولباق>دېگەن

خەتلىرىنىڭ ئىزلىرى تېخى ھازىرغىچە بارئىكەن دېگەن گەپ-ئۇنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي دەۋرىدىن خېلى قەدىمكى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

## كۆك تۇپۇلغان ئەپسانىسى

مەھمۇد كاشغەرىي <تۇپۇلغان>دېگەن بىر قۇشنى تونۇشتۇرۇپ، بۇ ئەپسانىنىڭ قىسمەن ئېلېمېنتلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇنىڭ رېئال ئېلېمېنتلىرى خېلى قويۇق. بىراق مۇبالىغە رېئال مۇمكىنچىلىكتىن ھالقىپ كەتكەن؛ <كۆك تۇپۇلغان> بىر قۇشنىڭ ئېتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدا پولات بار ئىمىش، ئۇ قانىتى بىلەن تاغقا بىرئۇرۇپ تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەرمىش. بۇ سۆزنى ماڭا كۆپ پايدىسى تەگكەن بىر ئادەم ئېيتقان ئىدى. بۇ رېئال دۇنيادا تۆرلۆك-تۈمەن سىرلىق ئىشلار بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بەزىلىرىنى كۆرىمىز، بەزىلىرىنى كۆرمەيمىز.بەزىلىرى ئەقلىمىزگە سىغىدۇ، بەزىلىرى ئەقلىمىزگە سىغمايدۇ.ئوبيېكتىپ دۇنيا بىزنىڭ ئىرادىمىزگە بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ. يۇقىرىقى ئەپسانىدە بايان قىلىنغان <كۆك تۇپۇلغان>دېگەن پولات قاناتلىق بىر قۇشنىڭ بولغانلىقى رېئاللىق. ئەگەر شۇنداق بىر قۇش بولمىغان بولسا يۇقىرىقى ئەپسانىمۇ بارلىققا كەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئەقىلگە سىغمايدىغان ئەپسانىنىڭ مەزمۇنىدىمۇ رېئال ئېلېمېنتلار بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىدىنلا رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى. خىيالمۇ، غايىمۇ، تەسەۋۋۇرمۇ ھەرگىزمۇ رېئاللىقتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.يۇقىرىقى <كۆك تۇپۇلغان>قۇشنىڭ بارلىقى ئەمەلىيەت، بىراق ئۇنىڭ بىر تاغقا قانات ئۇرغاندا تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش، مانا بۇ شۇ <كۆك>سۆزى بىلەن ئىلھاملاندۇرۇلغان قۇش ھەققىدىكى مۇبالىغىنىڭ ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈش داۋامىدا ھەددىدىن ئارتۇق غايىۋىلەشتۈرۈلۈپ كېتىشىدۇر.

<دىۋان>غا تۆركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىغا، بەزى قەبىللەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى، قەبىلە نامىنىڭ ئېتنىك مەنىسى، بىرقىسىم يەر-جاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك، بىز ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيتى زور بولغان بىرقىسىم رىۋايەتلەر خاتىرىلەنگەن. رىۋايەت دېگەن شۇ رىۋايەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن خەلقنىڭ يېزىقسىز تارىخىدىن ئىبارەت. بۇنداق رىۋايەتلەرنىڭ بەزىلىرى ھەتتا بارا-بارا مۇكەممەل ئېپوسلارنى تەشكىل قىلغان بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ژانىرىدىن بىرى بولغان رىۋايەتلەرمۇ خەلقنىڭ ھايات تارىخىنىڭ ئىنتايىن جەلپكار ئەينىكى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىن بۇرۇنقى تارىخنى مانا شۇ رىۋايەتلەرگە ئاساسەن تۇرغۇزۇپ چىققاندى.

<دىۋان>دا ئۆرنەك سۈپىتىدە بېرىلگەن رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن تارىختىكى ئىككى بۈيۈك

شەخسكە مۇناسىۋەتلىك. بىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئۆزىنىڭ قەھرىمان، ۋەتەنپەرۋەر، ئادالەتلىك، پاراسەتلىك، دەپ ئۇلۇغلاپ كەلگەن تۇران پادىشاھى ئافراسىياپ-تۇڭائالىپ ئەر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا باغلانغان رىۋايەتلەر؛ يەنە بىرى دۇنيا تارىخىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى سەھىپىسىدە ناھايىتى شۆھرەت قازانغان ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە ۋە ئۇنىڭ شەرق يۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان رىۋايەتلەر ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا <مۆچەل>ھەققىدە رىۋايەت، <ئارسلان تېكىن بىلەن بۆكەن بۇدراچ>ھەققىدىكى رىۋايەت، <تۈرك>ھەققىدە رىۋايەت قاتارلىق رىۋايەتلەرمۇ بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك تارىخىي ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

## ئافراسىياپ ۋە ئافراسىياپقا باغلانغان رىۋايەتلەر

<دىۋان>دا ئافرا سىياپ ۋە ئافراسىياپقا باغلانغان رىۋايەتلەرنىڭ سالمىقى ناھايىتى ئېغىر. ئافرا سىياپ ھەققىدە يەنە خېلى كۆپ مەرسىيە شېئىرلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ ھال بىزنى ئافرا سىياپ ھەققىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىپ، ئۇ تارىخىي شەخسنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى بۇ سىرلىق شەخس مەركىزىي ئاسىيانىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەردىن تاكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 11-ئەسىرگىچە بولغان 1700يىللىق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى يورۇتۇشنىڭ مۇھىم تۈگۈنى.

ئافراسىياپ كىم؟

<تۈركىي تىللار دىۋانى>دا بىز ئۇچراتقاندەك تۇڭا ئالىپ ئەر ياكى پارىس مەنبەلىرىدە ئافراسىياپ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بىر تارىخىي شەخس ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز. قوشاقلار، مەرسىيىنامىلەر، يەر-جاي ناملىرى، رىۋايەتلەردە ھەم ئالىپ ئەرتۇڭاغا باغلانغان خاتىرىلەرنى كۆرىمىز. ئۇنداقتا تۇڭا ئالىپ كىم؟ئۇنىڭ تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن، ئۇيغۇرلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ھازىرغىچە تۇڭا ئالىپ ئەر ئافراسىياپ ھەققىدە تېخى سىستېمىلىق چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ باھادىر ئەزىمەتنىڭ مەركىزىي ئاسىيا تارىخىدا تۇتقان ئورنى تېخى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. ئەگەر بىز ئەتراپلىق ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان بولساق ئافراسىياپ ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك دەلىللەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشىمىزدا گەپ يوق. چۈنكى ئافراسىياپ ھەققىدىكى تارىخىي ئۇچۇرلار ئاز ئەمەس.

بىز ئالدى بىلەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، <دىۋان>دا ئون پارچە مەرسىيىنامە ئالىپ ئەرتۇڭاغا بېغىشلانغان. ئۇنىڭدا بىرتەرەپتىن ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ باھادىرلىقى، خەلقپەرۋەرلىكى، يوقسۇللارغا بولغان غەمخورلۇقى مەدھىيىلەنگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇنداق ئۇلۇغ خاقانغا كەلگەن ئەجەل ئوقىدىن ئەل-ۋەتەننىڭ قاتتىق قايغۇ-ئەلەمگە پاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇ مەرسىيىنامىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر تىلىدا پۈتۈلگەن ياكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ داۋاملىشىپ كەلگەن.

<دىۋان>دا يەنە بىرمۇنچە مەنسەپ دەرىجە ئاتالغۇلىرىمۇ ئافراسىياپقا باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەسىلەن، خان-تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ پادىشاھى، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان ئوغۇللارمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. خاقان-ئافراسىياپتۇر. مۇنداق ئاتاشتا ئۇزۇن بىر قىسسە بار(3-توم.513-بەت).

دېمەك، خان ۋە خاقان ئافراسىياپقا مۇناسىۋەتلىك ئەمەل نامى بولۇپ، ئىككىسى پەرقلەندۈرۈلگەن. خاقانلىق ئافراسىياپقا مەنسۇپ. خانلىق بولسا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا مەنسۇپ، دەپ كۆرسەتكەن. خاندىن خاقاننىڭ ئىمتىيازى چوڭ بولغان. <قاتۇن-خاتۇن، خانىكە، ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغا خاس نام>(1-توم206-بەت).

تېكىن-بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى قۇل دېمەكتۇر. بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىسىنى بەك ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ <قۇلىڭىزپالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پوكۇنى مۇنداق قىلدى >دەيدىكەن. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالغان. باشقا ئوغۇللاردىن ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ يېنىغا يەنە بىر سۆز قوشۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى(1-توم 206-بەت).

<دىۋان>دا يەنە بەزى يەرجاي نامىلىرىمۇ ئافراسىياپقا تۇتىشىدۇ. <بارىسخان>ئافراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى. بارىسخان شەھىرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولۇپ، ئۇ بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ يەردە يىلقا باققان. كېيىن ئۇ يەر شۇنىڭ نامى بىلەن بارىسخان دەپ ئاتالغان (3-توم 625-بەت).

يۇقىرىقى مەلۇماتتىكى ئافراسىياپنىڭ ئوغلى بارىسخان بىلەن ئۇيغۇر خاقانىنىڭ يىلقا باشقۇرغۇچىسى

ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشتىن ئافراسىياپ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى زىچ مۇناسىۋىتىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

يۇقۇرىقىلاردىن باشقا <بارماق>، <بارچۇق>، <قاز>، دېگەن شەھەرلەرمۇ مۇشۇ ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ قىز-ئوغۇللىرىغا باغلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

بىز بۇنىڭدىن ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا ئوينىغان تارىخىي رولىنىڭ ناھايىتى چوڭ بولغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېخىمۇ روشەن مىسرالار بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ تارىخىي تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

276. بۇ- تۈرك بەگلىرىگە سېلىنسا نەزەر،
جاھان بەگلىرىنىڭ ياخشىسى شۇلەر.

277. بۇ تۈرك بەگلىرىدىن ئېتى بەلگۈلۈك،
تۇڭا ئالىپ ئەر ئىدى بەختى بەلگۈلۈك.

278. ئىلمىدە بۈيۈك كۆپ پەزىلەتلىك دىلى،
بىلىملىك، ئەقىللىق، خەلقىنىڭ خىلى.

279. ئىدى ئۇ سەرخىل، زېرەك ئەر ئوغلان،
دۇنياغا زېرەكلەر بولار ھۆكۈمران.

280. تاجىكلار دەيدۇ ئۇنى ئافراسىياپ،
ئۇ ئافراسىياپ تۇتتى ئەللەر تاللاپ.

281.جاھاننى تۇتاي دەپ سۇنۇشقا ئىلىگ،
كېرەك كۆپ پەزىلەت بىلەن كۆپ بىلىك.

**يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ باھادىر خاقانغا مۇنداق بىرنەچچە تەرەپتىن ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز.**

**بىرىنچى، پۈتۈن بەگلىكلەرگە نەزەر سېلىنغاندا، جاھاننىڭ ئەڭ سەرخىل، ياخشى بەگلىرى مانا شۇ ئافراسىياپ دەپ جاكارلايدۇ ھەم ئۇنى بەگلىكلەرنىڭ ئۆلگىسى قاتارىغا قويىدۇ.**
**ئىككىنچى، تۇڭا ئالىپ ئەر ئىلمي پاراسەتتە بۈيۈكلۈككە يەتكەن. پەزىلەتتە يېگانە، ھەقىقي بىلىملىك ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن خەلققە باشپاناھ بولغا خاقان ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.**
**ئۈچىنچى، ئالىپ ئەرتۇڭا زېرەكلىكى ، باتۇرلۇقى، ياراملىقلىقى بىلەن جاھان سورىغانلىقى، چۈنكى دۇنياغا ھۆكۈمدار بولۇش ئۈچۈن پەزىلەت بىلەن بىلىم ھازىرلانمىسا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان.**

**يۇقىرىقى باھالار بىلەن مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بەرگەن ئۇچۇرلىرىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، باھاسى، خاراكتىرى تامامەن ئوخشاش بولۇپ، بۇ ئىككى ئالىم باھادىر خاقان ئالىپ ئەرتۇڭاغا يۇقىرى دەرىجىدىكى قەدىر-قىممەت ۋە ھۆرمەت تەختىدىن ئورۇن بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن بەگلىكلەرگە ئالىپ ئەرتۇڭانى نەمۇنە ۋە ئۆلگە قىلىپ تىكلەپ بەرگەن.**

**ئافراسىياپ ھەققىدىكى مەلۇماتنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ پارىس مەنبەلىرىدىن ئالغان، مەھمۇد كاشغەريي خەلق ئىچىدىن ئالغان. پارىس مەنبەلىرىدە ئافراسىياپ ھەققدە تەپسىلي مەلۇمات بەرگەن كىشى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى <شاھنامە> دە ئافراسىياپنى گەرچە سەلبى تىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭغا يۈكسەك ئېتىبار بىلەن باھا بەرگەن. بىز فىردەۋسىنىڭ بايانلىرىغا نەزەر سېلىپ باقايلى:**

**ئافراسىياپ كەلمىش ئەسكىرى يۈزمىڭ،**
**تۈركلەرنىڭ تاللانغان لەشكىرى يۈزمىڭ.**

**بۇ خەۋەردىن كاۋۇس دىلى بولدى تەڭ،**
**بەزمە تۈگەپ باشلىناتتى ئەمدى جەڭ.**

**ئۇلارغا شاھ دېدى: بۇ ئافراسىياپ،**
**جىسمىدا يوقمىدۇ ھاۋا، ئوت، توپا، ئاب.**

يەزدان ئۇنى نېمدىن ياراتقانكىن،
يا باشقا ئۇرۇقتىن ياراتقانمىكىن.

يۇقىرىقى كەيكاۋۇسنىڭ باياناتىدا ئافراسياپنىڭ سۇ، هاۋا، تۇپراق، ئوتتىن ئىبارەت تۆت ئونسۇرەدىن يارىتىلغان ئادەم ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى يەزدان يەنى زەردوش دىنىنىڭ خۇداسى (باشقا ئالاهىدە نەرسىدىن ياراتقانمىكىن) دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. چۈنكى ئافراسياپنىڭ پاراستى، جەڭدىكى تاكتىكىسى، ئۆلۈمنى مەنستىمەسلىكى هەم ئۇنى يېڭەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىران شاهلىرى ئافراسياپنى تەڭرىنىڭ ئەزىز قىلغان ئوغلى ئوخشايدۇ، دەپ باها بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

ئافراسياپنىڭ ئۆزىنىڭ سەركەردە ۋە ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بىلەن قىلغان كېڭىشى تېخمۇ ئەهمىيەتلىك.

خان يىغدى مەجلىسكە دانىشمەنلەردىن،
سەزگۈر هەم دانا-ئىش بىلەرمەنلەردىن.

ئۇلارغا دېدى: بۇ بوينۇمغا پەلەك،
قىلمىغانمۇ قىسمەت ئۇرۇشتىن بۆلەك.

مېنى قەستلەپ كەلگۈچى نى-نى پەهلىۋان،
ئىلكىمدە بولغانتى يەر بىلەن يەكسان.

جاهان خاقانى سالسا جەبرى -جاپا،
ياخشىلىق تۆگەپ ، بارچە بولار خاپا.

قىڭغىرلىق كۈچىيەر، قالماس توغرىلىق،
هەريەردە ئەۋج ئالار يالغان ئوغرىلىق.

جېنىمدىن تويدۇردى زورلۇق جەڭ-جېدەل،
ياخشىلىققا بۇيرىدى تەڭرى ئەزەل؛

بۈگۈن جارى قىلاي سۆلهى ئادالەت،

قايغۇ تۈگەپ، راھەت تاپقاي كامالەت.

ئۆچتىن ئىككى جاھان ئاياغ ئاستىمدا،
ئىران، تۇران ساراي ماڭا دەستىمدە.

ھەر بوي بەرمەس باتۇرلار بېشىدا تاج،
تۇرۇقلۇق تۆلەيدۇ ماڭا نۇرغۇن باج.

ئافراسىياپنىڭ يۇقىرىقى نۇتقىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ ئۇرۇشخۇمار شاھ ئەمەس، بەلكى تىنچلىقپەرۋەر خاقان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەلگە تىنچلىق، خاتىرجەملىك ئورنىتىش ئۈچۈن خاقان بولغانلىقى، ھەرگىزمۇ قىسمىتىگە ئۇرۇش، پاراكەندىچىلىك ، قان تۆكۈش پۈتۈلمىگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇرۇشتىن ئەلنىڭلا ئەمەس، ئۆزىنىڭمۇ باغرى قانغا تولغانلىقىنى ئېيتىپ، تىنچلىققا بولغان ئارزۇسىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ تىنچلىق سۆلھىسى ئۈچۈن ئىنىسى گەرسىۋەزنى ئىرانلارغا ئەۋەتىدۇ. بۇيرۇق مۇنداق دېدى:

دېگىل -ئىرانغا ھېچ دەۋايىمىز يوق،
دېگىن سۆزىمىز چىن، كۆڭلى بولسۇن توق.

بىزنىڭكى چىندىن تاجەيھۇن قىرغىقى،
بىزگە بەس سوغدىلەر يېرى - تۇر تېغى.

ئىران بىلەن تۇران بىر ئىدى دائىم،
بىلمەي جېدەل، ياشار ئىدى مۇلايىم.

كەچۈرۈم، ئىستەيلى ئېزگۈ-ئامانلىق،
ئۇنتۇلماس ئۇرۇش، يوقالسۇن يامانلىق.

ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى - (مىلادىيە 1025-934) ئىراننىڭ 4000 يىللىق ئەپسانىۋى ۋە ھەقىقىي تارىخىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئېپىك ئەسەر <شاھنامە> نىڭ مۇئەللىپى. ئۇ گەرچە ئىران مەيدانىدا تۇرۇپ ئافراسىياپنى دۈشمەن كۈچ سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى بايانلاردا يەنىلا ئافراسىياپنىڭ ئۇلۇغۋار سىماسى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ تىنچلىق ئۈچۈن سۆلھى تۈزىدۇ.

ئۇنداق بولسا ئالىپ ئەرتۇڭا ئەپسانىۋى شەخسمۇ؟ تارىخىي رېئال شەخسمۇ؟ يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ۋە مەلۇماتلارنىڭ ھەممىسى ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىزگە خەلق يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇچۇرلار ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇچۇرلاردۇر. <تۈركىي تىللاردىۋانى>دىكى مەرسىيەلەر، رىۋايەتلەرۋە يەر-جاي نامىلىرىنىڭ ئافراسىياپ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ شەك-شۈبھىسىز تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر ئۇ توقۇلما بەدىئى ئوبراز ياكى ئەپسانىۋى شەخس بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ شەنىگە بارلىققا كەلگەن مەركىزىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن تارىخىي ئۇچۇرلارنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ.

بۇ خۇسۇستا 19-ئەسىرلەردە بېرىلگەن يەنە بىر ئۇچۇر ئافراسىياپنىڭ تارىخىي شەخس ئىكەنلىكىنى، ئۇنى بۇ زېمىندىكى خەلق نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى ئەسلەپ، خاتىرىلەپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.19-ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ تارىخچىسى موللامۇسا سايرامى <تارىخىي ھەممدى> دېگەن كىتابىدا ھازىرغىچە بىز تازا ئېتىبار بەرمىگەن، بىراق تارىخىي ۋە تەتقىقات قىممىتى ناھايىتى زور بولغان مۇنداق ئۇچۇردىن ۋاقىپلاندۇرىدۇ:

ئەلقىسسە، يەنە بىر غارايىب شۇدۇركى، موغۇلىستان تەۋەلىكىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ شەرق ۋە جەنۇب بۇرجىكىنىڭ ئارىلىقىدا لوپ دېگەن بىر چوڭ مەشھۇر زېمىن بار. <تارىخىي رەشدى>نىڭ ئاپتورى مىرزاھەيدەر كۆرەگان بۇرۇنقى تارىخىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ يازغان كىتابىدا لوپ دېگەن جايدا 17چوڭ شەھەر بولغانلىقىنى ۋە شەھەرنىڭ نامىلىرىنى، تەكتى ئەھۋالىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغانىدى ھەم ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، زېمىنىنىڭ ئاۋاتلىقىنى يازغانىدى. شەھرى كىتىك، شەھرى تەركەن، شەھرى چەمەن، شەھرى لوپ ھازىرمۇ مەشھۇر. قالغانلىرى بولسا قۇم خەزىنىنىڭ ئاستىدا قالغان. بوران چىقسا بەزىلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ-دە، يەنە كۆمۈلۈپ قالىدۇ، بۇ گەپنى بايان قىلىدىغان بولساق:<كۆنلەرنىڭ بىركېچىسى غەرب ئىلاھى پەيدا بولۇپ، ئاسماندىن خۇددى بالادەك قۇم ياغدۇرۇپتۇ، شەھەرلەر ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ قۇمنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. ئافراسىياپنىڭ قەبرىسىمۇ مۇشۇ جايدا ئىكەن دېگەن گەپ بار>.

يۇقىرىقى مەلۇمات بىزگىچە مەلۇم بولغان ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى يېگانە ئۇچۇر. بۇ مەلۇمات بىزنىڭ مۇنداق بىرقانچە مۇھىم ئىشنى دەلىللىشىمىزگە ئاساس بولىدۇ: بىرى، تۇڭا ئالىپ ئەر-ئافراسىياپ دېگەن بۇ تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىسى ھازىرقى شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى شەھرى كىتىك ۋە شەھرى لوپ ياكى تارىم بويلىرىدا ئىكەن. موللا مۇسا سايرامىغىچە بولغان 2500يىلدىن ئارتۇق تارىخىي مۇساپە جەريانىدا خەلقىمىز ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بۇ ئۇلۇغ خاقاننىڭ نامىنى يادلاپ كەلگەن ۋە

قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن؛ يەنە بىرى، ئافراسىياپ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن ياشىغان پادىشاھ بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامىيەتتىن كېيىن، كىشىلەر بۇ باھادىر خاقانىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالغان.

يۇقىرىقى مەلۇماتتا كۆرسىتىلگەندەك، خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئادەم قارىغان. شۇڭا مىڭ يىل مابەينىدە بۇ قەبرە چۆلدەرەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈلۈپ، ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ئەلنىڭ نەزەرىدىن ھەرگىزمۇ چۈشۈپ قالمىغان. شۇڭا موللامۇسا سايرامى ئۆزى ئاڭلىغان خەۋەرلەرگە ئاساسەن<ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە دېگەن گەپ بار> دەپ ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتىدۇ. ئەگەر موللامۇسا سايرامى ئافراسىياپ ھەققىدە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان بولسا ، تۇيۇقسىزلا ئۈچ ئادەمنىڭ نامىنى ئاتاپ، ئەسىردە ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى بۇ ئۇچۇرنى بىزگە قالدۇرمىغان بولاتتى.

يەنە بىر دەلىلنى يەنىلا<تۈركىي تىللار دىۋانى> بېرىدۇ: <تارىم ـ تېكىنلەرگە، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ئۇششاق باللارغا خاس سۆز. خاقان ئەۋلادىدىن باشقىلار ھەرقانچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا خېنىملارغا ، ئۇنۋان ئورنىدا ئالتۇن تارىم دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ>.

يۇقىرىقى ئۇچۇرلاردىن بىز ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئانا ماكانى تارىم ۋادىسى بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايمىز. چۈنكى تارىم مەركىزىي ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى بىردىنبىر ئىچكى ئانا دەريا، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان مۇقەددەس دەريا. ئافراسىياپ بۇ مۇقەددەس ئانا دەريانى ئۇلۇغلىغان ۋە ئۇنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. شۇڭا بۇ مۇقەددەس ئانا دەريانى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە ئەۋلادلىرىنىڭ تارىم دەرياسىدەك ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىششى ۋە ئەلگە ئۆزلۈكسىز نەپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارغا <تارىم> دېگەن شەرەپلىك نامنى مىراس قالدۇرغان. ئۇلار <تارىم> دېگەن بۇ نام بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاناماكانىغا بولغان ساداقىتىنى ۋە مۇھەببىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان. بۇنىڭدىن بىز ئافراسىياپنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىرنەچچە ئەۋلادئىزباسار ئەۋلادلىرىنىڭ كىندىك قېنى مۇشۇ تارىم ئېتىكىگە تۆكۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بىز يەنى يۇقىرىقى مەلۇمات بىلەن ئافراسىياپنىڭ قەبرىسى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى بىرلەشتۈرگەندە ئافراسىياپ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك جايىنى مانا مۇشۇ مۇقەددەس تۇپراققا دەپنە قىلدۇرغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرالايمىز.

# ئافراسىياپ قايسى زاماندا ياشىغان؟

ھازىرغىچە ئافراسىياپنىڭ قايسى زاماندا ياشىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى قايسى خانلىقنىڭ پادىشاھى بولغانلىقى ھەققىدە چۈشەنچىلەر نۇرغۇن ئەپسانىۋى ھەم رىۋايەتلىك يوپۇقلار بىلەن يوپۇقلىنىپ كەلدى. ئافراسىياپ ھەققىدە كۆپ ئاپتورلار ئىز قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنىقراق ئېنىقلىما تېخى بايقالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى تارىخىي ئۇچۇرلار تۆگا ئالىپ ئەرنىڭ زامانىسى توغرىسىدا ئىزدىنىشىمىزنى قىسمەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئالدى بىلەن بىز يەنىلا <دىۋان>دىكى مەلۇماتلارغا مۇراجىئەت قىلىمىز.

(1) مەھمۇد كاشغەرىي<دىۋان>نىڭ 3-توم 206-بەتتە <قاز> -ئافراسىياپنىڭ قىزى ھەققىدە توختىلىپ <قازۇن شەھىرىنى شۇ قىز قۇرغان>دەيدۇ.

ئۇنىڭ قۇز ئىسمىلىك گۈزەل قىزى قەزۇن-قۇز سۆزىنىڭ ئۆزگەرتىلگىنىدۇر. ئىلى ۋادىسىغا قاراپ ئاقىدىغان چوڭ سۇنىڭ قۇز سۈيى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ ئافراسىياپنىڭ قىزى قۇزنىڭ شۇ سۇ بويىدا چوڭ قەلئە سالغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇھەقتە بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى بەنزەن شۇ قىز بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىدە بولغىنى ئۈچۈن ئافراسىياپ ئۇنى بارچۇق شەھرىگە قامىغانىدى. بەزىلەر بۇ شەھەرنى <ئافراسىياپنىڭ مەرۋە شاھ جاھان دېگەن ئوغلى بىنا قىلدۇرغان دېيىشىدۇ> (3-توم 206-بەت).

<دىۋان>دا يەنە مەرۋى - مەرۋىشاھ جاھان نامىدا ئاتالغان شەھەرنىڭ نامى ئۇچرايدۇ.

(2) <بارچۇق-ئافراسىياپ قۇرغان بىر شەھەر، ئۇ يەردە بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى، بەنزەن قامالغان.> (1-توم 608-بەت).

(3) ئافراسىياپ پەردۇننىڭ تۇر ئىسىملىك ئوغلىنىڭ نەۋرىسى ھۇشەڭنىڭ ئوغلىدۇر.

(4) ئافراسىياپ بۇ شەھەرنى تەھمۇرەس تەرىپىدىن شەھەرنىڭ ئىچكى قورغىنىنى سېلىپ 300يىلدىن كېيىن بىنا قىلدۇرغان.

يۇقۇرىقى رىۋايەتلىك مەلۇماتلاردا ئافراسىياپنىڭ ياشىغان زامانى ئىران شاھى پەردۇننىڭ تۇر ئىسىملىك ئوغلى ۋە ھۇشەڭ ئىسىملىك چەۋرىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھەقتە بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى بەنزەنگە تۇتۇشىدۇ. ئۈچىنچىدىن، مەرۋە شەھرىنىڭ دەسلەپكى ھۇلىنى سالغان، تەھمۇرەس يەنى ماساكلارنىڭ ئايال پادىشاھى تۇمارىستىن 300يىل كېيىن ياشىغانلىقى ئوقۇلىدۇ.

پەردۇن- ئىراننىڭ پىشدىيان سۇلالىسىدە ئۆتكەن بىر ئادىل پادىشاھى. بىز بوختۇ ناسىرنىڭ ئوغلى بەنزەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى شاھ نامىدىكى تۆۋەندىكى بايانلار ئارقىلىق ۋاقىپ بولدۇق.

ئەمدى تەھمۇرەس-تۇمارىسقا كەلسەك، تۇمارىسنىڭ ئىرانلار بىلەن بولغان تىركىشىشى ۋە ئۇلۇغ غەلىبىلىرى مىلادىيدىن بۇرۇنقى 6-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق بولغاندا ئافراسىياپ تۇمارىستىن 300يىل كېيىن ياشىغان دېگەن پىكىرگە ئاساسلانغاندا مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

تەبەرىنىڭ بايانلىرىدا ئافراسىياپ نوھقا باغلىنىدۇ. نوھنىڭ يافەس دېگەن ئوغلىدىن كېيىن دۇنيا 1000يىلغىچە پادىشاھسىز قالىدۇ. توپاندا ھەزرىتى نوھقا ھەمراھ بولغان بىرىكىمنىڭ ئەۋلادى جەمشىدنىڭ نەسلىدىن پەرىدۇن دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى ئۈچ بولىدۇ. چوڭ ئوغلى تۇر بولۇپ، پەرىدۇن ئۈچ ئوغلىغا ئۆزىگە تەۋە بولغان زېمىنلارنى بۆلگەندە تۇر ئىسىملىك ئوغلىغا تۈرك، خەزرەج، ماچىن ۋە مەشرىق زېمىنىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا <پەغپۇر>تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ ئات قويىدۇ. تۇرنىڭ ئەۋلادىدىن فەسبەخ <يەسو-بەخ>نىڭ ئوغلى ئافراسىياپ تامامى ئورتا ئاسىيا ۋە مەشرىق زېمىنگە ھۆكۈمران بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلار ئافراسىياپ نوھقا ۋە ئاندىن ئىران شاھى پەرىدۇن ۋە ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلادىغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى رىۋايەتلەردە ئافراسىياپنى تېخمۇ ئەپسانىۋى يۈكلىمىلەر بىلەن سىرلىقلاشتۇرۇپ بۇنىڭدىن 3500يىل بۇرۇنقى تارىخقا تاقايدۇ. نار شاخى <بۇخارا تارىخى> دېگەن كىتابىدا: <پارىسلارنىڭ كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئافراسىياپ 2000يىل ئۆمۈر كۆرگەنمىش، بۇ جادۇگەر نوھ پادىشاھنىڭ باللىرىدىن ئىدى> دەپ يازغان. <ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى> (2002-يىلى نەشرى، 119-بەت). بىراق ئەل بىرونى ۋە باشقائاپتورلار قالدۇرغان مەلۇمات بويىچە كىيامكسارەس تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنغان چاغدىن يەنى مىلادىيدىن بۇرۇنقى (625-يىلى 13-ئاپرېل) روچ ۋە پوستلارنىڭ تەتقىقاتى بويىچە 26-ئىيۇن ئافراسىياپنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلغان كۈن دەپ ئىران ئۆلكىلىرى بايرام قىلىدىكەن، مەجۇسلەر بۇ بايرامنى <تىرەگەن> بايرىمى دەپ ئاتايدىكەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئافراسىياپنىڭ جەددى- جەمەتى يەنىلا ئۇلۇغلىنىپ كەلگەن؛ ئۆز دەۋرىدىمۇ ئۇلار <ئالتۇن تارىم> ، <تېكىن>، <خاتۇن> ناملىرىدا ئۇلۇغلانغان. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغاندا، دىۋاندىكى ئافراسىياپقا ئاتالغان مەرسىيەنامىلەردە ئۇنچە يىراق تارىخنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئىپادىلەنمەيدۇ، ئافراسىياپ مەھمۇد كاشغەري ئۈچۈن ئۇنچە سىرلىق شەخس ئەمەس، بەلكى ئۇ ئافراسىياپ ھەققىدە ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلارغىچە تەپسىلى بىلىدىغان ئالىم. ئۇنىڭ <خاقان> نامى توغرىسىدا ناھايىتى ئۇزاق بىر قىسىم بار،دەپ ئۇچۇر بەرگىنى بۇ نۇقتىنى ياخشى ئىسپاتلايدۇ. يەنە بىر مەنىدىن قارىغاندا خەلق بەرگەن مەلۇماتلار ئەڭ

ئىشەنچلىك، ئەڭ چىن مەلۇماتلاردۇر. خەلق ئۆزىنىڭ باتۇر ئەزىمەتلىرىنى قەلب دەپتەرلىرىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا خاتىرىلەپ كەلگەن.

## زۇلقەرنەيىن كىم ؟

قەدىمكى زاماندىكى ئىستىلاچىلار ئىچىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەڭ مەشھۇر ھېساپلىنىدۇ. ئۇ مىلادىيدىن بۇرۇن 356 - يىلى يۇنان تەۋەسىدىكى ماكېدونىيىنىڭ پايتەختى پىرادا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ماكېدونىيە پادىشاھى فىلىپ II ناھايىتى قابىلىيەتلىك ، يىراقنى كۆرەر ئادەم ئىدى. مىلادىيدىن بۇرۇنقى 633 - يىلى زۇلقەرنەيىنىنىڭ دادىسى فىلىپ II بەختكە قارشى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدۇ. ئۇ چاغدا ئۇ 46 ياش ئىدى. ئاتىسى قازا تاپقاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەمدى 20 ياشقا كىرگەن ئىدى، بىراق ئۇ ھېچقانداق توسالغۇسىزلا پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى. چۈنكى، ئاتىسى ئالدىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئورۇننى تەييارلاپ قويغانىدى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مەلۇم ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇنىڭ ئاتىسى ئادەتتە ئۇنىڭغا مەدەنىيەت تەربىيىسى بېرىشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ئالەمشۇمۇل ئابرويغا ئىگە پەيلاسوپ ئارىستوتىلنى ئۇنىڭغا ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلغان ئىدى.بىراق ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەختكە چىقىپ ئىككى يىل ئىچىدىلا بارلىق رەقىبلىرىنى مەغلۇب قىلدۇ، ئاندىن پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق قىلدۇ.پېرسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. غەربتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىغىچە، شەرقتە ھىندىستانغىچە باراتتى؛ گەرچە ئۇنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك دەۋرى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى ئىدى.

مىلادىيدىن بۇرۇن 334 - يىلى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئەسكەر تارتىپ پېرسىيىگە ھۇجۇم قىلدۇ. گەرچە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى پېرسىيە قوشۇنلىرىدىن سان جەھەتتە كۆپ تۆۋەن بولسىمۇ مۇنداق بىرقانچە تەرەپتىن يەنىلا زور غەلىبىلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. بىرى، ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا قالغان بۇ قوشۇننىڭ سۈپىتى يۇقىرى، تەشكىل ئىنتىزامى چىڭ، خىل قوشۇن ئىدى؛ ئىككىنچىسى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تالانتلىق، تەڭداشسىز قوماندان ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن باتۇر ئىدى. ئۇ باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئارقا سەپتە تۇرۇپ قوماندانلىق قىلسا تامامەن مۇمكىن ئىدى، بىراق ئۇ ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماي ئەسكەرلەردەك ھۇجۇم قىلىپ ماڭاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ كۆپ قېتىم يارىلانغانىدى. جەڭچىلەر قوماندانىنىڭ ئۆزى بىلەن خېيىمخەتەردە بىللە بولغانلىقىنى كۆرۈپ ، جەڭگىۋارلىقى ھەسسىلەپ ئاشاتتى-دە، باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشاتتى. ئىسكەندەر زۇقەرنەيىنىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرى دەل ئۇنىڭ مۇشۇنداق پەزىلىتىنىڭ مېۋىسى ئىدى.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تىر شەھرىنى قورشىۋالغاندا، ئۇ پېرسىيە پادىشاھىنىڭ بىرپارچە مەكتۇبىنى تاپشۇرۇۋالدۇ. مەكتۇبتا پارس شاھى ئىمپېرىيىسىنىڭ يېرىم تېررىتورىيىسىنى بېرىش بەدىلىگە ئۇنىڭ بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى تۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ بارمىنو ئىسىملىك بىر گېنىرالى بۇ شەرتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ <ئەگەر مەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولغان بولسام، بۇ شەرتكە قوشۇلغان بولاتتىم>دەيدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭغا <ئەگەر مەن بارمىنو بولغان بولسام، مەنمۇ بۇ شەرتنى قوبۇل قىلغان بولاتتىم>دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ناھايىتى كەسكىن، مۇستەقىل خاراكتېرگە ئىگە ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن گازانى ئىگەللىگەندىن كېيىن، مىسىر ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولىدۇ. مىسىرلىقلار ئۇنى فىرئەۋنلىككە كۆرستىپ، ئۇنى ئىلاھ دەپ جاكارلايدۇ.ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قوشۇننى باشلاپ ئاسىياغا قايتىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 313-يىلى ئىربىل ئۇرۇشىدا ئۇ پېرسىيە قوشۇننى قاتتىق مەغلۇپ قىلىدۇ. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىپ، ھەر جەڭدە غەلىبە قىلىپ ماڭدى. تارىخىي خاتىرىلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۇرانلار بىلەن بولغان ئۇرۇش ھەققىدە كونكېرىت مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، لېكىن <دىۋان> دىكى رىۋايەتلەر، ئەلشىر ناۋايىنىڭ <سەددى ئىسكەندەر>دېگەن ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا زۇلقەرنەيىن تۇرانلاربىلەن كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قىلمىغان، پەقەت قىسمەن تۇتۇشۇپ تۇرانلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشكەن.

مىلادىدىن 323يىل بۇرۇن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كېزىك بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئاران 33 ياش ئىدى. ئۆزىنىڭ ۋارىسىنى بەلگىلەپ قويۇشقا تېخى ئۈلگۈرەلمىگەندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ گېنىراللىرى ۋارىسلىق ھوقۇقنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپ ئىمپىرىيىنى ئۈچ بۆلەككە پارچىلاپ تاشلايدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تارىختىكى كومېدىيىلىك ئۇلۇغ شەخس دەپ قارىلىدۇ. گېرىك مەدەنىيىتى بىلەن شەرق مەدەنىيىتنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەتنى بېيىتىش ئۇ ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ ئەڭ زور مۇۋاپىقىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىدى. گېرىك مەدەنىيىتى شۇ سەۋەبتىن ئىران ۋە مېسسوپوتامىيىدە، سۈرىيە مىسىرلاردا تېز تارقالدى.

مەركىزى ئاسىيادا گېرىك مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ، لېكىن <دىۋان>دىكى مەلۇماتلاردا قوچۇدىكى سولۇمى شەھرىگە ئوخشاش بىر قىسىم شەھەرلەر قۇرۇلۇشنى زۇلقەرنەيىنگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا پارىسلارنىڭ ۋاستىسى بىلەنمۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر گېرىك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان.

## ئىزاھاتلار:

(1) بۇ ساندىن قارىغاندا ئۆز دەۋرىدە ئىلى رايونىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ سانىنىڭ 1مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ.

(2) ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى <تارىمدىن تامچە> دە تارىخچى دوكتۇر زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ <ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش >دە كەلتۈرگەن نەقىلدىن نەقىل. 307-بەت.

(3) <تارىخىي خاتىرىلەر> 399-400-بەت.

(4) مەھمۇد كاشغەرىي :<تۈركىي تىللاردىۋانى>نى تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى چۈشىنىش، تۈركىي تىلنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانلىقى ئۈچۈن كونكېرت چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

(5) مەھمۇد كاشغەرىي <تۈركىي تىللار دىۋانى> 1-توم، 151-بەت.

(6) قۇربان ۋەلى :<بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز>، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 210-بەت.

(7) <ئوغۇزنامە>، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى11-ئاي نەشرى، 46-بەت.

(8) <تۈركىي تىللار دىۋانى>، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى،1-توم، 524-بەت.

(9) س.ش كىلياشتورنى : <قەدىمكى تۈرك- رونىك يېزىقدىكى ئابىدىلەر>، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى. ئۇيغۇرچە 20-بەت.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنىڭ يېشمى(2)

## يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق

## تۈركمەن ھەققىدە رىۋايەت

تۈركمەن رىۋايىتى <دىۋان>دىكى خېلى مۇكەممەل رىۋايەتلەرنىڭ بىرى. رىۋايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدا، زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى داۋامىدا مەركىزىي ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق قوۋملار بىلەن

بولغان ئۈچرىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان بەزى مۇھىم ئېتنىك مەنالار، بۇ چاغا تۇران خاقانى <شۇ>خاقانىنىڭ پاراستى، تەمكىنلىكى ۋە شۇنىڭ خاسىيتىدىن ئۇرۇش ئوتىدىن ۋە بىر قېتىملىق زور قىرغىنچىلىقتىن ساقلاپ قالغانلىقىدەك تىنچلىقپەرۋەرلىك روھىغا ئاپىرىن ئوقۇلغان.

تۈركمەن، بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:
زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا تۈركلەرنىڭ <شۇ >ئىسىملىك بىر ياش خانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى <شۇ >قەلئەسىنى <شۇ> ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. رىۋايەتنىڭ بۇ قىسمىدا ئىككى مۇھىم نوقتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىرى، تۈركمەن بىلەن ئوغۇزلارنىڭ بىردەكلىكى، يەنى تۈركمەنلەر دېگەندە ئۇلار ئوغۇزلارنى كۆرسىتىدىغانلىقى، يەنە بىرى، شۇ خاقانىنىڭ ئەزەلدىن باتۇر خاقان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چۈشەنچىگە كەلتۈرۈلىدۇ. رىۋايەتنىڭ داۋامىدا شۇ خاقانىنىڭ كۈمۈش كۆلچەكتىكى غاز، ئۆردەكلەرگە قاراپ خاتىرجەم تۇرۇپ: زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، قانداق قىلىمىز،ئۇرۇشىمىزمۇ ياكى نېمە تەدبىرلىرى بار دەپ تەشۋىشلىنىپ سورىغۇچى مۇلازىملىرىغا تەمكىنلىك بىلەن: قاراڭلار، كۈمۈش كۆلچەكتىكى غاز، ئۆردەكلەر قانداق شۈڭغۈيدىكەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەل خاقانىنىڭ خاتىرجەملىكىگە قاراپ، بىرەر تەدبىرىنى قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، دەپ خاتىرجەم بولىدۇ. راستىنلا شۇ خاقان خوجەند دەرياسى بويىغا ئاللىبۇرۇن 40كىشىدىن تەركىب تاپقان چارلىغۇچى قوشۇننى ماڭغۇزغان ئىدى. زۇلقەرنەيىن خوجەند دەرياسىدىن ئۆتۈپتۇ، شۇندىلا <شۇ >خاقان كېچىلەپ شەرققە چېكىنىپتۇ. بۇ ئارقىلىق <شۇ>خاقانىنىڭ ئىستىراتېگىيىلىك چېكىنىشىدىن ئۇنىڭ ئەقىل پاراستىنى، دانالىقىنى نامايان قىلىپ بەرگەن. چۈنكى ئۇرۇش ھەر ئىككى تەرەپكە ئېغىرتالاپەت، مۇسىبەت كەلتۈرەتتى. ھەممىدىن مۇھىمى تىنچلىق، ئىشنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىپ خەلققە تىنچلىقنى سوۋغا قىلىش ئىدى.

شۇڭا تارىخي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، تۈركىي تىللىق خەلقلەر بىلەن زۇلقەرنەيىن ئوتتۇرىسىدا چوڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولمىغان. تۈرك، تۇران خاقانىنىڭ دانالىقى ۋە تىنچلىقپەرۋەرلىكىنىڭ خاسىيتى بىلەن سۈلھى تۈزۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر قېتىملىق زور قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان. شۇ ۋاقىتتىكى ۋەقە ئاتلار توغرىسىدا مۇتەپەككۇر شائىر ناۋايى ئۆزىنىڭ <سەددى ئىسكەندەر> دېگەن تارىخي ۋە پەلسەپۋى ئەسىرىدە ئىسكەندەرنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تۇران پادىشاھى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن سۈلھىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاجايىپ سىرلىق، جەلىپ قىلارلىق بىر ۋەقەلىكنى بەدىئى يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ كۆزىتىشى ۋە غايىسى ئاستىدىكى <شۇ >خاقان يەنى تۇران خاقانىنىڭ پىداكارلىقى ھەققىدە قىسقىچە بايان بېرىپ شۇ گۈزەل،

ئەھمىيەتلىك تارىخنىڭ بەدىئىي كامالەت گۈلستانىدا ئېچىلدۇرۇلغان غۇنچىلىرىدىن بەھرىمەن بولساق ئارتۇق كەتمەس، دېگەن نىيەتتە ئازراق ئۇچۇر بېرىپ ئۆتىمىز.

ئەلىشىر ناۋايى بايان قىلغان تەپسىلاتتا، زۇلقەرنەيىن ئاۋۋال دارا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن، ھىندىستان، كەشمىر دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىپ كۆپ قان تۆكىدۇ. ئەلىنىڭ قەلبىدە يۇيغۇسىز داغلارنى قالدۇرىدۇ. نۇرغۇن قەدىمكى ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئەمدى تۇران زېمىنىغا ئۇرۇشنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن، سانسىز لەشكەرلەرنى تەق قىلىپ، ئەتىياز بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇ كەزدە تۇران پادىشاھىنىڭ ئەلچىسى كېلىپ، زۇلقەرنەيىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىجازەت سورايدۇ، ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن زۇلقەرنەيىنىنىڭ دەرگاھىغا كىرىپ، <شۇ>خاقان تاپشۇرغان گەپ ـ سۆزلەرنى شۇنچىلىك قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يەتكۈزىدۇ.

بىراق، ئەلچىنىڭ شۇنچە يوللۇق سۆزلىرى ئىسكەندەرگە تەسىر قىلمايلا قالماي، ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى تېخىمۇ ئېشىپ ئەلچىگە دۈشمەنلىك قىلىچىنى سۇغۇرىدىغاندەكلا ئەلپازدا مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئەلچى قايتىپ خاقانغا ئىسكەندەر بىلەن بولغان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىز بولغانلىقىنى يەتكۈزىدۇ. خاقان ئەلچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جىددىيلەشمەستىن ياكى تېرىكمەستىن، بىر تەرەپتىن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى كۈچەيتىشكە، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ ئىسكەندەر بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسكەندەر بىلەن يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىپ، سۈلھى تۈزۈشنى كۆڭلىگە پۈكىدۇ. شۇنداق قىلىپ ھەر ئىككى تەرەپ غايەت زور قوشۇن تەييارلاپ، قاتتىق ئۇرۇشۇش ئۈچۈن روبىرو تۇرۇشىدۇ. قاتتىق قىرغىنچىلىق بولىدىغانلىقى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالىدۇ. <شۇ >خاقان ئەسكەرلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا ئىشەنسىمۇ، لېكىن بىھۇدە قان تۆكۈشنىڭ، ۋەيرانچىلىق، بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئۆزلىرىنى ئاخىر نەگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنىمۇ كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ.

ئۇ مەھرىمىگە ئوردىنىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇرۇپ، سىر ساقلاشنى تاپىلاپ، ئۆزى ئەلچى سۈپىتىدە ياسىنىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىشقا تەييارلىنىدۇ. ئىسكەندەر كەشمىرگە كىرىپ، ئۇ يەردىكى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ يوقۇتۇشقا ئەمر قىلىدۇ. ئەمىرلىرى ئۇنىڭدىن: <كەشمىر سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسىز؟> دەپ سورىغاندا، ئۇ : <بۇ مۇقەددەس مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىگە ئۇلارنىڭ روھى سىڭگەن، ئۇلار ھەرقاچان بۇ خەلققە روھىي مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى بىزگە قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى ك-پاكىزە يوقىتىۋەتسەك ،ئۇلاربۇ روھىي تۈۋرۈكتىن مەھرۇم بولىدۇ-دە، يېپىش ـ ئىچىشتىن باشقىغا

كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئىتائەتمەن قۇلغا ئايلىنىدۇ.>دەپ جاۋاب بەرگەن.

تاڭ سۈزۈلگەندە، شۇ خاقان ئەلچىلىك دەستىكىنى كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھى ئالدىغا پەيدا بولدى. مۇلازىملار بۇ ئەھۋالنى دەرھال ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلدۇ:

بىر نۇرانە چىراي ئەلچى يېتىپ كەپتۇ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىن ئەقىل -پاراسەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇ بەئەينى غايىبتىن كەلگەن ئەلچىگە ئوخشايدۇ، دېدى. ئىسكەندەر <ئەلچى>نى ئېھترام بىلەن ئېلىپ كىرىشكە ئەمر قىلدى ۋە بۇ كېچەئاجايىپ بىر چۈش كۆرگەنىدىم، ئۇنىڭ تەبىرى مۇشۇ بولسا كېرەك. چۈشۈمدە ئۆزۈم قوياشقا ئوخشاپ قالغانمىشمەن، شۇ پەيتتە يەنە بىر قۇياش پەيدا بولۇپ كېلىپ ئايىغىمغا باش قويارمىش دەپ ئويلىدى. <ئەلچى> كىردى، ئىسكەندەر بۇ <ئەلچى> دىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

-ئەي ئالەمنىڭ باشپاناھى،-دېدى <ئەلچى> ئىسكەندەرگە، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۆزى ئەلچى بولۇپ يەتكۈزمەكتە ئىدى،- چىن خاقانى ئۆز تەدبىرى بىلەن ماڭا بىر نەچچە تۈرلۈك شەرەپلىك سۆزلەرنى دېگەنىدى. بۇ سۆزلەرنى ساڭا يالغۇز ئېيتماقچىمەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئەمرلىرىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

-ئەي پاك نىيەتلىك پادىشاھ،- دەپ سۆزىنى باشلىدى <شۇ > خاقان بارگاھتا ئىسكەندەر بىلەن يالغۇز قالغاندىن كېيىن،- سەن مېنى <ئەلچى> دەپ ئويلاپ قالما، چىن خاقانى دەرگاھىڭغا كېلىپ، بوسۇغاڭ تۇپرىقىنى كۆزىگە تۇتىيا قىلدى. مېنىڭ بۇ ھالەتتە دەرگاھىڭغا كېلىشىمدە مۇنداق بىرنەچچە سەۋەب بار.

ئىسكەندەر ھەيران بولماقتا ئىدى.

- سەن بىر مەملىكەتنىڭ پادىشاھى تۇرساڭ، پادىشاھ بولغان كىشى قانداقلارچە ئۆزىنى دۈشمىنىگە ئەسىر قىلىپ بېرىدۇ؟ ئۆز ئايىغىڭ بىلەن ئەسىرگە چۈشكەن تۇرۇقلۇق يەنە ئەركىن-ئازادە سۆزلەۋاتىسەنغۇ؟

- مەن سېنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا ئىشىنىپ كەلدىم. يۈز-خاتىرە دەيدىغان گەپمۇ

بارغۇ. ئەگەر ئۇنداق ئىلتىپاتقا نائىل بولالمىسام، بۇ تەتۈر پەلەكتىن نېمە كۆرسەم رازىمەن. سەن ماڭا زەھەردىن ئاچچىق، قىلىچتىن ئىتتىك تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يوللىغان ئىكەنسەن، ئۇ چاغدا بەلكىم ئەقلىڭدىن ئادىشىپ، سۆز-ئىبارىلەرنى ئويلىماي ئىشلىتىپ قالغان ئوخشايسەن. بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھىغا ئۇنداق قوپال تەلەپپۇزدا مەكتۇپ يېزىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. زۇلقەرنەيىن ئۆز ۋاقتىدا تۇران پادىشاھىغا: ئالدىمغا كېلىپ بېشىڭنى ئايىغىمغا قوي، دېگەنىدەك قاتتىق تەلەپپۇزدا خەت يازغان ئىدى. لەشكىرىم كۆپ، خەلقىم باياشاد، بۇ جەھەتتە سەندىن قالغۇچىلىكىم يوق، دارا بىلەنمۇ دوستانە ئۆتكەن ئىدۇق. ھېچكىم ماڭا سەن ئېيتقان ھېلىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. سەن چىن مەملىكىتىنىڭ باشقىچە بىر جاھان ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدىغان ئوخشايسەن. شۇڭا، مەن تەھدىت سۆزلىرىڭدىن ئانچە ھودۇقۇپمۇ كەتمىدىم، ساڭا لايىقىدا جاۋاب قايتۇردۇم، مەن تەقدىردە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرۈشكە تەييارمەن. مەن ھازىرغا قەدەر شۇنى ئۇقالمايۋاتىمەن، شۇنچە چاڭ توزىتىپ بۇ دىيارغا كېلىشىڭدىكى مۇددىئايىڭ نېمە؟ بۇ دوستلۇقمۇ ياكى دۈشمەنلىشىشمۇ، بۇنىڭدىن نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ئەگەر ئۇرۇش قىلىش نىيىتىڭ بولسا، بۇنىڭغىمۇ مەن تەييار، لەشكەرلىرىمنىڭ سانى يوق، قورال -ياراقلىرىم شۇ قەدەر خىلكى، بۇنىڭدىن قۇسۇر تاپالمايسەن. مېنىڭ خەلقىم مەيلى ئايال ياكى ئەر بولسۇن، قېرى ياكى ياش بولسۇن، تېنىدە جانلا بولىدىكەن، ۋەتەن ئۈچۈن، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن پۈتۈن ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ. بىراق، ئىككى پادىشاھ بىر-بىرىگە قارشى جەڭ قىلغاندا، قايسىسى مەغلۇپ بولۇپ، قايسىسىنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش تەس. بۇ خىل ئاقىۋەت ھېچكىمنىڭ پېشانىسىگە يېزىپ قويۇلغانمۇ ئەمەس. تىنىچلىق ھەممىدىن ئەۋزەل. ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىسى يوق. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ، ياخشى نەتىجە چىقمىغان ئۇرۇشنى قىلىپ ئەسكەرلىرىمىزنى، خەلقىمىزنى قانغا پاتۇرۇشتىن نېمە ھاسىل بولىدۇ؟ مەن بالدۇرلا نالايىق سۆزلەرنى قىلغان بولسام، مانا گۇناھىمنى بىلىپ ئالدىڭدا تۇرۇۋېتىمەن، جېنىم ساڭا تەئەللۇق بولسۇن، ئەگەر ئەپۇ قىلىپ يارىشىش تەرەپدارى بولىدىغان بولساڭ، بۇ ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن چوڭ شان- شەرەپ بولغۇسى، تارىخ بەتلىرىدە ياخشى نامىمىز يادلانغۇسى.

- ئەي سائادەتمەن پادىشاھ، سۆزلىرىڭ ناھايىتى ئورۇنلۇق، راست، مەن قەستەن سۆزۈڭدىن قۇسۇر تېپىپ، جاھانگىرلىكنى ئىختىيار قىلىپ ۋەتىنىڭگە ئاياغ باستىم. ھەر قانداق خاتالىق ئۆتۈلگەن بولسا مەندىن ئۆتتى. سېنىڭ ئالىيجانابلىقىڭ مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى. مانا ئەمدى ساڭا نىسبەتەن كۆڭلۈم ساپ بولدى، سەن خاتىرجەم بولغىن ئەي مويسىپىت شاھ، ئىككىلا ئالەمدە سەن ئاتام، مەن ئوغلۇڭمەن. مەن سەن ئۈچۈن پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى بەجاندىل ئورۇندايمەن، ماڭا نىسبەتەن ھازىر پەيلەقوس ئاتام تىرىلىپ كەلگەنىدەك بولدى، مەن سېنىڭ ئىتائىتىڭگە ئۆتۈشكە تەييارمەن.

ئۇلار قىلىشقان گەپ- سۆزلىرىنى پىنھان تۇتىدىغان بولۇشۇپ، ئىسكەندەر ئەسكەرلىرى بىلەن مېھمان سۈپىتىدە چىن مەملىكىتىگە كىرىپ، بىر قانچە ۋاخ تۇرۇپ قايتىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئىشلارنىڭ مەڭگۈ سىر بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆز-ئارا ۋەدىلەر بېرىشتى...

بۇنداق يارىشىش ھەر ئىككى تەرەپ ئەھلىنى شادلىققا چۆمدۈردى. مۇلازىم ئەتىسى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ھەيۋەتلىك قارشى ئېلىش ئەترىتىنى باشلاپ باردى. <شۇ> خاقان بىلەن ئىسكەندەر ئىككى قۇياش بىر رۇجەكتىن چىققاندەك تەختتە ئولتۇرۇشتى، ئاتا- باللاردەك قۇچاقلاشتى.

ئىسكەندەر قايتىش ئۈچۈن جابدۇنغاندا، <شۇ> خاقان بىر گۈزەل ۋە باتۇر مەلىكىنى ئىسكەندەرگە سوۋغا قىلدى. يولدا ئىسكەندەر ناھايىتى ياۋۇز بىر قەبىلىگە دۇچ كەلدى، ئىسكەندەرنىڭ نەچچە سەركەردىسى تەڭ كېلەلمەي يېڭىلىپ قېلىشتى. شۇ چاغدا بىر سەركەردە ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ھېلىقى ياۋۇز قەبىلىنىڭ سەركەردىسىنى يەرچىشلەتكەندىن كېيىن، ئۇ قەبىلە چېكىندى. ئىسكەندەر بۇ سەركەردىنى بارگاھىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. قاراپ كۆردىكى، ئۇ دەل <شۇ> خاقان سوۋغا قىلغان مەلىكە ئىكەن. بۇنىڭدىن ئىسكەندەر شۇ خاقاننىڭ ئالىيجانابلىقىغا، ئۇنىڭ خەلقپەرۋەرلىكى ۋە تىنىچلىقپەرۋەرلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى. ئىسكەندەر بىلەن تۇران خاقانى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر >تۈركىي تىللار دىۋانى < بىلەن ناۋايىنىڭ > سەددى ئىسكەندەر< دە بېرىلگەن ئۈچۈرغا ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈلدى. مانا بۇ دانالىق، مانا بۇ ئەقىل -پاراسەت. كىچىككىنە يول قويۇش بىلەن، شۇنچە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىندى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت پىرامىداسىنى ئەنە شۇنداق باتۇرلۇق، ساداقەت ۋە ئەقىل -پاراسەتكە تايىنىپ تىكلىگەن، ئۇنى ھەم شۇنداق ئەقىل -پاراسەتلىك خەلقلا قوغداپ قالالايدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆزنى چاقنىتىدىغان بوستانلىق مەدەنىيىتى ئەنە شۇنداق دانا، باتۇر پادىشاھلارنىڭ يېتەكچىلىكى، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلقنىڭ تىرىشچانلىق كۆرستىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن. ۋەتەن دېگەن ئادەم جىسمىدىكى جانغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنى قوغداشنى جېنىنى قوغداش بىلەن باراۋەر دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پەزىلەت دۈشمەنلەرنىمۇ ئېھتىياتچان بولۇشقا، قايىللىققا ئۈندەيدۇ.

زۇلقەرنەيىنىنىڭ بۇ قېتىمقى شەرققە قىلغان يۈرۈشى، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنى ناھايىتى قويۇق ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان مۇھىم بىر سەۋەب ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەقە تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا تارقاپ، رىۋايەت شەكلىدە زاماندىن زامانلارغا يادىكار قالغان.

تۈركمەن رىۋايىتىنىڭ داۋامىدا، شۇ خاقان شەھەرنى تاشلاپ، قۇرۇق قالدۇرۇش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، شەرق تەرەپكە چېكىنگەن بىر چاغدا، زۇلقەرنەيىن يېتىپ كېلىپ، شەھەرنىڭ تۈپتۈز، قۇرۇق سايغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ چۈشەندۈرۈشىدە بۇ چاغدا تېخى تىراز، ئىسجاب، بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى شەھەرلەر بىنابولمىغان ئىكەن. ئۇيەرلەردە ئۇچاغلاردا چېدىر ئۆيلەردە ياشايدىغان كۆچمەن تۈركلەر ھايات كەچۈرىدىكەن، شۇ چاغدا پەقەت 22 كىشى ئات ئۇلاغ تاپالماي توپتىن قېپقاپتۇ.شۇ ئارىدا ئىككى ئائىللىك ئۇ ئائىللىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ 22 ئائىللىكلەرگە قوشۇلۇپ، زۇلقەرنەيىن بىر يولۇچى، بىر يەردە مۇقىم تۇرمايدۇ، بىزنىڭ بۇ يەردە قېپقالمايدۇ. بىز بەربىر ئۆزىمىزنىڭ يېرىدە تۇرىمىز دېيىشىپ پاراڭلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن 22 ئائىلە كېيىن قوشۇلغان ئىككى ئائىلىگە ، بۇنداق بولسا سىلەر مۇشۇ يەردە قېلىڭلار، ئاچ دېگەن مەنىدە<قال ئاچ > دەپتۇ. كېيىن ئۇلارخالاچ بولۇپ قالغان، خالاچلارنىڭ نەسلى مانا شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلە ، دەپ خالاچلارنىڭ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن.

زۇلقەرنەيىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە بۇ ئادەمنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار: <تۈرك مانەند>(تۈرك ئوخشايدۇ، تۈركلەرگە ئوخشايدۇ) دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نام بۇلارغابۇگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قاپتۇ. مەھمۇد كاشغەرىي ئىزاھات بىرىپ، تۈركمەنلەر نەسلى 24قەبىلە، لېكىن ئىككى قەبىلدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتىن ئۇلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇز قاتارىغا كىرمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

بىز بۇ رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن <تۈركمەن> دېگەن قەبىلە نامىنىڭ <تۈرك ئىكەن>دېگەندەك مەنىدە كەلگەنلىكىنى، بۇلار بىلەن ئوغۇزلار دىن، يەنى تۈركمەنلەردىن پەرقلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى تۈركمەن ياكى ئوغۇز ھېسابلىمىغانلىقىنى چۈشەندۇق. ئۇلارنىڭ قىياپەت تەسۋىرىدىن قارىغاندا تۈركلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدە ئۇزۇن چاچ قويىدىغانلىقى تارىخىي رېئاللىقتا ئۇيغۇن. بۇ خۇسۇستا <دىۋان>دىمۇ روشەن بايانلار بار.

## ئالتۇن قان رىۋايىتى

ئوغۇزلار ـتۈركمەنلەر ھەققىدىكى يۇقىرىقى رىۋايەتكە ئۇلاپلا >ئالتۇن قان رىۋايىتى <بايان قىلىنغان> .ئالتۇن قان رىۋايىتى <دە شۇ خاقانىنىڭ كېيىنكى تاكتىكىسى ۋە زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى بىلەن شۇ خاقانىنىڭ چارلىغۇچى قوشۇنىنىڭ تۇتۇشۇپ قالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

>خاقان شۇ<چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ.بۇ تۈرك ـتۇران خاقانىنىڭ قەشقەر تەرەپكە چېكىنىپ تۇرغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. قەشقەر دېمەك تۆۋەن چىندۇر. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ، چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ. زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ، توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇب بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش >ئالتۇن قان <دېگەن يەردە بولغان ئىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە >ئالتۇنخان<دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھى تۈزىدۇ. ئاندىن ئوغۇز شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىرمەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، >خاقان شۇ<مۇ قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ. ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان >شۇ <شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ>.بۈگۈنكى كۈندە لەگلەكلەر بۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈچۈپ ئۆتەلمەيدۇ، تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ.<

>تۈركىي تىللار دىۋانى<دىكى بەزى رىۋايەتلەر ئەسلىي بىر پۈتۈن رىۋايەت بولسىمۇ، لېكىن سۆزلەرنى ئىزاھلاش زۆرۈرىيىتىدىن بىر پۈتۈن رىۋايەت ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. يۇقىرىقى رىۋايەت>ئالتۇن قان<رىۋايىتىنىڭ بىر قىسمى. بىراق ئۇنىڭدا رىۋايەتنىڭ ئاساسىي قىسمى يورۇمايدۇ. بۇ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر قىسمى باشقا يەردە كېلىپ، زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرى بىلەن تۇران ئەسكەرلىرى كېچىسى قاتتىق ئېلىشىدۇ. بىر تۇران يىگىت زۇلقەرنەيىنىنىڭ ئەسكىرىدىن بىرىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىككىگە بۆلۈۋېتىدۇ. ئەتىسى بۇيەرگە كەلگەندە كۆردىكى، بىر ئەسكەر قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتۇن قاچىلانغان ھەميان بولۇپ، ئۇمۇ چېچىلىپ قانغا مىلىنىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىرى بۇ نېمە دەپ سورىسا ، يەنە بىرى >ئالتۇن قان)<يەنى قان بولۇپ كەتكەن ئالتۇن)دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ يەرنىڭ ئىسمى >ئالتۇن تاغ<،>ئالتۇن قان <دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقۇرىقى رىۋايەت گەرچە سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزگە پايدىلىق خېلى مۇھىم ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ.

بىرى، تۈركمەنلەر مىلادىدىن بۇرۇن ئۇزۇن چاچ قويىدىكەن، بۇخىل ئادەت قاراخانىيلار دەۋرىگىچە، يەنى ئىسلامىيەتكىچە داۋاملاشقان. بۇ خىل ئادەت ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن چاچ قويىدىغانلىقى شىنجاڭدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار داۋامىدا بايقالغان جەسەتلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاندى> .دىۋان<دىمۇ ئەرلەرنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار بار، بۇنىڭدىن بىر ئورتاقلىقنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى >شۇ<خاقان >چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى <دېگەن ئىبارە ۋە >ئۇيغۇرلارغا يىقىن يەردە <دېگەن ئىبارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش. بىز باشتا مۇھاكىمە قىلغاندەك، قەشقەردىن تارتىپ ماچىنغىچەبولغان ئارىلىق >چىن <دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد كاشغەري تىلغا ئېلىۋاتقان>چىن<ئۇقۇمغا قارىغاندا قەشقەر تەرەپلەرگە ۋە ياكى تۇرپان تەرەپلەرگە سۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ>.چىن <بىلەن >ئۇيغۇر <ئوتتۇرىسىدا نازۇك بىر باغلىنىش بارلىقىنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، بىز >ئۇيغۇر<ھەققىدىكى رىۋايەت بىلەن >تۈركمەن<ۋە >ئالتۇن قان<ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە يۈرگۈزىدىغان بولساق، زۇلقەرنەيىننى سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان ئالدىن يۈرەر قىسىم دەل >ئۇيغۇرلار<دىن تەشكىل تاپقان ئەسكەرلەر ئىدى. بىراق بۇلار تېخى ئۇچاغدا >ئۇيغۇر <دەپ ئاتالمايتتى، شۇ قېتىملىق توقۇنۇشتىن كېيىن ئاندىن >ئۇيغۇر<دېگەن قەبىلە نامى تارىخىي يوسۇندا بارلىققا كەلگەن بولىدۇ.

تۆتىنچى رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا شۇ خاقانىنىڭ يەنە ئەسلىي تۇرۇشلۇق ئورنىغا قايتىپ كېلىپ بالاساغۇن، تىراز، ئىسپىجاب قاتارلىق شەھەرلەرنى ھەم >شۇ<قەلئەسىنى بىنا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىلسىملىق شەھەر قۇرغان.مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا ،11-ئەسىرلەردە تېخى بۇ شەھەرنىڭ تىلسىملىق خۇسۇسىيىتى يوقالمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا بۇنىڭدىن رىۋايەتنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنىڭ تېخىمۇ يۇقۇرىلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن ، يۇقىرىقى رىۋايەتتە مەركىزى ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي قوۋملەر يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، قەيسەرلىك ۋە پىداكارلىق بىلەن دانا پادىشاھنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىستىلاچى زۇلقەرنەيىنگە قارشى ئېلىپ بارغان قارشىلىق روھى ۋە بۇ روھتىن

نامايان بولغان تىنچلىق، خاتىرجەملىككە بولغان ئارزۇسى ۋە تىنچلىقنىڭ ئېلىپ كەلگەن خاسىيىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## >مۆچەل >ھەققىدە رىۋايەت

تۈركىي قوۋملارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ئۇلارنىڭ يىللارنىڭ ھېسابىنى قىلىدىغان مۆچەل كالېندارىنى ئىختىرا قىلىپ پايدىلىنىشقا باشلىغانلىقى ئىنسانىيەتنىڭ كالېندارچىلىق تارىخىغا قوشقان مۇھىم بىر تۆھپىسىدىن ئىبارەت. چۈنكى قەدىمقى زامانلاردا بۇرۇنراق ۋاقتىنى كالېندار بويىچە ھېسابلاش دەۋرىگە قەدەم قويغان مىللەتلەر، مەدەنىيەت جەھەتتە بىر قەدەم ئىلگىرى ماڭغان مىللەت ھېسابلىناتتى. چۈنكى كالېندارچىلىق دېگەن يالغۇز يىللارنى، ئايلارنى، كۈنلەرنى خاتىرىلەيدىغان، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ خەلقنىڭ ۋاقىتقا بولغان چۈشەنچىسى، ۋاقىت ئېڭى، ۋاقىت بىلەن ھاياتنىڭ مۇناسىۋىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ بىلىش باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كالېندار ھېسابى شۇ مىللەتنىڭ ئاسترونومىيىلىك چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاسترونومىيىلىك بىلىش بولمىسا، كالېندارچىلىقمۇ ئۆزىنىڭ رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىز قەدىمىي تۈركىي قوۋملارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىغا سەپسالىدىغان بولساق، ئاسترونومىيىلىك بىلىش سەۋىيىسىنىڭ دەۋر ئېتىبارى بىلەن خېلى يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى قەدىمىي تۈركىي قوۋملارخېلى قەدىمكى دەۋرلەردە يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەت ئاساسىدىن بۇروچلارنى ھېسابلاش، قۇياشنىڭ يەر بىلەن بولغان قانۇنىيەتلىك دەۋر قىلىش ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەر خىل مۇراسىم كۈنلىرىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ۋاقىتنى توغراخاتىرىلەپ ماڭغان. 11-ئەسىرلەردە يەرنىڭ شارسىمان ھالەتتە ئىشلەنگىنى ئالەمدىكى پىلانېتلار ۋە يۇلتۇزلار قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يۈكسەك ئىلمىي بىلىش باسقۇچىغا كىرگەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقەلىكنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلگەن رىۋايەتنى خاتىرىلەپ قويغانلىقى ، ئىنسانلارنىڭ كالېندارچىلىق تارىخىي ھەققىدە ئىزدىنىشىمىز ئۈچۈن ياخشى ئۆرنەك كۆرسىتىپ بەردى.

1-توم، 449-بەتتە، بارس (يولۋاس)دېگەن هايۋان ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭ تۈركىي كالېندارى بويىچە12 مۆچەلنىڭ بىرىنىڭ نامى دەپ، ئارقىدىن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە مۆچەل بارلىققا كېلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان، قەدىمكى شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەرنىڭ باللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم خاتىرىلىك ئىشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىز رىۋايەتنىڭ باش قىسمىدا تۈرك خانلىرىنىڭ بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىللار بۇرۇن ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولۇپ، يىللارنى ھېسابلاپ كۆرگەن. بىراق شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ھېسابلاشتا خاتالاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ بىر ئەقىل تاپسەن دېگەندەك، ئۇ پادىشاھتا بىر نازۇك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئويغىنىپتۇ. ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقى بىلەن كېڭىشىپ قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن> :بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەكتىكى ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇروجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن<دېگەن. خەلقى خاننىڭ بۇ دانا پىكرىنى >شۇنداق قىلايلى<دەپ ماقۇللاشقان. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ھايۋاننى ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. ئۆزىنى سۇغا ئاتقان ھايۋانلاردىن ئەڭ بۇرۇن قىرغاققا چىققىنى مۆچەلنىڭ بىرىنچى يىلى قىلغان. ئەڭ دەسلەپ چاشقان دەريادىن ئۆتكەن، يىل بېشى چاشقاندىن باشلانغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەرتىپ مۇنداق بولغان: 2.ئۇي يىلى، 3.بارىس يىلى، 4.توشقان يىلى، 5.لەھەڭ يىلى(تىمساق يىلى)، 6، يىلان يىلى، 7.ئات يىلى، 8.قوي يىلى، 9.مايمۇن يىلى، 10.توخۇ يىلى، 11. ئىت يىلى، 12. توڭگۇز يىلى. مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يىللارنى بېكىتىپتۇ، يىل توڭگۇز يىلىدىن ئۆتكەندە، يەنە چاشقان يىلىدىن باشلىنىدىكەن.

بىز يۇقىرىقى مۆچەللىك كالېندارنى قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ قوللانغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن، مۆچەللىك كالېندار قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ باشقىلاردىن كۆچۈرۈپ كەلگەن مەدەنىيەت ھادىسىسى بولماستىن ،بەلكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەقىل-پاراستىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.چۈنكى بىرى بۇ رىۋايەتنىڭ رېئال ئاساسلىرى ناھايىتى كۈچلۈك، دېتاللىرىنىڭ ھەممىسى قەدىمىي تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىلى ۋە ھاياتىدىن ئېلىنغان، ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتى تۈركچە.

ئىككىنچى تەرەپتىن ئالغاندا، مۆچەلنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئىلى دەرياسى شاھىد بولغان ۋە بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان شەيئىلەرنىڭ بىرى بولغان. بۇنىڭدىن بىز تېخى يېزىق تارىخىغا ۋە كالېندار تارىخىغا كىرىشتىن بۇرۇنقى تۈركىي قوۋملار ئۆچۈن ئىلى دەرياسى ۋە ئۇنىڭ ياقىلىرىنى مۇھىم ئانا ماكانى ۋە بۆشۈكى بولغانلىقىنى روشەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايمىز.

ئۈچىنچى، مۆچەللىك كالېندارنىڭ ئىختىرا قىلىنىشى بىلەن تارىخنى يېزىق دەۋرىگىچە ئۇلىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي سەرگۈزەشتىلەرنى ھېسابلاشنىڭ، شۇنداقلا يېزىق دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىنمۇ مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەش، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىرىنى ھېسابلاش جەھەتتە خېلى ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، تۈركىي قوۋملارنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە مانا مۇشۇ مۆچەللىك كالېندارنى ئىزچىل ئىشلىتىپ كەلگەن.

## ئىزاھاتلار:

(1)بۇ ساندىن قارىغاندا ئۆز دەۋرىدە ئېلى رايونىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ سانىنىڭ 1مىليوندىن ئارتۇق ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ.

(2)ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى >تارىمدىن تامچە <دە تارىخچى دوكتۇر زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ >ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش <دە كەلتۈرگەن نەقىلدىن نەقىل. 307-بەت.

> (3)تارىخىي خاتىرىلەر-400-399 <بەت.

(4)مەھمۇد كاشغەرىي>: تۈركىي تىللاردىۋانى<نى تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى چۈشىنىش، تۈركىي تىلنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانلىقى ئۈچۈن كونكرېت چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

(5)مەھمۇد كاشغەرىي >تۈركىي تىللار دىۋانى-1 <توم، 151-بەت.

(6)قۇربان ۋەلى>: بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز<، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 210-بەت.

> (7)ئوغۇزنامە<، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى11-ئاي نەشرى، 46-بەت.

> (8)تۈركىي تىللار دىۋانى<، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى،1-توم، 524-بەت.

(9)س.ش كلياشتورنى> : قەدىمكى تۈرك- رونىك يېزىقدىكى ئابىدىلەر<، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى

نەشرى. ئۇيغۇرچە 20-بەت.

(مەنبە: مىراس ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىللىق 4-5-سانلىرىدىن **تەۋھىدە** تورىغا تەييارلىغان)

# بۆكە بۇدراچ ھەققىدە رىۋايەت

بۆكە بۇدراچ رىۋايىتى دەل 11-ئەسىردە ھەقىقىي بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلىك ئاساسىدا تارقالغان ھېكايە. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن دەۋردە مەھمۇد كاشغەرىي تېخىي ياش، گۆدەك دەۋرلىرى بولسا كېرەك. بۇ رىۋايەتنى بۆكە بۇدراچ بىلەن ئارسلان تېكىن بىلەن بولغان ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا بولغان قەبىلىلەرئارىسىدىكى نىزا -توپىلاڭنى باستۇرۇش ئۈچۈن بولغان شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقان ئادەمنىڭ بىرىدىن ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:<بۆكە بۇدراچ بىلەن بىللە بولغان كاپىرلارنىڭ سانى 700مىڭ ئىدى(1). 40مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولغان ئارسلان تېكىن غازىغا قارشى جەڭدە تەڭرى ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى.>

مەھمۇد كاشغەرىي بايان قىلغان بۇ مەزمۇن رىۋايەت ئەمەس، تارىخ. ئۇ ئاپتورنىڭ بىۋاستە بايانى. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، بىكەچ ئارسلان تېكىن-سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن (ھارۇن)بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان بولسا كېرەك. <بىكەچ ئارسلان تېكىن>ئۇنىڭ شاھزادە ۋاقتىدىكى ئۇنۋانى. مەلۇمكى، تېكىن سۆزى ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىدىن قالغان ئاتاق نام بولۇپ، ئەسلى <قۇلىغىز، چاكىرىغىز> دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. كېيىن شاھزادىلەرگە ئۇنۋان ئورنىدا، يەنى شاھ ئوغلى دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان. مەھمۇد كاشغەرىي بىكەچ سۆزىنى ئىزاھلاپ: <بىكەچ تېكىنلەرنىڭ لەقىمى>،<بىكەچ ئارسلان تېكىن>دېگەنگە ئوخشاش. بۇ سۆز يۇمشاق <دە >بىلەن ئېيتىلسا، <بەگ >سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلگەنلىكى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى <ئەمىر>مەنىسىدىكى<بەگ >سۆزىنىڭ ئاخىرقى ھەرپى يۇمشاق <ك>دۇر. (<دىۋان>1-توم،فاكسىمىل 227-بەت) دەيدۇ. بىكەچ ئارسلان تېكىن ھىجرىيە 423-448(مىلادى 1031-1057)يىللىرى <شەرەفىد دەۋلە>دېگەن ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىيلارغا خاقان بولغان.

قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆز دەۋرىدە خوتەن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى، يەتتە سۇ، ئېرتىش بويىدىكى باسمىل، قاي، ياباقۇ قەبىلىلىرى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ تۇرغان. مىلادى1013-ياكى 1017-يىللىرى قىتانلار ۋە باسمىللاردىن 100مىڭ ئۆيلۈك جۇڭغارىيە ۋە يەتتە سۇ رايونلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان. بۇلارغا قارشى تۇرغان ئەھمەد ئىبنى ۋەلى جازا يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى بەشبالىققىچە سۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرتىش، ئىمىل ۋادىلىرىدىكى باسمىللار ۋە ئىسسىق كۆلنىڭ شىمالىدىكى ياباقۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەن قىسمىغا قارشى جەڭ قوزغىغان، ئارسلان تېكىن ئاشۇ باسمىل، ياباقۇلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا نۇسرەت قازىنىپ غازى ئاتالغان. مەزكۇر ئارسلان تېكىنىنىڭ غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن 1041-يىلى 12-ئاينىڭ 29-كۈنى پەرغانىدە ئورنىتىلغان ئەرەبچە خاتىرە تاش هازىرمۇ <ۋاروخ>يېپىندىكى ئېگىز قىيادا ساقلىنىپ قالغان(2).<بۇدراچ ياباقۇ قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى، بىكەچ ئارسلان تېكىن زامانىدا، بۇ ئادەم مۇسۇلمانلارغا ئەسىر چۈشكەن ئىدى.>(مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىزاھاتى).

بۆكە، ئەجدىھا، يوغان دېگەن مەنىدە، ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: يەتتە باشلىق يەل بۆكە-يەتتە باشلىق يەل بۆكە(مۈڭگۈز)ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇنداق ئاتىلىدۇ. باتۇر يىگىتلەرگىمۇ شۇنداق نام بېرىلىدۇ. ناھايىتى روشەنكى يەتتە باشلىق يالماۋۇز تەسۋىرلەنگەن چۆچەكلەر ئۇيغۇر چۆچەكلىرى ئارىسىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانىنىڭ داۋامىدا بۆكە بۇدراچلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى شۇ ئۇرۇشقا قاتناشقانلاردىن سورىغان: <كاپىرلار شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدى؟>دەپ سورىدىم. ئۇ : <بىزمۇ بۇنىڭغا ئەجەبلەندۇق ، بىز مەغلۇب بولغان كاپىرلاردىن سىلەر شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدىڭلار دەپ سورىساق ئۇلار؛(جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ، كاناي تارتىلغاندا، باش ئۈستىمىزدە پەلەكنى قاپلاپ كەتكەن بىر يېشىل تاغنى كۆردۇق، بۇتاغدا سان-ساناقسىز ئىشكلەر بولۇپ، ئۇلار ئوچۇق ئىدى. بۇ ئىشكلەردىن بىزگە جەھەننەم يالقۇنلىرى ئېتىلاتتى. بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ سىلەر بىزنى يەڭدىڭلار) دەپ جاۋاب بەردى. دېدى. مەن بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلا قوشۇنىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدىن بىرى ئىكەن دېدىم> 3-توم، 314-بەت.

بۇ رىۋايەتتە ئۆز دەۋرىدىكى رېئال تارىخي ۋەقەنى تارىخىيلىق ۋە رىۋايەتلىك ئامىللار يۇغۇرۇلغان ئاساستا ئىپادىلەپ بەرگەن. دىنىي رىۋايەتلەرگە ئاساسەن، مۇسۇلمانلار بىلەن <كاپىرلار >ئۇرۇشقاندا مۇسۇلمانلارغا پەرىشتىلەر ياردەم بېرىدۇ، دېيىلگەن. يۇقىرىقى رىۋايەتتە مانا شۇ ئەقىدە ئەكىس ئەتكەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۆز دەۋرىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسى جەھەتتىكى شۇنچە يۇقىرى پەرق ئاستىدا ئارسلان تېكىن غازىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى ، پەرىشتىلەرنىڭ قىلغان ياردىمىدىن بولغان دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇنى <پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى>دەپ باھا بەرگەن. قانداقلابولمىسۇن بۇ رىۋايەت ئۆز دەۋرىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ئېرتىش بويلىرىدىكى ياباقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ رېئال جەريانىنى تەسەۋۋۇرقىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان.

## تۈبۈت ھەققىدە رىۋايەت

<دىۋان> نىڭ بىرقانچە يېرىدە تۈبۈتلەر ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. بۇلارنى جەملىگەندە بىر پۈتۈن رىۋايەتنى تەشكىل قىلىدۇ. تېبەتلەر بىلەن قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر، خېلى ئۇزاق تارىخي دەۋلەردىن قوشنا ياشاپ بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشقان. دوستانىمۇ ئۆتكەن ھەم بەزىدە دۈشمەنلىشىپ ئۇرۇشلارمۇ قىلغان. قەدىمي تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى چۈشەنچىسىدە تۈبۈتلەر يەمەندىن كەلگەن بىر تائىپە دەپ قارىغان. بەلكىم بۇ تۈبۈتلەرنىڭ ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەت بولۇشى مۇمكىن. <دىۋان>دىكى تۈبۈتكە دائىر مەلۇماتلارنى تەرتىپلەشتۈرگەندە مۇنداق بىررىۋايەت نامايەن بولىدۇ.

< تۈبۈت تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپار كىيىك شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كىيىكنىڭ كىندىكى كېسىۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ نەرسە كىندىك ئىپار دېيىلىدۇ. <تۈبۈتلەر> سابىت ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، يەمەندىن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن جىنايىتىدىن قورقۇپ كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالغان، كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادى كۆپىيىپ تۈركلەر زېمىنىدىن 1500پەرسەخ يەر ئالغان. بۇيەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرپ تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇپ تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار. <سابىت>سۆزى <تۈبۈت> دەپ تەلەپپۇز

قىلىنغان. (<دىۋان>نىڭ 1-3- تومىلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسەن رەتلەندى.)

بىر يەر-جاي، قەبىلە ناملىرىنى تونۇشتۇرغاندا<تۈبۈت>نىڭ ئېتىنىڭ مەنبەسى، ئۇلارنىڭ تۈركىي قوۋملار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغان. بىز تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ قەدىمكى <چاڭ>لاردىن تەشكىل تاپقان قەدىمكى قەبىلە ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.<يەمەندىن قېچىپ كەتكەن سابىت ئىسىملىك ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى >دېگەن مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئەمدى تۈركلەردىن 1500پەرسەخ زېمىن سېتىۋالغان دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، بۇ تارىخىي رېئاللىققا تازا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى قەدىمكى تۈركىي قوۋملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى زېمىن سېتىشنى ئەنتايىن ئېغىر ئالاتتى.زېمىن ساتقانلىق ۋەتەن ساتقانلىق دەپ چۈشىنەتتى.

بۇ مەنىدىن ئالغاندا بىز رىۋايەتلەردە ئىپادىلەنگەن بەزى يۈكسەك بۇلغان، ئۆتكەن بولۇپ، ...

## <ئۇيغۇر> تەبىرى ھەققىدە رىۋايەت

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى بىلىشى قانداق مۇھىم بولسا، بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي نامىنىڭ مەنىسى، ئۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنى بىلىشى نەچچە ھەسسە مۇھىم بولغان بىلىش تەلەپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. تارىختىكى ناھايىتى چوڭ سىياسىي بىرلەشمىنىڭ نامى بولغان <ئۇيغۇر >دېگەن مىللىي نامغا ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى ۋارىسلىق قىلغان. بۇ شەۋكەتلىك نام نۇرغۇن -نۇرغۇن تارىخىي بوران -چاپقۇنلار ئىچىدە تاۋلىنىپ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇ ھەربىر تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان مەنىلەردە ئىزاھلانغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ <ئۇيغۇر>غا بەرگەن تەبىرى بىزنى بۇ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ھەم تارىختىكى ئۇيغۇرغا بېرىلگەن تەبىرلەر ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك، ئىلمىي ئاساسىي كۈچلۈك رىۋايەتلىك تەبىردۇر.

ئۇيغۇر دېگەن بۇ نام قانداق پەيدا بولغان؟ ئۇ ئۆز ئىچىگە قانداق مەنە ۋە مەزمۇنلارنى

يۇغۇرغان ؟ بۇ نام قايسى تارىخىي دەۋردىن بېرى قوللىنىلغان؟ دېگەن مەسىلە ھەققىدە ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان خېلى كۆپ كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەر ساقلانمىغانلىقى ئۈچۈن تېخى بىرەر كۆز قاراشنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشكە ئىمكانىيەت يوق. <ئۇيغۇر >ئاتالغۇسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ياردەم بېرەر دېگەن مەقسەتتە ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆز قاراشلار ئىچىدە <ئۇيغۇر>تەبىرى ھەققىدە قىسقىچە پىكىر يۈرگۈزىمەن.

(1)

<ئۇيغۇر> دېگەن بۇ نام ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى مەركەز قىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى ۋە تارىخىي نامى. ھەرقانداق مىللەت ۋە قەبىلەناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا بەلگىلىك بىر تارىخىي سەۋەب بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرقانداق بىر مىللەت ياكى قەبىلە نامىنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنە ۋە مەزمۇنلىرى بولىدۇ. بىرەر مەنە ۋە مەزمۇننى ئىپادىلىمەيدىغان مىللەت ياكى قەبىلە بولمايدۇ. بىرەر مىللەتنىڭ نامى شۇ مىللەتنىڭ مىللى تامغىسى بولۇپ، ئۇ شۇ خەلقنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، تارىخىي شەكىللىنىش جەريانى ۋە تەرەققىياتى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق خېلى كۆپ تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بىرەر مىللەتنىڭ مىللى نامىنى تەتقىق قىلىش شۇ مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

11-ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي تۈركولوگىيە ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەردىن خېلى كۆپ قەبىلىلەرنىڭ ئېتنىك تەركىبى ۋە قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىزدەنگەن ئاپتور. شۇڭا <تۈركىي تىللار دىۋانى>ئۇيغۇر تەتقىقاتى، جۈملىدىن تۈركولوگىيە ئىلمىي ساھەسى ئۈچۈن يىگى بىر سەھىپە ئېچىپ بەردى. <دىۋان>دا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ تەبىر بېرىلگەن <ئۇيغۇر > توغرىسىدىكى چۈشەنچە بىزنىڭ <ئۇيغۇر >نامىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىزنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەھمۇد كاشغەرىي <ئۇيغۇر>نامىنىڭ قانداق مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ۋە قايسى تارىخىي ۋەقەلەردە ئوتتۇرىغا چىققانلىقى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن:

ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى(4). ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە <ئىناند خۇز خورەند - بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ> دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل <خۇزخور>دەپ ئاتىلىپتۇ (5).

يۇقۇرىقى بايانلار مەھمۇد كاشغەرىينىڭ خەلق ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان <ئۇيغۇر>نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى رىۋايەتكە ئاساسەن، ۋاستىلىك ھالدا تەبىر بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرى ئاپتور <خۇزخور>نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى ۋە تۈركىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، <ئۇيغۇر> ئاتالغۇسىنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە ئىلمىي يەكۈن چىقارغان.

بىز ئالدى بىلەن شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، <تۈركىي تىللاردىۋانى> مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇزاق يىللىق جاپالىق ئىزدىنىشلىرىنىڭ شانلىق مېۋىسى. ئۇ، بۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن، ئەينى دەۋردە تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ناھايىتى نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ ئاجايىپ مول ماتىرىيال توپلىغان. بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھەمدە <ئۇيغۇر>دېگەن ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇ، توپلىغان مول ماتېرىياللىرىنى قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇش، تاللاش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئوبيېكتىپ رېئاللىققا، ئىلمىي ۋە تارىخىي ئاساسقا ئىگە بولغان ئۆرنەكلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. ئۆز دەۋرىدە <ئۇيغۇر>ھەققىدە كۆپ خىل رىۋايەتلەر تارقالغان بولۇشى ۋە ھەرخىل چۈشەندۈرۈلۈپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرىي بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنيا تارىخىدا ئەڭ چوڭ ۋەقە بولغان زۇلقەرنەيىننىڭ زور كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشى بىلەن باغلانغان <ئۇيغۇر>توغرىسىدىكى رىۋايەتنى تاللاپ ئېلىپ

كىرگۈزگەن. بۇ رىۋايەتنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى باشقا چۈشەنچىلەر ئىچىدە ئىلمىي ئاساسىي ۋە تارىخىي ئاساسىي كۈچلۈك، ئاپتورنىڭ شەخس چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن بولغانلىقى ئېنىق.

يۇقىرىقى رىۋايەت دۇنيا تارىخىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان، تەسىر دائىرىسى نىسبەتەن چوڭ، تارىخىي دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردىكى ماكىدونىيىلىك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇرانە كۈرىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. ئاپتور پايدىلانغان بۇ رىۋايەت خەلقىمىزنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، ۋەتەننىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، خەلقنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن قىلغان قەھرىمانلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ خەلق ئاغزىدا ئەسىرلەردىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەن تارىخىي داستانى ئىدى. بۇ رىۋايەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭگىۋارلىقى قاتارلىق مىللىي خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن ئەركىنلىك ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتاشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

تارىخىي پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرلەردە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەرنى ئىشغال قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۈستىگە باسقۇن قىلىپ كەلگەندە، تۈركىي خەلقلەر زۇلقەرنەيىنگە قارشى باتۇرلارچە قارشى كۈرەشكەن ۋە ئۇنى خېلى ئېغىر چىقىمدار قىلغان. تۈركىي خەلقلەرنىڭ باتۇرلۇقىدىن ھەيران قالغان زۇلقەرنەيىن بۇ خەلقنى بويسۇندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇيغۇرلار بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولغان. بۇ ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىدا ئاجايىپ زور ۋەقە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ<تۈركىي تىللار دىۋانى>دا زۇلقەرنەيىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خېلى مۇھىم رىۋايەتلەر كىرگۈزۈلگەن. بۇ، تارىخ ئېتىراپ قىلغان ئومۇمىي پاكىت.

رىۋايەتنىڭ مەزمۇنىدىن بىز ئالدى بىلەن شۇنداق مۇھىم بىر ئىشنى بايقايمىزكى، <ئۇيغۇر>دېگەن بۇ نام مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرلەردىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى ۋە تەسىرى خېلى زور بولغان سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن، بۇ بىر تەرەپ. يەنە بىر مۇھىم تەرەپ شۇكى، مەھمۇد كاشغەرىي پايدىلانغان رىۋايەتتە تىلغا ئېلىنغان<ئۇيغۇر> بىزنىڭ ھازىرقى

چۈشەنچىمىزدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنى كۆرسىتىدىغان خاس نام ئەمەس ئىدى. ئۇ زۇلقەرنەيىنگە قارشى بىرلىشىپ كۈرەشكەن چوڭ سىياسىي بىرلەشمىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى بولغان. بىرەر نامنى قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان قەبىلە بىرلەشمىسىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە ئومۇمىي نام قىلىپ قوللىنىشى، تارىختا خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. بۇ ھەقتە رادلوف بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىكى رىۋايەتتىن پايدىلىنىپ مۇنداق يازغان:<ئۇنىڭغا رىۋايەتلەردىكى تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بوۋىسى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تاغىلىرى، بۇرادەرلىرى، ھەمشىرىلىرى قاتارلىق بىرمۇنچە تۇغقان-جەمەتلىرى بىلەنمۇ ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كەلدى. ئۇرۇش جەريانىدا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇپ، يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن تىز پۈكتى. ئۇ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، زەپەر تويى ئۆتكۈزۈپ ئۆز قوۋملىرىغا، جەمەت ئاقساقاللىرىغا، جەڭچىلەرگە ئىنئام بېرىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ قەلبداشلارنىڭ ئورتاق نامىنى ئۇيغۇر دەپ ئاتىدى. بۇ ئاتالغۇ بىرلەشكەنلەر، ھەمكارلاشقانلار دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئاتالغۇنى قەبىلىلەر بىرلىكىگە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق قوللىنىدىغان بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ئەۋلادلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ نامى قىلىدىغان بولدى> (6). يۇقىرىقى رىۋايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇن ئوبۇلغازى باھادىرخاننىڭ <شەجەرەئى تراكىمە> دىكى رىۋايەتلەر ئاساسىدا قويۇلغان بولسىمۇ، مەھمۇد كاشغەرىي پايدىلانغان رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن خېلى كۆپ جەھەتلەردە پەرقلىق بولسىمۇ ، بىراق مۇھىم بىر ئورتاقلىق شۇكى،<ئۇيغۇر> دېگەن نام ئۆز دەۋرىدە خاس بىر قەبىلىنىڭ نامىلا بولماستىن، بەلكى ئۇ بىر سىياسىي بىرلەشمىنىڭ ئومۇمىي نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ئەھۋالنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى <ئوغۇزنامە> دىكى بەزى مەلۇماتلاردىنمۇ روشەن ھېس قىلىش مۇمكىن. ئېپوسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئوغۇزخان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى بىر بايراق ئاستىغا يىغىپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ چوڭ بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان قەھرىمان سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئوغۇزخان بايرىقى ئاستىغا توپلانغان قەبىلە يالغۇز ئۇيغۇر قەبىلىسى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەتراپىغا ناھايىتى كۆپ تۈركىي قەبىلىلەر ئۇيۇشقان. ئوغۇزخان پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، تەسىر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن يات قەبىلىلەر ئۈستىگە زور كۆلەملىك يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ. دەل شۇ پەيتتە تەرەپ- تەرەپكە يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئۇ يارلىقىدا : <مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك...> (7). دەيدۇ.كۆرۈشكە بولىدۇكى ، بۇيەردە ئوغۇزخان كۆزدە تۇتتۇۋاتقان <ئۇيغۇر> ئۆز ئەتراپىغا ئۇيۇشقان پۈتۈن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى بولغان.بۇ تىل ئورتاقلىقى مەھمۇد

كاشغەرىي پايدىلانغان رىۋايەتتىمۇ روشەن سىزىلىپ تۇرىدۇ. رىۋايەتتە <تۈرك >ئاتالغۇسى بىلەن<ئۇيغۇر>ئاتالغۇسى ئوخشاش قوللىنىلغان. <ئۇيغۇر بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار، بۇ شەھەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن>، <زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى 4000ئادەم ئەۋەتكەن>. دېمەك، بۇ يەردە <ئۇيغۇر>ئۇقۇمى بىلەن تۈرك ئۇقۇمى پەرقلەندۈرۈلمەي ئورتاق قوللىنىلغان.

<ئۇيغۇر>نامىنىڭ خېلى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرگىچە ئومۇمىي نام سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىنى مەھمۇدكاشغەرىينىڭ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ قەبىلە ناملىرى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشى بىلەن <ئۇيغۇر> توغرىسىدىكى ئىزاھلىرى روشەن ئىپادە قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاپتور <دىۋان>دا تىلغا ئالغان بارلىق تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى شۇ قەبىلىلەرنىڭ قەدىمكى بابىلىرىنىڭ نامىغا قويۇلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق <ئۇيغۇر> دېگەن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ بابىلىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ تارىختىكى مۇھىم سىياسىي ۋەقە بىلەن باغلانغان ئومۇمىي نام بولغانلىقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

<ئۇيغۇر>نامىنىڭ كېيىنكى تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ خاس نامى بولۇپ قالغانلىقىغا كەلسەك، بۇنىڭ تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلىرى بار. مىلادىيىدىن كېيىن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. بىر مەزگىل زور بىرلىشىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسا ، يەنە بىر مەزگىل بۇ چوڭ گەۋدە بۆلۈنۈپ، پارچىلىنىپ بۆلۈنمە ھالەتتە ياشىغان. بۇ جەرياندا بەزى قەبىلىلەر باشقىلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. كىچىك-كىچىك بۆلۈنمە خانلىقلار ئومۇمىي نام بولغان <ئۇيغۇر> ئاتالغۇسىنى قوللانماي، باشقا-باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان. بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋال 14-15-ئەسىرلەردە خېلى گەۋدىلىك بولغان. ئۆز-ئارا قوشۇلۇپ ۋە پارچىلىنىش نەتىجىسىدە قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەزى قەبىلە ناملىرى ئۆزگەرگەن ۋە يېڭى-يېڭى قەبىلە ۋە مىللەت ناملىرى بارلىققا كەلگەن. قارخانىيلار دەۋرىدە بارلىق تۈركىي خەلقلەر قەبىلىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا قەبىلە ناملىرىنى قوللانغاندىن باشقا كۆپ ھاللاردا ئۇيغۇرلار ، تۈركلەر دېگەن ئومۇمىي نام بىلەنلا ئاتالغان. بۇ پىكرىمىزنى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز ئەسىرىگە <ئۇيغۇر تىلى دىۋانى>،<قارلۇق تىلى دىۋانى>ياكى<ئوغۇز تىلى دىۋانى>ئەمەس بەلكى، <تۈركىي تىللار دىۋانى>دەپ نام قويغانلىقىنىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، <دىۋان> غا كىرگۈزۈلگەن تىل پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى خاقانىيە تىلى ئىدى. بۇ چاغدا تۈركىي

خەلقلەر تىل ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ-ئادەت ۋە باشقا مىللىي خۇسۇسىيەتلەرجەھەتتىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى. دىنىي ئېتىقاد تۈپەيلى قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر پەرقلەندۈرۈلۈپ ئاتالغان. مەسىلەن: مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى خەلقلەرنى <تۈركلەر> دەپ ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىغان بولسا، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنى بۇ چاغدا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈن <ئۇيغۇر تارتلار، كاپىر ئۇيغۇرلار> دەپ ئاتىغان. تۈركىي خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن بارا-بارا روشەنلىشىشكە باشلىدى. ئاخىر بىرقانچە مىللەت شەكلىدە ياشاش ھالىتىنى شەكىللەندۈردى. چوڭ گەۋدىدىن پارچىلانغان قەبىلىلەر باشقا ناملار بىلەن ئاتالغان بولسا، بۇ گەۋدىنىڭ ئۆلىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار بۇ نامنى داۋاملىق ساقلاپ قالدى.

## (2)

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ >ئۇيغۇر<تەبىردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى خاراكتىرى ۋە ئالاھىدىلىكى خېلى روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. رىۋايەتنىڭ باش قىسمىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلىقى، ئوقيا ئېتىشقا ماھىرلىقى، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مىللى ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن.

مەلۇمكى، چارۋىچىلىقنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان قەدىمكى تۇرمۇش شارائىتى ئۇيغۇرلارنى شۇ ئىجتىمائى مۇھىتنىڭ ئۆزلىرىگە بەرگەن ئىمكانىيەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشقا ئۆگەتكەن. بولۇپمۇ ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ماھارىتىنى ئەينى ۋاقىتتىكى چارۋىچى خەلقلەرنىڭ مۇھىم تۇرمۇش تەلىپى ۋە ياشاش تەلىپى ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئوۋچىلىقتا يېتىلىشى زۆرۈر. ئوۋچىلىق تۇرمۇشى كىشىلەردىن زېرەكلىك، باتۇرلۇق، قورقماس ئىرادە ۋە چەبدەسلىكنى تەلەپ قىلىشتىن باشقا، يەنە قارىغا ئېتىشتا يۇقىرى ماھارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ يۇقىرىقىدەك خۇسۇسىيەتلەرنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مەشق مەيدانى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋەتەن، خەلقنى سىرتقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش، تۇرمۇشنىڭ خاتىرجەملىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇرۇش قورالى ئوقيا، نەيزە، قىلىچ ئىشلىتىش ۋە ئات مىنىش ماھارىتىدە يۇقىرى كامالەتكە يېتىش -ھەربىر ئائىلە ئەزالىرىغىچە مۇھىم بىر ھايات مىزانى بولغان. بۇ مىزانىغا پادىشاھتىن تارتىپ، پۇقراغىچە

ھەممە كىشى ئەمەل قىلىشى لازىم ئىدى.ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئۇزاق يىللىق يات قەبىلىلەر بىلەن بولغان ئۇرۇش ماھارىتىدە ئۇلارغا شۇنداق باتۇر، چەبدەس، قورقماس، پىداكار روھ بىلەن يېتىشتۈرۈپ قالماي، بەلكى ئۇرۇش ماھارىتىدە ئۇلارغا يۇقىرى كامالەت ئاتا قىلغان. بۇخىل مىللى ئالاھىدىلىك ئەلۋەتتە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ قوشۇنىنى مەغلۇب قىلىش ۋە ئىسكەندەرنى ھەيران قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى بولغان ئىدى.

تارىخىي پاكىتلارغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوقيا ئېتىش، ئات مىنىش ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىشەنچلىك پاكىتلار مەۋجۇت. ئورخۇن بويىدا قۇرۇلغان قۇدرەتلىك ئۇيغۇر خانلىقى (646-845) دەۋرىدە شەرقتىكى قارلۇقلار ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئورۇنۇپ، ئۇيغۇرلار بىلەن قارشىلاشقاندا غەربىي ئۇيغۇرلار شەرقتىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، پاراكەندىچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان. 11-ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا قارلۇقلارنىڭ تىبەتلەربىلەن بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا ۋەھىمە تۇغدۇرۇپ، ئاي بىلگە قاغاننى بۇ رايونلارغا يۈرۈش قىلىپ، پاراكەندىچىلىكنى تىنجىتىشقا مەجبۇر قىلغان. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىدا بۇ قېتىمقى يۈرۈش مۇنداق خاتىرىلەنگەن: دەسلەپ شىمالدىكى كۆنكۈت (قىرغىز)ئېلى 40مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلدى، ئەمما خاقان ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدىن تارتىپلا باتۇر، زېرەك، مەرگەن بولغانلىقتىن ئاتقان ئوقى زايە بولماي كۆنكۈرت خاننى ھەق جايىغا قارار تاپقۇزدى> .يىڭى تاڭنامە<ئۇيغۇرلار تەزكىرىسىدىمۇ >ئۇلار سۇ، ئوتلاق قوغلىشىپ كۆچۈپ يۈرىدۇ، ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىشقا ماھىر<دېيىلگەن خاتىرىلەر بار> .كونا تاڭنامە<دىمۇ ئۇيغۇرلارنى >شۇڭقاردەك چەبدەس، باتۇر<دېگەن مەنىدىكى خاتىرىلەربار. ئەرەب تارىخچىسى مەسئۇدى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. جۇڭگو مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن >ئۇيغۇر<نىڭ خەنزۇچە خەت بىلەن ئىپادە قىلىنغان مەنىلىرى ھەم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى تەبىرىدىكى ئۇلار ئەڭ ئەشەددى كاپىرلار ھەم ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر، دېگەن مەنە بىلەن خېلى كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە. جۇڭگو مەنبەلىرىدە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇر نامى ھەرخىل خاتىرىلەنگەن، مەسىلەن: دىڭلىڭ، تېلى، گاۋچاڭ، خۇ، روڭ، دې قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتالغان. كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تازا قۇدرەت تاپقاندا خېلى كۆپ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە ناملىرىنى تاشلاپ >ئۇيغۇر<نى ئومۇمىي نام قىلىپ قوللانغان . >ئەل تۇتۇش ئۆرنەكلىرى<دېگەن كىتابنىڭ 235-جىلدىدا خاتىرىلىنىشىچە، چىن يۈەننىڭ

5-يىلى (مىلادىيە789-يىلى)تون باغا جۇڭگوغا ئەلچى ئەۋەتىپ، خاننىڭ نامىنى >شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان <دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئەنئەنىۋى نام- ئۇيغۇر بىلەن ئاتاشنى ئۇقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى)回鹘 خۇي گۇ) دەپ ئاتىغان. بۇ يەردە ئىپادە قىلىنغان مەنە بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي ئىپادىلەۋاتقان مەنە ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك ئورتاقلىق مەۋجۇت.

قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەردىكى مەلۇماتلار ۋە >دىۋان<دىكى بەزى ئۆرنەكلەردىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئاممىۋى خاراكتېرلىك مۇسابىقە پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنى چېنىقتۇراتتى. بەيگە، ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى دائىمىي پائالىيەتلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىدى> .دىۋان<دا مەھمۇد كاشغەرىي قېرىن سۆزىنى ئىزاھلاپ : >قېرىن ئاتماق، قېرىننى قارىغا ئېلىپ ئېتىش. بۇنىڭدا سويۇلغان مالنىڭ قېرىنى نىشان قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىلىدۇ، تەگكۈزەلىگەن كىشى گۆشتىن بىر پارچە ئالىدۇ (8) <دېگەن. بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەرلەشكەن، شەھەر تۇرمۇشىدىكى ھەربىي تەييارلىق ئۈچۈن قىلىنىدىغان مەشقلىرىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلقەرنەيىننى ھەيران قالدۇرغانلىقى ۋە زۇلقەرنەيىننى مەغلۇپ قىلغانلىقى ئوبيېكتىپ ئاساسلارغا ۋە تارىخىي ئاساسلارغا ئۇيغۇن.

## (3)

>ئۇيغۇر <تەبىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى رىۋايەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم نۇقتا، ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ >قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قانىتىغا ئوخشايدىكەن <دېگەن سۆپەتلەش بار. يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكنى چوڭقۇرراق كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇ يالغۇز ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى كىيىنىش ئادىتىنىلا ئىپادە قىلىپ قالماستىن، بەلكى بۇ يەردە مۇھىم بىر سىمۋوللۇق مەنىنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. كىلياشتۇرۇشنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، كۆل تېگىننىڭ ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ> :كۆل تېگىن ھەيكىلىنىڭ بېشىغا بەش دانە قالقانسىمان شەكىلدىكى شاھانە تاج كەيدۈرۈلگەن بولۇپ ، ئۇستىگە قاناتلىرىنى كېرىپ تۇرغان بۈركۈت قويۇلغان(9) .<

بۇنىڭدىن، باشقا قالپاقلاردا قۇش پەيلىرى بولۇش. قۇش ئوبرازى بولۇشنىڭ تارىخى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلانغانلىقى ھازىرقى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ئارقىلىق ئىسپاتلانماقتا. ئىچكى مۇڭغۇلىيىدىكى تىكرۇسېتتىن تېپىلغان ئەجدادلار يادىكارلىقلىرىدىن شۇڭقارنىڭ شەكلى ئورنىتىلغان ئالتۇن تاج بۇ نۇقتىنى ئىككى تەرەپتىن ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئادەتنىڭ بارلىقى، يەنە بىرى، ئۇيغۇرلار بىلەن زۇلقەرنەيىننىڭ سۈركىلىشىنىڭ دەۋرى ئاساسەن مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. تارىخي ۋە رېئال پاكىتلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلار يالغۇز بۆرىنىلا قۇتادغۇ قىلىپ قالماي، ئۇنىڭدىن باشقا ئات ۋە قۇشلارنىمۇ قۇت بەلگىسى قىلغانلىقى مەلۇم. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇرلار لاچىننى >توغرۇل <نامدا ئاتاپ، ئۇنى قۇتادغۇ قىلىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىسىم قىلىپ قوللانغان. بۇنىڭ خېلى ئومۇمىي ئەھۋال ئىكەنلىكى مەلۇم. بىز قەدىمكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ئىچىدە >توغرۇل <،>توغرۇلبەگ < نامدا ئاتالغان ئىسىملارنى خېلى ئۇچرىتىمىز. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا گەرچە لاچىن نامدا ئاتالغان كىشى ئىسىملىرىنى بۇرۇنقىدەك كۆپ ئۇچراتقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن لاچىن تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ ياخشى سۈپەتلىگۈچى ئورنىدا تۇرىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ناھايىتى باتۇر، چەبدەس، يۈرەكلىك، جىگەرلىك ئوغۇللارنى>: لاچىندەك يىگىتكەن، لاچىندەك ئەزىمەتكەن<، >لاچىندە! لاچىن <دەپ پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئالىدىغانلىقنى ھەرگىز تەساددىپى بولمىسا كېرەك . مەھمۇد كاشغەرىي >تۈركىي تىللار دىۋانى <دا >لاچىن <سۆزىنى ئىزاھلاپ>: ئۇ، بىر خىل يىرتقۇچ قۇش، باتۇر يىگىتلەرمۇ لاچىن دېيىلىدۇ <دېگەن. بۇ خىل ئىزچىللىق ئۇيغۇرلارنىڭ لاچىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئادەتتىكىچە بولمىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي كۆرسەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قانىتى لاچىن قانىتىغا ئوخشىغانلىقى بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يەنە بەزى سىمۋوللۇق ئىپادىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ.قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدىن قارىغاندا، مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى بايقاشقا بولىدۇ. بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىمى ئېگىز ۋە ئۇچلۇق قىلىپ لايىھىلەنگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك بىرلا قاراشتا پەرۋاز قىلىۋاتقان لاچىننىڭ قانات قاققان شەكلىگە ئوخشايدۇ.ئىككىنچى ئالاھىدىلىك، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا باش كىيىمى ئۈستىگە قۇش پەيلىرىنى قاداش ئادىتى بولغان . مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنقى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل ئادىتى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بېرى داۋاملاشقان ئىكەن. كۆنچى ۋادىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال

مۇمىيانىڭ ئاخىرەتلىك بويۇملىرى ئىچىدىن ئۈستىگە قۇش پەيلىرى قادالغان كىگىز قالپاق چىقتى. ئۇيغۇرلاردا بۆككە قۇش پەيلىرىنى قادايدىغان ئادەت ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن. كۆنەستىن تېپىلغان مىستىن ياسالغان چەۋەندازنىڭ قالپىقىنىڭ ئۈستىگە قۇش پېيىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان ھالىتىنى ئىپادە قىلىپ ياسىغان ئىلمەك بېزەك بىلەن، قازاقىستاندىكى <ئېسىك> قەدىمكى قەبرىسىدىن ئالتۇن كىيىملىك شاھزادىنىڭ تاجىسىدىكى قۇش ۋە قۇش پەيلىرى ئوبرازى بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملاشقان ئەنئەنىۋى ئىزچىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىسى پاكىتكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قالپاقلىرىنى پەرۋاز قىلىۋاتقان <قۇش>نىڭ ھالىتىگە سىمۋول قىلىپ ئىشلىگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكىنى تەسادىپىي ئەھۋال دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

## (4)

ھازىرغىچە بولغان خېلى كۆپ تەتقىقاتلاردا <ئۇيغۇر> سۆزىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ نۇقتىدا ئەڭ مۇھىم بىر مەسىلە <ئۇيغۇر> سۆزىنىڭ قايسى تىلغا مەنسۇپلۇقى مەسىلىسى ۋە بۇ سۆزنىڭ قانداق ئۆزگەرگەنلىكى مەسىلىسىدۇر. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تەبىرىدە <ئۇيغۇر>سۆزى يۇنانچە <خۇزخور>نىڭ فونېتىكىلىق ئۆزگىرىش ياساش جەريانىدىكى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارالغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىسى ھەقىقەتەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن بولغان. <ئۇيغۇر>نامىنىڭ ئالېكساندىر ماكىدونسكىي تەرىپىدىن قويۇلۇشىمۇ ھەرگىز ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئېنگىلس : (قەبىلىنىڭ نامى مەقسەتلىك تاللىۋېلىنغان ئەمەس، كۆپىنچىسى، تەسادىپىي پەيدا بولغان. قەبىلە ئۆزىگە قويغان نام باشقىچە بولغان بولسىمۇ، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن ئاشۇ قەبىلىگە قويۇلغان نام بارا-بارا ئۇنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى. مەسىلەن: نېمىسلارنىڭ <گېرمان> دېگەن بىرىنچى تارىخىي ئومۇمىي نامىنى كىلتلار قويغان ئىدى) دەيدۇ. بۇ يەردىكى ماھىيەتلىك مەسىلە بىرەر مىللەتنىڭ نامىنىڭ كىم تەرىپىدىن قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى ئۇ نام شۇ مىللەتنىڭ تارىخىي ئېتنوگرافىيىسى ۋە مىللىي خاراكتېرى بىلەن قانداق باغلىنىشى بارلىقى مەسىلىسى؛ يەنە بىر

تەرەپتىن، شۇ خەلقنىڭ باشقىلار بەرگەن شۇ نامنى قوبۇل قىلىش-قىلماسلىقى مەسىلىسى . ئەگەر باشقىلار زورمۇ-زور تاڭغان نام شۇ مىللەتنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە مۇناسىپ كەلمىسە، ئۇ خەلق ئۇ نامنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ، قوبۇل قىلمىغانىكەن، ئۇنام ھەرگىز ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ. يۇقىرىقى نام ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرىگە مۇناسىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغان، دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلىمۇ مەۋجۇتكى ، ھازىرقى شەكىلدىكى <ئۇيغۇر>سۆزىنى ھەرگىز يۇنانچە سۆز، دەپ قارىمايمىز.چۈنكى <ئۇيغۇر >سۆزى بىلەن<خۇزخۇر>سۆزىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىغا ئىككى يېرىم مىڭ يىل بولدى. شۇڭا شەكىل جەھەتتىنمۇ ئورتاقلىق ساقلانمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بىرەرمىللەت يەنە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى قوبۇل قىلغاندا ئۆز ئەينى بويىچە ئۆلۈك قوبۇل قىلمايدۇ، كۆپ ھاللاردا مەقسەتلىك ياكى مەقسەتسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە بوي سۇندۇرۇۋالىدۇ. يەنە بىرى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلغان سۆزلەرنى مەقسەتلىك ئۆزگەرتكەندە، ئۆز ئانا تىلدا ئەسلىي مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئاھاڭداش سۆزلەرنى تاللاپ قوللىنىدۇ ياكى مۇناسىپ دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ سۆز ياسايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سىرتتىن قوبۇل قىلىنغان ئۇ تىل تەدرىجى شۇ مىللەتنىڭ ئوي -پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان ئانا تىلغا بويسۇندۇرۇلىدۇ. يۇقىرىقى ئەھۋالغائاساسلانغاندا، <خۇزخۇر >سۆزى ئەڭ ئاۋال <خۇزگور>، <ئۇيگۇر >شەكلىدە قوللىنىلغان بولسۇن ياكى <ئوغۇزخور >،<ئوغۇزگور>، <ئوغۇز >شەكلىدە قوللىنىلىپ ئاخىر <ئۇيغۇر  >شەكلىگە كەلگەن بولسۇن ، ئۇ بەرىبىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە ئىستېمالىدا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىزچىل ھالدا <قەھرىمان، باتۇر خەلق>دېگەن مەنىنى ئىپادە قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تىلى.

دېمەك مەھمۇد كاشغەرىينىڭ <ئۇيغۇر >تەبىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق شانلىق تارىخىنىڭ ئىلمىي يوسۇندا ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىلمىيلاشتۇرۇلۇشى. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىنى مەلۇم جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان نام.

## ئىزاھاتلار:

(1)بۇ ساندىن قارىغاندا ئۆز دەۋرىدە ئېلى رايونىنى مەركەز قىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ سانىنىڭ 1مىليوندىن

ئارتۇق ئىكەنلىكى روشەن بولىدۇ.

(2)ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى >تارىمدىن تامچە <دە تارىخچى دوكتۇر زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ >ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش <دە كەلتۈرگەن نەقىلدىن نەقىل. 307-بەت.

> (3)تارىخىي خاتىرىلەر-400-399 <بەت.

(4)مەھمۇد كاشغەرىي>: تۈركىي تىللاردىۋانى<نى تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەرنى چۈشىنىش، تۈركىي تىلنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغانلىقى ئۈچۈن كونكېرت چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

(5)مەھمۇد كاشغەرىي >تۈركىي تىللار دىۋانى-1 <توم، 151-بەت.

(6)قۇربان ۋەلى>: بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز<، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 210-بەت.

> (7)ئوغۇزنامە<، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980-يىلى11-ئاي نەشرى، 46-بەت.

> (8)تۈركىي تىللار دىۋانى<، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى،1-توم، 524-بەت.

(9)س.ش كىلياشتورنى> : قەدىمكى تۈرك- رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر<، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى نەشرى. ئۇيغۇرچە 20-بەت.

(مەنبە: مىراس ژۇرنىلىنىڭ 2008-يىللىق 4-5-سانلىرىدىن تەۋھىدە تورىغا تەييارلىغان)

مەنبە:

# 31ـ ئىمىن تۇرسۇن بىلەن
# مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە سۆھبەت

ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن ـ مائارىپ كومىتېتى 2008 ـ يىلىنى «دۇنيا مەھمۇد كاشغەرىي يىلى» قىلىپ بېكىتتى ، بۇ يىلنى قۇتلۇقلاش ۋە خاتىرىلەش ئۈچۈن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىر قىسىم ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلدى ، 2008ـ يىلى 11ـ ئايدا بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئېلىپ بېرىلغان «مەھمۇد كاشغەرىي دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى» دۆلىتىمىز ئىچىدىكى كۆلىمى بىر قەدەر زور، تەسىر دائىرىسى كەڭ بولغان يىغىن ھېسابلىنىدۇ ، بىز سەلكىن تور بېكىتىدە مەزكۇر سۆھبەتنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ، كەڭ ئۇيغۇر تورداشلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىگە بولغان چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرماقچى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلىنغان مېھمان:
يېقىنقى دەۋر تىل ۋە تەرجىمە ئىشلىرىمىزنىڭ تۆھپىكار باشلامچىلىرىنىڭ بىرى، تونۇلغان ئەدىب، شائىر، تىلشۇناس ھەم تەرجىمان، يېقىنقى دەۋر ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىنىڭ ئۇلىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى ، ئالىم ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى.

رىياسەتچى : ئەسسالام ئەلەيكۇم ئىمىن تۇرسۇن ئاكا.
ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى : ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام

رىياسەتچى : ئالدى بىلەن سىلىنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى چىقىرىپ،بۈگۈنكى سۆھبەتكە قاتناشقانلىرىغا كۆپتىن-كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز.
ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى : ئەلۋەتتە بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز.

رىياسەتچى : ئۇنداق بولسا بۇگۈنكى سۆھبىتىمىزنى باشلاپ كەتسەك،ئالدى بىلەن سىلە مۇشۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ كىم ئىكەنلىكى ئۈستىدە بىر توختىلىپ بەرگەن بولسىلا.

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى : بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ئۇبدان سورىدىڭىز قىزىم،ھەزرىتى مەھمۇد ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى كاشغەرىي دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈنلا بىز قەشقەرلىك دەۋالمىدۇق، ھەزرىتى مەھمۇد قەشقەرلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇيغۇر دەۋالمىدۇق ،ھەزرىتى مەھمۇدنىڭ ئۆتكەن زامانى توغرىسىدا خەلقئارادا ھەر خىل قاراشلار بار. ئالدى بىلەن بىر ئاز ئىزاھات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.جۇغراپىيەلىك نۇقتىدىن ئاسىيانىڭ كىندىكى بولغان تەڭرىتاغ،تارىم بويلىرىدا نەچچە ئەسىرلەپ ياشاپ،كۆپىيىپ كەلگەن،تەرەققى قىلغان ئۇيغۇرلار تارىخنىڭ تۈرلۈك باسقۇچلىرىدا ئىلىم-پەننىڭ ھەر ساھەسىدە دۇنيا مەدىنىيەت خەزىنىسىگە تۈرلۈك كەشپىيات،تۆھپىلەرنى قوشقان، شۇ كەشپىيات تۆھپىلەرنى قوشقان ئالىملاردىن بىرى مەھمۇد قەشقىرى.

نىمە ئۈچۈن ھەزرىتى مەھمۇدنى قەشقەرلىك دەيمىز؟

بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي توغرىسىدىكى خەلق،ئالىملارنىڭ بايانلىرىدىن،بولۇپمۇ ھەزرىتى مەھمۇدنىڭ نادىر ئەسىرىدىن بىرى بولغان دىۋانى لۇغاتى تۈرۈكتىكى بايان قىلىنغان مەزمۇنلارغا ئاساسەن ئىنىقلىشىمىز،دەلىللىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.مەسىلەن،مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «دىۋان لۇغاتىت تۈرك»تە، تاكى فەرەمدىن جابارقىغىچە،يەنى ياۋروپادىن ياپونىيەگىچە بولغان قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى ھەر خىل قەۋملەرنى بولۇپمۇ تۈركىي قەۋملەرنى ئەملىيەتتە ئىزدەش ئاساسدا ئەمەلي تەكشۈرگەن.شۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا نۇرغۇن جايلارنى كەزگەن.شۇ ئۆزى كۆرگەن-ئاڭلىغان مۇھىم،يەنى ئەل-يۇرت،دەريا،تاغ،كۆل،ئېقىن،شەھەرلەرنىڭ ناملىرىدىن تەخمىنەن 190 چە نامنى قەيت قىلغان.شۇ قەيت قىلغان ناملارنىڭ ئىچىدە ئالتىدىن بىر قىسمى قەشقەرگە تەۋەللۇق زىمىنلار.مەسىلەن مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا قەشقەرگە تەۋەللۇق زىمىنلاردىن ھازىرغىچە ئۆز نامىدا ئاتىلىپ كېلىۋاتقان يەرلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ،مەلۇمات بەرگەن.بۇ مەلۇماتتا بۇ يەر ناملىرى سۆزلەر قاتارىدا بېرىلگەندىن باشقا تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ كۆپ يەرلىرىدە مىسال ۋە تەمسىللەر تەرەقسىدە تەكرار ئىشلىتىلگەن.مەسىلەن كاشغەر دىگەن مۇشۇ بىر ئاتالغۇ دىۋانى لۇغەتى تۈرۈكتە ئون يەتتە يەردە تىلغا ئېلىنغان.دىمەك ھەرىزتى مەھمۇدنىڭ قەشقەرنى بىلىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.ھەزرىتى مەھمۇد ئۆز كىتابىدا قەيىت قىلغان قەشقەر ئەتراپىدىكى يەر-سۇ ناملىرىدا ئارىسدا ئالغۇ،ئالۇش،ئارتۇش،ئازىق،باغرام قۇم،بارچۇق،بارخان،قاشقبۇغرا،قىپچاق،قىزىل دەريا،قىزىل ئوز،كۆرۈمكۆل،مەڭكەت،ئوپال،تازغۇن،تۈمەن،تورغاتتىز،تېزەنتىز بۇ ناملارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزگەرتىلمەي شۇ پېتى ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ.مەسىلەن بۇ ناملاردا ھەزرىتى مەھمۇدنىڭ بەرگەن تەرىپى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.بولۇپمۇ ئوپال توغرىسدا ئەرەپچە ئىزاھلىغاندا باشقا يەر

ناملىرىدىن پەرىقلەندۈرۈپ،ئوپال بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى،ئىزاھلىما،ھازىرمۇ بىزنىڭ يېزىمىزنىڭ نامى،ئەرەپچە ئىسمى قەرىيى لەنا ئىزاھ بەرگەن.بۇ يەردە لەنا قۇشۇمچىسى ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە.بۇ لەنا قۇشۇمچىسى ئەرەپچىدە كىرىشنىڭ كۆپلۈك شەكلى.بىزنىڭ دىگەن مەنىدە ئىپىلىتىدۇ.ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا قەشقەر تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنى ئىزاھلىغاندا مەسىلەن،ئالۇشنى ئىسمى قەرىيەلىكاھشا،يەنى قەشقەردىكى بىر يەر نامى دەپ ئىزاھلىغان.ئاۋۇ ئوپالنى ئارىلىقتىن پەرىقلەندۈرگەن.ئوپال ھازىرمۇ مەۋجۇد،كىشىلەر ھازىرمۇ ئوپال دەپ ئاتايدۇ،ئۆز زامانىسىدا ئوپال دەپ ئاتالغان.قەشقەردىن شەھىردىن 45 كىلومىتىر غەرىپ يىراقلىقتىكى بىر چوڭ يېزا،بۇ يېزىنىڭ ھازىر قارىئۋاش،بەشۋاغ،ياغۇ،باشياغۇ،موللام بېغى،كۆكچى،قۇمباغ،دوغىلات،شوتا،ھۆل جىگدە،قارا ئۆستەڭ،ئاچات،توقات،ئايدىڭكۆل،ئاقئۆستەڭ دەپ ئاتىلىدىغان كەنتلىرى بار.بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھازىر بىزگە ئازىغ كۆرۈنمەيدۇ.نىمە ئۈچۈن دىگەندە مەھمۇد قەشقىردىن كىيىنكى ۋاقىتلاردا ئوپالئارىت) ئىزاھات:مۇزرات،ئوپالئارات،كۆكئارىت،ئۇلۇغئارىت،ئادەم ئۆتۈش قىيىن بولغان داۋانلارنى ئارت دەيدۇ) ئوپالئارىتقا كىلىدىغان ئىككى جىلغا بار.بىرسى قارا جىلغا،بىرى قىزىل جىلغا،مۇشۇ ئىككى جىلغىنىڭ سۈيى تېشىپ،كەلكۈن كىلىپ،ئوپالئارىتنى كەلكۈندىن تۇسۇپ تۇرىدىغان سۆسەر ئېغىزى دىگەن ئېغىزىدىن بۆسۈپ چۈشۈپ،كەنتلەرنى سۇ باسىدۇ،ئوپالنىڭ يەر-تۈزۈلىشى ئىگىز-پەس بولۇپ، موللام بېغى كەنتى ئىگىز ئۇرۇندا.كىيىنكى زامانلاردا ئوپاللىقلار سۇ بېسىپ،قۇم بېسىپ كەتكەن يەرلەردە قايتىدىن كەنتلەرنى بەرپا قىلىدۇ.ئۇلارنىڭ بىرسى قۇمباغ.ئازىغ بولسا ھازىر قۇمباغنىڭ مەھەللىسى.دىمەك تەبئىي ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە بەزى كەنتلەر يوقالغان،يېڭىدىن بەزى كەنتلەر پەيدا بولغان.ئەمما موللام بېغى دەپ ئاتالغان كەنت ئۆز ئىسمى بىلەن ساقلانماقتا،شۇ موللام بېغى دىگەن كەنتكە ھازىر مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قەبرىسى جايلاشتۇرۇلغان.تەخمىن قىلىغاندىمۇ ئېھتىمال ئۆز زامانىسىدا مەھمۇد قەشقىرى ۋاپات بولغاندا،شۇ ھەزرىتى موللام،موللام بېغىغا دەپنە قىلىغان بولۇشى مۇمكىن.بۇنداق بولۇشدا موللام بېغىدا ئىككى ئادەم نەزەرگە ئېلىنىدۇ.بىرى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئانا تەرەپ دادىسى سەيپىدىن بۇزرۇكۋار،يەنە بىر مەھمۇد قەشقىرى ئۆزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.شۇڭلاشقا ئوپاللىقلار بۇ كەنتكە موللام بېغى دەپ ئىسىم قويغان.شۇ موللام بېغى ئالدىدا ھازىر ئۈچ تۈپ ھاي-ھاي تېرەك بار.ھاي-ھاي تېرەك ئالدىدا نۇرۇز بۇلاق بار.كىشلەرگە شۇ ئادەت بولغانكىن ھەر نۇرۇزدا كىشىلەر موللام بېغىدا ساياھەت قىلىدىكەن،تالىپلار،ئىلىمدارلار،شائىرلار ھەر خىل شېئىر،نەزمىلەرنى،بېيىتلارنى يېزىپ نۇرۇز بۇلاقتا ئاققۇزىدىكەن. بىزنىڭ شېئىرىيىتىمىز مەرىپىتىمىز مۇشۇ توختىماس بۇلاقتەك دائىم راۋان بولۇپ تۇرسۇن دىگەن مەنىدە.ھازىرمۇ ھاي-ھاي تېرەك،نۇرۇز بۇلاق ئۆز پېتى ساقلانماقتا.

بىز مۇشۇ ئەھۋاللارغا قاراپ تۇرۇپ،بىز ھەزرىتى مەھمۇدنى قەشقەرلىق،قەشقەرنىڭ غەربىدىكى ئوپال يېزىسىدا ۋاپات بولغان ئوپالدا تۇغۇلغان ھەم شۇ ئوپالدا ۋاپات بولغان دەپ پەرەز قىلىمىز.ئەمدى بۇ

يەردە خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە،ئويپال ئەسلى ئېتى بۇلاقسۇ،بۇرۇختا،)ئىزاھات:بۇرۇختا دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى مۇڭغۇلچە يىكەنلىك دىگەن مەنىدە(سايۋاغ،ئوپال،بۇلاخسۇ بۇ كەنتلەر ئۆز ۋاقتىدا بىر جاڭگاللىق،ئورمانلىق ئىكەن.ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر،بەگزادىلەر،خانزادىلار ساياھەت قىلغىلى،ئوۋ ئوۋلىغىلى،شىكار قىلغىلى چىققاندا ئوپالنى مەركەز قىلىپ چىقىدىكەن.شۇ ۋاقىتتا مەھمۇد قەشقىرى شاھزادە ۋاقتىدا ئوپالغا چىقىپ،موللام بېغىدا سەيلە قىلىدىكەن.دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئاسمانغا قاراپ تۆۋەن تەرەپكە قارىغاندا ) ئىزاھات:موللام بېغى ئېگىز،ئوپال پەسرەك ئورۇنغا جايلاشقان(كۆزىگە بىر چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ،ئاسماندا ئاينى كۆردۈم،ئويپالدا چولپاننى دەپ بىر بېيىت توقۇپتۇ،بۇ قوشاق خەلق ئاغزىدا تارقىلىپ ھازىرغىچە يىتىپ كەلگەن.

مەھمۇد قەشقىرى مۇشۇ بېيىتقا ئاساسلىنىپ بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى ئايچولپان دەپ ئاتاپ،كيىن مەھمۇد قەشقىرى مۇشۇ ئايچولپانغا ئۆيلەنگەن.بىرىنجى ئايالى مۇشۇ ئايچولپان بولۇپ،ئايچولپاندىن سۇلايمان تىكىن دەپ بىر ئوغۇل تۇغۇلغان.ھازىرمۇ سۇلايمان تېكىننىڭ ئەۋلادلىرى ھايات،بىزنىڭ بۇ يەردە ئەسكەرتىدىغىنىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ شەجەرىسىنى،ئائىلە تارىخىنى تۇرغۇزۇش.

مەھمۇد قەشقىرى ئادەتتە ئۆز كىتابىدا دىۋاندا ئېيتىلغاندەك مەن تۈركىيلەرنىڭ مەشھۇر قەبىلىسىدىن دىگىنىگە قاراپ يىپ ئۇچى ئىزدەشكە توغرا كەلدى..مەھمۇد قەشقىرى نەسەپ جەھەتتىن ئۆز ۋاقتىدا قاراخانىيلار قۇرغان ئاساسى تېكىن كىم دىسە, كول بىلىگ قېدىرخان)ئىزاھات:بەزى مەنبەلەردە بىلىگ كۆل قادىرخان دەپ ئېلىنىدۇ(.كول بىلىگ قېدىرخاننىڭ شاھزادە ۋاقتىكى ئىسمى ئىنانچۇر)خەنزۇچە مەنبەلەردە مويۇنچۇر ياكى بايانچۇر دېيىلىدۇ(،كيىن قاراخانىيلارنى قۇرغاندىن كيىن ئىنانچۇر دىگەن نامىنىڭ ئورنىغا كۆل بىلىك قېدىرخان دىگەن نامنى قوللانغان.بۇ يەردە بىر ھېكمەت بار.قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇرخۇن خاندانلىقنى قۇرغۇچىمۇ كۆلبىلىك قېدىرخان.دىمەك قاراخانىلار ۋە ئۇرخۇن خانلىقىنىڭ ئاساسچىسىمۇ كولبىلىك قېدىرخان.تارىخچىلار كۆلبىلىك قېدىرخاننىڭ نەسەپ جەھەتتىن ئافراسياپ،ئەرىپ ئەرتۇڭاغا باغلىنىدۇ.سۇلتان سۇتۇق بۇغراغان كۆلبېلىك قېدىرخاننىڭ نەۋرىسى بولىدۇ.كۆلبېلىك قېدىرخاننىڭ ئىككى ئوغلى بولغان.بازىر ئارىسلانخان،ئۇغۇلچاق تاۋغاچخان،)ئىزاھات:بەزى مەنبەلەردە ئۇغۇلچاق بۇغراخان دەپ ئېلىنىدۇ(بۇ ئاكا-ئۇكا ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجرا بولۇپ،بازىرخان ئۆلۈپ كىتىدۇ.ھاكىمىيەت ئوغۇلچاق بۇغراخانغا قالىدۇ.ئۇغۇلچاق پايتەختنى يەتتە سۇدىن قەشقەرگە يۆتكەپ كىلىدۇ.ئۇغۇلغاچ بۇغراخان مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تاغىسى.مۇھەممەت سادىق قەشقىرىنىڭ يازغان بۇغراخانلار تەزكىرىسىدە ئېيتىلىشىچە،سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇ نەسىر زامانىنىڭ تەشۋىقى بويىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدۇ.تاغىسى ۋە يۇرت ئەھكامىلىرىنىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىدۇ.ئۇغۇلچاق قېدىرخان قوشۇلمايدۇ.سۇتۇق بۇغراخان تاغىسىنى ئۆلتۈرۈپ،ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ بېكىتىدۇ.

مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ يۇرتىنى بەش قولدەك بىلىدۇ دىدۇق،بۇ ھەقتە ئۆزى يۇرتىغا بولغان مېھرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بىر قانچە يەردە شېئىرى قوشاقلارنى كەلتۈرگەن.مەسلەن قىزىل دەريا ئۆز دەپ قۇيۇپ،شۇ توغرىدا بىر كۇبلىت شېئىرنى كەلتۈرىدۇ.شېئىر مەزمۇنى قىزىل،سېرىق رەيھانلار چىرمىشىپ كەتكەن.يېشىل،ئاچ قىزىل رەيھانلار بىر بىرسگە يۆگىشىپ،يۇلەپ تۇرغان،يالىڭۇپ دىگەن ئىنسان دىگەن مەنىدە.قەشقەردىكى قىزىل دەريا بويى مۇشۇ قوشاقتا ئېيتىلغاندەك باغۋارانلىق،گۈل-گۈلزالىق،بوستانلىق بىر جاي.قەشقەردىكى ئەمگەكچىلەر ئۆزى قولى بىلەن شۇنداق گۈزەل جايغا ئايلاندۇرغان.ھازىرمۇ قىزىل دەريا بويى شۇنداق مەنزىرلىك جاي. ئاندىن يەنە تۈمەن دەريا دەپ،قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسدىن ئۆتىدىغان دەريا دەپ مەنە بەرگەن. ھازىرمۇ قەشقەرنىڭ ئوتتۇرسدىن ئۆتىدۇ.يەنى جان قورغان بىلەن كېرەم باغنىڭ ئارىلغىدىن ئۆتىدۇ.بۇ يەردە بىر يار بار.شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋاغ دەرۋازىسى دەيدۇ..بۇ جان قورغان قەشقەرنىڭ پايتەختى بولۇپ ئۈچىنچى قېتىم ئاپىرىدە بولۇشى..ئەسلى ئورنى ئاتۇشقا يېقىن خان ئۆيدە،خان ئۆينىڭ شەرقى تەرىپىدە تېجەن دەرياسى)چاقماق دەرياسى(بار،چاقماق دەرياسىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى قۇيۇلغان..شۇ چاقماق دەرياسىنىڭ غەربىدە يارلىق خان ئۆي.خان ئۆيدىن قورغانغا.قورغاندىن كېرەمباغقا،كېرەمباغ ئارقىلىق جان قورغانغا تۇتىشىدۇ.ئۈچىنچى قېتىم ئاپىرىدە بولغان قەشقەر بولسا بايا دىيگەندەك قىزىل دەرياسى بىلەن تۈمەن دەرياسى ئوتتۇرىسدىكى جان قورغان ئاپىرىدە بولغان،جان قورغان ئىستىراتىگىيەلىك ئورنى مۇھىم جاي.ئالدى ئارقىسدىن ئىككى دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ.ئەگەر سۇنى تۇسۇۋەتسىمۇ شەھەرگە ھېچقانداق دەخل بولمايدۇ.چۈنكى ئۇ يەردە بۇلاق سۈيى بار.ھەم ئورنىمۇ ئىگىز يەر.قوغدىنىشقا ئەپلىك.دىمەك خۇتەن بۇددىستلىرى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا خان ئۆيدىكى پايتەخت ۋەيران بولغاندىن كيىن،پايتەخت جان قورغانغا يۆتكەلگەن.مەھمۇد قەشقىرى زامانىسدا.

ئاتۇش توغرىسدا دىيلگەنمۇ،ئاتۇش بىر دەرەخنىڭ ئېتى،ئەمما ئاتۇش ناملىق ئىككى يۇرت بار،دىمەك ھازىرمۇ ئاستىن ئاتۇش،ئۈستۈن ئاتۇش دەپ ئىككى يۇرت بار.ئاتۇش ئۆزى ناھايتى چىرايلىق كۆركەم دەرەخ،بۇنى ئەرەپچە ئەر ئەر دىگەن.پارىسچە بۇنى سەۋرى كۇھى ،تاغ سەۋرىسى دەيدىكەن.يەنى دەرەخنىڭ تاجى خۇددى كۇنۇس شەكىللىك بولۇپ،يۇپۇرماقلىرى بېلىقنىڭ قاسرىقدەك يېڭنىسمان بولىدىكەن.ناھايتى چىرايلىق ئۆسىدىكەن.ئۆز زامانىسدا شائىرلار مەھبۇبە-يارىلىنىڭ چېچىنى سۇمبۇلغا،قاشلىرىنى قالىغاچنىڭ قانىتىغا ئوخشاتقاندەك،مەھمۇد زامانىسدىكى شائىرلارمۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل يارلىرىنىڭ چېچىنى ئاتۇش دەرىخىگە ئوخشىتىدىكەن.

بۇ ئاتۇش دەرىخىنىڭ بىر خۇسۇسىيتى ئورناتقان كۆچەت ئۆلمەيدىكەن.تىز تۇتۇدىكەن.يەر خىللمايدىكەن.

ئىككىنجىسى ئۇزۇن ياشايدىكەن.

ئۈچىنچىسى ئوڭاي چىرىمايدىكەن.

مەن بىر قېتىم تەكشۈرۈشكە بارغىنىمدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى باقىقان شەيخ)قازا قىلىپ كەتكەن(شۇ-1905يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بېشىغا كۆمۈلگەن تەزكىرىسىنى بارتى.بېشىغا كۆمۈگلۈك.شۇ كىلىپ ئېچىپ ئېلىپ كەتكەن.ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس.،دىمەك شۇ ئاتۇش دەرىخىگە سېلىنغان دىگەن گەپ،

ئاندىن بۇ يەردە يەنە ئەسكەرتىلىدىغان بىر نەرسە بار، سېغىن سامۇر دەپ بىر يەرنى ئەسكەرتىدۇ مەھمۇد قەشقىرى.بۇ بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن يەر دەيدۇ.سېغىن سامۇر دەپ يەر بار.ئوپالنىڭ غەربى جەنۇبىغا توغرا كىلىدۇ.يەنى ھازىرقى بۇلاق سۇغا يېقىن بىر يەردە.

سېغىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا كىيىك دىگەن سۆز.سامۇر بۇددا راھىپلىرى ياشايدىغان كېمىر ئۆيلەر ئۇيۇلغان يارلاڭغا،تاغلىق يەرلەرنى سامۇر دەيدۇ.سېغىن سامۇر كىيىكلىك تۆپە،كىيىكلىق تاغ ،،بۇ بايا ئېيتقان سۆزىمىزگە دەلىل بولىدۇ.يەنى شاھزادىلار،بەگزادىلار چىقىپ ئوۋ ئوۋلايدىغان يەر شۇنىڭدىن مەلۇم.ھازىرمۇ شۇ يەردە بۇددا خارابىللىرى بار.دىمەك مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىسى بۇغراخانغا كىچىك خۇتۇنى زەينەپخان زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن يەر سېغىن سامۇر،ھازىرمۇ ئۆز ئەينى ساقلانىماقتا.

بىز مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن مەھمۇدنى قەشقەرلىك دەيمىز.قەشقەرلىك دىگەندىمۇ ئوپاللىق دەيمىز.ھەم ئېنىقراق ئېيتقاندا مەھمۇد قەشقىرى ئائىلىۋېى نەسەپ جەھەتتىن ئۇيغۇرلارغا خاس،ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مەيلى ئۇرخۇندا بولسۇن،مەيلى قەشقەردە بولسۇن قۇرغان خانلىقلارنىڭ ئاساسىنى ياراتقۇچىلارنىڭ قەبىلىسىدىن.دىمەك مەھمۇد كاشغەرىي ئائىلىۋىي نەسەبى جەھەتتىن خانزادىلار ئەۋلادى.مەھمۇد قەشقىرى تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ مۇقەددىمىسىدىمۇ مەن شۇ تۈرىكلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن،ئەڭ ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىللىرىدىن دەپ ئىزاھ بەرگىنىگە قارىغاندا،بىرىنجىدىن شاھزادە،ئىككىنجىسى ئىلىم ئىگىسى ئىلىم،قەلەم ۋە ئەلەمدە يىتىشكەن ئادەم.ئەمما كىينكى ۋاقىتلاردا بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ دادىسى ھۇسەيىن چاغىر تېكىنگە ئوخشاش بىلىمگە ئىشك قويغان،بىلىمگە مىھرى-مۇھەببىتىنى بېغىشلىغان ئادەم.شۇنىڭغا شاھزادىلىق تۇرمۇشىدىن ۋاز كىچىپ،قانداقتۇر ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت كىرىگەندەك،ئۆزىنىڭ شۇ تۈركى قەبىلىلەر ياشاۋاتقان جاھاننى بىر كىزىپ چىقىش ئىشتىياقى سەۋەبىدىن يۇرتىنى تاشلاپ،خانزادىلىقنىمۇ تاشلاپ چىقىپ كەتكەن.تاكى مەن بېشىدا دىگەندە ئەۋرەم،فەرەمدىن،غەربى ياۋروپادىن تارتىپ،جابىرقا،ياپونىيەگىچە بولغان قۇرۇقلۇقتىكى،بولۇپمۇ تۈركى قەۋمى ياشىغان جايلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.ئۆز ئەملىيىتى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان،ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل ئالىم بۇ.شۇڭا يازغان نەرسىللىرى ناھايىتى ئاساسلىق تولىسى ئۆزى كۆرگەن.بارالمىغان يەرلىرىگە ئىشەنچىلىك ماتىرىياللارنى ئالغان.شۇنىڭ ئۈچۈن يازغان تۈركى تىللار دىۋاندىكى ھەر بىر

سۆزلەرنىڭ بىر تارىخى ئاساسى،ئارقا كۆرۈنۈشى بار.خىيالى يېزىلغان نەرسىلەر ئەمەس.بۇنىڭدا بەزى ئالىملارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە،ھەزرىتى مەھمۇد ئۆزىنىڭ ياشلىق ئۆمرىنى مۇشۇ تۈركى تىللارنى تەكشۈرۈپ،تەتقىق قىلىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈش، يىگىرمە يىللار ۋاقتىنى سەرىپ قىلغان.بىز ئويلاپ كۆرەيلى.ئۇ زاماندا پويىز،ماشىنا،ئايروپىلان يوق.بىردىن بىرى ئۇلاغ ئات.بىر ئادەم بىر ئاتلىق ئۆتكۈزۈش،يىگىرمە يىللاپ شۇنچە كەڭ يۇرتنى ئارىلاپ چىقىش ئوڭاي ئەمەس،توپلىغان ماتېرىياللىرىنى ئەمەلىيەتتىن ئالغان.بىز ئادەتتە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دەيمىزغۇ.دېمەك ئاشۇ ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ،ئەمەلىيەتتىن ئالغان پاكىتلار ئاساسىدا ئاندىن «تۈركىي تىللار دىۋانىنى » يازغان.

يېقىندا مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروففسورى ئابدۇرۇپ تەكلىماكانى بىر ماقالە يېزىپ،ماقالىسىدا يەنە باغدادتا مەزكۇر دىۋاننى يېزىش ئۈچۈن مەھمۇد كاشغەرىي يەنە ئون بەش يىل سەرىپ قىلغان. دېمىسىمۇ مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزى ئېيتقان.بىر قانچە يىل سەرىپ قىلىپ،بۇ كىتاپنى قانداق يېزىشنى ئويلاندىم. ھېچكىم قوللانمىغان يېڭى ئۇسۇلنى قوللاندىم.خۇددى ئەھمەد ئىبنى خەلىل ئۆزىنىڭ كىتابىدا يازغاندەك ھەممە سۆزلەرنى كىرگۈزسەم بولاتتى.مەن كېرەكلىكنى يازدىم.ھاجەتسىزنى تاشلىدىم،كىشلەرنىڭ ئوڭاي پايدىلىنىشى ئۈچۈن جايى-جايىغا قويدۇم.بەزىللىرىنى شۇ قەۋملەرنىڭ ئۆزلىرىدىن توپلىغان قوشاقلار،ھېكمەتلىك سۆزلەر،تەمسىللەر ئارقىلىق ئىسپاتلىدىم دەيدۇ.

بىز ھەزرىتى مەھمۇدنىڭ ئائىلە نەسبى ھەققىدە توختالدۇق.بۇ خانزادىلەر دىگەنىكەن.يەنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يەتتىنجى نەۋرىسى،يەنى كۆكۈ نەۋرىسى بولىدىكەن.قاراخانىيلارنى قۇرغان ئاساسلىق كۆل بىلگ قدىرخاننىڭ نەۋرىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يەتتىنجى ئەۋلادى.دېمەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق قەبىلىسى بولغان ياغلىقار قەبىلىسىدىن،ئۆزى ئاتا-ئانىسىدىن تارتىپ خانزادىلار ئۇرۇغى،يۇقىرىسى ئاپراسىياپ،ئەلىپ-ئەرتۇڭاغا تۇتىشىدۇ.

رىياسەتچى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئاساسلىق قانداق مەزمۇنلار سۆزلەنگەن ؟ ئۇنى پەقەت تۈركىي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى دىيىش توغرىمۇ؟ ئۇنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى قانچىلىك؟

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى» :تۈركى تىللار دىۋانى»دا نىمە ئۈچۈن تۈركىي تىلى بىلەن ئەرەپ تىلىنى سېلىشتۇرما ئاساسىدا يازدى بۇ لۇغەتنى دىگەن مەسىلە تۇغۇلىدۇ،بەزى ئالىملار ئېھتىمال باغدات ئابباسىيە خەلىپىللىرىدىن ئۇبۇلقاسىم مۇختەدىبى ئەمرۇللانىڭ ئەمرى بىلەن يازغان دىگەن مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويدى.مىنىڭچە ئۇ باغداد خەلىپىسىنىڭ ئەمرى بىلەن يازغان ئەمەس.ئاشۇ تۈركى تىللاردا ئەينەن دۇنيادا نامايەن قىلىش ئۈچۈن ،ئەمىلىيەتنى تەكشۈرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تۈزگەنلىكىگە قارىغاندا ،ھېچقاچان ئەمىر بىلەن يازغان ئەمەس.يەنە بىر تەرەپتىن مەھمۇد

قەشقىرى دىۋانىنىڭ بېشىدىلا ئېيتىپ قويىدۇ.خۇددى ئەرەپ تىلى بىلەن تۈرۈك تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك چېپىپ كىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بۇ كىتاپنى يازدىم دەيدۇ.ئويلاپ كۆرەيلى،ئۇ زاماندا ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ھىساپلانغان ئابباسىيە خەلىپىللىرى ھىچقاچان بۇ ئىلاھىيە تىلى،قۇرئان تىلى دىگەن ئەرەپ تىلىنى تۈرۈك تىلى بىلەن تەڭلەشتۈرمەيدۇ.چۈنكى ئەرەپ تىلى مۇقەددەس تىل،ئىلاھىيەت تىلى،پارىس تىلى ئەدەبىيات تىلى،تۈركىي تىل ھۈنەر تىلى دەپ قارايدۇ ئۇلار.بۇ ھەقتە كىچىكىنە مۇتائىلەنى قوشۇپ قوياي،مەن بىر يىلى بىر ئۆلۈم مەرىكىسىگە باردىم،ئۇ جەسەتنى يۇيۇپ-تازلاپ بولغۇچە،بىر قانچە ئاخۇنلار كەلگەنىدى.شۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالدۇق ساقلاپ،شۇ يەردە سۆھبەت باشلاندى.سۆھبەتتە ھېلىقى ئاخۇنۇملار بايىقى مەن دىگەندەك،ئەرەپ تىلى مۇقەددەس تىل،پارىس تىلى ئەدەبىيات،سەنئەت تىلى.تۈرۈك تىلى مەئىشىيەت،ھۈنەر تىلى دەپ كىلىپ بۇ ئەرەپ تىلى كەلگۈسى ئاخىرەتتىمۇ پۈتۈن قەۋمىنىڭ تىلى بولىدۇ.يەنى ئەھلى جەننەتنىڭ تىلى دىدى.دىگەندىن كىيىن مىنىڭ تىلىم قىچىشىپ ئانداق بولسا بۇ ئەرەپ تىلىدىن باشقا تىللار دوزاق تىلىمۇ دىدىم.نەئۇزىبىللا دىدى.ھە ئۇنداق بولسا بۇنى ئويلاپ سۆزلىسىلە،مەن ئېنىق ئېيتىپ قوياي.ھەزرىتى مۇھەممەد ئەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈن،ئەرەپلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ئەرەپ تىلىدا نازىل بولغان.ئەگەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئۇيغۇرلاردىن بولغان بولسا،قۇرئان ئۇيغۇر تىلىدا كەلگەن بولاتتى دىدىم. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ زاماندا ئۇ ئەرەپ خەلىپىسىنى ھىچقاچان تۈرك تىلىنى قۇرئان تىلى بولغان مۇقەددەس تىلغا تەڭ قىلمايدۇ.تەڭ قويمايدۇ.مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىدىيىسى ناھايىتى ئېنىق بۇ توغرىدا،ئاندىن مەھمۇد كاشغەرىي يەنە مۇقەددىمىسىدە ئېيتىدۇ.مەن بىر ئىشەنچلىك بۇخارا ئالىمدىن شۇنىڭدەك بىر نىشاپۇرلۇق ئالىمدىن ئاڭلىشىمچە، سىلەر تۈت تىلنى ئۆگىنىڭلار،تۈركى قەۋىملەر بىلەن يېقىنلىشىڭلار،دىگەن مۇھەممەد پەيغەمبەر دەپ ھەدىسنى كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىتىم دەپ مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتىدۇ.ئەگەر مۇشۇ بۇخارالىق ،نىشاپۇرلۇق ئالىملارنىڭ كەلتۈرگەن ھەدىسى توغرا بولسا، دىمەك تۈركىي تىلنى كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋاجىپ بولىدۇ. ئەگەر ئېھتىياج نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ تۈركى تىل ئۆگىنىش زۆرۈرىيەت تۇغۇلىدۇ.مەن مۇشۇ زۆرۈرىيەتنى، ئەرەپ تىلى بىلەن تەڭ چېپىشۋاتقان تۈرك تىلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يازدىم دىگىنىگە قارىغاندا مەھمۇد كاشغەرىي ناھايىتى مىللەتپەرۋەر،ۋەتەنپەرۋەر، ھەقىقەتنى ئەمىلىيەتتىن ئىزدىگۈچى ئالىم بولغىنى ئۈچۈن بۇ سۆزنى ئېنىق ئېيتالىغان.ھەتتا قوقماستىن ئەرەپ تىلى بىلەن تەڭ قويغان.شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ھىچقاچان ئاددىلا بىر ئەرەپلەرنىڭ تۈرك تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن يىزىلىپ قالغان لۇغەت دەپ قارىغىلى بولمايدۇ.بۇنى تۆۋەندىكى سۆزلىرىم ئىسپاتلايدۇ.مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا تۈرلۈك ئىلىم-پەنگە دائىر،تۈرلۈك ھۈنەر-سەنئەتكە دائىر،تارىخ-تەزكىرىگە دائىر،ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر يەتتە مىڭ بەش يۈز سۆزلەم كىرگۈزۈلگەن.بۇ يەتتە مىڭ بەش يۈز

سۆزلەمنىڭكى چېتىلغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭرى.بۇ سۆزلەر سەككىز بۆلۈمگە مۇجەسسەملەنگەن.ھەر بىر بۆلۈم پېئىللارشەكلىدە ئىككىگە ئايرىلغان.ئىسىملار پېئىللار دەپ،بۆلۈم ۋە باپلاردا ئەرەپچە گىراماتىكا ئاتالغۇلىرىدىن تۈلۈق ئىشلەنگەن.ھەتتا ئەرەپچە گىراماتىكا ئاتالغۇلىرى يېتىشمىگەن يەردە،مەھمۇد قەشقىرى ئەرەپ تىلىدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس گىراماتىكا ئاتالغۇلارنى ئىجاد قىلغان.ئەمدى ئۇ زاماندا يەنە،بۇ ھەزىرىتى ئابباس زامانىدىمۇ ھېلىقى بۇ ئەرەپ يېزىقىدا ھىرىكلە،زىر.زەۋەر،ساكىن،پەش دىگەن نەرسىلەرنى يوق ئىدى.چېكىتمۇ يوق ئىدى.مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز زامانىسىدا ترانسكىپىيە بېرىش ئۈچۈن،ئاشۇ ھەرىكىلەردىن ساكىن،زەمھە،پەتھە،مەت،تەشتىت دىگەنلەر ناھايىتى ئورۇنلۇق قوللانغان.ھەتتا ئەرەپ ئېلىپبەسىدە يوق،ئەمما تۈركى سۆزلەردە بار ھەرىپلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن يېڭى ھەرىپلەرنى ئىجاد قىلغان،مەسىلەن ۋ بىلەن ف نىڭ ئارلىقىدا چىقىدىغان بىر خىل تاۋۇش بار.يا ف ئەمەس،يا ۋ ئەمەس.بۇنىڭ ئىپادىلەش ئۈچۈن ف نىڭ ئۈستىگە ئۈچ چېكىت قويغان.ئەۋرەم دىگەننى شۇنىڭ بىلەن يازغان،نەۋرەم دىگەننىمۇ شۇنىڭ بىلەن يازغان.تاۋغاچ دىگەننىمۇ شۇنىڭ بىلەن يازغان.ئەمدى بىز بايام كەلتۈرگەن يەتتە مىڭ بەش يۈز سۆزلەم دىدۇق.بۇ سۆزلەم،يەنى ئاددى سۆز،يەنى تۆرلۈك مىسال-تەمسىللەر ئورنىدا كەلتۈرگەن.

»تۈركي تىللار دىۋانى»نىڭ مەزمۇننى تەخمنەن ئون ساھەگە مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنجى تۈركى قەبىللەر،تۈركي قەۋىملەرنى تەپسىلى تونۇشتۇرغان.تۈركي قەبىللەرنىڭ تارىخىغا دائىر رىۋايەت تەرىقىسىدە كۆپ مەلۇمات بەرگەن.بۇنىڭغا قارىغاندا «دىۋان لۇغاتىت تۈرك»نى تارىخ كىتابى دىسەكمۇ بولىدۇ.

ئىككىنجى مەزمۇنى تۈركى قەۋىملەر ياشىغان جايلار تۈركى قەبىللەرگە قوشنا ئەللەرگە،دائىر جۇغراپىيەلىك ناملارنىڭ مەشھۇرلىرىنى بەرگەن.مەھمۇد قەشقىرى تۈركى خەلىقلەرنىڭ توپونوملىرىدىن،يەنى ئېتنولوگ مەنبەلىرى،ئانتوروپولوگىيەلىك تۈرقى ھالەتلىرىنى بەرگەن.جۇملىدىن ئالاھىتەن مۇشۇ تۈركى قەۋىملەر ياشىغان ئورۇنلارنى ئېنىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن،دائىرە دەپ نام قويۇپ،بىر خەرىتە بەرگەن.

ئۆز ۋاقتىدا باغدادتا ھىندىنىزىم،يەنى گىرىك مەدىنىيەتىدە مەيدانغا كەلگەن بارلىق نادىر ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەپچىگە تەرجىمە قىلىنغىنىدەك،دۇنيادا بار مەلۇماتلار توپلانغانتى،باغداد كۈتۈپخانىسىغا.مەھمۇد قەشقىرى شۇلاردىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن.شۇلارنىڭ ئارىسىدا يۇنانلىق جۇغراپىك پوتولومىنىڭمۇ سىزغان خەرىتىسى بار.ئۇنىڭ سىزغان خەرىتىسى مەھمۇد قەشقىرىنىڭكىگە ئوخشمايدۇ.ئاندىن ئىدرىسيەنىڭ سىزغان خەرىتىسىمۇ بار،ئەرەپ سەييياھلىرىدىن،ئۇنىڭ سىزغان خەرىتىسمۇ ئوخشمايدۇ.بۇ كۆپىي دېڭىز-ئوكيانلارنى كەزگەنلىكى ئۈچۈن،ئۆزى كەزگەن دېڭىز-ئوكيانلارنى ئاساس قىلغان خەرىتە سىزغان.مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خەرىتىسى قانداقتۇر،ئۇ

زاماندا تېخى دۇنيانىڭ يۇملاقى ئېنىقلانغان ئەمەس.دۇنيا بىر مانداق قازان كۆمتۈرۈپ قويغاندەك دەپ تەسەۋۋۇر قىلىندىغان.مەھمۇد قەشقىرىنىڭ سىزغان خەرىتىسىدە دۇنيانىڭ يۇملاقلىقىدىن ئىشارەت بەرگەن.ئاندىن ئا پوتولومى ۋە ئىدرىسىنىڭ خەرىتىسگە قارىغاندا،مەھمۇد قەشقىرىنىڭ خەرىتىسىدە بىر ئېنىق مەزمۇن بار،يەنى ئادەم ياشايدىغان جايلارنى ئاساس قىلغان.ئادەم ياشايدىغان جايلارنى ئاساس قىلغاندىمۇ تۈركى قەۋىملەرنى ئاساس قىلغان.تۈركى قەۋىملەرنى ئاساس قىلغاندىمۇ يەنە ئۆزىنىڭكى يۇرتى قەشقەر،يەركەن،ئارتۇش دىگەندە ئوخشاش جايلارنى مەركىزى قاتار كۆرۈپ،ئاندىن خەرىتىنى سىزغان.ئاندىن ھەر بىر شەھەرنىڭ ئارىلىقىدا پەرسەخ دىگەن،يەنى تەخمىنەن ئالتە يېرىم كىلومىتىر كىلىدۇ ئارىلىقى...ئۇ يۇرتتىن-بۇ يۇرتنىڭ ئارلىقى مانچە پەرسەخ كىلىدۇ دەپ ئېنىق مەلۇم قىلىپ قويغان.بۇنىڭ بىلەن يۇرتلارنىڭ ئارىلىق مۇساپىسنى ئېنىق بىلىۋالغان بولىدۇ.باشقا خەرىتىلەردە مۇنداق قائىدە يوق.ئاندىن مۇھىم مەدەنىي مەركەزلەرنى ئالايىتەن سىياسى جەھەتتىن سىرىق چەمبەر سىزسا،مەدەنىيەت جەھەتتىن قارا چەمبەر سىزىپ بەلگىلەپ قويغان.بۇ ئىككىنجى مەزمۇن.

ئۈچىنچىسى سۆزلەرنىڭ ئىستىمال مەنىسنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن،ئەدەبى پارچىلاردىن مىساللار كەلتۈرگەن.ئوغۇز،ئافراسىياپنىڭ تەرجىمھاللىرى،مەقەبەرلىرىگە دائىر پارچىلار،تۈرلۈك ماقال تەمسىل،ھېكمەتلىك سۆزلەر ئىككى يۈز توقساندىن ئاشىدۇ.تۈرلۈك تېمىدا ئىككى يۈز قىرىق ئىككى كۇبلىت ئەدەبى شېئرى،پارچىلار بېرىلگەن.بۇ پاچىلارنىڭ بەزىللىرى ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۇشلەردىن دېرەك بېرىدىغان بېيىت-قوشاقلار بار.يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەن،ئوۋچىلىق زاماندىن قالغان قوشاقلا بار.شۇنداق قوشاقلاردىن مۇنۇلارنى كەلتۈرگەن.ياۋروپا تارىخچىللىرىدىن تېررىنىڭ ئېيتىشچە،ئېپتىدائى مەدەنىيەت كىتاۋىدا ئۇ مۇنداق مۆلچەرنى بايان قىلىدۇ.بىز ئىنسانلارنىڭ تارىخنى يۈز مىڭ يىل ھساپلىساق،تەخمىنەن شۇنىڭ توقسان بەش مىڭ يىلى ئوۋچىلىق،بەدىۋېلىك بىلەن ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن دەيدۇ.شۇنداق بولغاندا بۇ بەزى بېيىت-قوشاقلار بىزنىڭ ئاۋۇ ئاتام زاماندىن،ئوۋچىلىك،كۆچمەنلىك زاماندىن قالغان قوشاقلارغا مىسال بولالايدۇ.ئاندىن گېزى كەلگەندە،مەلۇم بىر سۆزگە بولغان مەنانىنى ئېنىق ئىپادىلەش ئۈچۈن،داستان پارچىللىرىنى كەلتۈرگەن.مۇشۇ داستانلاردىن بىر قانچە داستانلارنى يارىتىش مۇمكىن.مەن بۇنى تەتقىق قىلىپ ئالىپ ئارىسلانخان توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قوشاقلارنى جەملىسەم،جەمئىي ئوتتۇز سەككىز كۇبلىت چىقتى.،ئۇنىڭكى ۋەزنى،تۇراقى،مەزمۇنى جەھەتتىن جەملىگەندە...ئافراسىياپ،ئالىپ ئەرتۇڭا توغرىسىدىكى قوشاقلارمۇ ئوتتۇزدىن ئاشىدۇ.بۇ يەردە گېزى كەلگەندە بىزنىڭ ئەدىپلىرىمىز،شائىرلىرىمىزغا شۇ نەرسنى تەۋسىيە قىلماقچىمەن.«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يېزىلغان قەھرىمانلارنىڭ ۋەقەلىرى،قەھرىمانلارغا دائىر داستانلار ۋە پارچىلارنى ئوبدان تەتقىق قىلىپ،بۇنىڭدىن خۇددى رۇمىر يازغاندەك ،فىردەۋسى يازغان شاھنامىلەردەك نادىر

ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئېنىق پاكىتلار بىلەن.بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان ۋەزىپە.بىز نۇقۇل يازسا تۈگىمەيدىغان مۇھەببەت ئىشقى،ئۇچىبۇرجەك مۇھەببەتنى يازماستىن،مۇشۇنداق تارىخى پاكىتلارنى،ئۆزىمىزنىڭ قەھرىمانلىرى،قەھرىمانلىقلا دائىر مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ،نۇرغۇن ئاددىسى ئېلىيادىدەك،شاھنامىدەك نادىر ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىشىمىز مۇمكىن.

تۆتىنچى، دىۋاندىكى مەن بايا دىگەن يەتتە مىڭ بەشيۈزدىن،يېزا-ئىگىلىكگە دائىر سۆزلەر بار.يېزا ئىگىلىكى دىگەندە مال چارۋىچىلىق،مال دوختۇرلۇق،زىرائەت،زىرائەتچىلىك.زىرائەتتە بولىدىغان كېسەللىك،ھاشارەتلەر،ھايۋانلاردا بولىدىغان كېسەللىككە ئەم بولىدىغان دورىلار،زىرائەتلەرنى ھاشارەتلەردىن ساقلايدىغان دورىلار،مۇشۇنىڭغا دائىر سۆزلەرمۇ بار.

بەشىنچى، ھۈنەر-سەنئەتكە دائىر سۆزلەر بار.ھەتتا بۇ ھۈنەر-سەنئەتكە دائىر سۆزلەردە ئۆز زامانىسىدا،ھازىر ئاياللار لېپتىك تاقايدۇ.ئۆز زامانىسىدا باغىرداق دەپ ئاتايدىكەنتۇق،ئاياللار باغىرداق تاقايدىكەن،ئۆتتۈك دەيدۇ،دەزمال ئىشلىتىدىكەن.بۇنىڭدىن مەلۇمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشى بەدىۋى ئەمەس،مەدەنىي ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.

ئالتىنچى مۇھىم مەزمۇنى،كالىندارچىلىق،ئاستورنىمىيەگە دائىر مەلۇماتلار بار.كالىندارچىلىق دىگەندە مۈچەل يىللىرىنىڭ پەيدا بولىشى.ئاي ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى.ئاستورنومىيە،ئىملىھايات،ئاسماندا بولىدىغان مۇھىم يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرى،ئۇ يۇلتۇزلارنىڭ نىمىگە مۇئەككەل ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۈرلۈك رىۋايەتلەر بېرىلگەن.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنى ۋە ماددى ھاياتىغا دائىر مەلۇماتلار،يىمەكلىك،كىيىم-كېچەك،مۇزىكا،چالغۇ

ئەسۋاپلىرى،نەققاشلىق،ئويمىكارلىق،زىبۇ-زىننەت،ئاندىن بۇ يەردە ھەتتا مەھمۇد كاشغەريي ئاياللىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى توغرىسىدا بىر قىزىقارلىق ماقالىمۇ كەلتۈرۈپ قويغان.

قىزلىناي دىسەڭ قىزىل كىي،يارلىناي دىسەڭ يېشىل كىي.تۈرىكلەر مۇنداق بىلدۈرىدۇ.قىز-چوكانلار قىزلىناي دىسە قىزىل كىيدۇ،يارلىناي دىسە يېشىل كىيدۇ.ھازىرمۇ تۇرپانغا ياكى جەنۇپقا بارساڭلار ئېتىزدا كۆپرەك يېشىل ياكى قىزىل كىينگەن ئاياللارنى كۆرىسلەر.يەنە بىرى دىۋاندا كۆپ قوللىنىدىغان ئىسملار،ئادەم ئىسملىرى،ئەر ئىسملىرى،ئايال ئىسملىرىدىن مىساللار كەلتۈرگەن.

سەككىزىنچى بىر تەرىپى، تىبابەتچىلىككە،دوختۇرلۇققا دائىر مەلۇماتلار بار.ئۇچرايدىغان تۈرلۈك كېسەللەر،ئادەملەر ئۇچرايدىغان.ئۇ كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ يوللىرى،داۋالاشتا قوللىنىلدىغان دورىلار.ياسلىشى ئېنىق كۆرستىلگەن.

توققۇزىنچى بىر مەزمۇنى ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشقا دائىر مەزمۇنلار بار.ھەربى ئاتالغۇلار بار.قۇشۇن.جەڭ ئاتالغۇلىرى بار.

ئونىنچى گىراماتىكا قائىدىلەر بار.گېپى كەلگەندە ،مەھمۇد قەشقىرى ھەربىر سۆزلەمگە ئۆزى مەسىلىلىرىنى ئېنىق بەرگەندىن باشقا،ئۇنىڭ گىراماتىكا جەھەتتىن قانداق يەردە قوللىنىلدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىزاھلىغان. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى،ئىخچام مۇھىملىرىنى بەرگەندىن باشقا، مەھمۇد كاشغەرىي ئېيتىدۇ.،مەن بۇ يەردە سۆزنى قىسقا قىلاي،تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ گىراماتىكا جەۋھەرلىرى دەپ ئايرىم بىر كىتاپ يازدىم.شۇ كىتاپتا گىراماتىكا مەسىلىلىرىنى تولۇق ئىزاھلىدىم دەپ ئىزاھ بەرگەن.ئەپسۇسكى بۇ كىتاپنىڭ نامى بىزگە يېتىپ كەلگەن.ئەمما ئۆزى يېتىپ كەلگىنى يوق.

»دىۋان»نىڭ مەزمۇنى ئون جەھەتتىن.شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنى ئىلىملەر قامۇسى دەيمىز.ئادەتتىكى سىسىلىشتۇرما لوغەت ئەمەس.ئاددىيلا...ئاندىن مەھمۇد قەشقىرىنى بىز سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ پىئونىر ئاتىسى دەپ ھىساپلايمىز. ياۋروپا تىللىرىدا 16-ئەسىردە سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق پەيدا بولغان بولسا.بىزدە 10،11-ئەسىردە پەيدا بولغان دىگەن سۆز. ياۋرۇپالىقتىن ئىلگىرى.دىمەك مەھمۇد قەشقىرى ئەنە شۇنداق ئېنسىدوكىپىيەلىك ئالىم. خوش مەھمۇد قەشقىرى مۇشۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەن.ئۇنىڭ يازغان ئەسىرىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ناھايىتى ئېنسوكدوپېلىيە قاتارىدىكى بىر ئىلمى ئەسەر ئىكەن.بۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆز زامانىسىدا مەتبەئە يوق،بىردىن بىر ۋاستە قولدىن-قولغا كۆچۈرۈش ئۆتكۈزۈش،مەھمۇد قەشقىرى زامانىسىدا ۋە ئۇنىڭدىن كيىن نۇرغۇن كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.شۇنىڭدىن كيىنكى ئالىملار،15،16-ئەسىردە،18،19-ئەسىر ياشىغان ياۋروپا ئالىملىرى،تۈركىيە ئالىملىرى،ئەرەپ ئالىملىرى ۋە مىسىر ئالىملىرىنىڭ بەرگەن خەۋرىگە قارىغاندا،مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بۇ كىتابىنى كۆرگەنلىكىنى،ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يېزىپ قالدۇرغان.ئۇنىڭغا قارىغاندا قولدىن-قولغا ئۆتۈپ كەلگەن.مەھمۇد قەشقىرى ئۆز قولى بىلەن يازغان كىتاپىنى 290 يىلدىن كيىن كۆچۈرگەن مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى دىگەن ئادەممۇ بۇنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قولىيازمىسىدىن كۆچەردىم دىگەن.بۇنىڭغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يازغان تۈركى تىللار دىۋانى پەقەت بىر نۇسخا ئەمەس،ناھايىتى كۆپ نۇسخا بولغان.ئۇ باغدات خەلىپىسىگە سوۋغا قىلىنغاندا ئېھتىمال،باغدادتا مەشھۇر بولغان كۇتۇپخانىدا ساقلانغان بولۇشى مۇمكىن.خانلىق كۇتۇپخانىدا،ئەپسۇسكى ئەسلى قولىيازما ئېھتىمال ھىلاكۇ زامانىدا بەربات بولغان بولۇشى مۇمكىن.نىمە ئۈچۈن دىگەندە مۇڭغۇل قەبىلە ئۇرۇقىدىن ھىلاكۇ باغداتنى باستۇرغاندا،باغدادتىكى خانلىق كۇتۇپخانىدا بار كىتاپنى كۆيدۈرۈپ تۈگۈتەلمەي ھەممىنى دەجلە دەرياسىغا تۆككەن.دەجلە دەرياسىغا تۆككەندە ھەتتا دەريا توختاپ،توسۇلۇپ قالغاندە.مۇشۇنىڭغا قارىغاندا مىلىيون مىلىيونلاپ كىتاپ ئۇ يەرگە يىغىلغان.ئېھتىمال مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ئەسىرىدىن بىرسى شۇ ۋاقىتتا نابۇت بولغان بولۇشى مۇمكىن.

رىياسەتچى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلەلىشى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىش قاتارلىق ئىشلىرىدا قانداق خىزمەتلەر ئىشلەندى؟

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى : ئەمدى بىزنىڭ زامانىمىزغا قانداق يېتىپ كەلدى دېگەندە،19-ئەسىردە تۈركىيە قوماندانلىرىدىن نازىمبى دېگەن پاشانىڭ تۇل قالغان خوتۇنى،تۇرمۇش قىيىنچىلىقى جەھەتتىن بىر كىتاپنى كىتاپپۇرۇشقا ئاپىرىدۇ،.ئەمىر ئەلى دېگەن ئادەمگە.مۇشۇنى ساتىمەن دەپ،ئۇ ئەمىر ئەلى دېگەن كىتاپپۇرۇش بۇ كىتاپنى ئۇقۇپلا ناھايىتى قىممەتلىك كىتاپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇدە دېگەن پۇلىغا سېتىۋالىدۇ.سېتىۋېلىپ ئاندىن بۇنى رېفئەتكە تونۇشتۇرىدۇ.رېفئەت 1916-يىلى مىخ مەتبەئەدە باستۇرىدۇ ئۇنى.مىخ مەتبەئەدە باستۇرىدۇ.1941-يىلى تۈركىيە ئالىملىرىدىن بىرسى بۇنى تەرجىمە قىلىشقا تۇرىدۇ.بۇ ئەرەپ تىلىدا بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى تەرجىمە قىلىدۇ.40-44 يىللىرى ئارلىقىدا ئۈچ تومنى نەشر قىلىپ چىقىرىدۇ.بىز ئۇيغۇرلار ئاشۇ-1919 يىلى نەشر قىلىنغان مىخ مەتبەئە يېتىپ كەلگەن.بۇنى چۆچەكلىك بىر ئالىم ئۆز ۋاقتىدا 40-يىللىرى تەرجىمە قىلغان. 1950-يىللىرى قەشقەردە مەرەم سەيپۇللايوفنىڭكى تەۋسىيىسى بويىچە ئەھمەد زىيائىنىڭ ئاكىسى مۇھەممەد پەيزى،ئىنىسى ئەھمەد زىيائى ئىككىسى بۇ دىۋاننى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلغان.ئۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى سەيپۇللايوف ماڭا بەرگەن. مەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن بۇنى دەرھال نەشر قىلىش كېرەك دەپ،ئۇ ۋاقىتتا ئەسئەت ئىسھاقوپ،مۇئاۋىن رەئىس مەدەنىي مائارىپقا مەسئۇل. ۋاي مۇشۇنى بىر نەشر قىلساق دېۋىدىم،.بولىدۇ پىلاننى يازغىن دېدى، پىلاننى يازدىم، پىلاننى بەردىم، تەستىقلىدى،ئەمما بۇ ئىشنى باشلىغىچە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش باشلىنىپ قالدى.كۆرەش باشلىنىپ قېلىپ بۇ ئىش بېسىلىپ قالدى.بۇ ئىش بېسىلىپ قېلىپ ئۇ كىتاپنى بىرسىگە مېنىڭ قولۇمدىن ئېلىپ شۇنىڭ بىلەن يوقاتتى.،60-يىللىرى ئۇيغۇر سايرانى ئۆزبەكچىدىن،تۈركچىدىن تەرجىمە قىلىپ باققان.ئەمما ئۇنىڭ تەرجىمىسى بۇرۇنقىدەك چىقمىدى.پەقەتلا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3-يىغىنىدىن كېيىن ئىلىم باھارى باشلاندى.ئىلىم باھارى باشلىنىشى بىلەن ئۈرۈمچىدە يەنە ئىدىيە ئازادلىقى ئۆزگىرىش باشلاندى.شۇنىڭ باشلىنىشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم زىيالى يىغىنى ئاچتى.زىيالىلار يىغىنىغا 103 ئادەم يىغىلىپتىكەنمىز.103 ئادەمنىڭ ئىككىسى ئۇيغۇر .بىرى نۇسرەت شەھىدى، بىرى مەن. مەن قاتناشقان گۇرۇپپىغا فۇڭ دېگەن سىياسى كېڭەشنىڭ داڭزۇ سېكرتارى، مۇئاۋىن رەئىسى شۇ باشلىقتى. مەن شۇ يەردە باشقا پىكىرلەرنى قويۇپ، مېنىڭ ھازىر توققۇز قالپىقىم بار، توققۇز قالپاقنىڭ سەككىزى كېرەك ئەمەس ماڭا.بىرنى بەرسەڭ بولىدۇ. ئەكسىيەتچى ئىلىم ئىمتىيازى، ئەكسىيەتچى كېرەك ئەمەس.ئاشۇ ئىلىم ئىمتىيازىنى بەرسەڭ بولىدۇ دېسەم ھەممىنى بېرەي دەيدۇ.ھەممىسى كېرەك ئەمەس دەپ چاقچاق قىلىپ ئاندىن بۇ يەردە بىر پاكىتنى قوياي.بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر كىتابىمىز

باتتى. مىنىڭ قولامدىن بىرسى ئېلىپ يۈگۈتۈۋەتتى،مۇشۇ كىتاپنى نەشر قىلساق دېۋىدىم، دەرھال پىلان ياز دىدى،پىلاننى يازدىم، ھۆكۈمەت ماقۇللاپ تەستىقلىدى،شۇنىڭ بىلەن بىر گۇرۇپپا ئويۇشتۇردۇق،گۇرۇپپا ئويۇشتۇرۇپ 1980-يىلى ئىشقا كىرىشتۇق،مەخسۇس گۇرۇپپا بولۇپ.ئۈچ يىل ئىچىدە بۇ كىتاپ پۈتتى.دىمەك بۇ» تۈركىي تىللار دىۋانى» 1980-يىلدىن باشلىنىپ،80-يىلى كەينى-كەيندىن ئۈچ تومى،ئەمما بۇنىڭدا بىر كامچىلىك بىز تىز چىقىرىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن،بىز ئۈچ تومنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرەلمىدۇق.ئاندىن ئۇ ۋاقىتتا تېخى ماۋۇ كونا يىزىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان.ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن.يېڭى يىزىق قانۇنى يىزىقتى.ئۇنى يېڭى يىزىق بىلەن ئىشلىگەن.يېڭى يىزىق بىلەن ئىشلەپ مەتبەئەگە بېرىۋەتكەندىن كىيىن،ئىسمائىل ئەھمەد، تۇمۇر داۋامەتلەر بىز ئىشلەۋاتقان يەرگە كىلىپ، ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرگەندىن كىيىن،شۇ يەردە ئۇلار قەتئىي يوسۇندا دىۋاننى ياندۇرۇۋېلىپ،كونا يىزىقتا ئىشلەڭلار دىدى. چۈنكى كونا يىزىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا ھۆكۈمەتتە بىر مەجلىس ئېچىلغان. مەن ئۇنىڭغا قاتناشقان. ئۇنى تېخى سىرتقا ئېلان قىلمىغان ۋاقىت ئىدى.شۇ قارارنى بەرگەندىن كىيىن بىز دەرھال ياندۇرۇپ ئەپكىلىپ،ئاندىن كونا يىزىقتا ئىشلىدۇق،كونا يىزىقتا ئىشلىگەندە ئەمىلىيەتتىن ئىزدەش،ئىلمىيەتتىن تەكشۈرۈپ كۆرۈش بىر پىكىر قىلىپ قوبۇل قىلدۇق،نىمە ئۈچۈن دىگەندە بىز بالدۇرقى تىل ماتىرىياللىرىنى ھەر قايسىمىز ئۆزىمىز بىلگەنچە مەلۇماتقا ئىگە.ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا مەۋجۇد سۆزلەرنى ئەينەن يىزىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالدىدە.بۇنىڭ ئۈچۈن دىۋان خىزمىتىنى دەرھال توختىتىپ،ئۈچ گوروپپىغا بۆلۈنۈپ،مەن،مەتقۇربان داموللا،خوتەنلىك ئادەم ئىككىيلەن خوتەنگە ماڭدۇق.ئىبراھىم مۇتئى،مىرسۇلتان ئوسمانوف ئىككىسى قەشقەرگە ماڭدى.خەلىم،سابىت بۇلار قۇمۇلغا ماڭدى.شۇ يەردە ئىككى-ئۈچ ئاي تەكشۈردۇق.تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە مەن خوتەندىن تەخمىنەن ئىككى يۈز سۆز،دىۋاندا قانداق بولسا شۇنداق ئەينەن ئىشلىتىلىۋىتىلىۋاتقان تاپتۇق.قۇمۇلدىنمۇ شۇنداق سۆزلەرنى تېپىپ كەلدى.ئاندىن مىرسۇلتان ئوسمانوف بىلەن مۇتىيىلار قەشقەردىنمۇ تاپتى.ئەمما ئاساسى دىققىتىنى ئۇلار مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى راۋايەتلەرنى،دەلىل-پاكىتلارنى توپلاشقا سەرىپ قىلدى.نەتىجىدە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئوپاللىق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.مۇشۇ نەرسىلەرنى ئېنىقلىدۇقدە،ئېنىقلاش بىلەن بىرىنجى توم نەشر قىلىندى.بۇ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتى،ئۇ ۋاقىتتا مەتبە شارائىتى ناھايىتى ناچار.80-يىللىرىدىمۇ.مۇشۇ دىۋاننى نەشر قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بېرىپ،بېيجىڭدا ئىزدەپ يۈرۈپ مىسىر سوۋغا قىلغان ئەرەپچە ھەرپلەرنىڭ قېلىپى باركەن.شۇ قېلىپنى تېپىپ كەلدىم مەن.نابورچىكلار بۇنى تىزىشنى ئۇقمايدۇ.مەن ھەر كۈنى يېرىم كۈن شىنخۇا زاۋاتىغا بارىمەن.چاپاننى سېلىۋېلىپ،نابورچىك بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ،ھەرىپ تىزىمەن.ئىككىنجى بىز دەسلەپ ئۆزەم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى توغرىسىدا ئازىقنى،ئاتۇشتىكى ئازاق دەپ پەملەپ،ئېھتىمال مەھمۇد قەشقىرى ئاتۇشتىكى

ئازاقتا تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ  ئىزاھ بېرىپ قويغان.كېيىن تەكشۈرۈش جەريانىدا بۇ ئازاق ئاتۇشتىكى ئازاق ئەمەس،ئوپالدىكى ئازاق ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.بۇنى ئېنىقلىۋالدۇق.دېمەك تەكشۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇشۇنىڭدا كۆردۇق.ئەمدى «تۈركى تىللار دىۋانى» 80-يىللىرى نەشر قىلىنغاندا ئۇ بىر يېڭىلىق بولدى.ئەمما ئۇنىڭغا يىگىرمە بەش يىل بولدىدە،يىگىرمە بەش يىل جەريانىدا ئۇنى ئۆگەنگۈچىلەر،تەتقىق قىلغۇچىلار خېلى كۆپەيدى.دىۋانشۇناسلىق مەيدانغا كەلدى.مۇشۇ تەتقىقات جەريانىدا بىرىنجى نەشرىدە بىر قانچە كەمچىلىكلەر بارلىقى بايقالدى.بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى قايتا نەشر قىلىش زۆرۈرلىكىنى ھىس قىلدىدە،شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر گۇرۇپپا ئۇيۇشتۇرۇپ،تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ يېڭى نەشرى،ئىككىنجى نەشرىنى تەييارلىدۇق.

ئىككىنجى نەشرىنىڭ بىرىنجى نەشرىگە قارىغاندا پەرقى  شۇكى،

بىرىنجى تىرانسىپكىيەدىكى ئوخشىماسلىقلار بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

ئىككىنجىسى بەزى سۆزلەملەردە مەنىسىنى بېرىپ قويغان بىز.ئەسلى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئىكەنلىكى ئۇ ۋاقىتتا ئىزاھات تاپالمىغان ماتىريالدىن.كېيىنكى تەكشۈرۈش جەريانىدا دىۋاندىكى بەزى سۆزلەر ئەينەن،ھازىرمۇ شۇنداق ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى بايقىغانلىقىمىز ئۈچۈن،شۇ سۆزلەرنىڭ يېنىغا ھازىرقى جانلىق تىلدىكى شەكلىنى بەردۇق.ئاندىن ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ قويدۇق.

ئۈچىنچىسى مەن  بايان دىگەن ئىزاھلارنى بەردۇق،ئېنىقلاپ قويدۇق.

تۆتىنچىسى بەزى يەر ناملىرىغا چوڭ تۈزۈتۈش بەردۇق.مەسىلەن قورغاس توغرىسىدا ئىزاھ بەردۇق.قورغاس دىۋاندا قوياس دەپ بېرىلگەن.قوياسقا ئىككى دەريا قويۇلىدۇ دىگەن.ئۇلۇغ كەيگەن،كىچىك كەيگەن دەپ،ھازىر غۇلجىدە قورغاس دەرياسى بار.قورغاس دەرياسىغا چوڭ كەيگەن،كىچىك كەيگەن دەپ ئىككى دەريا قۇيۇلىدۇ.بۇ مەھمۇد قەشقىرى دىگەنگە ئوخشاش،ئەمدى بۇ يەردە مەھمۇد قەشقىرى قوياس دىگەن،ھازىر قورغاس بولۇپ قالدى،نىمە ئۈچۈن ئۇنداق ؟ بىزگە مەلۇم.تۈرلۈك ساياھاتچىلار،جۇغراپىيەلەر ساياھەت قىلغاندا،تارىخچىلار ساياھەت قىلغاندا،يەر ناملىرىنى ئادەم ناملىرىنى ساپ ئۆزىنىڭ تىلى كەلگىنىچە يازىدۇ.ئۆزىنىڭ تىلى كەلگەننى يازىدۇ.مەسىلەن بىر قىرغىزنى ئالايلى،قىزغىزنى يازغان بولسا ئۇنى ئورۇس سەيياھلىرى كىرگىز دەپ يازغان.پارىس سەيياھلىرى گىرگىز دىگەن.ئەرەپلەردە گ بولمىغاندىن كېيىن جىرجىس دىگەن،جىرجىس.خەنزۇلارمۇ ئەرەپ ساياھەتچىللىرىدىن ئالغان جىرجىس دەپ ئالغان.جېلىجىس،جېلىجىس.ھازىر قىرغىزىستاننى جېرجىرىستان دەيدۇ.دېمەك ساياھەتچىلەرنىڭ تەلەپپۇزىمۇ بۇنىڭدا ناھايىتى زور رول ئوينايدىكەن.ئەمدى قوياس  قورغاس بولۇپ كەتكەندە،بۇنى ئۇرۇس ساياھەتچىللىرى بۇنى قورغوس دەپ ئالغان.قورغوس دەپ ئاتىلىپ،بىزگە قورغاس بولۇپ ئۆزلەشكەن.ھازىر شۇ يەردە چوڭ كەيگەن،كىچىك كەيگەن ئىككى دەريانىڭ قۇيۇلىشى خۇددى

مەھمۇد قەشقىرى ئېيتقاندەك.ھازىرقى قورغاس مەھمۇد قەشقىرى دىگەن قوياسنىڭ ئۆزى شۇ.بۇنىڭغا ئىزاھ بەردۇق.مانداق چوڭ ئىزاھلاردىن.

ئاندىن بۇ قېتىم چوڭ ئىككى توم قىلدۇق.

بىرىنجى تومغا،بىرىنجى كىتاپقا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تۈركى تىللارنىڭ ئەسلى ئۈچ تومنى كىرگۈزدۇق.ئۈچ تومنى كىرگۈزۈپ بولۇپ،ئۇنىڭ ئايغىغا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ نەسەبگە دائىر تەكشۈرۈش ماتىرىياللىرىنى ئېلاۋە قىلىپ كىرگۈزۈپ قويدۇق.ئىلاۋە.

ئاندىن ئىككىنجى كىتاپ قىلىپ تۈركى تىللار دىۋانىنىڭ فاخسىمىلىنى،يەنى پوتو نۇسخىنى بەردۇق.بۇ فوتو نۇسخىسى بىرىنجى نەشردە قارا بېسىلغان.ئىككىنجى نەشردە ئەسلى بۇ رەڭلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسلى بويىچە رەڭلىك قىلىپ باستۇق.ئاندىن يەنە ئىككىنجى كىتاپقا ئىندىكسنى بەردۇق.تۈركى تىللار دىۋانىدا مۇندەرىجە يوقتى.ئىككىنجى نەشرىگە مۇندەرىجە بەرگەندىن باشقا ئىندىكس،سۆزلەرنى تېپىش ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ئىنگىلىزچىگە تەرجىمە قىلغاندا ئىنگىلىزچە تەرجىمانلار يىزىپ چىققان ئىندىكسنى بەردۇق.بۇ بىر ئاز ئىلمىراق.شۇ سۆزگە قاراپ،بۇ سۆز قايسى ستوندا،قايسى بەتتە ئىكەنلىكى ئېنىق بېرىلىدۇ.ئاندىن بۇنىڭغا بىز يەنە قوشۇمچە قىلغىنىمىز شۇ سۆز ماۋۇ يېڭى نەشرىنىڭ قايسى تومىنىڭ،قايسى بېتىدە،قايسى قۇرىدا كونا نەشرىنىڭ قايسى بېتىدە،قايسى قۇرىدا ،ئۇلارنى ئىزاھلاپ قويدۇق.ھەر ئىككىلىسى ئېنىق بولسۇن ئۈچۈن.

دىمەك ئىككىنجى نەشرىنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇشۇ.ئاندىن نەشرىيات تەرىپىدىن ئىزاھات بېرىپ قويدۇق قايتا نەشر قىلىشنىڭ زۆرۈرىيتى،ئەھمىيتى ھەققىدە،

دىمەك بىرىنجى نەشر بىلەن ئىككىنجى نەشر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق پەرىق بار.بۇ يىگىرمە بەش يىللىق تەتقىقاتنىڭ نەتىجىسى.مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ دىۋانى توغرىسىدىكى تەتقىقات باشلاندى مەملىكىتىمىزدە.بارغانسىرى چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ.ئەمما بەزى جەھەتلەردىن تېخى ياندىشىپ ئۆتتۇق،چوڭقۇر مەسلىنىڭ ئۆزىگە چۆكمىدۇق.مەسلەن بىر ئالايلۇق،ئۇيغۇر تىلىدا،گىراماتىكىدا پېئىل ئەڭ مۇرەككەپ بىر تۈر.مەھمۇد قەشقىرى پېئىلنىڭ زامانلىرى ھەققىدە پەقەت ئۆتكەن زامان،كەلگۈسى زامان ،ئىككى زامان بار دەپ كۆرسەتكەن.ئۈچىنچى شەكلى مەسلەن،ھەرىكەتنامە بوپ كۆرسەتكەن.بىز زامان توغرىسىدا ھازىرغىچە ياۋروپا گىراماتىكلىرىنىڭ نەزىريەسىنى ئىشلىتىپ كىلىۋاتىمىز.ئۆتكەن زامان،ھازىرقى زامان،كەلگۈسى زامان دەپ.مەھمۇد قەشقىرىدە ھازىرقى زامان يوق.بۇنى ھازىرقى ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا ئىسپاتلاش مۇمكىن.مەسلەن خوتەن،قەشقەرنىڭ بەزى رايونلىرىدا ھازىرقى زامان يوق.دىمەك گىراماتىكنىڭ مۇشۇ زامانلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى تېخى چوڭقۇرلاشمىدى.بەزى ئالىملار ئازراق ياندىشتى.تولۇق ئىسپاتلىغىنى يوق.ئاندىن يەنە بىرى گىراماتىكىدا پېئىل دەرىجىللىرى،مەھمۇد قەشقىرى ئېنىق ئىشلەتكەن ئۇنى. بولدى، بولىدۇ، قىلدى، قىلىندى، قىلىلدى دىگەندەكتە. ئۆزلۈك دەرىجە،ئۆملۈك دەرىجە دىگەندەك دەرىجە

ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بىزدە ھازىر.دىمەك پېئىل دەرىجىللىرىنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم نەرسە.ئاندىن يەنە بىرسى چوڭ گىرامىتىكىدا مۇھىم مەسىلە كىلىشلەر،كىلىش.ھازىر ئۇيغۇرلاردا ئالتە كىلىش بار دەيمىز گىراماتىكىدا.گاھىلار سەككىز،گاھىلار يەتتە،گاھىلار ئون دەيدۇ.كىلىش قوشۇمچىللىرى بىلەن ئورتا ئاسىيادىكى بەزى مىللەتلەر شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.ئۇيغۇرلاردىمۇ ئانچە-مۇنچە ئالىملار بۇنىڭغا يانداشتى.ئەمما كىلىش قوشۇمچىسى ھەققىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشمىدى.بۇنىڭغا قارىغاندا دىۋاندىن پايدىلىنىپ،بىزنىڭ ئىلمى گىراماتىكىمىزنى يارىتىش زۆرۈر.ئەمەلى مىساللار ئارقىلىق يارىتىش زۆرۈر.چۈنكى گىراماتىكا قانۇن دىگەن سۆز.ئۇ ئەمەلىيەتتىن كىلىدۇ.تىلنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتىن كىلىدۇ.دىمەك ئۇيغۇر تىلىنى گىراماتىكا جەھەتتىن مۇكەممەلەشتۈرۈشتە،تېخىمۇ ئىلمىلاشتۇرۇشتا دىۋان بىزگە چوڭ بىر تۇتقا.

رىياسەتچى: نۆۋەتتە 2008-يىلىنى مەھمۇد قەشقىرى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىق خاتىرە يىلى دەپ بېكىتىپتۇ.بۇنىڭدا بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئاخىرىقى بېكىتىلگەن تۇغۇلغان ۋاقتىنى 1008-يىلى دەپ جەزىملەشتۈرسەك بولامدۇ؟بۇ توغۇرلۇق مەلۇماتلارغا قانداق ئېرىشىش مۇمكىن؟

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى: بۇنىڭدا ھەر خىل قاراشلار بار.گاھىللىرى تەتقىقاتچى ئالىملار،مەيلى تۈركلەر بولسۇن،مەيلى گوللاندىيىلىكلەر بولسۇن،مەيلى ئالمانىلىقلار بولسۇن ئۇلاردىن بەزىللىرى مەھمۇد قەشقىرى ئېھتىمال 1005-يىلى تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن 90 يېشىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ 7 يىل ياشاپ مۇددەرىسلىك قىلىپ،97 يېشىدا ۋاپات بولغان،ئوپالغا دەپنە قىلىغان دەيدۇ.بۇ دەپنە قىلىنغان ھەققىدە تالاش-تارتىش يوق.ئەمما تۇغۇلغان زامانى توغرىسىدا قاراشلار ئوخشاش ئەمەس.بەزىلەر 1005 يىلى تۇغۇلغان دەيدۇ.بەزىلەر 1008 تۇغۇلغان دەيدۇ.ئەزەربەيجانلىق ئالىمنىڭ كالىندار ھىسابى بويىچە 1008 يىلى تۇغۇلغان دىگەنلىكى ئۈچۈن،بۇنى تۈركلەر شۇنى ئاساس قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن-مائارىپ،مەدەنىيەت تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن 2008 -يىلى مەھمۇد كاشغەرىي يىلى قىلىپ بېكىتكەن.بىز بۇنى سىمۋۇل خاراكتىرىدە قۇبۇل قىلىمىز.چۈنكى بۇ مەھمۇدنىڭ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يىلى ئەمەس بۇ .گاھىللىرى 1018 - يىلى تۇغۇلغان دەيدۇ.گاھىللىرى 1028 - يىلى تۇغۇلغان دەيدۇ. بىز شىنجاڭلىق تەتقىقاتچىلار 1028 - يىلى تۇغۇلغان دىگەن ئېھتىمالغا يېقىنراق قاراشتىمىز.نىمە ئۈچۈن دىگەندە بۇنى مەھمۇد قەشقىرى زامانىسىدا يۈز بەرگەن بەزى تارىخى ۋەقەلەرگە باغلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كىلىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دىۋاننىڭ بىرىنجى نەشرىنى ئۇيغۇر تىلىدا چىقارغان ۋاقتىمىزدا يازغان كىرىش سۆزىمىزدە،مەھمۇد قەشقىرى ئېھتىمال 11-ئەسىرنىڭ بىرىنجى چارىگىدە قەشقەردە تۇغۇلغان،11-ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى چارىگىدە يەنە قەشقەردە ئوپالدا ۋاپات بولغان دىگەن گەپنى يازدۇق.ئېنىق يازمىدۇق،چۈنكى ئېنىق مەلۇمات يوق.چۈنكى ئۇ

زاماننىڭ ئالىملىرىدا قانداقتۇر مۇشۇنداق بىر ئادەت باركەن.ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى،تۇغۇلغان يۇرتى،ئاتا-ئانىسى تۇغۇرلۇق ئانچە گەپ سۆز قىلمايدۇ.مەھمۇد قەشقىرىمۇ شۇنداق.شۇنىڭ ئۈچۈن 2008 - يىلى مەھمۇد كاشغەري يىلى دىگەننى سىمۋول خاراكتىرىدە قوبۇل قىلىمىز.مىڭ يىل بۇرۇن تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈنلا.1028،1018،1008 مۇشۇ ئۈچ يىل ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بار.ئەمما ۋاپات بولغان يىلى 1105 - يىلى.97 يېشىدا ۋاپات بولغان. يۇرتىغا قايتىپ كىلىپ يەتتە يىل مۇددەرىسلىك قىلغان.شۇنىڭ ئوپالىلىقلار ئۈچۈن ئۇ ئادەمنى ھەزرىتى موللام دەپ ئاتىغان.يەنە كىلىپ مەھمۇد ئىسمى بىلەن ئەمەس شەمسىدىن ئىسمى بىلەن ياشىغان.چۈنكى گەرچە مەھمۇد قەشقىرى قايتىپ كەلگەندە پادىشاھلارغا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن قارىمىسىمۇ،ئېھتىماللىق قارىشى بولاردا ئۇرۇق سۈرۈشتۈرۈش بار،ئاداۋەت ساقلاش بار دىگەن ئوي بىلەن،ئىككىنجىدىن پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم-مەرىپەتكە بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن شەمسىدىن يەنى دىنىنىڭ قۇياشى دىگەن ئىسمنى قوللانغان.دىمەك مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بۇ تۇغۇلغان،ئۆلگەن يىلى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر،زامان-زامانلار مۇشۇ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ» تۈركى تىللار دىۋانى»دا يىزىلغان ئاساسلار دەلىللەيدۇ.

مەسلەن، مەن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ نەسەبى ۋە ياشىغان زامانى توغرىسىدا دىگەن ئەسىرىمدە مۇنداق ئىككى مەسلىنى يورۇتقان مەن،بىرسى ئائىلىۋى نەسەپ،ئىككىنجى ياشىغان زامانى.ياشىغان زامانى توغرىسىدا بۇ كىتاپنى بىرىنجى تومىدا مەھمۇد قەشقىرى ئېنىق دەيدۇ،تارىخى كىتاپ،تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە،مۇسا بۇغراخاننىڭ ئەلى تۇگارخان،يەنە ئۇبۇل ھەسەنخان،بۇنىڭ ئوغلى ناسىر ئېلى،ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئارىسلانخان ئەلرازى،بۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ قېدىرخان دەيدۇ.ئەرەپ تارىخچىللىرىدىن بەلھەقى ۋە ئىبنۇل ئەسلىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا قارىغاندا يۈسۈپ قېدىرخاننىڭ سۇلايمان،مۇھەممەد،مەھمۇد دىگەن ئۈچ ئوغلى بولۇپ خانلىق تەختىكە ۋارىسلىق قىلغان.ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇجادىل بولۇپ تۇرغان مۇھەممەت بۇغراخان شاھزادە ۋاقتىكى ئىسمى يالغان تېكىن،يالغان پىل دىگەن سۆز.مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد دىيىلگەن سۆزدىكى مۇھەممەد ئالىمنىڭ چوڭ ئاتىسى ياكى بوۋىسى،مۇھەممەت بۇغراخاننىڭمۇ ئۈچ ئوغلى بولغان.ھۈسەيىن،ئۆمەر،ئىبراھىم.دىمەك ھۈسەيىن مەھمۇدنىڭ ئاتىسى.

ئەمدى مەھمۇد قەشقىرى تۈركى تىللار لۇغىتىنى يازغان ۋاقتى ھەققىدە دىۋاندا ئېنىق يازىدۇ.بىرىنجى تومىدا تۈركى مۆچەل يىللىرى ھەققىدە ئىزاھات بەرگەندە مۇنداق يازغان.مەھمۇد ئېيتىدۇكى بۇ كىتاپنى يازغان يىلىمىز 466-يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيىدا يىلان يىلى كىرگەندى.بۇ يىل ئۆتۈپ 467-يىلىغا قەدەم قويغاندا ئات يىلى كىرىدۇ.بۇ سۆزگە قارىغاندا ئالىم دىۋاننى 466-يىلدىن ئىلگىررەك يازغان بولۇشى مۇمكىن.بۇ-1048,1050 يىلىغا توغرا كىلىدۇ.دىۋاننى يىزىپ ئىككى يۈز يىلدىن كيىن،مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان نۇسخىدىن ئەينەن كۆچۈرگەن بەسرەلىك،يەنى

كيين ساۋادا ياشغان مۇھەممەد بىننى ئەبۇبەكرى دىگەن ئادەم كۆچۈرۈش جەريانىدا مۇنداق يېزىپ قويغان.مەھمۇد قەشقىرى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرىقى جۈملىسىنى بۇ يەرگە ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرىمەن.كىتاپنى 464-يىلجاۋمادىيۇل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشكەن ئىدىم.تۆت قېتىم قايتا يېزىپ،تۈزۈتۈپ،تەھرىرلەپ-66يىلى جاماۋدىيل ئاخىرىنىڭ 10- كۈنى تۈگەتتىم دەپ يازىدۇ.ئاندىن ئاپتور ئۆگەنگۈچىلەر قىزىققۇچىلارنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن،بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ،سۆزلەرنى جايى-جايىغا قويدۇم دەپ ئىزاھ بەرگەن.بۇنىڭغا قارىغاندا مۇئەللىپ بۇ كىتاپنى ھىجرىيە يىلى ھىسابى بويىچە

-464يىلدىن ئىلگىرەك تۈزۈشكە كىرىشكەن.ھىجرىيە 466-يىلى بىرىنجى ئورگىنالىنى تۈگەتكەن.چۈنكى مۇئەللىم يەنە كىتاپنىڭ ئۈچىنچى تومىدا تۆرۈك مۇچەل يىللىرىدىن ناك)لەھەڭ،ئەجدىرھا( يىلىغا ئىزاھ بەرگىنىدە بۇ كىتاپنى يازغان ۋاقتىمىز 469- يىلى ناك يىلىدۇر،دەپ ئېنىق يازغان.دىمەك 466- يىلى بىرىنجى ئورگىنالىنى تۈگەتكەندىن كيىن،يەنە بىر نەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ،قايتا-قايتا تۈزىتىپ،تەھرىرلەپ چىققان.ئەمدى بەزى بىر تارىخى ۋەقەلەرنىڭ قەيىت قىلىشىغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يازغان زامانلىرىنىما ئانچە-مۇنچە ئېنىقلاشقا توغرا كىلىدۇ.2004-يىلى تۈركىيەدە دىۋاننىڭ يېزىلغىننى خاتىرلەپ پائالىيەت ئۆتكۈزۈلگەن.بۇ پائالىيەتتە تۈركىيە تەتقىقاتچىللىرى 930 -يىلدا تۈرۈك ئۇيغارلىقىنىڭ مەدىنىيتىنىڭ،ئانىيتىمال،يەنى ئابىدە خاراكتىرلىك ئەسىرى دەپ،دىۋان يېزىلغانلىقىنىڭ 930 يىللىقىنى خاتىرلىگەن.بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر قانچە ئالەم بىلىمە ئەپۇقى ژۇرنىلىدا ئىلمى ماقالە ئېلان قىلغان.بۇنىڭدا دىۋان يېزىلغان ۋاقتى دەپ ھىجرىيە 466-يىلنى ئاساس قىلغان،بۇ ۋاقىت مىلادىيە 1074,1075 -،يىلىغا توغرا كىلىدۇ.ئەمدى بايامقى 469-يىلنى ئاساس قىلىدىغان بولساق-1077,1078 يىلىغا توغرا كىلىدۇ.دىمەك مەھمۇد قەشقىرى ئونبەش يىل،يىگىرمە يىللاپ،يۇرت ئارىلاپ،باغدادقا بېرىپ،باغدادتا تۇرغۇن بۇلۇپ،ئۇ يەردە يەنە ئون نەچچە يىل ئىلىم ئىزلىگەن.كىتاپنى قانداق يېزىش توغرىسىدا تۈرلۈك مۇتائالى ئېلىپ بارغان.تۈرلۈك ماتىرىياللارنى كۆرگەن.بۇنىڭغىمۇ يەنە ئون،ئونبەش يىللار سەرىپ قىلغان.مۇشۇنى ھىساپ قىلغان ۋاقىتىدا،مەھمۇد قەشقىرى تەخمىنەن ئاتمىش ياشلارغا بېرىپ قالغان ۋاقىتىدا بۇ كىتابنى يېزىپ بولغان دىگەن سۆز،دىمەك-1077,1078 يىللىرى.شۇنداق بولغاندا،مەھمۇد قەشقىرى بىز بايا دىگەندەك 11-ئەسىرىنىڭ-1 چارىكىدە يىگىرمە سەككىزىنجى ياكى ئوتتۇزىنچى يىللىرى تۇغۇلغان دىگەن پەرەزگە يېقىن كىلىدۇ.دىمەك مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ياشىغان زامانى مۇشۇنداق.

رىياسەتچى :بىز ئۇيغۇرلار، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياشلىرى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىدىن قانداق ئۆرنەكلەرنى ئېلىشىمىز كىرەك؟

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى : بىرىنجى،مەھمۇد قەشقىرىدىن ئەمەلىيەتكە چۇڭقۇر چۆكۈشنى ئۆگىنىمىز.ئىشنى ئەمىلىيەتتىن باشلىغانلىقنى ئۆگىنىمىز.ئۇ مەن بايا دىگەندەك،فەرغەدىن تارتىپ يابارقىغىچە،پۈتۈن ئادەمزات ياشايدىغان يەرلەرنى ئارىلاپ چىققان.ئۆزى بارالمىغان يەرنى كىشىلەردىن ئاڭلىغاننى يازغان.ئەمىلىيەتتىن ھەقىقەتنى ئىزدىگەن.دىمەك مەھمۇد قەشقىرىدىن ئۆگەنگەندە،ئۇنىڭ ئىلىم-ئىرپانغا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى،ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى ئۆگىنىمىز.ئۈچىنچىدىن مەھمۇد قەشقىرىگە ئوخشاش چىدامىلىق،بىر ئىشكە ناھايىتى قېتىرقىنىپ،بېرىلىش روھىدىن ئۆگىنىمىز،ئويلاپ كۆرەيلى،ئۆزىنىڭ بارلىق خانزادىلىق،راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كىچىپ،بىر ئالىيجاناپ روھ.ھازىر بازار ئىگىلىكىنى تەھلىقلاۋاتىمىز.بازار ئىگىلىكى دىگەندە ھەممە ئادەم پۇلنى ئاساس قىلىۋاتىدۇ.خەلقتە بىر تەمسىل بار.پۇلنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە،بىر ئۇچى بىلەكتە.ئاندىن گاھىلار بەز بولمىسا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ دەيدۇ.دىمەك ھازىر پۇلپەرەسلىك بىرىنجى ئورۇندا تۇرۇپ قالدىدە.مەھمۇد قەشقىرىدە بۇ روھ يوق.خەلق روھى بار.خەلقنىڭ تىلىنى ئەينەن يىزىپ قالدۇرۇپ روھى بار.راستچىللىق روھى بار.دىمەك مەھمۇد قەشقىرىدىن راستچىللىقنى ئۆگىنىمىز.ئاندىن يەنە بىرى قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش روھىدىن ئۆگىنىمىز.جاپاغا چىداش روھىدىن ئۆگىنىمىز.مەن بايا ئېيتتىم،ئۇ ۋاقىتتا پويىز،ئايروپىلان،ماشىنا يوق،ئات-ئۇلاغدا تەكشۈرگەن.مۇشۇ جاپاغا چىداش روھىدىن ئۆگىنىش كېرەك.بىزنىڭ ياشلىرىمىزدا ھازىر راھەتپەرەسلىك باش كۆتۈرەۋاتىدۇ.تۇرمۇش-مەھىيشەت ياخشىلانغانسىرى ئادەم ياخشى ياشاشنى زۆرۈر بىلىدۇ.دەرۋەقە پارتىيىمىزمۇ ھاللىق جەمئىيەت قۇرىمىز دەپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ.شۇنچە ئىشلەۋاتىمىز.ياخشى ياشاش كېرەك.ياخشى كىيىنىش،ياخشى يىيىش كېرەك.بۇ تۇرمۇشنىڭ زۆرۈرىيتى،ئەمما جاپاغا چىداشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك.چۈنكى خەلق ماقاللىرىدا ئېيتىدۇ.ھازىر ئىسراپچىلىق ئەۋج ئېلىپ كەتتى.ئىسراپچىلىق نەدە دىسىمۇ خەلق ماقاللىرىدا ئېيتىدۇ.پىشانىدىن تەر ئاقمىغان يەردە دەپ.بۇنى رېستۇرانغا كىرسىڭىز دەرھال بايقايسىز.دىمەك مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تىجەشلىك بولۇش روھىدىن ئۆگىنىمىز.ئىقتىسادچانلىقنى ئۆگىنىمىز.مەھمۇد قەشقىرىدىن يەنە بىر ئۆگىنىدىغان يېرىمىز كۆپ تىللىق بولۇشنى ئۆگىنىمىز.مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق بىلگەندىن باشقا ئەرەپ تىلىنى،ئەرەپ ئالىملىرىدىنمۇ ئارتۇق بىلگەن.ھەتتا بەزى سۆزلەرنى ئىزاھلاش ئۈچۈن ئەرەپ تىلىدا يوق سۆزلەرنى ئىجاد قىلغان.بولۇپمۇ گىراماتىكا ئاتالغۇلاردا.دىمەك ئەرەپ تىلىنىمۇ ياخشى ئۆگەنگەن.ئويلاپ باقايلى،بىر تىل بىلەن ياكى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن ئىلىم-مەرىپەتنىڭ چوققىسىغا چىققان دۇنيادا بىرەر ئادەم بارمۇ؟ يوق،مىسال كەلتۈرەلمەيسىز.ئۇ چوقۇم ئۆز ئانا تىلىدىن باشقا بىر تىلنى چوقۇم ئىگىللەش كېرەك.مەسىلەن ھەزرىتى ناۋايىمۇ ئۆز تىلىدىن باشقا ئەرەپ،پارىس تىلىنى ياخشى بىلگەن.لۇتپى،سەككاكىيلارمۇ شۇنداق.ھازىرقى كۈندە قوش تىللىق بولۇشنىڭ بىر تەرەپىنلا تەشۋىق

قىلماي،ئىككى تەرەپلىك،يەنى ئۆز تىلىنى،ئۆزگە تىلىنىمۇ پىششىق ئۆگىنىش،مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ تەشۋىق قىلىش كېرەك.بۇ تېخىمۇ مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ،مىللەتنىڭ تېخىمۇ روناق تېپىشىنىڭ بىر ئامىلى.ئەمما يەنە بىر نەرسىنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەك،ئۇيغۇر تىلى ھازىر بارغانسىرى تەرەققى قىلىۋاتىدۇ،بېيىۋاتىدۇ،مەزمۇن جەھەتتىن بېيىۋاتىدۇ.بۇنىڭغا ئىسلاھات ئىشكىنى ئېچىۋېتىش سەۋەپ بولدى.چۈنكى بىز ئىسلاھات ئىشكىنى ئېچىۋېتىش نەتىجىسىدە بىر مۇنچە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدۇق.شۇ يېڭىلىقلارنى تىلدا ئىپادىلەش كېرەك.تىلدا ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تاللاش كېرەك.مانا بۇ جەھەتتىن تىلىمىزدا يېڭى ئۇقۇملار پەيدا بولىۋاتىدۇ.بۇ يېڭى ئۇقۇملار ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى مەۋجۇد ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ئىشلىنىۋاتىدۇ.شۇنىڭغا ئېيتىمىز ئۇيغۇر تىلى بارغانسىرى تەرەققى قىلىۋاتىدۇ،بېيىۋاتىدۇ دەپ.ھېچقاچان تەنەززۇللىغا،يوقىلىشقا يۈز تۇتقىنى يوق.بۇ مۇمكىن ئەمەس.چۈنكى سوتسىيالىزىم شارائىتىدا مىللەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىش شارائىتى مىللەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىش،روناق تېپىش شارائىتى.گۈللىنىش شارائىتى.ھازىر پارتىيە تەكىتلەۋاتقان مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋېتى ئىتتىپاقلىق،باراۋەرلىك،ھەمكارلىق.بۇ ئۈچى بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان.باراۋەرلىك ناھايىتى مۇھىم.باراۋەرلىك بولغاندىمۇ ئىتتىپاقلىق مەيدانغا كېلىدۇ.ئىتتىپاق مەيدانغا كەلگەندىلا ئاندىن ھەمكارلىق بولىدۇ.ئۇ ۋاقىتتا يۇرت،مىللەت تەرەققى قىلىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر پارتىيە بەلگىلىگەن مىللى مۇناسىۋەتمۇ ناھايىتى بىزنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىش،ئىسلاھات ئېھتىياجىغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ ئويلايمەن.شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مەھمۇد قەشقىرىدىن ئۆگەنگەندە،يادلىغاندا،ئۇنىڭ نادىر ئەمگەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغاندا مۇشۇ زامانغا باپ ئىلگىرلەش ئۈچۈن،پارتىيە يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتتىن كەڭرەك پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

رىياسەتچى : ئىمىن تۇرسۇن ئاكا،

ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى : خوش.

رىياسەتچى : سىلىنىڭ مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ تۈركى تىللار دىۋانى ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا بىزگە تەپسىلى چۈشەنچە بەرگەنلىكلىرىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن .شۇنداقلا بىزنىڭ گۈلىيۈرەك خەلقئارا سودا چەكلىك شىركىتى تەمىنلىگەن بىر يۈرۈش ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى بار ئىدى.بۇنى كۆڭۈل سوۋغىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلىمىز.

# 32-«تۈركى تىللاردىۋانى»دىكى مەنبەلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دېھقانچىلىق - مەدەنىيىتىگە نەزەر

**ياسىنجان كەنجى تارخان**

يىراق قەدىمدە دەۋرلەردە ئىنسانلار ئوۋ ئوۋلاپ ، ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەپ ، ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىش جەريانىدا ، بەزى ياۋا مېۋە ئۆسۈملۈكلىرى ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقىنى بايقىغان . بۇ خىل بايقاشلار ئارقىلىق دەسلەپكى ( ئىپتىدائىي) دېھقانچىلىق مەيدانغا كەلگەن . شۇ جۇملىدىن ھەر قانداق بىر مىللەت ، قەۋم ۋە خەلقلەرنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا ياراتقان ئۆزىگە خاس ئىگىلىك شەكلى ۋە مەدەنىيەت قاتلىمى بولىدۇ . بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ئۇلار ياشىغان جۇغرافىيىلىك مۇھىت ، شارائىت ، ئۇلار شۇغۇللانغان كەسىپ بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان .جۇملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمدىن تارتىپ كۆچمەن چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك ، ئوۋچىلىق مەدەنىيىتىنى يارىتىش جەريانىدا ئۆزگىچە مۇكەممەل دېھقانچىلىق مەدەنىيەت سىستېمىسىنى ياراتقان ۋە مۇكەممەللەشتۈرگەن. يېقىنقى يىللاردىن بىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بايقالغان تۈرلۈك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ، دېھقانچىلىق زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت پاكىتلار قەدىمقى زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق - باغۋەنچىلىك ئىگىلىكى ، مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى تونۇشىمىزنى تېخىمۇ بېيىتتى .بۇ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزغا پۇختا ئاساس سالدى . شۇڭا ھازىرچە بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ بىر قىسىم ئېلىمىز ۋە چەتئەل ئالىملىرى « تەخمىنەن بۇنىڭدىن 4000 ـ 5000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتا ، تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىن تاكى قاراقۇرۇم ، كوئېنلۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ رايون دائىرىسىدىكى تاغ يامزاللىرى ، جىلغا تۆپىلىكلىرى، دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەردە

دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋۇجۇدقا كەلگەن»[1]دىگەن يەكۇنگە كەلگەن . بۇ مۇنبەت تۇپراقتا ياشاپ ، ئۆزلىكسىز پائالىيەت بىلەن شوغۇللانغان ئەجدادلىرىمىز قەدىمقى يىپەك يولى مەدەنىيىتىنى يارىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا شەرق ـ غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل جەۋھەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە مەدەنىيەت جۇغلانمىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىيەت ، سەنئەت ، ئىقتىساد ، سودا ، سىياسى ، تاشقى ئالاقە قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆچمەس – تۆگمەس تۆھپىلەرنى ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قىممىتىگە ئىگە مول مەدەنىيەت قاتلىمىنى ياراتقان . نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق (تېرىم) مەدەنىيىتىگە قايسى چاغلاردىن تارتىپ قەدەم قويغانلىقىغا ئائىت ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ كەلمەكتە . شۇنداقتىمۇ زور بىر قىسىم ئالىملار بىر قىسىم تارىخىي مەنبەلەر ۋە رايۇنىمىزدىن بايقالغان بىر تۈركۈم ئارخېئولوگىيىلىك بۇيۇملارغا ئاساسلىنىپ مەركىزىي ئاسىيا رايونىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر قاتارلىق قەدىمكى خەلقلەرنىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 3-2 مىڭ يىللار بۇرۇن دېھقانچىلىق (تېرىم) مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولدى . شىنجاڭنىڭ جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى زامان دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ئەتراپلىق ئىگىلەش ۋە چۈشىنىشتە ، ھەر قايسى جايلاردىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن باشقا يەنە ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن مول يازما ماتېرىياللارنىمۇ ئېنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىشىمىز كېرەك . 11 – ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم ، تىلشۇناس ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى مەھمۇد كاشغەرى ئۆز قولى بىلەن ئەسىردە يېزىپ قالدۇرغان بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا قارايدىغان بولساق «دىۋان»دا قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق – باغۋەنچىلىك ئادەتلىرى ، مەدەنىيىتىگە ئائىت زور قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى ئۇچرىتىمىز. بىز ئالىمنىڭ «دىۋان»ىدىكى مەنبەلەرنى ئېنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن خېلىلا بۇرۇن دېھقانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، خەلقىمىز ئۆزىگە ئېھتىياجلىق بولغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تېرىش جەريانىدا مول مۇكەممەللەشكەن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى بىلىۋالالايمىز .

بىز، مەھمۇد كاشغەرى ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق – باغۋەنچىلىق ئادەتلىرىگە ئائىت 100 گە يېقىن سۆزلەملەرنى ئۇچرىتىمىز .بۇ سۆزلەملەرنى ئېنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق . ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلۇشتىن خىلى ئىلگىرى يالغۇز تېرىقچىلىق بىلەنلا شوغۇللىنىپ قالماي يەنە مول دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى بىلىۋالايمىز . مەن تۆۋەندە «دىۋان»دىكى دېھقانچىلىق – باغۋەنچىلىققا ئائىت مەنبەلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئاساسىدا قەدىمقى

ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق – باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە، ئۇيغۇرلار ئەڭ بۇرۇن شەھەرلىشىپ ، ئوۋچىلىق ، چارۋىچىلىقتىن تەدرىجى دېھقانچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىگە يۈزلەنگەن ۋە ئىپتىدائىي تېرىقچىلىقتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى بەرپا قىلغانلىقىنى پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ، ئارپا( 1 ـ توم 167 – بەت). بۇغداي( 1ـ توم 209ـ بەت). چۈژگۈن قوناق .( 1ـ توم 499– بەت). زاراڭزا . (1ـ توم 587– بەت). كېۋەز (1ـ توم 659– بەت). تۈتۈرقان ـ گۈرۈچ . (1ـ توم 675– بەت). زىغىر (3ـ توم 29– بەت) . تېرىق . سۆك .( 3ـ توم 317– بەت). قىچا ( 3ـ توم 327– بەت )... قاتارلىق زىرائەتلەرنى، ئۈزۈم ، ياڭاق .( 3ـ توم 67 –69 بەت ). شاپتۇل .( 3ـ توم 199 – بەت. 3ـ توم 212 – بەت). نان جىگدە.( 3ـ توم 202 – بەت) . قوغۇن ( 1ـ توم 656– بەت).تاۋۇز(1 – توم 525 – بەت .)... قاتارلىق مېۋىلەرنى، چامغۇر ( 1ـ توم 597– بەت.) پىياز. ( 1 ـ توم 641– بەت. ) سارمۇساق ـ سامساق.( 1ـ توم 683– بەت) . سىيادان ( 3ـ توم 327– بەت ) بېدە . (3ـ توم 512– بەت . 3 ـ توم 589– بەت) .تەرخەمەك(1 – توم 525 – بەت .)...قاتارلىق كۆكتات ، ئوتياشلارنى ئۆستۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئىستىمال ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. ئۇلار بۇ جەرياندا مۇكەممەل دېھقانچىلىق مەدەنىيەت ھالقىسنى شەكىللەندۇرگەن. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۇغداي تېرىپ تىرىقچىلىق قىلىش ئادىتىگە قارايدىغان بولساق: بۇغداي تېرىش ، ئوما ئورۇش، خامان تېپىش دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان يىراق قەدىمكى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئېسىل ئىشلەپچىقىرىش شەكلى.ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىپتىدائىي ئىگى ۋە ئىگىلىك شەكلى ۋە ئۇزاق يىللىق تەجرىبىللىرى داۋامىدا شەكىللەندۇرگەن ئادىتى بويىچە . دېھقانچىلىق پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن 12 موچەل بويىچە ۋە ياكى ھاۋارايى ئۆزگىرىشىگە قاراپ كېلەر يىلى قۇرغاقچىلىق ياكى ھۆلچىلىك بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، قايسى خىل زىرائەتلەرنى تېرىشنىڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى ئويلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئوسا قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئېتىزلىرىغا ئىشلەپ قىر ياساپ، ئېتىز ياسايدۇ (1 ـ توم 396 – بەت. ) ئەگەر قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولسا پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۇلۇغ مازار، قەدىمكى جاي ياكى يۇرتىغا سۇ كېلىدىغان ئېلىش (دىۋان ، 1 – توم 84 – بەت ) بېشىغا چىقىپ كونا ئادەت بويىچە قوي ئۆلتۈرۈپ، قان ئېقىتىپ، ياغ پۇرىتىدۇ، سۇ تىلەپ دۇئا ـ تەكبىر ئوقۇيدۇ. بۇنداق قىلغاندا ھۆل ـ يېغىن بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ «زاراخەتمە» دەپ ئاتىلىدۇ. كېيىن جامائەت بىر يەرگە جەم بولۇپ دېھقانچىلىق رىساللىرىنى ئوقۇپ دېھقانچىلىق قائىدىلىرى، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدا رىئايە قىلىدىغان ئىشلار، بەدەننى پاك تۇتۇش، ئەۋلىيالارنى سېغىنىش، ئېتىقادىنى پاك قىلىش، ئاللاھنى ياد ئېتىش، ئۇرۇقنى ئوڭ قول بىلەن سېلىش، خاپىلىق ۋە ئاچچىقلىنىشتىن ھەزەر

ئەيلەش، كەڭ قورساق بولۇش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئاسراش، ئۆشرە - زاكات ئايرىش، يالغۇز بۇغدايلا تېرىماي ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىش توغرىسىدا ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ تېرىقچىلىق قىلىش، يېتىم - يېسىر، تۇل خوتۇن، ئاجىزلارنىڭ تېرىقچىلىقنى ئورتاق قىلىشىپ بېرىش توغرىسىدا تەشۋىق قىلىشىدۇ ۋە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئۇلار ئېتىزلىرىغا نۆۋەت (3 – توم 198 – بەت )بىلەن سۇ قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئوسا ۋاقتى كەلگەندە ئېتىزلارنى گۇڭ ، قىغ (3- توم 497– بەت .)بىلەن ئوغۇتلاپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلار « ساپان ۋاقتىدا بولسا ، خامان ۋاقتىدا جاڭجال بولماس »( 1- توم 523– بەت. 2 - توم 307– بەت. 3 - توم 569– بەت) دەپ قارىغاچقا ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆز ئارا بويۇنتۇرۇق (3- توم 247– بەت. ) بىلەن قېتىپ ساپان( 3- توم 468– بەت .) ياكى بوقۇسا(1- توم 333– بەت) بىلەن يەرنى ۋاقتىدا ئاغدۇرىدۇ. يوغان چالمىلارنى چوقۇپ يەرگە ئۇرۇق( 1 . توم 203 – بەت ) سالىدۇ، سۆرەم سېلىپ (3- توم 412– بەت . 3 - توم 592– بەت. 3- توم 89 – بەت .) ئېتىز يۈزىنى تۈزەپ (2- توم 10 – بەت) قويىدۇ. ئۈچار قۇشلارنىڭ ئۇرۇقلارنى يەۋالماسلىقى ئۈچۈن ۋە كۆز تەگمىسۇن دەپ ئېتىز بېشىغا قارانچۇق(1- توم 184– بەت. 2- توم 145 – بەت. 2- توم 422 – بەت) ياساپ قويىدۇ. بۇغداي مايسىسى ئۈنگەندىن كېيىن چالا ئۈنگەن جايلارغا تولۇقلاپ ئۇرۇق سالىدۇ. مايسا پۆتۈنلەي ئۈنۈپ بولغاندىن كېيىن بۇغداي مايسىلىرىنىڭ قىشتىن تولۇشماي، ئۇرۇق بىخلىرىنىڭ ساغلام چىقىشى ئۈچۈن كەچكۈزنىڭ سۈيىنى ئېتىزغا باشلاپ كانجا قىلىدۇ. (ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ يازغى بۇغداي ياكى كۈزگى بۇغداي تېرىيدۇ. يازغى بۇغداي ئەتىياز كەلگەندە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تېرىلىدۇ) باھار كېلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئېتىز ئارىلاپ ئۆز بۇغداي مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىدۇ . ناۋادا زىيانداش پىت( 1 - توم 420 – بەت) ۋە ھاشارەتلەر بايقالسا شۇ ھامان مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ زىرائەتلىرىنى قوغداپ قالىدۇ . ئەتىياز پەسلى دېھقانچىلىق مەزگىلىنىڭ باشلىنىش ۋاقتى بولۇپ ، كىشلەر ئۆز ئارا «ھۆت - كەتمەن سېپىنى تۆت»دېيىشىپ ئالدىراش دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا چۆشۈپ كېتىدۇ. ئادەتتە كۈزگى بۇغداي 4 قېتىم سۇ قۇيۇلغاندىن كېيىن پىشىدۇ. بۇغداي پىششى بىلەن ھەممە دېھقان (1- توم 333– بەت ) ئورغاق(1 - توم 161 – بەت) لىرىنى بىلەپ (2 - توم 180– بەت. ) تەييار قىلىپ ئوما ئورىدۇ(1 – توم 233 – بەت). ئورما ئورۇش ۋە خامان ئېلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدىكى بىر جەڭگاھ بولغانلىقتىن «ئۆلۈكنىڭ قولنى ئۆتنە ئالدىغان چاغ»،«خامان تەپمەك سۇندۇكنىڭ ئىشى ئەمەس‹ 1- توم682– بەت› » ، «خامان ئالماق - شەھەر ئالماق» دەپ قاراپ بۇ چاغدىكى جاپا - مۇشەققەت، ئەمگەك ئېغىرلىقى ۋە ئالدىراش پەيتلەرنى بۇ پاساھەتلىك ماقال بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ئورما ئورۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇغداي ئەنجىللىرىنى پاكىز تازىلانغان مۇۋاپىق ئېتىزغا يىغىپ دۆۋىلەيدۇ، بۇ خامان ياكى خامان ئېتىز دەپ ئاتىلىدۇ. خامانغا يىغىلغان بۇغداي ئەنجىللىرى ئارال

چىقىرىش شەكلى بىلەن راسا قۇرۇتىلغاندىن كېيىن خامان ئوتتۇرىسىغا موما (3- توم 324- بەت )ياغاچ بېكىتىدۇ. بۇ موما دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممە تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ، قولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى خامان تېپىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئۆز ئۆيلىرىدىكى ئېشەك، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، خامان تېپىشكە لاپقۇت(1- توم 590- بەت) لىشىدۇ .
خامان تېپىشتا ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ئۆزىگە خاس خامان تېپىش ئادىتى بار. بەزى جايلاردا ئات، ئېشەك، خېچىرغا تولۇق تاش سۆرىتىش ئارقىلىق خامان تەپسە، بەزى يۇرتلاردا مەسىلەن: قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرىدا خامان تېپىشكە خولۇم - قوشنا، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل جانۋارلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ موما ياغاچقا باغلاپ، تەرتىپلىك ئايلاندۇرۇپ خامان تېپىدۇ. ئۇلار خامان تەپكەندە موما (3- توم 324- بەت ) تۈۋىگە كالا (1- توم 48 - بەت) قاتارلىق ھايۋانلارنى چېتىپ «ياقا» تەرەپكە چاپقۇر ئېشەك، قېچىرلارنى چېتىپ مومىنى مەركەز قىلىپ ئۇلاغلارنى ھەيدەپ خامان تېپىدۇ. خامانغا قېتىلغان ئۇلاغ كۆپ بولغانسېرى ياقا تەرەپكە تېز ھەيدىلىدۇ، بولمىسا موما تەرەپ تۇرۇپ قېلىشتەك مۇرەككەپ ئەمگەك ئاۋارىچىلىقلىرى كېلىپ چىقىدۇ. خامان تېپىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلىنغانلار ئىچىدە يېشى چوڭراق باللار ئۇلاغلارنى توختىماي ھەيدەپ بەرسە، ئوتتۇرا ياش، ياشلار بوغداي ئەنجىللىرىنى ئۇلاغ ئاستىغا تاشلاپ پايخان بولغان بۇغداي ئەنچىللىرىنى ئۆرۈپ خاماننىڭ تېزراق يۇمشىشى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان قېرى - ياشانغانلار خامان ئەتراپىدىكى مەلۇم جايغا ياسالغان ساتمىدا ئولتۇرۇپ ياشلارغا ئەقىل ئۆگىتىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان ئادەم كۆپ بولسا ئادەملەر ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ نۆۋەتلىشىپ ئىشلەيدۇ. ئەگەر خامان پەۋقۇلئاددە چوڭ بولسا ئۇلاغلار ئىككى «قوش» قىلىنىپ ھەيدىلىدۇ. ھەرقانچە چوڭ خامان بولسىمۇ بىر كۈندە يۇمشاپ بولىدۇ. ئاياللار خامان ئەتراپىنى سۈپۈرۈپ، ھاردۇق ئېشى تەييارلاپ، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ، خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. بۇ خىل ئەمگەك شارائىتى ئىنتايىن خۇشال - خۇرام، ناھايىتى جانلىق بولۇپ ھەرقانداق ئادەمگە ئەمگەك خۇشاللىقى بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ خامانغا تەكلىپ قىلىنغان خەلق ناخشىچىلىرى (لاي - لايچىلار) ئەمگەككە جان - ھوزۇر بېغىشلايدىغان خامان ناخشىسىنى ئېيتىپ خاماننى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار خاماندىن ئىبارەت مۇرەككەپ ئەمگەك مەيدانىنى سەنئەت بىلەن ئەمگەك بىرلەشكەن بىر كۆڭۈللۈك سورۇنغا ئايلاندۇرۇپ خۇشال كەيپىيات شەكىللەندۈرىدۇ. خامان يۇمشاپ بولغاندىن كېيىن بۇغداي پايخانلىرىنى بۆلە قىلىپ خاماننى پاكىز سۈپۈرۈپ سەلكىن شامالنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ ھاردۇق ئالدۇ ياكى لاپقۇت( 1- توم 590- بەت) ياندۇرۇپ باشقىلارغا ياردەملىشىدۇ.

ئەزەلدىن ناخشا - سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ئەمگەكنىڭ ئېغىر، جىددىي پەيتلىرىدىمۇ چوڭقۇر

مەزمۇنغا ئىگە ئەمگەك قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىپ كەلگەن. بولۇپمۇ خامانغا تەكلىپ قىلىنغان لاي ـ لايچىلار موما تۆۋىدە تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن قۇلاقىنى تۇتۇپ، تاق ۋە قوش كىشىلىك بولۇپ خامان ناخشىسىنى ئېيتقاندا بۇنى ئاڭلىغان يىراق ـ يېقىن ئەتراپتىكى ھەرقانداق كىشى ئۆزلىكىدىن ئارا ـ سايمانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خامان ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. خامان ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك يېقىن ئەتراپتىكى ئاياللارمۇ مەخسۇس داستىخان تەييارلاپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كېلىپ خامان ئىگىسىدىن ھاردۇق سوراپ، ئۇلارنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولىدۇ. لاي ـ لايچىلار مەخسۇس خامان ناخشىسىنى ئېيتىپ، خامانغا جان كىرگۈزگىدەك دەرىجىدە خاماننى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ يۇرت ئىچىدە ئابرۇيى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئۇلار خامان ناخشىسى ئېيتىلمىغان خامان «گاچا خامان، بەرىكەت بولمايدۇ»، «لاي ـ لاي جىن ـ شاياتۇنلارنى قوغلاپ، ئەرۋاھلارنى خامانغا چاقىرغانلىق»دەپ قارايدۇ. خامان قېتىلىپ بولغاندىن كېيىن لاي ـ لايچىلارغا رەخت، پۇل قاتارلىق نەرسىلەرنى بېرىپ ئۇلارنى رازى قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇغداي پايخانلىرىنى سەلكىن شامالدا سورۇپ **(2 ـ توم 108ـ بەت. 3 ـ توم 586ـ بەت)** بۇغداي، سامىنىنى ئايرىغاندىن كېيىن بۇغداي دانلىرى تولۇق چۇشمەي قالغان باشاقلارنى قايتا سوقۇپ**(2 ـ توم 145ـ بەت)** بۇغداي دانلىرىنى پاكىز تازىلاپ، چەشلەپ **(3ـ توم 130 ـ بەت )** قويىدۇ. ھەممە خامانغا خىزىرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ خامانلىرىدا تۈنەيدۇ. ئۇلار «بۇغداي چەشلىرى خاماندا قانچە كۆپ تۇرسا خىزىر كېلىپ بەرىكەت بېرىدۇ» دەپ قارايدۇ. ھەممە خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ مەھەللە ئاقساقاللىرىدىن بىرىنى خامان ئۇسسۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ.«خامان ئۇسسىدىغان كىشى چوقۇم خامان ئۇسسۇشتىن ئىلگىرى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا بەرىكەت قېچىپ كېتىدۇ» دەپ قارايدۇ. خامان ئۇسسۇشتا ئالدى بىلەن بىر غەلۋىر ئاشلىقنى چەش ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ تۆكىدۇ. يەنە بىر غەلۋىر «چەش بۇرنى»نى «ئىمام ھەققى» ئۈچۈن ئايرىپ قويىدۇ. ئاندىن ھەر ئون غەلۋىر بۇغدايدىن بىر غەلۋىر ئۆشرە ئايرىپ يېتىم ـ يېسىرلارغا، خامان ئۈستىگە كەلگەن مېھمانلارغا «كەپسەن»**(3ـ توم 526ـ بەت)** قىلىپ ئايرىپ قويىدۇ، ئاندىن بۇغدايىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كىرىدۇ. ـ دە ئۆز ئېتىزلىرىغا سۇ باشلاپ شۇدىگەر قىلىپ كېلەر يىللىق تېرىقچىلىق **(1ـ توم 523ـ بەت. 2 ـ توم 307ـ بەت. 3 ـ توم 569ـ بەت)** ئىشلىرىغا پۇختا ئاساس سالىدۇ .

ئۇيغۇردېھقانلىرىنىڭ يەنە بىر مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانى شۇكى ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەلگەن بۇغدايلارنى غەلۋىر**(1 ـ توم 160 ـ بەت)** ۋە ئۆتكەمە**(1ـ توم 174ـ بەت)** بىلەن ئېرىغداپ **(1ـ توم 209ـ بەت)**ئۇگۇت**(3ـ توم 348ـ بەت )**قىلىدۇ . ئاشلىقلىرىنى نۆۋەت **(3ـ توم 199 ـ بەت )** لىشىپ تۈگمەنگە ئېلىپ بېرىپ ئۇن تارتىدۇ**(1ـ توم 252ـ بەت. 1ـ توم 397ـ**

بەت) ۋە ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن يۇمشاق، يىرىك تارتىپ( تۇگمەندە ئۇستىگە ئايلانغۇچى تاش ئورنىتىلىدىغان ياغاچ قۇلاق . ئۇنى يىرىكرەك تارتماقچى بولغاندا ، بۇ قۇلاقنىڭ ياردىمى بىلەن تاش بىرئاز كۆتىرىلىدۇ ، يۇمشاق تارتىش زۆرۈر بولغاندا ، تۇگمەن تېشى بۇ قۇلاقنىڭ ياردىمى بىلەن بىر ئاز تۆۋەن چۈشۈرىلىدۇ. 1- توم 184– بەت) كېلىپ ئۇنى ئەگلەك (1- توم 160– بەت)تىن ئۆتكۈزۈپ(1- توم 295- بەت. 1 - توم 317 – بەت)كېپەك (1- توم 497– بەت) لىرىنى مال – ئۇلاغلىرىغا سامان بىلەن ئارلاشتۇرۇپ ، ھەلەپ (1 - توم 159 – بەت)قىلىپ بېرىدۇ، ساپ ئۇنى تاماق ئېتىش ۋە نان يېقىش ئۇچۇن ئۆيگە قاچىلىۋالىدۇ .

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق ئادەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار يالغۇز بۇغداي تېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى خورىتىۋەتمەسلىكى ئۇچۇن يەنە نۇرغۇن زىرائەتلەرنى ئارلاشتۇرۇپ تېرىپ، ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان ھەر خىل زىرائەتلەرنى تېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرنى ئارام تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت دېھقانچىلىقنىڭ مۇھىم قانۇنىيىتىنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن . مەسىلەن :

«ئارپا» . ئارپا. 1 - توم 167 – بەت.

«قوناق» . چۈژگۈن قوناق . ماقالىدا مۇنداق كەلگەن : قوناق بىشىنىڭ سىيرەك بولغىنى ياخشى ، چۈنكى سىيرەك بولسا ، دىنى چوڭ – چوڭ بولىدۇ ، قېلىن بولسا دېنى ئۇششاق بولىدۇ . 1- توم 499– بەت.

«زارانزا» . زاراڭزا . زاراڭزا ئۇرۇقى1- توم 587– بەت.

«كىپەزلىك» . كېۋەزلىك . كېۋەز تېرىلغان يەر. 1- توم 659– بەت.

«ئۇرۇقلاندى» . ئاشلىق دان تۇتتى ، كېۋەز غوزىلىدى 1 - توم 386 – بەت.

«يىتىم» . زىغىر ئۇرۇقى . بۇ كۇنجۇتكە ئوخشايدۇ ، لېكىن ئۇنىڭدىن قىزىلراق بولىدۇ ، يېغى چىراققا ئىشلىتىلىدۇ . 3- توم 29 – بەت .

«تۆگى»ئاقلانغان تېرىق . سۆك . 3- توم 317– بەت .

«قىچى» . قىچا . 3- توم 327– بەت .

«تۇتۇرقان» . گۇرۇچ . 1- توم 675– بەت.

بۇ خىل زىرائەتلەرنىڭ ئېچىدە ئارپىنى تېرىش ۋە يىغىش بۇغداي تېرىش جەريانى بىلەن ئاساسى جەھەتتىن ئوخشىسىمۇ لېكىن بىر قەدەر سوغۇق بولغان تاغ تۈۋىدىكى ئېكىنلەردە ئۆستۈرىلىدۇ . زاراڭزا ، تىرىق ، زىغىر ، قىچا ، تۇتۇرقان (گۇرۇچ ) قاتارلىقلارنى يىغىش شەكلى ئوخشاش بولمايدۇ.

بۇلارنىڭ دىنى سوقۇپ( سوقۇشتى . ئۇ ماڭا ئاشلىق سوقۇشۇپ بەردى . بۇغداي دانلىرىنى سوقۇپ چۈشۈرۈشتە بەسلىششىكمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ . 2 - توم 145- بەت) ئايرىۋېلىنىدۇ . كېۋەز بىر قەدەر قۇمساقىغۇ يەرلەردە تېرىلىدىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ غوزىكىدىن پاختا ئايرىۋېلىنىپ توقۇمىچىلىق ئىشلىرى ، قىشلىق كىيىم – كېچەك ۋە يوتقان – كۆرپە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ .

ئۇيغۇرلار بۇخىل دېھقانچىلىق جەريانىدا يەنە ئۆزىگە خاس دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىجاد قىلىپ ، بۇ خىل ئەسۋاپلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ئىغىرلىقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە يېنىكلەشتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئاشۇرغان . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونۇم رايونىمىزنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئائىت نۇرغۇن ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارنىڭ بايقىلىشى . ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمدىن تارتىپ دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىپ ، مۇكەممەل دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . مەسىلەن :

«ئەندىغ» . ئەگلەك ۋە غەلۋىرگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قاسقىنى 1 - توم 160- بەت.

«ئەسكۈ» . ئۆتكەمە 1 - توم 174 - بەت.

«ئورغاق» . ئوغاق 1 - توم 161 - بەت.

«تىش» تىش - چىش . بۇقۇسىنىڭ ، ساپىنىنىڭ چىشى . 3- توم 173 - بەت .

«ساپان»ساپان، قوش 1- توم 523- بەت.

«ساپانلادى» . ساپان سالدى . ئۇ يەرگە ساپان سالدى 3- توم 468- بەت .

«كەتمەن» . كەتمەن 1- توم 579- بەت.

«ئورغاق تىشەلدى» . ئوغاق بىلەندى . تۈگمەن تېشى چېكىلدى . 2 - توم 180- بەت. 2 - توم 449- بەت.

«بويۇندۇرۇق» . بويۇنتۇرۇق . بۇ ياغاچتىن ياسىلىپ ، ئىككى ئۆكۈزنىڭ بويىنىغا ئېسىلىدۇ . 3- توم 247 - بەت .

«ماما» . موما . خامان تېپىشتە ئوتتۇرىغا قېتىلىدىغان ئۆكۈز . باشقا ئۆكۈزلەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ . 3- توم 324- بەت .

«بۇقۇرسا» . بۇقۇسا .3 - توم 333- بەت .

«چىگەندى» . سۆرەم سالدى. ئادەم سۆرەم سالدى . 3- توم 412- بەت . 3- توم 592- بەت. ...

قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭ ياسىلىش ۋە ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ يۈكسەك دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى .

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان دەۋردىن باشلاپ نوقۇل يىمەك – ئىچمەك ھالەتتىكى دېھقانچىلىقتىن باشقا يەنە قوشۇمچە بىدە( بېدە . 3- توم 512– بەت . 3 - توم 589– بەت)، ئارپىخان( ئارپىخان . ئارپىغا ئوخشاش بىر ئۆسۈملۈك باشقى بولسىمۇ ، دېنى بولمايدۇ . 1- توم 189– بەت) قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىپ ئائىلە چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان دېھقانچىلىقنى ياراتقان . ئۇلار ئات ، كالا، ئىشەك ، قوي ، ئۆچكە قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قىشلىق يەم –خەشىكىنى تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئېتىز ، چۆپلۈك ياساپ ئۆزلىرىنىڭ قوشۇمچە دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغان .

ئەجدادلىرىمىز يۇقارقىدەك مۇرەككەپ ئەمگەك جەريانىدا يەنە ئۆزىگە خاس ئىسىل مەدەنىيەت ئەندىزىسى بولغان قوشنىدارچىلىق ، جامائەتچىلىك مەدەنىيىتىنى ياراتتى . ئۇلار ئەمگەكنىڭ ئېغىر ئالدىراش پەيتلىرىدە قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەقىقى ماھىيىتىنى چۈشەنگەن . قوشنىلارنى ھەممىدىن ئۇلۇغ كۆرگەن .«دىۋان»دا « بۆرە . بۆرە خوشنىسىنى يىمەس ، يەنى بۆرە خوشنىدارچىلىقنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۆز قوشنىسىنى يىمەيدۇ .بۇ ماقال خوشنىلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاشقا ئۈندەپ ئېيتىلدۇ .< 3- توم 304 – بەت>. » دېگەن ماقالدىن باشقا «يىراقتىكى تۇققاندىن يىقىندىكى خوشناڭ ياخشى»دېگەن ماقال بار . ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ قوشنىلىرى بىلەن ئۆز – ئارا لاپقۇتلىشىپ ( لۇچنۇت، لاپقۇت . بۇغداي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دانلارنى يانچىشتا يېزا خەلقىنىڭ بىر – بىرىگە ياردەم بىرىشى . ئۇلار ئادەتتە خامان ۋاقتىدا ۋاقتىدا بىر – بىرىگە بىرەر ئۇلاق بىلەن ياكى ئادەم بىلەن ياردەم بىرىدۇ . 1- توم 590– بەت) جاپانى بىرلىكتە يەڭسە ، قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدە بىر– بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ گۈزەل ئارزۇلارنى كۆڭلىگە پۈكۈشتى. مەھەللە ، خولۇم – خوشنىلارنىڭ ئۆيىدە ئۆلۈم – يېتىم ، توي – تۆكۈن ئىشلىرى بولغاندا خۇشاللىق ۋە قايغۇدا ئۆز - ئارا ھەمدەم بولدى . ئۇلار مەيلى ئولتۇرۇش - باراۋەتلەردە بولسۇن، ئىشلەپچىقىرىش سورۇنلىرىدا بولسۇن، سەنئەتتىن ئايرىلمىدى. ئۇلار تېرىم مەدەنىيىتى دەۋرىگە قەدەم قويغان 4-3 مىڭ يىلدىن تارتىپ يېقىنقى 90 - يىللارغىچە كالا، ئات، ئېشەك بىلەن دېھقانچىلىق قىلدى . كالا قېتىپ بۇقۇزا بىلەن يەر ئاغدۇردى، ئېشەك، كالىلارنى قېتىپ خامان تەپتى.

ئۇيغۇرلار ئۇزاق يىللىق دېھقانچىلىق ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىنى يارىتىش بىلەن بىللە يەنە ئۆز ئۆيلىرى ئەتراپىنى باغ – ۋارانلاشتۇرۇپ ، مىۋىلىك دەرەخلەرنى ، ھەر خىل ئوتياش – كۆكتاتلارنى تېرىپ نۇقۇل گۆش ، ئۇن تائام ئىستىمال قىلىشتىن ئادەم بەدىنىگە قۇۋۋەت ۋە ھەر خىل ماددىلارنى تولۇقلايدىغان ھەر خىل ئوتياشلارنىمۇ قوشۇپ ئىستىمال قىلىش ئارقىلىق ئۆزگىچە يىمەك – ئىچمەك مەدەنىيىتى ۋە كۆكتاتچىلىق مەدەنىيىتىنىمۇ ياراتقان . مەسىلەن «دىۋان»دا :

«چاغمۇر» . چامغور . 1- توم 597- بەت.

«قۇچغۇندى» . پىياز. 1 - توم 641- بەت.

«قوغۇنلۇق» . قوغۇنلۇق . قوغۇن تېرىلغان يەر. 1- توم 656- بەت.

تاۋۇز. 1 - توم 525 - بەت .

تەرخەمەك . 1 - توم 525 - بەت .

«سارمۇساق» - سامساق. 1- توم 683- بەت.

«يىمرتغا» . يۇمران . يۇمران ئوتياش ، يەنى پالەك ، سەيچېچەك ، تەرخىمەككە ئوخشاش . 3 - توم 589- بەت.

«سۇنۇ» . سىيادان . 3- توم 327- بەت ... قاتارلىق كۆكتات - ئوتياشلارغا ئائىت مەلۇماتلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ .بۇ خىل كۆكتاتلار تاماقلارغا تەم كىرگۈزۈش،تاماقنى رەڭدارلاشتۇرۇش ۋە بەدەنگە قۇۋۋەت بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە .

ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە يەنە باغ ۋە باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغان . ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەدىمقى ئەجدادلىرىمىز« ئوۋچىلىققا تايىنىپ يېمەكلىكلەرنى ھەل قىلىدىغان دەۋرلەردە ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىيالمىغان ، ئوزۇقلۇقى قالمىغان چاغلاردا ، ياۋا مېۋىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىشنى ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشنىڭ ئاساسى قىلغان . كېيىنچە ئۇلار ياۋا مېۋىلەرنى قوشۇمچە يېمەكلىك ئورنىدا ئىستېمال قىلغان . بولۇپمۇ رايونىمىزنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتى ، مۇنبەت تۇپرىقى، ياۋا مېۋىزارلىق بايلىقى باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ھەر جەھەتتىن باپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن ، قەدىمقى ئەجدادلار بۇ زېمىندىكى ياۋا مېۋە دەرەخلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ھەر خىل مېۋە سورتلىرىنى يېتىشتۈرگەن . ئۇلار يېتىشتۈرگەن مېۋە - چېۋىلەر ئۆز زامانىسىدىن تارتىپلا بۇ جايدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى بېيىتىپلا قالماستىن ، بەلكى « يىپەك يولى » ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغىمۇ تارقىلىپ كىرىپ، ئۇ

يەردىكى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىمۇ بىيتقان . شۇڭا قەدىمقى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۇنيا باغۋەنچىلىك ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ . بۇ نوقتىنى چۈشەنگەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئۆز «دىۋانى»دا قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ باغۋەنچىلىك ئادىتى ۋە باغۋەنچىلىك سايمانلىرى ھەققدە خىلى مۇكەممەل توختالغان . مەسلەن :

«ياغاقلىق» . ياڭاق .ياڭاقلىق يەر . 3- توم 67 – بەت .69 – بەت.
شاپتۇل . 3- توم 199 – بەت .

«ئۈزۈملەندى» . ئۈزۈملدى . ئۈزۈملۈك بولدى ، ئۈزۈم چۈشتى ، بىدىش ئۈزۈملدى ، يەنى بىدىشتە ئۈزۈم چۈشتى. 1 - توم 388 – بەت.

«بار» . نان جىگدە. 3- توم 202 – بەت .

«قاق» . قاق . شاپتۇل قېقى 3- توم 212 – بەت .

« سقتى» . سقتى . ئۇ ئۈزۈم سقتى . 2- توم 24 – بەت.

« چاغىرلادى» . شەرۋەت قىلدى . ئۇ ئۈزۈمنى شەرۋەت قىلدى . 3- توم 452– بەت .

«ئادىندى» . ئۇ ئۆزىگە ئۈزۈم دۆۋىلىدى . 1 – توم 334 – بەت .

« بال» بال، ھەسەل . 3- توم 213 – بەت . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«دىۋان»دا قالدۇرۇلغان دېھقانچىلىق – باغۋەنچىلىككە ئائىت مەنبەلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمقى زامان ئىگىلىك شەكلىگە قارايدىغان بولساق . ئۇيغۇرلارنىڭ باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە .ئۇلار بىر قىسىم مېۋىلەرنى مۇۋاپىق ئىستىمال قىلغاندىن باشقا يەنە ئېشىچا مېۋىلەردىن ھەر خىل .ئېچىملىكلەرنى ، شەربەتلەرنى تەييارلاپ ئىستىمال قىلغان .ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋان»دا؛

«ئۈزۈملدى» . ئۈزۈملۈك بولدى ، ئۈزۈم چۈشتى ، بىدىش ئۈزۈملدى ، يەنى بىدىشتە ئۈزۈم چۈشتى.

1 ـ توم 388 ـ بەت.

«تاپچاڭ» . ئۇچاياق . ئۇستەلگە ئوخشايدىغان بىر سايمان . باغۋەن بېدىشتىكى ئۈزۈمنى شۇنىڭغا چىقىپ تۇرۇپ ئۈزىدۇ . 3ـ توم 525ـ بەت .

«كۈرىن»كوشۇك . قوغۇن ـ تاۋۇز ، تەرخەمەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرنى توشۇيدىغان كاجۇۋا . 1 ـ توم 525 ـ بەت .

«ئاداكلىق » . ئۈزۈملۈك باغلاردا بېدىشقا تىرەك قىلىندىغان ياغاچ . 1 ـ توم 202 ـ بەت . دىگەندەك مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ .بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈزۈم باغۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنى بىسىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئۈزۈمچىلىك تېخنىكىسىدا بىدىش ياساش ، مەخسۇس ئۈزۈم ئۈزۈش سايمىنى ياساش، ئۈزۈم سىقىپ ئۇنىڭدىن شەربەت تەييارلاش ۋە بۇ جەرياندىكى نازۇك ھالقىلارنى تەرەققي قىلدۇرۇش ، تەجرىبىلەرنى توپلاش جەرياندا ئىپتىدائى باغۋەنچىلىك ھالىتىدىن مەلۇم تېخنىكىلىق باغۋەنچىلىك دەۋرىگە قەدەم قويغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ .

دىمەك ، يېمەك ـ ئىچمەك ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى شۇنداقلا مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى . ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەر قايىسى مىللەتلەرنىڭ يېمەك- ئىچمەكلىرى ، ياشاش مۇھىتى ، ئىجتىمائى تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، شوغۇللانغان كەسىپ ، ئەنئەنىۋىي ئادەت كۆز قارشى ، دىنىي ئېتىقادى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە ئوخشاش بولمىغان ئادەت ـ مەدەنىيەت ئەندىزىسى بارلىققا كەلگەن . ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمدىن ياراتقان دېھقانچىلىق ـ باغۋەنچىلىك مەدەنىيتىمۇ دەل ئاشۇنداق سەۋەپ ۋە تەخىرسىزلىكلەر جەرياندا بارلىققا كەلگەن ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىسىل مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۆزى بىلەن بىللە ياشاپ ئۆتكەن خولۇم ـ خوشنىلار ، قەۋم ـقىرىنداشلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىش ، ئۆز ـ ئارا ئۆگىنىش ، ئۆز ـ ئارا تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش جەرياندا مۇكەممەللەشكەن ۋە راۋاج تاپقان . بىز ئەجدادلارنىڭ ئىسىل مەدەنىيەت ئەندىزىسگە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلىش ، ئۇنتۇلۇپ قىلىش گىردابىغا بىرىپ قالغان مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى تەتقىق قىلىشتا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مىراسقا مۇراجەت قىلغاندىلا ئۆزلۈك ئېڭىمىزنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرالايمىز.

پايدىلانغان ماتىرىياللار

1 .ئابدۇقېيۇم خوجا «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمقى مەدەنىيەت»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 1995 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

2 . ئىسراپىل يۇسۇپ ، ئەنۋەر قاسىم «غەربىي يۇرت يىمەك – ئىچمەك مەدەنىيىتى»، «مىللەتلەر نەشرىياتى » 2006 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى .

3 . مەھمۇد قەشقىرى«تۈركىي تىللار دىۋانى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 1980 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى. 1 – 2 – 3 – توم .

4 . ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى «ئۇيغۇر ئۆرپ – ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر» ، « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى نەشرىياتى»2007 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

5 . غەيرەتجان ئوسمان«قەدىمقى تارىم مەدەنىيىتى» ،« شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى نەشرىياتى»2007 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

6 . «<تۈركىي تىللار دىۋانى>تەتقىقاتى ماقالىلەر توپلىمى»،«شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 2006 – يىلى خەنزۇچە نەشرى.

7 . ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 1993 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

8 . ئابدۇكېرىم راھمان «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان » ، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى » 1989– يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

9 . ئابدۇكېرىم راھمان، رەۋەيدۇللا ھەمدۇللا ، شېرىپ خۇشتار «ئۇيغۇر ئۆرپ – ئادەتلىرى»، «شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى» 1996 – يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.

10 . ياسىنجان كەنجى ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئادەتلىرىدىن «خامان»مەدەنىيىتىمىزگە بىر نەزەر‹بۇلاق›2006-يىلى4-سان

( قىزىلسۇ ئەدەبىياتى 2011-يىللىق1-سانىدىن)

# 33- مەھمۇد قەشقەرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا

## سەمەت دۇگايلى

ئۇيغۇرلار ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ياراتقان ۋە شۇ تۈپەيلىدىن زەبەردەس، ئىجىرىسى ياشاپ كەلگەن قەدىمىي مىللەت بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ئۈستىدە ناھايىتى بۇرۇنلا غۇلغۇلىلار ئوتتۇرىغا چىققان. دۇنيانىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملار ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى، تىل - يېزىقى، ئۆرپ- ئادىتى، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكىدىن تارتىپ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغىچە ئەھمىيەتلىك تەتقىقاتلار بىلەن شۇغۇللانغان.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆزى ئۇيغۇر مىللىتىدىن كېلىپ چىققان گىگانت تىلشۇناس بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئەينى چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئۇيغۇر تەتقىقاتىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئالەمشۇمۇل ئېگانىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۈستىدە سۆز قىلغاندا، ئۆز مىللىتى بولغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدىمۇ پاساھەتلىك جۈملىلەر بىلەن كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئورنىغا كاتتا، يۇقىرى باھالارنى بېرىپ ئۆتكەن.

تۈركىي تىللار توغرىسىدا زامانىسىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل سوستاۋى ۋە قائىدىلىرىنىلا تونۇشتۇرۇش مەقستى بىلەن تۈزۈلگەن دۇنياۋى نوپۇزغا ئىگە شاھ ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالمىغان بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن بايان بېرىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر ھېسابلاپ مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

»تۈركلەر ئەسلىي يىگىرمە قەبىلىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەڭرى ئەزىز كۆرگەن نوھ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ياپەس ۋە ياپەسنىڭ ئوغلى تۈرككە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ رۇم ئەۋلادىنىڭ تەڭرى ئەزىز كۆرگەن ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ئىسھاق ۋە ئىسھاق ئوغلى ئىسۇ ۋە ئىسۇ ئوغلى رۇمغا بېرىپ تاقالغىنىغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر مۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئۇلۇغ

تەڭرىنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇم. مەن بۇلاردىن ئاساسىي ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم. ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى تاشلىدىم. كىشىلەردە ئوغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن شۇلارنىڭلا ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ كۆرسەتتىم. مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە، شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە پەچچەنەك، ئاندىن قالسا قىپچاق، ئوغۇز، يېمەك، باشقىرت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. بۇ قەبىلەرنىڭ ھەممىسى رۇم ئۆلكىسى يېنىدىن شەرققە قاراپ شۇ تەرتىپتە سوزۇلغان. ئاندىن چىگىل، توخسى، ياغما، ئۇغراق، چارۇق، چۈمۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر. خىتاي -- چىن دېمەكتۇر. ئاندىن تاۋغاچ، بۇ -- ماچىن دېمەكتۇر. بۇ قەبىلىلەر جەنۇب بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ...» مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - جىلد (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى) 37 -, 38 - بەت.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بەرگەن يۇقىرىقى مەلۇماتى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى باشقا تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن بىللە بىرىپ - بىرىپ تۈرك -- ياپەس -- نوھ پەيغەمبەرگە تۇتاشتۇرىدۇ.
نوھ پەيغەمبەر ئەسلىدە يەھۇدىي دىنىدىكى قەۋملەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «تەۋرات» قىسسىلىرىدىكى شەخس بولۇپ، خرىستىئان -- كاتولىك دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئىنجىل» مۇ، موسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان» مۇ ئۇنى ئۇلۇغلاپ تىلغا ئالىدۇ ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرى دەپ تونۇيدۇ. ئىلمىي ئىنسانشۇناسلىق ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر نوھ ئەلەيھىسسالامغا تۇتاشتۇرۇپ تەكشۈرۈشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن، مۇسۇلمان مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئالىمنىڭ ئومۇمىي تۈس ئالغان ئىسلام تىئولوگىيىسىدىن چەتكە چىقىپ، ئىنسانىنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇرۇق - قەۋملەرنىڭ يېتىلىشى ۋە مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشى توغرىسىدا دەۋردىن ھالقىپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغىلى بولماسلىقىمۇ ھەممىگە چۈشىنىشلىك.
يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرستىش ئۈچۈن» مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - جىلد (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى) 5 -, 6 - بەتلەر.

ھەمدە «(ئەرەب) كىشىلەردە ئۇغۇز تۈركمەنلىرىنى بىلىشكە ئېھتىياج بولغانلىقى ئۈچۈن شۇلارنىڭلا

ئۇرۇقلىرىنى، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ» مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - جىلد (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى) 38 - بەت.
كۆرستىش ئۈچۈن يازغان. باشقىلارنىڭ، شۇ قاتاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقلىرىنى، تامغىلىرىنى بولسا يازمىغان.
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئۇرۇقلىرىنى يازغان بولسا، بىزگە تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە كەڭ مەلۇماتلارنى ئېلىش پۇرستى يارىتىپ بەرگەن بولاتتى.
شۇنداقتىمۇ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارغا ئائىت مەلۇماتلار ئاز ئەمەس. بۇ مەلۇماتلار ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرلىرىدىن بىر مۇنچە كېيىنكى ۋاقىتلارغا تەئەللۇق بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى باشقا مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرۇپ تەكشۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ.

»تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆپ تىلغا ئېلىنغان ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسياپ) ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى يەتتىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرغان مەشھۇر تۇران ئېلىنىڭ خاقانى بولۇپ، مەھمۇد قەشقىرى ئالىپ ئەرتۇڭاغا مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرلار توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ:
»بارسغان — ئافراسياپ ئوغلىنىڭ ئىسمى، بارسغان شەھرىنى شۇ سالدۇرغان. مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ئەنە شۇ شەھەردىن. بىزلەر مۇنداق دەيدۇ: ئۇيغۇر خاقانىنىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولغان، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ شۇ يەردە يىلقا باققان، كېيىن بۇ يەر شۇنىڭ ئىسمى بىلەن بارسغان ئاتالغان.» مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - جىلد (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 8 - ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى) 11 - بېتىگە ئېلىنغان نەقىلگە قاراڭ.
يۇقىرىقى بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى يەتتىنچى ئەسىرلەردىلا خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئىجتىمائىي پائالىيەتچى قوۋم بولۇپ ئۇيۇشۇپ بولغانلىقىنى، مۇنتىزىم شەھەرلىشىش باسقۇچىغا يېتىپ، بارسغاندەك باشچىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تەكرارلىغاندا، بارسغان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىردىن بۇرۇن ياشىغان ئافراسياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ ئوغلى ئىدى.
ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسى توغرىسىدا مۇنداق ئىزاھات بېرىدۇ:
»ئۇيغۇر» — بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھرى بار، بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.
ماڭا مۇھەممەد چاقىرتونقاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل تۇغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك

خاقانى ئۇنڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە >ئىنان خۇزخۇرەند -- بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ <دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل >خۇزخۇر <دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن >خ <ھەرپى - 1>ئېلىق <قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر- بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ - 1>ئىلىق <نىڭ >خ <غا ۋە >خ <نىڭ - 1>ئېلىق <قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمرلەرنىڭ >خېمىر <دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى، ئوغۇزلار >ئەمىر <دېيەلمەي، - 1>ئېلىق <نى >خ <غا ئالماشتۇرۇپ >خېمىر <دەيدۇ. شۇڭا، تۈرك ئەللىرىنى سامانىي ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى >خېمىر تېگىن <دەپ ئاتايدۇ. خۇددى >ئۇيغۇر <سۆزىدە كۆرسەتكىنىمىزدەك، بۇ يەردە - 1> ئېلىق <ھەرپى >خ <غا ئالماشقان.

>خ <ھەرپى 1>ئېلىق <قا ئالمىشىش بىلەن بىللە، >خۇز <سۆزىدىكى >ز <ھەرپىمۇ >ي -- يا < غا ئالماشقان. بۇ >ز <ھەرپىنىڭ >ي -- يا <غا ئالمىشىشى تۈپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن، >خۇر < سۆزىدىكى >خ <ھەرپى >غ <غا ئالماشقان> .غ <نىڭ >خ <غا، >خ <نىڭ >غ <غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. خۇددى ئەرەبچىدە >خەتەرە <نى >غەدەرە <دېگەندەك.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنل–ئەردۇر. بۇ شەھەرلەر سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان. قوچۇ، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭىبالىق.» مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 8 - ئاي، ئۇيغۇرچە نەشرى) 1 - جىلد.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق - ئايماقلىرىنى كۆرستىپ ئۆتمىگىنى بىلەن، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا شۇنچە سەھىپە بىلەن ئەستايىدىل، تەپسىلىي توختالغان. زۇلقەرنەيىننىڭ تىلى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ چەۋەنداز، ئۇستا ئاتارمەن، ئەمگەكچان، ھالال ياشايدىغان ماھىيىتىنى كۆرستىپ، بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ مۇشۇ مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى دۇدۇقلىماي، پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن تەكىتلىگەن.

»تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىيىتىگە دائىر بەرگەن يۇقىرىقى ئىككى مەلۇماتىدا بەزى ئېنىقسىزلىقلارمۇ يوق ئەمەس. بۇنى ئالىمنىڭ مۇسۇلمانچىلىق مەيدانىدا تۇرۇپ، شۇ دەۋردە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ۋە زۇلقەرنەيىن توغرىسىدىكى پىكىرلىرىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئافراسياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ ئوغلى سالدۇرغان بارسغان شەھىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ, 6 ـ ئەسىرلەردە دەپ قىياس قىلغاندا، شۇ زامانلاردىلا ئۆزىنىڭ ئېلى، خاقانى بولغان ئۇيغۇرلارغا ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنكى زۇلقەرنەيننىڭ «خۇزخۇر» دەپ ئىسىم قويۇپ بېرىشى، بۇ ئىسىمنىڭ تاۋۇشلار ئالمىشىشى بىلەن ئاندىن «ئۇيغۇر» بولۇپ بېكىتىلىپ قېلىشى ئوتتۇرىسىدا ئانچە يېپىشىشچانلىق يوق.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، زۇلقەرنەين ئەرەبلەرنىڭ ماكىدونىيە ئىمپىراتورى ئالىكساندىر ماكىدونسكى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 356 ـ يىلدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 323 ـ يىلغىچە ياشىغان) گە قويغان ئەرەبچە ئىسىم ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى كۆرسىتىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئىستىلا پائالىيىتىدىكى ئەڭ زور سەپىرى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 334 ـ يىلى كىچىك ئاسىياغا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 332ـ يىل مىسىرغا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 331 ـ يىل ئىككى دەريا ئارىلىقىغا تاجاۋۇز قىلىش بىلەن ئېلىپ بېرىلغان. دېمەك، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 334 ـ يىلغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر» بولۇپ بولغانلىقىنى ئالىمنىڭ ئۆزى «بارسغان» ئىزاھاتىدا قەيت قىلىپ ئۆتكەن.
ئۇيغۇرلارنىڭ «سۇلمى» شەھىرىنى «زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان» لىقىنىمۇ ئىسپاتلاشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين (ئالىكساندىر ماكىدونسكى) توغرىسىدىكى پاكىتلىق تارىخىي يازمىلاردىلا ئەمەس، ئىشەنچسىز مەلۇماتلاردىمۇ ئۇنىڭ مەھمۇد قەشقىرى كۆرسەتكەن شەھەر دائىرىسىگە كەلگەنلىكى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇلمىغان.

بۈيۈك تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقىرى «ئۇيغۇر» نىڭ «خۇزخۇر» دىن ئۆزگىرىپ ياسالغان ئىسىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ نۇرغۇن پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، تىلشۇناسلىق ساھەسى ھازىرغا قەدەر «ئۇيغۇر» ئاتالمىسىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇيۇماق»، «ئۇيۇشماق»، «ئۇيۇغۇر» دىن كەلگەنلىكىنى تەكتىلمەكتە. بۇمۇ بىز ئۈچۈن ئۇستازىمىز مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىزىنى بويلاپ چوڭقۇر ئىزدىنىشىمىزگە تېگىشلىك مەسىلە.
نېمىلا بولمىسۇن، ئۆز دەۋرىدىن بىر مۇنچە ھالقىپ كەتكەن بۈيۈك ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مەلۇماتى قەدىمىيلىكى، تەپسىلىيلىكى، ئىنچىكىلىكلىكى جەھەتلەردىن تولىمۇ قىممەتلىكتۇر. بىر تەرەپتىن، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەت ھالىتىدە ئۇيۇشقان سىياسىي، ئىجتىمائىي كوللېكتىپ سۈپىتىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ۋە 6 ـ ئەسىرلەردىلا ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى، شەھەرلەشكەن تۇرمۇش يولىغا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەنە

بىر تەرەپتىن، ئۇ ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ رىۋايەتتىكى شەخس بولماستىن، رېئاللىقتا بار ۋە داغدۇغا قوزغاپ ئۆتكەن مەشھۇر يولباشچى ئەرباب ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا پاكىت كۆرسىتىپ بايان قىلىپ، بىر مۇنچە چىگىشلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. ئۇ سالدۇرغان شەھەرلەرنى، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانى ئىكەنلىكىنى، شۇ زامانلاردىلا مۇكەممەل، مۇنتىزىم شەھەر بولۇپ قەد كۆتۈرگەن مەركىزىي شەھەر ئوردۇ كەنت قەشقەردە تۇرغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتىغا بىلدۈرۈلگەن ئومۇمىي تەزىيە ۋە مەرسىيەلەردىن پارچىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. يەنىمۇ مۇھىمى، ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى قەتئىي تۈردە «ئۇيغۇر» دەپ ئېلان قىلدى. ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ ئوغلى بارسخاننىڭ دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغانلىقى، دادىسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ئوخشاشلا شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، شەھەرلەرنى سالدۇرغانلىقى، دادىسى باشقۇرغان دائىرىنى داۋاملىق ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ ئۆتكەنلىكىنى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن بايان قىلىپ بەردى.

بۈيۈك ئالىم ئۇيغۇرلار ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە ئۇنى «بىر ئەلنىڭ ئىسمى»، ھەم «بىر مىللەت» نىڭ نامى دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ، ئۇيغۇر تىلى ئوق يىلتىز ھېسابلانغان خاقانىيە تىلىنى شاخلىتىپ، باشقا تىللارنى خاقانىيە تىلى دائىرىسىدە تەتقىق قىلغان بولسا، مىللەتشۇناسلىق مەيدانىدا تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتمۈشنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بايانلىرى ناھايىتى ھاياجانلىق، مەردانە ۋە تېلىققان ھېسسىياتتىن ئۇرغۇپ چىققان يۈرەك سۆزلىرىدۇر.

ئىلىم ساھەسى مەلۇم ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا كۆپ مەنبەلىك ھۆججەتلەرنى ئىشەنچلىك ھېسابلايدۇ. مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇشتا شۇنداق قىلغان. ئەمدى بىزمۇ بۈيۈك بوۋىمىز مەھمۇد قەشقىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشىگە دائىر مەلۇماتلارنى ئۇيغۇرلاردىن تاشقىرى يېزىلغان باشقا مەنبەلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئىزدىنىپ كۆرەيلى. بۇنداق مەنبەلەر ئەرەبچە، پارسچە ۋە خەنزۇچە يازمىلاردۇر. بۇ مەنبەلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىش تەبىئىيكى مەھمۇد قەشقىرى مەلۇماتلىرىنىڭ ئابرۇيىنى ئۆستۈرىدۇ.

# ئەرەبچە، پارسچە يازمىلار ئۇيغۇرلار توغرىسىدا

ئۇيغۇرلارغا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتىگە ئائىت ئەرەبچە، پارسچە يازمىلارنىڭ كۆپرەكى مىلادى 8 ـ, 9 ـ ئەسىرلەردىن كېيىنكى ۋاقىتلاردىن باشلىنىدۇ. ئەمما، بۇ تارىخىي يازمىلارنىڭ تولىسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەلۇم قىلىدىغان پاكىتلارغا يىپ ئۇچى بولالىغۇدەك ئىلمىي بايانلار يوق دېيەرلىك، بار دېيىلگەنلىرىدە بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى تۈرك -- ياپەس -- نوھ ئەلەھىسسالامغا ئاپىرىپ تىركەپ چۈشەندۈرۈش ئومۇمىي تۈس ئالغان.

ئومۇمەن، ئۇيغۇرلارغا دائىر مەلۇمات بەرگەن ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي يازمىلارنىڭ مۇئەللىپلىرىدىن مۇھىمراقلىرىنى تۆۋەندىكىچە كۆرستىشكە بولىدۇ:

.1بەلازورى. ئۇ مىلادى 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «ئىشغالىيەت تارىخى» (ياكى «ھەر قايسى ئەللەرنى ئىشغال قىلىش تارىخى») ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئەرەبلەرنىڭ ئىشغالىيەت پائالىيىتىنى تونۇشتۇرۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئەرەبلەرنىڭ ئۇيغۇرلار ئىلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرىغا باستۇرۇپ كىرىش جەريانىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنى بايان قىلىش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئۈستىدە خېلى سالماق سەھىپىلەر بىلەن توختىلىپ ئۆتكەن.

.2قۇدامە. ئۇ ئەرەب جۇغراپىيونى بولۇپ، مىلادى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاماملىغان ئەسىرى ئارقىلىق، ئەتراپتىكى ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللىرىنى تونۇشتۇرۇش جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئىلكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنلىرى ئۈستىدە كۆپ توختالغان.

.3سامئانى (مىلادى 1167 ـ يىلى ۋاپات بولغان). ئۇ ئەرەب لوغەتشۇناسى بولۇپ، ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا، بولۇپمۇ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى ھەرىكەتلىرى، زېمىن تەۋەلىكى قاتارلىقلارغا ئائىت مەلۇماتلار توغرىسىدا مۇھىم پاكىتلارنى بايان قىلغان. ئۇنىڭ يازمىلىرى كېيىنكى تارىخشۇناسلار ئۈچۈن بىر مۇنچە پاكىت مەنبەسى بولغان.

.4مۇسۇلمان دۇنياسىغا داڭلىق تارىخچى ئەبۇ نەسرۇل ئۇتبى. ئۇ مىلادى 11 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغا تەئەللۇق تارىخ كىتابىدا قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، خاندانلىقنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا كەڭ سەھىپە بىلەن مەخسۇس توختالغان. بولۇپمۇ، ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسۇلمانلىشىشى ۋە ئۇنىڭ تەپسىلىي جەريانى توغرىسىدا تولىمۇ پايدىلىق مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يازغان تارىخىي ئەسەرنىڭ نامى «تارىخىي ئەمىنىيە»

بولۇپ، بۇ كىتاب كېيىنكى تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۈچۈن بىر مۇنچە ماتېرىيال ۋە ستاتىستىكا مەنبەسى بولغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان.

5.شۇ دەۋرگە تەئەللۇق يەنە بىر تارىخىي ئەسەر ئىبنى ئەسىرنىڭ «ئومۇمىي تارىخ» دېگەن كىتابى سانىلىدۇ. بارتولد قاتارلىق ئالىملارنىڭ تەرىپلىشىچە، ئىبنى ئەسىرنىڭ بۇ كىتابى ناھايىتى ئەستايىدىل، ئېنىق روھتا يېزىلغان، ئەمەلىيەتلىكى كۈچلۈك، كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە يېزىلغان. ئىبنى ئەسىر بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار توغرىسىدا، بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدا تەڭداشسىز پايدىلىق ماتېرىياللارنى يېزىپ قالدۇرغان.

6.ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇل جافۇر (يەنى جافقار) ئىبنى ھۈسەيىن ئەلمائى. ئۇ ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي شەخس ۋە تارىخشۇناستۇر. ئۇ قەشقەردە ياشىغان ۋە ئۆز دەۋرىدىلا قاراخانىيلار خانىدانلىقى تەۋەسىدىكى مەشھۇر تارىخشۇناس نامى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقى، قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان، نەدە ۋاپات بولغانلىقى ھەمدە مىللەت تەۋەلىكى ئېنىق ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ئۇيغۇر مىللىتىدىن، قەشقەردە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان، دەپ قىياس قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قەشقەر تارىخى» دا بايان قىلىنغان قاراخانىيلار خانىدانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللار ئۆزىنىڭ موللۇقى، كەڭلىكى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار خانىدانلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئائىت ماتېرىياللارنىڭ ئىشەنچلىكلىكى نۇرغۇن ئالىملارنى قايىل قىلغان ۋە تەسىرلەندۈرگەن. ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» كېيىنكى دەۋرلەردە يوقىلىپ كەتكەن. ئاشۇنداق بىر ئالىمنىڭ ياشىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» غا ئېلىنغان قىسمەن مەلۇماتلار مىلادى 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغىتىنىڭ داۋامى» دا تىلغا ئېلىنغان ۋە نەقىل كەلتۈرۈلگەن. جامال قارشى «قەشقەر تارىخى» نى مىلادى 11 - ئەسىردە يېزىلغان دەپ ئۇچۇر بەرگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، مۇئەللىپنىڭ مەھمۇد قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلار بىلەن زامانداش ئىكەنلىكىنى چەتكە قاقالى بولمايدۇ.

7.ئەڭ مۇھىم تارىخشۇناسلاردىن بىرى تەبەرىدۇر. تەبەرىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ھازىرغا قەدەر دۇنيا تارىخشۇناسلىق ساھەسىنىڭ «ماتېرىيال مەنبەسى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە.

تەبەرىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەت بىن جەرىر، لەقىمى ئەبۇجەفار. ئۇ ھجرىيە كالېندارى بويىچە 224 - يىلىنىڭ ئاخىرى ياكى 225 - يىلىنىڭ بېشىدا (مىلادى 839 - يىلى) پرىسيە ئىمپېرىيىسىنىڭ شىمالىدىكى تەبەرىستان ئۆلكىسىنىڭ ئامۇل شەھرىدە تۇغۇلغان. يەتتە يېشىدىن باشلاپلا «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. 12 يېشىدىن باشلاپ رايى قاتارلىق جايلاردا ئىراق فىقھىسىنى ئۆگەنگەن. داڭلىق شەرىئەتشۇناس فىقھ ئالىمى ئەھمەد بىن ھەنبەلنىڭ تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش ئىشتىياقى بىلەن باغداتقا بارماقچى بولغان. ئەمما، سەپەر ئۈستىدە ئەھمەد بىن ھەنبەلنىڭ ۋاپات بولغىنىنى ئاڭلاپ، سەپىرىنى بەسرەگە توغرىلاپ، ئاۋۋال بەسرەدە «ھەدىس» ئۆگەنگەن، كېيىن

باغداتقا بېرىپ «قۇرئان» ئۆگەنگەن ۋە شافىئىي فىقھىسىنى تەتقىق قىلغان.
شۇ چاغلاردا شافىئىينىڭ ئىشداشلىرى ۋە مۇخلىسلىرى مىسىرغا كۆپرەك يىغىلغانلىقتىن ئۇمۇ مىسىرغا بارماقچى بولغان. ھىجرىيىنىڭ 253 ـ يىلى (مىلادى 867 ـ يىلى) ئۇ مىسىرنىڭ پايتەختى فۇستاتقا بېرىپ ئەدەبىي ماھارەت ۋە شافىئىي، مالىك فىقھىسىنى بىر نەچچە يىل ئۆگەنگەن، كېيىن باغداتقا كېلىپ تەتقىقات ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.
تەبەرى مۇشۇ ئارىلىقتا خەلىپىنىڭ ۋەزىرى ئەبۇ ھەسەن ئابدۇللابىن يەھيا خاقانىنىڭ ئوغۇللىرىغا دەرس سۆزلىگەنلىكتىن، خەلىپە ۋە ئوردا ئەھلىنىڭ كاتتا ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.
تەبەرى يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا كۆپ ھوسۇللۇق ئالىم دەم نام ئالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ باغداتنىڭ يەقۇب مەيدانىدىكى تۇرالغۇسىدا ئولتۇرغان چاغلىرىدا ھەر كۈنى 40 ۋاراق ئەسەر يازىدىكەن.
تەبەرى ھىجرىيىنىڭ 310 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى (مىلادى 923 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) 71 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ نامىزىغا ۋە دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقانلار «سانىنى ئالغىلى بولمىغۇدەك» دەرىجىدە كۆپ بولغان، تۇپراق بېشىدا بىر نەچچە ئايغىچە ئادەم ئۈزۈلمىگەن.
تەبەرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولغان. ئۇ ئىلمىي فىقھ (دىن قانۇن ئىلمى)،«قۇرئان تەفسىرى»، «ھەدىس» ۋە قىرائەت ئىلمىي جەھەتلەردە يېتىشكەن ئالىم سۈپىتىدە داڭ چىقارغان، يازغان ئەسەرلىرى 26 خىلدىن ئاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجمى زورراق بولغىنى ئىككى: بىرى «قۇرئان تەفسىرى» بولۇپ، بۇ 1 ـ قول ماتېرىياللىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كېيىنكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق تەفسىرچىلەرنىڭ «ماتېرىيال مەنبەسى» لىك رولىنى ئۆتىگەن. ئۇنىڭ يەنە بىر داڭلىق ئىلمىي ئەمگىكى «تارىخ تەبەرى (تەبەرى تارىخى)» دۇر.
»تەبەرى تارىخى» نىڭ ئەسلىي تولۇق نامى «تارىخۇل رۇسۇل ۋە ئۇل مۇلك (پەيغەمبەرلەر ۋە ھۆكۈمدارلار تارىخى)» دەپ ئاتالغان. ئۇنى يەنە «تارىخۇل ئۇمەم ۋە ئۇل مۇلك (ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە ھۆكۈمدارلار تارىخى)» دەپمۇ ئاتىغان. مۇئەللىپنىڭ تەبەرىستاندا تۇغۇلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكىلەر بۇ ئەسەرنى «تەبەرى تارىخى (تارىخ تەبەرى)» دەپمۇ پايدىلانغان ۋە مۇشۇ نام كەڭرەك ئومۇملىشىپ كەتكەن.
»تەبەرى تارىخى» ھېجرىيىنىڭ 303 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى (مىلادى 915 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى) يېزىلىپ پۈتكەن. ئۇنىڭدا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ يېزىلىپ، يەھۇدىي دىنىنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى؛ خىرىستىئان دىنىنىڭ توقۇلمىلىرى؛ ئالەم، زېمىن، ئادەمزاتنىڭ يارىلىشى ھەمدە ئىلگىرى ئۆتكەن دەپ رىۋايەت قىلىنغان پەيغەمبەرلەر ھەققىدىكى قىسسە، ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر تولۇق بايان قىلىنغان. ئاشۇ بايانلار ئارىسىغا ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئۇنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدىكى قەدىمكى ئەللەر ۋە مىللەتلەر توغرىسىدىكى نۇرغۇن رىۋايەتلەر

قىستۇرۇلغان.

لېكىن، «تەبەرى تارىخى» نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى پىرسىيە تارىخىغا قارىتىلغان. كىتاب پىرسىيە تارىخىدىكى ھەر قايسى سۇلالىلەر، شاھلىقلار تارىخى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرىنىڭ تارىخىنى بىرمۇ بىر بايان قىلغان. كىتابنىڭ مانا شۇ قىسمى ھىجرىيىنىڭ باشلىنىشى (مىلادى 622 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى) دىن باشلاپ سالنامە (يىل تەرتىپى) شەكلىدە ھىجرىيىنىڭ 302 ـ يىلى (مىلادى 915 ـ يىلى) غىچە بولغان مۇھىم ۋەقەلەر، ئاساسلىق چوڭ ئۇرۇش ـ ماجىرالارنى تەپسىلىي خاتىرىلەشكە بېغىشلانغان. مۇئەللىپ بۇ تارىخنى بايان قىلغاندا ناھايىتى نۇرغۇن ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغان. ئۇ شۇ چاغدا بار بولغان ئىبن ئىسھاق، كەلبى، ۋاقىدى، ئىبن سەئە، ئىبن مۇقاففەر، بەلازورى قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرى ۋە پىرسىيە تارىخىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىلىرىدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، ئۆزى شەخسەن ھەر قايسى جايلارغا قىلغان ساياھىتى ۋە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ماڭغان سەپەرلىرى جەريانىدا يىغقان ماتېرىياللار ۋە رىۋايەتلەردىنمۇ پايدىلانغان. «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شېرىف» نىڭ ھەرخىل ئىزاھلىرىدىن، تەزكىرىلەردىن، جەڭنامىلەردىن، ھېكايەدىلەردىن، شېئىر ـ قوشاق، يادنامە، ۋائىز ـ مەدداھلارنىڭ نوتۇقلىرى، قەبىلىلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توختام ـ شەرتنامىلەردىنمۇ ئاز بولمىغان ماتېرىياللارنى ئالغان.

»تەبەرى تارىخى» دا ئۇيغۇرلارغا تەۋە ماتېرىياللارمۇ ئاز ئەمەس. بولۇپمۇ غەرب تارىخچىلىرى تەرىپىدىن «ئىفتالىتلار» دەپ ئاتالغان ئاق ھۇن ـ ئۇيغۇرلارنىڭ پارىسلار بىلەن بولغان نەچچە ئەسىرلىك مۇناسىۋەتلىرى، توقۇنۇش ـ جەڭ بولغان يىللار، ئورۇن ۋە ئادەم ئىسىملىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن.

»تەبەرى تارىخى» يەنە شۇنىڭدىن كېيىن تۈرك ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاق ھۇن ـ ئۇيغۇرلار بىرلەشمىسىدىن بۆلۈنۈپ، باشقىچە ئۇيۇشۇپ ئاق ھۇنلارغا قارشى كۆتۈرۈلۈپ يەڭگەندىن كېيىن ئاندىن پىرسىيگە قارشى قىلغان ھەرىكەتلىرى توغرىلىقمۇ مەخسۇس باب ئېچىپ بايان قىلغان. تۈرك ـ ئۇيغۇرلار بىرلەشمىسىنىڭ پەرغانە، بەلخ قاتارلىق جايلارغىچە ئىشغال قىلىپ پىرسىيە بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ئۆتكەن تارىخي پاكىتلار توغرىسىدا باشقا مەنبەدىكى يازمىلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدىغان قىسمەن مەلۇماتلارنى تولۇقلىغان.

»تەبەرى تارىخى» نىڭ قىممەتلىك بىر يېرى شۇكى، كىتاب دىنى ئەقىدىدىن تاشقىرى خالىسلىق بىلەن توختالغان پىرسىيە، ئاق ھۇن ـ ئۇيغۇرلار ۋە تۇرا ـ ئۇيغۇرلار تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن دەۋرلەر ئىدى، ئەدناسى، ئىسلام دىنىمۇ تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىغان دەۋرلەر ئىدى. مىلادى 4 ـ, 5 ـ ئەسىرلەردىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان يۇقىرىقى مەلۇماتلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پائالىيىتىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتىۋارلىقتۇر.

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، مەھمۇد قەشقىرى تىلشۇناس ئالىم بولۇشتىن تاشقىرى قاراخانىيلار خان

جەمەتىگە مەنسۇپ سىياسىيون، ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندا، قاراخانىيلار خانىدانلىقىنى تىكلەش ۋە مۇستەھكەملەشتە جەڭگىۋارلىق رولىنى ئوينىغان كاتتا ھەربىي قوماندانلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىغان. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلاردىنمۇ پۇختا خەۋىرى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بېرىلگەن ھەربىي ئىشلارغا ئائىت سۆز، سۆزلەم ۋە بىر مۇنچە مەلۇماتلارمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. گېرمانىيە قاراخانىيشۇناسى، نېمىس ئالىمى ئومىلجام پرىتساكنىڭ قىياسىچە، قاراخانىيلار خانىدانلىقى خان جەمەتىنىڭ يادرولۇق ئەزاسى بولغان مەھمۇد قەشقىرى بىر قېتىملىق ئوردا ئىچكى ھەربىي - سىياسىي ئۆزگىرىشتە قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن بولۇشى، قالغان ئۆمرىنى سەرگەردانچىلىق ئىچىدە يۇرت كېزىپ ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1982 - يىل 1 -, 2 - سانلىرىغا قاراڭ.

بۇ پىكىرگە قوشۇلىدىغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» شۇناسلىرى ئۇنىڭ يۇرت كېزىپ يۈرگەن چاغدا قىلغان ئىشى تىل تەكشۈرۈش، تۈركىي تىللارنى خاتىرىلەش ۋە سېلىشتۇرۇش، ئاندىن باغداتقا بېرىپ، مىلادى 1074 - يىللىرىنىڭ ئالدى- كەينىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى رەتلەپ كىتاب قىلىپ باغدات خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىش بولغان، دەپ بايان قىلىشىدۇ.

يۇرت كېزىپ يۈرۈپ تۈركىي تىللارنى تەكشۈرگەنلىكى ۋە تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، «ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىل ئۆگىنىش ئېھتىياجى ئۈچۈن» «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ چىققانلىقىنى مەھمۇد قەشقىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1980 - يىل 8 - ئاي نەشرى(

ئالىمنىڭ ئۆزىمۇ قەيت قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆزى ئۇستىدە بەرگەن مەلۇماتىنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىدا گۇمان يوق. ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تاماملىغاندىن كېيىن، باغدات خەلىپىسى بىلەن كۆرۈشۈش ۋە كىتابىنى تەقدىم قىلالىشىدىمۇ سالاھىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قاراخانىيلار خان جەمەتىنىڭ ئابرۇيلۇق ئەزاسلىقىدەك ئىمتىيازدىن پايدىلانغانلىقىمۇ ئەمەلىي ئېھتىماللىققا يېقىن.

لېكىن، ئالىملارنىڭ پەرەز قىلىشىچە، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان مەھمۇد قەشقىرىنىڭ شەرقتە سىبىردىن تارتىپ غەربتە رۇمغىچە بولغان 25 مىڭ پەرسەخ دائىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» گە قىستۇرۇلغان «دائىرە» خەرىتىسىگە، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز ئىزاھىغا قاراڭ.

ئۆز ۋاقتىدىكى قاتناش سەۋىيىسى بىلەن ئايلىنىپ چىقىشى، تۈرك ئۇلۇسلىرىنى بىرمۇ بىر تەكشۈرۈپ ئۈلارنىڭ، بولۇپمۇ بۇ ماقالىدە مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى ئۇنداق تەپسىلىي ئىگىلەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق ئېنىقسىزلىقنى يېشەلەيدىغان ئاچقۇچ يەنىلا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قولىدا، يەنى ئەرەب تىلىغا ئەرەب تىلشۇناسلىرىنىڭ ئۆزىدەك پۇختا تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقىرى ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ بىر بۆلىكىنى يۇرت كېزىپ

يۇرگەندە يۇرتداشلىرىدىن يىغقان بولسا، يەنە بىر بۆلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەرەب تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىلگەن، پەقەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىل نۇقتىسىدىن يېزىلغان كىتاب بولغاچقا، مەخسۇس توختىلىپ ئالاھىدە ئىزاھات بەرمىگەن، خالاس!

ئەرەبچە يازمىلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ۋە تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى، دىنى ئېتىقادى، كىشىلىك قارىشى، قىممەت قارىشى... قاتارلىق تەرەپلەردىكى مۇھىم، ئەسلىيەتلىك مەلۇماتلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندۇر.

.8مەھمۇد قەشقىرىدىن كېيىن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ توختالغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك تارىخشۇناس رەشىددىندۇر.

رەشىددىن ھەممىگە مەلۇملۇق مەشھۇر «جەمىئۇل تەۋارىخ (ئومۇمىي تارىخ)» بەزى تەرجىمىلەردە «تارىخلار توپلىمى» مۇ دېيىلىدۇ --- ئۆز ئىزاھىمىز.

كىتابىنىڭ داڭلىق باش تۈزگۈچىسى ھەم نامى ئۆلمەس مۇئەللىپىدۇر. ئۇنىڭ تولۇق ئىسمى رەشىددىن فەزلىئاللا بولۇپ، مىلادى 1247 - يىلى ئىراننىڭ ھەمەدان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ موڭغۇللار ئىراندا قۇرغان ئىلخان خانلىقىنىڭ خانى ئاباقاخان (مىلادى 1265 -- 1282 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە تېۋىپلىكتە داڭق چىقىرىپ، خانلىق ئوردىدا خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاش، خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىغا دەرس ئۆتۈش بىلەن شۇغۇللانغان. 1295 - يىلى غازان خان تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن رەشىددىن ئېتىبارغا ئېرىشىپ، مىلادى 1298 - يىلى غازان خان تەرىپىدىن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەنگەن.

رەشىددىن غازات خانغا، كېيىن ئولچايتۇخان (مىلادى 1304 - يىلىدىن 1316 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) غا باش ۋەزىر بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئولچايتۇخان مىلادى 1316 - يىلى كېسەل بولۇپ قالغاندا، رەشىددىن ئۇنىڭ داۋالىنىشىغا مەسئۇل بولغان. ئولچايتۇخان ساقىيالماي ئۆلۈپ، مىلادى 1317 - يىلى ئۇنىڭ 12 ياشلىق ئوغلى بۇسىيىن باتۇ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. شۇ يىلى 10 - ئايدا رەشىددىننىڭ سىياسىي رەقىبى بولغان يەنە بىر باش ۋەزىر ئېلى سەئىددىن ئۇسمۇر خانغا چېقىشتۇرۇپ يۈرۈپ، رەشىددىننى باش ۋەزىرلىكتىن قالدۇرغۇزۇۋەتكەن. مىلادى 1318 - يىلى ئېلى سەئىددىن رەشىددىننى ئولچايتۇخانغا زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، دەپ شىكايەت قىلىپ يۈرۈپ زىندانغا تاشلاتقۇزغان. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى 71 ياشلىق رەشىددىن كىچىك ئوغلى بىلەن بىرلىكتە جادۇدا بېلىدىن توغرىلىپ ئىككى پارچە قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

رەشىددىننىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ قەلەم تەۋرىتىشى، شۇنداقلا بىۋاستە تۈزىتىشىدىن ئۆتكەن «جەمىئۇل تەۋارىخ (تارىخلار توپلىمى)» موڭغۇل ئىلخانلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن موڭغۇللار، بولۇپمۇ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى توغرىسىدىكى ئەسەر بولۇپ، ئومۇمىي

مەزمۇنى ئاساسەن موڭغۇللار تارىخنى بايان قىلىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر، ھەر قايسى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر ھەققىدە ئىمكانىيەتلىك مەلۇماتلارنى خېلى تولۇق يىغقانلىقتىن، بۇ كىتاب بايقالغان نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، پۈتۈن دۇنيا بويىچە تارىخچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىشىدا ئاساسىي ماتېرىيال مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن.

»جەمىئۇل تەۋارىخ» كىتابىنىڭ ئۆچتىن بىرى دېگۈدەك موڭغۇللار، موڭغۇللارغا يېقىن مىللەتلەر، بولۇپمۇ تۈركلەر توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تولغان. رەشىدىدىن موڭغۇللارنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تۈركلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. تەبىئىكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر بىر تالاي ماتېرىياللارمۇ خېلى زور سەھىپىنى ئىگىلىگەن.

ئورخۇن ـ يېنسەي سىنتاش يادنامىلىرىنىڭ يېزىقى ئوقۇلۇشتىن ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» بايقىلىشتىن ئىلگىرى، دۇنيا مىقياسىدا تارىخچىلار ئومۇمەن خەنزۇچە مەنبەلەر بىلەن «جەمىئۇل تەۋارىخ» ئاساسىدا ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقاندى. دوسسون، رادلوۋ، بارتولد قاتارلىق ئۇنلىغان تارىخچىلارنىڭ تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا دائىر ئىلمىي ئەمگەكلىرىمۇ رەشىددىنىڭ «جەمىئۇل تەۋارىخ» ئىنى مەنبە قىلغانىدى.

رەشىددىنىڭ «جەمىئۇل تەۋارىخ» ئىنىڭ قىممەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئۇ «ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممە تارىخ كىتابلىرى ئىچىدىن جەۋھەرلىرىنى تاللىۋالغان، ھەر قايسى مىللەت ئالىملىرىنى كىتابنى تۈزۈش ۋە تۈزىتىش بېرىشكە قاتناشتۇرغان.» «جەمىئۇل تەۋارىخ» (شاڭۋۇ كىتاب بېسىش ئورنىنىڭ 1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي خەنزۇچە نەشرى) 1 ـ قىسىم، 100 ـ بەت .

شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتاب تارىخ ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى، دەپ باھالىنىپ كەلمەكتە.

»جەمىئۇل تەۋارىخ» نىڭ «ئۇيغۇرلار» بابىدا مۇنداق دېيىلگەن:

»بىردىنبىر ئاللاھقا چوقۇنغانلىقتىن ئوغۇزبىلەن ئۇنىڭ دادىسى، تاغىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك تۇغۇلۇپ، ئۆزئارا ئۇرۇش باشلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئوغۇزنىڭ بەزى قوۋمى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەمدەملەشكەن. يەنە بەزىلىرى بولسا، ئۇنىڭ دادىسى، تاغىلىرى ۋە ئىنىلىرى تەرەپتە تۇرغان. ئىتائەت قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ھەمدەملەشكەنلەرگە ئوغۇز >ئۇيغۇز >ئۇيغۇر < نامىنى بەرگەن. بۇ تۈركچە سۆز بولۇپ، پارسچە مەنىسى >ئۇ بىز بىلەن ئۇيۇشتى (بىرلەشتى)، بىزگە ھەمدەملەشتى <دېگەن بولىدۇ.

بۇ (ئۇيغۇر) لار دائىم ئوغۇز بىلەن بىللە تۇرغان. ئوغۇز باشقا ئەللەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولسا، ئۇيغۇرلارنى تاغ جىرالىرىدىن چاقىرىپ كېلىپ، ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە ئۆز دۆلىتىنى ساقلاپ تۇرۇشقا

بۇيرۇغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى مۇشۇ بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلاردىن چىققان...» «جەمئىۇل تەۋارىخ» (شاڭۋۇ كىتاب بېسىش ئورنىنىڭ 1983 - يىلى 1 - ئاي خەنزۇچە نەشرى) 136 -, 137 - بەتلەر.

خەنزۇچە مەنبەلەردە كۆپ تىلغا ئېلىنغان «قاڭلى «( 高车 )توغرىسىدا «جەمئىۇل تەۋارىخ» مۇنداق دەيدۇ:«ئۇ (ئوغۇز) نىڭ يېقىن قوۋمى... ئۆز ئالدىغا بىر خىل ھارۋىلارنى ياسىغان، غەنىيمەت ئېلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى ھارۋىلاردا توشىغان. تۈركىي تىلدا ھارۋىنى >قاڭلى <دەيدۇ. شۇندىن تارتىپ ئۇلار >قاڭلى <دەپ ئاتالغان. قاڭلىلارنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئاشۇلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن.» «جەمئىۇل تەۋارىخ» (شاڭۋۇ كىتاب بېسىش ئورنىنىڭ 1983 - يىل 1 - ئاي نەشرى) 1 - قىسىم، 239 - بەتلىرى.

»ئۇيغۇر قەبىلىلىرى» توغرىسىدا توختالغىنىدا «جەمئىۇل تەۋارىخ» مۇنداق يازىدۇ:

»تۈركىي تىلدا >ئۇيغۇر <سۆزى >ئۇيۇشقۇر> ,<ئۇيۇغۇر <مەنىسىنى بېرىدۇ. بۇ ئاتالغۇ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان ئۇلارنىڭ بارلىق ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ قەبىلە ئىچىدىكى بەزى قەبىلىلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن باشقىچە نام بىلەن، مەسىلەن: قارلۇق، قالاچ، قىپچاق دەپ ئاتىلىپ كەتكەنلىكتىن، >ئۇيغۇر <ئاتالمىسى باشقا بارلىق قەبىلىلەرگە مەنسۇپ بولۇپ قالغان. مۇشۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بارلىق ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار رايونىدا چوڭ ئىككى تاغ بولغان، بىرى، بۇقراتۇ -- بۇزلۇق، يەنە بىرى ئۇشقۇنلۇق تەڭرىم (ياكى ئاشقۇنلۇق تەڭرىم) دەپ ئاتالغان. قارا قۇرۇم تېغى ئاشۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، ئىككى تاغنىڭ يېنىدا يەنە بىر قۇت تاغ ناملىق تاغمۇ بولغان، مۇشۇ تاغلىق رايونلار ئىچىدىكى بىر جايدا ئون دەريا بولغان، يەنە بىر جايدا توققۇز دەريا بولغان. قەدىمكى دەۋرلەردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئاشۇ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ بويىدا، ئاشۇ تاغلارنىڭ ئەتراپىدا ۋە تۈزلەڭلىكلەردە ياشىغان. ئون دەريا ئېقىمىنى بويلاپ ئولتۇرغان ئۇيغۇرلار >ئون ئۇيغۇر ,<توققۇز دەريا ئېقىمىنى بويلاپ ئولتۇرغانلىرى >توققۇز ئۇيغۇر <دەپ ئاتالغان. دەريالار ساھىللىرىغا جايلاشقان يۇقىرىقى قەبىلىلەردىن باشقا، مۇشۇ رايونلاردا يەنە 122 قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى مەلۇم ئەمەس.

نۇرغۇن يىللار ۋە دەۋرلەر ئۆتكىچە، بۇ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇقىم يېتەكچىسى بولمىغان، كېيىن ھەممە قەبىلىلەر ئورتاق مەنپەئەتى ئۈچۈن يىغىن ئاچقان ۋە يىغىندا ھەممەيلەنگە بۇيرۇق بېرەلىگۈدەك تولۇق ھوقۇققا ئىگە بىر ھۆكۈمدار بولماي تۇرۇپ باشقىچە چىقىش يولىمىز بولمايدىكەن، دېگەن مەسلىھەتكە كەلگەن. (شۇنىڭ بىلەن) ھەممەيلەن ھەر قايسى قەبىلىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق قەبىلە باشلىقلىرى ئىچىدىن ماڭۇتاي ئىسىملىك بىر كىشىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا >ئېل ئىلتەبىر< نامىنى بەرگەن. ئۇز قۇندۇر قەبىلىسى ئىچىدىن يەنە بىر پەزىلەتلىك كىشىنى تاللاپ، ئۇنى كۆل ئېركىن دەپ ئاتىغان...

...ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ـ ئىزلىرى، ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋەقەلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بەزى ئېتىقادلىرى، ئۇلارنىڭ بايان قىلىشىغا ئاساسەن، <ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى> دېگەن مەخسۇس بابتا تەپسىلىي يېزىلدى«...

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «جەمىئۇل تەۋارىخ» بەرگەن مەلۇماتلار خەنزۇچە مەنبەلەردىن قالسىلا ئەڭ ئەتراپلىق، تەپسىلىي ۋە مول مەنبەلەر ئارقىلىق «جەمىئۇل تەۋارىخ» نى تولۇقلاشقا، «جەمىئۇل تەۋارىخ» ئارقىلىق خەنزۇچە مەنبەلەرنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

ئەمما، ئىسلام مۇھىتىدا يېتىلگەن ئالىم ئوغۇزلار توغرىسىدا بەرگەن باياناتىدا يەنىلا قىسمەن ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى پاكىت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركلەرنى، ئوغۇزلارنى، ئۇيغۇرلارنى «تەۋرات» قىسسىلىرىدىكى نوھ ئەلەيھىسسالامغا باغلاپ، مىللەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى يافەسكە تاقاپ چۈشەندۈرۈشكە تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي نۇقتىدىن قاراش لازىم.

ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى مەلۇماتى ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مەلۇماتىدىن تەپسىلىيرەك ۋە كونكرېتتەك تۇيۇلسىمۇ، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىدە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئورتاق ـ ئوخشاشلىق تەرىپى ۋە پەرقلىق تەرىپىمۇ بار. ئورتاق ـ ئوخشاشلىق تەرىپى مۇنۇلار:

ئا. ئۇيغۇرلار تۈركىي مىللەتلەر ئىچىدە ناھايىتى قەدىمىي قوۋم بولۇپ، ئۇيغۇرلار تۈركلەر ئۇيۇرمىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسلىق مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى يافەسكە تاقىلىدۇ.

ب. ئۇيغۇرلار كۆپ قوۋم (قەبىلە)، كۆپ ئۇرۇقلۇق مىللەت بولۇپ، شەكىللىنىش دەۋرىدىن ئېيتقاندا، باشقا تۈركىي قەۋملەردىن كۆپ ئىلگىرى تۇرىدۇ.

چ. ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن باتۇر، قەيسەر ئىدى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىش ـ ۋەقەلىرى بار ئىدى.

ئىككى ئالىمنىڭ مەلۇماتىدىكى پەرقلىق نۇقتىلار تۆۋەندىكىچە:

ئا. ئۇيغۇرلارنىڭ (مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 6 ـ, 7 ـ ئەسىرلەردىلا) ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا)، بارسىغان (ئافراسىياپنىڭ ئوغلى) دەك خاقانلىرى بار ئىدى. (مەھمۇد قەشقىرى(

خېلى دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقىم ھۆكۈمدارى بولمىغان.(رەشىدىدىن(

ب. ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر. (مەھمۇد قەشقىرى(

ئوغۇز قاراخاننىڭ ئوغلى، ئۇيغۇر ئوغۇزنىڭ ئىنىسى ياكى بىر ئاتىنىڭ نەسلى. (رەشىدىدىن(

ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىقى مەلۇماتلاردا زىتلىق يوق، مەھمۇد قەشقىرى ئۆزى ئۇيغۇر بولغانلىقى، تۈركىي ئۇلۇسلارنىڭ (ئەڭ مۇھىملىرىنى) ئاساسەن ئارىلاپ چىققانلىقى قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرى ئاساسىدا،

مىللەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، تىلشۇناسلىقنى چىقىش قىلغان. رەشىدىدىن بولسا قاراقوق ئىسلام تېئولوگىيىسىنى چىقىش قىلغان، بۇنى تۆۋەندىكى مەلۇمات بىلەن ئېنىقلىغىلى بولىدۇ:

بارسغان شەھرىنى ئافراسىياپنىڭ ئوغلى بارسغان سالدۇرغانلىقى ئۈچۈن شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان «بارسغان» نىڭ مەنبەسىنى رەشىددىننىڭ مەلۇماتى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. «جەمىئۇل تەۋارىخ» مۇنداق يازىدۇ:

»تۈركىي (قەۋملەر) بۇرۇن ۋە ھازىر ئىزچىل تۇردە (نوھنىڭ ئوغلى) يافەسنى بۇلجاخان دەپ ئاتايدۇ...

بۇلجاخان يايلاقتا مال باقىدىكەن. ئۇنىڭ يازلىق تۇرالغۇسى ئېگىز تاغلار (ئارىسىدىكى) ئورتاغ ھەم قىزتاغدا ئىكەن. ئۇ يەردە ئىينانچ دېگەن شەھەر بار ئىكەن. بولجاخاننىڭ قىشلىق لاگىرىمۇ (تۇرالغۇسىمۇ) ئاشۇ ئەتراپلاردىكى بورسۇق، قاقىئان ۋە قارا قۇرۇم دەپ ئاتىلىدىغان جايلاردا ئىكەن. مۇشۇ جايلارنىڭ يېنىدا تالاس ۋە قارا سايرام دېگەن ئىككى شەھەر بار ئىكەن«.

يۇقىرىقى بايانلارنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «ئۇيغۇر خاقاننىڭ بىر يىلقا باشقۇرغۇچىسى بولغان، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ شۇ يەردە يىلقا باققان، كېيىن بۇ يەر شۇنىڭ ئىسمى بىلەن بارسغان ئاتالغان.» دېگەن مەلۇماتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. يەنى، «جەمىئۇل تەۋارىخ» تىلغا ئالغان بۇلجاخان شەك - شۈبھىسىزكى مەھمۇد كاشغەرى مەلۇم قىلغان ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتۇڭا) نىڭ ئوغلى بارسغاندۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئافراسىياپنىڭ بارچۇق شەھرىنى بىنا قىلغانلىقى، ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئوردۇ كەنت قەشقەردە تۇرغانلىقى يېزىلغان، رەشىدىدىن بۇلجاخاننىڭ قىشلىق لاگېرى (تۇرالغۇسى) دەپ بايان قىلغان «بورسۇق» دەل ئاشۇ «بارچۇق» نىڭ پارىسچە تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن ئىبارەت.

بۇلجاخان، يەنى بارسغاننىڭ يازلىق تۇرالغۇسى «ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى ئورتاغ ھەم قىز تاغدا» دېگەن بايانىنى چۈشىنىش تېخىمۇ ئاسان. چۈنكى، قەشقەرنىڭ غەربىي، غەربىي جەنۇبىدىكى ئېگىز پامىر تاغ تىزمىلىرىنىڭ تۈزلەڭلىككە يېقىنراق باغرىدا ئويتاغ، قىزىلتاغ نامىلىق تاغلار بار بولۇپ، ئۇلۇغچات، يېڭىسار ناھىيىلىرى تەۋەسىدە.

ئەمدى «جەمىئۇل تەۋارىخ» تا يېزىلغان «مۇشۇ جايلارغا يېقىن يەردە تالاس، قارا سايرام شەھەرلىرى بار» دېگەن بايانغا كەلسەك، تالاسنى «جەمىئۇل تەۋارىخ» نىڭ مىلادى 1317 - يىلى ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى «بىلا» دەپ كۆچۈرگەن. (بۇ نۇسخا ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدىكى توپۇكاپ سالىھ كۇتۇپخانىسىدا 1518 نومۇر بىلەن ساقلانماقتا. بۇ نۇسخىنىڭ ئۇستىگە >ھىجرى 717 < -يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى >مىلادى 1317 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا <باغداتتا كۆچۈرۈلدى، دەپ ئېنىق يېزىلغان، بۇ نۇسخا كۆچۈرۈلگەن ۋاقىتتا راشىددىن تېخى ھايات بولۇپ، خېتى ئوچۇق،

رەتلىك) بولۇپ، ئەرەب يېزىقىدا «ب» بىلەن « » نىڭ سەۋەن يېزىلىپ قېلىشى، ئالماشتۇرۇپ قويۇلۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناھايىتى قېيىن. شۇڭا، يۇقىرىدا دېيىلگەن «لا» (تالاس) «بلا » (بالاس) بولۇشى ئەقىلگە مۇۋاپىق. ئۇنداق بولغاندا، مەزكۇر «بالاس» بالاساغۇن شەھىرى بولۇپ تونۇلۇشى لازىم.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئوغۇزلارنى تۈركمەنلەردۇر، دېيىشىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىنى رەشىدىدىن ئىزاھ بېرىپ، «جەمئۇل تەۋارىخ» تا ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ئىزاھاتنى تەكرارلاش ئوشۇقچە ئەمەس: «بۇگۈنكى كۈندە ئاساسىي جەھەتتىن تۈركمەن دېيىلىۋاتقان ئوغۇزلارنى ئالساق، ئۇلار قىپچاق، قالاچ، قاڭلى، قارلۇق ھەمدە ئۇلارغا مەنسۇپ بىر مۇنچە قەبىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» رەشىدىدىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇيغۇر) تۈركچە >ئۇيۇشقۇر> ,<ئۇيۇغۇر <مەنىسىنى بېرىدۇ. بۇ (ئۇيغۇر) ئاتالغۇسى مۇشۇ بىر بۆلۈك كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادىدىن بولغان ئۇلارنىڭ بارلىق ئۇرۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ قەبىلىلەر ئىچىدىكى بەزى قەبىلىلەر مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن باشقىچە نام بىلەن، مەسىلەن، قارلۇق، قالاچ، قىپچاق دەپ ئاتىلىپ كەتكەن.» دېمەك، «بۈگۈنكى كۈندە ئاساسىي جەھەتتىن تۈركمەن» دېيىلگەن «قىپچاق، قالاچ، قارلۇق، قاڭلى» لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوغۇزلار «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن باشقىچە نام بىلەن ئاتىلىپ قالغان» قەبىلىلەردۇر.

يۇقىرىقىلاردىن خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىزاھاتى سەۋەن ئەمەس، ئالىم پەقەت تىل دىئالېكتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئۇيۇرمىسىنى بۆلەكلەرگە ئايرىپ چۈشەندۈرمەكچى بولغان.

مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلار توغرىسىدا (3(

سەمەت دۇگايلى

خەنزۇچە يازما مەنبەلەر ئۇيغۇرلار توغرىسىدا

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەڭ باي، ئەڭ ئەتراپلىق ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل خاتىرىلەر خەنزۇچە يازمىلاردا خاتىرىلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جامائە باسقۇچىدىن تارتىپلا خەنزۇ مىللىتىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇرۇقداشلىق جامائەلەر بىلەن بەزىدە يېقىنلىشىپ، بەزىدە ئايرىلىشىپ ياشىغانلىقتىن، خەنزۇچە مەنبەلەر بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادە قىلىپ تۇرغان. تارىخشۇناسلارغا خەنزۇچە يازما مەنبەلىرىدەك مول پاكىت بىلەن تەمىنلىگەن باشقا بىر ئاساس كەم تېپىلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش مەنبەسىنى چىغىناق پۈتۈك يازمىلىرىغىچە تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ. بىزگە ئېنىقراق، كۆپ ئىزاھات ۋە چۈشەندۈرۈشسىز مەلۇم بولغان بايانلارنى

مۇكەممەلرەك خاتىرىگە ئالغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى» دىن كۆرۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارغا رەسمىي ئىسىم قويۇلۇپ سەھىپە ئاجرىتىلغان. ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن «تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. ئۇيغۇرلار ( 回纥 ) تەزكىرىسى» بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ:

»يۈەن خېلەر ( 袁纥 ) يەنە ۋۇخۇ ,( 乌护 ) ۋۇ خې ( 乌纥 ) دەپ ئاتىلاتتى. سۈي سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ۋېيخې ( 韦纥 ) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى... ۋېيخې ( 韦纥 ) لار بارغۇت (بوغۇ)، تۇڭرا، بايىرقۇلارنى ئۆزىگە قوشۇپ، ئۆزلىرىگە ئېركىن نامى بېرىپ ئۇيغۇر ( 回纥 ) ئاتالدى.» جۇۋېيجۇ: «يەنە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىسى توغرىسىدا»، «غەربىي شىمال تارىخىي ماتېرىياللىرى»، 1981 - يىل 2 - سان.

»مىلادى 4 - ئەسىردىن باشلاپ، سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان شەرقىي تېلې ( 东部铁勒 ) لار ئىچىدە يۈەنخې ( 袁纥 ) ياكى ۋېيخې ( 韦纥 ) لار بار ئىدى. ئېرتىش دەرياسى ۋە بالقاش كۆلى ئارىلىقىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان غەربىي تېلې( 西部铁勒 ) لار ئىچىدە ۋۇخۇ ( 乌护 ) ياكى ۋۇخې ( 乌纥 ) لار بار ئىدى. يېزىلىشى ئوخشىمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئۇيغۇرلار ( 回纥 ) نىڭ باشقىچە تەلەپپۇز قىلىنىشى ... ئۇيغۇرلار مىلادى 788 - يىلى ئۆز ئىسمىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى) 回鹘 خۇيخۇ) غا ئۆزگەرتكەن.» سىماپىڭ: «ئۇيغۇرلار تارىخى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «تارىخ ئوقۇتۇشى مەسىلىلىرى»، 1958 - يىل 1 - سان.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈش مۇمكىنكى، خەنزۇچە يازما مەنبەلەر مىلادى 4 - ئەسىردىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلار توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇشقا كىرىشكەن.

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرى تەۋە بولغان قاراخانىيلار خاندانلىقى ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئۇلار ئاللىقاچان شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەرقىي، شەرقىي شىمالىي قىسىملىرىغا جايلىشىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، گەرچە يۇقىرىقى جايلارنىڭ شىمالىدا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىدا قارا خانىيلار خاندانلىقى بولۇپ بۆلۈنۈپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان باردى - كەلدىسى بىر مەھەل قىتانلارنىڭ لياۋ سۇلالىسى ۋە تاڭغۇتلارنىڭ غەربىي شيا خاندانلىقى تەرىپىدىن ئۈزۈپ قويۇلغان بولسىمۇ، يەنە ھەر خىل ئامىللار بىلەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئالاقىلىشىپ تۇرغان. بۇنى «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» نىڭ يازما پاكىتلىرى بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن:

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې مىلادىنىڭ 981 - يىلى بېشبالىق ۋە قوچۇغا كېلىپ «قوچۇغا سەپەر»ناملىق خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان. ئۇنىڭدا مۇنداق بايانلار بار:

»قوچۇ غەربىي ئايماق (شىجۇ) مۇ دېيىلىدۇ... قار - يامغۇر ياغمايدۇ. لېكىن بەك ئىسسىق بولىدۇ... تەپپىك تيەنگونىڭ 7 - يىلى (مىلادى 982 - يىلى -- ئا) 4 - ئايدا ئارسلانخان بېشبالىققا سالقىنلىغىلى كېتىپ، ئۇنىڭ تاغىسى ئاتا ئېل ئۆگەسى دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرغانىكەن... ئېل ئۆگەسى ئادەم ئەۋەتىپ ۋاڭ يەندېگە ئېھتىرام بىلدۈردى ۋە ئۇنىڭدىن: ئۇ خاننىڭ تاغىسى، >ئەلچى نېمىشقا كېلىپ تەزىم قىلمايدۇ؟ <دەپ سورىدى. ۋاڭ يەندى جاۋاب بېرىپ> :مەن ئوردا (سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسى -- ئا) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلدىم. تەزىم قىلسام ياراشمايدۇ <.دېدى . >خاننىڭ ئۆزىنى كۆرسەڭ تەزىم قىلامسىڭ؟ <دېگەندە، ۋاڭ يەندى >رەسىم - يوسۇن بويىچە تەزىم قىلسام بولمايدۇ <دەپ جاۋاب بەردى. ئاتا ئېل ئۆگەسى بىر نەچچە كۈندىن كېيىن چىقىپ كۆرۈنۈش بەردى ۋە ئاندىن رەسمىي يوسۇن بويىچە ئىززەت - ھۆرمەت قىلىشتى... بۇ ئەلنىڭ زېمىنى جەنۇبتا خوتەنگىچە، غەربىي جەنۇبتا ئەرەب، پىرسىيەلەرگىچە تۇتىشىدىكەن. غەربىي ھىندىستانغىچە بارىدىكەن. پىشاۋۇر، قارلىق تاغ، پامىرغىچە سوزۇلغان مىڭ چاقىرىملىق ... زېمىنى ئىچىدە جەنۇبىي تۈركلەر، شىمالىي تۈركلەر، چېگىللەر، ياغمىلار، قارلۇقلار، قىرغىزلار، توخارلار، ساكلار، گېتالار... دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىكەن.» «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. قۇچۇ تەزكىرىسى >قۇچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش سەپىرى <ياقا قەۋملەر، كۇچا» غا قاراڭ.

سۇڭ سۇلالىسىنىڭ خانى جىنزۇڭنىڭ شيەنپىڭ 4 - يىلى (مىلادى 1001 - يىلى -- ئا) «بۈيۈك ئۇيغۇر خانلىقىدىكى كۇچا خانلىقىنىڭ --- ئەنشىدىكى چوڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنىڭ تەڭرىقۇتى كۇنخان ئۇتتۇقيار سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ سوۋغا تەقدىم قىلغان.» «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مۇھىم تەپسىراتلار «

بۇ ئەلچى مۇنداق دېگەن: «پېقىر خانلىقىمىزنىڭ مەخپىي ئەلچىسى بولۇپ كەلدىم. خانلىقىمىز شەرقتە خۇاڭخې دەرياسىغىچە، غەربتە قارلىق تاغقىچە يۈزلىگەن كىچىك ئايماقلارنى باشقۇرىدۇ. كۈندۈرۈلگەن خىل ئاتلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئوردا پېقىرغا قوماندانلىق قىلىشنى ئىلتىپات قىلسا داڭشياڭ (مىللەت ئىسمى -- ئا) ياۋۇزلىرىنى قوغلىۋېتىپ تۆھپە تەقدىم قىلسام.» «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مۇھىم تەپسىراتلار«

مىلادى 1009 - يىلى خوتەن «قاراخانى» سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» 490- جىلد «خوتەن تەزكىرىسى» بۇ ئىشنى مۇنداق يازىدۇ: «داجۇڭ شياڭفۇنىڭ 2 - يىلى (مىلادى 1009 - يىلى -- ئا) خوتەن قاراخانى ئارسلان سانغۇن قاتارلىق ئۇيغۇرلارنى سوۋغات، مال - مۈلۈكلەر بىلەن ئوردىغا ئەۋەتكەن. سانغۇن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ : >كەمىنە ۋەزىر ئون مىڭ چاقىرىملاپ يىراق يولدىن ئوردىغا كېلىپ، قۇياشتەك جامالىڭىزنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. ئون مىڭ ياشقا كىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. يىراقتىن كەلگەن بىزگە ئىگە بولۇپ قويۇڭ <.دېدى. خان ئالىيلىرى قانچىلىق ۋاقىت يول يۈرگەنلىكىنى، يولنىڭ قانچە چاقىرىم

كېلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى. ئەلچى جاۋاب بەردى: بىر يىل سەپەر قىلدۇق، كۈندۈزى يول مېڭىپ، كېچىسى ئارام ئالدۇق. ئارىلىقنىڭ قانچە چاقىرىم كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. بۇرۇنقى چاغلاردا يول - يوللاردا قاراقچى - بۇلاڭچىلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلاتتى، ھازىر گۈاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشى ناھىيىسى -- ئا)، شاجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ شەھىرى -- ئا) دىن خوتەنگە بارغىچە يوللار تىنچ، ئەمىن، سەپەرچىلەر ئېقىن سۇدەك ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ«.
ھازىرقى شىنجاڭ رايونىدىكى خانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەركىزى ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان باردى - كەلدى مۇناسىۋىتى ۋە ئولپان تاپشۇرۇشلىرى ھەققىدە سۇڭ سۇلالىسى بىلەن لياۋ سۇلالىسى تارىخلىرىدىكى يازمىلار يۇقىرىقى ستاتىلاردىكى مەلۇماتلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرۈشكە بولىدۇ:
قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا تاڭغۇتلارنىڭ شىشيا خاندانلىقى بىلەن قىتانلارنىڭ لياۋ سۇلالىسى توغرا تۇرۇۋالغانلىقتىن، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىتان لياۋ سۇلالىسى بىلەن بولغان ئالاقىسى كۆپىيىپ، سۇڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئاجىزلىشىپ بارغان. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ئارقىلىق مەلۇم بولۇشچە، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن لياۋ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش - كېلىش مىلادى 960- يىللىرىغىچە بىر قېتىم، مىلادى 970 - يىللىرىغىچە ئىككى قېتىم، مىلادى 980 - يىللىرىغىچە ئۈچ قېتىم، مىلادى 990 - يىللىرىغىچە ئۈچ قېتىم، مىلادى 1000 - يىللىرىغىچە ئىككى قېتىم، مىلادى 1010 - يىللىرىغىچە بىر قېتىم، مىلادى 1020 - يىللىرىغىچە بىر قېتىم، مىلادى 1040- يىللىرىغىچە ئىككى ئىككى قېتىم، مىلادى 1050 - يىللىرىغىچە ئىككى قېتىم، مىلادى 1060- يىللىرىغىچە بىر قېتىم خاتىرىگە ئېلىنغان. ئەنبۇجيەنفۇ (ياپونىيىلىك) نىڭ «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە 1 - نەشرى) گە قاراڭ.
ئەمدى كۇچاغا كەلسەك، كۇچا خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى باشقا بىر يول بىلەن بېرىپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇلارنىڭ سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىشى كۆپەيگەن. يەنى مىلادى 1000 - يىلى بىر قېتىم بارغان بولسا، مىلادى 1010 - يىلغىچە ئىككى قېتىم، مىلادى 1020 - يىلغىچە ئۈچ قېتىم، مىلادى 1040 - يىلغىچە ئىككى قېتىم، مىلادى 1070 - يىلغىچە تۆت قېتىم بارغان. ئەنبۇجيەنفۇ (ياپونىيىلىك) نىڭ «غەربىي ئۇيغۇر خانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 - يىل 12 - ئاي، خەنزۇچە 1 - نەشرى) گە قاراڭ.
»سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» دا بۇ ئەلچىلەر بۇرۇنقىدەكلا «بۇيۇك ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۇچادىكى خانى» نىڭ ئەلچىسى دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادى 1090 - يىلى كۇچادىن بارغان ئەلچىنى «كۇچادىكى ئارسلان خانلىقى» نىڭ چوڭ خانى ئارسلان قاتارلىق ئۈچ كىشى كەلدى، دەپ يازغان. ئارسلان قاتارلىق بۇ ئۈچ كىشى قاشتېشىدىن ياسالغان بۇتنى ئېلىپ بارغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى»نىڭ مۇھىم

مەزمۇنلىرى. تارىختىن بۈيانقى ئۇلپانلار» نىڭ «شىنزۇڭ شىنگنىڭ 7 ـ يىلى» ۋە «جېزۇڭ جاۋشېڭنىڭ 3 ـ يىلى» قىسىملىرىغا قاراڭ.

خوتەندىكى ئارسلانخاننىڭ ئەلچىلىرى يۇقىرىدا كۆرستىلگەن مىلادى 1009 ـ يىلدىن كېيىنمۇ سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا بېرىشنى ئۈزۈپ قويمىغان. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. خوتەن تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، كۇچادىكى ئارسلانخان سۇڭ سۇلالىسى بىلەن قىزغىن مۇناسىۋەت باغلاپ يۈرگەن ئاشۇ بىر ئەسىر ئىچىدە، خوتەندىكى ئارسلانخانمۇ يەنە مىلادى 1063 ـ يىلى، مىلادى 1087ـ يىلى ۋە مىلادى 1096 ـ يىللىرى سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەنبۇجىيەنفۇ (ياپونىيىلىك) نىڭ «غەربىي ئۇيغۇرخانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى) گە قاراڭ.

»سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مۇنداق خۇلاسە چىقىرىدۇ: «ئۇيغۇرلار غەربكە كەتكەندە قەبىلىلىرى چېچىلىپ كەتكەن. (ئۇلارنىڭ) گەنجۇ (خېشى) دا بىر خانى بار، شىجۇ (قوچۇ) دا بىر خانى بار، يېڭى فۇجۇ (خوتەن) دە قاراخانى بار، ئۇلار ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى.» ئەنبۇجىيەنفۇ (ياپونىيىلىك) نىڭ «غەربىي ئۇيغۇرخانلىقى تارىخى ئۈستىدە تەتقىقات» (شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1985 ـ يىل 12 ـ ئاي خەنزۇچە 1 ـ نەشرى) گە قاراڭ.

يۇقىرىقى مەلۇماتلاردىن مەلۇمكى، مەيلى قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ياكى جەنۇبتىكى قاراخانىيلار خاندانلىقى بىر مەركەزگە مۇقىم، ئۇيۇل ئۇيۇشقان، ئۆز ئالدىغا بولسىمۇ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر خانلىقى شەرتىنى هازىرلىمىغاندەك تۇرىدۇ. بۇددىست كۇچا خانلىقىنىڭ ئۆزىنى «ئارسلانخان» ئاتىشى ياكى ئەلچىلىرىنى «ئارسلان» نامى بىلەن سۇڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەۋەتىشى، ئۇنىڭ بېشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارام ئەمەسلىكىنى كۆرسەتسە، خوتەندىكى ئۇيغۇر خانىنىڭمۇ ئۆزىنى «قاراخان» ئاتىشى، ئۇنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقىدىن بۆلۈنۈش ئىستىكىدە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ. هېچبولمىغاندا، مىلادى 11 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىمۇ، قاراخانىيلار خاندانلىقىمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈكىدىن مەھرۇم بولۇشقا، سۇڭ سۇلالىسى ياكى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش قەدىمىنى بېسىشقا كىرىشكەن. سۇڭ سۇلالىسى بولسا بۇ بۆلۈنمە خانلىقلارنىڭ هېچبىرىگە يان باسماي، ھەممىسىنى ئەسلىدىكى «ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى» دەپ تونۇغان. بۇنى باشقىچە چۈشەندۈرۈشكىلى بولمايدۇ.

بۈيۈك ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل بېگانىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا كەڭ دائىرىلىك مەلۇماتلار توغرىسىدا سۆزلىگەن تۇرۇقلۇق، خانلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا گەپ قىلماي ۋە بېشارەت خاراكتېرلىك بولسىمۇ ئۈچۈر بەرمەي ئۆتۈپ كەتتى؟

بۇ مەسىلىگە ئاسانراق جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تارىخشۇناس، سىياسىيون

بولماستىن تىلشۇناس ئىكەنلىكىنى، تۈركىي تىللارنى ئىچكى جەھەتتە ئۆزئارا، ئومۇمىي خاقانىيە تىلىنى ئەرەب تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ چىققانلىقىنى تەكرار بايان قىلىش كۇپايە قىلىدۇ. ئەمما، ئەستايىدىل ۋە چوڭقۇرراق ئانالىز قىلىپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىدىغان بولساق، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۆز ئىچىگە ئالغان مول، ئەتراپلىق مەزمۇنى بىلەن سېلىشتۇرما تىللار دىۋانى بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئۆز ئىچىگە ئالغان تىل سۆزلەملىرىنىڭ ئىزاھاتلىق لۇغەتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ. دەل ئاشۇ سۆزلەملەرنىڭ ئىزاھاتلىرى مۇئەللىپ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىنى، «سامانىيلار قولىدىكى سەلتەنەتنى تارتىپ ئالغان» لارنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ خان جەمەتىگە تەۋە مۇھىم شەخس بولۇشىدەك سالاھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭدا سىياسىئونلۇق، ھەربىي قوماندانلىق، دىپلوماتلىق شەرتلىرى ھازىرلانغان بولىدۇ. خان جەمەتىگە تەۋە مۇھىم شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردا كۈتۈپخانىسىدىكى ھەر خىل يازما مەنبەلەر بىلەن كەڭ - كۇشادە ئۇچرىشالايدۇ. بۇ تەبىئىكى، ئۇنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەت، تىل، مىللەت - قەۋملەر چۈشەنچىسىنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇرغان. بۇ «تۈركىي تىللىق قەۋملەرنىڭ تىلىنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن» ئالاھىدە ئاتلىنىپ چىقىپ «رۇمدىن سىبىرگىچە بولغان» شۇنچە كەڭ، ئۇزۇن مۇساپىنى بىۋاستە مېڭىپ سەپەر قىلىش ئېھتىياجى ۋە زۆرۈرىيىتىنى ئازايتقان.

ئەمدى ئۇنىڭ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى» بايان قىلغان «گەنجۇدا بىر خانى، قوچۇدا بىر خانى، كۇچادا بىر خانى، خوتەندە بىر قاراخانى بار» لىقىدەك مەلۇماتتىن يانداپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭغا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىر قېتىملىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن، قان تۆكۈلگەن قىرغىنچىلىقتىن قېچىپ كېتىپ ئامان قالغانلىقىدەك قىياسقا قوشۇلۇشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ئۆز بىساتىمىزدىن يەنە قوشۇپ تولۇقلاشقا تېگىشلىكى شۇكى :

»تۈركىي تىللار دىۋانى» باغدات خەلىپىسىگە تەقدىم قىلىنىدىغان كىتاب بولغاچقا، قاراخانىيلار خاندانلىقى ۋە قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىگە يۈزلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشنى خالىمىغان. يەنى «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» قېلىشنى، «ئۆي ئىچىدىكىنى تالاغا يايماسلىق» نى كۆزدە تۇتقان.

ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا سۆزلەملەرنىڭ ئىزاھاتى ئېھتىياجى ئۈچۈن بىر مۇنچە ھەربىي سەركەردىلەرنىڭ، جامائەت ئەربابلىرىنىڭ ئىسمىنى كىرگۈزگەن. شۇنداقلا، يەنە مىسالغا ئېلىش زۆرۈرىيىتى بىلەن نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرى قاتارىدا بەزى شائىرلارنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالغان ۋە ئەسەرلىرىنى دەلىل كەلتۈرگەن. ئەمما، كاتتا مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ ۋە ئاجايىپ تالانتلىق، يىتۈك شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىب بىلەن ئەسەرلىرى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، شۆھرەتلىك نامى

تونۇش بولغان «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى ئەبۇل فۇتۇھ ئابدۇل جاففار ئىبن ھۇسەين ئەلمائى توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ ئۆتمىگەن. ھالبۇكى، بۇ ئىككى مەشھۇر زات مەھمۇد كاشغەرى بىلەن دەۋرداش، زاماندىش بولۇپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ قانلىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىگە باغلاپ چۈشىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ئۆزى خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولغان ھالدا «خاس ھاجىب» لىق مەنسىپىدىكى يۈسۈپ بالاساغۇنى بىلەن ئوردا تارىخچىسى ئەمىلى بار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى چەتكە قاققىلى بولمايدىغان ئەبۇل فوتۇھ ئابدۇل جاففار ئىبن ھۇسەين ئەلمائىنى ئۆزىگە چېتىۋېلىشنى ياكى قانلىق ئوردا سىياسىي ئۆزگىرىشىدە غەلىبە قىلغۇچىلارنىڭ ئۇ ئىككى كاتتا ئالىمنى مەھمۇد كاشغەرى جەمەتىگە چېتىپ قويۇشنى خالىمىغان.

بۇ ماقالىنى خۇلاسىلىگەندە، ئۆز زامانىسىنىڭ يېتۈك ئالىمى، رەت قىلغىلى بولمايدىغان بىكىك گۇۋاھچىسى مەھمۇد كاشغەرى شاھ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق ئاساسەن «خاقانىيە تىلى» نىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقى تەۋەسىدىلا ئەمەس، ئەتراپتىكى قوشنا رايونلار ۋە شۇ يەرلەردىكى ھەر خىل تەركىبلىك ئاھالىلەر ئارىسىدا ئورتاق قوللىنىلىدىغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. ئۇ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمگىكى ئارقىلىق بىر تالاي تىل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ، شۇنداقلا لوغەتشۇناسلىقنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ بەرگەنلىكى بىلەن مەڭگۈ يېگانە ئابىدىدۇر. ئىلىم ـ پەننىڭ باشقا بىر مۇنچە مەسىلىرى قاتارىدا گېزى كەلگەندە ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەن نۇقتىلار بىزنىڭ تېخىمۇ ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىزدىنىشىمىزدە تەڭداشسىز ئاچقۇچلۇق ۋە باشلامچىلىق رول ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە!

ئاپتور: ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پىنسىيونېرى

# 34-مەھمۇد كاشغەرىنىڭ يۇرتى ھەققىدە

پەرھات جىلان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرستېتى ئىلمىي ژورنىلى نىڭ ئۇيغۇرچە (پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەن قىسمى)1997-يىللىق 1-سانىدا 《دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك》نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ نەشرىيات مۇقەددىمىسى ئېلان قىلىندى.(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ 《ئىنگلىزچە مۇقەددىمە》دەپ ئاتىلىدۇ).ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى يازغان بۇ قىممەتلىك ئىلمىي ئەسەرنىڭ ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى دۇنياۋى تۈركىي تىللار تەتقىقاتىدىكى،جۈملىدىن《دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك》تەتقىقاتىدىكى يەنە بىر قىممەتلىك كاتتا ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ.ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە دىۋاننىڭ قول يازمىسىدىكى كېيىنكى دەۋرلەردە يېزىپ قالدۇرۇلغان تۈرلۈك خەت ئىزلىرى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان ۋە شەرھلەنگەن.دىۋان ئەسلى نۇسخىسىنىڭ بوش ئورۇنلىرىغا يېزىپ قالدۇرۇلغان ئەنە شۇ قىسقىچە خاتىرىلەر،ھەقىقەتەنمۇ،دىۋان تەتقىقاتىدىكى يېڭى تەتقىقات ھساپلىنىدۇ.شۇ يېڭىلىقلار بۇ ساھەدىكى ئىلمىي خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بەرگۈسى.

ۋەھالەنكى،داۋان تەتقىقاتى مۇنداق ئىككى چوڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:
1) دىۋاننىڭ تولۇق تېكستى(كېيىنكىلەر تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان خەت ئىزلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)؛2) دىۋان ئاپتورىنىڭ سالاھىتى ۋە دىۋاندا ئىپادىلەنگەن تىلنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى.ئىگلىزچە مۇقەددىمىدە 1-مەزمۇنغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلگەن،بىراق 2-مەزمۇن نىمە ئۈچۈندۇر تەتقىقات خاراكتېرىدە ئەمەس،بەلكى خەۋەر ياكى ئادەتتىكى بايان تەرقىسىدە قىسقىچىلا تونۇشتۇرۇپ

ئۆتتۈلگەن.

بۇ ماقالىدە ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدىكى دەل ئاشۇ ئاجىز ھالقا ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۈشنى لايىق تاپتۇق.

ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى دىۋان ئاپتورىنىڭ يۇرتى توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەندە 《ئۇ (مەھمۇد قەشقىرى) XI-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئىسسىق كۆل بويىدىكى بارسغان شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن》 دىگەن بىر جۈملە سۆز بىلەنلا چەكلىنىدۇ.ئەپسۇسكى بۇ ئاپتۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بۇخىل كۆز قارىشىنى ئىلمىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھىچقانداق دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمەيدۇ.ئىنگلىزچە مۇقەددىمىگە بېرىلگەن 5-ئىزاھتا يەنە 《 <الكاشغرى> دىگەن تەخەللۇس تىتۇل بېشىدىلا ئۇچرايدۇ.بۇنىڭدا بىر ئاز گۇمان بار.چۈنكى ئاپتور قەشقەردىن بولماستىن بارسغاندىندۇر》 دىيىلىدۇ.دېمەك،بۇ ئىزاھتمۇ ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى ئۆزلىرىنىڭ يۇقىرىدىكى ئىسپاتلانمىغان كۆز قارىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلايدۇ.شۇ ئىزاھنىڭ ئاخىرىغا يەنە : 《ئاپتورنىڭ (مەھمۇد قەشقەرىنىڭ)ھاياتى ھەققىدە ئومېلىئان پىرىتساكنىڭ ...<مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر؟>دىگەن ماقالىسىغا قارالسۇن》دىگەن بىر جۈملە قوشۇپ قويۇلغان.

ئۇنداقتا بىز ئەنە شۇ《مەھمۇد قەشقەرى كىمدۇر؟》دىگەن ماقالىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئو.پىرىتساك《قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى》ناملىق ئەسەر ۋە ئەرەب تارىخچىسى ئىبىن ئەل ئەسىرنىڭ قاراخانىلار سۇلالىسى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلىگە ئاساسلىنىپ،XI-ئەسىردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نەسەبلىك باغلىنىش مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ ۋە ئاخىرى: 《بۇنداق بولغاندا،ماۋارەئۇننەھرنىڭ دەسلەپكى ئىستىلاچىسى (يۈسۈپ قادىرخاننى دېمەكچى-ئاپتور) نىڭ نەۋرىسى بولغان بارسغان ئەمىرى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەد مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتىسى بولۇپ چىقتى》 دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ.ئو.پىرىتساك يەنە ھۈسەيىن بىن مۇھەممەدنىڭXI- ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا《ئارسلان ئىلىك خان》ئۇنۋانى بىلەن قەشقەردىن بېرىپ،بارسغانغا ھاكىم بولغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ.قىسقىسى بۇ ماقالىدە،مەھمۇد قەشقىرىنى ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىنى بارسغانلىق دەيدىغان پىكىر تىلغا ئېلىنمىغان.دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە،ئۇلارنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكى قاراخانىلار تارىخىدىن ئېلىنغان پاكىتلار ئاساسىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

تۈركىيە ئالىمى شاكىر ئۈلكۈ تاشىرىنىڭ 《بۈيۈك تۈرك تىلچىسقەشقەرلىك مەھمۇد》ناملىق ئەسىرىدە بۇمەسىلە بىر قەدەر كېڭەيتىپ سۆزلەنگەن بولۇپ،ئۇنىڭدىمۇ مەھمۇد قەسقەرىنىڭ قەشقەردە تۇغۇلغانلىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئىلمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى گېك شىمنىنىڭ 《قاراخانىلار تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان》ناملىق ماقالىسىدە،مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەشقەردىكى خان جەمەتىنىڭ ئەاسى ئىكەنلىكى نەسەب تەرتىپى بويىچە سىخېملاشتۇرۇپ كۆرستىلگەن.يەنى-يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد بۇغراخان،ئۇنىڭ ئوغلى ھۇسىين ئارسلان ئىلىك خان،ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد قەشقىرى.

ئىلمىز تارىخچىسى ۋېي لياڭتاۋنىڭ 《قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى》ناملىق مەخسۇس ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورنىدىمۇ يۇقىرقىدەك كۆز قاراش تەكىتلەنگەن.

شۇنداق قىلىپ، 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》دىكى مەلۇماتلار بىلەن قاراخانىلار تارىخىنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلغاندا ۋە بولۇپمۇ بۇ خانلىقنىڭ نەسەبلىك باغلىنىشىنى ئېنىقلىغاندا،مەھمۇد قەشقىرىنىڭ يۇرتى بارسغان بولماستىن، قەشقەر ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.ئەقەللىسى،《قەشقەرى》تەخەللۇسىنىڭ ئۆزىلا دىۋان ئاپتورىنىڭ يۇرتىنى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.بۇ تەخەللۇس تىتۇل بېشىدىلا ئۇچرايدۇ. 《بۇنىڭدا بىر ئاز گۇمان بار.چۈنكى ئاپتور قەشقەردىن بولماستىن،بارسغاندىندۇر》دېگەن پىكىر چۈشىنىش تەس.ئەجەبا،ئاپتورنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى تىتۇلدا بىر قېتىملا يېزىلغانلىقى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟بارلىق پاكىتلار،يۇقىرىدا كۆرستىلگىنىدەك،دەۋان ئاپتورىنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىئي نەزەرنى كۈچلۈك ئىلمىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ تۇرماقتا.

ئەمدى بىز مەھمۇد قەشقەرىنى بارسغانلىق دېگەن كۆز قاراشنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.ئالدى بىلەن شۇنى قايتا تەكتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلدۇكى،دىۋان ئاپتورى شەرقىي قىسىم قاراخانىلار خانجەمەتىنىڭ ئەزاسى.بۇ نۇقتىنى مۇشۇ ساھەدىكى بارلىق تەتقىقاتچىلار،جۈملىدىن ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرىمۇ بىر دەك ئېتىراپ قىلىدۇ.تارىخىي پاكىتلار ئەينى دەۋىردىكى خان جەمەتىنىڭ قەشقەردە تۇرغانلىقى ياكى قەشقەردىن چىقىپ باشقا جايلارغا ھۆكۈمرانلىققىلغانلىقىنى كۆرستىپ تۇرىدۇ.شۇنداق بولغانلىقى تامامەن چۈشىنىشلىك بولۇپ،كىشىنى قايىل قىلىدۇ،چۈنكى قەشقەر شەھىرى دەسلەپتىلا پۈتۈن خانلىقنىڭ،كېيىنچە شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ئاساسلىق ئاستانىسى بولغانىدى.ۋەھالەنكى،بارسغان شەھىرى ھېچقانداق خانلىقنىڭ ۋە ياكى بىرەر مەمۇرىي رايوننىڭ سىياسىي – مەدەنىي مەركىزى بولغان ئەمەس.

بىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بارسغان ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》تە بارسغان ھەققىدە مۇنداق دىيىلىدۇ: 《بارسغان ئەفراسياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى.بارسغان شەھرىنى شۇ بىنا قىلدۇرغان.بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھرىدۇر》.

بۇ تەبىر ھەرگىزمۇ مەھمۇدنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ بارسغانلىق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرمايدۇ،بەلكى 《مەھمۇدنىڭ ئاتىدى ئىگدارچىلىق قىلىپ باشقۇرغان شەھەر 》دېگەن مەنىنى خېلى روشەن ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》تە يەنە مۇنداق بىر ماقالە خاتىرلەنگەن:

قۇشنىڭ ئەسكىسى سېغىزخان،

ياغاچنىڭ ئەسكىسى ئازغان.

يەرنىڭ ئەسكىسى قازغان،

خەلقنىڭ ئەسكىسى بارسغان.

مەھمۇد قەشقەرى بۇ ماقالنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ ، مۇنداق دەيدۇ: 《...ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەسكىسى بارسغانلىقتۇر،چۈنكى ئۇلارنىڭ خۇيى ئەسكى ۋە ئۆزلىرى بېخىل كېلىدۇ》.

بۇ ماقال ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى دىۋان ئاپتورىنىڭ ئەسلا بارسغانلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىڭ دەلىللەپ تۇرىدۇ. مۇبادا مەھمۇد قەشقەرى بارسغانلىق بولغىنىدا،ئۆز يۇرتى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان بۇنداق ماقالنى مىسالغا ئالمىغان ۋە بۇنداق چۈشەندۈرمىگەن بولاتتى.خۇسۇسەن،كىشلەرنىڭ ئىدىيىسىدە قەبىلىۋازلىق ۋە يۇرتۋازلىق ئەقىدىلىرى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى ئىگەللەپ تۇرغان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىدا ياشىغان بىر شەخسنىڭ بۇنداق غەيرى پىكىرلەرنى بايان قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھالبۇكى،مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ دىۋانىدا 《ئوپال》ۋە 《ئازىخ》دېگەن يەر ناملىرىغا 《بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى》دەپ تەبىر بېرىدۇ. 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》تە كەلتۈرۈلگەن باشقا ھېچقاداق يەر ــ جاي ناملىرىغا بۇنداق تەبىر بېرىلمىگەن.دېمەك،بۇ ئىككى تەبىرمۇ دىۋان ئاپتورىنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.چۈنكى ئازىخ (ھازىر ــ ئازىق) ئوپالدا ،ئوپال قەشقەردە.

بىز 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》تىنمۇ ۋە باشقا ھەرقانداق مەنبەدىنمۇ 《قەشقەرلىق》تەخەللۇسنى قوللانغان مەھمۇدنىڭ بارسغانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈدىغان بىرەرمۇ پاكىت تاپالمايمىز.ئەكسىچە،بارلىق پاكىتلار بۇ زاتنىڭ قەشقەرلىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.

ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە يەنە مۇنداق بىر جۈملىنى كۆرىمىز: 《 مەھمۇد قەشقەرى شۇ يەردە (بارسغاندا) ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماۋارائۇننەھرگە ھۆكۈمران بولغان قاراخانىلار سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ》.مەھمۇد قەشقەرىنىڭ 《قاراخانىلار سۇلالىسى جەمەتىگە مەنسۇپ 》بولغانلىقىدا شەك يوق،لېكىن 《ئوتتۇرا ۋە ماۋارائۇننەھرگە ھۆۋمران بولغان 》شۇ قاراخانىلارنىڭ چوڭ خاقانلىرى بارسغاندا ئەمەس،بەلكى قەشقەر ۋە بالاساغۇندا تۇرغان.مىلادى 1042-يىلى قاراخانىلار خانلىقى شەرقىي ۋە غەربىي قىسىملارغا بۆلۈنۈپ كەتكەندىن كېيىن شەرقىي قىسىمدىكى 《ھۆكۈمرانلار》قەشقەردە،غەربىي قىسىمدىكىلىرى سەمەرقەنتتە تۇرغان.بارسغان بۇنداق ئالىي 《ھۆكۈمرانلار 》ئەمەس،ئىككىنچى دەرىجىلىك خانلاردىن ئىبارەت بولغان ئىلىك خانلار ئىش

باشقۇرغان.

ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》تە ئىپادىلەنگەن تىل ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: 《ئاپتور (مەھمۇد قەشقەرى) ئۆزى تەسۋىرلىگەن تىلنى <تۈركىي> دەپ ئاتايدۇ.بەزى سۆزلەرگە <خاقانىيە > تىلى دەپ ئىزاھ بېرىلگەن.بۇ (قاراخانىلار ئوردىسى) غا خاس سۆزلەر دىگەنلىك بولىدۇ.ئۇنىڭدا ئاساسەن قاراخانىلار قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى چىگىل قەبىلىسىنىڭ تىلى ئاساس قىلىپ ئېلىنغان 》.ئەپسۇسكى،بۇ كۆز قاراشمۇ ھېچقانداق تارىخىي پاكىت ياكى تىل ماتېرىياللىرى بىلەن ئىسپاتلانمىغان.

رۇس تۈركولوگ ن.ئا.باسكاكوۋنىڭ 《تۈركىي تىللار》ناملىق ئىلمىي ئەسىرىدە دىۋاندىكى تىل توغرىسىدا توۋەندىكىدەك نۇقتىئىنەزەرلەر بايان قىلىنىدۇ:

《مەھمۇد قەشقەرى سېلىشتۇرما ئاساستا ئۇيغۇر تىلىدىن مىساللارى كەلتۈرىدۇ.بۇ تىل دىۋاندا تۈركىي تىل ياكى خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن تەرىپلەنگەن.شۇنداقلا،قىپچاق،ئوغۇز تىللىرىدىن ماتىرىياللار كەلتۈرۈلگەن بولۇپ،بۇ تىللار ئۆز ئارا يېقىنلاشتۇرىلىدۇ ۋە ئۇيغۇر تىلىغا قارشى قويۇلۇپ،ئۇيغۇر تىلى بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ...

ئۇ زاماندىكى ئەدەبىي تىل ئۇيغۇر تىلى ئىدى،ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا،مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تىللار تىزىملىكىدە يېزىلىشچە،ئۇيغۇر -قارلۇق قەبىلىلىرىدىن ۋە ئۇرۇقلىرىدىن تەركىب تاپقان خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ تىلى ئىدى 》.

بىز ئەمدى تۈركىي تىللارنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى چىقىش قىلىپ،يۇقىرىدا كۆرستىلگەن ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ كۆرەيلى.

XI-XII ئەسىرلەر تۈركىي تىللار تەرەققىياتىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئۆتكۈنچى دەۋرىدىن ئىبارەت. XI-ئەسىردىن ئىلگىرى بارلىق تۈركىي تىللار ئۇيغۇر -ئوغۇز ئەدەبىي تىلىنى مەركەز قىلاتتى. XI ئەسىردىن باشلاپ ئىككى مەركەز، يەنى ئىككى خىل ئەدەبىي تىل شەكىللىنىپ چىقىشقا باشلىدى.بۇلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر -قارلۇق تىلى ،ئىككىنچىسى ئوغۇز - تۈركمەن تىلىدىن ئىبارەت. XI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىن ئېتىبارەن ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ غەربكە كۆچۈپ،يېڭى بىر سىياسىي -ئىجتىمائىي گەۋدىنى تەشكىل قىلغان سالجۇقىلار سۇلالىسىنى شەكىللەندۇرۇشى نەتىجىسىدە بۇ خىل بۆلۈنۈش تۈركىي تىللار قۇرۇلمىسىدا يەنىمۇ مەركەزلىك ئىپادىلەندى.بۇ دەۋردە ئوغۇز تۈركىمى ئىچىدىن يەنە قىپچاق تىلى ئايرىلىپ چىقىشقا باشلىغان بولسىمۇ،كېيىنكىسى تېخى رەسمىي ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەنىدى.

روسىيە ئالىمى ئا.ساموىلوۋىچ XI ئەسىردىكى تۈركىي ئەدەبىي تىلنى 《قەشقەرنى مەركەز قىلغان

قاراخانىلار تىلى 》دەپ ئاتايدۇ.ئاتاقلىق قازاق تىلشۇناسى ئا.قايداروۋ ئۆزىنىڭ《ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى》سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ئەسىرىدە ئۇيغۇر – ئوغۇز ئاساسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا《ئالتۇن يارۇق》تۇرپان تېكىستلىرى قاتارلىق يادىكارلىقلارنىڭ تىلى ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى،خاقانىيە (ئۇيغۇر – قارلۇق) ئەدەبىي تىلىغا بولسا،《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》ۋە《قۇتادغۇ بىلىك》ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.ئاتاقلىق رۇس تىلشۇناس ئا.م.شېرباكمۇ يۇقىرىقىدەك پىكىرلەرنى قۇۋۋەتلەپ،قاراخانىلار تىلىنى《XI -XII ئەسىرلەردىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان قارلۇق –ئۇيغۇر تىلى》دەپ ئاتايدۇ. 《ئۆزبېك تىلىنىڭ تارىخى گرامماتىكىسى》نىڭ كىرىش قىسمىدىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن يۇقىرىدىكىلەرگە ئوخشاش پىكىر بايان قىلىنىپ:

《قاراخانىلار دەۋرىدە ماۋارائۇننەھر ۋە قەشقەردە قارلۇق-ئۇيغۇر ۋە قىسمەن قىپچاق –ئوغۇز ئۇرۇقلىرى تىللىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىي ئەدەبىي تىل مەۋجۇت ئىدى 》دېيىلگەن.

《دىۋاندا چىگىل تىلى تەسۋىرلەنگەن 》دېگەن مەسىلىگە كەلسەك،بۇخىل كۆز قاراشنى دەسلەپتە ئۆزبېك ئالىمى سالىھ مۇتەللىپوۋ 1961-يىلى 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》نىڭ ئۆزبېكچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان.ئىنگلىزچە مۇقەددىمە ئاپتورلىرى ئېھتىمال شۇنىڭغا ئاساسلانغان بولسا كېرەك.

دەرۋەقە چىگىل قەبىلىسى ئەسلىدە قارلۇق قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ بىر ئەزاسى ئىدى.شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى،قارلۇق تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ناھايىتى يېقىن تۇغقان تىللار ئىدى. XI-ئەسىردە قارلۇق ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇر ئىتتىپاقى بىرلىشىپ،ئىلىم ساھەسىدە 《ئۇيغۇر –قارلۇق ئومۇمىيلىقى》دەپ ئاتالغان زور ھەم قۇدرەتلىك سىياسىي –ئىجتىمائىي تۈركۈمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.بۇ تۈركۈم ئىچىدە يەنىلا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يەنىلا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينىغانلىقى ئۈچۈن《قارلۇق》ئاتالغۇسى كېيىنكى ۋاقىتلاردا تەدرىجى ھالدا ئىستىمالدىن چۈشۈپ قالدى.ئەكسىچە،《ئۇيغۇر 》دېگەن ئېتنىك نام بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە 《چىگىل تىلى》ياكى 《چىگىل تىلىغا تەئەللۇق ماتېرىياللار》ئىلىم دۇنياسىغا تېخى مەلۇم ئەمەس.لېكىن ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ، بۇ ھال،شۈبھىسىزكى،تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى ھەمدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ بىز سۆزلەۋاتقان ئاشۇ XI-ئەسىردە (باشقا دەۋرلەر توغرىسىدا سۆزلىمەي تۇرايلى) ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەر ئورتاق قوللانغان ئەدەبىي تىل بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا بىز ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى

ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرىدە تەسۋىرلىگەن تىل ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئىدى دەپ تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمىز.
《خاقانىيە تۈركچىسى》دېگەن ئاتالغۇغا كەلسەك،بۇ ئىنگلىزچە مۇقەددىمىدە ئېيتىلغاندەك،《ئوردا تىلى 》ئەمەس،بەلكى قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىنىڭ شېۋىسى ئىدى.تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرىنى يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق. 《خاقانىيە》سۆزى ھەرگىزمۇ 《ئوردا》مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ.توغرا،بۇ سۆزنىڭ سېمانتىكىلىق مەنىسىدىن قارىغاندا 《خاقان تۇرىدىغان ئورۇن ،جاي》دېگەندەك مەنىسى بار دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.لېكىنبۇ يەردە دېيىلىۋاتقان 《خاقان تۇرىدىغان ئورۇن》ئوردا بولماستىن،كەڭ مەنىدىكى جۇغراپىيىلىك نەر نامىنى ئىپادىلەيدۇ. 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》نىڭ بىر مۇنچە ئورۇنلىرىدا 《خاقانىيە تۈركلىرى》،《خاقانىيە بەگلىرى》،《خاقانىيە خانلىرى》،《خاقانىيىلىكلەر》دېگەن سۆز ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بۇ پاكىتلار 《خاقانىيە》سۆزىنىڭ خانلىقنى ياكى بەلگىلىك بىر مەمۇرىي رايوننى ئىپادىلەيدىغانلىقنى ئۇقتۇرىدۇ،يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ،بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى 《 ـ يە 》قوشۇمچىسى مەمۇرىي بىرلىك نامىنىڭ گراماتىكىلىق ـ مورفولوگىيىلىك شەكلىدىن ئىبارەت.
شۇنداق قىلىپ،تىلشۇناسلىقساھەسى بويىچە تەھلىل ـ تەتقىق قىلغاندىمۇ،تارىخى پاكىتلار بويىچە تەكشۈرگەندىمۇ 《دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك》تە تەسۋىرلەنگەن تىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكى،مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شەرقىي قىسىم قاراخانىلار خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ،مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاساسلىق ئاستانىسى قەشقەردە دۇنياغا كەلگەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.بۇ،ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى بىر قاتار مۇتەخەسسىلەرنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشۋە تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە خېلى بۇرۇنلا ئىسپاتلىنىپ،مۇقىملىشىپ بولغان مەسىلە ئىدى.ھالبۇكى،《ئىنگلىزچە مۇقەددىمە》دىكى مەزكۇر تېمىدا سۆزلەنگەن دەلىلسىز بايانلار بىزنى بۇھەقتە يەنە بىر قېتىم ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

# 35ـ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلىق ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ ئالاھىدىلىكى

ئەخمەت مۇمىن تارىمى

قاراخانىيلار خانلىقى ـ ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن ۋە قۇدرەت تاپقان خانلىق بولۇپ، بۇ خانلىق ھۆكۈم سۈرگەن 399 يىل جەريانىدا، خانلىق تەۋەسىدىكى ھەر قايسى رايونلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن بىر قاتاردا ئىلىم ـ پەنمۇ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان. جۈملىدىن قەشقەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەندلەردە ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ـ مەدرىسىلەر قۇرۇلغان. بۇ مەدرىسىلەر ئۆز دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئوچىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن دىن، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، ماتىماتىكا، تىبابەتچىلىك قاتارلىق تەبئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدە كۆپلىگەن ئۆلىمالارنى، ئەدىب ـ شائىرلارنى، تىلشۇناسلارنى، پەيلاسوپلارنى، تارىخشۇناسلارنى، تىۋىپلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ ئىلىم ئەھلىلىرى تۈرك(ئۇيغۇر)، ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، كېيىنكىلەرگە جاھانشۇمۇل يازما مىراسلارنى قالدۇرغان.

بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىق ئۇيغۇرلاردا خېلى بۇرۇندىنلا شەكىللەنگەن يازما ئەدەبىيات بىلەن قېرىنداش بولغان ھالدا ئورخۇن خانلىقى دەۋرىدىكى توققۇز ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز) ئەنئەنىسى بويىچە تېخىمۇ راۋاجلانغان.
جۈملىدىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق شەكىل جەھەتتە ئاغزاكى تارىخشۇناسلىقتىن يازما تارىخشۇناسلىققا تەرەققى قىلغان (مەڭگۈ تاشلار بۇلارنىڭ دەلىلى).

مەزمۇن جەھەتتە تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى سىڭگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى مەزمۇن قىلىشتىن تەڭرى ئېتىقادچىلىقى سىڭگەن راست ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى مەزمۇن قىلىشقا ئۆتكەن بولسا، بۇ دەۋردە تارىخشۇناسلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئېتىقاد ۋە يېزىق جەھەتتە زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىل جەھەتتە ئەرەب تارىخشۇناسلىقىنىڭ

ئۇسلۇبى، مەزمۇن جەھەتتە ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ خاھىشىنى سىڭدۈرگەن.
لېكىن شۇنداقتىمۇ ئىلگىرىكى تارىخشۇناسلىق ئەنئەنىسى يەنىلا ئاساسى ئورۇندا تۇرغان. جۈملىدىن بۇ دەۋردىكى تارىخشۇناسلىق ئەرەب تارىخشۇناسلىقىنى ئۈرنەك، ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ تېخىمۇ ئىلمىيلەشكەن، سىستېمىلاشقان، مۇكەممەللەشكەن،
مەسىلەن: مۇشۇ دەۋردە ئۇيغۇر تارىخشۇناسى ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرى «كەشغەر تارىخى» ناملىق چوڭ ئەسەرنى،جامال قارشى «مۇلھىقاتۇس سۇراھ» ناملىق مەشھۇر لۇغەتنى، مۇھەممەد ئىبنى ئەلكاتىب سەمەرقەندى «ئەغرازۇ سىياسى فى ئىلمى سىياسى» ناملىق ئەسەرنى، مەجىددىن مۇھەممەت ئەلئەۋھى «جامئۇل ھېكايە» ناملىق ئەسەرنى، يەنە ئۇبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن بەيھقى 30 تومدىن ئارتۇقراق تارىخى ئەسەرنى يېزىپ، ئەينى دەۋىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خانلىقلار، ئۇلۇس-مىللەتلەر، پادىشاھلار، مەشھۇر شەخسلەر، ئالىم-ئۆلىمالار ھەم ۋەقە-ھادىسىلەرنى تەزكىرە، تەرجىمىھال، ھېكايەت شەكلىدە بايان قىلغان.

بۇ دەۋردىكى ئىلىم-پەن تەرەققىياتىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئۇلۇغ ئالىم ھەم ئىلمى ئابىدە-مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرى بولۇپ، ئاپتۇر بۇ ئەسىرىدە تىل، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، ھەربىيشۇناسلىق قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەردىن ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ۋە خەلقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ھەققى سۈرەتلەپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئەسەردە زور سالماقنى ئىگىلىگەن تىل مەلۇماتلىرى بىلەن بىر قاتاردا تارىخى مەلۇماتلارمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە ئەكس ئەتكەن ھەم ئۆز سالمىقى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتقان.

(1) «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك»تىكى تارىخى مەلۇماتلارنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسلۇبى

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىنى ئۆزى ئېيتقاندەك ئۆزىگە خاس بىر خىل ئىلمى ئۇسۇلدا تۈزۈپ، كېيىنكىلەرگە «ئەبەدىي يادىكار» قىلىپ قالدۇرغان.
ئۇ بۇ ھەقتە: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتاپنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم. بۇ يازغان ئەسىرىم تەلەپكە ئۇيغۇن بولسۇن، پايدىلانغۇچىلارغا قوللانما بولغۇدەك بىر قىممەتكە ئىگە بولسۇن دېگەن نىيەت بىلەن بىر مۇنچە قائىدىلەرنى تۈزۈپ، يېگى-يېگى ئۆلچەملەرنى قويدۇم... جۈملىدىن تۈرك خەلقلىرىنىڭ كۆرگەن بىلگەنلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىر ۋە قوشاقلىرىدىن، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئېيتقان چوكقۇر مەنىلىك ماقال- تەمسىللىرىدىن مىساللار كەلتۇردۇم... شۇنىڭ بىللە يەنە بىر مۇنچە ئىبارىلەرنى كىرگۈزدۇم. شۇنداق قىلىپ بۇ كىتاپ يېشىلىقلار بېرىشتە

قىيامغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانغا يەتتى»(1) دەپ ئېيتقان.
بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاپتۇر بۇ ئەسىرىدە نۇقۇل تارىخشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى ئېھتىياج نۇقتىسىدىن چىقىپ قەلەمگە ئالغان تارىخى مەلۇماتلارنىمۇ ئالاھىدە بىر ئۇسلۇپتا بايان قىلىنغان.

يەنى تەزكىرە، تەرجىمىھال، ھېكايەت، شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىل شەكلىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللانغان.
جۈملىدىن ئەسەردە تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بايان قىلىش جەريانىدا، تېكىستنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىدا ئىسپات، پاكىت كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن مەلۇم قەبىلە-ئۇلۇس، شەخس، ۋەقە-ھادىسە، ئىش-ھەركەتلەرگە باغلاپ مۇئەييەن تارىخى مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرىنى تەرجىمىھال شەكلىدە، بەزىلىرىنى ھېكايەت شەكلىدە، بەزىلىرىنى شېئىر-قوشاق شەكلدە، بەزىلىرىنى ماقال-تەمسىل شەكلىدە قەيت قىلغان.
ئۇنىڭدىن باشقا شۇ زامانلاردا تارىختا ئىسلام پەلسەپىسى بىلەن قاراش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئاپتۇر تارىخى مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا دىنى رامكىغا چۈشۈپ قالماي، بەلكى بۇنىڭدىن چەتنىمگەن ئاساستا تۈركى خەلقلەرگە دائىر بىر مۇنچە تارىخى ۋەقەلەرنى مۇمكىن قەدەر ئەينەن بايان قىلغان.
بۇنىڭ بىلەن تارىخى پاكىتلار چىن، ئىلمى، سېستىمىلىق يورۇتۇلغان.
بۇ شۇ دەۋىردىكى، ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردىكى تارىخى ئەسەرلەردىمۇ كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئۇسلۇپتۇر.

(2) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى تارىخى مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى يېزىشتىن بۇرۇن تۈركىي، پارس، ئەرەب تىلدا يېزىلغان ھەر خىل ئەسەرلەرنى كۆپ ئوقۇغان.
جۈملىدىن ئەرەب تارىخى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسىنى ئىنچكە ئۆگەنگەن، شۇنداقلا تۈركى خەلقلەر ياشىغان رايونلاردا ئون نەچچە يىل ئىلمي ھەم ئەمەلىي تەكشۈرۈش قىلغانلىقتىن ئەسەردىكى مەزمۇنلارنى، جۈملىدىن تارىخى مەلۇماتلارنى بايان قىلىشتا ھەم ئەرەب-ئىسلام ماتېرىياللىرىنى، ھەم خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت-ھېكايەت، شېئىر-قوشاق، ماقال-تەمسىللەرنى، ھەم ئۆزى تەكشۈرۈپ توپلىغان ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغان.
بولۇپمۇ ئۇ نۇرغۇن پاكىتلىق تارىخى مەلۇماتلارنى كىتاپلاردىنلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تەكشۈرۈشتىن ئالغان.
ئۇ بۇ ھەقتە: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاسلىق

قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ئاياق كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم» دېگەن(2).
بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى، ئەسەردىكى تارىخى مەلۇماتلارنىڭ مەنبەسى ئىنتايىن تولۇق ھەم ئىشەنچلىك بولغان.

(3) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى تارىخى مەلۇماتلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»دە ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخى مەلۇماتلارنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئىلى ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان پۈتۈن ماۋەرا ئۇننەھر ۋە ھازىرقى شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئوغۇز، تۈركمەن، ياغما، چىگىل، قارلۇق، قىپچاق، باسمىل، قىرغىز، چۇمۇل، تۈركەش، ياباقۇ قاتارلىق تۈركى قەبىلىلەر، شۇنداقلا تاڭغۇت، خەنزۇ، پارىس قاتارلىق خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى، ئۇيغۇرلار بىلەن ماكىدۇنلار، قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار، باشقا تۈركى قەبىلىلەر، تاڭغۇتلار، غەزنەۋىلەر، سامانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلار، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئەل پادىشاھلىرى، ھۆكۈمدارلىرى، مەشھۇر كىشىلىرىنىڭ تەرجىمىھالى، قاراخانىيلار خانلىقى ۋە باشقا ئەللەرنىڭ زېمىنى، جۈملىدىن مۇھىم شەھەرلىرى، يېزىلىرى، قاتناش تۈگۈنلىرى، تاغ-سۇلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەسىلەن، ئاپتۇر تۈركى خەلقلەر ۋە باشقا خەلقلەر ئۈستىدە توختىلىپ:
«تۈركلەر ئەسلى يىگىرمە قەبىلىدۇر... ھەر بىر تۈرك قەبىلىسىنىڭ بىر مۇنچە ئۇرۇقلىرى بولۇپ... مەن بۇلاردىن ئاساسى ۋە ئانا قەبىلىلەرنى يازدىم... مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، رۇم ئۆلكىسىنىڭ يېنىدىن كۈنچىقىشقا قاراپ كەتكەن تەرتىپ بويىچە شەرقتىكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تۇرار جايلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۈم. رۇمغا ھەممىدىن يېقىن جايلاشقان قەبىلە پەچەنەك، ئاندىن قالسا قىپچاق، ئوغۇز، يەمەك، باشقىرىت، باسمىل، قاي، ياباقۇ، تاتار، قىرغىز قەبىلىلىرىدۇر. قىرغىزلار چىنغا يېقىن جايلاشقان... ئاندىن چىگىل، توخسى ياغما، ئوغراق، چارۇق، چومۇل، ئۇيغۇر، تاڭغۇت، خىتاي قەبىلىلىرىدۇر.
خىتاي - چىن دېمەكتۇر.
ئاندىن تاۋغاچ، بۇ- ماچىن دېمەكتۇر.

بۇ قەبىللەر جەنۇپ بىلەن شىمال ئوتتۇرىسىدا ياشايدۇ...» دىگەن (3).
ئۇيغۇرلار بىلەن ماكېدۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى كۆرسىتىپ، «ئالتۇن قان» دىگەن نام، «ئۇيغۇر» دىگەن نام ۋە «تۇتماچ» دىگەن تائام نامىنىڭ ھېكايىتىنى تىلغا ئالغان.
قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى بىلەن تاڭغۇتلار، باشقا تۈركى قەبىللەر، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى كۆرسىتىپ:

«چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنى غەلبە قىلالمىسۇن دەپ قاتتىق سوغۇقتا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ خۇتۇن-قىزلىرى قاتتىق مەسخىرە قىلىندى. ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلدى. غەم قايغۇغا پېتىپ بېشىنى تۇۋەن سالدى»(4)،

«ياباقۇ جېڭدە خاقانغا قارشى چىقماسلىقتا، ئۇنىڭغا بويسۇنۇشتا قەسەم ئىچىلىپ، پۈتۈم تۈزۈلدى. خەلق خاقاندىن ياردەم سورىدى. باسمىل بىلەن چومۇللار بىزگە قارشى توپلىنىۋىدى، خاقان يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قېنىنى تۆكۈپ ئۆزلىرىنى ئەسىر قىلدى»(5)،

«ئۇلارنىڭ (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ) ئۈستىگە كەلكۈندەك باردۇق. شەھەرلەرگە باستۇرۇپ كىردۇق. بۇتخانىلىرىنى بۇزدۇق. بۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە چىچتۇق. مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى شۇنداق، كاپىرلارنىڭ يۇرتىغا بېسىپ كىرگەندە، ھاقارەتلەش ئۈچۈن بۇتلىرى بېشىغا تەرەت قىلىدۇ»(6)
دىگەن مەزمۇندىكى شېئىرلارنى تىلغا ئالغان.

تۈركلەر زېمىنى ۋە شەھەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ،«پۈتۈن ماۋرائۇ ننەھر، يەكەندىن شەرقىچە بولغان يەرلەرنى تۈرك شەھەرلىرى دېيىشىمىزنىڭ دەلىلى شۇكى، سەمەرقەند، ئۆزكەند، تۇنكەند دىگەن ... شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېتى تۈركچە «شەھەر» مەنىسىدىكى «كەند» سۆزى قوشۇلۇپ ياسالغان. تۈركلەر بۇ شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ ئۆزلىرى ئات قويغان... ھازىر پۈتۈن تۈرك ئېلىنىڭ چېگرىسى ئابىسكۇن (كاسپى) دېڭىزى بىلەن ئايلىنىپ، روم ئېلىدىن ۋە ئۆز چەندىن چىنغىچە سوزۇلىدۇ. ئۇزۇنلىقى بەش مىڭ پەرسەخ، ئېنى ئۈچ مىڭ پەرسەخ...» (7)،

«ئۇيغۇر- بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھرى بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر.بۇ شەھەرلەر سۇلمى... قوچۇ، چانبالىق باشبالىق ياڭى بالىقتۇر» دىگەن.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەردىكى تارىخى مەلۇماتلارنى ئەينى دەۋر ۋە كېيىنكى دەۋردىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە ئەكىس ئەتكەن تارىخى مەلۇماتلارغا سېلىشتۇرغاندا ئاجايىپ كەڭ دائىرىلىك ھەم مول مەزمۇنلۇق دېيىشكە بولىدۇ.

## (4) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى تارىخى مەلۇماتلارنىڭ تارىخى ماتېرىياللىق قىممىتى ۋە ئەھمىيىتى

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئەكس ئەتكەن تارىخى مەلۇماتلارنىڭ تارىخى ماتېرىياللىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقۇرى بولۇپ، ئاپتۇر ئەسەردە ئۆزى تەكشۈرگەن ۋە ئاڭلىغان ھەر قايسى خەلقلەر ۋە ئەللەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئەينەن قەلەمگە ئېلىپ، بىرىنچى قول ماتېرىيال قالدۇرغان.

ئۇ ئەھۋاللار ئەرەب-پارىس سەييااھلىرىنىڭ خاتىرلىرىدە ۋە خەنزۇچە تارىخنامىلەردە قەيىت قىلىنغان بەزى مەزمۇنلارغا توغرا كېلىدۇ، بەلكى بۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلاردا بايان قىلىنمىغان نۇرغۇنلىغان مەزمۇنلارنى تولۇقلايدۇ.

بۇ جەھەتتىن ئالغاندا ئەسەردىكى تارىخى مەلۇماتلارنى ئەينى دەۋىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايۇنى، خەلقلىرى، جۈملىدىن قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ ئىشەنچىلىك، مۇھىم ماتېرىياللار دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاپتۇر ئۆزىمۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس-تۈگمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتاپنى تۈزۈپ چىقتىم...» دىگەن(8).
ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋان»دىكى تارىخى مەلۇماتلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى زور بولۇپ، نۇرغۇن ئەھۋاللارغا چېتىلىدىغان بۇ مەلۇماتلار بۇرۇن ھەل بولۇنغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە قايتا گۇمان تۇغدۇرىدۇ. تالاش-تارتىشتا قېلۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ، كەلگۈسدە كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا دەلىل-ئىسپات بولىدۇ.

مەسىلەن، ئاپتۇر ئەسىرىدە تۈركى خەلقلەر بىلەن قانداشلىقى يوق دەپ قارالغان تاڭغۇتلار توغرىسىدا: «تاڭغۇت، تۈركلەردىن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار چىنغا يېقىن جايلاشقان. ئۇلار نەسلىمىز ئەرەب دىيىشىدۇ» (9) دەپ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن تاڭغۇتلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشنىڭ زۆرۈرلىكى نامايان بولىدۇ.
يەنە چاڭلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارالغان تۈبۈتلەر توغرىسدا: «تۈبۈت، تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋىم... تۈبۈتلەر «سابىت» ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن... كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق-ئەدۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زىمىنىدىن مىڭ بەشيۈز پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا،

جەنۇپ تەرىپى ھىندى دېڭىزغا تۇتۇشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار، «ئانا»نى «ئاما»، «ئاتا»نى «ئابا» دەيدۇ (10) دەپ مەلۇمات بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىنمۇ تىبەتلەر (زاڭزۇلار)نىڭ ئەجدادى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلىدۇ.

ئاپتۇر يەنە ئەسەردە «تاۋغاچ»، «چىن»ۋە «ماچىن» ئاتالمىلىرىغا ئېنىقلىما بېرىپ، «تاۋغاچ، تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى، ئۇلار «تاۋغاچ» يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ «تات تاۋغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. «تات» ئۇيغۇر دىمەكتۇر. «تاۋغاچ» چىنلىق دىمەكتۇر»، «ھەر بىر بۈيۈك ۋە قەدىمى نەرسە «تاۋغاچ ئەزى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. «مەملىكتى قەدىمى ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە «تاۋغاچ خان» دېيىلىدۇ»، «تاۋغاچ، «ماچىن» ئېلىنىڭ نامى. بۇ مەملىكەت چىندىن تۆت ئايلىق يول ئۇزاقلىقتا، چىن ئەسلىدە ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى، يۇقۇرى چىن، بۇ يەر شەرىقتە بولۇپ، «تاۋغاچ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى، ئوتتۇرا چىن بولۇپ، «ختاي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچۈنچى، تۆۋەن چىن بولۇپ، «ماچىن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قەشقەردە، لېكىن ھازىر «تاۋغاچ» «ماچىن»، دەپ، «ختاي» «چىن» تونۇلىۋاتىدۇ»(11) دېگەن بولۇپ، بۇنىڭدىمۇ ئۇزۇندىن بويان ھەل بولماي كېلىۋاتقان ھەم خاتا چۈشىنىلىپ قېلىۋاتقان «تاۋغاچ»، «چىن»، «ماچىن» ئاتالمىلىرىنىڭ تەبىرى مەسلىسى ھەل بولىدۇ.

يۇقۇرقىلارنى يىغىنچاقلىغاندا، شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە تارىخشۇناسلىق ئىلگىرىكى ئەنئەنىسى ۋە نەتىجىلىرى ئاساسىدا ئەرەب ئىسلام مەدىنىيىتىنىڭ تەسىرىدە يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نىڭ تارىخشۇناسلىق ئالاھىدىلىكىدىن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنى ئۆز نۆۋىتىدە بىر ئىلمى پوزىتسىيىلىك يېتۈك تارىخچى، ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»نى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ ئۇزاق تارىخى ئۆتمۈشىنى تىل ۋاستىسى بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن ئۆچمەس تارىخى ئەسەر دىيىشكە بولىدۇ.

پايدىلانغان ماتىرىياللار:
(1)،(2)،(3)،(4)،(5)،(6)،(7)،(8)،(9)،(10)،(11) «دىۋانۇ لۇغەت تۈرك» نىڭ 1-، 2-، 3- قىسىملىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەتلىرى.

(بۇ ماقالە «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقاتى »ژۇرنىلىنىڭ 2007- يىللىق 1- سانىدا ئېلان قىلىنغان.)

# 36ـ مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە ئۇيغۇرلاردا

# ھەربىي ئىشلار

يۇسۇپجان ياسىن

بۇ ماقالە بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن 2008ـ يىلى 5ـ ئايدا تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئەنقەرەدىكى ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ‹‹2ـ قېتىملىق خەلقارا تۈركولوگىيە يىغىنى››(‹‹مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ دەۋرى سىمپوزىيۇمى››)دا ئوقۇلغان ۋە تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ‹‹خەلقارا تۈركولوگىيە سىمپوزىيۇمى ماقالىلىرى››دىكى نۇسخىسىدىن(761ـ768ـبەتلەر) ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان.

ئىنسانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدىن مەلۇمكى، تارىخنىڭ قەدىمكى دەۋرلىرىدە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان تۈرلۈك مىللەتلەر ئۆزلىرى ياشىغان يەرلەرنىڭ سۇيى، تۇپرىقى، ئىقلىمى، ئىقتىسادىي شارائىتى، ئىرق، تەپەككۇر ۋە مەدەنىيىتىدىكى پەرقلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن ئوخشىمىغان خاراكتېرلارنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەر ۋە چۈشەنچىلەر ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە كۈچلۈك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ئىقلىمى داۋاملىق تۈردە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاغلىق، ئىگىزلىك، بوزقىر ۋە چۆل رايونلىرىدا ياشىغان، تارىخنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئاساسەن ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىقتىسادىغا تايانغان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەر تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىن دائىم يۆتكىلىپ تۇراتتى. ئۇلار قورقۇنچلۇق تاغ قاپتاللىرىدىن، خەتەرلىك ئىگىزلىكلەردىن ۋە چەكسىز كەتكەن چۆل ـ جەزىرىلەردىن ئۆتۈپ يېڭى ھاياتلىق ماكانلىرىنى ئىزدىگەن. دائىم ئوت ـ چۆپ ۋە سۈيى مول جايلارنى ئىزدەپ كۆچۈشتەك مۇشكۈل ۋە جاپالىق تۇرمۇش شەكلى، شۇنىڭدەك بەلگىلىك دەرىجىدە بىرلىك، ھەمكارلىق ۋە تەشكىلاتچىلىقنى شەرت

قىلدىغان ھاياتلىق يولى تۈركىي قەۋملەرنىڭ روھىدا ۋە جىسمىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بىرەلەيدىغان، تۈيۈقسىز ئۆتتۈرىغا چىققان تەھلىكىلەرگە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، قەھرىمان، پىداكار، غەيرەتلىك، ئۇرۇشچى - جەڭگىۋار، ئىنتىزامچان ۋەجەمئىيەتچى خاراكتېرنى ھەم بۇ خاراكتېرلەرنى ئاساس قىلغان ئەخلاق سىستېمىسىنى ياراتقان. بۇ خىل ئالاھىدىلىكەر بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ ئۇلارنى تارىختا ھەربىي مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان. جۇڭگو مەنبەلىرىدىكىگە ئوخشاش، ئەرەب ۋە پارس مۇئەللىپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ تۈركىي قەۋملەرنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىدىن سۆز ئېچىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆزىنىڭ دەۋرىگە قەدەر بولغان تۈرلۈك مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا كۆرۈلگەن ئالاھىدىلىكەر ھەققىدە بىر خۇلاسە چىقارغان ئەرەب مۇتەپەككۇرى جاھىز ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەتنىڭ مەلۇم بىر ساھەسىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ يۇنانلىقلارنىڭ پەلسەپە بىلەن ھېكمەتتە، خەنزۇلارنىڭ ھۈنەر- سەنئەتتە، پارسلارنىڭ سىياسەتتە، تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەربىي ئىشلاردا كۆرسەتكەن ماھارىتىدەك تولۇق ۋە مۇكەممەل ماھارەت كۆرستەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.(1) مۇكەممەل بىر ھەربىي ۋە سىياسىي تەشكىلاتقا ۋە تىز سۈرئەتلىك ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە تۈركىي قەۋملەرھەر خىل ئۆتكۈر قوراللار ۋە ئۇرۇشتا ئىرىشكەن زور ئۇتۇقلىرى بىلەن بۈيۈك بىر مىللەت بولۇشتەك خاراكتېرنى ياراتقان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، تارىختا تۈركىيقەۋملەر جەڭگىۋارلىقى ۋە ياراتقان ئىلغار ھەربىي تېخنىلوگىيەسى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلار باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئالغا كەتكەن بولۇپ، قوشنا مىللەتلەرنىڭ ھەربىي ساھەدە تەرەققىي قىلىشىغا چوڭ بىر ئۆرنەك ۋە مۇھىم بىر مەنبە بولغان. تارىخنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىدە ھۇنلار، كۆكتۈركلەر، ئۇيغۇرلار، غەزنەۋىيلەر، سەلجۇقلار ۋە ئوسمانىيلارنىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ھەربىي ئۇستازىغا ئايلانغانلىقى بىر ھەقىقەت.

تۈركىي قەۋملەردە جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا تۇرمۇشبىلەن ئۇرۇش بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەنلىكتىن ھەر بىر كىشى ياخشى بىر ئەسكەر بولۇشتەك سالاھىيەتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇرۇشقا ۋە ھەربىي تېخنىكىغا زور دەرىجىدە ئېتىبار كۆرسەتكەن. شۇ سەۋەپلىك، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەر دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك مۇھىم ئەسەرلەردە ھەربىيئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر ۋە بايانلار ئۇچرايدۇ. 11- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان بۈيۈك ئالىملاردىن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان»دېيىلىدۇ)ناملىق ئەسىرىمۇ ئاشۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. تۈركولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان مەھمۇد كاشغەرى بۇ ئەسىرىدە يالغۇز تۈركىي تىل ھەققىدىلا ئەتراپلىق بىر مەلۇمات بىرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلىرى بىلەنمۇ

مۇناسىۋەتلىك بولغان قىسقا، ئەمما ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ تېخىمۇ ياخشى يورىتىلىشى ئۈچۈن باھاسىز ئىلمىي مىراسلارنى قالدۇرغان. سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى ياخشى ئىپادە قىلىش ئۈچۈن ئىلاۋە سۈپىتىدە كۆرسەتكەن ھەدىسلەر، مەنقىبەلەر، مىقلەر، داستانلار، شېئىرلار، ئەدەبىي پارچىلار ۋە ماقال – تەمسىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي خاراكتېرى، ھەربىي قىسىملار، ھەربىي قۇرۇلۇشلار، ئۇرۇش مەشقى، ئۇرۇش تاكتىكىسى، قۇرال - ياراغلار، ئۇنۋان-شەرەپ ناملىرىنى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. «دىۋان»دا ئۇچرايدىغان ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆزلۈكلەرنىڭ سانى 120 گە يېقىنلىشىدۇ.

جۇڭگو مەنبەلىرىدە، جاھىز ۋە ئىبىن ھاسسۇل قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدەئېنىق كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەر ھەربىي مىللەت ئىدى. بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنگەن مەھمۇد كاشغەرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي خاراكتىرىنى ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىن قايسى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن كۆرسىتىشكە تىرىشقان. مەھمۇد كاشغەرى «تۈرك»نامىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە تەڭرىنىڭ تۈرك دەيدىغان بىر قوشۇنىنىڭ بارلىقىنى ۋە قايسى قەۋمگە غەزەپلەنسە تۈركلەرنى شۇ قەۋمنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىپ جازالايدىغانلىقى ھەققىدىكى بىر ھەدىسنى نەقىل ئېلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا كۈچلۈك بىر ھەربىي مىللەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى تىلغا ئالغان.(2) ئۆزىنىڭمۇ ماھىر بىر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى يوشۇرمىغان مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇش ماھارىتىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇ «ئۇيغۇر»دېگەن نامنىڭ مەنبەسى ۋە مەنىسى ھەققىدە سۆز ئاچقاندا مۇنداق دېگەن:«زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئىلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ئىنان خۇزخۇرەند - بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ.»(3)بۈيۈك ئۇيغۇر تىلچىسى مەھمۇد كاشغەرى مەنقىبە ماھىيىتىدە چۈشەندۈرگەن بۇ بايانلىرىدا ئۇيغۇر نامىنىڭ «باھادىر»، «ئات مىنىشكە ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ئۇستا»، «ھېچكىمگە چېقىلمايدىغان»دېگەن مەنىلەردە كەلگەنلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە بۇنى تارىختا بۈيۈك ئىستىلاچى سۈپىتىدە تونۇلغان زۇلقەرنەيىنىنىڭ تىلىدىن بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىق ھەربىي ماھارىتىگە ھەر قانداق بىر يات مىللەتنىڭ تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان. ھەقىقەتەن، ئۇيغۇر ئاتلىقلىرى تۈزلەڭ يەرلەردە ناھايىتى ئاسان ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىققاندا، ۋادىلارنىڭ

چوڭقۇر يەرلىرىگە شۇڭغۇپ كىرگەندىمۇ ئاشۇ خىل شەكىلدە ھەرىكەت قىلىپ، ھەر تەرەپكە ناھايىتى ئۇستىلىق ماھارەت بىلەن ئوق ئاتاتتى.

تۈركىي قەۋملەر ئۇرۇش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك شەكىللەردىكى تەلىم ـ تەربىيە، مەشقلەرنى ئېلىپ باراتتى ۋە مانېۋىرلارنى ئۇيۇشتۇراتتى. مەيلى خۇسۇسىي ھالەتتە بولسۇن ياكى كوللېكتىپ تەشكىللىك ھالەتتە بولسۇن، ھەر ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇلغان بۇ ھەرىكەتلەر ئۇلارنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن مۇستەھكەملەيتتى. بۇ ئارقىلىق ھەر بىر ئەركەك شىجائەتلىك ۋە سەر خىل بىر ئەسكەر بولۇپ يېتىشەتتى. قىسقىسى، تۈركىي قەۋملەردە ھەر بىر ئەر ئەسكەر ھېساپلانغانلىقتىن كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ئات مىنىش ۋە ئوق ئېتىشقا ئادەتلەندۈرۈلەتتى. ھۇنلاردا باللار قوي مىنىپ، ئوقيا ئېتىپ قۇشقاچ، چاشقان ئوۋلايتتى. سەل چوڭ بولغاندا بولسا، تۈلكە، توشقان ئېتىپ ئوزۇقلىناتتى.(4) كۆكتۈركلەر بىلەن ئۇيغۇرلاردا سەككىز ياشلىق باللار ئاتقا ناھايىتى ياخشى مىنەتتى.(5) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مەلۇماتلىرىغا ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار دەۋرىدە باللار ئوق ئېتىش تەربىيەسى ئۈچۈن «تۈۋەك»دەپ ئاتىلىدىغان بىر ياغاچ ملتىقنى ئىشلىتەتتى. بۇ سۆگەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دەرەخلەرنىڭ نوتىسىدىن ياسىلىدىغان بىر خىل ئويۇنچۇق ملتىق ئىدى. باللار نوتىنىڭ ياغىچىنى پوستىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، نەيچىسىگە كومىلاچ تىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشقۇچ ئاتاتتى.(6) بۇنىڭدىن مەلۇم بولغىنىدەك، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر باللىرى قۇشقاچلارغا ئوق ئېتىپ ئويناش ئارقىلىق ھەربىي تەلىمنى باشتىن ئۆتكىزەتتى. باللار ئۈچۈن ئاۋۋال بىر ئويۇن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەركىن بىر تەربىيە ھېساپلانغان بۇ ئوقچىلىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. بۇ خىل مۇھىت ئىچىدە يېتىشكەن ئۇيغۇر باللىرى ياشلىق مەزگىللىرىگە كەلگەندە ياخشى بىر ئەسكەرگە ئايلىناتتى. مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە، تىنچ ۋاقىتلاردا كىشىلەر ئۆز ئارا ئوق ئېتىشىش ئارقىلىق ئويۇن خاراكتېرلىق مۇسابىقىلەرنى ئۆتكىزەتتى.(7) بۇ كىچىك دائىرىدىكى ۋە خۇسۇسىي شەكىلدىكى بىر ھەربىي مانېۋىر ھېساپلىناتتى. مەھمۇد كاشغەرى قوشۇندا ئوق ئېتىش مەشقىگە يېڭىدىن كىرىشكەنلەرنىڭ تۈزۈۋقسىز بەزى ۋەقەلەرنى سادىر قىلىپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن«ئۇلۇن»ۋە «كالۋا»دەپ ئاتىلىدىغان يەڭگىل ياغاچ ئوقلارنى ئېتىش ئارقىلىق مەشىق باسقۇچىدىن ئۆتكىزىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. رېشات گەنچ «دىۋان»دا «كارۋى»ۋە «يەتەن»دېگەن نامدا تىلغا ئېلىنىسمۇ، نىمە ئۈچۈن ياسالغانلىقى بىلدۈرىلمىگەن يالارنىڭ ئوق ئېتىش مەشقىگە كىرىشكەنلەر قوللىنىدىغان بىر خىل يا ئىكەنلىكىنى ئالغا سۈرگەن.(8(

ھۇنلادىن بېرى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا چوڭ ئۆرنەكلىرى كۆرۈلگەن ۋە مانېۋىر خاراكتېرىنى ئالغان سۈرگۈن ئوۋلىرى قاراخانىيلاردىمۇ داۋاملاشقان ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە، خاننىڭ خەلق بىلەن بىرلىكتە قىلغان بۇ خىل ئوۋى «سىغىر» دەپ ئاتالغان. بۇ ئوۋدا خاننىڭ ئادەملىرى

ئورمانلارغا ۋە قىرلارغا تارقىلىپ، ياۋا هايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ. خان ئالدىغا كەلگەن هايۋانلارنى هېچ ئاۋارە بولماستىن ئوۋلاۋېرىدۇ.(9) مەهمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ بايانلىرىدا قوشۇن سۆزى ئۇچرىمىسىمۇ، خاننىڭ يېنىدىكى خەلق توپىنىڭ قوغدۇغۇچى قىسىم ئىكەنلىكى ياكى بەلگىلىك بىر كۆلەمدە ئاتلاندۇرۇلغان هۇجۇمچى قىسىم ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇرۇشكە بولىدۇ.

تۈركقوشۇنلىرىنىڭ ئۇرۇشلاردا ئۈستۈنلۈك قازىنىشىنىڭ ئەڭ مۇهىم ئامىللىرىدىن بىرى ئىشلىتىشكە قولايلىق قۇراللار بىلەن قوراللىنىشى ئىدى. جۇڭگو مەنبەلىرىدە ئۇلارنىڭ تېز سۈرئەتتە كىتىۋاتقان ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قوراللارنى ئەركىن قوللىنىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. هەقىقەتەن، ئوق، يا، قىلىچ، خەنجەر، نەيزە، سالغا، قالقان، ساۋۇت، دوبۇلغا قاتارلىقلار تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاساسلىق قۇراللىرى ئىدى. مەهمۇد كاشغەرى بۇ قۇراللارنىڭ 11- ئەسىردىكى ئۇيغۇرلاردىمۇ ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلغانلىقى هەققىدە كەڭ مەلۇمات بىرىش ئارقىلىق بۇ هەقتە جۇڭگو مەنبەلىرىدە تارقاق هالەتتە ئۇچرايدىغان مەلۇماتلارنى تولۇقلىغان.مەهمۇد كاشغەرىگە كۆرە، قاراخانىيلاردا يەنە گۇرزە، قىلىچ قامچا، بالتا، چوماق ۋە ساپان قاتارلىق قۇراللارمۇ ئۇرۇشتا قوللىنىلغان. قۇدرىگە ۋە قۇراي قورغانلىرىدىن تېپىلغان، تۇرپان تام رەسىملىرى(فرەسكىلىرى)دىمۇ كۆرۈلگەن، ئوقلارنى ۋە يالارنى ياخشى ساقلاش ئۇچۇن ياسىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ يانلىرىغا ۋە ئاتنىڭ ئىگىرىگە ئېسىلىدىغان قاپلارغا بۇ دەۋرنىڭ ئۇيغۇرلىرىمۇ ناهايىتى ئەهمىيەت بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ ياخشىلىغان. تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاسانلا ئېلىپ ماڭىدىغان ۋە هەر قانداق بىر ئەهۋالدا ئەركىن ئىشلىتىدىغان بۇ قوراللىرى قوشنا مىللەتلەرنىڭ بەكلا دىققىتىنى تارتقان. مەهمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا تىلغا ئېلىنغان ئۇيغۇر قوراللىرىنىڭ ماتىرىياللىرى، قۇرۇلمىسى، تۈرلىرى، ئالاهىدىلىكلىرى ۋە ئەهمىيىتى هەققىدە مۇهىم مەلۇماتلارنى بىرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، يەنە قوراللىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلارنىمۇ كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلەشكەن مەدەنىيەتكە كۆچۈشى نەتىجىسىدە هەربىي ساهەدىمۇ بەزى يېڭى ئالاهىدىكلەر كۆرۈلگەن.مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلاردائەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى هەر كىشى زۆرۈر قوراللارنى ئۆزى تەييارلايتتى. قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە مەخسۇس قورال ياساش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان گۇرۇهلارمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇ خۇسۇس «دىۋان»دىن ئېنىقمەلۇم بولغىنىدەك، ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلاندى. ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نەتىجىسدە تىرمىزدا تېپىلغان مېتالچىلىق كاسىپخانىسىنىڭ يەر مەيدانى سەككىز گېكتار كەلگەن. ئاشۇ كاسىپخانىدا كۆپىنچە قورال - ياراغ ۋە هۆكۈمدارغا خاس بولغان زىننەت بويۇنلىرى ياسالاتتى.(10) تۈركىي قەۋملەر هۇن ئىمپېرىيەسى دەۋرىدىن بېرى تۆز، ئۇچلۇق ۋە ئاۋازلىق ئوقلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرلىكتە زەهەرلىك ئوقلارنى ئىشلىتىشدىنمۇ يىراق تۇرمىغان.(11) بۇ خىل ئوقلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى يەنە مەهمۇد كاشغەرىنىڭ بايانلىرىدىن بىلىمىز.

ئۇرۇشلاردا غەلبە قازىنىش ئۈچۈن ئۈتكۈر قوراللار بىلەن بىرلىكتە ئاتنىڭ تىزلىكىدىن پەيدا بولغان قاتناش ئۈستۈنلىكى تۈرك ھەربىي تېخنىلوگىيەسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ئىدى. ئاتلىققوشۇن تەشكىللەش تۈركىي قەۋملەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئەڭ چوڭ تۆھپىسىدىنبىرى ھېساپلىنىدۇ. تۈركىي قەۋملەر ئاتنىڭ سۈرئىتىگە تايىنىپ يىراق مەملىكەتلەرگە قىسقا ۋاقىتتىلا يېتىپ باراتتى ۋە ئۇ يەرلەردە تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ دۈشمەن ئۈستىگە بېسىپ كىلەتتى. يەنە ئاشۇنداق تىز سۈرئەتتە چېكىنەتتى. ھەقىقەتەن، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىلدۈرگىنىدەك، ئات تۈركىي قەۋملەرگە قانات بولغان ئىدى. تۈركىي قەۋملەر ئاشۇ قانات(ئات)نىڭ كۈچى بىلەن بۈيۈك مەملىكەتلەرگە ۋە كەڭ زېمىنلارغا ئىرىشىپ، ئۇ يەرلەرنى ئۆزىنىڭ ئىلىگە ئايلاندۇرغان.شۇ ۋەجىدىن تۈركىي تىلدا ئات ‹‹ئىل››دېگەن ئىسىم بىلەنمۇ ئاتالغان ئىدى.(12) ‹‹دىۋان››دا بۇ خىل ماقال – تەمسىل ۋە تېرمىنلار تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق ئاتنىڭ تۈرك ھوقۇق چۈشەنچىسىدىكى ۋە ھەربىي ئىشلار تارىخىدىكى رولى تۇنۇتۇلغان.

قاراخانىيلارنىڭ زېمىن دائىرىسى كۆپىنچە يەرلەشكەن مەدەنىيەتكە تايانغان رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەھەر ھاياتىمۇ بارغانسېرى تەرەققىي قىلغان ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بۇ يېڭى مەدەنىيەت تىپى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىي خاراكتىرىنىڭ زىددىيەتلىك ھالەت پەيدا قىلماسلىقى ئۈچۈن زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلغان قارلۇق ۋە چىگىل قاتارلىق قەبىللەرنىڭ ھەربىي خاراكتىرىنى بوشاشتۇرماسلىق ئۈچۈن، بۇلارنى مەركىزى شەھەرلەرنىڭ ئەتراپىدا قۇرۇلغان چىدىرلاردا كۆچمەن ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇشىغا يول قويغان.(13) بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يېزا، شەھەر تۇرمۇشىدىن ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن تولۇق ئايرىلماسلىق شەرتى بىلەن قەرەللىك قوشۇن تەشكىللەش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ھەربىي خاراكتىرىنىمۇ قوغدىغان ۋە مۇنتىزىم قوشۇن قۇرغان. مەھمۇد كاشغەرىدىن ئىرىشكەن مەلۇماتىمىزغا كۆرە، بۇ خىل قوشۇن ھەر ئايدا ياكى بەلگىلىك مەزگىللەردە تەشكىللىنگەن. شۇ سەۋەپلىك، ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىق چىقىمى بىلەن ئۇزۇق – تۈلۈكى يېزىلغان دەپتەر ‹‹ئاي بىتىگى››دەپ ئاتالغان.(14) ‹‹دىۋان››نىڭ باشقا بىر يېرىدىكى چۈشەندۇرۇشلەرگە قارىغاندا، قوشۇنغا يېزىلغانلار پەقەت ئۆز ئارزۇسى بويىچە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەشنى خالىغان كىشلەر ئارىسىدىن تاللىناتتى. ئۇلار خالىغان چاغدا ئەسكەرلىكتىن چېكىنەتتى.(15) ئەسكەرلەرنى توپلاپ سەپكە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋە ئۇرۇشقا ئاتلاندۇرۇشنى سارايغا قاراشلىق بىر ھەربىي ئورگاننىڭ يۇرگۈزگەنلىكى ئېنىقتۇر. بۇ ئورگان خىللانغان سۇ باشلىرى ئىشخانىسى دەپ ئاتالغان.(16) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەيتلىرىدىن دۆلەتنىڭ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە قوشۇننىڭ قاتناش نەقلىياتىنى، باشقا ماتىرىياللىرىنى ۋە چىقىمىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن زور غەيرەت كۆرسەتكەنلىكىمۇ كۆرىلىدۇ. خەنزۇلار ئارىسىدا ھۇنلار، كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرى ‹‹ئۇرۇش ئاتلىرى››دېگەن نام بىلەن

مەشھۇر بولغىنىدەك، قاراخانىيلاردىمۇ ساراي تەرىپىدىن مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن ئۇرۇش ئاتلىرى بار ئىدى. «تۇغزاق» دەپ ئاتالغان بۇ ئاتلار ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ، ئۇرۇش تۇگىگەندە قايتۇرىۋېلىناتتى.(17) «دىۋان»دا يەنە ئۇرۇش ئېتى مەنىسىدە كەلگەن «ئۇلاگا»دېگەن بىر سۆزنىڭمۇ ئۇچرايدىغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.(18) ئەمما، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئاي بىتىگى»دېگەن سۆزگە دۆلەتنىڭ ئەسكەرلەرگە ئايلىق مۇئاش بەرگەنلىكى ھەققىدە بىر مەنە بىرىش تازا چوڭقۇر بولمىغان بىر تەتقىقاتتا تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاراش بولسا كېرەك.

»دىۋان»دا ئۇيغۇر قوشۇنلىرىنىڭ قانداق قىسىملاردىن تۈزۈلگەنلىكى ھەققىدە ئەتراپلىق بىر مەلۇماتقا ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. «دىۋان»دا پەقەت تۆۋەندىكىدەك كىچىك قىسىملاردىن سۆز ئېچىلىدۇ:

ياتغاق -- قاراۋۇل، كۆزەتچى. خاقانىنى، قورغاننى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى.(19(

يەلمەر – قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغان ئەڭ كىچىك بىر چارلىغۇچى قىسىم.(20(

يەزەك -- قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى چارلىغۇچى قىسىم، ئاۋانگارت ئەترەت.(21(

يورتۇغ --ئۇرۇش ۋاقتلىرىدا خاقانىنى قوغداپ ماڭغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر ياكى خاقانىنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن ھەمرالىرى.(22(

تۇتغاق --تىل تۇتقۇچى. كىچىسى دۈشمەننىڭ كۆزەتچىلىرى بىلەن ئالدىنقى ئايغاقچىلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئاتلىق قىسىم.(23(

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ھەربىي ئاتالغۇلار ئىچىدە كۆرۈلگەن «يەزەك»سۆزى مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە ئىككى خىل مەنىدە قوللىنىلغان. بىرى، قوشۇننىڭ ئالدىدا يۈرگۈچى قىسمىنى كۆرسىتەتتى. بىروككىلمانىمۇ بۇنى توغرا ھالدا «ئالدىن يۈرگۈچى ئاتلىق كىچىك قىسىم»دەپ چۈشەندۈرگەن. يەنە بىرى، كۆزەتكۈچى قىسىم ئىدى. قەدىمكى تۈركىي قەۋملەردە ھەربىي چارلىغۇچى قىسىمنىڭ چارلىشى «يەزەمەك»دەپ ئاتىلاتتى. شېئىردا شۇنداق كەلگەن:«يەزەك قامۇغ يەرىگ يەزەدى»بۇ «چارلىغۇچى قىسىم ھەر بىر يەرنى چارلىدى، كۆزەتتى»دېگەنلىك بولاتتى.(24) مەھمۇد كاشغەرى بەرگەن مەلۇماتلارنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ تولۇقلىغان. بۇلارنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، يەزەك كۈندۈزلۈك چارلىغۇچى قىسىم، تۇتغاق بولسا كېچىلىك چارلىغۇچى قىسىم ئىدى.(25)بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «دىۋان»دا مۇھاپىزەتچى قىسىم بىلەن ھۇجۇمچى قىسىمنىڭ ئايرىم تارماقلىرىدىن سۆز ئېچىلغان بولسىمۇ، ھۆكۈمدارنىڭ باشچىلىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك قوماندانلارنىڭ ۋە بەگلەرنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى چوڭ ھەربىي قىسىملار ھەققىدە بىر نەرسە دېيىلمىگەن. بۇنىڭلىق بىلەن مەھمۇد كاشغەرىنى ئەيىپلەشكە ھېچقانداق ھەققىمىز يوق. چۈنكى،

مەھمۇد كاشغەرى ھەممىدىن ئاۋۋال بىر تىلچى، ئۇ كىتابىدا پەقەت تۈركىي تىل ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى مەقسەت قىلغان. مۇۋاپىق يېرى كەلگەندە سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە تىل قانۇنىيەتلىرىنى ياخشى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھەربىي ئىشلار قاتارلىقئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملارنىمۇ نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆرنەك كۆرسەتكەن. شۇنداقتىمۇ قاراخانىيلاردا ھەربىي تەشكىلاتنىڭ ھۇنلاردىن بېرى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا تەدبىقلىنىپ كەلگەن ئونلۇق سىستېمىسىغا تايانغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ خۇسۇستا «دىۋان»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەردە ئېنىق بىر خاتىرە ئۇچرىمىسىمۇ، قەدىمكى تۈرك ھوقۇق چۈشەنچىسى ۋە ئۆرۈش سەنئىتى زادىلا ئېتىباردىن ساقىت قىلىنمىغان قاراخانىيلاردا قوشۇننىڭ مۇشۇ سىستېما بويىچە تەشكىللىنىشى تەبىئىي بىر ئەھۋالدۇر دەپ قاراش مۇمكىن. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈمەن»سۆزىنى ئەڭ چوڭ سان سۈپىتىدە ئىزاھلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «كۆپ»، «سانسىز»، «جىق»مەنىسىنى بېرىشى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننىڭ چوڭ بىر قوشۇن ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغىنىغا قارىغاندا، قاراخانىيلاردا ئەڭ چوڭ ھەربىي قىسىمنىڭ ئون مىڭ ياكى ئۇنىڭدىن بىراز كۆپرەك ئەسكەردىن تەشكىل تاپقانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەمما، ئاشۇ چوڭ ھەربىي قىسىم 10، 100، 1000كىشىلىك تارماق قىسىملاردىن قۇرۇلغانمۇ ياكى رېشات گەنچنىڭ دېگىنىدەك ئوتاغ، ھايل، ئون ئوتاغ ۋە ئوردۇ دەپ ئاتالغان قىسىملاردىن قۇرۇلغانمۇ، بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمەيمىز.

تۈركىي قەۋملەر ئۆز مەملىكىتىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇھىم ئورۇنلارغا كۆزەتكۈچىلەرنى تۇرغۇزاتتى ۋە مۇۋاپىق جايلارغا ئالدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن نۆۋەتچى ئەسكەرلەر قويۇلغان تۇرلارنى ياسىغان.(26) «قارغۇ»دەپ ئاتالغان بۇ خىل ھەربىي قۇرۇلۇشنىڭ تارىخىنىڭ ھۇنلار دەۋرىگە قەدەر تاقىلىدىغانلىقى مەلۇم. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ھۇن تەڭرىقۇتى تۈمەن چېگرا بويلىرىدا تۇرلارنى ياساتقاندىن كېيىن ئۇ يەرگە يېقىن يەرلەردە ھۇنلار چارۋا-- ماللىرىنى بېقىشقا باشلىغان.(27) تونيۇقۇق ئابىدىسىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدىغان بۇ قۇرۇلۇشنىڭ خارابىلىرى مۇھىم يول بويلىرىدىن ھەم خاقان قەلئەلىرىدىن تېپىلدى. ئەمما قوچودا گرۈنۋېدىل «مۇنار«D – دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان ۋە «كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىزلىكتە»دەپ تەسۋىرلىگەن تۇردا ۋە باشقا تۇرلارنىڭ خارابىلىرىدا كۆرۈلگىنىدەك، بۇلار تۆت قىرلىق شەكىلدە سېلىنغان مۇنارلار ئىدى.(28) مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە، مۇنار شەكىللىك بۇ قۇرۇلۇشلار قاراخانىيلاردا تاغنىڭ چوققىلىرىغا ۋە باشقا ئېگىز يەرلەرگە ياسالغان. دۈشمەن كەلگەن چاغدا دەرھال تەييارلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىپ خەۋەر يەتكۈزەلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش ئۈچۈن سېپىل تاملىرىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان ئۈكەكلەرمۇ بىر مۇداپىئە ئۆيى ۋە تۇر رولىنى ئوينىغان.(29) ھازىرمۇ

قەشقەر ئەتراپىدىكى ئىگىز يەرلەردە قاراخانىيلار دەۋرىگە مەنسۇپ تۇرلارنىڭ خارابىلىرى ئۇچرايدۇ. يەنە مەھمۇد كاشغەرىگە كۆرە، دۈشمەن قوشۇنى شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، ھۆكۈمدار ياكى شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل بەگلەر يات ئادەملەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ۋە دۈشمەننى كۆزىتىش ئۈچۈن كۆزىتىش ئورۇنلىرىغا مەخسۇس كۆزەتكۈچىلەرنى قوياتتى. بۇنداق تەدبىرلەر ‹‹يول توسۇش››دەپ ئاتالغاندى.

تۈركىي قەۋملەردىكى ھەربىي ھاياتنىڭ ئەڭمۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى چوڭ ئۇرۇشقا ئاتلانغان قوشۇنغا ھۆكۈمدارنىڭ باشچىلىق قىلىشى ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىلدۈرىشىچە، ئۇرۇشقا چىققان بىر قوشۇننىڭ مەلۇم مەزگىل تۇرۇش ئۈچۈن قارارگاھ قۇرغان يەرلىرى ‹‹تويى››دەپ ئاتىلاتتى. خاقاننىڭ قۇرغان قارارگاھى بولسا ‹‹خان تويى››دەپ ئاتىلاتتى.(30) خاقان تەرىپىدىن قوشۇن توپلاش ۋە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا قارار چىقىرىلغاندىن كېيىن چارلاش ئېلىپ بېرىلاتتى. مۇھىم يوللار توسىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا باش قوماندان كېچىلىك چارلاش ئېلىپ بارىدىغان ئەسكەرلەرگە قورال ياكى قۇشلارنىڭ ئىسمىدىن بىرىنى مەخپىي بەلگە،پارول قىلىپ بىكىتىپ بېرەتتى. ‹‹ئىم››دەپ ئاتالغان بۇ پارول ئىككى تۈركۈم ئەسكەر ئۇچراشقاندا بىر بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۇقۇشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلاتتى. كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا بىرى يەنە بىرىدىن مەخپىي بەلگە سورايتتى. سورالغان كىشى مەخپىي بەلگىنى بىلسە ئۆز كىشىسى ھېساپلىناتتى، بىلمىسە ھۇجۇمغا ئۇچرايتتى.(31) شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن تىل(جاسۇس)تۇتۇشمۇ بۇ قىسمنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى.(32) ئۇرۇش تۈركىي قەۋملەردە ھەر بىر كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر ئامىل بولغاچقا، قەھرىمانلىق كۆرسىتىشكە تەييار تۇرغان ئەسكەرلەر باتۇرلۇق بەلگىسى سۈپىتىدە ‹‹باتراق››دەپ ئاتالغان ۋە ئۇچىغا بىر پارچە يىپەك رەخت چىگىلگەن نەيزە قوللىناتتى. ئۇرۇش كۈنلىرى ئەسكەرلەر شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى تونۇتاتتى.(33) بۇنىڭدىن باشقا ‹‹بەچكەم››دەپ ئاتالغان بىر ئۇرۇش بەلگىسمۇ بار ئىدى. بۇ يىپەكتىن ياكى قوتاز قۇيرۇقىدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇرۇش كۈنلىرى ئەسكەرلەر ئۇنى تاقىۋالاتتى. قاراخانىيلار بىلەن ئىدىقۇت خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر شېئىردە ‹‹ئاتلارغا بەلگە تاقاپ››دېگەن مەنىدە ‹‹بەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاركا››دېيىلگىنىگە قارىغاندا، بۇنىڭ ئومۇمەن ئاتلارغا تاقىلىدىغان بىر خىل بەلگە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.(34) مەھمۇد كاشغەرى ئات قۇيرۇغىنى تۈگۈشنىڭمۇ قەھرىمانلىق ۋە ئۇرۇش بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ھۇنلاردىن بېرى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بىر بەلگە ئىدى.(35) يەنە ھۇنلاردىن بېرى تۈركىي قەۋملەر ئارىسىدا تەدبىقلىنىپ كەلگەن ئوتاغ قۇرۇش، تۇغ تىكىش بىلەن بىرلىكتە نۆۋبەت دۇمبىقى ۋە بۇرغا چېلىش ئارقىلىق ئۇرۇش باشلاش ئۇسۇلىنىڭ 11- ئەسىرگە قەدەر ئەينەن داۋاملاشقانلىقىنى يەنە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەسىرىدىن بىلىمىز. مەھمۇد كاشغەرى

‹‹ئال››سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇنى خانلارغا بايراق قىلىشقا، ئەمەلدارلار ئىگەر قاپلاشقا ئىشلىتىدىغان ھال رەڭ يىپەك رەخت، دەپ چۈشەندۈرگەن.(36) بىر شېئىردە قىزىل رەڭلىك بايراقنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكى يېزىلغان.(37) بۇنىڭ ماھىيىتىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياردىمى بىلەن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ‹‹قۇياش ئۆرلىدى، قوپتى يەردىن توزان، توققۇز رەڭدە ھال تۇغ يېقىلاپ ھامان››(38)دەيدۇ. ئۇرۇشبەلگىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدىغان ۋە ھۆكۈمدارلارغا خاس بولغان بۇ قىزىل بايراقنى ئۇرۇش باشلانغاندا ئاۋانگارت قىسمىدىكى بايراقتار كۆتۈرۈپ ماڭاتتى.

مەلۇم بولغىنىدەك، تېز ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارى تۈرك قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. شۇ سەۋەپلىك،جۇڭگو مەنبەلىرىدە يۇقۇتۇش ئورۇشىغا ئۆتكەن ھۇن، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر قوشۇنىنىڭ ھەرىكىتى چاقماقنىڭ چېقىشىغا، قۇشلارنىڭ ئۇچىشىغا ۋە كەلكۈننىڭ ئېقىشىغا ئوخشىتىلغان. بۇ خىل ئوخشىتىشلار ئورخۇن ئابىدىلىرىدىمۇ كۆرۈلگىنىدەك، يەنە ‹‹دىۋان››دىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ‹‹دىۋان››دىمۇ كۆرستىلگىنىدەك، قەدىمكى تۈركچىدە قوشۇننىڭ ‹‹سۇ››دەپ ئاتىلىشى ۋە كېچىسى دۈشمەننىڭ ئۇستىگە بېسىپ كىرىدىغان قوشۇننىڭ ‹‹ئاقىنچۇ››دەپ ئاتىلىشى تۈركي قەۋملەر قوشۇنىنىڭ ھەرىكەت سۈئىتىگە قاراپ قويۇلغان نام بولسا كېرەك.(39) شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كېچىسى تۇيۇقسىزھۇجۇم قىلىش، بۆكتۈرمە قۇرۇش، يالغان چېكىنىش ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنىنى قورشاۋغا ئېلىش، ۋاقىراش ۋە شاۋقۇن -- سۈرەن چىقىرىش ئارقىلىق دۈشمەن قوشۇنىنى روھي جەھەتتىن قورقۇتۇش ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئاساسلىق ئۇرۇش تاكتېكىسى بولۇپ كەلگەن ئىدى. كۈنىمىزنىڭ تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ‹‹تۇران تاكتېكىسى››، ‹‹بۆرە ئويۇنى››ياكى ‹‹غاز تاپىنى››دەپ ئاتالغان بۇ تاكتېكىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تولۇق تەدبىقلانغانلىقى‹‹دىۋان››غا كىرگۈزۈلگەن شېئىرلەردىن مەلۇم بولماقتا. تۆۋەندىكى شېئىرلار بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆرنىكى ھېساپلىنىدۇ:

ئاتلارغا بەلگە تاقاپ

ئۇيغۇر(ئىلى)دىكى تاتلارغا،

ئوغرى ياۋۇز، ئىتلارغا(قاراپ(،

خۇددى قۇشلاردەك ئۇچتۇق.(40(

كەلكۈن بولۇپ ئاقتۇق،

كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق،
بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق.(41(

تۈن بىلەن باستۇق،
ھەر تەرەپتىن بۆكتۈرمە قۇردۇق،
ئاتلىرىنىڭ كۇكىلىرىنى كەستۇق،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق.(42(

قىقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان-- نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمۇشايلى،
قاتتىق يىغا بوشىسۇن.(43(

)ئات)قۇيرۇغىنى قاتتىق تۈگدۇق،
تەڭرىگە كۆپ ھەمدۇ-سانا ئېيتتۇق،
ئاتنى دېۋىتىپ تەگدۇق(ھۇجۇم قىلدۇق(،
ئالداپ يەنە قاچتۇق.(44(

چۆرىسىنى ئولىشىپ قورشايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆكۈرەيلى،
كۈچى شۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاشسۇن.(45(

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇش تاكتىكىلىرىدىن باشقا مەھمۇد كاشغەرى ئۇرۇشتا تەدبىقلىنىدىغان ۋە ‹‹ئۆلكەر چەرىگ››دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھىيلىدىنمۇ سۆز ئاچقان. بۇنىڭدا ئەسكەرلەر ھەر تەرەپتىن توپ – توپى بىلەن يىغىلىدۇ. بىر توپى ئىلگىرىلەش بىلەن باشقىلىرىمۇ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ ھىيلە قوللىنىلغاندا يېڭىلىش بەك ئاز كۆرۈلەتتى.(46) بۇ خىل ھىيلىنىڭ ماھىيتى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، بۇنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش مەيدانىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىسىملارنىڭ كۈچىنى ئىشلىتىشتە تولۇق ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلىدىغان، ھەم تارقىلىپ ھەم توپلىنىپ ئۇرۇش قىلىدىغان تاكتىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقىنىڭ ئېھتىمالىغا يېقىنلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.(47) بۇنىڭدىن باشقا تارقاق شەكىلدە قىلىدىغان ھۇجۇم بىلەن دۈشمەنىنىڭ ئالدىغا چىقماي تۇرۇپ بىر مانىۋېر بىلەن ئوڭ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان تاكتىكىلارمۇ كۆرۈلگەن ئىدى.(48) يېڭىلىپ قاچقان دۈشمەنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشمۇ ئۇرۇش تاكتىكىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.(49) ‹‹دىۋان››دا ئۇچرايدىغان خاتىرىلەردىن ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغان كىشىلەرنىڭ پۇل ۋە مال – مۈلۈك تۆلەش ئارقىلىق ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغانلىقى مەلۇم.(50(

تۈركىي قەۋملەرنىڭ قوشۇنلىرى ئومۇمەن ئاتلىق ئەسكەرلەردىن تەشكىللىنەتتى، ئاز ساندا پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى قۇرۇلاتتى. قوشۇننىڭ كۈچىنى تولۇقلاش ئۈچۈن زاپاس قوشۇن ئايرىش مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان ئىدى. بۇ خىل قوشۇن تەشكىللەش ئۇسۇلىغا 11ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇبەكلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى يەنە مەھمۇد كاشغەرىدىن ئۇگىنىمىز. مەسىلەن، ‹‹دىۋان››دا ئۇچرايدىغان ‹‹ياداغ››سۆزى پىيادە ئەسكەر مەنىسىگە كەلگىنىدەك، ‹‹يەتۈت››سۆزى ئۇرۇشتا ئېھتىياج كۆرۈلگەندە ئەۋەتىلىدىغان زاپاس قىسىم مەنىسىدە كەلگەن.(51) شۇنى ئالاھىدە تىلغائېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركىي قەۋملەردە يۈرۈشكەچىققان ھەر بىر ئەسكەرنىڭ ئىككى- ئۈچ ئات ئېلىپ مېڭىشى شەرت ئىدى. سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان بىر خەنزۇ شائىرى بەش مىڭ كىشىلىك ئۇيغۇر ئەسكىرىدە ئون مىڭ ئاتنىڭ بارلىقىنى يازغان.(52) مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بىلدۈرىشىچە، خانىنىڭيېنىدىكى زاپاس ئات ‹‹قوش ئات››دەپ ئاتىلاتتى.(53) ‹‹دىۋان››نىڭ باشقا بىر يېرىدە ‹‹قوشلاندى››سۆزىنى ئىزاھلىغاندا، بىر مىسال كەلتۈرۈپ ‹‹ئادەم ئۆزىگە يەنە بىر ئات ياندىۋالدى››(54)دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن 11ـ ئەسىردىمۇ ئۇرۇشلاردا ئەسكەرلەرنىڭ زاپاس ئات ئېلىپ ماڭغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

تۈركىي قەۋملەر مىللەت ۋە ۋەتەن يولىدا ھەر قانداق بىر تەھلىكىگە كۆكرەپ كىرىپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى. ھەتتا بۇ يولدا ئۇرۇش مەيدانىدا جان بېرىشنى بىر خىل ئىدىئال ھايات دەپ قوبۇل قىلغان، بۇنىڭدىن غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى ھېس قىلغان. قىز- ئاياللارمۇ مۇشۇنداق بىر روھقا ئىگە ئىدى. شۇ سەۋەپلىك،ئۇرۇشتا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن كىشلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە نوپۇزى

ناھايىتى ئۇستۇن بولاتتى. مىللەت ئەزالىرى ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق تەسۋىرلەيتتى، يەنى ھەيكەل، بالبالتىكلەش، قەۋرىسىنىڭ بېشىغا خاتىرە ئۆي سېلىپ، ئۇنىڭ تاملىرىغا قەھرىمانىنىڭ ئۇرۇش قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەش، ئابىدە تىكلەپ ئىرىشكەن ئۇتۇقلىرىنى خاتىرىلەش، ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ قوشاق ۋە داستانلارنى ئىجاد قىلىپ ئېيتىش ئارقىلىق ئەدەبىيلىك بىر سالاھىيەت بىرىشكە تىرىشقان. بۇلارنى يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆرنەك ئىنسانلار سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. شۇ ۋەجىدىن ئەسكەرلەرنى مۇكاپاتلاش، ئۇنۋان ۋە شەرەپ نامى بىرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەربىي ساھەدىكى ئورنىنى بىكىتىش ۋە جەمئىيەتتىكى قەدرىنى ئۆستۈرۈش ھۆكۈمدار ۋە قوماندانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەربىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى. «دىۋان»دا مۇنداق ناملاردىن بىر قانچىسى ئۇچرايدۇ. بۇلار:

ئالپ -- باتۇر، قەھرىمان.(55(

ئاتىم ئەر -- ئاتقۇچى ئەر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئەر.(56(

ئالپاغۇت -- يېڭىلمەس، قەھرىمان، تاغ يۈرەك باتۇر.(57(

كۈر ئەر -- جەسۇر ئەر. (58(

لاچىن – بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. باتۇر يىگىتلەرمۇ لاچىن دېيىلىدۇ.(59(

سۆكمەن -- باتۇرلارغا بىرىلىدىغان ئۇنۋانلاردىن بىرى. مەنىسى «ئۇرۇشلاردا سەپلەرنى يارغۇچى قىران كىشى»دېگەنلىكتۇر.(60(

بۇلاردىن باشقا مەھمۇد كاشغەرى ھەربىي ئۇنۋانلاردىن بىرى سۈپىتىدە «چاۋۇش»دېگەن نامنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۇئۇرۇشلاردا سەپلەرنى تۈزەيدىغان، ئۇرۇش قىلمىغان چاغلاردا ئەسكەرلەرنى خەلققە زۇلۇم سېلىشتىن چەكلەيدىغان ئوفتسېر ئىدى.(61(

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي قەۋملەرنىڭ ھەربىي ئىشلار مەدەنىيىتى ھەققىدە بۇ قەدەر قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بىرىپ ئۆتۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە ھەربىي تەۋسىيەلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن ئىدى. مەسىلەن، تەھلىكە كۆرۈلگەن ھامان ئۇرۇش قىلىش،دۈشمەننى زادىلا سەل چاغلىماسلىق، دۈشمەندىن بۇرۇن ھەرىكەتكە ئۆتۈش، دۈشمەنگە ئۆتكۈر كۆز بىلەن نەزەر سېلىش، قاتتىق ئۇرۇشۇش ۋە زادىلا قورقۇنچ تۇيغۇسىدا بولماسلىق قاتارلىق پىكىرلەر ئۇنىڭ خاس چۈشەنچىلىرىگە مەنسۇپ ئىدى.

قىسقىسى، تارىختىكى ئۇيغۇر بۈيۈكلىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇد كاشغەرى يالغۇز تۈركولوگىيەنىڭ ئاساسىنى قۇرغان بىر تىلچىلا ئەمەس، ئۇ ھەربىي ئىشلار قاتارلىق مەدەنىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدىنمۇ سۆز ئېچىش ئارقىلىق قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركجەمئىيىتىنىڭھەر بىر تەرىپى ھەققىدە ئومۇمىي بىر مەلۇمات بىرىشكە تىرىشقان ئېنسكلوپېدىك بىر ئالىمدۇر. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مۇشۇ دەۋرىنى يورىتىشقا تىرىشقان ھەر قانداق بىر ئالىم ئۆزى قولغا ئالغان ھەر

قانداق بىر تېمىدا ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىشقا مەجبۇردۇر. مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر تارىخىدا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ئالىم. شۇ سەۋەپلىك، ئۇنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىنىڭ نۇرى ئاستىدا بۈيۈك ئۇيغۇرمەدەنىيىتىنىڭ تۈپ خاراكتېرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

ئىزاھلار:


(1)جاھىز: ‹‹خىلافەت ئارمىيىسىنىڭ مەنقىبەلىرى ۋە تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى››، تۈركچە، 80- بەت، 1988- يىلى، ئەنقەرە، تۈرك كۇلتۇرىنى تەتقىق قىلىش ئىنستىتوتى نەشرىياتى.

‹‹(2)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1-توم، 456- بەت، 198 -0يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

‹‹ (3)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1-توم،151- بەت.

(4)سىما چيەن: ‹‹تارىخىي خاتىرىلەر››، ئۇيغۇرچە، 391- بەت، 1989- يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(5)شۆرۈڭجىڭ: ‹‹كۆكتۈرك تارىخى››، خەنزۇچە، 745- بەت، 1992- يىلى، بېيجىڭ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى.

‹‹(6)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 504- بەت.

‹‹(7)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 243-، 308- بەتلەر.

(8)رېشات گەنچ:‹‹قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى››، ئۇيغۇرچە، 430-،432- بەتلەر. 1990-يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

‹‹(9)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 471 - بەت.

(10)ۋېي لياڭتاۋ: ‹‹قاراخانىيلار تارىخىدىن بايانلار››، ئۇيغۇرچە، 289- بەت، 2000- يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى.

(11)فەنيى، سىما بياۋ :‹‹كېيىنكى خەننامە››، ئۇيغۇرچە، 530- بەت، 1996- يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

‹‹(12)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 67-،68- بەتلەر.

‹‹(13)ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى››(‹‹قاراخانىيلار››ماددىسى)، تۈركچە، 5- توم، 259- بەت. 1979- يىلى، ئىستانبۇل، مىللىي مائارىپ مىنىستىرلىكى نەشرىياتى.

‹‹ (14)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 56- بەت.

‹‹ (15)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 676- بەت.

›› (16)ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى››، ئۇيغۇرچە، 310- بەت. 2000- يىلى، ئۈرۈمچى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

›› (17)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 603- بەت.

(18)ئابدۇلقادىر دونۇك:‹‹ئىدارىي - ئەسكەرىي ئۇنۋان ۋە ئاتالغۇلار››، تۈركچە، 107-،109- بەتلەر، 1988- يىلى، تۈرك دۇنياسى تەتقىقاتلىرى فوندى نەشرىياتى. ب. ئۆگەل:‹‹تۈرك كۇلتۇر تارىخىغا كىرىش››، تۈركچە، 1-توم، 359- بەت. 2000- يىلى، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر فاكۇلتېتى نەشرىياتى.

›› (19)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3 - توم، 55- بەت.

›› (20)دىۋان››، ئۇيغۇرچە،3 - توم، 469- بەت.

›› (21)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم، 169- بەت.

›› (22)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم، 55- بەت.

›› (23)دىۋان››، ئۇيغۇرچە،1- توم، 611- بەت.

(24)باھائېددىنئۆگەل:‹‹تۈرك كۇلتۇر تارىخىغا كىرىش››، تۈركچە، 6- توم، 103- بەت، 2000- يىلى، ئەنقەرە، غازى ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇچۇر فاكۇلتېتى نەشرىياتى.

(25)باھائېددىن ئۆگەل، يۇقىرىقى ئەسەر، 6- توم، 106- بەت.

(26)ئىبراھىم كافەسئوغلۇ:‹‹تۈرك مىللىي كۇلتۇرى››، تۈركچە، 287- بەت،2004- يىلى، ئۆتۈكەن نەشرىياتى.

(27)بەنگۇ، يۇقىرىقى ئەسەر، 314- بەت.

››(28)تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى››(‹‹مۇنار››ماددىسى)، تۈركچە،24- توم، 208-بەت، 1976-يىلى، ئەنقەرە، مىللىي مائارىپ بەشرىياتى.

››(29)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- 107-،207- بەتلەر.

››(30)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم، 192- بەت.

›› (31)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 54 - بەت.

››(32)دىۋان››، ئۇيغۇرچە،3-توم، 184- بەت.

››(33)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 607 - بەت.

››(34)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1-توم، 630- بەت.

(35)رېشات گەنچ، يۇقىرىقى ئەسەر،430-،432- بەتلەر

››(36)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 111-بەت.

››(37)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم، 254-بەت.

(38)يۈسۈپ خاس ھاجىپ:‹‹قۇتادغۇ بىلىك››، ئۇيغۇرچە،4893- بېيىت،1009- بەت.

‹‹(39)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم،288 - بەت.

‹‹ (40)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،630- بەت.

‹‹ (41)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 448- بەت.

‹‹(42)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،565- بەت.

‹‹(43)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 574- بەت.

‹‹(44)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،617- بەت.

‹‹(45)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 2- توم، 194- بەت.

‹‹(46)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،129- بەت.

(47)رىشات گەنچ، يۇقىرىقى ئەسەر، 406-،407- بەتلەر.

(48)ئابدۇلقادىر دونۇك، يۇقىرىقى ئەسەر، 107-،109- بەتلەر.

‹‹(49)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم، 547- بەت.

‹‹(50)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 282- بەت.

(51)ئابدۇلقادىر دونۇك، يۇقىرىقى ئەسەر، 107-،109- بەتلەر.

(52)باھائىددىن ئۆگەل:‹‹ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك كۈلتۈر تارىخى››، تۈركچە، 366- بەت، 2003- يىلى، ئەنقەرە، تۈرك تارىخ قۇرۇمى نەشرىياتى.

‹‹ (53)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 3- توم، 174- بەت.

‹‹(54)دىۋان››، ئۇيغۇرچە،2 - توم،367- بەت.

‹‹ (55)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،58- بەت.

‹‹(56)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،102- بەت.

‹‹(57)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 195- بەت

‹‹(58)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،425 - بەت.

‹‹(59)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 533 - بەت.

‹‹(60)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم،578- بەت.

‹‹(61)دىۋان››، ئۇيغۇرچە، 1- توم، 477- بەت.

تۈگىدى